جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تارىخى مەجمۇئەسى

# ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى

1

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى

1

ISBN7-105-07643-7

9 787105 076437 >

ISBN 7-105-07643-7/I · 1638

民文（维237）　定价：30.00元

جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تارىخى مەجمۇئەسى

# ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى

1

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ مەسئۇللۇقىدا يېزىلدى

باش مۇھەررىر : ئابدۇشۈكۈر تۇردى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر ( ئىجرائىيە) :
ئىمىنجان ئەھمىدى ئۇتتۇق

ئاپتورلار: ئابدۇشۈكۈر تۇردى
لىيۇ بىن
ئىمىنجان ئەھمىدى ئۇتتۇق
ئىسمائىل تۆمۈرى

مىللەتلەر نەشرىياتى

## 全国少数民族优秀图书出版资金资助项目


**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔文学史.第1卷/新疆社科院民族文学研究所编著.一北京：民族出版社，2006.4
ISBN 7-105-07643-7

Ⅰ.维… Ⅱ.新… Ⅲ.维吾尔族—少数民族文学：古典文学—文学史—中国—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.Ⅰ207.915

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006) 第 034183 号

第1卷：阿不都秀库尔.吐尔地　　刘宾
依明江.艾合麦提　　司马义.铁木尔等编

责任编辑：艾尔肯.阿不都卡德尔　阿合买提江.吾守尔

责任校对：阿不力孜.艾买提，海仁沙.肉孜，胡达百尔地

封面设计：刘家峰

出版发行：民族出版社　　http://www.e56.com.cn
社　　址：北京市和平里北街 14 号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862 (维文室)
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2006 年 4 月第 1 版　2006 年 4 月北京第 1 次印刷
开　　本：850 毫米×1168 毫米
印　　张 17.625
印　　数：0001-2000 册
定　　价：30.00 元

مەسئۇل مۇھەررىر : ئەركىن ئابدۇقادىر
ئەخمەتجان ھوشۇر

ئابلىز ئەمەت

مەسئۇل كوررېكتور : خەيرىنىسا روزى
خۇدابەردى خېلىل

## جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تارىخى مەجمۇئەسى

# ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى(1)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ مەسئۇللۇقىدا يېزىلدى

**نەشر قىلغۇچى** : مىللەتلەر نەشرىياتى
**ئادرېسى** : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى :100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 _ 010
**ساتقۇچى** : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
**باسقۇچى** : دىشىن باسما زاۋۇتى
**نەشرى** : 2006ـ يىل4 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
**بېسىلىشى** : 2006ـ يىل4 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
**ئۆلچىمى** : 850×1168م م. 32كەسلەم
**باسما تاۋىقى** : 17.625
**سانى** : 0001 ـ2000
**باھاسى** : 30.00 يۈەن

# «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» تەھرىر ھەيئىتى

**ھەيئەت پەخرىي مۇدىرى:**

**ئىسمائىل تىلىۋالدى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى

**ھەيئەت مۇدىرلىرى:**

**ئابدۇرازاق تۆمۈر** تەتقىقاتچى، ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى

**ليۇ بىن** تەتقىقاتچى، دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى

**ھەيئەت ئەزالىرى:**

**ئابدۇشۈكۈر تۇردى** تەتقىقاتچى

**ليۇ كۈيلى** تەتقىقاتچى، دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى

**لاڭ يىڭ** تەتقىقاتچى، دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى

**ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان** پروفېسسور، دوكتور ئاسپىرانت يېتەكچىسى

**ئالىمجان سابىت** ئالىي مۇھەررىر

**ئىمىنجان ئەھمىدى ئۇتۇق** كاندىدات تەتقىقاتچى

**ھەبىبۇللا ئابدۇسالام** كاندىدات تەتقىقاتچى

# سۆز بېشى

دۆلىتىمىزنىڭ پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرى بولغان «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات تارىخى مەجمۇئەسى» نىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى — «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنى ۋە مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ يېزىپ تەييارلىشى بىلەن مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ نەشر قىلىشىغا تاپشۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرىدۇ. بۇ — دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە زور مۇۋەپپەقىيەت بولۇپ، ئالاھىدە تەبرىكلەشكە ئەرزىيدۇ.

جۇڭگودىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخى ياكى ئەدەبىيات تارىخى ئوچېرىكلىرىنى يېزىش خىزمىتىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى 1985 - يىلى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بۇ خىزمەت قايتىدىن كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈلۈپ، كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى قاتارلىق تۆت ئورۇن 1985 - يىلى 29 - ئىيۇلدا «مەركەز تەشۋىقات (1985) 18 - نومۇرلۇق» ئۇقتۇرۇشنى تارقىتىپ، جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات تارىخىنىڭ يېزىلىشى «مەيلى سىياسىي جەھەتتە ياكى ئىلمىي جەھەتتە بولسۇن، مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە» خىزمەت ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە

تەكشۈرۈپ كۆرسەتكەندى، شۇنداقلا مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، مەركەزگە بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەردىن ئۆزى ئۈستىگە ئالغان «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات تارىخى ياكى ئەدەبىيات تارىخى ئوچېركلىرى مەجمۇئەسى»نىڭ ھەرقايسى مىللەت تومىلىرىنى يېزىش خىزمىتىگە پائال يېتەكچىلىك قىلىپ ۋە ئۇنى قوللاپ، يېزىش داۋامىدا ئۇچرىغان مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ھەل قىلىپ، بۇ خىزمەتنىڭ ۋاقتىدا تاماملىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلغانىدى. مەركەزنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات تارىخى ياكى ئەدەبىيات تارىخى ئوچېركلىرى مەجمۇئەسى» نى يېزىش خىزمىتى دۆلەتلىك پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەنلەر «7-بەش يىللىق پىلان»، «8-بەش يىللىق پىلان»نىڭ نۇقتىلىق ئىلمىي تەتقىقات تېمىسى قىلىپ بېكىتىلگەنىدى.

1984-يىلى 11-ئايدا بېيجىڭدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات تارىخىنى يېزىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاجىك، تاتار، شىبە ۋە رۇس قاتارلىق سەككىز ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئەدەبىيات تارىخى ياكى ئەدەبىيات تارىخى ئوچېركلىرىنى يېزىش خىزمىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ مەسئۇل بولۇشىغا تاپشۇرۇلدى. مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ قىزغىن قوللاپ، ياردەم بېرىشى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى پارتكومى، ئاكادېمىيە رەھبەرلىكىنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، رەھبەرلىك قىلىشى ئارقىسىدا، مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنى ئەسەرنى يېزىش، پىلانلاش، تەشكىللەش، تەھرىرلەش ۋە بېكىتىش قاتارلىق ھەرقايسى

ئىش ھالقىلىرىنى ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇپ، كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇپ يېتەكچىلىك قىلدى. تەييارلىق كۆرۈش، پىلانلاش، يېزىش، تەھرىرلەش ۋە بېكىتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ 20 يىلغا يېقىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات تارىخى مەجمۇئەسى»نىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»نى يېزىش ۋەزىپىسى ھازىر مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىلىپ، ئاساسىي جەھەتتىن نەشرگە تەييارلاندى. مەن بۇ مۇناسىۋەت بىلەن «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»نى يېزىش خىزمىتىنى تەشكىللەش، يېزىش، تەھرىرلەش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش، نەشرگە تەييارلاش ۋە نەشر قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە بۇ خىزمەتنى پائال قوللاپ، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە ياردەمدە بولغان مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئورۇنلارغا، رەھبەرلەرگە، بۇ خىزمەتنى كونكرېت تۇتۇپ، يېتەكچىلىك قىلغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى پارتكومى ۋە ئاكادېمىيە رەھبەرلىكىگە، مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىغا ئالاھىدە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن. يېزىش، تەھرىرلەش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، بۇ خىزمەتنى ئورۇنداش جەريانىدا جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەن مۇتەخەسسىس ۋە ئالىملارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىش بىلەن بىللە، ئۇلاردىن سەمىمىي ھال سورايمەن.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش — بىر ئۇلۇغۋار قۇرۇلۇش، ئۇ ئىلگىرىكىلەر قىلىپ باقمىغان ئىش. بۇ ئۇلۇغ ئىش جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك، مەنىۋى مەدەنىيلىك ۋە سىياسىي مەدەنىيلىك بەرپا قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتا، بولۇپمۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىشتا ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «ئىككى

قولدا تۇتۇش ، ئىككىلا قولدا چىڭ تۇتۇش »تا چىڭ تۇرۇش لازىم دەپ كۆرسەتكىنىدەك ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ چىڭ تۇتۇشقا تېگىشلىك مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر . يېڭى تارىخىي شارائىتتا ، ئۇزاق تارىخقا ئىگە جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى نۇرلاندۇرۇش — جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى . جۇڭخۇا مەدەنىيىتى جۇڭگودىكى 56 مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ مۇجەسسەملىشىشى ، شۇڭا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ئورتاق راۋاجلانغان ۋە گۈللەنگەندىلا ، پۈتكۈل جۇڭخۇا مەدەنىيىتى راۋاجلىنىدۇ ۋە گۈللىنىدۇ . ھەر مىللەت ئەدىبلىرى ، مۇتەپەككۇرلىرى ئەۋلادمۇئەۋلاد ئۆز ئەقىل-پاراستى بەدىلىگە سان-ساناقسىز نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىپ ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ خەزىنىسىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى زامان-زامانلاردىن بۇيان دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدە كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك نۇر چېچىپ ، جۇلالىنىپ كەلدى . ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ 11-ئەسىردە ئۆتكەن مۇتەپەككۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان تىلشۇناس ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ جۇڭخوا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بۇ بىباھا گۆھەرلەرنى قېزىش ، تەتقىق قىلىش ۋە نەشرگە تەييارلاش جەھەتلەردە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش ئىشىدا ئۆچمەس خىزمەت كۆرسەتتى . «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»نىڭ يېزىلىپ نەشرگە تەييارلىنىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنى «قۇتادغۇ

بىلىك» داستانىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي ۋە نەسرىي نۇسخىلىرىنى، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىنى نەشرگە تەييارلاشتىن ئىبارەت زور ئەھمىيەتلىك ئىلمىي خىزمەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغاندىن كېيىن قولغا ئېلىپ ئىشلىگەن ۋە تاماملىغان دۆلەت دەرىجىلىك يەنە بىر نۇقتىلىق تەتقىقات تېمىسى بولۇپ، بۇ، مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا قوشقان يەنە بىر مۇھىم تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ.

«جۇڭگودىكى ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىش» — پارتىيىمىز ئوتتۇرىغا قويغان «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىي تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ بىر تەرەپتىن پارتىيىنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرى بىلەن مەدەنىيەتنى زىچ بىرلەشتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن يېڭى تارىخىي شارائىتتا پارتىيىمىزنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى بۇرچ تۇيغۇسىنىڭ كۈچەيگەنلىكى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىدىيىسىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشنى ئۇلۇغۋار غايىسى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئالىيجاناب تارىخىي بۇرچى قىلغانلىقىنى نامايان قىلدى. ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىگە «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى بويىچە يېتەكچىلىك قىلىشتا، ئەڭ مۇھىمى، ماركسىزمنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىدا باشتىن-ئاخىر تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشىمىز، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى كۆز قارىچۇقىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسرىشىمىز، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ مىللەت، دىن ۋە تارىخ مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ ئىجتىمائىي،

سىياسىي مۇقىملىققا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ھوشيار بولۇشىمىز كېرەك. بىز پارتىيىمىز ئوتتۇرىغا قويغان «كىشىلەرنى ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش، توغرا جامائەت پىكرى بىلەن يېتەكلەش، ئالىيجاناب روھ بىلەن تەربىيىلەش، نادىر ئەسەرلەر بىلەن ئىلھاملاندۇرۇش» تەلىپىگە قەتئىي ئەمەل قىلىپ، نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يارىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ۋە گۈللەندۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيلىك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىكى كونا نەرسىلەرنى ئاڭلىق ھالدا چۆرۈپ تاشلاپ، چىرىك ئىدىيە، قالاق قاراشلارنىڭ كىشىلەرنى چىرىتىشىنى قەتئىي توسۇپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، پائال يېڭىلىق يارىتىپ، مىللەتلەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشىمىز لازىم.



شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى

2003-يىلى 11-ئاي، ئۈرۈمچى.

# كىرىش سۆز

ئۇيغۇرلار — جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بىر ئەزاسى. ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى شىمالىي مىللەتلىرى تارىخىدىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. مىلادىيە 840-يىلى، قەدىمكى ئۇيغۇرلار زور تۈركۈمدە غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقاندىن كېيىن، ئەسلىدە مۇشۇ زېمىندا ياشاپ كەلگەن بىر تۇغقان ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونىنى ئورتاق ئۆزلەشتۈرۈپ، تەدرىجىي ھالدا شىنجاڭدىكى ئاساسىي مىللەتكە ئايلاندى. ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈش ۋە قوغداشتىن ئىبارەت ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا، ئۇيغۇرلار ۋەتىنىنىڭ ئۇزۇن يىللىق بۈيۈك تارىخىغا ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇنىڭ تارىخى جۇڭگو تارىخىنىڭ بىر قىسمى؛ ئۇنىڭ مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى؛ ئۇنىڭ ئەدەبىياتى كۆپ مىللەتلىك جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر.

ئۇيغۇرلار يېزىق قوللىنىشتىن خېلىلا ئىلگىرى، ئۆزلىرىنىڭ مول خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بار ئىدى. تارىخىي كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن، كېيىنكى ئەسىرلەردە خاتىرىلىنىپ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن قىممەتلىك قوليازما ئەسەرلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ناھايىتى بۇرۇنلا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنىڭ ناخشا-قوشاق، رىۋايەت، ئەپسانە ۋە تارىخىي داستانلىرى بولغان ھەمدە ئۇلار ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەنئەنىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە مۇھىم مەنبە بولۇپ قالغان. ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقى ئەسىرلەر داۋامىدىكى

ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي كۈرەشلەر جەريانىدا مول بىلىم ۋە تەجرىبىلەرنى ياراتقان ۋە توپلىغان ھەمدە ئۇنى خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى ئارقىلىق ئوبراز ۋە ئىدىيىگە ئايلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ شۇ دەۋردىكى ئادىل جەمئىيەت قۇرۇش غايىسىنى ئىپادىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يەنە مىللەتنىڭ روھىغا سىڭىپ كىرىدىغان بىر خىل مەدەنىيەت بولۇش سۈپىتى بىلەن كېيىنكىلەرگە مىراس بولۇپ قالغان. ئۇيغۇرلاردا 5-ئەسىردىن باشلاپ يازما ئەدەبىيات شەكىللەنگەندىن كېيىن، شائىرلار ۋە يازغۇچىلار ئۈزلۈكسىز ھالدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن تېما، ۋەقەلىك، ژانىر، تىل شەكلى ۋە ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى، بارلىق مول، ھاياتىي كۈچكە ئىگە، پايدىلىق ئوزۇقلۇق تەركىبلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۈزۈندىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن مىللىي ئەدەبىيات ئەنئەنىسىنى شەكىللەندۈرگەن ۋە بېيىتقان. ئۇلار خەلق ئارىسىدىكى ئەسەرلەرنى ئاددىي ھالدا كۆچۈرۈپ كەلگەن بولماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيىسى ۋە ئېستېتىك ئىزدىنىشىنى سىڭدۈرۈپ قايتا ئىجاد قىلىپ، بۇ تېمىلارنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ موللاشتۇرۇپ، ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بەدىئىيلىك جەھەتتە تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن. مانا بۇ پۈتكۈل ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە گەۋدىلىك بىر ھادىسىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك يازغۇچىلىرى ئۆز ئىجادىيىتىنى دەل خەلقنىڭ روھىي زېمىنىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، تارىختىن بۇيان شەكىللەنگەن ئەدەبىيات ئەنئەنىسىدە ئەزەلدىن ئۈزۈلۈپ باقمىغان تارىخىي ۋارىسلىق، روشەن مىللىي ئۇسلۇب ۋە ئالاھىدىلىك ئىپادىلىنىپ كەلگەن. كۆپلىگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىيات ئەسەرلىرىدە رېئالىزم ۋە رومانتىزملىق ئامىللار ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، لىرىك، ئېپىك ۋە دىئالوگلۇق ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ئورگانىك بىرلىشىپ، تىل جەھەتتە روشەن رىتىم، توق قاپىيىگە

ئىگە مۇزىكىلىق گۈزەللىك ئىپادىلەنگەن . ئەمەلىيەتتە ، بىر قىسىم كىلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى ئىجاد قىلىنغاندىن كېيىن ، ناھايىتى تېزلا مەشھۇر چوڭ تىپتىكى ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكا ئەسىرى — «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ناخشا تېكىستى قىلىنىپ ، خەلق ئىچىدە كەڭ تارقىلىپ ئېيتىلغان ۋە بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن .

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تۆرلۈك ئالاھىدە مۇھىت ۋە ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان . قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى مەزگىللەردە ئۇيغۇرلار باشقا كۆپلىگەن شىمال مىللەتلىرى قاتارىدا شامان مەدەنىيىتى مۇھىتىدا ياشىغان . كېيىن يەنە مانى دىنىنى قوبۇل قىلغان . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى بىلەن زىچ ئالاقىدە بولغان . ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىش بەلگىسى بولغان بىر قىسىم قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى «ئورخۇن مەڭگۇ تاشلىرى» مۇشۇ دەۋردە ۋۇجۇدقا چىققان . ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن ئۇيغۇرلار باشقا كۆپلىگەن قەدىمكى قەبىلىلەر بىلەن بىرلىكتە تۈرك خانلىقىغا تەۋە بولغان دەۋردە ، ئۇيغۇرلار بۇ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەربىي-مەمۇري بىرلەشمە گەۋدىنىڭ مەدەنىيىتى — «تۈرك مەدەنىيىتى»نىڭ شەكىللىنىشىگە ھەسسە قوشقان . تۈرك خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن ، تۈرك مەدەنىيىتى مەركەز ياكى سۇبستانسىيە بولۇشتىن قەتئىينەزەر ، مەۋجۇدلۇقىنى يوقاتقان ، خۇددى ھازىر تارىختا يوقىلىپ كەتكەن نۇرغۇنلىغان قەدىمكى قەبىلىلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە ئوخشاش ، بىر خىل « پارچىلىنىش خاراكتېرلىك مەدەنىيەت»كە ئايلىنىپ قالغاندى . ئۇنىڭ بىرقانچە خىل مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى تارقىلىپ ياكى كۆچۈپ كەتكەن قەبىلىلەر تەرىپىدىن ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمىدىكى كەڭ زېمىنغا ئېلىپ كېتىلگەن . ئۇ يېڭى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتتا يېڭى ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي شارائىتنىڭ ئۆزگەرتىشىگە ئۇچراپ ،

يېڭى ئولتۇراقلاشقان جايىنىڭ يەرلىك مەدەنىيىتى بىلەن ئارىلىشىپ تەدرىجىي ھالدا ئەنە شۇ مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىگە ، يەنى بىز دائىم سۆزلەيدىغان «تۈركىي تىللىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى»گە ئايلىنىپ كەتكەنىدى . كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، «تۈرك مەدەنىيىتى» بىلەن «تۈركىي تىللىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى» مەنە جەھەتتە مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىنىدىغان ئۇقۇم . نوقۇل مەدەنىيەت مىراسلىرى نۇقتىسىدىن تەكشۈرگەندە ، بىز كېيىنكى ئەسىرلەردە شەكىللەنگەن تۈركىي تىللىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق دەۋرىدىكى بەزى يايلاق مەدەنىيەت ئورتاقلىقلىرى ساقلانغان ، دەپ ئېيتالايمىز . ھالبۇكى ، 7- ، 8-ئەسىرلەردە ، شىمالىي يايلاقلاردا بىر خىل يېڭى مەدەنىيەت — «ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» باش كۆتۈرۈپ چىقتى . تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىن مىڭ سۇلالىسىغىچە بولغان دەۋردە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى شىنجاڭدا ، بولۇپمۇ تۇرپان ئويمانلىقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چۇ دەرياسى ۋادىسىدا نۇرغۇنلىغان مۇھىم دىنىي ۋە ئەدەبىي-تارىخىي كلاسسىك ئەسەرلەر يېزىلغان ۋە خاتىرىلەنگەن مۇھىم يېزىقلارنىڭ بىرىگە ئايلانغان . ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى غەربىي ئاسىيانىڭ بەزى رايونلىرىدا يېقىنقى يىللارغىچە قوللىنىلغان .

مىلادىيە 9-ئەسىردە قەدىمكى ئۇيغۇرلار زور كۆلەمدە قەدىمكى غەربىي يۇرت ، يەنى ئۆز تۇغقانلىرى ياشاۋاتقان بۈگۈنكى شىنجاڭغا كۆچكەندىن كېيىن ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ، ئىلگىرىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئاسمان-زېمىن پەرقلىنىدىغان سىرتقى تەرەققىيات مۇھىتىغا ئىگە بولدى . بۇ مۇھىت ئەينى ۋاقىتتا تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە سىياسىي ، گۇمانىتارنىي ۋە جۇغراپىيىۋى ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى .

بىرىنچى ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئېلىمىزنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرتتا تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ ، شىنجاڭ

ئېلىمىزنىڭ تارىخىي خەرىتىسىگە كىرگۈزۈلگەن ۋاقىتتىن 9-ئەسىرگىچە 1000 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتتى. سىياسىي جەھەتتىن تەۋە بولۇش ۋە ئىقتىسادىي سودا ئالاقىلىرىنىڭ قويۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ، غەربىي يۇرتنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى بىلەن بولغان ئالاقىسى زور دەرىجىدە كۈچەيدى. ۋېي، جىن سۇلالىلىرى ۋە شىمالىي-جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنىڭ زور تۈركۈمدە شىنجاڭغا كىرىشىگە ئەگىشىپ، سودا ئالاقىسىنىڭ كۈچىيىشى، چېگرا رايوندا ئەسكەر تۇرغۇزۇلۇش ۋە تارىختىكى ھەر قايسى مەركىزىي ھۆكۈمەتلەر يولغا قويغان «چېگرا رايونىنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش» تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنىڭ ھەممىسى بىر خىل ئۈزۈلۈپ قالمىغان مەدەنىيەت تارقىتىش ۋە ئالماشتۇرۇش جەريانىغا ئايلاندى. ئالايلى، مىلادىيە 5 — 7-ئەسىرلەردە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى جايلاشقان تۇرپان رايونىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن خەنزۇ يېزىقىنىڭ بىرلىكتە ئىشلىتىلگەنلىكى، مەكتەپلەردە «ماۋسى»(شېئىرنامە)، «لۈنيۈ»(مۇھاكىمە ۋە بايان)، «شياۋجىڭ»(ۋاپادارلىق دەستۇرى)غا ئوخشاش ئەسەرلەرنىڭ دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلگەنلىكى كۆڭزى ئىدىيىسىنىڭمۇ ئوخشاشلا غەربىي يۇرتتىكى ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىككىنچى، غەربىي يۇرت قەدىمكى دۇنيادىكى تۆت چوڭ مەدەنىيەتنىڭ يەنى خۇاشىيا مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى، ئەرەب-پارس مەدەنىيىتى ۋە يۇنان-رىم مەدەنىيىتىنىڭ قورشاۋىدا تۇرغان بولۇپ، بۇ تۆت خىل مەدەنىيەت ئاساسىدا ئىنتايىن قۇدرەتلىك ھاكىمىيەت شەكىللىنىپ، دۇنيا تارىخىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغانىدى. غەربىي خەن سۇلالىسىدىن مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگىچە بولغان 1500 يىل ئىچىدە يىپەك يولى قەدىمكى دۇنيا قاتناش تورىنىڭ غول لىنىيىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئاھىدىلىكى

ئوخشمايدىغان بۇ تۆت خىل مەدەنىيەت ئارىسىدا كۆپ تەرەپلىمىلىك ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇشنى شەكىللەندۇرۇپ، قەدىمىي دۇنيادىكى شەرق-غەرب مەدەنىيىتىنىڭ چوڭ ئالمىشىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ۋەتىنىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى ۋە ئەرەب-پارس مەدەنىيىتى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن. ئەمما، يۇنان-رىم مەدەنىيىتىنىڭ بىۋاسىتە تەسىرىنى ئىسپاتلاشقا ئاساس يوق دېيەرلىك. مىلادىدىن ئاۋۋالقى 4-ئەسىردە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن شەرققە يۈرۈش قىلغاندا ھىندىقۇش ۋە پامىرنىڭ شەرقىگە ئۆتەلمىگەن. ئالىمىش شەرقتىكى «يۇنانلاشقان دۇنيا»نىڭ تەسىرىدە شىنجاڭدا بىر قانچە قەندىھار (گاندار) سەنئىتى ئىزلىرى ساقلىنىپ قالغاندىن سىرت، ئەدەبىياتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاز ساندىكى كلاسسىك ئەدەبىيات ئەسەرلىرىدىن يۇنان ۋە رىم كلاسسىك ئىدىيىلىرىنىڭ ئىزلىرىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، بۇ 9-ئەسىردىن كېيىن ئەرەب-پارس مەدەنىيىتىنىڭ رىفراكسىيىسى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان.

ئۈچىنچى، شىمالدىكى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن ئۇچراشقان يەرلىك مەدەنىيەت خېلى بۇرۇنلا كۆپ خىللاشقان مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىگەنىدى. 9-ئەسىردىن بۇرۇنقى غەربىي يۇرتقا جەنۇبتىن بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا ۋە ھىنايانا مەزھىپى، غەربتىن مانى دىنى ۋە نېستورىئان دىنى كىرگەن. يېقىنقى دەۋرلەردىن بۇيان، تارىم ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ۋادىلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈشلەردە كۆپلىگەن دىنىي ۋەسىقىلەر، يازما يادىكارلىقلار ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر (شېئىر، ھېكايە-چۆچەك، دراما قاتارلىق) تېپىلدى. شۇ قاتاردا ھىندىلارنىڭ «بەش تومluq چۆچەك» كىتابى، تارىخىي داستانى «ماخابخاراتا»نىڭ تەرجىمە نۇسخىسى، «ئېزوپ مەسەللىرى»

تەرجىمىسىنىڭ پارچىلىرىمۇ تېپىلدى . يېزىق جەھەتتىن ئېيتقاندا ، ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا خەنزۇ يېزىقى ، براھما يېزىقى ، توخرى( ئاگنى-كۇسەن) يېزىقى ، سوغدى يېزىقى ، ئورخۇن يېزىقى ، مانى يېزىقى ، قەدىمكى سۇرىيە يېزىقى ، ئەرەب يېزىقى ، تاڭغۇت يېزىقى ، ئۇدۇن-ساك يېزىقى ، كارۇشتى يېزىقى قاتارلىق يېزىقلاردا يېزىلغان ،تىل جەھەتتىن ئېيتقاندا ، ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا خەنزۇ تىلى ، سانسكرىت تىلى ، قەدىمكى خوتەن-ساك تىلى ، ياپتال تىلى ، كۇسەن تىلى ، قەدىمكى ئاگنى-قوچۇ تىلى ، سوغدى تىلى ، قەدىمكى سۇرىيە تىلى ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ، پەھلىۋى تىلى ، پارس تىلى ، ئەرەب تىلى ، موڭغۇل تىلى ، تاڭغۇت تىلى ، تۇبۇت تىلى قاتارلىق تىللارغا بۆلۈنىدۇ . تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە ، ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا تۇغۇلغان مەشھۇر تەرجىمان ، رەسسام ۋايجىراكۇيچى ،تەرجىمان كوماراجىۋا ، سىكساناندا ، خۇيلىن ، رەسسام ۋايجىرا ئىراساتكا ، مۇزىكىشۇناس سۇجۇپ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ يېتىلدۈرۈشى ئارقىلىق دۇنياغا تونۇلغان . ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى مۇشۇنداق رەڭگارەڭ دۇنيادا ئۇزلۇكسىز تەرەققىي قىلىپ زورايغان . ئۇ كەڭ دائىرىدە يېغىلىپ ، مول ، كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت جۇغلانمىسىغا ئىگە بولغان . ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بۇ خىل ئەدەبىيات ئالاھىدىلىكىنى بىر خىل ئۇسلۇبقىلا يىغىنچاقلاپ ، ئۇنى بىر خىل سىرتتىن كەلگەن مەدەنىيەت ، بىر خىل ئالاھىدە سىرتقى سىستېما ، دەپ قاراش ئەلۋەتتە تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ . ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى خۇددى باشقا ئىجتىمائىي ئاڭ فورماتسىيىلىرىگە ئوخشاش ، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا ، ئىقتىسادىي بازىس ، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي قۇرۇلما تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ . مىللىي ئەدەبىياتنىڭ تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا بېسىپ ئۆتكەن باسقۇچلىرى شۇ مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنىڭ زور ئۆزگىرىش باسقۇچى بولۇپ ، مىللەت تارىخىنىڭ

مۇھىم بۇرۇلۇش دەۋرى بىلەن بىردەك بولىدۇ. ئۇندىن باشقا، ئۇنىڭ شەكىل جەھەتتىكى باسقۇچ خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكلىرىمۇ شۇ مىللەت تىلىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ باسقۇچ-دەۋرلەرگە بۆلۈنۈشى ئۇنىڭ ئۆز مىللىي ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى داۋامىدا، بىرقانچە زور تارىخىي ۋەقەلەر ئېلىپ كەلگەن زور ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر ئۇنىڭغا ئالاھىدە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

بىرىنچىدىن، مىللەت ئاساسىي گەۋدىسىنىڭ غەربكە كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىشى. مىلادىيە 840-يىلى (تاڭ سۇلالىسىنىڭ 5-يىلى) ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىنى مەركەز قىلغان كۆچمەن چارۋىچىلىق ئاساسىدىكى فېئودال خاندانلىق — ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، شۇ ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى ئۆز تۇغقانلىرى ياشاۋاتقان غەربكە كۆچتى. بۇنىڭ ئىچىدىن كۆپىنچىسى ھازىرقى شىنجاڭغا كۆچۈپ كېلىپ، پەيدىنپەي ئولتۇراقلاشتى. ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا بۇ ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مەزگىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇندىن ئېتىبارەن، ئۇيغۇرلار يايلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىدىن بوستانلىق-تېرىم مەدەنىيىتىگە ئۆتۈپ، ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە زور ئۆزگىرىشلەرنى ياسىدى. قەدىمكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق پۇتۇنلەي ئايرىلغانىدى، سودا مەركەزلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە گۈللىنىشى شەھەرلىشىش جەريانىنى تېزلەتتى، سىنىپىي بۆلۈنۈش كۈنسېرى مۇرەككەپلىشىپ ۋە ئۆتكۈرلىشىپ، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۆپ خىللاشتى، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كەسىپلەشتى.

«شائىرلار» قاتلىمى ( «قۇتادغۇ بىلىك» كە قاراڭ) بارلىققا كەلدى . يايلاقتىكى دەۋرلەردە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئىپتىدائىي توتېم ئېتىقادى ۋە شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىش باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرۈپ ، مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىشنى باشلىغان ئۇيغۇرلار بۇ ۋاقىتتا يەنە بۇددا دىنى ۋە نېستورىئان دىنى بىلەن ئۇچراشتى ، ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسى كۆپ خىللاشقان مەزمۇنلارغا ئىگە بولۇشقا باشلىدى . يېڭى ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي فورماتسىيە ۋە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ شەكىللىنىشى يېڭى ئىدىيە ئېھتىياجى ۋە ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىنىڭ يېڭى تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى . بۇلارنىڭ ھەممىسى مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ بېيىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى . ئەدەبىيات-سەنئەت يەنىمۇ گۈللەندى . 9-ئەسىردىن 14-ئەسىرگىچە داۋام قىلغان دۇنياغا مەشھۇر قوچۇ ئۇيغۇر ئەدەبىيات-سەنئىتى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر .

ئىككىنچىدىن ، ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشى . مىلادىيە 840-يىلى غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئىچىدە بىر تارماق ياغما قەبىلىسى بار ئىدى . كېيىن ئۇلار باشقا قەبىلىلەر بىلەن بىرلىكتە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى مەشھۇر ھاكىمىيەت — قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغان . 11-ئەسىردە بۇ ھاكىمىيەت پامىر ئېگىزلىكىنى پاسىل قىلىپ ، غەرب ۋە شەرقتىن ئىبارەت ئىككى خانلىققا بۆلۈنۈپ كەتكەن . شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ تارىخى باشتىن-ئاخىر ئېلىمىز تارىخىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى زېمىن ھازىرقى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى قەشقەر ، خوتەن ، ئاقسۇ قاتارلىق رايونلار ۋە ئەينى ۋاقىتتا «غەربىي يۇرت» قا تەۋە بولغان يەتتىسۇ رايونى ، فەرغانە قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، بۇ خانلىق ئىزچىل ھالدا قەشقەرنى پايتەخت قىلغانىدى . مىلادىيە 10-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ، غەربتىكى قوشنا دۆلەت سامانىيلار

سۇلالىسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ، سۇتۇق بۇغراخان قەشقەردە باشلامچىلىق بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرگەن ۋە ئۇنى تارقاتقان . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ، شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى قەشقەرنى مەركەز قىلىپ ، شىمال ، شەرق ۋە جەنۇبتىن ئىبارەت يۆنىلىش بويىچە دىنىي بويسۇندۇرۇش ۋە كېڭەيمىچىلىك ئېلىپ بارغان . ئەينى ۋاقىتتا ئىسلام دىنى كۈچلىرىنىڭ كېڭىيىشى ئىنتايىن مۇشەققەتلىك بولغان . بۇ پائالىيەتلەر خوتەن ، كۇچا ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردا قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىغانىدى . 13-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى لياۋ (قىتان) سۇلالىسى تەرىپىدىن يىمىرىلگەن ۋاقىتتا ، ئىسلام كۈچلىرى يەنىلا كۇچا ئەتراپلىرىدىن ئۆتەلمىگەنىدى . ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە تارقىلىشى 16-ئەسىرگە كەلگەندە قۇمۇل رايونىنىڭ پۈتۈنلەي بويسۇندۇرۇلۇشىنى بەلگە قىلغان ھالدا تاماملاندى . بۇ جەريان ئىلگىرى-ئاخىرى بولۇپ 600 يىلدەك داۋام قىلغانىدى . بۇ مەزگىللەر قوراللىق توقۇنۇش ، مەدەنىيەت توقۇنۇشى ، ئىجتىمائىي تەۋرىنىش ۋە ئەنسىزلىككە تولغان مەزگىل ئىدى .

ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىلا ئەمەس ، بەلكى مەدەنىيەت تارىخىدىمۇ ئىنتايىن مۇھىم بىر ۋەقەدۇر . ئىسلام دىنى شىنجاڭغا تارقالغاندىن كېيىن ، فېئودال دىنىي قانۇن-تۈزۈم ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان ئىگىلىكنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ ، ئۇيغۇر مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنى ۋە قۇرۇلمىسىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى ئەسىرلەر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىگە زور تەسىر كۆرسەتتى . بۇ خىل تەسىر مۇنداق بىرقانچە تەرەپتە ئىپادىلەندى :

ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى ئېتىكا ، ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۆلچەملىرى ، ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل قىممەت

قارىشى سىستېمىسىنى ئاساسەن «بىر ئىزغا سېلىش»تەك تۈزۈملەرنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئاۋۋالقى ئەدەبىيات-سەنئەت مىراسلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى . شۇنىڭ بىلەن بىر قاتاردا ، ئىسلامىيەتتىن ئاۋۋالقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەنئەنىسىدىكى كۆپ مەنبەلىك ئۇسلۇبمۇ زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتى . قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن مەلۇم سەنئەت شەكىللىرى (مەسىلەن ، ئادەم رەسىمى سىزىش ، ھەيكەلتاراشلىق قاتارلىقلار) نىڭ تەرەققىياتى كەڭ كۆلەمدە توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى . يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەرەب-پارس مەدەنىيىتىدىن يېڭى كۈچ-قۇۋۋەت ئېلىپ ، ئۇلار بىلەن يېقىن ئالاقە ئورناتتى . ئەرەب يېزىقى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئورنىغا تەدرىجىي دەسسىتىلگەندىن تارتىپ ، ئەرەب-پارس ئەدەبىياتىدىكى تېما ، ژانىر ، ئىپادىلەش ئۇسۇلى ، لېكسىكا ، شېئىرىيەت قانۇنىيەتلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا قوبۇل قىلىنىپ چوڭقۇر سىڭىشكە باشلىدى ، مىللىي ئەدەبىيات ئەنئەنىسى زور دەرىجىدە بېيىدى ۋە تەرەققىي قىلدى . ئىسلام دىنىنىڭ دۇنيا مىقياسىدا تارقىلىشى داۋامىدا شەكىللىنىپ ،دۇنيانىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان مەزمۇنلىرى ئەينى مەزگىلدىكى ئىلغار سەۋىيىلىك پەلسەپە ، پەن-تېخنىكا ۋە مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلىپ ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە يېڭى كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلدى . بىر تۈركۈم «قوش تىللىق شائىرلار»( ئەينى ۋاقىتتا ئۆز ئانا تىلى ۋە ئەرەب-پارس تىلىدا شېئىر يازىدىغان شائىرلار) بارلىققا كەلدى . كلاسسىك يازغۇچىلار ئارىسىدىكى «تېما ، ژانىر قوبۇل قىلىش»نىڭ مىللىيلىشىشىدەك ھالەتلەر بۇ دەۋردە بىر قەدەر كۆپ كۆرۈلدى . ئەرەب-پارس شېئىر ۋەزىنلىرى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى ئالاھىدىلىكلەر ئۆزئارا بىرلەشتى ھەمدە كېيىنچە ئۇلار زور كۆپچىلىك شائىرلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ ۋە كامالەت تېپىپ ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ

نەپس ئۇسلۇبىنى ياراتتى ، كۆپلىگەن ئەسەرلەر خەلق ئارىسىدىكى ئۆلمەس ئەسەرلەرگە ئايلاندى .

قاراخانىيلار دەۋرىدىن ئېتىبارەن ، ئىسلام دىنى بىلەن ھەر دەرىجىلىك يەرلىك خانلىقلار ھاكىمىيىتىنىڭ بىرلىشىشى ، شەرىئەت باشقۇرۇشىدىكى فېئوداللىق ئىگىلىك ۋە سىياسىينىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە ئېزىشى ئاستىدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۆزىنىڭ بىر خىل ئۆزگىچە ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىكىنى ، يەنى ئەدەبىيات تەرەققىيات جەريانىنىڭ بىر پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ قارىمۇقارشىلىقىنىڭ بىردەكلىك كۆرىشىدە تەرەققىي قىلىدىغان بىر ھالقا سۈپىتىدە ئىپادىلىگەن سىنىپىيلىق ۋە سىنىپىي كۆرەش ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەپ بەردى .

دىنىي مەدەنىيەت بىلەن مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئۆزئارا زىددىيەت ۋە كۆرەشلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا روشەن ھالدا ئەكس ئەتتى . ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە تارقىلىشىغا ئەگىشىپ ، دىنىي مەدەنىيەت بىلەن دىندىن خالىي مەدەنىيەت ( «ئاتېئىزملىق مەدەنىيەت»نى كۆرسەتمەيدۇ) نىڭ قارىمۇقارشىلىقىمۇ كۈچەيدى . مەيلى تارىخىيلىق ياكى ئورتاقلىق جەھەتتىن بولسۇن ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئاددىي ھالدا بىر خىل دىنىي مەدەنىيەت دەپ قاراشقا بولمايدۇ . قاراخانىيلار دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەزگىللەردىمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى «ئىسلام ئەدەبىياتى»لا ئەمەس ئىدى . ئەينى چاغدىكى بىرخىل مودا بولغان ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ ئەندىزىسىنىڭ سىرتقى ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى كۆپ سانلىق ئەسەرلەرنىڭ «مۇتلەق تەقدىر» گە ئوقۇلغان قەسىدە ئەمەسلىكىنى ، ئىلاھىيەت ۋە شەرىئەتكە بېغىشلانغان مەدھىيە ئەمەسلىكىنى بايقىيالايمىز . دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ، ھەقىقىي «مەدرىس ئەدەبىياتى» ( مەسىلەن ، سوپىزم

ئەدەبىياتى) غا تەئەللۇق ئەسەرلەردە ئىپادىلەنگەن سۇبيېكتىپ ياتلىق ۋە ئوبيېكتىپ ئىلاھىيەت بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى كۆپلىگەن ئەسەرلەردە قويۇق دىنىي مەدەنىيەت يەنى «سۇبيېكتىپ كونكرېتلىق ۋە ئوبيېكتىپ گۇمانىتارلىق» ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن. شائىرلارنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قوغلىشىۋاتقىنى جەننەت ھەققىدىكى شېرىن چۈشلەر بولماستىن، بەلكى رېئاللىقتىكى غايىدىن ئىبارەت ئىدى. بەزى داڭلىق شائىرلار، يەنە بەزى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى يۈرەكلىك ھالدا مىللىي روھ، دىندىن تاشقىرى روھ ئارقىلىق دىنغا روبىرو تۇرغان، دىننى چۈشەندۈرگەن، ھەتتا ساختا دىنىي-خۇراپىي قاراشلارنى ئېچىپ تاشلىغان ۋە مەسخىرە قىلغان. بۇ ئاۋۋالقى ئىسلام دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان ھادىسىدۇر. ئوتتۇرا ئەسىردىكى مۇنەۋۋەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ ئىلغارلىقىنى ئەكس ئەتتۈردى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ يېتىلىشى 19-ئەسىر ۋە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئويغىنىش ئەدەبىياتى ئىدىيىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى پۇختا ئىدىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى.

ئەدەبىي ئەسەرلەردە فېئوداللىزمغا قارشى تېما ۋە مەزمۇنلار زور مىقداردا كۆپەيدى. ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتتىكى ئابستراكتلاشقان پاكلىق بىلەن رەزىللىك كۈرىشىدىن ئىبارەت ئىككى مەنبەلىك باش تېمىنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي ھالدا روشەنلەشكەن رېئاللىق يۆنىلىشى ئىگىلىدى. شائىرلار ئارقا-ئارقىدىن خەلق رىۋايەتلىرىدىكى ماتېرىياللار ۋە ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، ئادەم ۋە مۇھىت، ئادەم ۋە ئىلاھىي كۈچ، ئادەم ۋە جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن زىددىيەتلىك تراگېدىيىنى تەسۋىرلىدى. فېئوداللىق دىنىي ھاكىمىيەت كەلتۈرۈپ چىقارغان يېغىلىق، مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش، جەمئىيەتنىڭ ئارقىغا چېكىنىشى ۋە خەلقنىڭ ئاھ-زارى ئەدەبىياتتا سىڭىپ كىردى.

شائىرلار ھەقىقانىيەت ، مەرىپەت ، تىنچ-ئەمىنلىكنى تىلەپ ، ئادەملەرنىڭ ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزى ئىدارە قىلىدىغان ، ئەركىنلىككە تەلپۈنۈش ئىرادىسى بولغان ھەقىقىي ئادەملەردىن بولۇشىنى ، ھەرگىزمۇ «مۇتلەق تەقدىر» تەرىپىدىن خالىغانچە كونترول قىلىنىدىغان قورالغا ئايلىنىپ قالماسلىقنى ئارزۇ قىلىدىغان مەدەنىيەت خاھىشىنى ئىپادىلىدى . كۆپلىگەن مۇھەببەت داستانلىرى ۋۇجۇتقا كەلدى . شائىرلارنىڭ ۋىسال ئىزدەش يولىدا تارتقان ھىجران ئازابلىرى كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىسىنى تىترەتتى . ئەمەلىيەتتە ، مۇھەببەت تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدىلا تەبىئىي «يات جىنس»قا بولغان ئىنتىلىش تەسۋىرلەنگەن ئەمەس . بەزى ئاتاقلىق شائىرلارنىڭ قەلىمى ئاستىدا تەسۋىرلەنگەن «يار» كۆپ ھاللاردا ئۇلارنىڭ ھەقىقانىيەت ، سەمىمىيلىك ، گۈزەللىكتىن ئىبارەت غايىگە ئىنتىلىپ ياراتقان سىمۋوللۇق ئەھمىيەتكە ئىگە «ئوبراز» دىن ئىبارەت . بۇ ئەسەرلەردە گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىش ئارقىسىدا تەسۋىرلىنىۋاتقىنى شائىرنىڭ شەخسىي ھېسسىياتىدىكى توقۇنۇشلار بولماستىن ، بەلكى كۈچلۈك ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە ، تېخىمۇ كەڭ روھىي توقۇنۇش . مەسىلەن ، ئادىمىيلىكنىڭ ئىلاھىيلىق بىلەن قارشىلىقى ، ئەركىنلىك بىلەن مۇستەبىتلىكنىڭ قارشىلىقى ، ھەقىقانىيەت بىلەن رەزىللىكنىڭ قارشىلىقى ، سەمىمىيلىك بىلەن زوراۋانلىقنىڭ قارشىلىقى قاتارلىقلار . «يار» — بۇ يەردە مۇشۇ روھىي توقۇنۇشلاردىن خالىي بولغان غايىۋى يۈلەك بولۇش سۈپىتى بىلەن ، تەبىئىيلىكتىن ھالقىغان خىيالىي تەسەۋۋۇر ئەمەس ، بەلكى ھەقىقىي ئادىمىيلىك ، ئىنسانىيلىق كۈچىنىڭ سىمۋولى قىلىنغان . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىز ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى روشەن رېئالىزملىق ئىدىيىنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن باشلىنىپ ، ئەلىشىر نەۋائىي ، تاكى 19-ئەسىردىكى ئابدۇرېھىم نىزارىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىزچىل داۋاملاشقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز .

ئۇچىنچىدىن ، رايون خاراكتېرلىك يازما ئەدەبىي تىل ـــ چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى . 14 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ، چىڭگىزخان 2 ـ ئوغلى چاغاتاي خانغا بۆلۈپ بەرگەن رايون دائىرىسى ئىچىدە ئوتتۇرا ـ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تىپى (يەنى قوچۇ ئۇيغۇر تىلى ۋە قاراخانىيلار دەۋرى مەركىزىي رايون تىلى ـــ خاقانىيە تىلى ياكى قەشقەر تىلى) ئاساسىدا بىر خىل يېڭى يازما ئەدەبىي تىل ـــ چاغاتاي تىلى بارلىققا كەلدى . بۇ ئەدەبىي تىل شىنجاڭنىڭ رايون چېگرىسى ۋە مىللەت چېگرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللارنى قوللانغۇچى مىللەتلەر (ئۇيغۇر ـ قارلۇق تىل تۈركۈمى بىلەنلا چەكلەنمەستىن ، بەلكى ئوغۇز ـ قىپچاق تىل تۈركۈمىگە تەۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تەرىپىدىن ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدىغان رايون خاراكتېرلىك يازما ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە قوبۇل قىلىندى . بۇ خىل ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدىغان يازما ئەدەبىي تىل تاكى 16 ـ ئەسىرگىچە يەنى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى بىر قىسىم قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ يېقىنقى زامان مىللىتى بولۇپ شەكىللىنىش جەريانىدىن كېيىن ، ئاندىن ئۆزئارا پەرقلىنىدىغان مىللىي ئالاھىدىلىك بولۇپ شەكىللەندى . چاغاتاي تىلى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى ئوتتۇرا ـ قەدىمكى زاماندىن يېقىنقى زامان يازما تىلى ھالىتىگە ئۆتۈشىدىكى ئۆتكۈنچى باسقۇچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا چاغاتاي تىلى قوللىنىلغان 600 يىل مابەينىدە سانسىزلىغان ئەدىبلەر ۋە نادىر ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى . كەڭ رايون خاراكتېرلىك چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى .

ئەرەب ـ پارس تىللىرىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆزلەر (بولۇپمۇ ئەدەبىي سۆزلەر) ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىسىنى بېيىتىپ ، ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى ئاشۇردى . پارس تىلىدىكى بەزى ئالدى

قوشۇلغۇچى ، كەينى قوشۇلغۇچى ۋە پېئىللارنىڭ ئۇرغۇسى ھەققىدىكى ئىلمىي نەزەرىيىنىڭ ئۆزلىشىپ كىرىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تۈزۈلمىسىنى زور دەرىجىدە بېيىتتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى . پارس ئەدەبىياتىنىڭ بەزى ئەندىزىلىرىنىڭ كىرىپ كېلىشى بىلەن ئۇيغۇر قەدىمكى زامان پروزىچىلىقىنىڭ ئىپادىلەش كۈچى ۋە رىتىم تۈيغۇسى كۈچەيدى .

ھەرقايسى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئارىسىدا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغان يازما ئەدەبىي تىل شەكىللەنگەنلىكى ئۈچۈن ، ئەدەبىياتنىڭ ئۆزئارا تارقىلىش رولىمۇ زور دەرىجىدە ئاشتى . مىللەتلەر ئارا ئەدەبىي ئالاقە ۋە ئالماشتۇرۇشمۇ كۈچەيدى . مەلۇم بىر ئاتاقلىق ئەدىب ئەسىرىنىڭ تۈركىي تىلنى قوللانغۇچى بىر قانچە مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىغا بىرلا ۋاقىتتا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىشى ئالاھىدە ئەھۋال بولماي قالدى . شۇ ۋەجىدىن مۇنداق بىر مەسىلە كېلىپ چىقتى ، يەنى چاغاتاي تىلى (ئوتتۇرا-قەدىمكى زاماندىكى تۈركىي تىل دېيىشكىمۇ بولىدۇ) دا يېزىلغان ئەسەرلەر مۇشۇ تىلنى قوللانغۇچى بارلىق مىللەتلەرنىڭ «ئورتاق ئەدەبىياتى » بولامدۇ ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىمەستىن ، كونكرېت مەسىلىلەرنى كونكرېت تەھلىل قىلىش لازىم . بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي . بىرىنچى ، تىل — ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تەۋەلىكىنى بەلگىلەشتىكى بىردىنبىر ئۆلچەم ئەمەس . تىل — مەنە بىلدۈرىدىغان بەلگىلەر سىستېمىسى ، مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ توشۇغۇچىسى . ئوخشاش بىر تىلدا ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت ئامىللىرى مەۋجۇت بولىدۇ ؛ ئوخشىمايدىغان تىللاردىمۇ ئۆزئارا ئوخشاش بولغان مەدەنىيەت ئامىللىرىنى قېزىپ چىقىشقا بولىدۇ . بۇ دەل «مىللىي پەرق ئەدەبىياتى »نىڭ تەتقىقات ۋەزىپىسى . ئىككىنچى ، ئېسىمىزدە بولسۇنكى ، ئەدەبىيات بىر خىل ئالاھىدە ئاڭ فورماتسىيىسى ، ئۇ ئۆزگىچە شەكىل ئارقىلىق مەزكۇر مۇھىت ۋە

دەۋرنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئاساسىي تەھلىللەردىن چەتلىگەندە، كونكرېت ئەسەرلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كەلگەن مۇھىتى ۋە شارائىتىغا توغرا باھا بېرگىلى بولمايدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان «قۇتادغۇ بىلىك»نى مىسالغا ئالساق، گەرچە ئۇنىڭ ئېستېتىك قىممىتى ۋە ئىدىيىۋى قىممىتى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئوتتۇرا-قەدىمكى زامان تۈركىي تىلىنى قوللانغۇچى ھەرقايسى مىللەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا تامامەن ئوخشاش، ئۇنىڭ تىلىمۇ ئوتتۇرا-قەدىمكى زامان تۈركىي تىلىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ «ئورتاق بايلىقى» ئەمەس. ئەسەرنىڭ مەزمۇنى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئۇ پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىلنى قوللانغۇچى ھەرقايسى مىللەتلەر ئىچىدە، كەڭ رايون جەھەتتە چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىدىن دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىگە ئۆتۈشنى تاماملاپ، ماكانلىشىش، شەھەرلىشىش باسقۇچىغا كىرگەن مىللەت — ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي مۇھىتىدا بارلىققا كەلگەن ۋە شۇنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇچىنچى، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىجادىيەت سۇبيېكتى ۋە ئۇ تەسىر كۆرسەتكەن ئوبيېكتنى ئېنىق ئايرىش كېرەك. تىلنىڭ ئوخشاش تۈرگە تەۋە ئىكەنلىكى سەۋەبىدىنلا، ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرىۋېتىشكە بولمايدۇ. ھەرقانداق يازما ئەدەبىي ئەسەر مەزكۇر مىللەتنىڭ ئەدەبىيات ئەنئەنىسىدىكى بىر ھالقىنىڭ كونكرېت مىسالى بولۇشى كېرەك. مەلۇم ئالاھىدىلىككە ئىگە ھەرقانداق بىر ئەسەر مۇقەررەر ھالدا مەزكۇر مىللەتنىڭ ئەدەبىيات ئەنئەنىسى داۋامىدا ئۆزىنىڭ مۇناسىپ ئورنىنى تاپىدۇ. مىللىي ئەدەبىيات ئەنئەنىسىدىن مۇستەسنا ھالدا مەۋجۇت بولغان ئەسەرنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىنى بېكىتىشتە، مۇقەررەر ھالدا زور دەرىجىدىكى ئىختىيارىيلىق مەۋجۇت.

چاغاتاي تىلى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز

تەسرلەرنىمۇ كۆرسەتتى . تىلدىكى چەتتىن كىرگەن تەركىبلەرنىڭ كۆپىيىشى ، شۇنداقلا بۇ تەركىبلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئىلىم-مەدەنىيەت كاتېگورىيىلىرىگە تەۋە بولۇشى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئالىي ، نەپىس ، چوڭقۇر بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇشى خەلقنىڭ تىلى بىلەن مەلۇم ئارىلىق پەيدا قىلىپ قويىدى . بۇ ھال ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئومۇملىشىشىغا پايدىسىز ، شۇنداقلا پۈتكۈل مىللەتنىڭ يازما تىلىنىڭ قېلىپلىشىشىغا پايدىسىز ئىدى . ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ، مىللىي تىلمۇ تەرەققىي قىلدى . 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ، شىنجاڭدىكى يازغۇچىلار قوللانغان چاغاتاي تىلى بارغانسېرى رېئال تۇرمۇشتىكى تىلغا يېقىنلاشتى . سىرتتىن كىرگەن بەزى تەركىبلەرمۇ تەدرىجىي ھالدا سىقىپ چىقىرىلىپ ، ئاخىرىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىق تىلى قېلىپىغا ئۆتۈپ ، مىللىيلاشقان ، ئاممىۋىلاشقان ۋە دەۋرگە لايىقلاشقان ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن ئاساس سېلىندى .

تۆتىنچىدىن ، «4-ماي» ھەرىكىتى ، «شىنخەي ئىنقىلابى» نىڭ شىنجاڭغا بولغان تەسىرى ۋە ماركسىزم-لېنىنىزم ، ماۋزېدوڭ ئىدىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تارقىلىشى ، 20-ئەسىردە دۇنيا تارىخىدا يۈز بەرگەن زور ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتتى . ئېلىمىزنىڭ بۇرژۇئا كونا دېموكراتىك ئىنقىلابى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى دەۋر توقۇنۇشى دولقۇنىنى قوزغاپ ، شەرق ۋە غەرب ئىككى تەرەپتىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى لەرزىگە سېلىپ ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا ئويغىنىش ئىدىيىسىنى پەيدا قىلدى . مىللىي ئاڭ ئويغىنىشقا باشلىدى ؛ جاھانگىرلىككە ، فېئودالىزمغا قارشى تېمىلار ئەدەبىي ئەسەرلەردە كۆپەيدى . بۇنىڭ ئىچىدە ھەرخىل خۇراپىي ئەقىدىلەرنىڭ ساختىلىقى ۋە ئۇنىڭ مىللىي

روھنى ناركوزلاش رولىنى ئېچىپ تاشلاپ، قالاق ئەنئەنە، ناچار ئادەتلەرنى تەنقىد قىلىش مۇھىم بىر تەرەپكە ئايلاندى. جاھانگىرلارنىڭ كونا جۇڭگونى بۆلۈشۈۋېلىش ۋە ئۇزۇن يىل داۋاملاشقان فېئودال بۆلۈنمىچىلىك ئۇرۇشلىرىغا قارىتا، بەزى ئىلغار پىكىرلىك شائىر ۋە يازغۇچىلار دۆلەت ۋە خەلقنىڭ تەقدىرىدىن ئەندىشە قىلىشتەك يۇكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئىپادىلىدى. ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇر تارقىلىشى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى 20-ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ماھىيەتلىك سەكرەشنى بارلىققا كەلتۈردى. خىلمۇخىل ئەكسىيەتچىل ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىملىرى ۋە تار مىللەتچىلىك ئىدىيىلىرىگە قارشى كۈرەش داۋامىدا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئاخىرى يېڭى دېموكراتىزملىق ۋە سوتسىيالىستىك تەرەققىيات يولىغا ماڭدى. بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى توغرىسىدا ئېلىپ بارغان تارىخىي خاراكتېرلىك ئىزدىنىش ۋە تاللىشى بىلەن تامامەن بىردەك ئىدى.

20-ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىزچىل تۈردە بىر خىل جۇشقۇن تەرەققىيات ھالىتىنى ساقلاپ كەلدى. دەۋرنىڭ ئىدىيىسى ئۆزىگە مۇناسىپ بولغان دەۋر شەكلىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ژانىرلىرىنىڭ تەرەققىياتى 20-ئەسىردە زور دەرىجىدە كۆپىيىشتەك ھالەتنى شەكىللەندۈردى. ئەنئەنىۋى ئەدەبىياتتىكى ژانىر ئاز بولۇش، قېلىپىغا باغلىنىپ قالغان پروزىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولۇشتەك ھالەت تۈپتىن ئۆزگەردى. بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئەدەبىياتنىڭ ئاساسلىق ژانىرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا سىڭىپ كىردى ۋە قوللىنىلدى. 20-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدىن بۇيان، ئىنقىلابىي رېئالىزم ۋە ئىنقىلابىي رومانتىزم بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئاساسلىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولۇپ قالدى. بارلىق زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىزغىن كۆڭۈل بۆلىدىغان تېمىسىغا ئايلاندى. سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش داۋامىدا بارلىققا كەلگەن «يېڭى تىپ»لارنى تەسۋىرلەش ۋە مەدھىيىلەش ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىگە ئايلاندى. ماركسىزملىق ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسىنىڭ ئومۇملىشىشى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ نەزەرىيە تەتقىقات ۋە ئوبزور قوشۇنىنى بارلىققا كەلتۈردى ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ شېئىرىيەت ئەنئەنىسى ۋە ئېستېتىكا ئەنئەنىسى ئاساسىدا، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەدەبىيات ئوبزورچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا باشلىدى. خەلقئارا، مىللەتلەر ئارا ئەدەبىي تەرجىمە مىللىي ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم ساھەسىگە ئايلاندى. 20-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، بولۇپمۇ دۆلىتىمىزدە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئۇيغۇر مىللىي ئەدەبىياتىنىڭ بىر پۈتۈن تەرەققىياتى ئىلگىرىكى ھەرقانداق بىر تارىخىي باسقۇچقا سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. تۈپ ئاساسىدىن ئېيتقاندا، گەرچە بۇ مىللىي جەمئىيەت ۋە مىللىي تۇرمۇشتا زور ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئۆزگىرىش سەۋەبىدىن بەلگىلەنگەن مىللىي ئەدەبىياتنىڭ ئۆزلۈكىدىن تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتى رولىنىڭ نەتىجىسى بولسىمۇ، ئەمما يەنە 20-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى خەنزۇ ئەدەبىياتى ۋە ئىلغار چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن تېخىمۇ كۆپ ئىدىيە ۋە سەنئەت ئوزۇقلۇقى قوبۇل قىلغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى تۆت مۇھىم تارىخىي باسقۇچ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەرەققىيات جەريانىنىڭ ئاساسىي يولىنى، ئۇنىڭ باسقۇچلۇق تارىخىي ئالاھىدىلىكىنى، ئۇنىڭ ئەدەبىيات ئەنئەنىسىنىڭ ئىزچىللىقىنى ھاسىل قىلدى. شۇنىڭغا ئاساسەن، بىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بەزى

ئومۇميلىققا ئىگە تارىخىي ئالاھىدىلىكىنى يىغىنچاقلاپ چىقالايمىز:

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇزاق تارىختا ئىگە مىللىي تىل ۋە يېزىق ئاساسىدا دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي ئەدەبىياتى (خەنزۇ ئەدەبىياتى) بىلەن پاراللېل تەرەققىي قىلغان ئەدەبىيات ھېسابلىنىدۇ. مەيلى تارىختا ياكى بۈگۈنكى زاماندا بولسۇن، ئۇنىڭ خەنزۇ ئەدەبىياتى بىلەن گىرەلەشكەن قىسمى (يەنى مىللىي يازغۇچىلار بىۋاسىتە خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا قاتناشقان جەريان) نىڭ سالمىقى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، پاراللېل تەرەققىيات نەتىجىسىدە ئۆز ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسىنى تولۇق تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئەۋلادلار ئوتتۇرىسىدىكى ئېنىق، توغرا بولغان تارىخىي ۋارىسلىق قىلىش مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈردى. ئۇ بىر خىل رايونغا ۋە مىللىي مەدەنىيەت تۈرىگە تەۋە ئەدەبىيات بولۇش سۈپىتى بىلەن ئومۇمىي جەھەتتىن جۇڭگو ئەدەبىياتىنى بېيىتتى ۋە تولۇقلىدى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىر خىل ئېچىۋېتىلگەن ئەدەبىيات. جۇڭگو ئەدەبىياتى سىستېمىسىدا ئۇ ئەڭ بۇرۇن دۇنيا ئەدەبىياتى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان ئەدەبىيات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي ئەدەبىياتى (خەنزۇ ئەدەبىياتى) نىڭ ئۇزۇن مۇددەت داۋام ئەتكەن ئىچكى ئايلانما ھالىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دۆلىتىمىزدىكى بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ تاشقى ئايلىنىش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. ھىندىستان كلاسسىك ئەدەبىياتى، ئوتتۇرا-قەدىمكى زامان ئەرەب-پارس ئەدەبىياتى، يېقىنقى-ھازىرقى زامان سوۋېت رۇس ئەدەبىياتىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىسى بولغان. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ خەنزۇ ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئەدەبىيات مۇناسىۋىتى بولسا تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئۆزئارا گىرەلىشىپ «جۇڭگو ئەدەبىياتى»دىن ئىبارەت

بۇ زور سىستېمىنى بارلىققا كەلتۈرگەن .

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىرخىل كۆپ تەرەپلىمىلىككە ئىگە تارىخ ۋە مەدەنىيەت بىلەن يۇغۇرۇلغان ئەدەبىيات بولۇپ ، قەدىمكى دۇنيادىكى ھــەرقايسى چوڭ مەدەنىيەت سىستېمىلىرىنىڭ قەدىمكى جۇڭگونىڭ غــەربــىي رايــونــىدا ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرگەن . جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ ياقا بەلۋېغىدا جۇڭگو-چەت ئەل مەدەنــىــيــتــىــنــىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك قوبۇل قىلىشى ئارقىلىق «بىر-بىرىگە سىڭىپ كىرىش» تەك ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن . شۇڭا ، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مەلۇم دەرىجىدىكى «كاتالىزاتور»لۇق رولىغا ئىگە . بـۇ يــەنــە ئۇيـغـۇر ئــەدەبـىـيـاتىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھـېـسـابـلـىـنـىدۇ . ئەدەبىياتنىڭ بۇنداق ئۆزئارا ئالاقىسى ۋە قوبۇل قىلىشى جەريانىدا ئەدەبىياتتىكى تېما ، ژانىر ۋە باشقا شەكىللەردىكى كۆپلىگەن ئامىللار موللاشتى ۋە ياخشىلاندى . مىللىي مەدەنىيەتنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىق تۈزۈلۈشمۇ بۇ ئارقىلىق ئۆزگىرىپ كەتمىدى ، ئـۇيـغـۇر ئــەدەبــىـياتىنىڭ جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇشتەك ئاساسىي تەۋەلىكىمۇ ئۆزگەرمىدى . بۇ پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بويان «جۇڭخۇا مىللەتلىرى »دىن ئىبارەت بۇ تارىخىي ئورتاق گەۋدىنىڭ مۇھىم ئەزاسى ئىكەنلىكىدىنلا بولۇپ قالماستىن ، يەنە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىدا بىر پۈتۈن جۇڭخۇا مــىــلــلەتلىرى بىلەن روھىي بىرلىكنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان نۇرغۇن ئاساسىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغانلىقىدىندۇر .

مـۇشـۇنـداق ئـومـۇمىي خاراكتېرلىك تارىخىي ئالاھىدىلىكلەر سەۋەبىدىن ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خېلى بۇرۇنلا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان . بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى ، خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدە بەزىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يازغۇچىلىرى ۋە كلاسسىك ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىشقا باشلىغان . ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىل

ئىچىدە بۇ ساھەدىكى تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار، ئاساسلىقى، بىر تۈركۈم تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلار ۋە ئەدىبلەر بولغان. ئۇلار تىل ماتېرىيالى بولغان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە خېلى كاتتا مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئەمما شۇنىمۇ كۆرمىسەك بولمايدۇكى، يەككە ئىلىم نەزەرىيىسى ۋە ئۇسۇلىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراش تۈپەيلىدىن، ئۇلار ئىلگىرى يەنە «ئەدەبىيات»قا ئائىت خاتا قاراشلارنىمۇ ئېلان قىلغان. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ھەقىقىي تۈردە «ئەدەبىيات-سەنئەت ئىلمى تەتقىقاتى» ئېلىپ بېرىش، بولۇپمۇ ماركسىزملىق تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم، ماركسىزملىق ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسىنى قوللىنىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي جەريانىنى كەڭ كۆلەمدە سىستېمىلىق رەتلەپ چىقىش بولسا ناھايىتى كېيىن باشلاندى، يەنى ئاساسلىقى، 1949-يىلى دۆلىتىمىزدە خەلق دېموكراتىك ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن باشلاندى. يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت مابەينىدە، جۇڭگو كومپارتىيىسى مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى، ئەۋزەل سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ كاپالىتى ئاستىدا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىي ماتېرىياللىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىش ۋە تەرجىمە قىلىش جەھەتلەردە ئىنتايىن زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بەزى مۇھىم يازغۇچىلار ۋە ئەسەرلەر ئۈستىدىكى مەخسۇس تېمىلىق تەتقىقاتلاردىمۇ ئىنتايىن زور نەتىجىلەر يارىتىلدى. ئۇيغۇر مىللىتى ماركسىزملىق نەزەرىيە ۋە ئۇسۇلنى ئىگىلىگەن، مول، پۇختا كەسپىي بىلىمگە ئىگە ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلار قوشۇنىغا ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، 50 يىلدىن بۇيانقى دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر تارىخى تەتقىقات نەتىجىلىرى بىزنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىنىڭ تارىخنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش شارائىتى بىلەن تەمىنلىدى. بۇنىڭ بىلەن «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»نى

يېزىش ۋە نەشر قىلىش ئىشى بۈگۈن رېئاللىققا ئايلاندى .

مەزكۇر ئەسەردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى تەتقىق قىلىنىپ ، كونكرېت ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى ئورنى ۋە ئەھمىيىتى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى ، ئۇنىڭدا يەنە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي شارائىتلار چۈشەندۈرۈلۈپ ، ھەرخىل ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن ، قانداق پەيدا بولغانلىقى يورۇتۇپ بېرىلدى . ئەدەبىيات تارىخىي ماتېرىياللىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكى كۆرسىتىلىپ ، سىنىپىي جەمئىيەتتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدىكى سىنىپىيلىقى چۈشەندۈرۈلدى . ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدىكى تارىخىي ۋارىسلىق ئېچىپ بېرىلىپ ،مىللىي ئەدەبىيات ئەنئەنىسى ، ئۇسلۇبىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۆزگىرىشى چۈشەندۈرۈپ بېرىلدى . مەزكۇر ئەسەردە يەنە بەزى تارىخىي باسقۇچلاردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ دۆلىتىمىزدىكى ئاساسىي ئەدەبىيات ۋە باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتى ، دۇنيا ئەدەبىياتى بىلەن بولغان ئالاقىسى ۋە ئۆزئارا كۆرسەتكەن تەسىرى بايان قىلىنىپ ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆتمۈشتە ۋە بۈگۈنكى كۈندە ئېلىمىز ئەدەبىياتى ۋە دۇنيا ئەدەبىياتىغا قانداق ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقانلىقى ، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىنىڭ قانچىلىك پارلاق ، مول ئىكەنلىكى سۆزلىنىپ ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىنى 56 قېرىنداش مىللەتنىڭ ئورتاق ياراتقانلىقىدىن ئىبارەت تارىخىي پاكىت تولۇق تونۇشتۇرۇلدى .

ئەدەبىيات تارىخى ئالدى بىلەن بىر تۈرلۈك تارىخ ئىلمى . ماركسىزمنىڭ ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتىغا قويىدىغان ئەڭ مۇھىم تەلىپى — مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەرگە تارىخىي ھالدا مۇئامىلە قىلىش . شۇنىسى چۈشىنىشلىككى ، تارىخىي پوزىتسىيە ئەلۋەتتە ئەدەبىيات تارىخى ئوقۇرمەنلىرىگە قويۇلغان تەلەپ . پەقەت

«تارىخىيلىق»تا چىڭ تۇرۇپ ، ھەم بۈگۈنكى تارىخىي شارائىت بىلەن قەدىمكىلەرنى قىيىن - قىستاپقا ئالمىساق ، ھەم ئۆتمۈشتىكى ھەممە نەرسىلەرگە قارىغۇلارچە چوقۇنۇپ ، قالايمىقان ئېسىلىۋالمىساق ، شۇنداقلا ئۇنىڭ تارىخىي ، سىنىپىي چەكلىمىلىكلىكىگە سەل قارىمىساقلا ، تارىختىكى ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى توغرا تەھلىل قىلالايمىز ، قەدىمكى يازغۇچىلار ۋە كلاسسىك ئەسەرلەرگە توغرا باھا بېرەلەيمىز ، شۇندىلا مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا «تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش» مەسىلىسىنى توغرا ھەل قىلالايمىز . بۇ جەھەتتە ماركسىزملىق نەزەرىيە پېشۋالىرىنىڭ دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى نادىر يازغۇچىلار ۋە ئەسەرلەرگە قارىتا تارىخىي جەھەتتىن بەرگەن تەنقىدىي باھاسى بىزگە ئۈلگە يارىتىپ بەرگەن .

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تارىخىنى يېزىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى .

2005-يىل ، نويابىر ، ئۈرۈمچى .

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب  ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ........ (1)

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەشكىل تېپىش تارىخى ۋە تەرەققىيات
باسقۇچلىرى ............................................ (1)
ئۇيغۇرلاردا دىنىي ئېتىقاد ........................... (13)
ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات جەريانى ۋە ئۇيغۇرلار
قوللانغان يېزىقلار.......................................... (20)
ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ دەۋرلەرگە بۆلۈنۈشى
.............................................................. (27)

ئىككىنچى باب  ئەڭ قەدىمكى ئەدەبىيات ............... (33)

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مىف ۋە ئەپسانىلەر.................. (33)
ئالەمنىڭ يارىلىشى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇر ۋە
مىف-ئەپسانىلەر........................................ (43)
ئەجداد ھەققىدىكى مىف ۋە ئەپسانىلەر ................ (47)
«بۆگۈخاقان» ئەپسانىسى ............................ (50)
قەدىمكى ئۇيغۇر رىۋايەتلىرى ........................ (55)

«ئۇيغۇر ئېلى» رىۋايىتى ............ (56)
قەدىمكى داستان ۋە قەھرىمانلىق داستانلىرى............ (61)
«ئوغۇزخان» ئېپوسى ........................... (65)

ئۈچىنچى باب 5~8-ئەسىرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى...... (92)

ئەڭ قەدىمكى يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى ........... (92)
«تىيلى قوشىقى» ............................ (94)
«خۇئاستۇئانفت» ............................ (97)
«ئىرق بىتىگ» ............................ (103)
مەڭگۈتاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى .................. (109)
مەڭگۈتاش يادىكارلىقلىرىنىڭ ئەدەبىي قىممىتى ...... (126)
مەڭگۈتاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى ئاپتورلىرى ...... (132)

تۆتىنچى باب قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرى
ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ........................ (138)

قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى قۇرۇلۇشتىن ئاۋۋالقى قوچۇ
مەدەنىيىتى ................................ (138)
قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىدە ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھايات
.......................................... (144)
ئىگىلىك.................................... (146)
دىن ........................................ (149)
تىل-يېزىق ۋە مائارىپچىلىق .................... (153)
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر
ئېلى مەدەنىيىتىگە تەسىرى ..................... (155)

ئىدىقۇت خانلىقىدا «مىلى بۇددا ئۆيى» سەنئىتى ··· (158)
**قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرى ئەل ئەدەبىياتى** ··· (166)
ھەر خىل مەزمۇندىكى قوشاقلار ·················· (167)
ماقال-تەمسىللەر ························ (172)
**قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرى يازما ئەدەبىياتى** ··· (178)
شېئىرىيەت ······························ (179)
پروزا ئەسەرلەر ························ (214)
دراماتورگىيە ·························· (238)

**بەشىنچى باب قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى** ························ (247)

**ئۇيغۇر مەدەنىيتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋرىدىكى تەرەققىياتى** ························ (247)
ئەبۇ نەسىر فارابى ······················ (268)
**مەھمۇد قەشقەرى ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»** ········· (290)
ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ·················· (290)
«تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئىلمىي قىممىتى ······ (301)
«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى بەدىئىي ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى ························ (311)
«تۈركىي تىللار دىۋانى» تەتقىقاتى ················ (343)
**يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە «قۇتادغۇ بىلىك»** ··········· (352)
ھاياتى ·································· (352)
داستانىنىڭ يېزىلىشىدىكى دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى······ (359)
داستانىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن نۇسخىلىرى······ (366)
داستانىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە سۇژېتى ················ (370)

«قۇتادغۇ بىلىك»تىكى ئوبرازلار ...................... (375)

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە ئىلگىرى سۈرۈلگەن قاراشلار ................................ (386)

«قۇتادغۇ بىلىك» تىلى ............................ (434)

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى ...... (442)

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ تارىخىي، ئىلمىي قىممىتى ۋە زامانىمىزدىكى «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى مەسىلىلىرى ........................................................ (458)

«ئەھمەد يۈكنەكى» ۋە «ئەتەبەتۇلھەقايىق» .......... (463)

تەسەۋۋۇپ ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەسەۋۋۇپ ئىزلىرى ........................................................ (495)

ئەھمەد يەسسەۋى ۋە «دىۋان ھېكمەت» ................ (507)

# بىرىنچى باب

# ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى

## ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەشكىل تېپىش تارىخى ۋە تەرەققىيات باسقۇچلىرى

«ئۇيغۇر» (uygur) سۆزى — ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىلا ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەجدادلىرى بولغان ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ ئېتنىك نامى سۈپىتىدە پەيدا بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخي مەزگىللەردە بۇ ئىسىم ھەم قەبىلىنىڭ ئېتنىك نامى ھەم ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ نامى بولۇپ ئىككى خىل مەنىدە قوللىنىلغان. ئاخىرىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت بولۇپ تەشكىل تېپىشىغا ئەگىشىپ، ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت نامى سۈپىتىدە مۇقىملاشقان.

«ئۇيغۇر» دېگەن ئېتنىك ئاتالغۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى (تۈركىي تىل باسقۇچى) ئورخۇن - يېنىسەي يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردە مىلادىيە 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا يازما شەكلىدە ئەكس ئەتكەن، چۈنكى بىزگىچە ساقلىنىپ قالغان ئۇيغۇرلارغا خاس مۇكەممەل يازما ھۆججەتلەرمۇ مىلادىيە 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن نېرىغا ئۆتمەيدۇ.

ئەمما خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە «ئۇيغۇر» سۆزى تېخىمۇ ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئەكس ئەتكەن. مىلادىيە 4 ـ ئەسىردە «ۋېينامە قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلەنگەن «يۈەنخې» ( 袁纥 ) دېگەن نام «ئۇيغۇر» سۆزىنىڭ خەنزۇچە خەتلەر بىلەن قىلىنغان ترانسكرىپسىيىسى دەپ قارالماقتا.① يەنە بەزىلەر «ئۇيغۇر» سۆزىنىڭ يازما مەنبە سۈپىتىدە خاتىرىلەنگەن ۋاقتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ «تارىخنامە» دە ئەكس ئەتكەن «ۋۇجيې» ( 乌揭 ) «خۇجيې» ( 呼揭 ) دېگەن ئىسىملارنىمۇ ئۇيغۇر سۆزىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى دەپ تونۇيدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن، خەنزۇچە مەنبەلەردە مىلادىيە 6 ـ، 7 ـ ئەسىرلەردە ئۇچرىغان «ۋېيخې» ( 韦纥 )، مىلادىيە 8 ـ ئەسىردىكى «خۇيخې» ( 回纥 )، 788 ـ يىلدىن كېيىنكى «خۇيگۇ» ( 回鹘 ) سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسىنىڭ خەنزۇچە ئوخشاشمىغان خەتلەر ئارقىلىق قىلىنغان ترانسكرىپسىيىسى بولۇپ قالدى.

«ئۇيغۇر» سۆزىنىڭ مەنىسى توغرىسىدا قاراشلار ئوخشاشمايدۇ. بۇ سۆزگە بىرىنچى بولۇپ تەرىپ بەرگەن كىشى مەھمۇد قەشقەرى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسىرىدە ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار ئىچىدە تارالغان ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (ئالېكساندىر ماكېدونىسكىي) توغرىسىدىكى بىر رىۋايەتكە باغلاپ، پارسچە «خود خورەند» سۆزىدىن ئۆزگەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «ئۆزگە تايىنىپ ئۆزىنى باقالايدۇ» (ئەينەن مەنىسى «ئۆزى ئوزۇق تېپىپ يېيەلەيدۇ») دەپ چۈشەندۈرىدۇ.②

---

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 46 ـ بەت.

② «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل، 1 ـ توم، 151 ـ بەت. بۇ ئۆزگىرىشنى ئاپتور: بۇ ئەل (ئۇيغۇرلار ئېلى) «خ ـ» ھەرپى «ا ـ ئېلىق» قا ئۆزگەرگەن دەيدۇ، يەنى خوزخۇر «huzhur» ـ ئۇيغۇر شەكلىدە.

ئۇنىڭدىن كېيىن «ئۇيغۇر» سۆزىنى ئىزاھلىغۇچىلار مىلادىيە 14 ـ ئەسىردە ئۆتكەن پارس تارىخچىسى رەشىدىدىن ۋە مىلادىيە 17 ـ ئەسىردە ئۆتكەن خىۋەخانى ئەبۇلغازى باھادىرخانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «ئوغۇزخان» رىۋايىتىدە ئەكس ئەتكەن ئوغۇزخاننىڭ ئۆزىگە تەۋە قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرگەن ۋەقەسىگە باغلاپ ئىزاھلايدۇ ۋە ئەينى زاماندىكى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز ياسىلىش قائىدىسى بويىچە چۈشەندۈرىدۇ، «ئۇيماق Uymak» (ئۇيۇشماق، بىرلەشمەك) پېئىلىنىڭ ئۆزىكىگە «غۇر hur» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ ياسالغان «ئۇيۇشماق»، «بىرلەشمەك» مەنىسىدىكى سۆز دەپ قارايدۇ. ئوبۇلغازى بولسا «ئۇيماق» پېئىلىنى «يېپىشماق» مەنىسىدە چۈشەندۈرۈپ «ئۇيغۇر» سۆزى «يېپىشقۇچى» دېگەن مەنىدە دەپ ئىزاھلايدۇ.①

مەزكۇر مەسىلىنىڭ ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگەن يېقىنقى زامان تەتقىقاتچىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى يۇقىرىقى پىكىرگە قوشۇلىدۇ، بىراق بەزىلەر تىل تەرەققىيات نۇقتىسىدىن بۇ پىكىرگە گۇمان بىلەن قارايدۇ. بۇ خىل قاراشتىكىلەرگە كىلاۋسون ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇنىڭ پىكرىچە، يۇقىرىقىدەك ياسىلىش موڭغۇللار ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەندىن كېيىن (مىلادىيە 13 ـ ئەسىردىن كېيىن) چاغاتاي تىلىدا پەيدا بولغان ھادىسە، «ئۇيغۇر» سۆزى خاتىرىلەنگەن مىلادىيە 8 ـ ئەسىر ۋە ئۇ پەيدا بولغان قەدىمكى زامانلاردا تۈركىي تىلىدا گەرچە «ئۇد ـ ئۇي» سۆزلىرى بولسىمۇ، «غۇر، گۇر» غە ئوخشاش ياسىغۇچى قوشۇمچىلار مەۋجۇت بولمىغان. شۇڭا بۇ سۆزنى

---

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 45 ـ بەت ۋە ئوبۇلغازى باھادىرخان «شەجەرى تۈرك» قازان باسمىسى، 11 ـ بەت. ئاپتور بۇنداق يازىدۇ: «ئۇيغۇر... پارچەغە مەلۇم ياپۇشغۇچى مەنىسىدۇر. مەسلەن: ئېتنولىدىكى «سۈت ئۇيىدى» دەپ سۈيۇق ۋاقتىدا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلاتتى. قاتتىق بولغاندىن كېيىن، بىر ـ بىرىگە ياپۇشتى... ئۇلار كېلىپ ئوغۇزخاننىڭ ئېتەگىگە قوللاي ئىلە مەھكەم ياپۇشقاچ ئۇلارنى ئۇيغۇر دېدى، ياپۇشغۇچىلار دېگەن سۆزدۇر».

ئەينى زامانلاردىلا «ئۇيـ » بىلەن «غۇر» نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان دېيىش گۇمان تۇغدۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ.[①] يەنە بەزىلەر «ئۇيغۇر» دېگەن ئېتنىك نامنىڭ كېلىپ چىقىشىنى يۇنان جۇغراپىيە ئالىمى پىتولمىينىڭ «جۇغراپىيە» كىتابىدىكى «ئويغاردا» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن باغلايدۇ.[②]

«ئۇيغۇر» ئېتنىك نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەنىسى توغرىسىدىكى قاراشلار ئوخشاشمىسىمۇ، بۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزگەن ھازىرقى زامان تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ كۆپچىلىكى خوجا رەشىدىدىنىنىڭ پىكرىگە قوشۇلىدۇ ۋە بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى «〈ئۇيۇشماق〉، 〈ئىتتىپاقلاشماق〉 دەپ چۈشىنىش قانۇنىيەتكە بىرقەدەر ئۇيغۇن كېلىدۇ» دەپ قارايدۇ.[③] شۇنداقتىمۇ مەزكۇر ئاتالغۇ ئۈستىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇرراق تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، ئاندىن بىر مۇقىم خۇلاسىگە كېلىش زۆرۈر، دەپ قارايمىز.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە مىللەت بولۇپ تەشكىل تېپىشى مۇرەككەپ بىر مەسىلە؛ ئۇيغۇرلار ئۇرۇق ـ قەبىلە ھالىتىدىن قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بولۇپ ئۇيۇشقان ۋە قەبىلە ئىتتىپاقىدىن خەلق، ئاندىن ھازىرقى زامان مىللىتى بولۇپ شەكىللەنگىچە ناھايىتى ئۇزۇن بىر تارىخىي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن ھەمدە مۇرەككەپ تارىخىي ھادىسىلەر ۋە زور ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن. بۇنداق ھەم ئۇزۇن، ھەم مۇرەككەپ جەريان ئۇلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىغا، جەمئىيەت تۈزۈلمىسى، تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، ئېتنوگرافىيىسىگە، تىل تەرەققىياتىغا، ئومۇمەن پۈتۈن مىللەتنىڭ ئېتنىك تەشكىل تېپىشىغا ماھىيەتلىك تەسىر

---

① لىيۇيىتالىڭ «ئۇيغۇر تەتقىقاتى» 14 ـ، 15 ـ بەتلەر.

② تەپسىلاتى ئۇچۇن قاراڭ: «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 50 ـ، 51 ـ بەتلەر. لىيۇيىتالىڭ «ئۇيغۇر تەتقىقاتى» (خەنزۇچە) 3 ـ 4 ـ بەتلەر. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى» ئالموتا، 6 ـ بەتلەر.

③ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 51 ـ بەت.

كۆرسىتىپ قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتىدىمۇ باشتىن - ئاخىر چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان. شۇڭا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا بايان قىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەشكىل تېپىش تارىخىدىكى مۇھىم پەيتلەرگە نەزەر ئاغدۇرۇپ ئۆتۈش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا تارىخچىلارنىڭ قاراشلىرى ئاساسەن بىرلىككە كېلىپ قالدى. هازىر مۇتلەق كۆپچىلىك ئېتىراپ قىلىدىغان قاراش تۆۋەندىكىچە بولۇپ، ئۇلار «ۋېينامە، قاڭقىللار (高车) قىسسىسى» دا بايان قىلىنغان ئاساسلارغا تايىنىدۇ. «ۋېينامە، قاڭقىللار قىسسىسى» دا: «قاڭقىللار (高车) قىزىل دى (赤狄) لارنىڭ قالدۇق ئۇرۇقلىرىدۇر. ئۇلار دەسلەپتە ‹دىلى› (狄历) دەپ ئاتالغان. شىمالدا ياشىغۇچىلار ‹چىلى› (赤勒) دېيىلەتتى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ياشىغۇچىلار ئۇلارنى قاڭقىل (高车) ياكى دىڭلىڭ (丁零) دەپ ئاتايدۇ» دەپ بايان قىلىنغان ۋە شۇ كىتابتا يەنە «قاڭقىللار دىلار، ئۇيغۇر، قوغۇرسۇ، قىپئار، قوجىيە، غۇر - غۇر ئېتكىن دېگەن ئالتە ئۇرۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېيىلگەن.[1]

دېمەك، بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى دىلارغا تاقىلىدۇ. هەمدە خەنزۇچە تارىخلاردا خاتىرىلەنگەن دىڭلىڭ، دىلى، چىلى دېگەن قەبىلىلەر (ياكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقى) دىلارنىڭ هەرقايسى دەۋرلەردىكى ئوخشىمىغان ئاتىلىشى، قاڭقىل بولسا، دىلىنىڭ باشقا خىل ئاتىلىشى[2] دېگەن خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەشكىل تېپىش جەريانى ئەڭ

① «ۋېينامە، قاڭقىللار قىسسىسى» 103 ـ جىلد. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا ئېلىنغان نەقىل. 51 ـ، 52 ـ بەتلەر.

② بۇ توغرىسىدا كلياشتورنى تېلى بىلەن گاۋچى بىر ئىسىمنىڭ ئىككى خىل ترانسكرىپسىيىسى. ئەسلىدە: تېلى دېگەن سۆز قەدىمكى تۈركچە «هارۋا» سۆزىنىڭ ئاهاڭ تەرجىمىسى، گاۋچى بولسا ئۇنىڭ مەنە تەرجىمىسى، دەپ كۆرسىتىدۇ (قاراڭ كلياشتورنى، «تېس ئابىدىسى»).

قەدىمكى دەۋرلەردىكى دى لار ، «تەخمىنەن ئېرادىن ئاۋۋالقى 3 ـ ئەسىردە بايقال كۆلى بىلەن بالقاش كۆلى ئارىلىقىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان «دىڭلىڭلار[①]، مىلادىيە 4 ـ ئەسىردىكى تېلى قەبىلىلىرى ، مىلادىيە 5 ـ ئەسىردە خاتىرىلەنگەن قاڭقىل (گاۋچى) لار ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى خۇيخې ، مىلادىيە 780 ـ يىلدىن كېيىن خۇيگۇ ، يەنى ئۇيغۇر دېگەن نام ئاستىدا بىرلەشكەن قەبىلە ئىتتىپاقلىرىنىڭ پائالىيىتى بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك .

هازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبى تەشكىل قىلغان قەبىلىلەردىن دىڭلىڭلار ئېرادىن ئاۋۋالقى دەۋرلەردىلا بايقال كۆلىدىن بالقاش كۆلىگە تۇتىشىدىغان كەڭ زېمىندا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ، كېيىن هونلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلۇپ ، هون قەبىلە ئىتتىپاقى ئىچىدە بولغان ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 71 ـ يىلى هونلارنىڭ هۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ ، پەيدىنپەي تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمال قىسمىغا ئورۇنلاشقان . مىلادىيە 4 ـ ئەسىردە بولسا ئۇلارنىڭ بىر قىسمى تارىم ئويمانلىقىغىچە بارغان ،[②] يەنە شۇنىڭدىن كېيىن خەنزۇ تارىخلىرىدا ئۇلار تېلى دەپ ئاتالغان .

تېلى قەبىلىلىرىنىڭ پائالىيىتىگە كەلسەك ، مىلادىيە 402 ـ يىلى جۇرجانلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان بولسىمۇ ، «مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ، تېلىلەرگە تالىق بولغان ئاشنا (ئاسنا) قەبىلىسى باش كۆتۈرۈپ چىقىپ . . . مىلادىيە 546 ـ يىلى ئاشنا جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى تېلىلارنىڭ 50 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى بىلەن بىرلىشىپ ، ئۆزلىرىنى تۈرك دەپ ئاتاپ ، جۇرجان ئاقسۆڭەك-

① ليۇزىشياۋ، «ئۇيغۇر تارىخى» بىرىنچى قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 7 ـ بەت، 12 ـ بەت

② «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 30 ـ، 31 ـ بەتلەر ۋە 40 ـ، 41 ـ بەتلەر.

لىرىگە قارشى تۇردى . دېمەك ، ئۇلار تۈرك خانلىقىنىڭ (مىلادىيە 552 ~ 744 ) قۇرۇلۇشىدىمۇ رول ئوينىغان ، مىلادىيە 7 - ئەسىر-نىڭ باشلىرىدا تېلىلار تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتۈپ ، تاكى مىلادىيە 744 - يىلىغىچە ، ئەنە شۇ خاندانلىق تەركىبىدە ئەينى ۋاقىتتىكى كۆك تۈرك مەدەنىيىتى ياكى ئورخۇن - يېنسەي مەدەنى-يىتى دەپ ئاتالغان مەدەنىيەتنى يارىتىشقا ئىشتىراك قىلغان . تۈركلەر ھاكىمىيىتى ئىككىگە بۆلۈنگەندىن كېيىن ، مىلادىيە 774 - يىلى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈپ ، ئۆز قەبىلە ئىت-تىپاقىنى «ئۇيغۇر» نامى بىلەن ئاتىدى ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مۇستەقىل سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە سەھنىگە چىقىپ «ئورخۇن ئۇي-غۇر خانلىقى» نى قۇردى .

«ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى» ئۆزىدىن ئىلگىرىكى 200 يىللار ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن تۈرك خانلىقى (552 ~ 744 ) نىڭ ئورنىغا قۇرۇلغان ۋە ئۇ شۇ يىللار جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن «ئورخۇن مەدەنىيىتى» گە ۋارىسلىق قىلدى ھەمدە ئۇنى ئىجادىي راۋاجلاندۇر-دى . ئومۇمەن ، يۇقىرىقى ئىككى خاندانلىق تۈركىي تىللىق قەبىلى-لەرنى خېلى كەڭ دەرىجىدە بىرلەشتۈرۈپ ، نىسبەتەن مۇقىم فېئودال ھاكىمىيىتى بەرپا قىلىش ۋە كۆچمەن يايلاق مەدەنىيىتىنى (يەنى بەزىلەر ئورخۇن - يېنسەي مەدەنىيىتى دەپ ئاتايدۇ ) بەرپا قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى . ئۇيغۇرلارنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ دەسلەپكى يازما يادىكارلىقلىرىمۇ ئاشۇ خانلىقلار بىلەن باغلىنىدۇ .

«ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى» ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ بىر ئەسىر داۋام قىلدى . 14 خان ئالماشتۇردى ، ئەنە شۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار

ئىچكى توققۇز ئۇرۇق ، تاشقى توققۇز قەبىلىدىن تەشكىل تاپقان ،[1] بۇ قەبىلىلەر كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك ئۇيۇششى تەرەققىياتىدا ناھايىتى ھالقىلىق رول ئوينىدى .

مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ، بىرمۇنچە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر ، ـــ خانىدانلىقتا يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەت ، ئىچكى ئىختىلاپلارنىڭ كۈچىيىشى ، قارشى كۈچلەرنىڭ قىرغىز قو-شۇنلىرىغا تايىنىپ ھۇجۇم قىلىشى ئارقىسىدا ، قارا بالغاسۇننى پاي-تەخت قىلغان ئورخۇن بويىدىكى ئۇيغۇر خانلىقى ئاغدۇرۇلىدۇ . مىلادىيە 840 ـ يىلىدىن كېيىن ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دائىرىسى-دىكى قەبىلىلەرنىڭ تۈركۈملەپ غەرب ۋە جەنۇبقا يۆتكىلىشى يۈز بېرىدۇ . «غەربكە كۆچۈش» دەپ ئاتالغان بۇ تارىخىي ۋەقەدىن كې-يىن ، شەرقتە گەنسۇدىن تارتىپ تا يەتتە سۇ ، سىر دەرياسى ۋادىسىغى-چە بولغان كەڭ زېمىندا ئۇيغۇر قەبىلىلىرى يېڭىدىن قۇرغان ئۈچ ھاكىمىيەت مەيدانغا كېلىدۇ .

غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى گەنسۇنىڭ خېشى رايونىغا كېلىپ ، گەنجۇ (ھازىرقى جاڭيې ) نى ئاساس قىلىپ ، ئۆزى-نىڭ بۇ رايوندىكى تارىخىي مۇناسىۋەتكە تايىنىپ ، چېچىلىپ كەتكەن قەبىلىلەرنى يىغىپ ، «شەرقتە لىڭجۇدىن غەربتە دۇنخۇاڭ ، ئەنشىگى-چە كەڭ رايوننى ئۆز ئىلكىگە ئالىدۇ . بۇلار خەنزۇچە ماتېرىياللاردا

---

① ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ تەپسىلاتى ئۈچۈن قاراڭ: «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 65 ــ ، 61 ــ بەتلەر. ليۇزىشياۋ «ئۇيغۇر تارىخى». 1 ــ قىسىم، 40 ــ بەت. ئىككى كىتابتا بېرىلگەن ئىچكى توققۇز ئۇرۇقنىڭ ئۇيغۇرچە بېرىلگەن ترانسكرىپسىيىسى ئوخشاشمايدۇ. بۇ بەلكىم خەنزۇچە ئىسمىنى ئۇيغۇرچىغا ئۆرۈپ يېزىشتا كېلىپ چىققان پەرق بولسا كېرەك.

«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»دا: ئۇيغۇرلار ئىچكى توققۇز ئۇرۇق، تاشقى توققۇز قەبىلىدىن تەشكىل تاپقان. ئىچكى توققۇز ئۇرۇق: ياغلاقار، ئۇتىكىر، قورابىر، باشقىرت، ئاۋاسار، قازار، قوسار، ياماقار، ئاياۋىر. تاشقى توققۇز قەبىلىسى: ئۇيغۇر، پارغۇت، خون، بايېرقو، توگرا، ئىزگىل، چۆبە، باسمىل، قارلۇق. «ئۇيغۇر تارىخى» دا: ياغلاقار، قورتارغار، دېرىمار، بايىرسىق، ئابدال، قاساز، قوغۇرسۇ، ئوۋۇغار، سابار.

خېشى ئۇيغۇرلىرى ، دەپ ئاتالغان» ،[1] ئۇلار بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلىپ ، دۇنخۇاڭدىكى بۇددا مىڭئۆي سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۇچۇن چوڭ تۆھپە قوشقان . ھازىر گەنسۇدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار ئەنە شۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ھېسابلانماقتا .

كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ «پانتېكىن باشچىلىقىدىكى 15 قەبىلە» دەپ ئاتالغان كۆپچىلىك قىسمى ئاۋۋال بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار) ئاندىن تۇرپان ئويمانلىقى ۋە كۇسەن (كۇچا) قاتارلىق كەڭ زېمىننى تۇبۇتلەردىن تارتىۋېلىپ ، «قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى» نى (مىلادىيە 866 ~ 1250) قۇردۇ . «قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى» تازا راۋاجلانغان ۋاقتىدا ، ئۇنىڭ زېمىن دائىرىسى شىمالدا بېشبالىقتىن جەنۇبتا ئاقسۇ رايونىغىچە ، شەرقتە قۇمۇلدىن تارتىپ غەربتە ئىلى مىڭلاق ۋادىسىغىچە كېڭەيگەن بولۇپ ، قۇدرەت تاپقان يەرلىك ھاكىمىيەتكە ئايلانغان . بۇ خانلىق ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ـ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن گۈللىنىشىدە ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان . بۇ خانلىقنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ئىقتىسادىي ، مەدەنىيەت ئالاقىلىرى ناھايىتى زىچ ئىدى . دەل مۇشۇ خاندانلىق دائىرىسىدە بۇددا ۋە مانىي دىنلىرىنىڭ تەسىرىدىكى گۈللەنگەن ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن ۋە تۇرپان ، كۇچالار بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئوچاقلىرىغا ئايلانغان .

ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن يەنە بىر قىسمى تېخىمۇ غەربكە سىلجىپ ، ئىلگىرى توققۇز ئوغۇز (ئۇيغۇر) قەبىلە ئىتتىپاقىدا بولغان قارلۇق قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ، سامانىي خاندانلىقى بىلەن تىركىشىپ ، ئاخىر بۇ رايوندا قۇدرەتلىك «قاراخانىيلار سۇلالىسى»نى (840 ~ 1212) قۇردى . بۇ خاندانلىق بالاساغۇن ۋە قەشقەرنى قوش پايتەخت قىلغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ زېمىنى خانلىقنىڭ راۋاجلان-

---

① ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» بىرىنچى قىسىم. 137 ـ بەت.

غان دەۋرلىرىدە پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ خېلى بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى . قاراخانىيلار خانىدانلىقى مىلادى-يە 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىسلام دىنىنى رەسمىي قوبۇل قىلىپ ، دۆلەت دىنىغا ئايلاندۇرغان . شۇڭا ، ئىسلام دىنى تەسىرى ۋە ئىسلام دىنىنى ئاۋۋاللا قوبۇل قىلغان سامانىيلار ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى باشقا خەلقلەر بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالاقىلىرى نەتىجىسىدە ، بۇ خانىدانلىق دائىرىسىدە تەدرىجىي ھالدا قەدىمىي ئۇي-غۇر مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان ، ئىسلام دىنى ۋە پارس ـ ئەرەب ئەدەبىياتى تەسىرىدىكى بىر خىل ئۆزگىچە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى شەكىللىنىپ چىقتى .

يۇقىرىقى ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن شۇ نەرسە ئېنىقكى ، مىلا-دىيە 9 ـ ئەسىردىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ھاياتىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ھاياتىدىمۇ مەلۇم ئالاھىدىلىك ، بەلكى مۇرەككەپ بىر ئەھۋالنى شەكىللەندۈردى . يۇقى-رىدا بايان قىلغىنىمىزدەك ، مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تاكى 13 ـ ئەسىرگىچە بولغان جەرياندا ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەر-كىبىنى تەشكىل قىلغۇچى خەلقلەر ، يەنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلار بىر مەزگىل ئۆزئارا نىسپىي مۇستەقىل ھالدىكى ئۈچ خانلىقتا بۆلۈ-نۈپ كەتكەن ھەمدە بۇلارنىڭ تارىخىي ـ ئىجتىمائىي شارائىتلىرى ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالدا تۇرغانىدى . بۇنداق بىر تارىخىي شارائىت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئىككى خىل ھالەتنى شەكىللەندۈردى ، يەنى بۇ دەۋردە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدە-بىياتىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى ئىككى قىسىمدىن ، يەنى بۇددا ۋە مانىي دىنى ، خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدىكى قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدە-بىياتى ھەمدە ئىسلام دىنى ۋە ئەرەب ـ پارس مەدەنىيىتى تەسىرىدىكى قاراخانىيلار ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىدىن تەشكىل تاپتى . ئەمما ، مەيلى قاراخانىيلار مەدەنىيىتى بولسۇن ۋە مەيلى قوچۇ ئىدى-

قۇت مەدەنىيىتى بولسۇن ، ئۇلار بىر خىل قەدىمىي ئەنئەنە ، يەنى قەدىمىي ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئەنئەنىسى ئاساسىدا ، ئوخشاشمىغان تە-سىرلەر نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن ، تېگى ـ تەكتىدىن ۋە كەلگۈسى تەرەققىياتىدىن ئېيتقاندا ، بىر خەلقنىڭ ، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭلا مەدەنى-يىتى بولۇپ قالغانىدى .

مىلادىيە 12 ـ ئەسىردىن كېيىن ، ئۇيغۇرلار تارىخىدا تېخىمۇ چوڭ ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى . مىلادىيە 12 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇ-رىلىرىدا يۈز بەرگەن قاراقىتانلار (كىدان ياكى غەربىي لياۋلار) نىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى ، بولۇپمۇ مىلادىيە 13 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرد-لىرىدىكى چىڭگىزخان باشلىق موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ غەربكە قارىتا ھەربىي يۈرۈشلىرى ، ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى ئېتنىك تەركىبى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى باشقا خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي ـ سىياسىي تۇرمۇشى ۋە مەدەنىي ھاياتىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى . ھەممىدىن ئاۋۋال ، موڭغۇللار موڭغۇل يايلىقىدىن تار-تىپ ، كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان كەڭ زېمىنلارنى چىڭگىز ئىمپېرد-يىسى نامى ئاستىدا بىرلەشتۈرۈپ ، مۇشۇ زېمىندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان يەرلىك ھاكىمىيەت چېگرىلىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى . مۇ-شۇنداق كەڭ زېمىن ئىچىدە مەدەنىيەت ئالاقىلىرى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى ۋە كەڭ دائىرىدە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ۋۇجۇدقا چىقار-دى .

بۇنداق بىرلىشىش ، كەڭ دائىرىدە ئالاقىلىشىشنىڭ نەتىجىسى ، ئاخىر مۇشۇ كەڭ رايونلاردا بىرقەدەر ئورتاق بولغان مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىي تىلنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن خۇلاسىلەندى . بولۇپمۇ چىڭگىز-خان ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن زېمىندا ، ھەر خىل قەبىلە ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىشى يۈز بېرىپ ، ئاقىۋەتتە ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى ئاساس قىلغان «چاغاتاي» يازما ئەدەبىي تىلى ۋە چاغاتاي ئەدەبىياتى شەكىللىنىپ چىقتى .

چاغاتاي خانىدانلىقى دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تاكى مىلادىيە 16 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا، چىڭگىزخان مىراسخورلىرى ئوتتۇرىسىدا تالاش ـ تارتىش، نىزا ۋە ئۇرۇشلار يۈز بەرگەن، قىسمەن بۆلۈنۈشلەر بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، جۇڭگونىڭ يۈەن سۇلا- لىسى نامى ئاستىدىكى شىنجاڭ رايونىدا ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان ئېتنىك ۋە مەمۇرىي بىرلىك ئاخىرقى ھېسابتا بۇزۇلغىنى يوق.

مىلادىيە 1514 ـ يىلى قۇرۇلۇپ، يەكەننى پايتەخت قىلغان يەكەن خانلىقى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنى ھەتتا يەتتە سۇ رايونى- نىڭ بىر قىسمىنى قول ئاستىغا بىرلەشتۈرۈپ، مىلادىيە 1678 ـ يىلغىچە ھۆكۈم سۈردى. يەكەن (سەئىدىيە) خانىدانلىقى مەزگىلىدە ئۆزئارا نىزالار ۋە تۇراقسىز ۋەزىيەتكە بىر قەدەر ئۈنۈملۈك خاتىمە بېرىلگەنلىكتىن، بۇ خانلىق تېررىتورىيىسى دائىرىسىدە ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەھەتتە مەلۇم يۈكسىلىشلەر بارلىققا كېلى- دۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتمۇ گۈللى- نىشكە باشلايدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ داڭلىق ئون ئىككى مۇقامىمۇ دەل مۇشۇ دەۋردە، ئابدۇرەشىدخان يېتەكچىلىكىدە رەتلىنىپ چىققان، يازما ئەدەبىياتنىڭ بىرمۇنچە ئوبدان نەمۇنىلىرى بارلىققا كەلگەنىدى.

مىلادىيە 18 ـ ئەسىردە چىڭ خانىدانلىقى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن جۇڭغارلار توپىلىڭى، خوجىلارنىڭ ئىسيانلىرىنى تىنچىتىپ، شىن- جاڭنى قايتا بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ رايونىنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېتنىك تەشكىل تېپىشى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلدى ۋە ئېتنىك بىرلىكى يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى.

يۇقىرىقى جەريانلاردىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە ئەڭ قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپا- قىنى تەشكىل قىلغۇچى ئۇرۇقلار ۋە توققۇز ئۇيغۇر (ئوغۇز)قەبىلىلەر بىرلەشمىسىدىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەردىن باشقا، يەنە ئەسلىي غەربىي رايوندا ياشاپ كەلگەن توخارلار، ئىفتالىتلار، سوغدىلار قاتار-

لىق ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى (قەدىمىي پارس تىللىق) خەلقلەرنىڭ بىر قىسمى ، شۇنداقلا ئالتاي سىستېمىسىدىكى قارا قىتان (كىدان)لار ، تۈركلەشكەن موڭغۇل قەبىلىلىرىمۇ كىرگەن . تارىخ ئەنە شۇنداق ئەگرى ـ توقاي جەريانلار ئارقىلىق ئۇيغۇر مىللىتىنى يۇغۇرۇپ ، ھازىرقى زامان مىللىتىگە ئايلاندۇرغان .

**ئۇيغۇرلاردا دىنىي ئېتىقاد :** ئۇيغۇرلار ئەڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي دەۋرلەردە ، باشقا ئىپتىدائىيلىق ھاياتنى بېشىدىن كەچۈرگەن خەلقلەرگە ئوخشاش تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ، ھەر خىل مەۋجۇداتلارغا ، ئەجدادلارغا ، ئاسمان جىسىملىرى قاتارلىقلارغا سېغىنىدىغان ئىپتىدائىي ئېتىقاد دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن . بۇنداق تارقاق سېغىنىشلار ناھايىتى كۆپ خىل بولۇپ ، ئۇ تالىلىنىش ، ئىخچاملىنىش ، يۇغۇرۇلۇش باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىنكى تەرەققىيات نەتىجىسىدە ، ئاخىر ئۇيغۇرلاردا ئومۇمىيراق بولغان توتېمىزم ئېتىقادى ۋۇجۇدقا كەلگەن . توتېمىزم ئېتىقادى پۈتۈن ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى خەلقلەردە بولغىنىغا ئوخشاش ، قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا بىرقەدەر ئومۇملاشقان ۋە ئۇزۇن داۋاملاشقان ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ قىياپىتىنى تولۇقى بىلەن سىزىپ بېرىش ئۈچۈن ، ماتېرىيال ئىمكانىيىتى يار بەرمەيدۇ . شۇنداقتىمۇ ، خەنزۇچە يازما ماتېرىياللار ، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بەزى رىۋايەتلەر ۋە ھازىرقى ئۆرپ ـ ئادەتلەردە ساقلىنىۋاتقان قالدۇق ئىزلار ئاساسىدا ، بۇ ھەقتە مەلۇم چۈشەنچە بېرىشكە بولىدۇ . ئۇيغۇرلاردا بىرقەدەر ئومۇمىي بولغان توتېم بۆرە ھېسابلىنىدۇ . شۇڭا كۆپ ھاللاردا ، ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بۆرە بىلەن باغلايدۇ ۋە بايراقلىرىغىمۇ بۆرە بېشىنىڭ رەسىمىنى چۈشۈرگەنلىكى مەلۇم . بۆرە يالغۇز ئۇيغۇرلاردىلا ئەمەس ، يەنە ھونلار ، ئۇيسۇنلار ، تۈركلەر ۋە باشقا ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەردىمۇ توتېم بولغان . ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە ھازىرمۇ بۆرە بىلەن باغلىق

بولغان ئېتىقادنىڭ قالدۇقلىرى ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، بوۋاقلارنى قارا بېسىشتىن ساقلاش ئۈچۈن، بۆشۈك بېشىغا بۆرىنىڭ ئوشۇقىنى ئېسىپ قويىدىغان ئادەت، ئوغۇل تۇغۇلسا، بۆرى دەپ ئاتاش ئادىتى قاتارلىقلار. قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا، بۆرىنىڭ جەڭ يېتەكچىسى بولغانلىقىمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئەكس ئەتكەن. ①

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلاردا بەزى يىرتقۇچ ھايۋانلار، يەنى ئارسلان، توغرۇل (قارچىغا)، «بۇغرا» لارنىڭمۇ توتېم بولغانلىقىنى ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ لەقىمىدىن بىلگىلى بولىدۇ. يەنە بەزى ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، دەرەخ، ئاق مارال، ئاق قۇلارمۇ ئەينى ۋاقىتتا توتېم قىلىنغان. توتېمىزم ئېتىقادى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەپسانە، رىۋايەتلىرىدە خېلى چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان.

**شامان (قامان) دىنى:** شامان دىنى ئىپتىدائىي دىنىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا كەلگەندە ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى كىشىلەر ئىچىدە تۇغۇلغان بىر خىل دىن بولۇپ، بۇ دىنىنىڭ ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەر ئىچىدە تارقىلىشى كەڭ، تەسىرى چوڭقۇر، داۋام قىلغان ۋاقتىمۇ ئۇزۇن بولغان. شامان دىنىنىڭ قارىشىچە، ئالەمدىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسىدە جان، يەنى روھ بولىدۇ، روھ مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ؛ نەتىجىدە روھلار دۇنياسى بارلىققا كېلىدۇ، روھلار بولسا، ياخشى روھلار ۋە يامان روھلارغا بۆلۈنىدۇ، ياخشى روھلاردىن ئىنسانلارغا ياخشىلىق، بەخت كېلىدۇ، يامان روھلار بولسا، پۈتۈن يامانلىقلارنىڭ مەنبەسى. كىشىلەرگە بالايىئاپەت ۋە كېسەللىك كەلتۈرىدۇ. شامان دىنى يەنە ئالەمنى ئۈچ قىسىمغا بۆلىدۇ، يەنى ئۈستۈنكى كۆك (ئاسمان) ئالىمى، يەنى نۇر ئالىمى بولۇپ، ئۇ يەتتە قەۋەتتىن (بەزى ئەقىدىلەردە 17 قەۋەتتىن) ئىبارەت

① قاراڭ: «ئوغۇزنامە» («ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن تاللانمىلار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1979 ـ يىل).

بولىدۇ، ئۇنىڭدا تەڭرى ۋە دەرىجە بويىچە ياخشى روھلار تۇرىدۇ، ئاستىنقى دۇنيامۇ يەتتە ياكى توققۇز قەۋەتتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ يەردە يامان روھلار ياشايدۇ. شامانلار (ئۇيغۇرلاردا قاملار) ئۇرۇق ئىلاھىنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى ۋەكىلى سانىلىپ، كىشىلەر بىلەن ئىلاھلار ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىچى ھېسابلىناتتى. كىشىلەرنىڭ تەڭرىگە قارىتا ھەر خىل ئىلتىجالىرى ۋە يامان روھلارنىڭ زىيىنىدىن ساقلىنىش تەلەپلىرى پەقەت شامانلار ئارقىلىق ئورۇندىلاتتى. شۇڭا شامانلار ئەڭ ئابرۇيلۇق ۋە ئىمتىيازلىق كىشىلەر ئىدى. ئۇلار ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرى ئۈستىدە قارار چىقىرىش، ھەتتا جەڭگە يېتەكچىلىك قىلىش، مۇھىم ئىشلار ئۈستىدە پال سېلىپ ئالدىن ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقلىرىغا ئىگە ئىدى. شۇنداق بولغانلىقتىن، شامان (قامان) لارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، پۈتۈن دىنىي مۇراسىملار، ئۆرپ - ئادەت مۇراسىملىرى، داۋالاش ئىشلىرى، يامان روھلارنى قوغلاش جېڭى شۇلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشاتتى، شۇڭا، شامانىزم ئېتىقادى ۋە شامان پائالىيەتلىرىنىڭ تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە سىڭىپ كىرىشىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر بولغان. ھەتتا شامان روھىدىكى قوشاق، سەنئەت پائالىيىتى رىۋايەتلەر مەيدانغا كەلگەن. كېيىنكى مەزگىللەردە ئۇيغۇرلار باشقا دىنلارغا ئىشەنگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىدە شامان دىنى ئادەتلىرىنىڭ ئىزلىرى ساقلىنىپ كەلمەكتە.

**مانى دىنى:** مانى دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ئورخۇن ئۇيغۇر خانىدانلىقى دەۋرىدە تارقىلىپ كىرگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ.[1] مانى دىنى ئەسلىدە ئىراننىڭ 3 - ئەسىرىدە بابىللىق مانى (216~276) تەرىپىدىن زورۇئاسترا دىنىنى ئىسلاھ قىلىش، خىرىستىئان ۋە بۇددا دىنىنىڭ بەزى ئەقىدىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا تەسىس قىلىنغان دىن بولۇپ، ئۇ «يورۇقلۇق» ۋە «قاراڭغۇلۇق» تىن ئىبارەت

① چەنداۋشىنىسى: «يىپەك يولىدىكى 99 سىر» (شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى، 1986 - يىل)، 159~160 - بەتلەر.

ئىككى ئىلاھىي مەنبەگە تايىنىدۇ ۋە «يورۇقلۇق» بىلەن «قاراڭغۇ-لۇق» روھلىرىنىڭ كۈرىشى مەڭگۈ داۋاملىشىشىدىن بېشارەت بېرىدۇ، بۇ دىن پېرسىيىدە، زورۇئاسترا دىنىنىڭ چەكلىمىسىگە ۋە بوزغۇنچىلىقىغا ئۇچراپ، مانى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ مۇ-رىتلىرى ھەر تەرەپكە تارقىلىپ، بۇ دىنىنى تەشەببۇس قىلىشقا باشلى-غان ھەمدە ئاستا - ئاستا شەرققە سۈرۈلۈپ، سوغدى سودىگەرلىرى-نىڭ ۋاستىسى بىلەن غەربىي يۇرتقا كىرگەن. «يازما ماتېرىياللارغا قارىغاندا، مانىخىزم جۇڭگوغا مىلادىيە 694 - يىلى (زېتيەن ۋۇخۇ-نىڭ يەنزى 1 - يىلى) تارقىلىپ كىرگەن.» كېيىن تاڭ سۇلالىسى ۋاستىسى ئارقىلىق ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كىرگەن، يەنى قارابالغا سوت-دىكى ئابىدە تاشتا يېزىلىشىچە، ئۇيغۇر خاقانى تەڭرى خاقان ئەنلۇ-شەن توپىلىڭىنى باستۇرۇش ئۇچۇن، لوياڭدا قوشۇن تۇرغۇزغاندا، مانى راھىبلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، مىلادىيە 763 - يىلى ئۆزى بىلەن تۆت مانى راھىبىنى ئېلىپ قايتقانىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، مانى دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىپ دۆلەت دىنى قىلىنغان. پروفېسسور خۇيافۇدۇڭدا، ئۇيغۇرلارغا قاراشلىق زېمىندا بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا مانى دىنىنى تارقاتقان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ. ئاكادېمىك س. ي. مالوۋ ئوتتۇرا ئاسىيادا (يەتتە سۇ ئەتراپىدا) كۆچۈرۈلگەن دەپ قارىغان، «خۇئاستۇئانفت» (مانى توۋا دۇئانامى-سى) ئۇستىدە توختالغاندا، «بۇ ئەسەر ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى، تەخمىنەن مىلادىيە 5 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ كۆچۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن.»[1] دەپ قارايدۇ. بۇ پاكىتمۇ مانى دىنى ۋە ئۇنىڭ ئەقىدىلىرىنىڭ خېلى بۇرۇنلا ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەنە شۇ

---

① مالوۋ: «قەدىمكى تۈركىي يېزىقنىڭ يادىكارلىقلىرى» (موسكۋا - لېنىنگراد، 1952 - يىل)، 108 - بەت.

دەۋرلەردە مانى دىنى شەھەرلەر ئارا ئالاقىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىـ
ـنى ئۆتىگەن . چوڭ شەھەرلەردە مانى ئىبادەتخانىلىرى قۇرۇلغان ،
ھەتتا مىلادىيە 840 ـ يىلىدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا ، ئۇيغۇرلارنىڭ
قەدىمى يەتكەن تۇرپان ، كۇچالاردىمۇ بۇ دىنىنىڭ تەسىرى خېلى كۈچـ
ـلۈك بولغان ؛ گەرچە بۇ دىن كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان
ئاھالىلەر ئارىسىدا تازا چوڭقۇرلىشىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ ، (مانى
دىنىنىڭ بەزى ئادەتلىرى كۆچمەن خەلقلەر تۇرمۇش ئادەتلىرى بىلەن
تازا ماسلىشالمايتتى ) كېيىن شەھەر ئاھالىسى ئىچىدە خېلى چوڭقۇر
يىلتىز تارتقان . ئۇيغۇر خاقانلىرىمۇ بۇ دىنغا ئىشەنگۈچىلەرنى سىياـ
ـسي نوپۇز ۋە يۇقىرى ئورۇنغا مۇيەسسەر قىلىپ تۇرغانىدى ھەتتا
ئۇيغۇرلار ئىچىدە بۇددا دىنى ئومۇملاشقاندىن كېيىنمۇ ، مانى ئەقىدىـ
ـلىرى مانى ئىبادەتخانىلىرى ئۇنىڭ بىلەن پاراللېل ھالدا ياشاپ قېلىـ
ـۋەرگەنىدى . مىلادىيە 982 ـ يىلى ۋاڭ يەندى قوچۇ ئىدىقۇت خانلىقىـ
ـنى زىيارەت قىلىپ قالدۇرغان خاتىرىسىدىمۇ «بۇددا ئىبادەتخانىلىـ
ـرىدىن باشقا ، يەنە مانى ئىبادەتخانىلىرى ۋە پارس دەرۋىشلىرى بار»
ئىكەن دەپ يازغان .①

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل ھۆكۈم سۈرگەن
مانى دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەر مەدەنىيىتى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى
قويۇقلاشتۇرۇپ ، ئولتۇراقلىشىش ۋە شەھەرلىشىشكە تۈرتكە بولۇپلا
قالماي ، بەلكى ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىدىمۇ
چوڭقۇر تەسىر ۋە ئىز قالدۇرغان . تۇرپاندىن تېپىلغان يادىكارلىقلار
ئىچىدە ، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان مانى دىنىغا ئائىت كىتابلار ،
ۋەسىقىلەردىن باشقا ، مانى دىنى تەسىرىدىكى شېئىر ـ قوشاق ۋە باشقا
ئەدەبىي ئەسەرلەرمۇ خېلى كۆپ ساننى تەشكىل قىلىدۇ . شۇنداق

① گىن شىمىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىدىن كېيىنكى ئەھۋالى» (مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىـ
ـتۇتى دەرسلىكى، ئىككىنچى قىسىم).

قىلىپ مانى دىنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىدا ، مەزكۇر دىنىنىڭ تەسىرىدىكى مەخسۇس بىر سەھىپىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن .

مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تۇر- كۈملەپ قۇرىغار رايونىغا يۆتكەلگەندىن كېيىن ، ئەسلىدە تەڭرىتاغلى- رىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى ، تارىم ۋادىسىدىكى خەلقلەر خېلى بۇرۇندىنلا مۇشۇ رايوندا ياشاپ كېلىۋاتقان بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار ئارىسىدا رەسمىي ئومۇملىشىپ بولغان بۇددا دىنىغا ئىشىنىشكە باشلى- دى ، بۇددا دىنىنىڭ كۈچلۈك ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ ، تۇرپان ، كۇچا (كۇسەن ) ، قەشقەر (سۇلى ) ، خوتەن (ئودۇن ) لارنى مەركەز قىلغان ھالدا ، ئۇيغۇرلارغا خاس بولغان بۇددا دىنى تەسىرىدىكى بىر خىل مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات شەكىللىنىپ چىقتى ، ئۇنىڭدىن باشقا ، ئاشۇ مەزگىللەردە ، سوغدى سودىگەرلىرى ۋە باشقا مەدەنىي ئالاقىلەر ۋاستىسى بىلەن شىنجاڭ رايونىغا تارقىلىپ كىرگەن زورۇئاسترا (ئاتەشپەرەسلىك ) دىنى ۋە خرىستىئان دىنى نىستورىئان مەزھىپىمۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئۆز تەسىرىنى قالدۇرغان . بولۇپمۇ نىستورىئان مەزھىپىنىڭ تەسىرى خېلى چوڭقۇر بولۇپ ، نىستورىئان ئىبادەتخانى- لىرىدا ئىساغا ئائىت تام سۈرەتلىرى (يەنى پاسۇنداي تەسۋىرلەنگەن سۈرەت ) ھەتتا ئىنجىلنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسىمۇ مەيدانغا كەلگەن .

تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا قۇرۇلغان قاراخانىيلار سۇلالىسىدە دىن ئەھۋالى باشقىچە بولغان ، دەسلەپ بۇ خانىدانلىق دائىرىسىدە ، ئەسلىي يەرلىك خەلقلەر ئارىسىدا بىرقەدەر راۋاجلانغان بۇددا دىنى ، كۆچمەن چارۋىچىلار ئارىسىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان شامان ئېتىقادى ۋە باشقا مانى ، خرىستىئان ئەقىدىلىرى بىرلىكتە ھايات سۈرۈپ كەل- گەن بولسىمۇ ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىسلاملىشىشىنىڭ تەسىرى ھەمدە مىلادىيە 943 ـ يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانى سوتۇق بۇغراخانىنىڭ (مۇسۇلمانچە ئىسمى ئابدۇلكەرىم ) ئىسلام دىنىنى دۆ-

لەت دىنى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشى بۇنداق ۋەزىيەتنى بۇزۇۋەتتى. بۇ سۇلالە ئىسلامنى بايراق قىلىپ، قوشنا رايونلارغا كېڭەيمىچىلىك ئېلىپ باردى. ئىسلام دىنىنى زورلاش ۋاستىلىرى بىلەن ئومۇملاشتۇردى، جەنۇبتا خوتەن (ئودۇن) خانلىقى، شىمالدا قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى تەۋەسىدىكى يەرلەرگىچە ئىسلامنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۇرۇشلىرى ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن (مىلادىيە 1032 ـ يىللار)، يۈسۈپ قادىرخان دەۋرىدە بۇ خانىدانلىقنىڭ تېررىتورىيىسىمۇ كېڭەيدى، ئىسلام دىنىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشتى.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇنداق ئىككى يەرلىك خانلىق تەشكىل قىلىپ، ئىككى خىل دىنغا ئىشىنىش ئەھۋالى تاكى مىلادىيە 13 ـ ئەسىر چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈشىگىچە بولغان جەريانغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. چىڭگىزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىنىڭ نەتىجىسى، پەقەت مەمۇرىي جەھەتتىن بىرلەشتۈرۈش، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنىلا ئويناپ قالماي، بەلكى ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىمۇ چوڭ رول ئوينىدى. ئاقىۋەتتە، چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، پۈتۈن ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، بەلكى چاغاتاي ئەۋلادلىرىمۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىردىنبىر ھۆكۈمران دىنغا ئايلاندى.

يۇقىرىقى بايانلار ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا، بىر قىسىم قەدىمكى مەدەنىيەت رايونلىرى بىلەن بولغان ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئالاقىلىرى بىلەن بىر قاتاردا ئەنە شۇ رايونلاردا مەيدانغا كەلگەن، ئىجتىمائىي، تارىخىي ۋە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشلىرى ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل دىنلار ۋە دىنىي ئەنئەنىلەرنىڭ تەسىرىدىن خالىي بولمىغانلىقىنى ھەمدە بۇ خىل تەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىش جەريانلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىزلىرىنى قالدۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

# ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات جەريانى ۋە ئۇيغۇرلار قوللانغان يېزىقلار

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئۇرال - ئالتاي تىل سىستېمىسى تۈركىي تىللار تارمىقىغا مەنسۇپ، ئۇيغۇر تىلى ھازىرقى باسقۇچقا كەلگىچە ناھايىتى ئۇزۇن، مۇرەككەپ جەريان ۋە ھەر خىل تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن.

تىل تەتقىقات ئالىملىرىنىڭ چىقارغان خۇلاسىسىگە قارىغاندا، «ئالتاي تىلى» دەپ ئاتالغان بۇ ئانا تىل نۇرغۇن ئالتاي قەبىلىلىرىنىڭ بىر خىل ئورتاق تىلى بولۇپ، تەخمىنەن ئىلگىرىدىن ئاۋۋالقى 1 - ، 2 - ئەسىرلەرگە كەلگەندە، بۇ قەبىلىلەر ئىككى چوڭ تىل گۇرۇپپىسىغا، يەنى تۈركىي - موڭغۇل ئەجداد تىلى ۋە تۇنگۇس - مانجۇ ئەجداد تىلىغا بۆلۈنگەن. ئۇلار ئىچىدىكى تۈرك - موڭغۇل تىللىرى بولسا، ئېرادىن ئاۋۋالقى 1 - ئەسىرلەردە قەدىمىي (ئەجداد) تۈركىي تىلى ۋە قەدىمىي موڭغۇل تىلىغا بۆلۈنگەن؛ قەدىمكى موڭغۇل تىللىق قەبىلىلەر شەرقىي - شىمالىي موڭغۇلىيە، جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىي (مانجۇرىيە)غا، تۈركىي تىللىق قەدىمكى قەبىلىلەر بولسا، ھازىرقى موڭغۇلىيىنىڭ مەركىزى ۋە جەنۇبىي قىسىملىرىغا، بايقالدىن ئوردۇسقىچە بولغان تېررىتورىيىگە مەركەزلەشكەنىدى. ئەنە شۇ چاغدىن باشلاپ، تۈركىي تىللار تەرەققىياتىدىكى قەدىمكى تۈركىي تىل باسقۇچى باشلىنىدۇ. بۇ باسقۇچ خېلى ئۇزۇنغىچە مىلادىيە 11 - ئەسىرلەرگىچە داۋام قىلىدۇ، مۇشۇ باسقۇچنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگە كەلگەندە، قەدىمكى تۈركىي تىل ئىككى تارماققا، ئوغۇز - قىپچاق تارمىقى ۋە ئۇيغۇر - قارلۇق تارمىقىغا بۆلۈنگەن. مەھمۇد قەشقەرى مىلا-

دىيە 11 ـ ئەسىردىلا ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بۇ ئىككى تىل گۇرۇپپىسىنىڭ فونېتىكىلىق ، مورفولوگىـ يىلىك پەرقلىرىنى ئىلمىي ئاساستا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ، ئۇيـ غۇر ـ قارلۇق تىلى گۇرۇپپىسى تەرەققىياتىنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن ھازىرقى زامان ئۆزبېك تىلىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن ئاخىرلاشقان . مۇشۇ تەرەققىيات جەريانىدا ئۇيـ غۇر تىلىدا بىرمۇنچە ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشلەر بولۇپ ئۆتكەن . ئەڭ ئاۋۋال ئۇيغۇر تىلىدىكى (N ) دىئالېكت بىلەن (Y ) دىئالېكتىنىڭ بىرىكىشى بىر ماھىيەتلىك ھادىسىدۇر . ئا . گابايىن ( A. Von. Gabain) نىڭ كۆرسىتىشىچە ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا « N » دىئالېكت ئاساسەن مانى ئەسەرلىرىدە ۋە ئورخۇن رۇنىك تېكىستىـ لىرىدە ئىپادىلەنگەن بولسا ، «Y » دېئالېكت ئەسلىي تارىم ۋادىسىدىـ كى prae—uygur يەنى بۇدداغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرىـ نىڭ تىلىدا ئىپادىلەنگەن ، كېيىنكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ چوڭ يۆتكىلىشى ۋە تىل تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ، ئاخىرى «Y » دىئالېكت ھۆكۈمران ئورۇنغا چىققان .

مىلادىيە 11 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ، ئۇيغۇر تىلى ئىككى خاندانلىقتا بۆلۈنگەن خەلقلەرنىڭ ئورتاق تىلى بولۇپ قالدى . قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىدە قوللىنىلغان ئۇيغۇر تىلى (بەزىلەرنىڭ ئاتىشىچە كلاسسىك ئۇيغۇر تىلى ) بىلەن قاراخانىيلار خاندانلىقى دائىرىسىدە قوللىنىلغان خاقانىيە ئۇيغۇر تىلى ئەمەلىيەتتە بىر تىل بولۇپ ، ئۇلار لېكسىكا جەھەتتە بەزى دىنىي ئاتالغۇ ۋە چەتتىن قوبۇل قىلىنغان بەزى سۆزلەرنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەنلا ئانچە ـ مۇنچە پەرقلىنەتتى : قوچۇ تىلىدا ، بۇددا ئاتالغۇلىرى ۋە ھىندى (سانسكـ رىت ) ، توخار تىلىدىن كىرگەن بەزى سۆز ـ ئاتالغۇلار ئۇچرىسا ، خاقانىيە تىلىدا بولسا ئىسلام دىنىغا ئائىت ۋە پارسچە ئاتالغۇلار ئۇچرايتتى .

مىلادىيە 13 ـ ئەسىردىن كېيىن (چىڭگىز ئىستېلاسىدىن كېيىن) بۇ ئىككى تىل بىرلىشىپ كەتتى، چاغاتاي خانىدانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە، چاغاتاي يازما ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى. چاغاتاي تىلى ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى ئاساس قىلغان ۋە خېلى دەرىجىدە ئەرەب ـ پارس تىللىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچى. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى راۋاجلىنىش جەريانىدا بىرقانچە كىچىك باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن چاغاتاي تىلىنىڭ بىر ئومۇمىي خۇسۇسىيىتى ۋە پۈتۈنلۈكى تاكى مىلادىيە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە داۋام قىلدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مىلادىيە 13 ـ ئەسىردىن كېيىنكى ئىنتايىن مول بايلىقلىرى ئەنە شۇ تىلدا مەيدانغا كەلدى.

مىلادىيە 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن كېيىن، شىنجاڭدا ۋە ئۇيغۇرلار ھاياتىدا بولغان ئۆزگىرىشلەر ئاستا ـ ئاستا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى شەكىللەندۈرۈپ چىقتى.

ئۇيغۇرلار ياشىغان تېررىتورىيىلەر ئەزەلدىن كۆپ تىللىق ۋە كۆپ يېزىقلىق رايونلار ئىدى. نېمىس ئالىمى فون لىكوك شىنجاڭ رايونىدا 17 خىل تىل مەۋجۇت بولغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. قۇربان ۋەلى بولسا، شىنجاڭ رايونىدا 24 خىل يېزىق قوللىنىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇ يېزىقلارنىڭ قايسىلىرىدا قانداق تىللار خاتىرىلەنگەنلىكىنى ئېنىق بايان قىلىپ بېرىش قىيىن مەسىلە، چۈنكى، شىنجاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى يېزىقلارنىڭ ئۆزى تېخى يەتكۈدەك تەتقىق قىلىنمىغان. بىز پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ قوللانغان ۋە قەدىمكى تۈركىي تىللار خاتىرىلەنگەن يېزىقلار ئۈستىدىلا قىسقىچە توختىلىمىز.

ئۇيغۇرلارنىڭ قاچان يېزىق قوللىنىپ، ئۆز تىلىنى خاتىرىلىگەنلىكى توغرىسىدىمۇ قاراشلار ئوخشاشمايدۇ. بەزىلەر شىنجاڭدىن تېپىلغان يېزىقلارنىڭ قەدىمىيلىكىگە قاراپ، ئۇيغۇرلار ئېرادىن ئاۋۋالقى ۋاقىتلاردىلا يېزىق قوللانغان دەپ قارايدۇ. ئەمما ھازىر بۇ قەدىم-

كى يېزىقلاردا (قارۇشتى يېزىقى، ئاق سىپىل يېزىقى، قارا شەھەر
كىنگىت يېزىقى ۋە باشقىلار) خاتىرىلەنگەن تىللارنىڭ ھىندى -
ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ قەدىمكى ئۆلۈك تىللار ئىكەنلىكى
ئىسپاتلانماقتا؛ ئىككىنچى بىر خىل قاراشتىكىلەر، ئۇيغۇرلارنىڭ
يېزىق قوللانغان ۋاقتىنى ئورخۇن - يېنىسەي يېزىقلىرى بىلەن باغ-
لاپ، مىلادىيە 7 - ، 8 - ئەسىرلەر دەپ پەرەز قىلىدۇ. بۇ ھەقتىكى
بىر قەدەر ماتېرىيال ئاساسىغا ئىگە پاكىت تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىم-
كى ئۇيغۇر يېزىقىدا بامبۇك تارشىغا پۈتۈلگەن «كىشى»
(«kixi») سۆزى بولۇپ، قۇربان ۋەلى بۇ بامبۇك پۈتۈكنى مىلادىيە
5 - ئەسىرگە تەئەللۇق دەپ قارايدۇ، ئوتتۇرا ئاسىيادا (شەرقىي
ئۇيغۇرلار ئارىسىدا) تەرجىمە قىلىنىپ كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇر يېزىق-
دىكى «خۇئاستۇئانىفت» (مانى تۆۋا دۇئانامىسى) نى س. ي. مالوۋ
مىلادىيە 5 - ئەسىرلەرگە تەئەللۇق دەپ كۆرسەتكىنىمۇ يۇقىرىقى
پىكىرنى ئىسپاتلايدۇ. شۇلارغا قاراپ، ئۇيغۇرلار شىنجاڭ رايونىدا
مىلادىيە 5 - ئەسىردىن باشلاپ (ئەگەر يېزىقنىڭ بارلىققا كې-
لىش، سىستېمىلىشىش ۋە ئومۇملىشىش جەريانلىرىنى ھېسابقا ئال-
غاندا، ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ)
رەسمىي يېزىق قوللانغان دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. ئۇيغۇرلار
رەسمىي قوللانغان يېزىقلار تۆۋەندىكىچە:

**ئورخۇن - يېنىسەي يېزىقى:** بۇ يېزىق پەقەت مىلادىيە
19 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىلا بىزگە ئايان بولدى ۋە بۇنىڭ
تېپىلىشى تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتىدىكى چوڭ بىر سىرنى
ئاچتى. مەزكۇر يېزىقنىڭ ئاتىلىشى ھەر خىل، بەزىلەر ئۇنىڭ ئور-
خۇن دەرياسى بىلەن يېنىسەي دەرياسى بويىدىن تېپىلغانلىقىغا قاراپ،
«ئورخۇن - يېنىسەي يېزىقى» دەپ نام قويىدى، بەزى ئالىملار بولسا،
يېزىق شەكلىنىڭ ياۋروپا رۇنىك يېزىقلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىغا
قاراپ، «تۈرك - رۇنىك يېزىقى» دېگەن نام بىلەن ئاتىدى. كېيىن-

چە، بۇ يېزىقنى قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر قوللانغانلىقتىن، «تۈرك يېزىقى»، «كۆك تۈرك يېزىقى» دېگەن ناملارمۇ بارلىققا كەلدى. «ئورخۇن - يېنسەي» يېزىقى 38 - 40 بەلگە (رۇن) دىن تەشكىل تاپقان فونېتىك (ئېلىپبەلىك) يېزىق بولۇپ، بۇ يېزىقنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بەزىلەر قەدىمكى تامغىلارغا باغلىسا، بەزىلەر قەدىمكى براخما يېزىقى بىلەن باغلايدۇ. مەزكۇر يېزىق مىلادىيە 6 - ئەسىردىلا قوللىنىشقا باشلىنىپ، تۈرك خانلىقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرلىرىدە خېلى كەڭرى ئىستېمالغا ئىگە بولغان. بۇ يېزىقتا بىزگىچە يېتىپ كەلگەن يادىكارلىقلاردىن پال كىتابى — «ئىرق بىتىگ» دىن باشقىلىرى تاشقا ئويۇلغان يازمىلاردۇر.

**قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى:** بۇ يېزىق خەلقئارا تىلشۇناسلىقتا «ئۇيغۇر يېزىقى» دېگەن ئومۇمىي نام بىلەن ئاتىلىدۇ، (خەنزۇچىدا «خۇيگۇۋېن» دەپ ئاتايدۇ)، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى سوغدى يېزىقىنى ئىسلاھ قىلىش نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن، ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپ قوللىنىلغان ۋاقتىنى ئالىملار يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ھازىر بىزگە مەلۇم بولغان پاكىتلار ئاساسىدا مىلادىيە 5 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى دەپ قارايدۇ، شۇنىڭغا قارىغاندا بۇ يېزىق تۇرپان ۋە يەتتە سۇ رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ۋە قىسمەن موڭغۇلىيىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئورخۇن - يېنسەي يېزىقى بىلەن پاراللېل ھالدا ئىشلىتىلگەن دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قوللىنىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ، ۋاقتى ئۇزۇن بولغان، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگىچە سىڭگەن يېزىق سۈپىتىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان. بۇ يېزىق قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دائىرىسىدە مىلادىيە 5 - ئەسىردىن 13 - ئەسىرگىچە مۇقىم دۆلەت يېزىقى ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. قىسمەن ھالدا، مىلادىيە

17 ـ ئەسىرگىچە تۇرپان ، قۇمۇل دائىرىسىدە داۋاملىق قوللىنىلغان .

مىلادىيە 13 ـ ئەسىردە ، مەزكۇر قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاتاتوڭانىڭ ئىسلاھ قىلىشى بىلەن موڭغۇللارنىڭ رەسمىي يېزىقىغا ئايلاندى . شۇنىڭدىن كېيىن ، مىلادىيە 14 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان مەزگىلدە ، گەرچە بۇ ۋاقىتتا چاغاتاي يېزىقى ئومۇملىشىپ ، مۇستەھكەم مەۋقە ئىگىلىگەن بولسىمۇ ، ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق گۈللىنىشى مەيدانغا كېلىپ ، ئۇيغۇر يېزىقىدا ئەسەر يېزىش ۋە قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن قايتا كۆچۈرۈش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى . ئەنە شۇ دەۋرلەردە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسى بارلىققا كەلدى . «بەختىيارنامە» ، «ئوغۇزنامە» ، «مىراجنامە» ۋە «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىلىرى مەيدانغا چىقتى ۋە بەزى يارلىقلارمۇ ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن پۈتۈلدى .

دېمەك ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ داۋام قىلغان ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقى نەتىجىسىدە ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كۆپلىگەن يادىكارلىقلىرى مۇشۇ يېزىقتا مەيدانغا كەلگەن . شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى دەۋرى پۈتۈن ئەدەبىيات تارىخىمىزدا خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدىغان ھالەت شەكىللەنگەن . قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى موڭغۇللار ئارقىلىق مانجۇلار يېزىقىغا ئايلىنىپ ، مىلادىيە 20 ـ ئەسىرگىچە داۋام قىلدى . ھازىر شىبەلەر داۋاملىق مۇشۇ يېزىقنى قوللانماقتا .

**ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى :** ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرەب يېزىقىنى قوللىنىشى ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى بىلەن باغلىق . مىلادىيە 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ، قاراخانىيلار خانىدانلىقىدا ئىسلام دىنىنىڭ دۆلەت دىنى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغانلىقى تارىم ئويمانلىقى دائىرىسىدە ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەرەب ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ بارلىققا

كېلىشىگە ئاساسىي سەۋەب بولدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، قاراخانىيلارنىڭ خېلى بۇرۇنلا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ ، ئەرەب يېزىقىنى قوللىنىشقا باشلىغان ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى بىلەن بولۇپمۇ سامانىيلار بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مەدەنىيەت ئالاقىلىرى ئەرەب يېزىقىنىڭ ئومۇملىشىشىغا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى ، چۈنكى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرى نەتىجىسىدە ، ئۆزئارا بېرىش - كېلىش ، سوۋغا تەقدىم قىلىش پائالىيەتلىرىدە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قولىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىشى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى ، دەسلەپتە ، ئەرەب يېزىقى روھانىي قاتلام ۋە ئوردا ۋەسىقىلىرىدە قوللىنىلغان بولسىمۇ ، كېيىنچە ئۇ دىئاكىرتىك بەلگىلەرنى قويۇش ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىنى خاتىرىلىگەن (ئەلۋەتتە ، ئەرەب ئېلىپبەسىدە تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپلەر بولمىغاچقا ، ئۇيغۇر تىلىنى ئەينەن خاتىرىلەشتە قىيىنچىلىق تۇغدۇرغانىدى ) ۋە ئاستا - ئاستا ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرمۇ شۇ يېزىقتا يېزىلدى . «تۈركىي تىللار دىۋانى »نىڭ لېكسىكا قىسمى ۋە مىساللىرى ، «قۇتادغۇبىلىك » داستانى ئەنە شۇ ئۇسۇلدا يېزىلغان . كېيىنچە ، مىلادىيە 13 - ئەسىردىن كېيىن ، ئۇيغۇر تىلى چاغاتاي تىلى باسقۇچىغا قەدەم قويغاندا ، بۇ يېزىق مەلۇم دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىنىپ ، چاغاتاي يېزىقىغا ئايلاندۇرۇلدى . نەتىجىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تاكى مىلادىيە 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە چاغاتاي يېزىقى ئەدەبىي تىلنىڭ يېزىقى بولۇپ قالدى . «قۇتادغۇبىلىك» تىن تارتىپ تاكى 20 - يىللارنىڭ باشلىرىغىچە ياشىغان ھۆسەيىنخان تەجەللى ئەسەرلىرىگىچە بولغان جەرياندىكى ئەدەبىي ، دىنىي ، تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يېزىقتا يېزىلغان بولۇپ ، ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي سالمىقىنى ئىگىلەيدۇ .

*　　*　　*

ئۇيغۇرلار ئۆزى ئۇزۇن مۇددەت ۋە بىرقەدەر مۇقىم قوللانغان يېزىقلىرىدىن باشقا ، شىنجاڭ رايونىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان

باشقا يېزىقلارغىمۇ مۇراجىئەت قىلغان ۋە شۇ يېزىقلار ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۆز پىكىرلىرىنى خاتىرىلىگەن . بۇ يېزىقلار : براخما يېزىقى ، قارۇشتى ، سوغدى ۋە خۇاشا (هازىرقى خەنزۇ يېزىقى) بولۇپ ، ئۇلار ئارقىلىق خاتىرىلەنگەن قەدىمكى تۈركىي تىل (ئۇيغۇر تىلى) هۆججەتلىرىدىن بىزگە مەلۇم بولغانلىرى ئىنتايىن چەكلىك ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بۇلار ئەدەبىي ئەسەرلەر ئەمەس ، بەلكى ئىجتىمائىي ، هوقۇقىي هۆججەتلەردۇر .

## ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ دەۋرلەرگە بۆلۈنۈشى

ناهايىتى ئۇزۇن بىر تارىخىي جەرياننى بېسىپ ئۆتكەن ، زور مەدەنىيەت بايلىقى جۇغلانمىسىنى هاسىل قىلغان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ماتېرىياللىرىنى ئەدەبىيات تارىخى سۈپىتىدە ، زامان ئىزچىللىقى ۋە ئىلمىي يوسۇندا بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ، ئۇنى ئايرىم قىسىم ۋە باسقۇچلارغا ئايرىپ ، ئوخشاش تارىخىي مەزگىلدە مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىيات هادىسىلىرىنى ۋە ئەسەرلەرنى يىغىنچاقلاپ چۈشەندۈرۈش ۋە خۇلاسە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ ، بۇنداق ئېهتىياج مۇقەررەر هالدا ئالدىمىزغا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىنى دەۋرلەرگە ئايرىش مەسىلىسىنى قويىدۇ .

بىر مىللەتنىڭ تارىخىنى دەۋرلەرگە ئايرىش شۇ مىللەتنىڭ ئەدەبىيات تارىخىنى دەۋرگە ئايرىش بىلەن يىل ئىزچىللىقى جەهەتتىن ئوخشىشىپ كەتسىمۇ ، ماهىيەت جەهەتتىن يەنىلا پەرقلىق بولىدۇ . ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندا ، هەر قانداق مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات هادىسىسى پەرقلىق بولىدۇ . هەرقانداق مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات هادىسىسى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى جەمئىيەتنىڭ ماددىي ، ئىقتىسادىي ئاساسى ، تەرەققىياتى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ئەدەبىيات ئىدېئولوگىيىنىڭ ئالاھىدە بىر شەك-

لى سوۋېتىدە ، مەلۇم نىسپىي مۇستەقىللىقى ، ئۆزىگە خاس قانۇنىيەت-كە ھەمدە ئەنئەنە كۈچىگە ئىگە بولۇپ ، بۇلار ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيا-تىنىمۇ مەلۇم دەرىجىدە نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە قىلىدۇ . شۇڭا ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىنى دەۋرلەرگە ئايرىش مەسىلىسى-دە ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە ياكى ۋا-سىتىلىك تەسىر كۆرسەتكۈچى سىياسىي ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئامىللارنى تولۇق ھېسابقا ئېلىش بىلەن بىللە ، ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرىگىمۇ يېتەرلىك ئېتىبار بېرىشكە توغرا كېلىدۇ . شۇنداق قىلغاندىلا ئەدەبىيات تارىخىنى ھەم جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات قانۇنىيىتى ۋە تەرەققىيات جەريانىغا زىت كەلمەيدىغان ھەم ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۇ-رۇپ بېرەلەيدىغان ھالەتتە دەۋرلەرگە ئايرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ .

ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىۋاسىتە ئاساس بولىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشمىغان ھالدا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار كۆپ خىل ، ھەر تەرەپلىمە بولسىمۇ ، ئەمما ئەدەبىيات تەرەققىيات جەريانىنى دەۋرلەرگە ئايرىشتا ، بىرىنچىدىن ، ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي تەرەققى-ياتنى ۋە ئۇنىڭغا باغلىق بولغان مەدەنىيەت ، ئىدېئولوگىيە ئالاھىدى-لىكلىرىنى ، ئىككىنچىدىن ، ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنى ئەكس ئەتتۇرۇشتىكى ئۇسۇل ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات جەريانى ، يەنى ئەدەبىياتنىڭ مېتودولوگىيە ۋە تېماتىك ئالاھىدىلىكلى-رىنى ، ئۈچىنچىدىن ، ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي قورالى بولغان تىل ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ئاساسىي بەلگە قىلىش لازىم ، دەپ تونۇيمىز .

جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بازىس سۈپىتىدە ، جەمئىيەتنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي ھادىسىلىرىگە تەسىر كۆرسىتىش بىلەن بىللە ، مەدەنىيەت ، ئىجتىمائىي ئاڭ (ئىدې-

ئولوگىيە ) ۋە ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ ، شۇڭا ، ئەدەبىياتتا يۈزبەرگەن خىلمۇخىل ئۆزگىرىشلەر ، ۋۇجۇدقا كەلگەن يېڭى ئەدەبىي ھادىسىلەر جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى يۈكسىلىش ۋە ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ئۆزگىرىشلەر بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى تەدرىجىي راۋاجلىنىش ھالىتىدىن سەكرەش خاراكتېرلىك كەسكىن ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىش پەيتىگە كىرگەندە ، ھامان جەمئىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا يۈز بەرگەن زور ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ۋە دەۋر بۆلگۈچى تارىخىي ۋەقەلەر ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەمدە بۇنداق ئۆزگىرىشنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالىدۇ . ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىيات جەريانىمۇ مۇشۇنداق ئىككى خىل ئۆزگىرىش ئىچىدە ئالغا ئىلگىرىلەپ بارغان . شۇڭا ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىنى دەۋرلەرگە ئايرىغاندا ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىدا يۈزبەرگەن بۇنداق ماھىيەتلىك ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ۋە دەۋر بۆلگۈچ تارىخىي ۋەقەلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . ئالايلى ، ئورخۇن بويىدىكى ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇركۇملەپ غەربكە كۆچۈپ ، ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزىنى ھازىرقى شىنجاڭ رايونىغا يۆتكىشى ، مىلادىيە 10 ـ ئەسىردە بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى ۋە مىلادىيە 13 ـ ئەسىردە يۈزبەرگەن چىڭگىزخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلىشى قاتارلىق ۋەقەلەر ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي ئاساسىدىن تارتىپ ، ئىدېئولوگىيە ، ئېتىقاد ، ئۆرپ ـ ئادەت ھەتتا تۇرمۇش شەكلىگىچە تەسىر كۆرسىتىپ ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي قىياپىتىدە كەسكىن ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشقا سەۋەب بولغان . نەتىجىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا ھەر جەھەتتە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدە دەۋرلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن . ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەدەبىياتتىمۇ ، ئىجتىمائىي ھاياتتىكى يۈزبەرگەن

ئۆزگىرىشلەرگە مۇناسىپ ھالدا ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە دەۋرلەر مەيدانغا كەلگەن . شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، بىر پۈتۈن تارىخىي دەۋر ئىچىدە يۈزبەرگەن ئايرىم ھادىسىلەر ، گەرچە ئومۇمىي تارىخىي دەۋرگە ۋە پۈتۈن ئەدەبىيات تەرەققىياتىغا ماھىيەتـ لىك تەسىر كۆرسىتەلمىسىمۇ ، لېكىن ئەدەبىياتنىڭ مېتودىغا ، تېماـ تىك مەزمۇنىنىڭ ئۆزگىرىشىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىپ ، يېڭى تېما ، يېڭى ژانىرلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەب بولغان . مەسىلەن مىلادىيە 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى خوجىلار ھەرىكىتى ئەدەبىياتىمىزدا تەسەۋۋۇپنى ئەۋج ئالـدۇرۇۋەتكەن بولسا ، مىلادىيە 18 ـ ئەسىردە چىڭ خانىدانلىقى شىنجاڭنى قايتا بىرلىككە كەلتۈرـ گەندىن كېيىن ، رېئال تارىخىي ، ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بۇرۇن بولۇپ باقمىغان دېھقانلار قوزغىلىڭى تېمىـ سى ۋە ساتىرا ژانىرى ۋۇجۇدقا كەلدى . ئەدەبىيات تەرەققىياتى جەرياـ نىدىكى بۇ خىل ھادىسىلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ دەۋرلىرى ئىچىدە يەنە باسقۇچلار بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . شۇڭا ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى دەۋرگە ئايرىغاندا ، چوڭ دەۋرلەرگىلا ئەمەس ، بەلكى دەۋرلەر ئىچىدىكى باسقۇچلارغىمۇ دىققەتنى ئاغدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ .

يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات جەريانىدا ، ئەدەبىياتنىڭ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇـ سۇلى جەھەتتىن قارىغاندا ، ھەرقايسى دەۋرلەردە ئوخشاشمىغان ئىجـ تىمائىي تەلەپ نەتىجىسىدە ، بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولغان ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇلى ، يەنى ئەدەبىي مېتود قوللىنىلغان ؛ ئەدەبىياتىمىزـ دا ئارقىمۇئارقا تارىخىي ئىزچىللىق بىلەن تۇغۇلغان بۇ ئەدەبىي مېـ تودلار مەلۇم تارىخىي دەۋرلەرگە ماس كېلىدۇ ھەمدە ئەينى دەۋرنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان تەلىپىنى ، كىشىلەرنىڭ بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلىش سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ . شۇڭا ، ئەدەبىياتنىڭ مېتودولوگىيە

ئالاھىدىلىكىنى ئەدەبىياتىمىزنى دەۋرلەرگە ئايرىشتىكى ئالاھىدە بىر بەلگە سۈپىتىدە قوبۇل قىلدۇق . ئالايلى ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن مىف ، ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەرنىڭ رېئال-لىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇسۇلى بولسا ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى قەھرى-مانلىق داستانلىرى ، دىداكتىك ئەسەرلەر رومانتىكلىق داستانلار ، تارىخىي داستان ۋە قىسسىلەر ، ئۇنىڭدىن قالسا تەنقىدىي ، رېئالىزم-لىق ئەسەرلەر ، ھەر خىل دەۋرلەردە ئوخشاشمىغان ئىجتىمائىي تەلەپ-لەر سەۋەبىدىن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ ، ئەدەبىياتىمىزدىكى مېتودو-لوگىيە جەھەتتىكى بىر خىل قانۇنىيەت ۋە ئىزچىللىقىنى ئەكس ئەتتۈ-رىدۇ .

ئەدەبىيات تارىخىنى دەۋرلەرگە ئايرىشتىكى يەنە بىر مۇھىم بەل-گىنى تىل ئامىلى دەپ قارىدۇق . تىل – ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي قورالى ، تىلسىز ھېچقانداق ئەدەبىي ئەسەر ۋۇجۇدقا كەلمىگىنىدەك ، يازما ئەدەبىي تىلسىز يازما ئەدەبىياتنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىمۇ تەسەۋ-ۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس . مەلۇم ئەسىردە قوللىنىلغان تىل ۋە يېزىق ئەسلىدە بىرەر خىل تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا ، مەزكۇر ئەسەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئېنىقلاشتا مۇھىم رول ئۆتەيدۇ . شۇڭا ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى دەۋرلەرگە ئايرىشتا ، ھەرقايسى ئەسەرلەردە قوللىنىلغان تىل ۋە يېزىق ئامىلىنى مۇھىم بەلگىلەردىن بىرى دەپ قارىدۇق . يۇقىرىقى پرىنسىپلارنى ئاساس قىلىپ ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ پۈتۈن جەريانىنى تۆۋەندىكىدەك دەۋرلەرگە ئايرىدۇق .

1 . ئەڭ قەدىمكى ئەدەبىيات . بۇ ئاساسەن ، ئەڭ قەدىمكى ئەل ئەدەبىيات يادىكارلىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

2 . مىلادىيە 5 — 8 – ئەسىرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى . بۇ ئاساسەن ، تۈرك خانلىقى ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

3 . مىلادىيە 10 ــــ 12 ـ ئەسىرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى . بۇ مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن مىلادىيە 13 ـ ئەسىر- نىڭ باشلىرىغىچە بولغان قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

4 . مىلادىيە 13 ــــ 14 ـ ئەسىرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى . بۇ چاغاتاي خانلىقى ۋە تېمۇرىيلەر سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

5 . مىلادىيە 16 ــــ 17 ـ ئەسىرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى . بۇ يەكەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

6 . مىلادىيە 18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى . بۇ خوجىلار ۋە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ھۆكۈمرانلىقى دەۋرى (مىلادىيە 17 ـ ئەسىر- نىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ) دىكى ئەدەبىياتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

7 . مىلادىيە 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى . بۇ چىڭ سۇلالى- سى ھۆكۈمرانلىقى دەۋرى (مىلادىيە 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرى- مىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ) دىكى ئەدەبىياتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

# ئىككىنچى باب

## ئەڭ قەدىمكى ئەدەبىيات

### ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مىف ۋە ئەپسانىلەر

مىفلار ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تۆرەلمىسى ، ئۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئېڭىنى ئەكس ئەتتۈرگەن كائىنات ۋە دۇنيا توغرىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى ئوبرازلىق تەسەۋۋۇرى بولۇپ ، مىفلاردا رېئاللىق كونكرېت ھېس ـ تۇيغۇلۇق پېرسوناژلار ۋە جانلاندۇرۇلغان نەرسىلەر ئوبرازى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ ، مىفلار ئوبراز ۋاسىتىسى ئارقىلىق رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى بىلەن ، ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئەدەبىياتى بولسا ، ئۇنىڭ ئوبرازلار سىستېمىسى پۈتۈن دۇنيا ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكى ، كىشىلەرنىڭ تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىيەت ھەققىدىكى چۈشەنچە ، ئۇقۇملىرىنىڭ جەملەنگەنلىكى بىلەن ، ئەينى جەمئىيەتتىكى ئۇنىۋېرسال بىر پەننىڭ رولىنى ئۆتىگەن . شۇڭا ، كېيىنرەك مىفلاردىن ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ باشقا شەكىللىرى ، سەنئەت ، دىن ، تەبىئەت ئىلمى ۋە سىياسىي ئىدېئولوگىيىلەر بۆلۈنۈپ چىققان .

ئىپتىدائىي كىشىلەر ئاڭ تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرغانلىقتىن ، ئۇلار تەبىئەت ئالدىدا ھامان ئاجىز ھالەتتە ئىدى ، تەبىئەتتە ۋە جەمئىيەتتە يۈزبەرگەن ۋەقە ، ھادىسىلەرنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ماھىيىتىنى چۈشەنمەيتتى . ئۇلار ئەنە شۇ ئازابلارغا قارشى ھالدا روھىي ئازادلىق ئىزدەپ ، ئۆز بېشىغا كېلىۋاتقان بالايىئاپەت

ۋە بەخت ـ سائادەتنى ھەر خىل ئىزاھلاپ ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش يوللىرىنى ئىزدىگەن . شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئېڭىدا ، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھادىسىلىرى توغرىسىدا ئۆزىگە خاس ھەر تۈرلۈك ئۇقۇم پەيدا بولغان ، مەسىلەن ، ئۇلار تەبىئەت ھادىسىلىرى — گۈلدۈرما-ما ، چاقماق ، يەر تەۋرەشلەر ، سۇ تاشقىنلىرى ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلار ئالدىدا ئاجىزلىق قىلىپ ، قورقۇنچ ۋە دەھشەتلىك ۋەھىمىگە چۈشكەن ھەمدە ئۇلاردىن ساقلىنىش ئىستىكى تۇغۇلغان . قۇياش ، ئاپتاپ ، يەر ، سۇ ، ئورمان ، نازۇ نېمەتلىرىدىن سۆيۈنۈش ھاسىل قىلىپ ، ئۇلاردىن كۆپرەك بەھرىمەن بولۇش ئارزۇسىدا بولغان ، ئىپتىدائىي جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ تەبىئەت ، جەمئىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ئالدىدا ئاجىزلىقىدىن تۇغۇلغان ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى نەتىجىسىدە ، ئۇلاردا ئەنە شۇ ھادىسىلەرگە سىغىنىش روھىي كەيپىياتىنى تۇغدۇرغان . بۇ خىل سىغىنىش ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ھەر خىل ئىلاھلارنى پەيدا قىلغان . مۇشۇنداق ھەر خىل ئىلاھلار مىفلار ئۈچۈن ئاساس بولۇپ قالغان .

مىفلاردا ھەردائىم ئىلاھلار ئاساسىي ئوبراز سۈپىتىدە تەسۋىرلە-نىدۇ ، شۇڭا مىفلارنى ئىلاھلار ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيىتى توغرىسىدىكى ھېكايىلەر دېيىشكىمۇ بولىدۇ .

مىفلار ئۈچۈن ئومۇمىي بولغان بىر خۇسۇسىيەت شۇكى ، مىفلار-دا «ياخشىلىق» بىلەن «يامانلىق» تەسەۋۋۇرى ۋە بۇ ئىككىسى ئوتتۇ-رىسىدىكى زىددىيەت مەركىزىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ . شۇنىڭغا باغلىق ھالدا ، مىفلاردا «ياخشىلىق» ئىلاھلىرى بىلەن «يامانلىق» ئىلاھلى-رى ئاساسلىق ئوبرازلار بولىدۇ . مىفنىڭ سۇژىتى ۋە ۋەقەلىكلىرىمۇ مۇشۇ ئىككى خىل ئىلاھىي كۈچنىڭ پائالىيەتلىرى ، زىددىيەتلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولىدۇ . بۇنداق خۇسۇسىيەت ھەممە مىللەت مىف-لىرى ئۈچۈن ئورتاقتۇر .

بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ھەرقايسى خەلقلەر مىفلىرىنىڭ ئەھمى-

يىتى ئۇستىدە توختالغاندا ، قىسقىچە قىلىپ ئىككى تەرەپنى كۆرسى-
تىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ ، بىرىنچىدىن ، مىفلارنىڭ ئىپتىدائىي جەمئى-
يەتنى بىلىشتىكى ئەھمىيىتى بولۇپ ، مىفلار ئارقىلىق بىز ئىپتىدا-
ئىي كىشىلەرنىڭ ئىدېئولوگىيىسى ۋە تەپەككۇر يوللىرىنى چۈشىنى-
ۋېلىشتىن باشقا ، مۇھىمى ئىدېئولوگىيە شەكلىدە ئەكس ئەتكەن
ئىجتىمائىي پائالىيىتىنىمۇ بىلىۋالالايمىز . ئىككىنچىدىن ، ئومۇمەن
مىفلارنىڭ ئەكس ئەتتۇرگەن ئوبيېكتى ۋە تەسۋىرلىگەن ئىلاھلىرىنىڭ
قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇلار ئەينى زاماندىكى ئىنسانلارنىڭ
غەلىبىسىنى ئۇلۇغلايدىغان ، كىشىلەرنى تەبىئەت ئۇستىدىن غەلىبە
قىلىشقا ئۈندەيدىغان ئىدىيىۋى يۆنىلىشكە ئىگە ئىدى .

دېمەك ، قەدىمكى مىفلار گەرچە كىشىلەرنىڭ ئاجىزلىق تەرەپلى-
رىدىن تۇغۇلغان بولسىمۇ ، ئۇ زەئىپلىكنىلا ئەمەس ، بەلكى ئۇلارنىڭ
كۈچ - قۇدرىتىنى ، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى فانتازىيىلىك يول بىلەن
تەسۋىرلەپ ، ئەينى زامان ئۇچۇنمۇ ۋە كېيىنكى دەۋرلەر ئۇچۇنمۇ بىر
خىل بەدىئىي زوق ۋە ئىدىيىۋى تۈرتكە بېرەلىگەنلىكى بىلەن ، ئۆزى-
دىن كېيىنكى دەۋرلەر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوي-
نىغان .

ئۇيغۇرلاردا ساقلىنىپ قالغان مىفلار ، ئەپسانىلەر بەكمۇ قەدىمكى
دەۋرلەرنىڭ ، ھەتتا بەزىلىرى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى .
شۇڭا ئۇلارنىڭ مۇتلەق ھالدا ھازىرقى مىللەتلەرنىڭ بىرەرسىگە تەئەل-
لۇقلۇقى توغرىسىدا خۇلاسىگە كېلىش قىيىن . ئۇچىنچىدىن ، ئارىيان-
لارنىڭ ئىككى قېتىملىق كەڭ كۆلەمدە يۆتكىلىشى ، ھىندى - ياۋروپا
تىللىق قەدىمكى خەلقلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىدا خېلى
ئۇزۇن مۇددەت ھايات كەچۈرۈشى ، كېيىن ئۇلار بىلەن ئالتاي تىللىق
خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالاقىلىرى ۋە ئاخىرىدا ئالتاي قەبىلىلىرى
— تۈرك ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ رايونلاردا ئولتۇراقلىشىشىغا ئوخشاش
ۋەقەلەر غەرب ۋە شەرق مىفلىرىنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ

چىقارغان . شۇنداقلا ، بۇنداق قەدىمكى مىفلار كېيىنكى بەزى دىنلار-
نىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىغان ، نەتىجىدە هازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋات-
قان مىفلار ، مىفنىڭ ئېتىقادلارنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىدە بىر قەدەر
مۇرەككەپ ئەھۋال شەكىللەنگەن .

بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بەزى ئەدەبىيات كىتابلىرىدا ۋە باشقا
مەنبەلەردە ئېلان قىلىنغان مىفلار ۋە مىفولوگىيىلىك رىۋايەتلەرنى
پەيدا بولۇشى ۋە كېلىش مەنبەسى جەھەتتىن ئىككى چوڭ سىستېمىغا
ئايرىشقا بولىدۇ . ئۇنىڭ بىرى ، ئالتاي سىستېمىسىغا مەنسۇپ
مىفلار ، بۇ خىل مىفلار كېلىپ چىقىشى جەھەتتىن قەدىمكى ئالتاي
تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەر بىلەن باغلىق ، تارقىلىشى ۋە ساقلىنى-
شى جەھەتتىمۇ ئالتاي تىل سىستېمىسىنىڭ ھەرقايسى تىل گۇرۇپپى-
لىرىدىكى خەلقلەر ئاساسىي رول ئوينىغان . «ئالتاي مىفلىرى » نىڭ
كېيىنكى تەرەققىياتى ئالتاي تىلىنىڭ چوڭ تارماقلارغا بۆلۈنۈشى ،
ھەرقايسى تارماق تىلدا سۆزلەشكۈچى ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ قايتا
ئۇيۇشۇشىغا ۋە نىسپىي مۇستەقىل ھالدىكى تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ،
ئومۇمىيلىقتىن خاسلىققا قاراپ يۈزلەنگەن . ئەلۋەتتە ، مەزكۇر خەلق-
لەرنىڭ نىسپىي مۇستەقىل ھالەتتىكى تەرەققىيات جەريانىدا يۈزبەر-
گەن زىچ ئالاقىلەرنىمۇ چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ . ئەنە شۇنداق قىلىپ
«ئالتاي مىفلىرى» ، ئۆزئارا ئورتاقلىقىمۇ بولغان ۋە ئۆز ئالدىغا ئالا-
ھىدىلىكلىرىمۇ بولغان تۇڭگۇس ، مانجۇ ، موڭغۇل ۋە تۈركىي تىللىق
خەلقلەر مىفلىرىغا ئايرىلغان . ئۇنىڭ يەنە بىرى ، ھىندى - ياۋروپا
سىستېمىسىغا مەنسۇپ مىفلار . بۇ خىل مىفلار ئەسلىدە قەدىمكى
ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى قەدىمكى خەلقلەر ئارىسىدا مەي-
دانغا كەلگەن بولۇپ ، ئۇلار ئاساسەن ، زورۇئاسترا دىنىنىڭ مۇقەد-
دەس كىتابى «ئاۋىستا» ۋە «شاھنامە» گە ئوخشاش قەدىمكى يازما
مەنبەلەر ئارقىلىق ساقلىنىپ قالغان ۋە تارقالغان . بۇ خىل تىپتىكى
مىفلارنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىغا تارق-

لىشى يىپەك يولىدا يۈز بېرىپ تۇرغان سودا ، مەدەنىيەت ئالاقىلىرى-دىن باشقا ، ئاساسەن تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مەزكۇر رايونلارغا ئولتۇراقلىششقا باشلىغان مەزگىلىگە توغرا كېلىدۇ . بۇنى ئىلگىرى سۈرۈپ ھېسابلىغاندىمۇ مىلادىيە 4 ـ ، 5 ـ ئەسىرلەر ئەتراپىدا بولۇپ ، بۇ ۋاقىتتا «مىڭ دەۋرى» ئاللىقاچان ئاخىرلاشقان . ھىندى ـ ياۋروپا سىستېمىسىدىكى مىڭلار (قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كىچىك ئاسىيا خەلقلىرى مىڭلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) گەرچە كېلىپ چىقىشى جەھەتتىن تۈركىي تىللىق خەلقلەر ، جۈملىدىن ئۇي-غۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولمىسى-مۇ ، لېكىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىپ ، ئۇلا-رنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىغا مەلۇم تەسىرلەرنىمۇ قالدۇرغان . ئايرىملىرى بولسا ، ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەس-لىي ئېتىقاد ۋە رىۋايەتلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن . شۇڭا بۇ خىلدىكى مىڭلار ئۈستىدە ئەنە شۇ كۆرسەتكەن تەسىرى دائىرىسىدىلا توختىلىپ ئۆتۈش ۋە تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ .

بۇ يەردە بىز ئاساسەن «ئالتاي مىڭلىرى» نىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا تارقالغان ۋە ساقلىنىپ قالغان «ئالتاي مىڭلىرى» ئۈستىدە توختىلىمىز .

تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مىڭلىرىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان مەنبەلەر مول ئەمەس ، پەقەت مىلادىيە 6 ـ ، 10 ـ ئەسىر-لەرگە تەئەللۇق ئورخۇن ـ يېنىسەي يېزىقى ۋە سوغدى يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار ، قەدىمكى خەنزۇچە يازما تارىخىي ماتېرىياللار ، شۇنداقلا مىلادىيە 12 ـ ئەسىردىن كېيىنكى ئەرەبچە ، پارسچە ئەسەرلەر ئارقى-لىق قەدىمكى مىڭ ـ ئەپسانىلەرنىڭ مەلۇم پارچىلىرى ۋە ئىزلىرى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ ، بۇلاردىن قەدىمكى مىڭلارنىڭ ئومۇ-مىي قىياپىتى توغرىسىدا مەلۇم تەسەۋۋۇرغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ .

قەدىمكى مىڭ ـ ئەپسانىلەرنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرى مىفولوگى-

يىلىك ئىلاھ ۋە مىفولوگىيىلىك ئېتىقادلار بولۇپ، ئۇلار بىزگە قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مىفولوگىيىلىك تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى مەلۇم دەرىجىدە سىزىپ بېرەلەيدۇ.

ئومۇمەن، ئالتاي قەبىلىلىرى، جۈملىدىن تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئۈچۈن ئومۇمىي بولغان بىر ئىلاھ «تەڭرى» دۇر.

تەڭرى (Tangri) تەسەۋۋۇرى ئاسمان ئىلاھى — ئىدى (ئىگە) توغرىسىدىكى ئانىمىستىك چۈشەنچە بىلەن باغلىق بولۇپ، «تەڭرى» ئاسمان ئىلاھىنىڭ بىۋاستە زاھىرى ۋە ئۇنىڭ ياشايدىغان ئورنى دەپ قارىلىدۇ.

تەڭرى ئالەمنىڭ بىر بۆلىكى بولغان ئاسمان، يەنى «كۆك»، «قالىق» لاردىن پەرقلىق ھالدا، پۈتۈن ئالەمنى ئىدارە قىلىدىغان، شۇ قاتاردا كىشىلەرنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئۇلۇغ ئىلاھدۇر، شۇڭا، ئۇ كىشىلەرگە بەخت ئاتا قىلغۇچى، خاقانلارغا ھاكىمىيەت بەرگۈچى، دۆلەت ئىشلىرى ۋە ھەربىي ئىشلارنى ئىدارە قىلغۇچى، دەپ قارىلىدۇ. بۇنداق قاراشلار ئورخۇن - يېنىسەي يادىكارلىقلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. «ئۆز، كۆك تەڭرى، ئاسرا ياغىزيەر قىلىنتۇقتائەكىن ئارا كىسى ئوغلى قىلىنمىس» (ئۈستىدە كۆك تەڭرى، ئاستىدا قوڭۇر يەر يارىتىلغاندا، ئىككىسى ئارىسىدا ئىنسان يارىتىلغان) («كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى»، شەرق تەرەپ). ئېنىقكى، يۇقىرىقى تەسەۋۋۇردا ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىشى تەڭرى بىلەن زىچ باغلاپ قارالغان. شۇنداقلا خاقانلارنىڭ تەختكە ئولتۇرۇشىمۇ تەڭرىدىن بولىدۇ — «تەڭرىدەك تەڭرىدە بولمىس تۈرك بىلگە قاغان بۇ ئۆدكە ئولۇرتىم» (تەڭرىدەك تەڭرىدىن يارالغان تۈرك بىلكە خاقان بۇ ۋاقىتتا (تەختكە) ئولتۇردۇم) («كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» I). شۇنداقلا، مەملىكەت ئىشلىرىنى، ئۇرۇشلارنى باشقۇرۇشتىمۇ تەڭرىنىڭ ئىرادىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. «ئۆزە تەڭرى باساسار، ئاسرايېر تەلىناسار، تۈرك بۇدۇن ئېلىكىن، تۆرۈ-

ڭـىن كـەم ئارتاتى» (ئۇستـىدىن تەڭرى باسمىسا ، ئاستىدا يەر يېرىلمـىـ
ـسا ،•تۈرك خەلقىنىڭ ئېلىنى ، قانۇنىنى كىم بۇزالايدۇ ) («كۆلتېـ
ـكىن مەڭگۇ تېشى» ) . تەڭرى ئۇرۇشقىمۇ يېتەكچىلىك قىلىپ ،
غەلىبىگە كاپالەت قىلىدۇ . «تەڭرى يارلىقادۇق ئۈچۈن ئۆكۈس تىيىن
بىز قورقمادىمىز ، سۆگۈسىدىمىز» (تەڭرى قوللىغانلىقى ئۈچۈن ،
بىز كۆپ ئىكەن دەپ قورقمىدۇق ، ئۇرۇشتۇق ) («تونيۇقۇق مەڭگۇـ
تېشى» ) . «تەڭرى ، ئۇماي ، ئىدۇق يېر ـ سۇۋ باسا بەردى ئەرىنچە»
(تەڭرى ، ئۇماي ، مۇقەددەس يەر ـ سۇ بىزگە مەدەت بەرگۈچى )
(«تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى» ) .

مىلادىيە 6 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق سوغدى تىلىدىكى «بۆگۈت»
ئابىدىسىدە خاقانىنىڭ داۋاملىق تەڭرىگە مۇراجىئەت قىلىپ ، سوئاللار
سوراپ تۇرىدىغانلىقىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ، تەسەۋۋۇر قىلىنىشىچە ،
تەڭرى مەڭگۈلۈك بولۇپ ، ئۇنىڭغا ئۆلۈم مەنسۇپ ئەمەس ، بەلكى ئۇ
ئىنسانلار ئۈچۈن ئۆلۈمنى ياراتقان : «ئۇد ، تەڭرى ياسار ، كىشى
ئوغلى قۇت ئۆلگەلى تۇرمىس» (زامان ، تەڭرى مەڭگۇ ياشايدۇ ،
ئىنسان ئۆلۈش ئۈچۈن يارىتىلغان ) («كۆلتېكىن مەڭگۇ تېشىـ
ـى» شىمال تەرەپ 10 ) .

بەزىدە تەڭرى شەخسلەشتۈرۈلىدۇ ، ئۇ خۇددى ئادەم قىياپىتىدە
ئىنسانلارغا نەسىھەت قىلىدۇ . بۇ خىل هالەت غەربىي تۈركىي خەلقلەر
مىفىدە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ . ئۇلارنىڭ ئېتىقادىچە تەڭرى خان
(شەخس سۈپىتىدە ) ناھايىتى كەڭرى دائىرىدە ، پۈتۈن ئالەم بوشلۇقى
دائىرىسىدە ، دەپ پەرەز قىلىناتتى . بۇنداق هالەت موڭغۇللار ئىچىدە
«خان تەڭرى» نامى بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىنغىنىدەك ، ئۇيغۇرلاردىمۇ
مەلۇم مەۋجۇدات سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىنغان . تەڭرى تېغىنىڭ
تەڭرى نامىدا ئاتىلىشى ۋە «خان تەڭرى» چوققىسى ئەنە شۇ ئېتىقادـ
ـنىڭ قالدۇقى سۈپىتىدە هازىرغىچە ساقلىنىۋاتىدۇ .

كېيىنرەك تەڭرى سۆزى ئاسمان ئىلاھى (كۆك تەڭرى ) ۋە

ئومۇمەن خۇدا مەنىسىدە قوللىنىلىدىغان بولدى (مەسىلەن ، بۇددا ،
مانى ۋە ئىسلام ھۆججەتلىرىدە ) ئاسمان ئىلاھىنىڭ ئورنىنى شەخس-
لەشكەن ئىلاھلار ئىگىلىگەن ئەھۋاللارمۇ يۈز بەردى ، موڭغۇللاردا
ئۆلگىن ، خورمۇستا ، تەڭرى ئاسمان (كۆك ) بولسا ، ئاسمان خۇدا-
لىرىنىڭ دەرىجىسى بويىچە بۆلەكلەرگە بۆلىدىغان ، ئۇنىڭ ھەرقايسى-
سىدا بىر تەڭرى — ئىلاھ تۇرىدىغان تەسەۋۋۇر پەيدا بولدى (شامان
ئېتىقادىدا شۇنداق ) . شۇنداقلا ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ ئاسمان ئىلا-
ھىنى (كۆك تەڭرى ) قاتلام بويىچە چۈشىنىدىغان ۋە ئۇنىڭ رېئاللىق
بىلەن باغلىنىشىنى يورۇقلۇق - قاراڭغۇلۇق ، ياخشىلىق - يامانلىق
ئۇقۇملىرى بىلەن ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەھۋاللار بارلىققا كەلگەن .
شۇنىڭغا باغلىق ھالدا ئاسماننىڭ قاراڭغۇ تەرىپى (شەرق ) ۋە يورۇق
تەرىپى (غەرب ) چۈشەنچىلىرى پەيدا بولغان . ئاسماننىڭ قەۋىتى
توققۇز دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنىپ ، توققۇز ساننىڭ مۇقەددەسلىكى
مەيدانغا كەلگەن . شۇنىڭغا قاراپ ئالىملار ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي
تىللىق خەلقلەردە ئۇرۇقلارنىڭ توققۇزدىن تەشكىل تېپىشىنى (مەسى-
لەن ، توققۇز ئوغۇز ، توققۇز تاتار . . . ) ئېتنىك ھادىسە بولماستىن ،
بەلكى دىنىي قاراشتىن كېلىپ چىققان بىر ھادىسە ئىكەنلىكىنى قەيت
قىلىشقاندى .

ئۇماي ئىلاھى — ئۇماي تۈركىي تىللىق قەدىمكى خەلقلەر
مىفىدا نەسىل قالدۇرۇشنىڭ ئىلاھى بولۇپ ، ئۇ ئاياللار باشلانمىسى-
نىڭ (ئاياللىق تۆرىلىشىنىڭ ) سىمۋولىدىن بارلىققا كەلگەن . ئۇ
مىلادىيە 10 - ئەسىرگە ئائىت ئۇيغۇرچە يېزىقتىكى ماتېرىياللاردا
«غەمخور ئۇماي ئانا » دەپ ئاتالغان . ئۇماي تەڭرى بىلەن بىللە جەڭدە
قوشۇنلارغا مەدەت بېغىشلايدۇ . ( «تەڭرى ، ئۇماي ، ئىدۇق يەر -
سۇۋ باسا بەردى ئەرىنچە » ) ( «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى » ) ، كۆپ
ھاللاردا قاغاننىڭ قىياپىتى تەڭرىگە ئوخشىتىلسا ، مەسىلەن ، «تەڭ-
رىدەك تەڭرىدە بولمىش بىلگە قاغان » ، قاتۇن (خانىش ) نىڭ قىياپى-

تى ئۇمايغا ئوخشتىلىدۇ ، مەسىلەن ، «ئۇماي تەگ ئۇگىم قاتۇن قۇتىڭا ئىنىم كۆلتېكىن ئەرئات بۇلتى» (ئۇمايدەك ئانام خانىشىنىڭ دۆلىتىدە ئىنىم كۆلتېكىن ئەر ئاتالدى ) «كۆلتېكىن مەڭگۇتېشى» شەرق تەرەپ 31 ) ، بۇنداق ئوخشىتىشتىن ، تەڭرى بىلەن ئۇماينىڭ ئىلاھى ئەر - خوتۇنلۇقى توغرىسىدا مىفنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ . دۇنيا مىفلىرى لۇغىتىدا كۆرسىتىلىشىچە ، «كودىرگىن خانلىقى» دېگەن بىر رەسىمدىكى كۆرۈنۈش ؛ يەنى تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ غايەت زور سۈرلۈك بىر شەخسكە (تەڭرى ) ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى ئۈچ مۆڭگۈزلۈك باش كىيىمنى كىيىپ ، بەكمۇ ئاجايىپ ياسانغان ئايالغا ئېگىلىپ ئېھتىرام بىلدۈرۈۋاتقان كۆرۈنۈشى مۇشۇنداق مىفنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى بولۇشى مۇمكىن ، شۇنداقلا ، ئۇماينى تۈركىي تىللىق خەلقلەر بوۋاقلار ۋە بالىلارنىڭ ھىمايىچىسى دەپ قارايدۇ . بۇنداق قاراش ھەتتا ئىسلام دىنى شارائىتىدا يېزىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىمۇ ئەكس ئەتكەن ، مەسىلەن ، «ئۇمايغا تابۇنسا ، ئوغۇل بولۇر» (ئۇمايغا سېغىنسا ئوغۇل تاپىدۇ ) . ھازىرمۇ تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ئۇماينىڭ مول ھوسۇل ۋە چارۋىلارنىڭ كۆپىيىشىگە مەدەت بېرىدىغانلىقى ، ئائىلە ۋە بالىلارغا باشپاناھ بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئادەت قاراشلىرى مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە . كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلاردا ئۇماي ئىلاھى بىلەن پارسلارنىڭ قەدىمكى ھۇما قۇشى ئارىلىشىپ ، (بەزىلەر بۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بىردەك دەپ قارايدۇ ) ئۇماينىڭ ئورنىغا ھۇماقۇشى دەسسىتىلگەن ئەھۋال كېلىپ چىقتى . نەتىجىدە ، ھۇماقۇشى كىشىلەرنىڭ بېشىغا سايە سالسا ، بەخت كېلىدۇ ، دېگەن ئېتىقاد پەيدا بولۇپ ، بۇنداق ئېتىقاد ئۇيغۇر پوئېزىيەسىدە خېلى كەڭ ئورۇن ئىگىلىدى .

مۇقەددەس يەر - سۇ (ئىدىقۇت يېر سۇۋ ) - تۈركىي خەلقلەردە ئۇلۇغلىنىدىغان ئىلاھىي مەۋجۇداتلارنىڭ بىرى . ئۇ ئوتتۇرا دۇنيا ئىلاھىدۇر . «مۇقەددەس يەر - سۇ» نىڭ خۇددى تەڭرى ، ئۇمايلار

قاتارىدا كىشىلەرنى ئاسرايدىغانلىقى ، ئۇلارغا بەخت ئاتا قىلىدىغانلىقى يادىكارلىقلاردا ئەسلىتىلىدۇ . قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ۋە ئۇيغۇرلار ئىچىدە تەبىئەت مەۋجۇداتلىرىغا بولغان تېۋىنىش ياكى ئۇنى مۇقەددەس بىلىشنىڭ مەنبەسى دەپ قارىلىدۇ . شۇنىڭغا باغلىق هالدا ، مۇقەددەس تاغ ، يەنى ئۇيغۇر رىۋايەتلىرىدە ئەكس ئەتكەن «قوت تاغ » (بەخت تېغى ) ، قىياتاش ياكى كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى «يادا تاش » ، ياغاچقا بولغان تېۋىنىش ئەقىدىلىرى قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە كەڭ تارقالغان ھەمدە ئۇلارنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدا چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان بولۇپ ، بۇلار ئەنە شۇ «مۇقەددەس يەر - سۇ» ئىلاھى بىلەن باغلىقتۇر .

تۈركىي خەلقلەردە ئاسمان جىسىملىرىغا سېغىنىش ئۇلارنىڭ قەدىمكى ئېتىقادىدا خېلى زور ئورۇن ئىگىلەيدۇ . ئاسمان جىسىملىرى ئىچىدە قۇياش (كۈن تەڭرى ) ئۇلارنىڭ ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن چوقۇنىدىغان ئوبيېكتلىرىدىن بىرىدۇر . «تارىخنامە » دىكى هونلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى توغرىسىدىكى بايانلاردا «ئۇلار قارارگاهىدىن چىقىپ كۈنگە قاراپ » ، «ئاخشىمى ئايغا قاراپ تەزىم قىلىدىغانلىقى » ، ئۇلارنىڭ يۇلتۇز ، ئايغا قاراپ پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغانلىقى ، ئاي تولغاندا جەڭگە چىقىپ ، ئاي كۆتمەك بولغاندا جەڭدىن قايتىدىغانلىقى » ئېيتىلىدۇ . شۇنداقلا ، تۈرك خاقانلىرى چېدىرىنىڭ ئىشىكى شەرققە قارايدىغانلىقىمۇ خەنزۇچە تارىخلاردا بايان قىلىنغان . قۇياش ، ئاي ۋە يۇلتۇزلارغا تېۋىنىشنىڭ ئىزلىرى ۋە ئۇنىڭغا باغلىق بولغان نۇر ئۇلۇغلاش تەسەۋۋۇرلىرى كېيىنكى چاغلاردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر ، رىۋايەتلەردە خېلى چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان . «ئوغۇزخان » داستانىدا ، ئوغۇزخاننىڭ ئۈچ چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسىملىرى كۈن ، ئاي ، يۇلتۇز بولۇشى ، ئوغۇزخاننىڭ ئاسمان نۇرىدىن تۆرەلگەن قىزلارغا ئۆيلىنىشى ، بۆگۈخان رىۋايىتىدە دەرەخنىڭ ئاسمان نۇرىدىن هامىلىدار بولۇشى ، ئەنە شۇ قەدىمكى مىفولوگىيىلىك ئېتىقادلار بىلەن

باغلىنىدۇ .

يۇقىرىقى مىفولوگىيىلىك ئېتىقاد ۋە تەسەۋۋۇرلارغا باغلىق ھالدا قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ئالەمنىڭ يارىلىشى توغرىسىدىكى (كوسموگونىك) مىفلار ۋە ئىنساننىڭ يارىلىشى ياكى ئەجدادلار توغرىسىدىكى مىفلار (كىنسئولوگىيىلىك مىفلار) مەيدانغا كەلگەن .

## ئالەمنىڭ يارىلىشى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇر ۋە مىف ـ ئەپسانىلەر

ئالەمنىڭ يارىلىشى ۋە ئالەمنىڭ قۇرۇلمىسى توغرىسىدا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە ئوخشاشمىغان تەسەۋۋۇرلار ۋۇجۇدقا كەلگەن . ئۇلارنىڭ بىرقىسمى ، ئورخۇن ـ يېنىسەي مەڭگۈ تاشلىرىدا ئەكس ئەتكەن ، «ئاۋۋال ئۈستىدە كۆك تەڭرى (ئاسمان) ، ئاستىدا يەر يارالغان ، ئاندىن بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا ئىنسان يارالدى» دەپ قارايدىغان تەسەۋۋۇر ئەكس ئەتكەن ، بۇ تەسەۋۋۇرغا باغلىق ھالدا يېنىسەي يادىكارلىقلىرىدا «ئاسمان — دۇنيانىڭ ئۈستۈنكى قاپقىقى ئەنە شۇ يەردە ھەر كۈنى قۇياش ۋە ئاي تۇغۇلۇپ تۇرىدۇ» دېگەن قاراش ئەكس ئەتكەن ، يەنە ئورخۇن تېكىستلىرىدە ، يەر تۆت ئەتراپى چەكلەنگەن ۋە تۆت بۇلۇڭلۇق قاتتىق جىسىمدىن ئىبارەت كەڭرى مەيدان بولۇپ ، بۇ يەرگە ئىنسانلار جايلاشتۇرۇلغان ، دېگەن تەسەۋۋۇرمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ .

«ئىرق بىتىگ» (پال كىتابى) دا ، «(دۇنيادىكى) ئۈچ بارلىق» تىلغا ئېلىنغان بولۇپ ، بۇ شامان ئېتىقادىدىكى ئۈچ دۇنيا ، يەنى ئۈستۈنكى ، ئوتتۇرا ۋە ئاستىنقى دۇنيا چۈشەنچىلىرىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن . بۇنداق تەسەۋۋۇرلار ھازىرقى ئالتاي قەبىلىلىرى ئىچىدە ساقلىنىپ قالغان «شامان كوسموگونىيىسى» ، «ئالەمنىڭ يارىلىشى توغرىسىدىكى شامانىزم مىفلىرى» )دا بىرقەدەر مەركەزلىك ئەكس ئەتكەن . بۇ مىفنى رادلوۋ ئالتاي قەبىلىلىرى ئىچىدىن توپلى-

غان .

شامان كوسمۇگونىيىسىنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە : «يەر ۋە ئاسمان يارالماستىن ئىلگىرى پۈتۈن نەرسىلەر سۇدىن ئىبارەت ئىدى . تۇپراق ، ئاسمان ، كۈن ئايلارمۇ يوق ئىدى . تەڭرىلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى (تەڭرى قاراخان ) ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىگە ئوخشايدىغان بىر مەخلۇق ياراتتى ۋە ئۇنىڭ ئىسمىنى ‹كىشى › قويدى . قاراخان بىلەن كىشى ئىككى قارا غازغا ئوخشاش سۇ يۈزىدە ئۇچۇپ يۈرەتتى . ‹كىشى › بۇنداق هاياتىدىن مەمنۇن ئەمەس ئىدى ، ئۇ تېخىمۇ ئېگىزرەك ، قاراخانىدىنمۇ ئېگىز ئۇچۇشنى خالايتتى . مۇشۇ سەۋەبلىكى تۇپەيلىدىن ئۇ ئۇچۇش قۇۋۋىتىنى يوقىتىپ ، چوڭقۇر ، تۇۋسىز سۇ ئاستىغا چۆكۈپ كەتتى . ئۇ تەھلىكە ئىچىدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ ، قاراخاندىن ياردەم سورىدى ، قاراخان ئۇنىڭغا چوڭقۇرلۇقتىن يۇقىرى ئۆرلەشكە ئەمر بەردى ، كىشى يۇقىرى ئۆرلىدى ، قاراخان كىشىنىڭ يەنە سۇغا چۆكۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ، سۇدىن بىر يىلتىزمۇ ئۆستۈردى ، قاراخان كىشىنىڭ يەنە ئۇچۇش ئارزۇسى يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن ، يەرنى ياراتماق بولدى ۋە كىشىگە سۇ تېگىدىن تۇپراق چىقىرىشنى بۇيرۇدى ، ئۇ چىقىرىلغان تۇپراقنى سۇغا سەپتى ، كىشى چىقارغان تۇپراقنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزى يەر يارىتىش ئۈچۈن ئاغزىغا يوشۇرۇۋالغانىدى . توپا كىشى ئاغزىدا شۇنداق كۆپۈپ كەتتىكى ، قاراخان تۈكۈرۈشنى بۇيرۇمىغان بولسا ، ئۇ تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن بولاتتى . تەڭرى قاراخان ياراتقان يەر تۈپتۈزلەڭ ساھىل ئىدى ، لېكىن كىشىنىڭ ئاغزىدىن چىققان توپا ھەر تەرەپكە پۈرقۇلۇپ ، تاغ ، دۆڭ ، پاتقاقلىق پەيدا بولدى . بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن قاراخان ئىتائەتسىز كىشىگە ‹ئارلىق › لەقىمىنى بېرىپ ، ئۇنى نۇر دۇنياسىدىن قوغلاپ چىقاردى ئاندىن تەڭرى قاراخان يەردە ياشىغۇچى باشقا ئادەملەرنى ياراتتى ، توققۇز شاخلىق بىر دەرەخ ئۇندۇرۇپ چىقىرىپ ، ئۇنىڭ ھەر شېخىدىن بىر ئادەمنى ياراتتى ، بۇلار دۇنيادىكى توققۇز ئىقلىم خەلقى-

نىڭ ئەجدادلىرىدۇر» .

مىفنىڭ يۇقىرىدا نەقىل قىلىنغان قىسمىنى ھەقىقەتەن ئالەمنىڭ يارىلىشى توغرىسىدىكى ئەڭ قەدىمكى قاراش ۋە تەسەۋۋۇرلارنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ . بۇ مىفنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتى شامانىزمنىڭ ياخشى ۋە يامان روھلار توغرىسىدىكى قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ۋە ھەتتا مەلۇم دەرىجىدە بۇددا دىنىنىڭمۇ تەسىرىگە ئۇچراشتىن خالىي ئەمەس . مىفتا بايان قىلىنىشىچە ، شۇنىڭدىن كېيىن ، «ئارلىق» قاراخان ياراتقان گۈزەل دۇنيانى ئۆزىگە بېرىشنى سورايدۇ ، قاراخان ئۆزى بولمىغاندىن كېيىن ، «ئارلىق» دۇنيا كىشىلىرىنى يامانلىققا دەۋەت قىلىپ ، ئۇلارنى ئۆزىگە رام قىلىۋالىدۇ . تەڭرى قاراخان بولسا ، ئالداشلارغا مايىل بولغان ئەخمەق ئىنسانلارنى ئۆز مەيلىگە قويىۋېتىدۇ ۋە «ئارلىق»نى تېخىمۇ لەنەتلەپ ، يەر ئاستىنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىگە قوغلايدۇ . ئۆزى ئۇچۇن بولسا ، ئاسماننىڭ ئون يەتتىنچى قەۋىتىدىن ئاجايىپ گۈزەل ئورۇن ھازىرلاپ ، ئۇنى ئۆزىگە ئىستىقامەتگاھ قىلىدۇ .

مىفنىڭ بۇ قىسمى شامان قارىشىدىكى ئۈچ دۇنيا تەسەۋۋۇرىغا تامامەن ماس كېلىدۇ ، يەنى ياخشى روھلار ۋە يامان روھلار ھەمدە ھەر ئىككىسىنىڭ تەسىرىدىن خالىي بولالمايدىغان ئورتا دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى قەدىمكى ئەپسانىلەر ئۇسلۇبىدا ئىزاھلاپ كۆرسىتىدۇ . مىفنىڭ ئاخىرقى قىسمى ئەلۋەتتە بۇ روھلارنىڭ كۈرەشلىرىگە بېغىشلانغان .

تەڭرى قاراخان ئىنسانلارغا ھامىي بولۇش ئۇچۇن «مايتىرى» نى ئەۋەتىدۇ ، بىراق «ئارلىق» گۈزەل ئاسماننى كۆرگەندىن كېيىن ، قاراخاننىڭ ئىجازىتىنى ئېلىپ ئۆزىگىمۇ بىر ئاسمان يارىتىدۇ ۋە ئۇ يەرگە ئۆزى ئازدۇرغان يامان روھلارنى جەم قىلىدۇ . بۇ ھالدىن قاراخاننىڭ غەزىپى كېلىپ ، «ئارلىق» نىڭ ئاسمىنىنى بۇزۇش ئۇچۇن قەھرىمان «مايتىر شىرى» نى ئەۋەتىدۇ . «مايتىر شىرى» ئوقيا

ئېتىپ، «ئارلىق» نىڭ ئاسمىنىنى پارچە - پارچە قىلىۋېتىدۇ. بۆلۈنۈپ چۈشكەن ئاسمان پارچىلىرى يەر يۈزىدە ئېگىز تاغلار، چوڭقۇر جىلغىلار، قېلىن ئورمانلار ھاسىل قىلىدۇ. «ئارلىق» بولسا، يارنىڭ ئەڭ تۆۋەن قەۋىتىدىكى قاراڭغۇلۇققا تاشلىنىدۇ.

مىفنىڭ بۇ قىسمىدا ياخشىلىق روھى ۋە يامانلىق روھى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ۋە كۈرەشتە بارلىق مۇشۇ خىلدىكى مىف - رىۋايەتلەردە بولغىنىدەك، ياخشىلىق روھى ياكى تەڭرى قاراخاننىڭ غالىب كەلگەنلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ مىف ئومۇمەن شامان ئېتىقادىنىڭ ئالەم توغرىسىدىكى بىر پۈتۈن تەسەۋۋۇرىنى تولۇقى بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن. ئەمما شۇنىمۇ كۆرسىتىش كېرەككى، مىفنىڭ كېيىنكى قىسمىدا زىكىر قىلىنغان «مايتىرى» «مايتىر شىرى» دەك ئىلاھىي قەھرىمانلار بۇددا ئەقىدىلىرىگە مەنسۇپ، شۇڭا بۇنىڭ خېلى دەرىجىدە بۇددا دىنىي ئەقىدىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ ئەلۋەتتە مەزكۇر مىفنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

مىفدا زىكىر قىلىنغان ئوبرازلاردىن، تەڭرى قاراخان تۈركىي خەلقلەردە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولغان تەڭرى ئىلاھىنىڭ ئوبرازى دەپ قاراشقا بولىدۇ. تەڭرى چۈشەنچىسى كېيىنكى مەزگىللەردە شەخسلەشتۈرۈلگەن چۈشەنچىدە تەسەۋۋۇر قىلىنغان. «كىشى»، «ئارلىق» تەسەۋۋۇرلىرى يامان روھلارنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئۇيغۇرچە تېكىستلاردا ئەكس ئەتكەن «تامۇ - ئەرلىگخان» نىڭ بىر خىل ئىپادىسى بولۇشى مۇمكىن. كېيىنكى ئەقىدىلەردە بۇنداق روھلار «يەگ»، «يېل» ئاتالغۇلىرى بىلەن ئىپادە قىلىنغان. ئومۇمەن، مەزكۇر مىف دۇنيانىڭ يارىلىشى توغرىسىدىكى قەدىمكى قاراشلار ۋە شامان، قىسمەن بۇددا ئەقىدىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئالەمنىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى بۇ خىل مىفنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە باشقا ۋارىيانتلىرىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ مىفنىڭ ئۆزگەر-

گەن ۋارىيانتىمۇ ئالتايدىكى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ساقلانغان بو-
لۇپ ، ئۇنىڭدا يەر ئىككى ئۆردەكنىڭ ۋاستىسى بىلەن يارالغان دەپ
قارىلىدۇ . بۇ ئەپسانىدە ئېيتىلىشىچە : ئالەم چەكسىز سۇدىن ئىبارەت
بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئىككى ئۆردەك ياشايدىكەن ، ئۇلار يەر ياراتماق بو-
لۇپ ، بىرى سۇ ئاستىدىن پاتقاقنى ئېلىپ چىقسا ، ئىككىنچىسى سۇ
ئۈستىگە تاشلايدىكەن ، شۇنداق قىلىپ ، ئىككى ئۆردەكنىڭ ئەجرىدىن
يەر ھاسىل بوپتۇ . ئاندىن ئىككىنچى ئۆردەك قومۇشلارنى يىغىپ تاغ
ھاسىل قىلىپتۇ . بۇ ئەپسانىنى ئاۋۋال مىسال قىلىنغان يارىلىش
ئەپسانىسىنىڭ ئاددىيراق ، ھەر خىل ئېتىقادلارنىڭ تەسىرىدىن خالىي
يەنە بىر خىل ۋارىيانتى دېيىشكە بولىدۇ . شامان ئەقىدىسى بويىچە
بىرىنچى ئۆردەك ئۈستۈنكى ئالەمنىڭ خوجىسى ئۈلگىن ، ئىككىنچىد-
سى ئاستىنقى ئالەمنىڭ خوجىسى ئېرلىگ دەپ قارىلىدۇ .

ئالەمنىڭ يارىلىشى توغرىسىدىكى ھەر ئىككى ئەپسانىدىن قارى-
غاندا ، بۇ تەسەۋۋۇرلار شامان ئېتىقادىدىن ئانچە يىراقلاشمايدۇ . بەل-
كى ئاشۇ قەدىمكى ئېتىقادلارنىڭ ئوبرازلىق ئەكس ئېتىشى دەپ
قاراشقا بولىدۇ .

## ئەجداد ھەققىدىكى مىف ۋە ئەپسانىلەر

ئەجدادلار ھەققىدىكى مىف ۋە ئەپسانىلەر تۆتىم ئېتىقادلىرى
بىلەن باغلىقتۇر ، ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدە ، ھەرقايسى ئۇرۇقلارنىڭ
تۆتىم ئېتىقادى ھەر خىل ئىدى ، بۇ ھال ئۇرۇقلارنىڭ يۇغۇرۇلۇشى-
دىن ھاسىل بولغان قەبىلىلەر ۋە قەبىلە ئىتتىپاقلىرىنىڭ تۆتىم
ئېتىقادىنىڭ ھەر خىللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان . شۇ سەۋەبتىن ،
قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۆز ئەجدادلىرى توغرىسىدىكى مىف ـ
ئەپسانىلىرىمۇ ئوخشاشمىغان مەنبەلەرنى مىف ئاساس قىلىدۇ . بۇلار
ئىچىدە گەۋدىلىك بولغىنى بۆرە تۆتىمى بىلەن باغلانغان مىفلاردۇر .
بۆرە قەدىمكى ئالتاي قەبىلىلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك توتىمى بول-

غان ، كېيىنكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئىچىدىمۇ بۇ توتېم بىر خىل ئېتىقاد سۈپىتىدە داۋاملاشقان . ئۇيغۇر قەبىلىلىرىمۇ بۇنىڭدىن خالىي بولمىغان . شۇڭا ، تۈركىي تىللىق كۆپلىگەن قەبىلىلەر ئىچىدە بۆرە توتىمى بىلەن باغلىق بولغان مىف ـ ئەپسانىلەر مەيدانغا كەلگەن بولۇپ ، بۇلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادىنى ئانىلىق ياكى ئاتىلىق جەھەتتىن بۆرە بىلەن باغلاپ كۆرسىتىدۇ . بۇ خىل مىف ـ ئەپسانىلەردىن خەنزۇچە يازما ھۆججەتلەر ئارقىلىق بىزگە ئىككى تۈرلۈك ۋارىيانت يېتىپ كەلگەن .

بۇلارنىڭ بىرى «جۇ سۇلالىسى تارىخى ، تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە ئەكس ئەتكەن ۋارىيانتىدۇر . ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ :

«چوڭ سازلىق قىرغىقىدا ياشايدىغان تۈركلەرنىڭ ئەجدادلىرى قوشنا قەبىلىلەر تەرىپىدىن قىرىپ تاشلىنىپ ، پەقەت پۇت ـ قولى كېسىپ تاشلانغان 10 ياشلىق بىر كىچىك باللا تىرىك قاپتۇ . تۇيۇقسىز بىر چىشى بۆرە پەيدا بولۇپ ، بالىنى ئاسراپ ، بېقىپ چوڭ قىلىپتۇ ؛ بالىنى دۈشمەنلەرنىڭ تېپىۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ ، ئۇ بالىنى گاۋچاڭ (قوچۇ) تېغىغا ئەپقېچىپ ، شۇ يەردىكى بىر ئۆڭكۈردە ياشاپتۇ . شۇ ئۆڭكۈردە چىشى بۆرە ئەينى بالىدىن ئون ئوغۇل تېپىپتۇ ، بۆرىنىڭ بالىلىرى قوچۇ قىزلىرىغا ئۆيلىنىپتۇ . ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى ئاشىنا بولۇپ ، ئۇ ئاخىر بۇ قەبىلىگە باشلىق بوپتۇ . كېيىنچە ئاشىنا ئۆز ئادەملىرىنى ئالتاي تاغلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ، ئۇلارغا تۈرك دېگەن نام بېرىپتۇ» .

بۇ ئەپسانە ھەر خىل ئەدەبىيات تارىخىغا ئائىت ماقال ۋە كىتابلاردا تەسۋىرىي ۋاسىتىلەر قوشۇلۇپ ، ئەدەبىي تۈس بېرىلگەن ۋە كېڭەيتىلگەن بولسىمۇ ، ئاساسىي مەزمۇنى يۇقىرىقى قىسقىچە خاتىرىدىن ھالقىپ كەتمەيدۇ . بۇ سۈژېتنىڭ رەسىملىك ئىپادىسىمۇ بارلىققا كەلگەن ، موڭغۇلىيىدىن تېپىلغان مىلادىيە 6 ـ ئەسىرگە ئائىت سوغدى تىلىدىكى «بۆگۈت ئابىدىسى» دە بىر چىشى بۆرىنىڭ ئەمچەك-

لىرى ئاستىدا پۇت ـ قولى كېسىلگەن بالىنىڭ ياتقانلىقى تەسۋىرلەن-
گەن رەسىممۇ تېپىلغان . بۇ پاكىت مەزكۇر ئەپسانىنىڭ يۇقىرىقى
ۋارىيانتى بىرقەدەر كەڭ تارقالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . ئىككىنچى ، بۇ
بۆرىنى ئانىلىق باشلىنىش سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىدىغان قەدىمكى
توتېم ئېتىقادىنىڭ ئەپسانىۋى شەكلىدۇر . ئەجدادلار ھەققىدىكى ئەپ-
سانىلەرنىڭ بۆرىنىڭ ئاتىلىق باشلىنىش سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىن-
غان ۋارىيانتىمۇ ساقلانغان . گاۋچى (قاڭقىل ، يەنى ئۇيغۇر ) لارنىڭ
كېلىپ چىقىشىغا باغلىق دەپ قارىلىدىغان ئەپسانىدە ئېيتىلىشىچە :
ھون ھۆكۈمدارىنىڭ ئىككى قىزى بولۇپ ، قىزلىرىنى تەڭرىگە ياتلىق
قىلىش ئىستىكىدە ئېگىز تاغ ئۈستىگە قەسىر سالدۇرۇپ ، ئۇلارنى
شۇ قەسىردە ئىنسانلاردىن پىنھان ھالدا ساقلاپتۇ ، ئاخىرى تەڭرى
بۆرە قىياپىتىدە بۇ قىزلارنىڭ بىرىگە ئۆيلىنىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن گاۋچى-
لارنىڭ ئەجدادلىرى تۆرىلىپتۇ . بۇنىڭ يەنە بىر خىل ۋارىيانتىدا
بولسا ، ئۇلارنىڭ ئەۋلادى «توققۇز ئوغۇز ، ئون ئۇيغۇر» ئىكەن
دېيىلىدۇ .

«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئوچېركلىرى» ، «ئۇيغۇر كلاس-
سىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» ۋە «يىپەك يۇرتىدىكى ئەپسانە ـ رىۋا-
يەتلەر» قاتارلىق كىتابلاردا بېرىلگەن ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شە-
جەرەئى تۈرك» ئەسىرىدىن ئېلىنغان «بۆرە توتېمى توغرىسىدىكى رىۋا-
يەت» تە بۆرىنىڭ توتېم بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبى چۈشەندۈرۈلمەي-
دۇ . بۇ ، بۆرە توتېمى ۋە توتېم ئاساسىدىكى ئەپسانىلەر مەيدانغا
كېلىپ ، بۆرە ئۇلۇغلىنىدىغان قاراش ۋۇجۇدقا چىققاندىن كېيىن
مەيدانغا كەلگەن ۋە بۆرىنىڭ جەڭگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ، ئاپەتلەر-
دىن ئاسرايدىغان بىر خىل پائالىيىتىنىڭ كېيىنكى رىۋايەتلەردە
ئەكس ئېتىشىدىن ئىبارەت .

بۆرە بىلەن باغلىق بولغان ئېتىقادلار بۆرە توغرىسىدىكى ئەپسانى-
لەرنى تۇغدۇرۇپ قالماي ، بەلكى ، ئەل ئەدەبىياتى ۋە كلاسسىك

ئەدەبىياتىدا ، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسىدە چوڭقۇر تەسىر قال-دۇرغان . «ئوغۇزخان» داستانىدىكى بۆرىنىڭ جەڭگە يېتەكچىلىك قىلىشى ، كېيىنرەك تۇرپاندا مەيدانغا كەلگەن «كۆك بۆرىيىتەك سە-نىڭ بىلە يۈرەيىن» دېگەن شىئېرىدىكى تەسۋىر ، «قۇتادغۇبىلىك» تىكى «قوزى بىلەن بۆرە بىللە يۈرىدىغان بولدى» دەيدىغان مەزمۇن-لار ، شۇنداقلا ، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ، «شەجەرەئى تۈرك» تە بۆرىنىڭ ئاداشقان ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە يېتەكچىلىك قىلى-شى ئەنە شۇ قەدىمكى ئەقىدىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئىزلىرىدۇر .

**«بۆگۈخاقان» ئەپسانىسى :** «بۆگۈخاقان»ئەپسانىسى دې-گەن نام بۇ ئەپسانىنىڭ بۆگۈ (بوقۇ) قاغان بىلەن باغلىق ئىكەنلىكىگە قاراپ كېيىن قويۇلغان شەرتلىك نامدۇر . ئەسلىي مەنبەلەرنىڭ ھەممىسىدە ھېچقانداق نام قويۇلماي ، ئەپسانىنىڭ سۇژىتىلا بايان قىلىنغان .

بۇ ئەپسانىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن مەنبەلىرى ھەر خىل ، شۇنىڭغا قاراپ ئۇنىڭ ۋارىيانتلىرىمۇ بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ . بۇنىڭ ئەڭ قەدىمكى ۋارىيانتى خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەن-گەن بولۇپ ، رەشىد رەھمەتى ئارات شۇ مەنبەلەر ئاساسىدا رەتلەپ ، «تۈرك ئەدەبىيات تارىخى» غا كىرگۈزگەن . بۇ ئەپسانىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كېيىنكى ۋاقىتلارغىچە ساقلانغان سۇژىتى مىلادىيە 1331 - يىلى تىكلەنگەن «قوچۇ ئىدىقۇتلۇقى تۆھپە مەڭگۈ تېشى» دە خاتىرى-لەنگەن . ئۇنىڭدىن قالسا ، بۇ ئەپسانىنى پارس تارىخچىسى رەشىدىد-دىن «جامىئۇل تاۋارىخ» دا ۋە جۇۋەينى «تارىخىي جاھان كۇشاي» ئەسىرىدە بەدىئىي جەھەتتىكى بىرمۇنچە ئۆزگەرتىشلەر بىلەن ئۇيغۇر-لارنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى رىۋايەت سۈپىتىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن . بۇ رىۋايەتنى يۇقىرىقى مەنبەلەر ئاساسىدا ، فىراد-سۇز تارىخچىسى رۇسسۇ «موڭغۇل تارىخى» دېگەن كىتابىغىمۇ كىر-

گۆزگەن.

ئەپسانىنىڭ يۇقىرىقى ۋارىيانتلىرى بايان قىلىنىش تەپسىلاتى، يەر - جاي، ۋە كىشىلىرى نامىلىرى جەھەتتىن پەرقلەنسىمۇ، لېكىن ئاساسىي ۋەقەلىك جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋاستىلىك ياكى بىۋاستە ھالدا، خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەر بىلەن «قوچۇ ئىدىقۇتلۇقى تۆھپە مەڭگۈ تېشى» دېگەن مەنبەلەرنى ئاساس قىلغان. «قوچۇ ئىدىقۇتلۇقى تۆھپە مەڭگۈتېشى» دا ئەكس ئەتكەن ۋارىيانت خەنزۇچە خاتىرىلەردىكى ۋارىيانت بىلەن ئاساسەن ئوخشايدۇ. بىراق ئابىدە تاشتا بىرئاز قىسقارتىلىپ بايان قىلىنغان. بۇ ئابىدىنىڭ تېكىستى «داۋيۈەن ئۇزۇندىلىرى» نىڭ ئاپتورى يۈجى تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، يۈەن سۇلالىسىدە ئۆتكەن خەتتات كۇي تاش ئابىدىگە ئويغان ئىكەن. ئارخېئولوگ خۇاڭ ۋېنبى ئەسلىگە كەلتۈرگەن تېكىستنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

«قوچۇ خانىغا قاراشلىق ئۇيغۇرلار يۇرتىدا قارا قۇرۇم دەيدىغان بىر تاغ بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا تۇغلا ۋە سېلىنگا دېگەن ئىككى دەريا بار ئىكەن. بىر كۈنى تۇيۇقسىز ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى دەرەخ ئۈستىگە ئاسماندىن شولا چۈشۈپتۇ - دە، دەرەختە ھامىلە پەيدا بوپتۇ. ئاندىن توققۇز ئاي ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، دەرەخ يېرىلىپ، ئۇنىڭدىن بەش بالا تۇغۇلۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكىنىڭ ئىسمى «ئۆسەن بۆگۈ قاغان (بوقۇ) ئىكەن. ئۆسەن بۆگۈ قاغان چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئۆز ئېلىگە پادىشاھ بوپتۇ، قىرىق نەچچە ئەۋلاد جەمئىي 520 يىل ھۆكۈم سۈرۈپتۇ. يەنە ئالىپ بىلكە ئىدىقۇت قاغان . . . دېگەن يەنە بىر خان ئۆتكەن بولۇپ، بۇ قاغاننىڭ ئوغلى كۆلتېكىن ئىكەن. ئۇ قارا قۇرۇمدىكى ‹پىلپىل تاغ› دېگەن يەردە تۇرىدىكەن. بۇ تاغنىڭ جەنۇب تەرىپىدە قۇت تاغ دېگەن بىر تاغ بار ئىكەن . . .»

ئەپسانىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ يارىلىشىنى ياغاچ ۋە ئىلاھىي نۇرغا باغلاپ چۈشەندۈرگەن ۋە مىفولوگىيىلىك تۈس ئالغان قىسمى شۇنىڭدىن ئىبارەت . ئەپسانىنىڭ مەزكۇر قىسمى جۇۋەينى «تارىخىي جاھان كۈشاي» دا كەلتۈرگەن ۋارىيانتىدىمۇ ، ر . ئارات خەنزۇچە مەنبەلەرنى ئاساس قىلىپ رەتلىگەن ۋارىيانتىدىمۇ ، بىرمۇنچە تەسۋىرىي ۋاستىلەرنى قوشۇپ ، بەدىئىي تۈس بەرگەن ۋە مەلۇم دەرىجىدە كېڭەيتكەن . جۇۋەينى بەرگەن ۋارىيانتىدا ، بەش بالا دەرەختىن تۇغۇلمايدۇ ، بەلكى «ئىككى دەريا ئارىلىقىدا بىر - بىرىگە ياندىشىپ ئۆسكەن «خۇسۇخ» دەرىخى بىلەن «توز» دەرىخى ئوتتۇرىسىدىكى دۆڭنىڭ يېرىلىشى بىلەن ، دۆڭنىڭ ئىچىدىكى چېدىردەك بەش ھۇجرىدا . . . ئاغىزلىرىدا ئىمزەك بار ھالدا» پەيدا بولىدۇ . ئەپسانىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى قىسمى رىۋايەت تۈسىنى ئالغان بولۇپ ، بۆگۈ قاغاننىڭ ئۆيلىنىشى ، ئۇنىڭ «يادىتاش» قا ئېرىشىشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈشى قاتارلىق ۋەقەلەرنى ئاساس قىلىپ داۋاملىشىدۇ . جۇۋەينى كەلتۈرگەن نۇسخىدا ئېيتىلىشىچە : «جانابىي قۇت بۆگۈقاغانغا ئۈچ قۇش ئىنئام قىلغانكەن . بۇ ئۈچ قۇش دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇرىدىكەن . . . بىر كۈنى كېچىسى بۆگۈ قاغان ئۇخلاپ ياتسا ، پەنجىرىدىن بىر ئىلاھىي قىز كىرىپتۇ . . . بۇ ھال ئۈچ قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن ، ۋەزىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن «ئاق تاغ» دېگەن يەردە (بەزى نۇسخىلاردا «قوت تاغ»دا ) قىز بىلەن كۆرۈشىدۇ ۋە يەتتە يىل ، ئالتە ئاي 20 كۈن مۇشۇ ھالەت داۋام قىلىدۇ ، بۆگۈ قاغان شۇ قىزنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ھەر تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ ، ئوردۇبالىق ۋە بالاساغۇن شەھەرلىرىنى بىنا قىلىدۇ .

ئەپسانىنىڭ رىۋايەت تۈسىنى ئالغان ئاخىرقى قىسمى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈشىگە باغلىق ۋەقەلەر بىلەن يېزىلىدۇ . رىۋايەتنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردە ئەكس ئەتكەن بۇ قىسمى تېخىمۇ رېئال بىر تۈس ئالغان . جۇۋەينى بەرگەن نۇسخىنىڭ بۇ قىسمى بىر ئاز باشقىچىرەك ،

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك ، بۆگۈ قاغان ئىلاھىي قىزغا ئۆيلىنىشتىن باشقا ، يەنە ئۇ چۈشىدە ئاق ساقاللىق ، ئاق ھاسىلىق بىر بوۋاينى كۆرىدۇ ، بوۋاي ئۇنىڭغا يادىتاش بېرىپ «يادىتاشنى ئوبدان ساقلىساڭ ، دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىگە ھاكىم بولىسەن» دەيدۇ ، بۇنىڭدا ، خەنزۇچە نۇسخىدىكى «قوت تاغ» ئورنىغا يادىتېشى دەسسىتىلگەن بولسىمۇ ، ئەمما يادىتاشنىڭ تەقدىرى نېمە بولغانلىقى تىلغا ئېلىنمىغان . كېيىنكى ئېپىزوتتا كۆچۈشنىڭ سەۋەبى كۆرسىتىلگەن . . . ئۇ زاماندا ئۆي ھايۋانلىرى ۋە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ، ھەتتا قۇشلار ، بالىلارنىڭ «كۆچ ، كۆچ» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ ، شۇ مەنىۋى ئىشارەت بىلەن يۇرتلىرىنى تاشلاپ كۆچۈشكە باشلايدۇ ، قەيەردە توختىسا بۇ ئاۋاز تەكرار ئاڭلىنىدۇ ، ئاخىر باشبالىق جايلاشقان جايغا كەلگەندە ، بۇ ئاۋاز توختايدۇ . ئۇلار مۇشۇ يەردە توختاپ ، بەش مەھەللە تەشكىل قىلىپ «بەشبالىق» دەپ ئاتايدۇ .

جۇۋەينى بۇ ئەپسانىنىڭ باش قىسمى بىلەن «كۆچ» پارچىسى ئوتتۇرىسىغا يەنە «بۇددانىڭ قوبۇل قىلىنىشى» دېگەن بىر رىۋايەتنىمۇ بېرىپ ئۆتىدۇ . بۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە : ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئىشەنگەن تاۋغاچقا ئەلچى ئەۋەتىپ ، «تۇيۇن» (بۇددا راھىبى ) ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىدۇ . بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر روھانىيلىرى سېھىرباز (قام ـ شامان ) لار ئىدى . (قام ) لار بىلەن «تۇيۇن» لار مۇنازىرىگە چۈشۈپتۇ . . . ئاخىر تۇيۇنلار نوم مۇقەددەس كىتابىدىكى ئېسىل كالام ، ئاجايىپ ھېكايە ۋە رىۋايەتلىرى ھەمدە دىنىي ئەقىدىلەرگە ئۇيغۇن ئەخلاق ھۆكۈملىرى بىلەن قاملارنى قايىل قىلىپتۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلىپتۇ . . .

ئەسلىدە بۇ رىۋايەتنى بۇددانىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئەمەس ، مانى دىنىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى توغرىسىدىكى رىۋايەت دېيىش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ . چۈنكى جۇۋەينى ياشىغان دەۋردە ئۇيغۇرلار ئومۇميۈزلۈك بۇدداغا ئىشىنىپ بولغانىدى . شۇڭا ئىسلام تارىخچىلىرى بۇ

رىۋايەتنى بۇددانىڭ قوبۇل قىلىنىشى تەرزىدە ئەكس ئەتتۇرگەن . يەنە بىر تەرەپتىن ، رىۋايەتنىڭ پۈتۈن گەۋدىسىدە مانى دىنىنىڭ تەسىرى باشتىن ـ ئاخىر ئەكس ئېتىدۇ . رىۋايەتتە تەسۋىرلەنگەن ئىككى دەرەخ مانىنىڭ «ئىككى كۆك» ئەسىرىدە تەرىپلەنگەن ئىككى ياغاچ- نىڭ تەقلىدى ، كۆكتىن چۈشكەن هاياتبەخش نۇرمۇ مەزكۇر دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىگە باغلىق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بەش بوۋاق ، مانىخىزمدىكى «روهىي قادىر» نىڭ بەش ياردەمچىسىنىڭ چۈشىدە ئايان بولغان بۇۋاي بولسا ، مانىنىڭ ئۆزىنىڭ ئوبرازى سۈپىتىدە ئەكس ئەتكەن ، دەپ قاراشقا بولىدۇ .

بۇ سېلىشتۇرما ۋە باياندىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن ، بۇ رىۋايەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى نۇسخىسى خەنزۇچە مەنبەلەردە «قوچۇ ئىدىقۇتلۇقى تۆهپە مەڭگۈتېشى»دا ئەكس ئەتكەن ۋارىيانتى بولۇپ ، ئۇنىڭ كېيىنچە ئىسلام تارىخچىلىرىنىڭ نەقىل قىلغانلىرى بولسا ، ئەڭ قەدىمكى رىۋايەتنىڭ كېيىنكى دىنىي ئەقىدىلەر ۋە بەزى كېيىنكى هادىسىلەر بىلەن قايتا بېزەلگەن ۋە بىرمۇنچە رېئال تۈس بېرىلگەن ۋارىيانتلىرىدۇر . شۇنداق بولغانلىقتىن ، مەزكۇر رىۋايەت ئۈستىدە يۈرگۈزۈلگەن بەزى تەهلىللەردە رىۋايەتتىكى ئوبراز ۋە ۋەقەلەرنى تارىخىي شەخسلەر ۋە ئەينەن ۋەقەلەر بىلەن تەڭ قويىدىغان قاراشلارمۇ مەيدانغا چىققان .

بىزنىڭچە ، خەلق رىۋايەتلىرىدىكى ، بولۇپمۇ ئەپسانىۋى تۈس ئال- غان رىۋايەتلەردىكى ۋەقە ۋە ئوبرازلار تارىخىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئەينەن ئۆزى ئەمەس ، ئۇلار ئوتتۇرىسىغا هەرگىز تەڭ- لىك بەلگىسى قويۇشقا بولمايدۇ . شۇنداقتىمۇ ، بۇ خىل ئەپسانىۋى تۈس ئالغان رىۋايەتلەر ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگىنىگە قارىماي ، ئۇلارنىڭ ئېغىزچە ياكى يازما هالەتتە دەۋردىن ـ دەۋرگە ئۆتۈشى بىلەن ئەنە شۇ دەۋرلەردە يۈز بەرگەن بەزى زور ۋەقەلەرنىڭ ئىزلىرى چۈشۈشى ، دەۋرنىڭ تامغىسى بېسىلىشىدەك ئەهۋالدىن تاما-

مەن خالىي بولغىلى بولمايدۇ . «بۆگۈقاغان» رىۋايىتىمۇ ئەنە شۇنداق ئۇزۇن بىر تارىخىي جەرياننى بېشىدىن كەچۈرگەن . ئەسلىدە بۇ رىۋايەتتىكى بۆگۈ قاغان (ياكى بۆكەخان ) ئەڭ قەدىمكى يارىلىش ئەپسانىلىرى بىلەن باغلىق بەدىئىي ئوبرازدۇر . ئەمما بۇ ئەپسانىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىدا ، كېيىنكى تارىخىي ۋەقەلەر ، بولۇپمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرىدىكى ھادىسىلەرنىڭ ئىزى چۈشۈپ قالغانلىقى بىلەن (ھەتتا بۆگۈ قاغان دېگەن نامنىڭ شۇ دەۋرلەردە قويۇلۇپ قالغانلىق ئېھتىماللىقىمۇ چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ ) ، ئۇنى مىلادىيە 759~779 - يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان ئىدىكەن (بۆگۈ - بوقۇ ) قاغاننىڭ ئۆزى دەپ قارىغىلى بولمايدۇ ، ئەگەر شۇنداق قارىساق ، ئەدەبىيات نۇقتىسىدىنمۇ ، تارىخ نۇقتىسىدىنمۇ چۈشەندۇرۇپ بەرگىلى بولمايدىغان بىرمۇنچە زىددىيەتلەرگە دۇچ كېلىمىز .

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى ، ئۇيغۇرلارغا ئائىت يارىلىش مىفلىرى (ئەپسانىلىرى ) مۇكەممەل مىفولوگىيىلىك تۇسنى ساقلاپ قالالمىغان ، بەلكى ئۇ كېيىنكى دەۋرلەردىكى رىۋايەتلەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ، ئەپسانىۋى رىۋايەت تۇسنى ئالغان . شۇ سەۋەبتىن مىف بىلەن رىۋايەتنىڭ چېگرىسى ئېنىق ئايرىلمايدىغان ھالەت شەكىللەنگەن .

## قەدىمكى ئۇيغۇر رىۋايەتلىرى

قەدىمكى ئۇيغۇر رىۋايەتلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرىگە باغلىنىدۇ . بۇ خىل رىۋايەتلەر قەدىمكى مىف (ئەپسانە ) لاردىن پەرقلىق ھالدا ، ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق تەشكىل تاپقانلىقى ، ئۇلار دۇچ كەلگەن ئاپەتلەردىن قانداق قۇتۇلغانلىقى توغرىسىدىكى ۋەقەلەرنى رىۋايەت تۇسىدە ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ . بۇ خىل رىۋايەتلەردە شەخسنىڭ رولى تەكىتلەنمەيدۇ ، بەلكى ۋەقەنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشى رىۋايەتنىڭ ئاساسىي مەركىزى قىلىنىدۇ .

بۇ خىل رىۋايەتلەر بىزگە ئەرەب - پارس تارىخچىلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا مەيدانغا كەلگەن تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇم. چۈنكى بۇ تارىخچىلارنىڭ ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى بايانلىرىدا ئاساسەن ئۆزلىرى ئىگىلىگەن رىۋايەتلەر ئاساس قىلىنغان. شۇ ئەھۋال ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى رىۋايەتلىرىنىڭ، ئىسلام دىنى نۇقتىسىدىن ئىزاھلانغان بەزى قەدىمكى رىۋايەتلىرىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە سەۋەب بولغان. بۇنداق رىۋايەتلەرنىڭ خاراكتېرلىك بولغىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ تەشكىل تېپىشى توغرىسىدىكى «ئۇيغۇر ئېلى» ۋە «ئەرگىنە قۇن» رىۋايىتىدۇر.

**«ئۇيغۇر ئېلى» رىۋايىتى:** مەزكۇر رىۋايەت بىزگىچە ئىككى مەنبەدە يېتىپ كەلگەن. بىرى، خوجا رەشىدىددىن «جامىئۇل تاۋارىخ» ئەسىرىدە كەلتۈرگەن نۇسخا، يەنە بىرى، ئەبۇلغازى باھادىرخان «شەجەرەئى تۈرك» كىتابىدا يېزىپ قالدۇرغان نۇسخا، بۇ ئىككى نۇسخىنىڭ رىۋايەت قىسمىدا ئاساسەن پەرق يوق. چۈنكى، ئەبۇلغازى باھادىرخان بۇ رىۋايەتنى «جامىئۇل تاۋارىخ» دىن ئالغانلىقىنى ئېيتىدۇ:

«شۇل تارىخ ( ‹جامىئۇل تاۋارىخ› ) پىكىرنىڭ ئالدىدا، ئۇنىڭدىن باشقا ئون يەتتى دانە چىڭگىز نامىنى ئالدىم. ئۇلاردىنمۇ كۆچۈرۈپ يازدىم» بۇ نۇسخىنىڭ ئەۋزەللىكى ئاپتور ئېيتقاندەك، پارس - تاجىك كاتىپلىرىنىڭ تۈركىي تىل ۋە موڭغۇل تىللىرىنى ئوبدان بىلەلمىگەنلىكتىن، تاغ - دەريا ۋە كىشىلەرنىڭ ئىسمىدىكى يول قويغان خاتالىقلارنى تۈزەتكەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. رىۋايەتنىڭ قىسقارتىلمىسى تۆۋەندىكىچە:

«مۇئەررىخلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، موغۇل يۇرتىدا ئىككى تاغ باردۇر، ئۇ كۇنچىقىشتىن كۇنپېتىشقا قەدەر سوزۇلىدۇ. بۇ بە نەھايەت ئۇلۇغ تاغلاردۇر. بىرىنىڭ ئېتى ‹بۇغراقۇ بۇزلۇق›، ئىككىنچىسىنىڭ ئېتى ‹ئوسقۇنلۇق تەيرام›، ‹رەشىدىددىندە

«ئوشقونلۇق تەڭرىم» ئىكەن ، بۇ ئىككى تاغ ئارىسىدا موغۇل يۇرتى-نىڭ كۇنپېتىشىدا يەنە بىر تاغ باردۇركى ، ئۇنىڭ ئېتى «قۇت تاغ» دېيىلىدۇ . مەزكۇر تاغلارنىڭ ئارىسىدا بىر يەردە ئاقىدىغان ئون ساي باردۇر ، يەنە بىر يەردە توققۇز ساي باردۇر . بۇ سايلارنىڭ بارچىسى ئۇلۇغ سايلاردۇر . قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇر ئېلى شۇ سايلارنىڭ ئارد-سىدا ئولتۇراتتى . ئون سايدا ئولـتۇرغانىنى «ئون ئۇيغۇر» ، توققۇز سايدا ئولتۇرغانلارنى «توققۇز ئۇيغۇر» دەيتتى . شەھەرلىرى ، كەنت-لىرى ۋە ئەل - كۇنلىرى (خەلقى) كۆپ ئىدى . يۈز يىگىرمە ئەل ئۇرۇق ئىدى . بىر كىشىنى پادىشاھ كۆتۈرۈپ ، ئۇنىڭ ھۆكۈمىگە ئىتائەت قىلمايتتى . شۇ سەۋەبتىن ، بىر - بىرلىرى بىلەن ياۋ بولۇ-شۇپ ، بۇزۇلىشار ئىدى . بىر كۇنى ھەممىسى يىغىلىپ كېڭەشتى ۋە ئېيتىشتىكى ، بىز ئىككى تۈرلۈك ئەلمىز ، ھەر قايسىمىز بىر كىشى-نى تۆرە قىلايلۇق ، كىم ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلمىسا ، بېشىنى كەستۇرسۇن ۋە مېلىنى ئالدۇرسۇن . (بۇلاڭ - تالاڭ قىلسۇن) دېيىشتى . ئون ئۇيغۇر ئېلىدىن «مۇنرۇقاي» (رەشىدىددىن نۇسخى-سىدا «مانقۇي») ئاتلىق كىشىنى تۆرە كۆتۈرۈپ ، «ئېل ئېرتەر» دەپ لەقەم قويۇشتى . توققۇز ئۇيغۇر ئۆز ئۇرۇقىدىن بىركىشىنى تۆرە كۆتۈرۈپ ، «كۇل ئېركىن» دەپ لەقەم قويدىلەر . بۇ ئىككىسىنىڭ ئوغلانلىرى يۈز يىلغىچە تۆرىلىك قىلىشتى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىر ئۇيغۇر بولدى . . . ئۇنىڭدىن كېيىن كىم تۆرە بولسا ، ئۇنى «ئىدىقۇت» دەپ ئېيتىدىغان بولدى . ئۈچ مىڭ يىلغا قەدەر شۇنداق ئولتۇردى ، كېيىن بۇزۇلدى»

رىۋايەتنىڭ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تەشكىل تېپىشى توغرىسىدىكى قىسى-مى يۇقىرىقىدىن ئىبارەت . رىۋايەتنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى قىسمى ، يەنە ئۇيغۇر ئېلىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنۈپ كېتىشى كېيىنكى تارىخىي ۋەقەلەر ، يەنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانىدانلى-قىنىڭ پارچىلىنىشىغا باغلىق ھادىسىلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن ،

ئېھتىمال رىۋايەتنىڭ بۇ قىسمى ئاشۇ تارىخىي ھادىسىلەردىن كېيىن بارلىققا كەلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن . بۇ ۋەقەلەر تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ رىۋايەتتە قالدۇرغان ئىزى ، ياكى ئۇلارنىڭ رىۋايەت سۈپىتىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكى بولۇشى مۇمكىنكى ، ئۇلار رەسمىي تارىخلاردا يېزىلـ-غان ۋەقەلەرنىڭ ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ ، ئەلۋەتتە .

بۇ رىۋايەتنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى ، ئۇ ئەڭ قەدىمكى تۈر-كىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ بۆلۈنمە ھالىتىدىن بىرلىشىش جەريانىغا ئۆتكەن تارىخىي يۈزلىنىشنى رىۋايەتكە خاس ۋەقەلەر ئىزچىللىقى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن . شۇنداقلا ، رەسمىي تارىخلاردا قوللىـ-نىلغان «توققۇز ئۇيغۇر» (توققۇز ئوغۇز ) ، ئون ئۇيغۇر قەبىلە ئىتـ-تىپاقلىرىنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسى ۋە جەريانىنى خەلق رىۋايەتلىرىدە كۆپ كۆرۈلىدىغان بىر خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ئىزاھلىغان .

رىۋايەتنىڭ ئەدەبىي ئەھمىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئۇ بارلىق خەلق رىۋايەتلىرىگە خاس بولغان خۇسۇسىيەت ۋەقەلەرنى مەركەز قىـ-لىشتا ، ۋەقەلەر زەنجىرى ئارقىلىق بايان قىلىش ئاساس قىلىنغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭدا مەلۇم دەرىجىدە شەخسىي قەھىرىمانىنىڭ رولى (ئېل - ئىرتىش قاغان ) ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . بۇنى شەخسىي قەھرىـ-مانلار مەركەز قىلىنىدىغان قەھرىمانلىق داستانلىرىنىڭ دەسلەپكى تۈرەلمىسى دېيىشكە بولىدۇ .

**«ئەركىنە قۇن» رىۋايىتى :** ئەجدادلار توغرىسىدىكى رىۋا-يەتلەرنىڭ ئىسلام دىن شارائىتىدە ئۆزگەرتىلگەن بىر ۋارىيانتى دەسـ-لەپ بولۇپ رەشىدىددىن فەزلۇللاھ ئىبنى ئەبۇلخەيرنىڭ پارسچە ياز-غان «جامىئۇل تاۋارىخ» ئەسىرىدە ئەكس ئەتكەن . «ئەركىنە قۇن» ئىسمىنىمۇ مەزكۇر ئاپتور قويغان . ئەبۇلغازى باھادىرخان مىلادىيە 1669 - يىلى يازغان «شەجەرەئى تۈرك» ئەسىرىگە بۇ رىۋايەتنىڭ تۈركىي تىلدىكى نۇسخىسىنى بېرىپ ، «ئەركىنە قۇن» دېگەن نامنى

«كەڭ تاغ ئۆڭكۈرى» دېگەن مەنىدە دەپ ئىزاھلايدۇ . بۇ رىۋايەت كېيىنچە بىر مۇنچە ئەدەبىيات تارىخلىرى ۋە ئەل ئەدەبىياتىغا دائىر كىتابلاردا قەدىمكى رىۋايەتلەر قاتارىدا بېرىلگەن . بۇ رىۋايەت ھەر ئىككى قەدىمكى ئاپتورلارنىڭ ئەسىرىدە بەزى تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن ، يەنى موڭغۇل ھۆكۈمدارلىرىنىڭ نەسەبلىرى بىلەن باغلىنىپ ، تارىخىي تۈس بېرىلگەن ۋە موڭغۇللار تارىخىنى ئىزاھلاشنىڭ ۋاسىتىسى قىلىنغان . ئەمەلىيەتتە بۇنى مەزكۇر قەدىمكى رىۋايەتنى كېيىنكى مەزگىللەردە (مىلادىيە 14 ـ ۋە 17 ـ ئەسىرلەر ) ئۆتكەن ئاپتورلارنىڭ يېڭىچە پاكىت بىلەن بېزەشتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ . «جامىئۇل تاۋارىخ» ۋە «شەجەرەئى تۈرك» تە بېرىلگەن رىۋايەتنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن ئوخشاش ؛ ئەسەر ئوغۇزخاننىڭ كىچىك ئوغلى دېڭىزخان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئېلخاننىڭ خاقانلىقىدىن باشلىنىپ ، ئېلخان تاتار خانلىرىدىن سەۋىنچەخان تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن ، رىۋايەتنىڭ ئاساسىي سۇژىتى بېرىلىدۇ .

«ئېل خاننىڭ ئوغلانلىرى كۆپ ئىدى ، ھەممىسى ئۇرۇشتا ئۆلدى ، قىيان ئاتلىق بىر كىچىك ئوغلى ، شۇ ئۇرۇش يىلى ئۆيلەنگەندى . ئېلخاننىڭ ئىنىسىنىڭ تۆكۈز ئاتلىق ئوغلىمۇ شۇ يىلى ئۆيلەنگەنىدى . بۇ ئىككىسى بىر قوش (ئۆي ) دىكى كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشكەنىدى . ئون كۈن بولغاندىن كېيىن ، ئىككىسى ئاياللىرىنى ئېلىپ قاچتى . . . ئاداشقان ياۋدىن ئۈركۈپ قاچقان ماللاردىن كۆپلەپ تاپتى . . . ۋە ئۇلارنى ھەيدەپ تاغقا قاراپ يول ئېلىشتى . ئۇلار تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە ئېلىپ بارىدىغان بىر يالغۇز ئاياغ يول بىلەن مېڭىشتى . بۇ يول شۇنچىلىك خەتەرلىك ئىدىكى ، تۆگىمۇ ئۇ يولدا مىڭ مۇشەققەتتە ماڭاتتى . ئەگەر ئايغىنى بايقىماستىن سەل چەتكە بېسىپ قويسا ، تاغ ئاستىغا غۇلاپ ، پارە ـ پارە بولۇپ كېتەتتى . تاغنىڭ ئىچىگە ئېلىپ بارىدىغان ئۇنىڭدىن باشقا يول يوق ئىدى .

تاغنىڭ ئىچى ئاجايىپ كەڭرى بولۇپ ، ئېقىن سۇلىرى ۋە بۇلاقلىرى
كۆپ ، ئوت - چۆپ ۋە مېۋىلىرى مول ھەمدە ھەر تۈرلۈك ئوۋ -
ھايۋانلىرىمۇ ھېسابسىز ئىدى . . . ئۇلار قىشتا ماللارنىڭ گۆشىنى
يەپ ، يازدا سۈتىنى ئىچىپ ، تېرىسىدىن كىيىم كىيىپ كۈن ئۆتكۈز-
دى . ئۇ يەرگە «ئەركىنەقۇن» دەپ ئات قويىدى . . . بۇ ئىككى ئاغا -
ئىنىنىڭ بالا - چاقىلىرى ئاۋۇدى . ئۇلار تۆت يۈز يىل شۇ يەردە
تۇرۇشتى . ئاخىر بۇ يەرگە سىغماي قېلىشتى . . . ئۇلار مەسلىھەت
قىلىپ ، تاغدىن چىقىشنى قارار قىلدى . لېكىن يول تاپالمىدى . بىر
تۆمۈرچى : بۇ يەردە بىر تۆمۈر تېغى بار ، شۇنى ئېرىتسەك يول
ئېچىلاتتى ، دېدى . بۇنى ماقۇل كۆرۈپ ، كىشىلەر ئوتۇن ، كۆمۈر
يىغىشتى . تاغنىڭ كەڭرەك يېرىگە بىر قاپ ئوتۇن ، بىر قەۋەت كۆمۈر
قويۇشتى ، تېرىدىن يەتمىش ئۇرتۇچ (كۆرۈك) ياساپ يەتمىش يەرگە
قويدى . ھەممىسى بىردەك كۆرۈكلىدى (يەل بەردى) ، ئاخىر تاغ
ئېرىپ ئېقىشقا باشلىدى ۋە بىر يۈكلۈك تۆگە ئۆتكۈدەك يول ئېچىل-
دى . ئۇلار بۇ يەردىن چىقىشتى . شۇندىن بېرى بۇ كۈن ئۇلار ئۈچۈن
بايرام بولۇپ قالدى . . .

رىۋايەتنىڭ ئاخىرقى قىسمى قىيان ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆچ ئېلىشى ،
يەنى موڭغۇل بىلەن تاتارلار ئارىسىدىكى ئۇرۇشلارغا باغلىنىدۇ ۋە
موڭغۇل پادىشاھىنى «بۆرتەچىنە» دەپ ئاتايدۇ . ئەلۋەتتە ، بۇ رىۋايەت-
نى ۋاستە قىلغان ئاپتورلارنىڭ ياشىغان دەۋرى ۋە ئالدىغا قويغان
مەقسەتلىرىدىن قارىغاندا ، ئۇلارنىڭ بۇنى ئۆزى بايان قىلماقچى بولغان
تارىخىي ۋەقەلەر ، تېخىمۇ ئېنىقى ، تارىخىي رىۋايەتلەر بىلەن باغلى-
ماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . شۇ سەۋەبتىن ، مەزكۇر رىۋايەت
تارىخىي تۈس ئېلىپ قالغانلىقىمۇ تەبىئىي ئەھۋال . ئەگەر ئاپتورلار
ئەكس ئەتتۈرگەن نۇسخىدىكى تارىخىي شەخس ۋە تارىخىي ۋەقەلەر
نەزەردىن ساقىت قىلىنسا ، ۋەقەلىكنىڭ مېغىزى بىزگە ئەڭ قەدىمكى
ئەجدادلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ بىر نۇسخىسىنى نامايان قىلى-

دۇ . شۇنىمۇ كۆرسىتىش كېرەككى ، رىۋايەتتە ئەكس ئەتكەن تۆمۈر تاغ ۋە تۆمۈر ئېرىتىش توغرىسىدىكى ۋەقەلەرنى تارىخىي رىۋايەت ۋە تارىخلاردا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۈركىي خەلقلەر ئەجدادلىرىنىڭ تۆمۈر-چىلىكتە داڭ چىقارغانلىقى ۋە تۆمۈرنى مۇقەددەس سانايدىغانلىقى ، (بۇ ھەقتە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مۇنداق بايانلار بار : تۈركلەر تۆمۈرنى مۇقەددەس سانايدۇ . قەسەم قىلغاندا ، تۆمۈرنى تۇتۇپ ، كۆك بوپ كىرسۇن ، قىزىل چىقسۇن ، دەيدۇ ) بىلەن باغلاپ قاراشقىمۇ بولىدۇ .

دېمەك ، «ئەركىنە قۇن» ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلار مىفلىرىنىڭ (ئەپسانىلىرىنىڭ ) رىۋايەت شەكلىنى ئالغان ۋارىيانتى بولۇپ ، داس-تان تۈسىگە كىرگەن .

بۇ رىۋايەتنىڭ بەدىئىي ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتتىن داستانىي تۈسكە كىرگەنلىكىنىڭ ئالامىتى — ئۇنىڭدا ھەرقانداق ئىلاھىي كۈچلەرنىڭ ئەكس ئەتمىگەنلىكى ۋە رول ئوينىمىغانلىقىدا ، ئىنسانلار پائالىيىتى ئىنسانلارنىڭ ياشاش يولىدىكى كۈرەش شەكىللىرى ۋە ئىنسانىي تۇرمۇش شەكىللىرىنىڭ ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتكەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ . شۇنىڭغا ماس ھالدا ، تەسۋىرىي ۋاسىتىلىرىنىڭمۇ ، ئەسلىي رىۋايەتلەردىن پەرقلىق ھالدا ، داستانلارغا خاس تەسۋىرىي ۋاسىتىلەرگە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ ، ئەلۋەتتە . رىۋايەتتە كوللېكتىپ قەھرىمانلىق ، يەنى «ئەۋلاد قەھرىمانلىقى» يەنىلا ئاسا-سىي ئورۇندا تۇرىدۇ . شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ، ئۇنى قىيان ، ئۆكۈز ۋە تۆمۈرچى ئوبرازلىرىنىڭ پائالىيىتى ئارقىلىق قەھرىمانلىق داستانلى-رىغا ئۆتۈشنىڭ ۋاسىتىسى دەپ قاراشقا تامامەن ھەقلىقمىز .

## قەدىمكى داستان ۋە قەھرىمانلىق داستانلىرى

قەدىمكى داستان ۋە قەھرىمانلىق داستانلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ . قەدىمكى داستان ، ئېپوسلار ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىد-كى بىلەنلا ئەمەس ، بەلكى ئىجتىمائىي ھاياتىكى مۇھىم ئۆزگىرىش-لەرنى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم بىر باسقۇچىنى كۆرسىتىپ بېرەلىگەنلىكى بىلەنمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر . چۈنكى داستان ، ئېپوسلار بىرەر قىسقا مەزگىلنىڭ ياكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ بىرلا دەۋرىنىڭ مەھ-سۇلى ئەمەس ، شۇنداقلا ، داستان ، ئېپوسلار بىرەر - ئىككى خەلق شائىرىنىڭ ئىجادىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس ، بەلكى ناھايىتى ئۇزۇن بىر تارىخىي مەزگىل ، يەنى بىرمۇنچە دەۋرلەرنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەندۇر .

مۇكەممەل داستان ۋە ئېپوسلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن ، ئىجتىمائىي تەرەققىيات سەۋىيىسىدە بىرمۇنچە شەرتلەر ھازىرلانغان بولۇشى لازىمدۇر .

ئالدى بىلەن ، مىفلار دەۋرىنى بېسىپ ئۆتكەن ، خەلقنىڭ مىفو-لوگىيىلىك ئېتىقادى پارچىلانغان بولۇشى ، يەنى ئىلاھىي قەھرىمانلار-نىڭ ئورنىنى ئىنسانىي قەھرىمانلار بېسىشقا ئىمكانىيەت ھازىرلانغان بولۇشى شەرت قىلىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىللە جەمئىيەت تەرەققىياتى باسقۇچى جەھەتتىن ، ئۇرۇقداشلىق ، تار قەبىلە دائىرىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ ، تېخىمۇ كەڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى باسقۇچىغا قەدەم قويغان بولۇشىنىمۇ شەرت قىلىدۇ . مۇشۇنداق بولغاندا ، ئېپوس قەھرىمانى ئۈچۈن ئېپىك فون ھەرىكەت مەيدانى ۋۇجۇدقا كېلىدۇ .

يۇقىرىقىدىن باشقا خەلق ئېپوسلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ، خەلق خېلى يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغاندىن سىرت ، ئۇ-زۇن ، ئىزچىل بىر تارىخىي سەرگۈزەشتىنى ، مۇرەككەپ ھادىسىلەر-نى بېشىدىن كەچۈرگەن ، مىللەت تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك زور - زور تارىخىي ۋەقەلەرگە دۇچ كەلگەن بولۇشى ، نەتىجىدە خېلى مول ھايات تەجرىبىسى توپلىغان ، يۇقىرى ئېپىك ئاڭغا ئىگە بولغان بولۇشىمۇ

زۆرۈر . مۇشۇنداق بىر تارىخىي جەرياندا ، ئاۋۋال شۇ خەلق تارىخىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ۋە ئايرىم - ئايرىم ۋەقەلەرنى مەزمۇن قىلغان ئايرىم ۋەقەلەر ئاساسىدا يەككە داستانلار ، ئايرىم - ئايرىم ئېپوسلار مەيدانغا كېلىدۇ ؛ كېيىن ئېپوس ئۈچۈن ئىجتىمائىي ئېھتىياج تۇغۇلغاندا ، ئەنە شۇ يەككە داستان ۋە ئېپىزوت-لارنى ، تارىختىكى ئايرىم ۋەقەلەرنى دەۋر تەلىپى بويىچە بىر يىپقا تىزىپ ، بىرەر دائىرىگە ۋە ياكى بىر قەھرىمان ئەتراپىغا توپلاش نەتىجىسىدە ئېپوسلار مەيدانغا كەلگەن بولىدۇ . بۇ بىر ئۇزۇن جەريان ئەدەبىياتتىكى «ئېپوس دەۋرى» دۇر . ئەدەبىياتتىكى «ئېپوس» دەۋ-رى ئۈچۈن ئاساس بولغان تارىختىكى ۋەقەلەر مۇشۇ ئېرانىڭ بېشىدىن تارتىپ ئورخۇن ، سىلىنگا ۋادىلىرىدىن تارتىپ كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىغىچە بولغان زېمىندا تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ كەڭ بىرلىشىش-كە بولغان ئىنتىلىشى نەتىجىسىدە قەبىلىلەر ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقلى-رى ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشلار ، ھاكىمىيەت تالاشلىرى بولغان ، دەسلەپتە ھونلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىدىن تاكى كۆك تۈركلەرنىڭ باش كۆتۈرۈشى ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ قايتا بىر-لىشىشى «توققۇز ئۇيغۇر» ، «ئون ئۇيغۇر» قەبىلە ئىتتىپاقلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ، «كۆك تۈرك» خانىدانلىقىنىڭ (مىلادىيە 552 ～ 744 - ) تارىخىدا ئۆزىنىڭ ئورنىغا دەسسىگەن «ئورخۇن ئۇيغۇر خانىدانلىقى» قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارغا ئوخشاش بىر قاتار ۋەقەلەر «ئېپوس» دەۋرىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ياكى ئېپوس دەۋرىنىڭ تارىخىي سەھنىسىدۇر . بەزى ئالىملارنىڭ ئوغۇزخان ئېپوسىنى ئەنە شۇ ۋەقەلەرگە باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇشلىرىمۇ بۇ ۋەقەلەرنىڭ ئېپوسنىڭ ئارقا فوندى بولۇپ خىزمەت قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . شۇنچىلىك بىر كەڭ زېمىندا ، شۇنچە ئۇزۇن دەۋرلەر جەريانىدا ، ھەرقايسى تۈركىي خەلقلەرگە مەنسۇپ بولغان نۇرغۇن داستان ، ئې-پوسلارنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىسىمۇ ، لېكىن

ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى بىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن ، بەزىلىرى ئۇنتۇلغان بولسا ، كۆپ قىسمى كېيىنكى ئەدەبىي ژانىرلارغا ، مەسىلەن ، سەرگۈزەشت داستانلىرى ، مۇھەببەت داستانلىرى ۋە باشقا قىسسە - چۆچەكلەرگە سىڭىپ كەتكەن . بۇنداق بولۇشى تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئومۇمىي ھادىسىدۇر .

داستان ، ئېپوسلار گەرچە ئەدەبىياتتىكى مىف ، رىۋايەت دەۋرى تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ ، لېكىن داستان ، ئېپوسلار بىرمۇنچە جەھەتتە مىف ، رىۋايەتلەردىن پەرقلىنىدۇ . بۇ پەرق ئەڭ ئاۋۋال ، مىفولوگىيىلىك ئىلاھىي قەھرىمانلارنىڭ ئورنىغا ئىنسان قەھرىمانلىرى دەسسىتىلگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ . شۇنىڭغا ئەگىشىپ ، ئەسەر سۇژىتىدىكى قەھرىمانلارنىڭ ھەرىكەت مەيدانى ئىلاھىي ئالەم بولماستىن بەلكى رېئال يەر - زېمىننى ، ئىنسانلار ھاياتىنى ئاساس قىلغان بولىدۇ . يەنى مىفلاردا ئەكس ئەتكەن ھەر خىل ئىلاھلار ، ياخشى روھ ، يامان روھلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ ئورنىنى رېئال ھاياتتىكى قەبىلىلەر ئارىسىدىكى تىركىشىش ، يەر ئىگىلەش ، ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرەشلىرى ، ئاجرىلىش ۋە قوشۇلۇش ماجىرالىرى دەسسىگەن بولىدۇ . مۇشۇنداق رېئال كۈرەش ، تىركىشىشنىڭ مەركىزىگە مەشھۇر قەھرىمان شەخسلەر قويۇلغان بولىدۇ .

داستان ، ئېپوسلارنىڭ سۇژىتى رىۋايەتلەرنىڭكىدەك يەككە لىنىيىلىك بىرلا ۋەقەنى ئاساس قىلماستىن ، بەلكى مۇرەككەپ ۋەقەلەر تىزمىسىدىن ياكى ۋەقەلەرنىڭ ھالقىسىمان كىرىشىشىدىن ئىبارەت بولىدۇ .

دېمەك شۇلارغا ئاساسلانغاندا ، بىرەر مىللەت ئەدەبىياتىدىكى «داستان» دەۋرى ۋە شۇ مىللەت تارىخىدىكى بارلىققا كەلگەن بۈيۈك داستانلار ناھايىتى ئۇزۇن بىر تارىخىي دەۋرلەرنىڭ مەھسۇلى ، دېمەككى ، ئۇ بىرەر شەخس ياكى بىرمۇنچە شەخسلەرنىڭ خىيالىي ۋە ئىجادىي تەسەۋۋۇرىنىڭ مەھسۇلى بولماستىن ، بەلكى پۈتۈن بىر مىل-

لەتنىڭ مەدەنىيىتىدىن ، ئېتنىك روھىدىن ، بەدىئىي ۋە تارىخىي رىۋ-
ئاللىقىدىن توغۇلغان مەھسۇلاتدۇر (دېـمـەك ، ئېـپـوس دەۋر
ئوغـلانـدۇر . )

تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن ئېپوسلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ قەدىمكىسى ۋە بىرقەدەر مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغىنى «ئوغۇزخان» ئېپوسىدۇر ، ئۇ كېيىنرەك مەيدانغا كەلگەن قىرغىزلار-نىڭ «ماناس» ، مۇڭغۇللارنىڭ «جاڭغىر» ئېپوسلىرى بىلەن بىر قاتاردا هازىرغىچە خەلق ئارىسىدا ياشاۋاتقان «تىرىك» ئېپوسلار قاتا-رىغا كىرىدۇ .

«ئوغۇزخان» ئېپوسى بىزگىچە يازما نۇسخىدا يېتىپ كەلگەن بىرقەدەر قەدىمكى ، كېيىنكى ئۆزگەرتىشلەردىن خالىي ، يەنى ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىدىن ۋە بەزى تارىخچىلارنىڭ ئۆز قاراشلىرى بويىچە ئۆزگەرتىشىدىن خالىي بولغان نادىر بىر مىراستۇر . بۇ ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ «ئېپوس دەۋرىگە» ۋەكىللىك قىلىدىغان ، شۇنداقلا ، قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر ئېپوسلىرىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتى توغرىسىدا خېلى تولۇق مەلۇمات يەتكۈزۈپ بېرەلەيدىغانلىقى ئۈچۈن يالغۇز ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈنلا ئەمەس ، بەلكى باشقا تۈركىي تىللىق خەلق-لەرنىڭ ئۆز ئېپوسلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشى ئۈچۈنمۇ ئاساس بولۇپ قالالايدۇ . ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى ، «ئوغۇزخان» ئېپوسىنىڭ ئەڭ قەدىمكى نۇسخىسى تۇرپاندا ، قوچۇ ئۇيغۇرلىرى تەرىپىدىن يېزىققا ئېلىنغانلىقى سەۋەبىدىن ، ھەممىدىن كۆپرەك ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ نۇسخا دەپ قارالماقتا .

## «ئوغۇزخان» ئېپوسى

ئېپوسنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن يازما نۇسخى-سى ، «ئوغۇزخان» توغرىسىدا مەيلى ئېغىزچە رىۋايەتلەر بولسۇن ۋە مەيلى كېيىنكى تارىخىي كىتابلاردا بېرىلگەن يازما نۇسخىلىرى بول-

سۇن ، ھەممىسىدىن قەدىمكى ئورىگىنال نۇسخا سانالماقتا .
بۇ نۇسخىنى قايسى بىر مەدەنىيەت قىدىرغۇچى ئۆمەك قوچۇ تەۋەسىدىن ئەكەتكەن ، ھازىر پارىژ دۆلەت كۇتۇپخانىسىدا №101 ئىنىۋىنتار نومۇرىدا ساقلىنىدۇ . مەزكۇر ئەسەرنىڭ قولىيازمىسى ئۇستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئالىملارنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا ، ئۇ جەمئىي 21 ۋاراق ، يەنى 22 بەت . ھەربىر بېتى 9 قۇردىن بولۇپ ، جەمئىي 378 قۇردىن ئىبارەت . ئەسەرنىڭ بىرىنچى بېتىدە 1 ـ 3 قۇرلار ئارىلىقىدا بۇغا رەسىمى ، 6 ـ بېتىدە ئاجايىپ بىر مۈڭگۈزلۈك ھايۋاننىڭ سۈرىتى ، رادلوۋنىڭ ئىزاھلىشىچە ، بىر مۈڭگۈزلۈك كەر-كىدان رەسىمى بېرىلگەن . ئەسەرنىڭ بەزى بەتلىرى نەملىك تەسىرى-دىن بۇزۇلغان ، 17 ـ ۋارىقى يىرتىلغان ، 36 ـ بەتتىكى بەزى ئۆچۈپ كەتكەن خەتلەر مۇشكۈلچە ھەرىپ بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن . 40 ـ بەتتىن بىر يېرىم قۇر ، 42 ـ بەتتىن ئاخىرقى ئىككى قۇر ئوقۇشقا بولمايدىغان دەرىجىدە بۇزۇلغان . شۇنداقتىمۇ ، ئەسەر بىرقەدەر ياخشى ساقلانغان بولۇپ ، بۇزۇلغان جايلار ئەسەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىنى بىلىۋېلىشقا تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ .
بۇ نۇسخىنىڭ قاچان كۆچۈرۈلگەن ياكى يېزىقىقا چۈشۈرۈلگەنلى-كى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق . تەتقىقاتچىلار ئەسەرنىڭ تىلى ۋە يېزىق ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسلىنىپ مىلادىيە 13 ـ ئەسىرلەردە قوچۇ تەۋەسىدە كۆچۈرۈلگەن دەپ پەرەز قىلىشىدۇ . يەنە 15 ـ ۋە 17 ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق دېگۈچىلەرمۇ بار .
ھەر ھالدا ، «ئوغۇزخان» ئېپوسىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدى-كى نۇسخىسى خەلقئارا تۈركولوگلىرىنىڭ مۇھىم ماۋزۇلىرىنىڭ بى-رى بولۇپ قالدى . بۇ ئەسەرنى بىرىنچى قېتىم نېمىس ئالىمى دېتس (Dietz ) مىلادىيە 1815 ـ يىلى بۇ ئەسەردىن پارچىلارنى نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان . مىلادىيە 1891 ـ يىلى رۇس ئالىمى رادلوۋ رەتلەپ ، 8 بەت سۈرەتكە ئېلىنغان نۇسخىسىنى ۋە

ئۇنىڭ ترانسكرىپسىيىسى بىلەن نەمىسچە تەرجىمىسىنى ئېلان قىلـ-
غان . ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئەسەرنىڭ مىلادىيە 1928 ـ يىلى ئالىكـ-
ساندىرىيىدە نەشر قىلىنغان نۇسخىسى ، پ . پىللىئوتنىڭ مىلادىيە
1930 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان نۇسخىسى ۋە مىلادىيە 1932 ـ يىلىدا
ۋ . باڭ بىلەن ر . ئارات بىرلىكتە بېرلىندە نەشر قىلدۇرغان نۇسخىـ-
لىرى مەيدانغا كەلدى .

كېيىنكى يىللاردا بۇ ئەسەرنى ئا . م . شىرباك «ئوغۇزنامە» نىڭ سلاۋيان ھەرپلىرى بىلەن بېرىلگەن ترانسكرىپسىيىسى بىلەن رۇسچە تەرجىمىسىنى ئېلان قىلدى . مىلادىيە 1972 ـ يىلى ز .ۋ . تۇغان ئىستانبۇلدا بۇ ئەسەرنىڭ تۈركچىسىنى نەشر قىلدۇردى .

مەملىكىتىمىزدە «ئوغۇزخان» ئېپوسى توغرىسىدىكى تەتقىقات خەلقئارادىكى تەتقىقاتقا نىسبەتەن كېيىن باشلاندى ، پەقەت «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىن كېيىن بۇ ئەسەرنىڭ بىرمۇنچە تەتقىقات نۇسخىلىرى بارلىققا كېلىشكە باشلىدى . ئەڭ دەسلەپ ئابدۇشۇكۇر تۇردى بىلەن خاۋگۇەنجۇڭ بۇ ئەسەرنىڭ ترانسكرىپسىيىسى ، ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە تەرجىمىلىرىنى ئېلان قىلدى . («تارىم» ژۇرنىلى ، مىلادىيە 1979 ـ يىللىق 5 ـ سان )ئۇندىن كېيىن ، گېڭ شىمىن ۋە تۇرسۇن ئايۇپلار نەشرگە تەييارلاپ ئېلان قىلغان مەخسۇس بىراشۇرا (مىللەتـ-لەر نەشرىياتى ، 1980 )بىلەن تۇرغۇن ئالماسنىڭ «بۇلاق» مەجمۇئەـ-سى مىلادىيە 1980 ـ يىل 2 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان نۇسخىلىرىنى كۆرستىش مۇمكىن . مەيلى مەملىكىتىمىزدە بولسۇن ، مەيلى خەلقـ-ئارادا بولسۇن ، «ئوغۇزخان» ئېپوسىغا بولغان قىزىقىش ۋە ئېپوس ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي ئىشلار بۇ ئەسەرنىڭ تۈركولوگىيە تەتقىقاتىدا مۇھىم ئورۇن ئىگىلىگەنلىكىنى كۆرستىدۇ .

**«ئوغۇزخان» ئېپوسىنىڭ ئاساسىي ھېكايىسى :**
ئېپوسنىڭ ۋەقەلىكى ئاساسەن ئۈچ قىسمدىن ئىبارەت بولۇپ ، بىر-

رىنچى قىسمى، ئوغۇزخاننىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ئائىلە تۇرمۇشىنى، ئىككىنچى قىسمى ئوغۇزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى ۋە شۇ جەرياندا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر، ئۈچىنچى قىسمى بولسا، ئوغۇزخاننىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئەۋلادلىرىغا مىراس قالدۇرغانلىقى توغرىسىدىكى تەپسىلاتلاردىن ئىبارەت. بۇنى تۆۋەندىكىدەك قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

. . . ئايخاقاننىڭ كۆزى يورۇپ، بىر ئوغۇل تۇغىدۇ. بۇ ئوغۇلنىڭ چىرايى كۆك، ئاغزى ئاتەشتەك قىزىل، كۆزلىرى ھال، چاچ - قاشلىرى سىياھ كەبى قارا بولۇپ، پەرىشتىلەردىنمۇ گۈزەل ھالەتتە بولىدۇ. ئوغۇل ئانىسىنىڭ ئوغۇز سۈتىنىلا ئىمىپ، ئارتۇق ئەممەيدۇ، گۆش، ئاش - تاماق ۋە شاراب تەلەپ قىلىدۇ. بالا قىرىق كۈندىن كېيىن چوڭ بولۇپ، ماڭىدۇ، ئويناشقا باشلايدۇ. بۇ ئوغۇلنىڭ ئاياغلىرى ئۆكۈز ئاياغلىرىغا، بېلى بۆرىنىڭ بېلىگە، يەلكىسى بۇلغۇن يەلكىسىگە، كۆكسى بولسا ئېيىق كۆكسىگە ئوخشايدۇ. ئۇ، يىلقىلارنى باقىدۇ. ئاتلارنى مىنىدۇ ھەم ئوۋ ئوۋلايدۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ ئۇ يىگىت بولىدۇ.

بۇ يەردە بىر ئورمان بولۇپ، ئۇنىڭدا قېئات دېگەن ۋەھشىي ھايۋان ياشايتتى، ئۇ مال - چارۋىغا، كىشىلەرگە زەخمەت يەتكۈزۈپ، خەلق بېشىغا قايغۇ كەلتۈرگەنىدى. ئوغۇز قېئاتنى يوقىتىشقا بەل باغلاپ، ئوۋغا چىقىدۇ، بىرىنچى كۈنى، بىر بۇغىنى تۇتۇپ دەرەخقە باغلاپ قويىدۇ، ئۇنى قېئات ئەكېتىدۇ، ئىككىنچى كۈنى بىر ئېيىقنى تۇتۇپ يەنە دەرەخقە باغلاپ قويسا، ئۇنىمۇ قېئات ئەكېتىدۇ، ئاخىر شۇ دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئۆزى تۇرىدۇ. قېئات كېلىپ ئوغۇزنىڭ قالقىنىغا بېشىنى ئۇرىدۇ، ئوغۇز نەيزە بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ.

بىر كۈنى ئوغۇز خاقان تەڭرىگە سېغىنىۋاتقىنىدا، ئاسماندىن قۇياشتىن نۇرلۇق، ئايدىن يورۇق بىر كۆك نۇر چۈشىدۇ، نۇر ئىچىدىن بىر قىز پەيدا بولىدۇ. ئۇ قىز شۇنچىلىك گۈزەل ئىكەنكى، ئۇ كۈلسە كۆك ئاسمان بىللە كۈلىدۇ، ئۇ يىغلىسا كۆك تەڭرىمۇ

قوشۇلۇپ يىغلايدۇ . ئوغۇز خاقان ئۇ قىزغا ئاشىق بولىدۇ ۋە ئۇنى ئالىدۇ . ئۇنىڭدىن ئۈچ ئوغۇل تاپىدۇ ، ئۇلارغا كۈن ، ئاي ، يۇلتۇز دېگەن ئات قويىدۇ .

ئوغۇزخان يەنە بىر كۈنى ئوۋغا چىققىنىدا كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر دەرەخنىڭ كاۋىكىدا ناھايىتى چىرايلىق بىر قىزنى كۆرىدۇ ، ئۇ قىز شۇنچىلىك چىرايلىق ئىدىكى ، كۆزلىرى ئاسماندىن كۆكرەك ، چاچلىرى دەريا سۈيىدەك ، چىشلىرى ئۈنچىدەك ئىكەن ، ئوغۇز خاقان ئۇ قىزنىمۇ سۆيۈپ قالىدۇ ۋە ئالىدۇ . ئۇنىڭدىن ئۈچ ئوغۇل پەرزەنت كۆرىدۇ ، ئۇلارغا كۆك ، تاغ ، دېڭىز دەپ ئىسىم قويىدۇ .

ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇز خاقان كاتتا توي ياساپ ، ئەل - يۇرتقا زىياپەت بېرىپ ، خەلق بىلەن مەسلىھەتلىشىپ يارلىق چىقىرىدۇ ، ئۆزىنى «ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانى» دەپ ئېلان قىلىدۇ ۋە تۆت تەرەپتىكى خاقانلارغا خەت ئەۋەتىپ ، «كىمكى بويسۇنۇپ ئاغزىمغا باقسا ، ھەدىيە بېرىپ دوست تۇتىمەن ، كىمكى بويسۇنمىسا ، دۈشمەن بىلىپ ، ئۇس-تىگە قوشۇن تارتىمەن» دەپ جاكارلايدۇ .

ئوڭ تەرەپتىكى ئالتۇن خاقان ئەلچى ئەۋەتىپ ، كۆپلىگەن ئالتۇن - كۈمۈش ئىنئام قىلىپ ، ئوغۇزخاقان بىلەن يارىشىدىغانلى-قىنى بىلدۈرىدۇ . ئوغۇز ئۇنى دوست تۇتىدۇ ، ئەمما سول تەرەپتىكى ئۇرۇم خاقان ئوغۇزنىڭ يارلىقىغا بويسۇنمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ .

ئوغۇز ئورۇم خاقانغا قارشى جەڭگە ئاتلىنىپ قىرىق كۈندىن كېيىن «مۇزتاغ» ئېتىكىگە كېلىدۇ . شۇ چاغدا چېدىر تىكىپ ئول-تۇرغىنىدا ، تاڭ سەھەر ئۇنىڭ چېدىرىغا بىر يورۇق چۈشىدۇ ، بۇ نۇردىن كۆك تۈكلۈك ، كۆك ياللىق ئەركەك بۆرى پەيدا بولىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئوغۇز خاقانغا يول باشلايدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ . . . جەڭ ئېتىل دەرياسى قىرغىقىدا بولىدۇ . جەڭدە ئۇرۇم يېڭىلىدۇ ، تاغ ئۈستىدىكى شەھەرنى ساقلاپ ياتقان ئۇرۇمنىڭ ئوغلىمۇ ئۆزلۈكى-دىن ئوغۇزخانغا باش ئېگىدۇ . شۇڭا ئۇنىڭغا «شەھەرنى ساقلاپسەن»

دەپ «ساقلاپ» دېگەن نامنى بېرىدۇ . مۇشۇ يۇرۇشتە ، ئوغۇزخاننىڭ قوشۇنلىرى ئېتىل دەرياسىدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلگەندە ، قوشۇندىكى ئۇلۇسى ئوردۇبەگ دېگەن كىشى دەرەخلەرنى كېسىپ سال ياسايدۇ ، قوشۇن سالغا ئولتۇرۇپ دەريادىن ئۆتىدۇ . ئوغۇزخان بۇ ئىشتىن سۆيۈنۈپ ، ئۇنىڭغا بۇ جاينىڭ بەگلىكىنى بېرىپ ، «قىپچاق» دەپ ئىسىم قويىدۇ . مۇشۇ يۇرۇش جەريانىدا ، «مۇزتاغ» دا يوقىلىپ كەتكەن ئوغۇزخاننىڭ چىپار ئايغىرىنى تېپىپ ئەكەلگەن بېگى قار ـ مۇزلارغا كۆمۈلۈپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن ئوغۇزخان ئۇنىڭغا «قاغار ـ لۇق ـ قارلۇق» دېگەن ئىسىم قويۇپ بەگلەرگە باشلىق قىلىدۇ .

ئوغۇزخان مۇشۇ سەپەرىدە ، يولدا بۈيۈك بىر ئۆينى كۆرىدۇ ، تاملىرى ئالتۇن ، تۈڭلۈكلىرى كۈمۈش ، ئىشىكى تۆمۈردىن قىلىنغان بۇ ئۆينىڭ ئاچقۇچى يوق بولغاچقا ، قوشۇندىكى تۆمۈردۇقاغۇل دېگەن كىشىنى ئىشىكنى ئېچىشقا قالدۇرۇپ ، ئۇنىڭغا «قالاچ» دەپ نام بېرىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇزخان جۇرجىت خاقان بىلەن جەڭ قىلىپ غالىپ كېلىدۇ ۋە شۇ جەڭدە قولغا چۈشكەن ئولجىلارنى يۆتكەپ كېتىش ئۈچۈن «هارۋا» ياساپ ، ئۆلۈك ئولجىنى هارۋىغا قاچىلاپ ، تىرىك ئولجا (ئەسىرلەرنى ) نى هارۋىغا قېتىپ ئەكېتىشنى ئويلاپ تاپقان بارماقلۇق يۇسۇن بىلىككە «قاڭغالۇق» دەپ نام بېرى ـ دۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇزخان كۆك بۆرىنىڭ يول باشلىشىدا ، نۇرغۇن جەڭلەرنى قىلىپ ، هىندۇ ، تاڭغۇت ، شام ئەللىرىنى ئالىدۇ هەمدە جەنۇب تەرەپتىكى باراقان ئېلىنىڭ خانى مالسار خاقانىنىمۇ ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ .

ئوغۇز خاقاننىڭ يېنىدا مويسىپىت ، پاراسەتلىك كىشى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىسمى ئۇلۇغ تۈرك ئىدى . ئۇلۇغ تۈرك چۈشىدە كۈنپېتىشتىن تاكى كۈنچىقىشقىچە تارتىلغان ئالتۇن يا بىلەن شىمالىي تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرغان ئۈچ كۈمۈش يانى كۆرگەنلىكىنى ئوغۇزخانغا ئېيتىپ ، خاننىڭ ئۆز يەر ـ زېمىنلىرىنى ئەۋلادلىرىغا تەقسىم قىلىپ

بېرىشنى ئېيتىدۇ : ئوغۇزخان ئۇلۇغ تۈركىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە چوڭ ئوغۇللىرى كۈن ، ئاي ، يۇلتۇزنى شىمال تەرەپكە ئوۋغا ئەۋەتىدۇ ، ئۇلار نۇرغۇن ئوۋ غەنىيمەتلىرى بىلەن بىللە ئالتۇن يانى تېپىپ كېلىدۇ . ئوغۇزخان «يا سىلەرگە مەنسۇپ بولسۇن» دەيدۇ ، كىچىك ئوغۇللىرى كۆك ، تاغ ، دېڭىزلارنى جەنۇب تەرەپكە ئەۋەتىدۇ . ئۇلار ئۈچ كۈمۈش يانى تېپىپ كېلىدۇ ، ئوغۇزخان ئوقلارنى ئۈچكە بۆلۈپ بېرىپ ، «ئوق سىلەرنىڭ بولسۇن ، ئوقنى يا ئاتىدۇ ، شۇڭا سىلەر ياغا بويسۇنۇڭلار» دەيدۇ . ئاخىرى ئوغۇز خاقان ئەل يۇرتنى چاقىرىپ چوڭ قۇرۇلتاي ئۆتكۈزىدۇ ، ناھايىتى زور مىللىي مۇراسىم ئۆتكۈزىدۇ . ئوغۇز خاقان ئوڭ تەرەپكە قىرىق غۇلاچ ياغاچ تىكتۈرۈپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالتۇن توخۇ ئاستۇرىدۇ ، تېگىگە ئاق قوي باغلاتقۇزىدۇ . سول تەرەپكىمۇ قىرىق غۇلاچ ئاق ياغاچ قاداتتۇرۇپ ، ئۈستىگە كۈمۈش توخۇ ئاستۇرۇپ ، ئاستىغا قارا قوي باغلاتقۇزىدۇ ، ئوڭ تەرەپتە بوز ئوقلار (چوڭ ئوغۇللىرى) ، سول تەرەپتە ئۈچ ئوقلار ئولتۇرۇپ ، قىرىق كېچە - كۈندۈز ئويۇن - كۈلكە قىلىدۇ ، ئاخىرىدا ئەل - يۇرتنى ئىگىلىگەن يەرلىرىنى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بېرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئەسەر تامام بولىدۇ .

ئەسەرنىڭ ھەجمى چوڭ ئەمەس ، ئەمما ئۇ ئەكس ئەتتۈرگەن ۋەقەلەر زامان ۋە ماكان جەھەتتىن بەكمۇ چەكسىزدۇر . ئەسەردە ئەكس ئەتكەن رېئال يەر - جايلار ، تارىختا خېلى چوڭ رول ئوينىغان قەبىلە ۋە قەبىلە ئىتتىپاقلىرىنىڭ ناملىرى ، شۇنداقلا ئىنتايىن قەدىمكى ئۆرپ - ئادەت ، مۇراسىملار ئەدەبىيات ئۈچۈنلا ئەمەس ، بەلكى ئېتنوگرافىيە ، مىللەتشۇناسلىق ، تارىخشۇناسلىق پەنلىرى ئۈچۈن ، ئەسەرنىڭ ئەسلىي ئۇيغۇرچە تېكىستى ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىيال بېرىدۇ .

بىز «ئوغۇزخان» ئېپوسىنى ئەدەبىيات نۇقتىئىنەزەرىدىن كۆ-

زەتتۇق ، ئەمدى تۆۋەندىكى بىرمۇنچە تېمىلار ئاساسىدا تەھلىل قىلىپ ئۆتىمىز .

### «ئوغۇزخان» ئېپوسىنىڭ تۈپ ئىدىيىسى

ئېپوستىكى ۋەقەلەرنىڭ ئۆزىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى «ئوغۇزخان» ئېنىق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە ، بۇ خىل تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ، ئورخۇندىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كىچىك ئاسىيا-غىچە بولغان كەڭ زېمىندا تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ بىرلىشىش ، قەبىلە ھاكىمىيەتلىرىدىن زور فېئودال دۆلەت قۇرۇشقا ئىنتىلىش خاھىشلىرى ئارقىسىدا يۈزبەرگەن چوڭ يۆتكىلىشلىرى ، ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرەشلىرىدىن ئىبارەت بولغان «چوڭ داۋالغۇش» ھەرىكىتى ئىدى .

ئۇرۇقداشلىق يېمىرىلگەندىن كېيىن ، يەككە قەبىلىلەرنىڭ قەبىلە ئىتتىپاقى بولۇپ ئۇيۇشۇشى ، ئۇلارنىڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ھاكىمىيىتى ھەتتا قەبىلە ئىتتىپاقلىرى بىرلەشمىسى ھاكىمىيىتى قۇرۇشقا ئۇرۇنۇشلىرى بىر خىل ئىلغارلىق ھەمدە ، تارىخىي مۇقەررەرلىك ئىدى . مۇشۇنداق تارىخىي مۇقەررەرلىك ئاستىدا ، بىرلەشكەن فېئوداللىق ھاكىمىيەت قۇرۇش يولىدا ھەر خىل قەبىلىلەر ، خەلقلەر ئارىسىدا ئىنتايىن كەسكىن تىركىشىش ، ھەتتا زور كۆلەمدىكى ئۇرۇشلارنىڭ يۈز بېرىشى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى . مۇشۇنداق بىر تارىخىي ئەمەلىيەت ، كىشىلەر ئالدىغا سىياسىي جەھەتتە بىرلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ، ۋاستە جەھەتتىن قىلىچ ـ قالقانغا ، يەنى قەھرىمانلىققا تايىنىش مەسىلىسىنى قويىدى . مۇشۇنداق ئىجتىمائىي ـ سىياسىي تەلەپ ئەينى دەۋردە مەيدانغا كەلگەن تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئېپوسلىرى ، جۈملىدىن «ئوغۇزخان» ئۈچۈن ئىدىيىۋى ئاساس بولۇپ خىزمەت قىلغانىدى .

«ئوغۇزخان» ئېپوسىدا ئىلگىرى سۈرۈلگەن تۈپ ئىدىيە ، ئە-

سەرىنىڭ مەيدانىغا كېلىشىگە تۈرتكە بولغان، ئىچكى جەھەتتىن بىرلىشىش، سىرتقى چەتكە نىسبەتەن بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ ئىدىيە ئەسەردە باشتىن - ئاخىر ھاكىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئوغۇزنىڭ ئۆزىنى قەھرىمان قىلىپ تاللىشىدىن تارتىپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارغا خاقان بولۇپ ئىچكى بىرلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى، ئاندىن سىرتقا نىسبەتەن بىرلەشتۈرۈش - بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ھەربىي يۈرۈش قىلىشلىرىنىڭ ھەممىسى بىرلەشكەن چوڭ فېئودال دۆلىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇنىمۇ كۆرسىتىش كېرەككى، ئوغوزخان ئېپوسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىرلىشىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ، ئوغوزخان ئەتراپىدىكى بەگلەرمۇ، ئۇ بويسۇندۇرغان مەملىكەتنىڭ بەگلىرىمۇ ھەممىسى تارىختا ئۆتكەن ناھايىتى زور قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرىنىڭ ناملىرىدۇر. دېمەك ئېپوس ئالدىغا قويغان ئىدېئال ئادەتتىكى بىرلىشىش ئەمەس، بەلكى ناھايىتى زور بىرلىشىش ئىدېئالىدىن ئىبارەت بولغان. مۇشۇ توپ ئىدىيە ئەسەردىكى ۋەقەلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا يېتەكچى رول ئوينىغان. ئەسەردە ئەكس ئەتكەن چوڭ بىرلىشىش ئىدىيىسى ئىلغار «ئوغوزخان» ئېپوسىنىڭ بىرلىشىشنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە، كېيىنكى يىللارغىچە ياشاپ كەلگەنلىكىنىڭمۇ بىر سەۋەبى.

ئەسەردىكى قەھرىمانلىق ئىدېئالى. ئومۇمەن، ئېپوسلار قەھرىمان شەخسلەرگە بېغىشلانغان بولۇپ، قەھرىمانلىق ئىدېئالىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. لېكىن ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ ئېپوسلىرىنىڭ قەھرىمانلىقنى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئوخشىمايدۇ. ھەر بىر كونكرېت ئېپوس ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ.

«ئوغوزخان» ئېپوسىدا، بىرلىشىش ئىدىيىسى ئىلگىرى سۈرۈلىدىكەن، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ۋاستىسى قەھرىمانلىق، قەھرىمان شەخسلەرنىڭ ھەرىكەت پائالىيىتىدۇر. ئۇنىڭسىز بىرلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

«ئوغوزخان» ئېپوسىدا قەھرىمانلىق ئىدېئالى ئەڭ ئاۋۋال ئوغۇز ئوبرازىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان . ئوغوزنىڭ تۇغۇلۇپلا ئاش ـ تاماق تەلەپ قىلىشى ، شاراب ئىچىشى ، قىرىق كۈندىلا ئايىغى ئۆكۈزنىڭكىدەك ، بېلى بۆرىنىڭكىدەك ، كۆكسى ئېيىقنىڭكىدەك ھالەتتە چوڭ بولۇشى ، بېلىقلارنى بېقىپ ، ئوۋ ئوۋلىشى ، ھەرقانداق بىر سىمۋول تەسەۋۋۇرىدىن تاشقىرى ، چارۋىچى خەلقلەرگە خاس بىر خىل قەھرىمانلىقنىڭ بېشارىتى ئىدى . بۇنداق قەھرىمانلىق ئەڭ دەسلەپ ئوغوزنىڭ ئوۋ ئوۋلىشىدا ، ئوۋ جەريانىدا ، ھىيلە ۋە ماھارەت ئىشلىتىپ ، ۋەھشىي ھايۋان قېئاتنى ئۆلتۈرۈشىدە نامايان بولىدۇ . كېيىنكى ھەربىي يۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسىدە ئوغوزخان يېڭىلمەس ئورۇنغا قويۇلغان . ئۇ ، تەڭرى ئەلچىسى كۆك بۆرىنىڭ يېتەكلىشىدە بارلىق دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ . بۇ غالىبىيەت قەھرىمانلىقنىڭ ، يەنى ئوغوزخان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جان كۆيدۈرۈپ جەڭ قىلغان بەگلەر پائالىيەتلىرىنىڭ يەكۈنى سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ . بۇ قەھرىمانلىق ئىدېئالىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىدۇر .

ئىككىنچى جەھەتتە ، ئەسەردىكى قەھرىمانلىق ئىدېئالى ئوغوزخاننىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى بەگلىرىگە مۇناسىۋىتىدە يەنى قەھرىمانلارنى قەدىرلىشىدە ئىپادىلىنىدۇ . ئۇ ، ھەربىي يۈرۈشىدە ئەقىل كۆرسىتىپ چارە تاپقان ، جاسارەت كۆرسەتكەن بەگلىرىنىڭ تۆھپىسىنى ئالاھىدە ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇلارغا ئىنئاملار تەقسىم قىلىدۇ . ئوغوزخاننىڭ بۇ خىل مۇكاپات بېرىشى ، ئەمەلىيەتتە قەھرىمانلىقنى ئۇلۇغلاش بولۇپ ، پۈتۈن ئەسەردە ئوغوزخان ئوبرازى تىمسالىدا ئالغا سۈرۈلۈۋاتقان قەھرىمانلىق ئىدېئالىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەشتە ۋاستىلىك رول ئوينىغان .

«ئوغوزنامە» نىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋەقەلەر توغرىسىدا : «ئوغۇزنامە» ئېپوسىنى تەپسىلىي كۆزدىن كەچۈرسەك ، ئۇنىڭدا بۇنداق ئىككى باسقۇچ ۋە شۇنىڭغا ماس ھالدىكى خېلى

مەزمۇننى بايقاشقا بولىدۇ .

بىرىنچى قىسمى ، ئەسەرنىڭ باش قىسمى (ئوغۇزنىڭ تۇغۇلغىـ
نىدىن تاكى ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانى بولغىنىغا قەدەر ) ھەم ئاخىرقى
قىسمى ، يەنى ئۇلۇغ تۈركنىڭ چۈشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار .
ئىككىنچى قىسمى ئوغۇزخاقاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى ۋە شۇنىڭغا
باغلىق ۋەقەلەر .

بىرىنچى قىسىم ، خەلق رىۋايەتلىرى ، چۆچەكلىرى ۋە قەدىمكى
مىف ۋە مىفىك قاراشلار بىلەن باغلىق بولغان ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ قەدىمكى تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىـ
رى ، ئىشەنچ ـ ئېتىقادلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ . بۇ قىسىمدىـ
كى ۋەقەلەر بىزگە خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئىسپىك ئەسەرـ
لىرى ۋە ئېپوسلارنىڭ مەزمۇنى ، ئەكس ئەتتۇرۇش ئۇسۇلى ، ئۇلارنى
ئورتاق بولغان بەزى خۇسۇسىيەتلەر توغرىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك تەسەۋـ
ۋۇر ھاسىل قىلىشقا ئىمكانىيەت بېرىدۇ . ئۇنىڭدىكى بەزى ئېپىزوتلار
خەلق رىۋايەتلىرى ۋە چۆچەكلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللارنى بېشىدىن
كەچۈرگەن ھەر خىل باسقۇچلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ . شۇ
مەنىدىن ئېيتقاندا ، «ئوغۇزنامە» نى ئۆزى ئېپوس شەكلىدە دۇنياغا
كېلىشىدىن بۇرۇنقى مىفولوگىيىلىك تەسەۋۋۇر ، خەلق رىۋايەتلىرى
ۋە خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ناھايىتى ئىخچام ۋە ئومۇملاشتۇرۇلغان بىر
مەجمۇئەسى دېيىشكە بولىدۇ .

ئەسەردە ئەكس ئەتكەن قەدىمكى ئېتىقادلارنىڭ تەسىرىگە كەلـ
سەك ، ئەڭ ئاۋۋال توتېم ئېتىقادى بىلەن شامان ئېتىقادىنى كۆرسىـ
تىشكە توغرا كېلىدۇ . ئەسەردە ، ئوغۇزخان تۇغۇلۇشى بىلەن ھايۋانـ
لارنى تەقلىد قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ : ئۇنىڭ ئاياغلىرى ئۆكۈز ئايىغىـ
دەك ، بېلى بۆرىنىڭ بېلىدەك ، يەلكىسى بۇلغۇن يەلكىسىدەك ، كۆكـ
رىكى ئېيىق كۆكرىكىدەك بولۇشى ، شۇنداقلا ، «پۈتۈن بەدىنىنىڭ
تۈكلۈك» دەپ تەسۋىرلىنىشى ئوغۇزخاننى ئادەمدىن كۆرە ، توتېم

ئېتىقادىدا قەدىرلىنىدىغان ھايۋانلارغا يېقىنلاشتۇرىدۇ . شۇنىڭدەك ، ئەسەردە «ئىلاھىي نۇردىن» تۆرەلگەن «كۆك تۈكلۈك ، كۆك ياللىق بۆرە» نىڭ پەيدا بولۇشى بۇ توتېم ئېتىقادىنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرىدۇ ۋە كۆپ توتېملىق باسقۇچتىن بىر توتېملىق باسقۇچقا ئۆتۈش جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ . چۈنكى ئومۇمىي توتېم ئېتىقادى پارچىلانغاندىن كېيىنمۇ ، بۆرە توتېم ئېتىقادى ئۇيغۇرلار ئىچىدە يەككە توتېم سۈپىتىدە ئۆز تەسىرىنى كېيىنكى زامانلارغىچە ساقلاپ قالغان . «جۇ سۇلالىسى ، تۈركلەر تەزكىرىسى» دە تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ بۇ خىل ئادىتىنى «بايرىقىغا بۆرىنىڭ بېشى ئالتۇن ھەل بىلەن چۈشۈرۈلگەن ، ئۇلار ئۆز قاراۋۇللىرىنىمۇ بۆرە دەپ ئاتايدۇ» دەپ خاتىرىلىگەن .

ئىنسانلارنىڭ ۋەھشىي مەخلۇقلار ، يىرتقۇچ ھايۋانلار بىلەن بولغان كۈرىشى كىشىلەرنىڭ تەبىئەت دۇنياسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ، يەنە تەبىئەت ھادىسىلىرىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان پائالىيىتىنىڭ ئالاھىدە بىر باسقۇچى بولۇپ ، بۇ خىل ئۆزۈن بىر تارىخىي دەۋرنى تەشكىل قىلىدۇ . خەلق رىۋايەتلىرى ۋە چۆچەكلىرىدىكى ھايۋانلار توغرىسىدىكى ھېكايىلەر ، بولۇپمۇ ۋەھشىي ھايۋانلارغا قارشى كۈرەش ۋە ئۇلارنى بويسۇندۇرۇش سۇژېتى دەل ئاشۇ بىر تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى ۋە بەدىئىي ئۆزلەشتۈرۈلۈشىدۇر . «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا ئىنسانلار بىلەن تەبىئەت ، بولۇپمۇ ۋەھشىي ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشكە خېلى كۆپ ئورۇن بېرىلگەن ۋە بىرقەدەر يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن تەسۋىرلەنگەن . ئوغۇزخان كىشىلەر بېشىغا بالايىئاپەت كەلتۈرۈۋاتقان ۋەھشىي ھايۋان قېئاتنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۈچ قېتىم ئوۋغا چىقىدۇ ، بۇغىنى ، ئېيىقنى يەمچۈك قىلىپ ، ئاخىر ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ . زىددىيەت ئوغۇزخان پايدىسىغا ، يەنى ئىنسانلارنىڭ ئارزۇسى بويىچە ھەل بولىدۇ .

توپلىنىش ئېپىزوتى . ئېپوستىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى

ئېتىقاد ، ئىشەنچ ، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە مۇراسىملىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئېپىزوتلار ئالاھىدە دىققەتنى قوزغايدۇ ، بولۇپمۇ ئەسەرنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ مۇراسىمدا ، قىرىق غۇلاچتىن ئىككى ياغاچ تىكتۈرۈپ ، بىرىنىڭ ئۈستىگە ئالتۇن توخۇ ، ئاستىغا ئاق قوي ، ئىككىنچىسىنىڭ ئۈستىگە بىر كۈمۈش توخۇ ۋە ئاستىغا بىر قارا قوينى باغلاتقۇزۇشى قەدىمكى دەۋرگە ئائىت بىر خىل ئادەت ۋە مۇراسىمنىڭ ئەسەردە ئەكس ئەتكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ ، ئەمما بۇ ئادەت شامان دىنى ئېتىقادى بىلەن زىچ باغلانغان ، شامان دىنىدا «دەرەخكە ، ئورمانغا ئېتىقاد قىلىش »ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ ، دەرەخلەر ئاستىغا باغلانغان ئاق قوي بىلەن قارا قويمۇ شامان ئېتىقادىدىكى ئاق بىلەن قارىنى بىر ـ بىرىگە قارشى قويغانلىقى بىلەن باغلىق .

ئوغۇزخاننىڭ ئۆيلىنىشى ، يەنى ئۇنىڭ ئاسمان نۇرىدىن بولغان ۋە ئورمان ئىلاھى بەخش ئەتكەن ئىككى ئايالنى ئېلىشى «كۆك ئىلاھى» ۋە «ئورمان ئىلاھى» ئېتىقادىغا باغلىنىدۇ .

ئېنىقكى ، تۈركىي تىللىق خەلقلەر قەدىمكى ئەنئەنىسىدە شاھلار «تەڭرىدىن تۆرەلگەن» ، ياكى «كۆك تەڭرى مۇھاپىزىتىدە» بولىدۇ ، ئوغۇزخاننىڭ «كۆك ئىلاھى» نىڭ قىزىغا ئۆيلىنىشى ، شۇنداقلا «ئورمان ئىلاھى» نىڭ قىزىنىمۇ ئېلىشى تۈركىي خەلقلەر قەدىمكى ئېتىقادىنىڭ مىفولوگىيىلىك ھالەتتە ئەكس ئېتىشى ؛ تۈركىي خەلقلەر فولكلورى ۋە خەلق ئەدەبىياتىدا كەڭ تارقالغان ئادەت . بۇ ئادەتنى كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار شامان دىنى بىلەن باغلىق ، دەپ قارايدۇ . ل . يا . شتېرنبېرگ : «ھەرقانداق بىر شامان ئىككى روھىي خوتۇنغا ، يەنى ئورمان خوجىسى ۋە سۇ خوجىسىنىڭ قىزىغا ئىگە بولغان» دەپ كۆرسىتىدۇ («ئىپتىدائىي دىن» ) .

ئۇنىڭدىن باشقا ، تۈركىي تىللىق خەلقلەر فولكلورىدا ئىككى خوتۇنلۇق سۈژېت ۋەقەلىكنىڭ ئىككى يول بىلەن رىۋايەتلىنىشىنى تەمىن ئېتىپ ، ئائىلە ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىككى خىل تەبىقىسى ئوتتۇ-

رىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە زىددىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ ۋاستىسى بولغان. فولكلورنىڭ بۇ خىل ئەنئەنىسى «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا خېلى مۇكەممەل ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئوغۇزخان ئەۋلادلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ئوخشىمايدىغان ئىككى تەبىقىگە بۆلۈنۈشى ئۇلارنىڭ ھاكىم ۋە تابىلىق مۇناسىۋىتىدىن، ئۇزلۇكسىز ئۆسۈپ بارىدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي زىددىيەتتىن دېرەك بېرىدۇ. ئەسەردە ئەكس ئېتىشىچە، ئوغۇزخاننىڭ ئاسمان نۇرىدىن تۆرەلگەن خوتۇنىدىن بولغان ئوغۇللىرى ئالتۇن قىممەتلىك بولۇپ، كۇنچىقىشتىن كۇنپېتىشقىچە سوزۇلىدىغان ئالتۇن يا شۇلارغا تەئەللۇق بولىدۇ، كىچىك خوتۇنىدىن بولغان ئوغۇللىرى كۇمۇش قىممەتلىك بولۇپ، ئۈچ كۇمۇش ئوق شۇلارغا تەئەللۇق بولىدۇ. ئوقنىڭ ياغا بويسۇنۇشى تەبىئىي ئەھۋال، شۇڭا ئوغۇزخان چوڭ ئوغۇللىرىغا «ياغا ئوخشاش ئوقلارنى ئاسمانغا تەگكۈزۈڭلار» دېسە، كىچىك ئوغۇللىرىغا «يا ئوقنى ئاتىدۇ، سىلەر ئوقلاردەك بولۇڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىلىدۇ. بۇ، چوڭ خوتۇنىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى «بوز ئوق» لار ھاكىم، كىچىك خوتۇنىنىڭ ئوغۇللىرىدىن بولغان ئەۋلادى «ئۈچۇقلار» (ئۈچ ئوق) تابى بولۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ. «ئوغۇزنامە» نىڭ كېيىنكى «شەجەرەئى تۈرك» تە بېرىلگەن نۇسخىسىدا بۇ مۇناسىۋەت تېخىمۇ ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن:

«بىزدىن بۇرۇن ئۆتكەن خەلقلەر يانى پادىشاھ، ئوقنى ئەلچى ئورنىدا بىلگەن ئىدى ... بوز ئوق ياخشى پادىشاھ بولسۇن، باشقىلار (يەنى ئۈچۇقلار) نۆكەرلىككە رازى بولسۇن». دېمەك «ئوغۇزنامە» دىكى ئىككى خوتۇنلۇق سۇژىت ئاخىرى خۇددى باشقا خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكىنىدەك، ئوغۇز ئەۋلادلىرىنىڭ ھاكىم تەبىقىسى دۆلەتنى باشقۇرغۇچىلار، يەنە تابى تەبىقە، يەنى بويسۇنغۇچىلارغا بۆلۈنۈش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇنداق پىچىم ئەسەر ۋەقەلىرىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى (باشقا نۇسخىلىرىدىكى ئوغۇللارنىڭ ھاكىمىيەت

يۇرگۈزۈشى ۋە تالىشىشى) ئۇچۇن زېمىن تەييارلاپ بېرىدۇ .

«ئوغۇزنامە» نىڭ ئىككىنچى قىسمىدا ، ئوغۇزخاننىڭ چوڭ فېئودال ئىمپېرىيە قۇرۇش ئۇچۇن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى تەسۋىرلىنىدۇ . بۇ قىسىمدىمۇ قەدىمكى ئېتىقاد ۋە خەلق رىۋايەتلىرىگە خاس ئېلېمېنتلار ئۇچرايدۇ . مەسىلەن ، ئوغۇزخاننىڭ چېدىرىغا ئىلاھىي نۇرنىڭ چۈشۈشى ، ئۇنىڭدىن كۆك بۆرىنىڭ پەيدا بولۇشى ، ئوغۇز بىلەن كۆك بۆرە ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت ۋە كۆك بۆرىنىڭ قوشۇنغا يول باشلىشى ئوخشاش ئېپىزوتلار . لېكىن بۇنداق ئېپىزوتلار بۇ قىسىمدا ياردەمچى ئورۇندا بولۇپ ، مەزمۇننىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلمايدۇ . بۇ قىسىمدا مەزمۇننىڭ ئاساسىنى ئوغۇزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى تەشكىل قىلغان بولۇپ ، بۇ قىسىمدىكى ۋەقەلەر ئۆزىگە خاس ۋاقىت ئىزچىللىقى بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ ، شۇنداقلا ، ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتكەن جاينىڭ نامى ، تەبىئىي شارائىتىمۇ ئېنىق تەسۋىرلىنىدۇ . مەسىلەن ، ئېكى مۇرەن (ۋولگا دەرياسى) ، تاڭغۇت ئېلى ، جۇرجىت (جۇرجان ئېلى) ، سىندۇ (ھىندۇ) ، شاغام (شام-سۇرىيە) قاتارلىقلار ، يەنە داستاندا ، ئوغۇزنىڭ بەگلىرى تارىختا ئۆتكەن قەبىلىلەرنىڭ ئاللېگورىيىلىك ئوبرازى قىلىپ ئېلىنغان ، قىپچاق بەگ (قىپچاق قەبىلىسى) ، قاغارلۇق بەگ (قارلۇق بېگى) قالاچ ، قاڭغالۇق (قاڭلى) ، بۇ قەبىلىلەر مىلادىيە 8 - ، 9 -ئەسىرلەردە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا زور پائالىيەت ئېلىپ بارغان ، يېڭى ھاكىمىيەتلەر ئۇچۇن كۆرەشتە ئالاھىدە رول ئوينىغان قەبىلىلەر ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت . يۇقىرىقى ناملار ئېپوسنى مەلۇم دەرىجىدە رېئاللىققا يېقىنلاشتۇرىدۇ ، يۇقىرىقى قەبىلە ، دۆلەت ، يەر ناملىرى قانداقتۇر كونكرېت تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن باغلىقتەكمۇ تۇرىدۇ . لېكىن ئۇنى پروتوتىپ دەپ تونۇشقا بولمايدۇ ، چۈنكى كونكرېت شەخس ۋە كونكرېت تارىخىي ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئېپوسلارنىڭ خۇسۇسىيىتىگە يات ھادىسىدۇر .

ئوغۇزخان ئېپوسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنىڭ بىرى شۇ-كى ، قەبىلەناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ، بەگلەرنىڭ ئاللېگورىيە-لىك نامى سۈپىتىدە ، كونكرېت ۋەقەگە باغلاپ چۈشەندۈرگەن . بۇنداق فولك ئېتىمولوگىيە ھادىسىسى ئۇيغۇر رىۋايەتلىرى ۋە چۆچەكلىرىدە كۆپ ئۇچرىسىمۇ ، ئەمما ئېپوستا ئۇلار توپلانغان ، داستان سۇژىتى-نىڭ راۋاجىغا باغلانغان ۋە تېماتىك پىلانغا بويسۇندۇرۇلغان . ھەربىر قەبىلىنىڭ نامى ئەسەر سۇژىتىدىكى بىر ۋەقەگە باغلانغان ھەمدە ئەينى ۋەقەنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ، ئۇيغۇر تىلى تىل شارائىتى ئاستىدا ياساپ چىقىلغان . مەسىلەن ، «قارلۇق» قەبىلىسىنىڭ نامى ئوغۇزنىڭ ئېتىنى تېپىپ كېلىمەن دەپ قار - مۇزغا كۆمۈلگەن بەگكە تەبىئىي ھالدا «قاغارلۇق» قويۇلغىنىدا ئوخشاش ، سال ياساپ دەريادىن ئۆت-كۈزگەن بەگكە «قىپچاق» ، تۆمۈر ئىشىكنى ئېچىش ئۈچۈن تاغدا قىلىپ ، كېيىن ئىشىكنى ئاچقان تۆمۈردۇقاغۇل بەگكە «قالاچ» يەنى (قال - ئاچ ) ، ھارۋا ياسىغان بارماغلۇق بىلىك بەگكە ھارۋىنىڭ ماڭغاندا چىقىرىدىغان ئاۋازىغا تەقلىد قىلىپ «قاڭغالۇق» (قاڭلى ) ئىسىملىرىنى بېرىدۇ . بىر ئەسەردە بىرقانچە ئىسىمنىڭ ئېتىمولوگى-يىسى تەڭ بېرىلىشى ئەلۋەتتە كەم ئۇچرايدىغان ئەھۋال .

ئوغۇزخاننىڭ مۇئەييەن تارىخىي شەخسنىڭ ئوبرازى ياكى ئەمەس-لىكى توغرىسىدىكى مەسىلە خېلى كۆپ تالاش - تارتىشقا سەۋەب بولغان .

ئەڭ دەسلەپ ، رۇس ئالىمى ن . يا . بىچۇرىن ھونلار تەڭرىقۇتى مۇدۇن (باتۇ ) نىڭ ئۆز ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە ئۆز ئالدىغا زور ھاكىمىيەت قۇرغانلىقىغا «ئوغۇزنامە» دىكى ۋەقەلەرنى سېلىشتۇ-رۇپ ، ئوغۇزخاننى مۇدۇن (باتۇ ) تەڭرىقۇتنىڭ ئوبرازى بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىدۇ .

يەنە باشقىلار بولسا ، ئوغۇزخاننى چىڭگىزخانغا ، ھەتتا ئىسكەندەر زۇلقەرنەينگە تەقلىد قىلىشىدۇ . ئەمما ، خەلق ئېپوسىنىڭ ئاساسىي

قەھرىمانى بولغان ئوغۇزخان قانداقتۇر تارىختىكى شەخسلەرنىڭ ئەدەبىياتتا ئەكس ئەتكەن ئوبرازى بولماستىن ، بەلكى ئومۇملاشتۇرۇلغان تىپىك ئوبرازدۇر . ھەرقايسى خەلقنىڭ ئېپوسىنىڭ قەھرىمانلىرى شۇ خەلقنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى ، ھايات تەجرىبىسى ، ئارزۇ - ئارمانلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان ، شۇ خەلق بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي جەريان بىلەن باغلانغان بولىدۇ . دېمەك ، ئېپوسلارنىڭ قەھرىمانلىرى خەلقنىڭ رومانتىك غايىلىرى ھەمدە بەزى شۇ خەلق تارىخىدا ئۆتكەن مەلۇم تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ بەزى تەرەپلىرىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدۇ . ئوغۇزخان ئوبرازى ۋە ئېپوستىكى ۋەقەلەرنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىختىكى سەرگۈزەشتىلىرى ، رومانتىك غايىلىرى ، بەدىئىي تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ . بولۇپمۇ مەزكۇر ئېپوسنىڭ مىلادىيە 8 - ئەسىردىن بۇرۇن ئورخۇن ۋادىسى ۋە كەڭ موڭغۇلىيە يايلاقلىرىدا ياشىغان تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ، ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقلىرىنىڭ تارىخىي ھەرىكەتلىرى ، بولۇپمۇ مىلادىيە 9 - ، 10 - ئەسىرلەردە ، شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ ، يەتتە سۇ ۋە كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدا تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ قايتا تەشكىللىنىشى ، يېڭىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرىنىڭ پائالىيىتى ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ، قارلۇق قەبىلىلىرىنى ئاساس قىلغان قاراخانىيلار خانىدانلىقىنى قۇرۇش ۋە بۇ يېڭى خانىدانلىقنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ، تاكى سىر دەريا ، بۇخاراغىچە قىلغان يۈرۈشلىرى مەزكۇر ئېپوس ئۈچۈن مەلۇم دەرىجىدە ماتېرىيال ئاساسى بولغانلىقىنىمۇ سىرتقا قېقىشقا بولمايدۇ . شۇڭا ئۇ خىل ، بۇ خىل ۋەقە ، بەزىبىر قەھرىمانلارنىڭ تارىخىي ۋەقە ، تارىخىي شەخسلەرگە ئوخشىشىپ قېلىشى تەبىئىي ئەھۋالدۇر . لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئوغۇزخاننى مەلۇم رېئال شەخسنىڭ ئوبرازى ۋە ۋەقەلەرنىمۇ مەلۇم تارىخىي ۋەقەنىڭ ئۆزى دەپ قاراشقا بولمايدۇ . ئەگەر شۇنداق دەپ قارىلىدىكەن ، خەلق ئېپوسلىرىنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى تىپىك قەھرىمان ، تىپىك ۋەقەلەرنى ئەكس

ئەتتۇرۇشنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ .

## «ئوغۇزنامە» نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى :

«ئوغۇزنامە» ئۇزۇن بىر جەرياننى بېسىپ ئۆتكەن ئېپوس سۈپىتىدە ئۆزگىچە بولغان فولكلور مېۋىلىرىگە ، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغان ھەمدە ئۇنى راۋاجلاندۇرغان ، شۇ ئاساستا مۇكەممەل ئېپوس شەكلىنى ياراتقان . نەتىجىدە ، «ئوغۇزنامە» ئۆزگىچە بولغان خەلق ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى ئىچىدە بەدىئىي جەھەتتىن خېلى يۇكسەك ئورۇندا تۇرغانلىقى بىلەن پەرقلىنىپ ، ئەسەرنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ .

بىرىنچى ، ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ئەسەر سۇژىتىنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە پىششقانلىقىدا كۆرۈلىدۇ . ئوغۇزخان ئەسەر سۇژىتىنىڭ مەركىزىگە قويۇلغان بولۇپ ، باشتىن - ئاخىر يېتەكچى رول ئوينايدۇ . ئەسەر سۇژىت زەنجىرىدىكى باشقا ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى ئوغۇزخاننىڭ پائالىيىتىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرى بىلەن باغلانغان . ئەسەردىكى باشقا ئوبرازلار گەرچە غىل - پال كۆرۈنگەندەك قىلسىمۇ ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوغۇزخاننىڭ مەلۇم ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىقى بىلەن ئەسەرنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىگە سىڭدۈرۈلگەن . نەتىجىدە ، ئەسەر سۇژىتى تۈزۈلۈش ۋە ئەسەر سۇژىتىدىكى باشقا ۋەقەلەر ئارقىلىق ئوغۇزخاننىڭ ھەقىقىي قەھرىمان شەخس ، ئېپوسنىڭ مەركىزىي ئوبرازى بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرگەن . ئىككىنچى ، ئەسەر سۇژىتى ئىخچام ، يەنى سۇژىتىدا ۋەقەلەر ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بىرقەدەر زىچ بولۇپ ، دىققەتنى مەركەزدىن قاچۇرىدىغان ئارتۇقچە ۋەقەلەر يوق ھەمدە ئەسەردىكى زامان ، ماكان يۆتكىلىشىمۇ بىرقەدەر تېز . بۇ ، ئەسەرنىڭ ئاز ھەجىمدە ئۇزۇن زامان ۋە كۆپ ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرەلىشىنى كاپالەتلەندۈرگەن . ئۈچىنچى ، ئەسەردە ئوبراز يارد-

تىش ئۇسۇلى رەڭمۇرەك ، ئەسەردە قەھرىمان ئوبرازىنى يارىتىشتا ، بولۇپمۇ قەھرىمانلىقلا مەدھىيە ئوقۇشنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى مۇبالىغىدىن ئىبارەت . بۇنداق مۇبالىغە بىۋاستە ، ئۇدۇللا بىرىلمەستىن ، باشقىچە ئۇسۇللار بىلەن ئىپادە قىلىنغان . بۇنىڭ بىرىنچى خىلى پورترېت يارىتىش ئارقىلىق مۇبالىغە قىلىش ، بۇنىڭدا ئوغۇزخان ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئايالىغا بېرىلگەن پورترېت تىپىك مىسال بولالايدۇ . ئەسەردە يۇقىرىدا كۆرسەتكىنىمىزدەك ، ئوغۇزخانىنىڭ قىياپىتى ، كۈچلۈك ۋەھشىي ھايۋانلارنىڭ كۈچلۈك ئەزالىرىغا ئوخشىتىلىشى ، (قاراڭ ، ئايىغى ئۆكۈزنىڭكىدەك ، بېلى بۆرىنىڭكىدەك ، كۆكسى ئېيىقنىڭكىدەك ، كوكسى لاچىننىڭكىدەك ) . خەلق ئەدەبىياتىدىكى «ھايۋانىي ئىستىل» ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكىدىن ، ئوغۇزخانىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان بىر خىل مۇبالىغە . ئەسەردە ئوغۇزخانىنىڭ ئىككى ئايالىنىڭ قىياپىتىگە ئىنتايىن گۈزەل تىل بىلەن پورترېت بېرىلىدۇ . «ياخشى كۆرۈكلۈك قىز ئەردى . ئانۇڭ باشىندا ئاتاشلۇغ يارۇقلۇق بىرمەڭى بار ئەردى ، ئالتۇن قازۇقتەك ئەردى ، ئوشۇل قىز ئانداغ كۆرۈكلۈك ئەردىكىم ، كۈلسە ، كۆك تەڭرى كۈلەتۈرۈر ، يىغلاسا ، كۆك تەڭرى يىغلاياتۇرۇر ئەردى» .

بۇ ئاجايىپ تەسۋىر قىزنىڭ كۆك تەڭرىگە مەنسۇپ قىياپەتلىرىنى ئىپادىلەشتىن باشقا ، ئاساسەن ، ئوغۇزخاننى ئاشىق قىلىشنىڭ ۋاسىتىسىدۇر . ئوغۇزخانىنىڭ ئورمان ئىلاھىدىن بولغان ئايالىنىڭ تەسۋىرى يەنە باشقىچە :

« . . . ياخشى كۆرۈكلۈك بىر قىز ئەردى ، ئانۇڭ كۆزۈ كۆكتۈنى كۆكرەك ، ئىنۇڭ ساچى مورەن ئوسىغىدەك ، ئىنۇڭ تېشى ئۇنچۇدەك ئەردى ، ئانداغ كۆرۈكلۈك ئەردىكىم ، يەرنىڭ ئەلكۈنى ئانى كۆرسە ، ئاي – ئاي ، ئاھ – ئاھ ئۆلەبىز دەپ ، سۈتتەن قۇمۇز بۇلاتۇرۇر ئەردى» .

ئېنىقكى ، كۆك مەلىكىسىگە بېغىشلانغان تەسۋىرىي ۋاستىلەر

بىلەن ئورمان مەلىكىسىگە بېغىشلانغان تەسۋىر ۋاستىلىرى تامامەن پەرقلىق ، بىرسى ئاساسەن ئاسمان جىسىملىرى ، ئىككىنچىسى بولسا يەر جىسىملىرى بىلەن ئوخشىتىلغان . بۇ قىياپەت تەسۋىرى ئارقىلىق ئوبرازنىڭ مەنسۇپلۇقىنى ئىپادىلەشنىڭ نادىر ئۈلگىسى . لېكىن ئا- خىرقى ھېسابتا مۇبالىغە ئارقىلىق ئوبرازنى يۈكسەلدۈرۈشكە ، ئاقىد- ۋەتتە ئوغۇزخاننى مەپتۇن قىلىشقا بېغىشلانغان .

ئەسەردىكى مۇبالىغە تەسۋىرىنىڭ ئىككىنچى خىلى ، ئوبرازلار- نىڭ پەزىلەت تەسۋىرى ۋە ھەرىكەت تەسۋىرىدە ئىپادىلىنىدۇ . مەسىد- لەن : قاغارلۇق بەگنىڭ پەزىلىتى بۇنداق بايان قىلىنىدۇ :

«چەرىگىدە بىر بەدۆك ، قاغىز ئەر بەگ بار ئەردى ، چالاڭ ـ بۇلاڭدان قورقماس تۇرۇر ئەردى ، بۇرۇگۇدە ، سوغۇرغۇدا ئوڭا ئەر ئەردى» .

بۇ قاغارلۇق بەگنىڭ قابىلىيىتى ۋە پەزىلىتىنى ئاشۇرۇپ (مۇبا- لىغە ) كۆرسىتىش بىلەن ئۇنى ئۆزىنىڭ كېيىنكى جاسارىتىگە لايىقلا- شتۇرىدۇ . ئۇلۇغ تۈركنىڭ تەسۋىرىدە بولسا ، قىياپەت تەسۋىرى بىلەن پەزىلەت بايانى بىرلەشتۈرۈلگەن .

«ئاق ساقاللىغ ، مۇزساچلىغ ، ئۇزۇن ، ئوزلۇغ بىرقارتا كىشى تۇرۇر ، بار ئەردى ، ئوقۇغلۇق ، تۇزۇن بىر ئەر ئەردى ، تۈشمەل ئەردى . ئانىڭ ئاتى ئۇلۇغ تۈرك ئەردى» .

بۇ تەسۋىردىن ئۇلۇغ تۈركنىڭ ھەم سالاپەتلىك مويسىپىت كىشى ئىكەنلىكى بىلىنسە ، ئۇنىڭ پەزىلەت تەسۋىرىدىن ناھايىتى بىلىملىك ، ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلالايدىغانلىقىغا بېشارەت بېرىلگەن . تۆتىند- چى ، «ئوغۇزنامە» دە ئاللېگورىيىلىك ئىپادىلەش ، بولۇپمۇ بەگلەر- نىڭ ئاللېگورىيىلىك ناملىرى ئەسەرنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئىپادى- لەش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرسىدۇر . مەسىلەن : قار ـ مۇزغا كۆمۈلگەن بەگنىڭ ئىسمى «قاغارلۇق ـ قارلۇق» بولۇشى ، ھارۋا ياسىغان بەگنىڭ ئىسمى ؛ بارماغلۇغ يوسۇن بىلىك» يەنى «سەپەرنىڭ

قائىدە - يوسۇننى بىلگۈچى» بولۇشى، تۆمۈر ئىشىكنى ئاچقان بەگنىڭ نامى «تۆمۈردۇقاغۇل» (تۆمۈردىن ئەۋرىشىم) بولۇشى ئۇلارنىڭ ئەسەردە ئوينىغان رولىغا ماسلاشتۇرۇپ قويۇلغان ئاللېگورىيىلىك ئىسىملاردۇر. ئوغۇزخاننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئىسىملىرى، يەنى كۈن، ئاي، يۇلتۇز، كۆك، تاغ، تەڭىز، شۇنداقلا «بوزۇق»، «ئوچۇق» قەبىلىلىرىمۇ ئاللېگورىيىلىك ئۇسۇل بىلەن تەقلىد قىلىنغان ياكى ياساپ چىقىلغان ئىسىملاردۇر.

**«ئوغۇزنامە» دە قەدىمكى شېئىرىيەت:** «ئوغۇزنامە» ئېپوسى نەسرىي ئۇسۇلدا يېزىلغان، بىراق شېئىرىي شەكلى بولغان سىنتاكتىك پاراللېلىزمدىن، يەنى ئوخشاش مەنىلىك ياكى ئانتونىم سۆزلەرنىڭ تەكرارلىنىشى، رادىفلىق قاپىيەدىن شۇنداقلا قاپىيىلىك جۈملىلەردىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. بۇ خىل ئىپادە شەكلى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئېپوسلىرىغا ئورتاق، شۇنداقلا ئەڭ قەدىمكى بىر شېئىرىي ئۇسلۇبقا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەسىلەن:

«جىدابىرلە، يا - ئوق بىرلە، تاقى قىلىچ بىرلە ئاتلادى»؛

«بۇندا كەلگەنلەر كىك كۆپ - كۆپ، بۇندا ئۇچقانلار قۇش كۆپ - كۆپ».

بۇنىڭدىن باشقا، ئەسەرنىڭ بەزى ئورۇنلىرى رەسمىي شېئىرىي جۈملە بىلەن، پاراللېلىزم ۋە ئاياغ قاپىيە بىلەن بېرىلگەن.

«چەرىگلەر ئارالارىندا،
كۆپ تەلىم بولدى ئۇرۇشغۇ.
ئەل - كۈنلەرنىڭ كۆڭۈللەرىندە،
كۆپ تەلىم بولدى قايغۇ.»

«سەن مۇندا بەگلەرگە بولغىل باشلىغ،
مەنگۈلەپ سەنگە ئات بولسۇن قاغارلىق.»

يەنە :

«قانغا ، قانغابىرلە ئۆلۈكنى
تىرىگ يۈرگۈزسۇن ،
قانغالىق ساڭا ئات بولۇغلۇق
قانغا بىلگۈرسۇن» .

يۇقىرىقى قۇرلار نەسرىي ئارىلىقىدا بېرىلگەن شېئىرىي مىسرا-لارغا مىسال بولىدۇ .

«ئوغۇزنامە» داستانىدا قوللىنىلغان شېئىرى ئۇسلۇبمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ . ۋەقەلەر ئارىلىقىدا ، بولۇپمۇ هاياجانلىق ، تەنتە-نىلىك باياناردىڭ شېئىر بىلەن بېرىلىشى خەلق داستانلىرى ئۈچۈن تىپىك بولغان شەكىلدۇر . «ئوغۇزنامە» دە شېئىرىي شەكىل ئاساسەن تەنتەنىلىك جاكار ۋە مۇراجىئەتلەردە قوللىنىلغان ، ئوغۇزخان ئۆزىد-نىڭ قاغانلىقىنى جاكار قىلغان ئېپىزوت تىپىك قەدىمكى تۈركىي شېئىر شەكلىدە بېرىلگەن :

«مەن سەنلەرگە بولدۇم قاغان ،
ئالالىڭ يا تاقى قالقان ،
تامغا بىزگە بولسۇن بۇيان ،
كۆك بۆرى بولسۇنغىل ئۇران ؛

تەمۇر ، يىدالار بولسۇن ئورمان ،
ئاۋ يەردە يۈرۈسۇن قۇلان ،
تاقى تالۇي ، تاقى مۇرەن ،
كۈن تۇغ بولغىل ، كۆك قورىقان» .

بۇ سۆزلىرى ئۆزئارا توق قاپىيە قىلىنغان ، سەككىز بوغۇملۇق $(y+y=8)$ ئىككى تۆتلۈكتىن ئىبارەت بۇ پارچە

شېئىرىي شەكىلنىڭ مۇكەممەل بولغانلىقى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئوخشىتىشلىرىنىڭ ئۆزگە خاسلىقى، يەنى نەيزىلەر ئورمان، كۆن تۇغ، ئاسمان چېدىر سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىشى بىلەن يۈكسەك بىر رومانتىك ئارزۇنى ئىپادە قىلىدۇ ھەمدە ئوغۇزخاننىڭ مەقسىتىنى ناھايىتى ئوبدان ئىپادىلەپ بېرىدۇ. نۇرغۇن نەسرىي قۇرلار بىلەنمۇ ئىپادىلەپ بولمايدىغان بۇنداق بىر خىل مەقسەت ۋە ئارزۇ ئەسەردە شېئىرنىڭ بەدىئىي قۇدرىتى بىلەن ئىككى تۆتلۈك ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىلگەن.

«ئوغۇزنامە» دە بېرىلگەن نەسھەت، مۇراجىئەت سورۇنىدىكى شېئىرلار يەنە باشقىچە بولۇپ، ئويناق، جەڭگىۋار ئەمەس، ئۇلۇغ تۈركنىڭ ئوغۇزخانغا قىلغان مۇراجىئىتى ئەنە شۇ تىپتىكى شېئىردۇر:

«ئاي قاغانۇم، سەنگە ياشاغۇ بولسۇنغىل ئۇزۇن،
ئاي قاغانۇم سەنگە تۆرۈلۈگ بولسۇنغىل تۇزۇن.
بەنگە كۆك تەڭرى بەردى تۈشۈمدە كەلدۈرۈسۈن،
تالايى تۇرۇر يەرنى ئۇرۇغۇڭقا بەردۇرسۇن.»

بۇ شېئىر شەكلى ئىككىلىك بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئەدەبىياتىدىكى بېيىت شەكلىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇنداقلا aa, bb قاپىيىلىك بولۇپ، ئۇيغۇر شېئىرىدە تۇنجى كۆرۈلگەن بىر خىل شېئىرىي شەكىلدۇر.

ئوغۇزخاننىڭ ئوغۇللىرىغا قىلغان ۋەسىيىتى خۇددى ئاۋۋالقى جاكارسى بىلەن ئوخشاش شېئىرىي شەكىلدە ئىپادە قىلىنغان، لېكىن، كېيىنكى شېئىردا ئاۋۋالقىسىدەك كۆتۈرەڭگۈ، جاسارەت ئىپادىلەنمىگەن، بەلكى ئوغۇزنىڭ قېرىلىق مەزگىلىگە لايىق ھالدا بېرىلگەن:

«ئاي ئوغۇللار ، كۆپ مەن ئاشتۇم ،
ئورۇشغۇلار كۆپ مەن كۆردۇم ،
يىدابىرلە كۆپ ئوق ئاتتۇم ،
ئايغىر بىرلە كۆپ يول يۈردۇم .

دۈشمەنلەرنى يىغلاغۇردۇم ،
دوستلارۇمنى مەن كۈلدۈردۇم ،
كۆك تەڭرىگە مەن ئۆتەدۈم ،
سىزلەرگە بەرەمەن يۇرتۇم .»

ئومۇمەن «ئوغۇزنامە» دىكى شېئىرىي مىسرا ۋە شېئىرىي پارچىلار ئەسەرنىڭ بەدىئىي يۈكسەكلىكىنى ئىپادىلەپ قالماستىن ، بەلكى ئەينى زاماندا مەيدانغا كەلگەن شېئىرىي شەكىللەر ۋە ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىدىكى شېئىرىي مۇكەممەللىك توغرىسىدا ئوبدان دېرەك بېرەلەيدۇ .

**«ئوغۇزخان» ئېپوسىنىڭ باشقا ۋارىيانتلىرى :**

«ئوغۇزخان» توغرىسىدىكى رىۋايەتنىڭ ئېپوس شەكلىنى ئالغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «تۇرپان نۇسخىسى» دىن باشقا ، ئۇنىڭ ئىسلاملاشقان بىرمۇنچە نۇسخىلىرى ساقلانماقتا . بۇ نۇسخىلارنىڭ كۆپى ئوغۇزخان قىسسىسىنى تارىخىي رىۋايەت تەرىقىسىدە ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامغا كىرىشى ۋە «ئۇيغۇر ئىتتىپاقى» نىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ پاكىتى سۈپىتىدە بايان قىلىنغان . ئومۇمەن تۈركىي تىللىق خەلقلەر تارىخىغا بېغىشلانغان قەدىمكى كىتابلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئوغۇز قىسسىسىنى ئوخشاشمىغان نۇقتىدىن ئەكس ئەتتۈرگەن .

بۇنداق نۇسخىلاردىن مەشھۇرلىرى ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ۋە «شەجەرەئى تەراكىمە» ، رەشىدىدىنىنىڭ «جا-

مىئۇل تاۋارىخ» تا كەلتۈرۈلگەن نۇسخىلاردۇر . بۇ نۇسخىلاردىكى
ئومۇمىي ئالاھىدىلىك ، ئوغۇزخان قىسسىسىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام-
غا كىرىشى بىلەن باغلايدۇ . مەسىلەن ، ئەبۇلغازى قايتا ئىشلىگەن
«شەجەرەئى تۈرك» تىكى نۇسخىسىدا بۇ ۋەقەنى تۆۋەندىكىچە بايان
قىلىدۇ :

ئوغۇزخان تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئانىسىنىڭ
سۈتىنى ئەممەيدۇ ۋە ئانىسىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ .
ئانىسى مۇسۇلمان بولىدۇ ، ئوغۇز بىر ياشقا توشقاندا ، چوڭ توي
قىلىپ ، بەگلىرىدىن ئوغۇلغا نېمە ئات قويۇشنى سورايدۇ . شۇ چاغدا
بالا تىلغا كىرىپ ، «ئىسمىم ئوغۇز بولىدۇ» دەيدۇ . ئوغۇز يىگىت
بولغاندىن كېيىن دادىسى قاراخان ئۇنىڭغا ئىككى قېتىم ئۆز قېرىند-
اشلىرىنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىدۇ ، لېكىن ئۇ قىزلار ئىمان ئېيتىپ
مۇسۇلمان بولۇشنى رەت قىلغانلىقتىن ، ھەر ئىككىسىدىن ئايرىلىدۇ .
ئاخىرى بىر كۈنى ئوغۇزخان ئوۋغا چىققاندا ، هامما ئاچىسىنىڭ
قىزىغا ئۆز سىرىنى ئېيتىدۇ . قىز مۇسۇلمانلىقنى قوبۇل قىلىدۇ ،
ئوغۇزخان شۇ قىزغا ئۆيلىنىدۇ . ئوغۇزخان يىراق يەرگە ئوۋغا كەت-
كەندە ، كېلىنلىرى ئوغۇزنىڭ ئۆزلىرىگە قويغان مۇسۇلمان بولۇش
تەلىپىنى قاراخانغا يەتكۈزىدۇ ، قاراخان بەگلىرىنى چاقىرىپ مەسلى-
ھەت قىلىدۇ ۋە ئوغۇزنى ئوۋدا ئۆلتۈرمەكنى قارار قىلىشىدۇ ، ئو-
غۇزنىڭ مۇسۇلمان ئايالى بۇ ئىشتىن ئوغۇزغا خەۋەر يەتكۈزىدۇ .
ئوغۇزمۇ بۇنىڭغا تەييارلىنىدۇ ، لېكىن ئۇلار ئازچىلىق ئىدى . قارا-
خاننىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ كۆپلىگەن باللىرى ئوغۇز تەرەپكە بارىدۇ .
شۇڭا ئوغۇز ئۇلارغا «مۇسۇلمان» مەنىسىدە «ئۇيغۇر» دېگەن نام
بېرىدۇ . ئوغۇز ئاتىسى بىلەن بولغان جەڭدە يېڭىدۇ ، قاراخان نامەلۇم
كىشى تەرىپىدىن ئېتىلغان ئوق زەخمىدىن ئۆلىدۇ . ئوغۇز ئاتىسىنىڭ
تەختىگە ئولتۇرۇپ خاقان بولىدۇ . «ئوغۇزخان» قىسسىسىنىڭ بۇ
قىسمى قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدىن تامامەن باشقىچىدۇر . «تۈر-

پان نۇسخىسى» دىكى قەدىمكى توتېم ئېتىقادى ، مىفولوگىيىلىك تەسەۋۋۇرلار ۋە شامان دىنىغا باغلىق ۋەقەلەرنىڭ بىرسىگىمۇ ئورۇن بېرىلمىگەن . ئوغۇزخاننىڭ سەرگۇزەشتىسى ۋە تەختكە چىقىشى پەقەت ئىسلامنى تارقىتىش مەقسىتى ۋە پىلانى ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان .

ئوغۇزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى ، ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى جەريانىدىكى ئاساسىي ۋەقەلەر ئىككى نۇسخىدا ئوخشىشىدۇ ، بولۇپمۇ جۇرجىت ئېلىنىڭ تەسۋىرى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئىككى نۇسخىدا ئەينەن دېگەندەك بېرىلىدۇ . مەسىلەن ، ئەبۇلغازىدا :

«جۇرجىت تىكان بىر ئۇلۇغ يۇرت تۇرۇر ، شەھەرلەرى ، كەنتلەرى كۆپ ، ختاينىڭ تېمۇر قازۇق تەرەپىندە بولۇر . . . . . لەشكەرنىڭ قولىغە ئول چاقلى ئۆلۈك مال تۇشتىكىم ، يۈكلەمەككە كۆلۈك ئازلىق قىلدى . بىر ياخشى چىبەر كىشى بار ئەردى ، ئول پىكىر قىلىپ ئارابانى ياسادى . . . ئانى ياساغان كىشىنى قانقىل تىدىلەر » .

«تۇرپان نۇسخىسى» دا :

«تارلاغۇسىز بىر يازى يەر ئەردى ،
مۇڭا جۇرجىت دەدۇرۇرلار ئىردى ،
بەدۆك بىر يۇرت ئەلگۈن ئېردى . . .
ئۇرۇشغۇدۇن سوڭ . . . ئانداغ
ئۇلۇغ ئۆلۈگ بارغۇ تۇشتى كىم ،
يۈكلەمەككە كەلدۇرمەككە
ئات ، قاغاتىر ، ئۇد ئازلىق
قىلدى . . . ئاندا ، ئوغۇزخاقانىنۇڭ
چەرىگىدە ئۇزلۇغ ئىشاي بىر چەبەر
كىشى بار ئەردى ، بۇ چەبەر كىشى بىر قانغا
چاپتى . . . قانغالۇق ساڭا ئات
بولغۇلۇق قانغا بىلگۇرسۇن»

يۇقىرىقىدەك ئوخشاشلىقلارغا قاراپ، بەزى مۇتەخەسسىسلەر، ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ مەزكۇر ئەسەرنىڭ قەدىمكى نۇسخىسىنىڭ بىرەر كۆچۈرمىسىگە ئىگە بولغانلىق ئېھتىمالىنىمۇ ئىلگىرى سۈردى.

ئەسەرنىڭ كېيىنكى قىسمىدىمۇ مەلۇم ئۆزگىرىشلەر قىلىنغان: ئوغۇزخان يۇرۇشلىرىگە، «ئىت ياراق» دېگەن بىر مەملىكەت قوشۇلغان، «ئۇلۇغ تۈرك» چۈشىدە بايان قىلغان «ئالتۇن يا» «كۈمۈش ئوق» ۋەقەسى ئوغۇزخاننىڭ نۆكەرلىرى تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن بولىدۇ. «ئۇلۇغ تۈرك» دېگەن ۋەزىر ئورنىغا، ئۇيغۇرلار ئاقساقىلىنىڭ ئوغلى ئېرقىل ئاتا دەسسىتىلگەن، بۇ شەخس ئوغۇزغىمۇ، كۈن خانغىمۇ ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

# ئۈچىنچى باب

# 5 ~ 8 ـ ئەسىرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

## ئەڭ قەدىمكى يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى

مىلادىيە 5 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بولغان قاڭقىل قەبىلىلىرى جورجانلار بىلەن بولغان ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلاردىن كېيىن ئىككى قىسىمغا بۆلۈندى. بىر قىسمى شىمال تەرەپكە ـ ئورخۇن ـ سېلېنگا دەريالىرى بويلىرىغا قاراپ يول ئالدى، يەنە بىر قىسمى ئالتاي ۋە تەڭرىتاغلىرى بويلىرىغا قاراپ يول ئالدى. تىخونوف: «ئەھۋاللارغا قارىغاندا، جەنۇبىي ئىتتىپاقنى تەشكىل قىلغان ئون ئۇيغۇرلار مىلادىيە 3 ـ ئەسىردە غەربكە قاراپ، شىمالىي ئىتتىپاقنى تەشكىل قىلغان توققۇز ئۇيغۇرلار بولسا، شىمالغا قاراپ يول ئالغان دېگەن مەلۇماتلارغا مۇشۇ يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن يۆنىلىشنى باغلاپ قاراش لازىمدەك قىلىدۇ.» دەپ كۆرسىتىدۇ.[①] مىلادىيە 487 ـ يىلى جورجان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ زۇلمىغا چىداپ تۇرالمىغان بۆركلى قەبىلىسى باشچىلىقىدىكى شەرقىي قاڭقىللاردىن 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم غەربكە كۆچتى ۋە بۆگۈنكى

① «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000)، 123 ـ بەت.

تۈرپاننىڭ شىمالىدىكى جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ شەرقىدە «قاڭقىللار دۆلىتى» قۇردى. بۇ يايلاقتىكى قەدىمكى ئۇيغۇرلار تۇنجى بولۇپ قۇرۇپ چىققان ھاكىمىيەت ئىدى. مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، سېلىنگا دەرياسى، ئورخۇن دەرياسى ۋە تۇغلا دەرياسى ساھىلىدىكى قاڭقىللار ئانچە مۇستەھكەم بولمىغان بىر گۇرۇھ بولۇپ شەكىللەندى. ① مىلادىيە 5 ~ 6 ـ ئەسىرلەردە، تارىخىي كىتابلاردا «شەرقىي قاڭقىللار» دەپ ئاتالغان قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىر سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ئورتاق گەۋدىگە ئۇيۇشۇپ، سىياسىي سەھنىگە چىقىشى (ئۇيغۇر ھاكىمىيەتچىلىكىنىڭ باشلىنىشى) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى مۇھىم ئىمكانىيەت بىلەن تەمىن ئەتتى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېزىققا ئېلىنىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ قەدىمكى نەمۇنىلىرىمۇ مىلادىيە 5 ـ ئەسىرنى دەۋرىي قىلىپ مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭغا شۇ ئەسىر (5 ـ ئەسىر) دە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدا قەلەمگە ئېلىپ كۆچۈرۈلگەن «خۇئاستۇئانفت» (مانى توۋا دۇئانامىسى) نى، يەنە شۇ ئەسىردە مەيدانغا كېلىپ، مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قوغۇرسۇ ئالتۇنىنىڭ ئېيتىپ بېرىشى بىلەن قەلەمگە ئېلىنىپ، «مۇزىكا مەھكىمىسى شېئىرلار توپلىمى» غا كىرگۈزۈلگەن «تېيلى قوشىقى» مىسال بولالايدۇ.

مىلادىيە 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، سىبىرىيە تەتقىقاتچىلىرى يېنىسەي دەرياسى بويىدىكى قىيالىقلاردا بىر قىسىم تاش ئابىدىلەرنى بايقىغاندىن باشلاپ، رۇنىك يېزىقىدىكى تاش ئابىدىلەر ھەققىدىكى خەۋەرلەر ئىلىم

① ياڭ شىڭمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار» (ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998)، 36 ـ ، 38 ـ بەتلەر.

ساھەسىنىڭ دىققىتىنى تارتتى . مىلادىيە 19 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرى روسىيە ئارخېئولوگلىرى ئورخۇن ـ يېنىسەي دەرياسى بويـ ـلىرىدىن بىر تۈركۈم ئابىدىلەرنى تاپتى . تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تۈرك قاغانلىقى ۋە ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرىدە مەشھۇر قاغان ، ۋەزىرە سەركەردە ۋە تونۇلغان شەخسلەرنىڭ ۋاپاتى ، خاتىرىسى يۈزىسىدىن ئورنىتىلغان بۇ ئابىدىلەر (مەڭگۈتاشلار ) نىڭ مىلادىيە 7 ـ ، 8 ـ ئەسىرلەردە تىكلەنگەنلىكى ، مەڭگۈتاشلارغا ئويۇلغان يازمىلارنىڭ ھەم تارىخ ھەم ئەدەبىيات جەھەتتىن زور قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ئىسپاتـ ـلاندى . ئورخۇن ـ يېنىسەي دەريا بويلىرىدىن تېپىلغان قەدىمكى تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىدىكى بۇ مەڭگۈتاش يادىكارلىقلىرى ـ ئۇلارنى تىكلىگەن تۈركىي تىللىق خەلقلەر ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەتـ ـلىك ئەدەبىيات يادىكارلىقى ھېسابلىنىپ ، ئۇلار ئەدەبىياتىنىڭ مىلادىيە 7 ـ ، 8 ـ ئەسىرلەردىكى «مەڭگۈتاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى» قىسمىنى تەشكىل قىلدى .

ئەڭ قەدىمكى ۋە مۇكەممەل نۇسخىسى مىلادىيە 8 ـ ئەـ ـسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ، 9 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى قەلەمگە ئېلىنغان «ئىرق بىتىگ»مۇ ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ . مەزكۇر بابتا ئالدى بىلەن مىلادىيە 5 ~ 9 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا قەلەمگە ئېلىنىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى ھەققىدە ، ئاندىن مەڭگۈتاش ئەدەبىي يادىكارلىقـ ـلىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز .

## «تېيلى قوشىقى»

«تېيلى» ( 铁勒 ) لار ـــ تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىي ۋە شىماـ ـلىدىن ھازىرقى موڭغۇل دالالىرى ، جەنۇبىي سىبىرىيىگىچە بولغان كەڭ زېمىنغا تارقىلىپ ياشاپ ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېتنىك تەشكىل تېپىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان ، ئېلىمىزنىڭ تارىخىي مەنبەلىرىدە

كۆپرەك تىلغا ئېلىنىپ ، «دىلى» （狄历） ، «دىڭلىڭ» （丁零） ، «چىلى» ، （敕勒） «قاڭقىللار» （高车） ئېگىز هارۋىلىق-لار ) دەپ خاتىرىلەنگەن «شىمالىي قوملۇق ئۇيغۇرلىرى»نىڭ ۋېي سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيە 386～534 )دە ئاتىلىشى ئىدى . «يېڭى تاڭنامە . ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە»دە : «ئۇيغۇرلار . . . كۆپىنچە ئېگىز چاقلىق هارۋىلارغا چىقىپ يۈرەتتى . يۈەن ، ۋېي زامانىسىغا كەلگەندە قاڭقىللار دەپ ئاتالدى ياكى چىلى دېيىلدى ، ناتوغرا تەلەپپۇز قىلىنىپ ، تېيلى دېيىلگەن چاغلارمۇ بولدى»دەپ يېزىلغان ئىدى . « ‹تېيلى › دېگەن نام ‹چىلى › ۋە ‹دىڭلىڭ › دېگەن ناملارغا ئوخشاش ‹ Turk › سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى . » ①

قاڭقىللارنىڭ مىلادىيە 5 ـ ئەسىردىكى چوڭ كۆچۈشلىرى داۋامىدا هازىرقى موڭغۇل دالىسىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى يايلاقلاردا ماكانلاشقان قاڭقىللار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىغا بېقىندى . شىمالىي ۋېي سۇلالىسى شىمال ۋە غەربتىكى قاڭقىللار ۋە جۇرجانلارنىڭ زور بىر قىسمىنى موڭغۇل دالىسىنىڭ جەنۇبىغا يۆتكەپ ، تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىققا قويدى . نەتىجىدە ، بۇ مەزگىل (مىلادىيە 452～465 ) چوغاي (يىڭشەن —— هازىرقى داچىڭشەن ) ئېتىكىدىكى قاڭقىللارنىڭ گۈللەنگەن ۋاقتى ھېسابلاندى . شىمالىي چى دەۋرى (مىلادىيە 550～577 )دە قاڭقىللارنىڭ قوغۇرسۇ قەبىلىسىدىن بولغان قوغۇرسۇ ئالتۇن (مىلادىيە 488～567 )نىڭ سىيانپىي تىلىدا ئېيتىپ بېرىشى بىلەن قەلەمگە ئېلىنغان ھەمدە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ سۇڭ دەۋرىدە گو ماۋچيەن تۈزگەن «مۇزىكا مەھكىمىسى شېئىرلار توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن «تېيلى قوشىقى» ئەنە شۇنداق تارىخىي شارائىتتا مەيدانغا كەلگەن .

قوغۇرسۇ ئالتۇن ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى قوغۇرسۇ قەبىلىسىنىڭ تو-

① ياڭ شىڭمىن: يۇقىرىقى ئەسەر، 32 بەت.

نۇلغان قەبىلە باشلىقلىرى ، سەركەردىلىرى بولۇپ ، ئۇلار ئەنە شۇ مەزگىللەردە هازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىمالىغا كۆچۈپ كېلىپ ، شەرقىي ۋېي ، شىمالىي چى دەۋرىدە مۇھىم رول ئوينىغان تارىخىي شەخسلەر ئىدى . قوغۇرسۇ ئالتۇن شىمالىي ۋېي دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن بۇ قوشاقنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي دائىم ئېيتىپ يۈرگەن . گۇماۋچيەننىڭ «مۇزىكا مەھكىمىسى شېئىرلار توپلىمى»دا ئۆزى بىلەن زامانداش شىن جيەننىڭ «مۇزىكا مەھكىمىسى شېئىرلىرىغا كەڭ دائىرىلىك ئىزاھات» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىپ ئىزاھلىشىغا قارىغاندا ، شەرقىي ۋېينىڭ چوڭ سانغۇنى (گېنېرالى ) گاۋخۇەن بۇ قوشاقنى ئىنتايىن ياقتۇرغان ۋە بىر قېتىملىق يىغىلىشتا قوغۇرسۇ ئالتۇنغا بۇ قوشاقنى ئېيتقۇزغان .

تۆۋەندە بۇ قوشاقنى كۆرۈپ باقايلى :

敕勒川 ,阴山下

天似穹庐，笼盖四野。

天苍苍，野茫茫，

风吹草低见牛羊。

ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى :

«چىلى (تيېلى )ۋادىسى ، چوغاي ئېتىكى ،
چۈمكىگەن ئۇنى ئاسمان چېدىرى .
ئاسمان سۈپسۈزۈك ، چەكسىز تاغ ـ دالا ،
گۈزەل يايلاققا تولغان قوي ـ كالا .»

هازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ تيېلى ۋادىسى ، چوغاي ئېتىكىگە جايلاشقان قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قوغۇرسۇ قەبىلىسىنىڭ گۈللەنگەن ، جۇشقۇن هايات مەنزىرىسى نەپىس ۋە ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بېرىلگەن مەزكۇر لىرىك شېئىر ئەينى ۋاقىتتىلا خەلق ئىچىگە كەڭ تارقىلىپ ، كىشىلەر سۆيۈپ ئېيتىدىغان ناخشىغا ئايلانغان . شېئىرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسلىي نۇسخىسى ھەمدە ئۇنىڭ قانچە كۇپلېت

ئىكەنلىكى بىزگە نامەلۇم بولسىمۇ ، لېكىن «تېپلى قوشىقى» دەپ ئاتالغان ئىسمىدىن ، ئۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ «قو-شاق» («قوشۇغ») ژانىرىدا يېزىلغان نادىر نەمۇنىلىرىدىن بىرى ئى-كەنلىكىنى ھېس قىلىش مۇمكىن. «تېپلى قوشىقى»نىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن قىسمى پەقەت بىر كۇپلېت بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ ئۆز قىممىتى بىلەن ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ۋە مىللىي مەنسۇپلۇقى ئې-نىق بولغان ئەدەبىي مىراسلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە ، ئېلىمىز ئەدەبى-ياتى تارىخىدا مۇناسىپ ئورۇن تۇتۇپ كەلمەكتە.

«خۇئاستۇئانفت»

ئەسەرنىڭ تولۇق ئىسمى «نىسارىلار (مانى مۇخلىسلىرى)نىڭ تۇۋا دۇئانامىسى» بولۇپ ، قىسقارتىلىپ «مانى تۇۋا دۇئانامىسى» دېيىلىدۇ.

«خۇئاستۇئانفت»نىڭ ھازىرغىچە بىرقەدەر تولۇق ھېسابلانغان ئۈچ خىل نۇسخىسى تېپىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى-دا يېزىلغان ، تۇرپان ئاستانىدىن تېپىلىپ ، ھازىر پېتېربۇرگ (لې-نىنگراد)دا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسى دەسلەپ ۋ.ۋادلوۋ تەرىپىدىن مىلادىيە 1909 - يىلى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئەسلىي تېكىستى ، ترانسك-رىپسىيىسى ۋە نېمىس تىلىدىكى تەرجىمىسى بىلەن بىللە ئېلان قى-لىنغان. س. ئى. مالوۋ مىلادىيە 1951 - يىلى «قەدىمكى تۈركىي يېزىقنىڭ يادىكارلىقلىرى» ناملىق ئەسىرىدە مەزكۇر نۇسخىنى رۇس-چە تەرجىمىسى بىلەن بەرگەن.

«خۇئاستۇئانفت»نىڭ تۇرپاندىن تېپىلىپ ، ھازىر بېرلىندا ساق-لىنىۋاتقان نۇسخىسى بىلەن ، دۇنخۇاڭدىن تېپىلىپ ، ھازىر لوندوندا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن مانى يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ ، مىلادىيە 1910~1911 - يىللىرى ئا. لېكوك تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرۇلغان. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى ل.

ۋ . دمىترىۋا مىلادىيە 1936 ـ يىلى «خۇئاستۇئانفت» نىڭ ئۈچ خىل نۇسخىسىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ ، ئارتۇق ـ كەم يەرلىرىنى تەڭشەپ ، 221 قۇردىن ئىبارەت بولغان بىرقەدەر تولۇق نۇسخىسىنى تىكلەپ چىققان ، شۇنداقلا ، ھەرقايسى نۇسخىلاردىكى مىسرالارنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىق جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ساقلاپ قېلىنغان . دمىترىۋا تەرىپىدىن تىكلىنىپ چىقىلغان بۇ نۇسخا ئىلىم ساھەسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن .

«خۇئاستۇئانفت»نىڭ ئەسلىي مەيدانغا كەلگەن ۋاقتى ۋە كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس . س . ئى . مالوۋ ئەسەرنىڭ لېنىنگراد نۇسخىسىنى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغاندا ، ئۇنىڭ مەيدانغا كەلگەن ۋاقتى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتىدۇ : «مىلادىيە 7 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ، 8 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەبلەرنىڭ ئىسلام دىنىنى ئېلىپ ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشى بىلەن يۈز بەرگەن مەدەنىيەت ئالمىشىش ھادىسىسىنى نەزەرگە ئالغاندا ، شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى ، ‹خۇئاستۇئانفت › ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن ، شۇنداقلا ، مىلادىيە 5 ـ ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتا ئۇيغۇر تىلى (ئۇيغۇر يېزىقى )دا تەرجىمىسىنىڭ ئىشلەنگەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ» . [1] دمىترىۋا قولىيازمىلارنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى ۋە ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكەن تىلدىكى فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن ، ئۇلارنىڭ مىلادىيە 5 ـ ، 6 ـ ۋە 7 ـ ئەسىرلەردە مەيدانغا كەلگەنلىكىدە شەك يوق ، دەپ كۆرسىتىدۇ .

رىۋايەت قىلىنىشىچە ، مانى دىنىنىڭ ئىجادچىسى بولغان مانى جۇڭگونىڭ غەربىي قىسىملىرىغىمۇ كەلگەن ۋە مىلادىيە 242 ـ يىلى ئۆز ۋەتىنىگە قايتقان .[2] مانى دىنى مىلادىيە 3 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇر-

---

① س، ئى، مالوۋ: قەدىمكى تۈركىي يادىكارلىقلىرى، (موسكۋا ـ لېنىنگراد، 1951)، 108 ـ بەت.

② «دىنلار لۇغىتى»، خەنزۇچە نەشرى، 1140 ـ بەت.

لىرىدىن باشلاپلا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىلىمىزنىڭ غەربىي رايونلىرىغا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن .

ئەينى دەۋر مانى دىنىي ئېتىقادىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ـ پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى بەدىئىي شەكىلدە ئەكس ئەتتۈرگەن لىرىك نەسر تۈرىدىكى مەزكۇر ئەسەر 15 بۆلۈمدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ ، ئۇنىڭدا يورۇقلۇق تەڭرىسى بىلەن قاراڭغۇلۇق تەڭرىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ كۈرەشلەر ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ ، مانى دىنىدا گۇناھ دەپ قارىلىدىغان مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ، گۇناھلىرىغا تۆۋا قىلىنغان .

تۆۋەندە ، «خۇئاستۇئانىفت»نىڭ س . ئى . مالوۋ تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان پېتېربورگ (لېنىنگراد) نۇسخىسىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى ۋە رۇسچە تەرجىمىسىدىن پايدىلىنىپ ، پەرھات جىلان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدا ترانسكرىپسىيىلەشتۈرۈپ ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان نۇسخىدىن ① ئىككى بۆلۈمنى ئوقۇرمەنلەر ھۇزۇرىغا سۇنىمىز :

«سەكىزئىن :

70 . كىرتۈ تەڭرىگ ئارىغ نوموغ بىلتۈكۈمۈزدا بارۇ ، ئىكى يىلتىزىگ (ئۈچ) ؛ 71 . ئۈچ ئۆدكى نومۇغ بىلتىمىز ، يارۇق يىلتىز ـ نى ، تەڭرى يېرىن ؛ 72 . تۈنەرىك يىلتىزىن ، تامۇ يېرىن بىلتىمىز ، يىر تەڭرى يوغ (ئوقۇلۇشى ـ يوق) ؛ 73 . ئەركەن ئۆڭرە نە بار ئەرمىس (ئوقۇلۇشى ـ ئەرمىش) تىپەن بىلتىمىز ، تەڭرىلى يەكلى ؛ 74 . نەدە ئۆترۈ سۆكۈشمىز (سۆكۈشمىش ؟) ، يارۇقلى ، قارالى قاتىلمىس ، يېرىگ ؛ 75 . تەڭرىگ كىم ياراتمىش تىپەن بىلتىمىز . يەمە ئارقۇن يىر ؛ 76 . تەڭرى نەدە ئۆترۈ

① قاراڭ: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1994 ـ يىللىق 1 ـ سان، 128 ~ 137 ـ بەتلەر.

يوق بولغاي ، يارۇقلى قارالى قالتى ئادرىلغاي ؛ 77 . ئانتادا كىسرەنە
بولغاي تىپەن بىلتىمىز . ئەزرۇئا تەڭرىكە ؛ 78 . كۈن ـ ئاي تەڭرىد-
كە ، كۈچلۈگ تەڭرىكە ، بۇرقانلارغا (ئوقۇلۇشى ـ قا ؟ ) ؛ 79 . ئىناد-
تىمىز ، تايانتىمىز نىغۇسەك (ئوقۇلۇشى ـ نىغۇشەك ؟ ) بۇلتۇمۇز ،
تۆرت يارۇق تامغا ؛ 80 . كۆڭۈلۈمۈزدە تامقالادىمىز (ئوقۇلۇشى ـ
تامغالادىمىز ) ، بىر ، ئامرانماق ئەزرۇئا تەڭرى ؛ 81 . تامقاسى (ئوقۇ-
لۇشى ـ تامغاسى ) ، ئىكىنتى كىرتكۈنمەك كۈن ـ ئاي تەڭرى تامقا-
سى ، ئۈچۈنچ ؛ 82 . قورقماق بىس تەڭرى تامقاسى ، تۆرتۈنچ بىلگە
بىلىگ ؛ 83 . بۇرقانلار تامقاسى ، تەڭرىم ؛ بىلگىمىزنى ، كۆڭۈلۈمۈز-
نى بۇ تۆرت ؛ 84 . تۇرلۇگ تەڭرى لەردە ئارىتدىمىز (ئاغتىنىمىز )
ئەرسەر ، ئۆرنىنتا قامساتدىمىز (ئوقۇلۇشى ـ قامشاتتىمىز ) ؛ 85 .
ئەرسەر ، تەڭرى تامقاسى بۇزۇلتى ئەرسەر ، ئەمتى تەڭرىم يازۇقدا ؛
86 . بوسۇنۇ ئۆكۈنۈربىز : مانىستارغىرز ئا !

..............................

بىس يىگىرمىنچ :

137 . كۈن سايۇ نەچە ياۋلاق ساقىنچ! ساقىنۇر بىز . نەچە
سۆلەمەسىك ؛ 138 . ئىرىنچۈلۈگ سۆز سۆزلەيۈر بىز ، نەچە ئىسلەمە-
سىك ئىرىنچۈلۈگ ؛ 139 . ئىس ئىسلەيۈر بىز ، ئايىغ قىلىنچقا ئى-
رىنچۈكە كەنتۈ ئۆزۈمۈزنى ؛ 140 . ئەمگەتىر بىز ، يەمە كۈنگە ئاسا-
دۇغۇمۇز بىس تەڭرى يارۇقى ، كەنتۈ ؛ 141 . ئۆزۈمۈز ، ئۈزتۈ-
مۈز تۈدۈنچسۈز ـ ئوۋۇتسۇز ، سوق يەك سەۋىكىنچە ؛ 142 .
يورىدۇق ئۈچۈن ، ياۋلاق يىركەرۈ بارىر ، ئانى ئۈچۈن تەڭرىم ؛ 143 .
قوپ يازۇقدا بوسۇنۇ ئۆتۈنۈر بىز : مانىستار غىرز ئا ! 144 . تەڭرىم ،
ئەكسۈكلۈگ ـ يازۇقلۇغ بىز ، ئۆتەگچى ، بىرىمچى بىز ، تۈدۈنچسۈز ؛
145 . ئوۋۇتسۇز ؛ سوق يەك ئۈچۈن ، ساقىنچىن ، سۆزىن ، قىلىند-
چىن ؛ 146 . يەمە كۆزىن كۆرۈپ ، قولقاقىن ئەسىدىپ تىلىن سۆز-
لەپ ، ئەلگىن ؛ 147 . سۈنۈپ ،! ئاداقىن يورىپ ، ئۈزكە ئۈزۈكسۈز

ئەمگەتىر بىز ؛ 148 . بىس تەڭرى يارۇقىن قۇرۇغ ، ئول يىركە ،
بىس تۆرلۈگ تىنلىغىغ ؛ 149 . بىش تۆرلۈگ ئوتۇغ ، ئىلغاچىغ ، يەمە
ئەكسۈكلۈگ يازۇقلۇغ بىز ؛ 150 . ئون چاغساپىتقا ، يىتى بۇسقا ،
ئۈچ تامغاقا نىغوسەك ؛ 151 . ئاتىن تۇتاربىز ، غىلىنچىن
(ئوقۇلۇشى ـ قىلىنچىن ) قىلۇ ئۇماز بىز ، يەمە يارۇق ؛ 152 .
تەڭرىلەرگە ، ئارىغ نومقا ، تەڭرىچى ، نومچى ئارىغ دىنتارلارقا ؛ 153 .
نەچە يازىنتىمىز ياڭىلتىمىز ئەرسەر ، يەمە تەڭرى ئايىمىس ئۆتچە ؛
154 . بىلىگچە يورىمادىمىز ئەرسەر ، تەڭرىلەر كۆڭۈلىن بىرتدىمىز
ئەرسەر ؛ 155 . يەمە يىمكى ۋۇسانتى ئالقىس چاغساپىت نومچا تۆرۈچە
تۇتۇ ؛ 156 . ئۇمادىمىز ئەرسەر ، نەچە ئىكسۈتۈمۈز ـ كەرگەتىمىز
ئەرسەر ، كۆن سايۇ ؛ 157 . ئاي سايۇ سۈي ـ يازۇق قىلۇر بىز ،
يارۇق تەڭرى لەركە نوم ؛ 158 . قۇتىڭا ئارىغ دىنتارلار ـ
قا سۈيدا يازۇقدا بوسۇنۇ : 159 . ئۆتۈنۈربىز : مانىستار غىرز ئا !
بۆتۈرمىس تارقان ؛ 160 . تۈگەدى نىغوساكلارنىڭ سۈيىن يازۇقىن
ئۆكۈنگۈ خۇئاستۇئانىۋى (ئوقۇلۇشى ـ خۇئاستۇئانفت ؟ ) . »

تەرجىمىسى :

«سەككىزىنچى (بۆلۈم )

70 . ھەقىقىي تەڭرىنى ، پاك نومنى تونۇغىنىمىزدىن بۇيان
ئىككى يىلتىز ؛ 71 . ئۈچ زامان نومنى بىلەتتۇق ، يورۇق يىلتىزنى
ۋە تەڭرى يېرىنى ؛ 72 . قاراڭغۇ يىلتىزنى ۋە دوزاخ يېرىنى بىلەت-
تۇق . يەر ۋە ئاسمان يوق ؛ 73 . ۋاقتىدا ۋە بۇرۇن نېمە بار بولغانلى-
قىنى بىلەتتۇق . تەڭرىلەر ۋە جىنلار ؛ 74 . نېمە ئۈچۈن كېيىن
سوقۇشۇپ قالدى ؟ يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق قانداق قىلىپ قوشۇ-
لۇپ قالغانلىقىنى ؛ 75 . يەر ۋە ئاسماننى كىم ياراتقانلىقىنى بىلەت-
تۇق . يەر ۋە ئاسماننىڭ ئىپتىدائىي قاراڭغۇلۇقى ؛ 76 . قانداق
قىلىپ تارقاپ كەتكەنلىكىنى ، يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق قانداق ئاي-
رىلغانلىقىنى ؛ 77 . ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق ئىشلار بولغانلىقىنى

بىلەتتۇق . ئەزرۇئا تەڭرىگە ؛ 78 . كۇن ۋە ئاي تەڭرىگە ، كۇچلۇك
تەڭرىگە ، بۇرخانلارغا ؛ 79 . ئىشەندۇق ، تاياندۇق ، مۇرىت بولدۇق ،
تۆت يورۇق تامغا ؛ 80 . كۆڭۈللىرىمىزگە تامغىلاندى . بىرىنچىسى
مۇھەببەت ـ ئەزرۇئا تەڭرىنىڭ ؛ 81 . تامغىسى . ئىككىنچىسى ئېتى-
قاد ـ كۇن ۋە ئاي تەڭرىدىنىڭ تامغىسى . ئۇچىنچىسى ؛ 82 .
قورقۇش ـ بەش تەڭرى تامغىسى . تۆتىنچىسى دانىشمەنلىك بىلىملى-
رى ؛ 83 . بۇرخانلارنىڭ تامغىسى . تەڭرىم ، بىلىملىرىمىزنى ۋە
كۆڭۈللىرىمىزنى بۇ تۆت ؛ 84 . تۇرلۇك تەڭرىدىن چەتلەشتۇرگەن
بولساق ، ئورنىدىن يۆتكىگەن بولساق ؛ 85 . تەڭرى تامغىسى بۇزۇل-
غان بولسا ، ئەمدى ؛ 86 . تەڭرىم ، گۇناھدىن بوشىنىشقا ئۆتۇنىمىز :
گۇناھىمىزدىن ئۆتكەيسەن !

ئون بەشىنچى (بۆلۇم )

137 . ھەر كۇنى قانچىلىك يامان ئويلاردا بولىمىز ، قانچىلىك
ئەدەپسىز ۋە ؛ 138 . يامان سۆزلەرنى سۆزلەيمىز ؛ قانچىلىك يامان ،
گۇناھلىق ؛ 139 . ئىشلارنى قىلىمىز ، بولمىغۇر قىلىقلار ۋە يامانلىق-
لار بىلەن ئۆزىمىزنى ؛ 140 . ئازابلايمىز ، يەنە ھەر كۇنى بىز بەھرى-
مەن بولىدىغان بەش تەڭرى يورۇقلۇقى ۋە بىز ؛ 141 . ئۆزىمىز ھەم
روھىمىز تۇتۇرۇقسىز ، ئۇياتسىز ، ئاچ كۆز شەيتانغا مايىل ؛ 142 .
بولغاچقا ، يامان يەرگە (يەنى ـ دوزاخقا ) كېتىۋاتىمىز . شۇنىڭ ئۇ-
چۇن ، تەڭرىم ؛ 143 . گۇناھدىن بوشىنىش ئۇچۇن ئۆتۇنىمىز : گۇنا-
ھىمىزدىن ئۆتكەيسەن ! 144 . تەڭرىم ، نۇقسانلىق ، گۇناھكار بىز ،
ئېلىمچى ۋە بېرىمچى بىز . ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان ؛ 145 . ئۇياتسىز
ئاچ كۆز شەيتاننىڭ ئويىنى ئويلاپ ، سۆزىنى قىلدۇق ؛ 146 . يەنە
كۆزىمىز بىلەن كۆرۇپ ، قۇلىقىمىز بىلەن ئاڭلاپ ، تىلىمىز بىلەن
سۆزلەپ ، قولىمىز بىلەن ؛ 147 . تۇتۇپ ، پۇتىمىز بىلەن يۇرۇپ
ئۇزاقتىن بېرى داۋاملىق ئۆزىمىزنى ئازابلاۋاتىمىز ؛ 148 . بەش تەڭ-
رى يورۇقلۇقىنى قۇرۇق ۋە ھۆل يەرگە (تۆكتۇق ؟ ) . بەش تۇرلۇك

جانلىقنى ؛ 149 . بەش تۇرلۇك ئوت ۋە دەرەخنى (ئازابلايمىز ؟ ) . يەنە نۇقسانلىق ، گۇناھكار بىز ؛ 150 . ئون قائىدە ، يەتتە ئۇدۇم ، ئۈچ تامغىنىڭ مۇرىتى بولدۇق ؛ 151 . نامىنى ئېسىمىزدە تۇتۇۋالدۇق ، لېكىن شۇ بويىچە ئىش قىلالمىدۇق . يەنە يورۇق ؛ 152 . تەڭرىلەر ، پاك نوم ۋە تەڭرى ئەلچىسى ، نومچىلار ، پاك دىندارلار ئالدىدا ؛ 153 . قانچىلىك گۇناھ ئۆتكۈزگەن ، يېڭىلىشكەن بولساق ، يەنە تەڭ-رىنىڭ دېگىنى بويىچە ؛ 154 . تەلىماتى بويىچە ئىش قىلمىغان بول-ساق ، تەڭرىلەر كۆڭلىنى غەش قىلغان بولساق ؛ 155 . يەنە روزا ۋۇسانتى ، ئالقىش ۋە نەزىر - چىراغنى نومدا يېزىلغىنى بويىچە ، قائىدىمىز بويىچە ؛ 156 . ئورۇندىيالمىغان بولساق ، قانچىلىك خاتا-لىق ئۆتكۈزگەن بولساق ، ھەر كۈنى ؛ 157 . ھەر ئايدا گۇناھ ئۆتكۈزدى-مىز . يورۇق تەڭرىلەر ؛ 158 . مۇقەددەس نوم ، پاك دىندارلار ئالدىدا گۇناھدىن بوشىنىشقا ؛ 159 . ئۆتۈنىمىز : گۇناھىمىزدىن ئۆتكەيسەن ! بۆتۈرمىش تارقان ؛ 160 . مۇرىتلارنىڭ ئۆز گۇناھلىرىغا توۋا قىلىش دۇئاسى - خۇئاستۇئانفتنى (تۈگەتتى ) . »

«خۇئاستۇئانفت » ( «مانى توۋا دۇئانامىسى » )دىن مىسال ئېلىن-غان يۇقىرىقى ئىككى بۆلۈمدىن بىز مانى دىنىي ئەقىدىلىرى بىلەن تونۇشۇپلا قالماي ، يەنە ئەسەرنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى ۋە تىلىدىن بىز ئەينى دەۋر دىنىي ئەدەبىياتى بىلەن قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى دىنىي ئەدەبىيات ئەسەرلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر خىل ئەنئە-نىۋى ۋارىسلىقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ، ئۇلارغا ھەم دىنىي ئەسەر ھەم ئەدەبىي ئەسەر نۇقتىسىدىن قاراش مۇمكىنلىكىنى ھېس قىلى-مىز . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ، «خۇئاستۇئانفت » ( «مانى توۋا دۇئانامىسى » ) ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەدەبىي مىراسلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە تونۇلۇپ كەلدى .

**«ئىرق بىتىگ»**

قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ئىچىدە قەدىـمكى ئـۇيـ-

غۇر تىلى ، تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىدا پۈتۈلۈپ ، دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن «ئىرق بىتىگ» (پال كىتابى ياكى چۈش تەبىرنامىسى ) ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ۋە مول‌لۇقى ، تىلى ۋە بەدىئىي قىممىتى جەھەتتىكى بىرقاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ كەلدى .

هازىرغىچە «ئىرق بىتىگ»نىڭ بىرقانچە نۇسخىسى تېپىلغان ، ئۇنىڭ هازىرغىچە تېپىلغان بىرقەدەر قەدىمكى ۋە مۇكەممەل نۇسخىسى ئا . ستەين تەرىپىدىن دۇنخۇاڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 25 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى مىڭئۆيدىن تېپىلغان بولۇپ ، بۇ نۇسخا 104 بەت ، هەربىر بېتىدە 40 تىن 70 كىچە رونا (هەرپ )بار .

ئەسەرنىڭ يەنە بىر نۇسخىسىنى ئا . لىكوك پىچاننىڭ تۇيۇق يېزىسىدىن تاپقان . بۇ نۇسخا جەمئىي يۇزدىن ئارتۇق ياپراقچە بولۇپ ، هەربىر ياپراقچىدا 31 قۇردىن خەت بار .

«ئىرق بىتىگ»نىڭ بۇ ئىككى نۇسخىسى تۇنجى قېتىم دانىيىلىك تۈركولوگ ۋ . تومسىن تەرىپىدىن ترانسكرىپسىيىلەشتۈرۈلۈپ ۋە تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىنغان . ئۇنىڭدىن كېيىن گېرمانىيىدىن ئا . ۋ . گابائىن ، روسىيىدىن س . گ . كىلياشتورنىي ، س . ي . مالوف ، ۋ . ئى . ستېبلىۋا ، تۈركىيىدىن ه . ن . ئورقۇن قاتارلىقلار ئۆز ئەسەرلىرىدە «ئىرق بىتىگ»نى تونۇشتۇردى ھەمدە ئۇنى تىل ـ يېزىق ۋە ژانىر ئالاھىدىلىكى قاتارلىق تەرەپلەردىن تەتقىق قىلدى . ئەسەرنى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئىشى تەتقىقاتچى ئىبراھىم مۇتىئى تەرىپىدىن ئورۇندالدى[1] تۈركولوگ تا- لات تېكىنىنىڭ «ئىرق بىتىگ»نىڭ دۇنخۇاڭ نۇسخىسىنى مەتىن ، ترانسكرىپسىيىسى ، ئىنگلىزچە تەرجىمىسى ۋە زۆرۈر ئىزاهلار بىلەن تەييارلىغان «ئىرق بىتىگ ـ تەبىر كىتابى» ناملىق ئەسىرى

---

① «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1 ـ سان (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980) 174 ~ 185 ـ بەتلەر.

مىلادىيە 1993 ـ يىلى گېرمانىيىنىڭ ۋىسبادىن شەھرىدە نەشر قىلىندى .

«ئىرق بىتىگ»نىڭ ئەڭ مۇكەممەل نۇسخىسى دەپ قارالغان پېتېربۇرگ (لېنىنگراد ) نۇسخىسى (ئا . ستەين دۇنخۇاڭدىن تاپقان نۇسخا ) مىلادىيە 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ، 9 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قەلەمگە ئېلىنغان . ئەسەرنىڭ ئاپتورى ياكى كۆچۈرگۈچىسى نامەلۇم بولۇپ ، ئەسەر تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن ئاخىرلىشىدۇ :

« (103 )[①] بارس يىلى ئەكىنتى ئاي بىش يگىرمىكە تەيگۈن تان مانىستان تاقى كىچىگ دىنتار بۇرۇئاگۇرۇ ئەشىدىشچىمىز (104 ) ئىسىگ سانگۈن ئىتەچۇق ئۈچۈن بىتىردىم . »

بۇگۈنكى ئۇيغۇرچە يەشمىسى :

«يولۋاس يىلى ئىككىنچى ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تايگۈنتان بۇتخانىسىدىكى راھىبلارنىڭ (ئىلتىماسى بىلەن ؟ ) ئاڭلىغۇچىمىز ئېسىگ سانغۇن ۋە ئىتەچۇق ئۈچۈن پۈتۈدۈم . »[②]

يۇقىرىدىكى بايانلاردىن بۇ ئەسەرنىڭ راھىبلارنىڭ ئىلتىماسى بىلەن ئاڭلىغۇچى (بۇتخانىغا دائىم كېلىپ بۇددا ئەقىدىلىرىنى ئاڭلىغۇچى تەقۋادار ) ئېسىگ سانغۇن (گېنېرال ) ۋە ئىتەچۇك ئۈچۈن يېزىلغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ .

«ئىرق بىتىگ» تە جەمئىي 65 چۇش تەبىرى بولۇپ ، بۇ چۇش تەبىرلىرىنىڭ 39 ىغا «ئەدگۇ» (ياخشىلىق ، ئىزگۇلۇك ) ، 18 ىگە «يابلاق» ، «يابىز» ، «ئانىغ ئەدگۇ» (يامانلىق ) دەپ تەبىر بېرىلگەن . ئالتە چۇش ھۆكۈمسىز قالدۇرۇلغان ياكى «ئانچە بىلىگلەر» (شۇنداق بىلىگلەر ) دەپ ئاخىرلاشقان .

---

① ( ) ئىچىدىكى سانلار مەتىن (ئەسلىي تېكست)نىڭ بەت سانىنى بىلدۈرىدۇ.

② «ئىرق بىتىگ»نىڭ مەزمۇنىغا دائىر بايانلاردا، مىسال ئېلىنغان مەتىن ۋە تەرجىمىلەر ئا. شۆكۈرى، س. ھېلىمنىيازلارنىڭ «‹پالنامە› ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قاراشلىرى» ناملىق ئەسىرىدىن پايدىلىنىلدى.

«ئىرق بىتىگ» ـ ماھىيەتتە پالنامە، پال كىتابى بولۇپ، پالچىلىقنىڭ چۈشكە تەبىر بېرىش تۈرىگە مەنسۇپتۇر. شۇڭلاشقىمۇ تەتقىقاتچىلار ئۇنى تەرجىمە قىلغان ۋە ئىزاھلىغاندا، «پالنامە»، «تەبىرنامە» دەپمۇ ئاتىغان.

«ئىرق بىتىگ» مەزمۇن جەھەتتىن ناھايىتى كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئانىمىزملىق قاراشلار، توتېمىزملىق قاراشلار، شامانىزملىق قاراشلار ۋە كېيىنكى بەزى دەستۇرلۇق دىنلارنىڭ مەلۇم قاراشلىرىنىمۇ ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. شۇڭا ئۇنى بەزى تەتقىقاتچىلار: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار دۇنيا قارىشىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى» دەپ يۇقىرى باھالىغاندى. ئەسەرنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى تۆت تەرەپكە يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

(1) ئادەم ۋە ھايۋانلار ھاياتىدىن ئېلىنغان رېئال كۆرۈنۈشلەر بويىچە چۈشكە تەبىر بېرىش. بۇ خىل مەزمۇن ئالاھىدىلىكىدىكى چۈش تەبىرلىرى «ئىرق بىتىگ»دە مۇتلەق كۆپ نىسبەتنى ئىگىلىگەن بولۇپ، تۆۋەندىكى چۈش تەبىرلىرى ئەنە شۇنداق مەزمۇن ئالاھىدىلىككە ئىگە:

[30] ① «كەمبەغەلنىڭ بالىسى ئوقەت قىلىشقا چىقىپتۇ، سەپىرى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، خۇشال ـ خۇرام قايتىپتۇدەك، شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.»

[31] «يولۋاس يەم ئىزدەپ ئوۋغا چىقىپتۇ، ئوۋ ئوڭۇشلۇق بولۇپ، نۇرغۇن يېمەكلىك توپلاپ، خۇشال ـ خۇرام قايتىپتۇدەك، شۇنداق بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۇ.»

[61] «تورغاي قۇش ھەمراھلىرى يېنىغا قونىمەن دەپ، سەزمەستىن قىلتاققا ئىلىنىپ قېلىپ، ئۇچالماي تۇرغۇدەك، بىلىڭلاركى، بۇ يامانلىق.»

---

① [] نىڭ ئىچىدىكى رەقەم چۈش تەبىرىنىڭ رەت سانىنى بىلدۈرىدۇ.

(2) تەبىئەت تەسۋىرلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ چۈشكە تەبىر بېرىش . «ئىرق بىتىگ»دىكى بۇ چۈش تەبىرلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادىدىكى ئانىمىزملىق ۋە شامانىزملىق چۈشەنچىلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر .

مەسىلەن :

[26] «تاڭ ئېتىپتۇ ، ئالدىن كۈن چىقىپ يەر ـ جاھان يورۇپتۇ . شۇنداق بىلىڭكى ، بۇ ئەزگۈ .»

[60] «توققۇز ئارىلىق بۇغا كېيىكمەن ، چىرايلىق تىزلىنىپ مىڭرىغىدەكمەن (ۋارقىرىغىدەكمەن) ، يۇقىرىدا تەڭرى (ئاسمان) ، تۆۋەندە يەر ئاڭلىدى ، شۇنداق كۈچلۈكمەن . بىلىڭلاركى ، بۇ ئەزگۈ .»

يۇقىرىدا مىسال ئېلىنغان چۈش تەبىرلىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى قاراشلىرى روشەن ئىپادىلەنگەن .

(3) دىنىي ـ ئەپسانىۋى تۈس ئالغان سۇژىتلار ۋە رىۋايەت تىپىدىكى سۇژىتلاردىن پايدىلىنىپ چۈشكە تەبىر بېرىش . «ئىرق بىتىگ»دىكى بۇ خىل چۈش تەبىرلىرىمۇ خېلى سانىنى ئىگىلىگەن بولۇپ ، ئۇلاردىكى قويۇق ئەپسانە ۋە رىۋايەت تۈسى يەنە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادلىرى بىلەنمۇ بىرىكىپ كەتكەن .

مەسىلەن :

[19] «ئاق ئات ئۈچ مەۋجۇداتتا ئۆز قارىشىنى تالىلىۋېلىپ ، ئەپۇ ـ ئۆتۈنۈشكە بېرىپتۇدەك ، قورقما ، ياخشى ئۆتۈن ، ئايانماي ياخشى دە ، يالۋۇر دېگۈدەك . شۇنداق بىلىڭلاركى ، بۇ ئەزگۈ .»

[44] «لاچىن توشقان (تۇتاي) دەپ ئاسماندىن تۆۋەن چۈشۈپتۇ ۋە توشقاننى تۇتۇۋاپتۇ . لاچىننىڭ تىرنىقى ئېچىلىپتۇ ۋە يەنە يىغىلىپتۇ ، لاچىن تىرنىقىنى كىرىشتۇرۇپ يۇقىرى ئۆرلەپتۇ ، توشقان تېرىسىدىن چىقىپ ، قېچىپ كېتىپتۇدەك ، بىلىڭلاركى ، بۇ يامانلىق .»

ئەپسانە تۈسىگە ئىگە يۇقىرىقى چۈش تەبىرىدە ئىلاھى

«ئاق ئات» ، «ئۈچ مەۋجۇدات» چۈشەنچىسى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى قارىشى بىلەن شامانىزملىق ئېتىقادى بىرلە-شىپ كەتكەن . كېيىنكى چۈش تەبىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ توتېم قارىشى (لاچىن توتېمى قارىشى) ئەپسانە تۈسى بىلەن بېرىلگەن .

(4) ماقال - تەمسىللەر (ئاتىلار سۆزى) ۋە ھېكمەتلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ چۈشكە تەبىر بېرىش .

[11] «سېرىق ئاتلىق ساۋچى ، ئالا ئاتلىق ئەلچى ياخشى سۆز (خەۋەر) ئېلىپ كېلىپتۇدەك . . . »

[54] «قۇل سۆزى بەگكە يېتىپتۇدەك ، قوزغۇن سۆزى تەڭرىگە يېتىپتۇدەك . . . » (ماقال : «قۇل سۆزى بەگكە يەتمەس ، قوزغۇن سۆزى تەڭرىگە يەتمەس» ) .

[57] «كۆلچەك قۇرۇپتۇدەك ، چېلەك توڭلاپتۇدەك . . . » (ما-قال : «بەگ كۆلچىكى قۇرۇماس ، كۇنگەيدە (بۇ يەردىكى كۇنگەي «دالدا» مەنىسىدە) چېلەك توڭلىماس» ) .

[58] «ئوغلى . . . ئانامنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلاي ، ئاتامنىڭ سۆزىنى تىڭشاي ، دەپ قايتىپ كېلىپتۇدەك . . . »

بۇ پارچىدا ئاتا - ئانىلارنى تاشلىماسلىق ، ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا دائىر ھېكمەتلەرنىڭ ئۆزلەشتۈرۈلۈپ بېرىلگەنلىكىنى كۆرۈ-ۋېلىش مۇمكىن .

ئەسەرنىڭ يۇقىرىقىدەك مەزمۇن ئالاھىدىلىكلىرى ۋ . ئى . ستېبلىۋانىڭ مىلادىيە 1970 - يىلى موسكۋادا نەشر قىلىنغان «شەرق خەلقلىرىنىڭ تىلى ، مەدەنىيىتى ، تارىخى» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن «قەدىمكى تۈركىي تىلدىكى ‹تەبىرنامە› - نەزمىي ئە-سەر» ناملىق ماقالىسىدىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈلىدۇ .

ستېبلىۋا مەزكۇر ماقالىسىدە يەنە «ئىرق بىتىگ»نىڭ ژانىر تەۋەلىكى ئۈستىدە توختىلىپ ، ئۇنىڭ نەزمىي ئەسەر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى . «ئىرق بىتىگ»دىكى بىر قىسىم چۈش تەبىرلىرىنى

ئۈچ ياكى تۆت مىسرالىق قىلىپ تىزىش مۇمكىن . مۇشۇنداق تىزغاند-
دا ، ئۇلارنىڭ بەزى مىسرالىرىنىڭ مەلۇم قاپىيىگە ئىگە ئىكەنلىكى ،
بەزى مىسرالارنىڭ تاۋۇش تۈزۈلۈشىدە قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىد-
دىكى ئاللىتىراتسىيە ئۇسۇلىنىڭ قوللىنىلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ .
يەنە بىر جەھەتتىن ، «ئىرق بىتىگ »دىكى جۈملە بۆلەكلىرىنى مىسرالا-
رغا تىزغاندا ، ئۇلارنىڭ خېلى بىر قىسمىدا ھېچقانداق ۋەزىن ۋە
قاپىيىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكى ، بەزى جۈملە بۆلەكلىرىنى مىسرالارغا
تىزىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . قىسقىسى ، نەس-
رىي شەكىلدە تۈزۈلگەن «ئىرق بىتىگ »نى ئۇنىڭدىكى نەزم (شېئىرد-
يەت )گە خاس بەزى ئامىللارغا قاراپلا ، نەزم (شېئىر ) تۈرىدىكى ئە-
سەر دېيىش ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ . قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبد-
ياتىدىكى نەسرىي ئەسەرلەردە نەزمىي پۇراق كۈچلۈك ئىدى . بۇنى
شۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن نەسرىي تۈردىكى ، تارىخىي - ئەدەبىي
تەزكىرە تۈرىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇچرىتىش مۇمكىن .
«ئىرق بىتىگ »نى چۈشتىن ئىبارەت بۇ مۇرەككەپ پسىخولوگىيىلىك ،
فىزىئولوگىيىلىك ھادىسىگە بېرىلگەن تەبىر (ھېسسىي چۈشەنچە ) بو-
لۇشتەك خاراكتېرى ، نەزمىي (شېئىرىي ) پۇرىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ،
بەزى جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئۆزئارا قاپىيىداش تۈزۈلگەنلىكىدەك ئالا-
ھىدىلىكلىرى بىلەن ، لىرىك نەسر تۈرىدىكى ئەسەر دەپ ئېيتىش
مۇمكىن .

## مەڭگۈتاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى

مىلادىيە 6 ~ 8 - ئەسىرلەر ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالى ۋە
غەربىدە ياشىغان تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ سىياسىي - ئىجتىمائىي
ۋە مەدەنىي ھاياتىدا زور ئۆزگىرىشلەر يۈزبەرگەن بىر مەزگىل ئىدى .

مىلادىيە 460 ـ يىلدىن كېيىن تۈركلەرنىڭ ئاشىنا ئۇرۇقى كۆچىيىپ ، جەنۇبىي ئالتاي تېغىنىڭ ئېتەكلىرىدە يېڭى بىر قەبىلىلەر گۇرۇپپىسى بولۇپ تەشكىللەندى . ئاشىنا ئۇرۇقى توغرىسىدىكى بىر رىۋايەتنىڭ ۋارىيانتى موڭغۇلىيىدىن تېپىلغان ، سوغدى يېزىقىدا يېزىلغان بۇگۇت تاش ئابىدىسىدە (مىلادىيە 6 ـ ئەسىر ) يېزىپ قالدۇرۇلغان بولۇپ ، ئۇنىڭدا پۇت ـ قوللىرى كېسىپ تاشلانغان بىر بالىنىڭ ئانا بۆرىنىڭ قۇچىقىدا ياتقان شەكلى كۆرسىتىلگەن . بۇ رىۋايەتكە ئاساسلانغاندا ، بىر چوڭ سازلىقنىڭ چېتىدە ياشاپ كەلگەن تۈركلەرنىڭ ئەجدادلىرى بىر قوشنا قەبىلە تەرىپىدىن تامامەن قىرىپ تاشلانغان ، پەقەت پۇت ـ قوللىرى كېسىلگەن 10 ياشلىق بىر ئوغۇل بالىلا ئامان قالغان . بۇ بالىنى بۆرە ئانا ئېمىتىپ ساقايتقان . كېيىن بۇ بالا بۆرە بىلەن تۇرمۇش قۇرغان . دۈشمەنلەر بالىنىڭ ئامان قالغانلىقىنى بىلىپ ، ئاخىرى ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتكەن . ئانا بۆرە بولسا قېچىپ يۈرۈپ ، قوچۇ (تۇرپان )نىڭ شىمالىدىكى تاغلارغا بېرىپ يوشۇرۇنغان . بالىدىن ھامىلىدار بولۇپ قالغان بۆرە 10 ئوغۇل تۇغقان . بۆرىدىن تۇغۇلغان بۇ ئوغۇللار قوچۇلۇق ئاياللارغا ئۆيلەنگەن . شۇ بالىلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى ئاشىنا بولۇپ ، ئۇ يېڭى قەبىلىنىڭ باشلىقى بولغان ۋە قەبىلە ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان . ئاشىنا ئۇرۇقىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ تەشكىللەنگەن قەبىلىلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئۇلۇغ يابغۇسى بومىن جۇرجانلار بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا مەغلۇپ بولغان قاڭقىل قەبىلىلىرى ئىتتىپاقى ئىچىدىكى قەبىلىلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ كۈچەيدى . مىلادىيە 551 ~ 555 ـ يىللىرى جۇرجانلار مەغلۇپ بولدى ، ئۇلار ئىگىلەپ تۇرغان قۇملۇقنىڭ شىمالىدا (موڭغۇلىيە چۆللۈكىنىڭ شىمالىدىكى كەڭ رايونلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ ) يېڭى بىر مەركىزىي ئاسىيا قاغانلىقى ـ تۈرك قاغانلىقى تىكلەندى .

مىلادىيە 552 ـ يىلى تۈرك قاغانلىقىنىڭ ئاساسچىسى بومىن ئالەمدىن ئۆتتى . ئۇنىڭدىن كېيىن قاراقاغان (مىلادىيە 552 ~ 553 )

ۋە مۇقان قاغان (مىلادىيە 553 ~ 573 ) ئۇنىڭ ۋارىسى بولدى . مۇقان قاغان دەۋرىدە جۇرجانلار تەلتۆكۈس يوقىتىلىپ ، قاغانلىقنىڭ چېگرىسى مەركىزىي ئاسىيا ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىگىچە كېڭەيدى . قاغانلىقنىڭ غەربىي قىسمى (غەربىي يۇرت )نىڭ هۆكۈمرانى بومىن قاغاننىڭ ئىنىسى ئىستەمى بولدى . مىلادىيە 582 ~ 603 ـ يىللار. غىچە بولغان ئارىلىقتا بىر پۈتۈن تۈرك قاغانلىقى شەرقىي قاغانلىق ۋە غەربىي قاغانلىق دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى .

مىلادىيە 630 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى تەيزۇڭ شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى . شەرقىي تۈركلەر مىلادىيە 679 ~ 687 ـ يىللىرى قايتىدىن ئۆز قاغانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى . قۇتلۇق (ئېلتېرىش ) قاغان بولدى ، تونيوقۇق ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن ياردەمچىسى ۋە مەسلىھەتچىسى بولدى . قاغانلىقنىڭ مەركىزى ئۆتۈكەن (قاڭغاي تاغلىرى )دا ئىدى . مىلادىيە 691 ـ يىلى ئېلتېرىش قاغان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۇكىسى قاپاغان تەختتە ئولتۇر. دى (مىلادىيە 691 ~ 761 ) . قاپاغان قاغان دەۋرىدە ئىككىنچى شەرقىي تۈرك قاغانلىقى سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتلەردىن قۇدرەت تېپىپ نامى مەشـھـۇر بـولدى . مىلادىيە 716 ـ يىلى قاپاغان قاغان ئالەمدىن ئۆتكەندە ، ئۇنىڭ ئوغلى بۆگۈ ئۆزىنى «بۈيۈك قاغان»دەپ ئېلان قىلدى . ئەسلىي تەخت ۋارىسى بولغان ئېلتەرىش قاغاننىڭ چوڭ ئوغلى موجىلان (مىلادىيە 684 ـ يىلى تۇغۇلغان ، كىشىلەرگە پەقەت ئۇنىڭ خەنزۇچە ترانسكرىپسىيە قىلىنغان ئىسمىلا تونۇش ) ئىنىسى كۆلتېكىن بىلەن بىرلىكتە خانلىق ئوردىسىغا هۇجۇم قىلىپ ، بۆگۈ قاغان بىلەن ئىنال قاغاننى ئۆلتۈردى . شۇنىڭ بىلەن موجىلان «بىلگە قاغان» نامى بىلەن شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ قاغانى بولدى . مىلا. دىيە 731 ـ يىلى كۆلتېكىن ئالەمدىن ئۆتتى . مىلادىيە 734 ـ يىلى بىلگە قاغان ئۆزىنىڭ بىر يېقىنى تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى . تۈرك قاغانلىقى ۋە شەرقىي تۈرك قاغانلىقى تارىخىغا دائىر يۇقىرىقى

مەلۇماتلار «تونيوقۇق مەڭگۈتېشى» ، «بىلگە قاغان مەڭگۈتېشى» ، «كۆلتېكىن مەڭگۈتېشى» قاتارلىق مەڭگۈتاشلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان .

مىلادىيە 627 ـ يىلى توققۇز ئۇيغۇرلار سىر ـ تاردۇش قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ، «توغلا توققۇز ئۇيغۇر خانلىقى»نى تىكلىدى ، خان ئۆزىگە «ئىلتەبىر»دەپ نام بەردى . مىلادىيە 715 ـ يىلى كۆلتېكىن ۋە قاپاغان قاغانلار «توققۇز ئۇيغۇر»لارغا قاتتىق زەربە بېرىپ ، ئۇلار تىكلىگەن خانلىقنى مەغلۇپ قىلدى . ھالبۇكى ، بۇ خانلىقنى قۇرغان توققۇز ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمران ئۇرۇقى ـ ياغلاقار ئۇرۇقىدىن بولغان بويلاقاغان (قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغان ، مىلادىيە 734 ~ 756 ) ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان «توققۇز ئوغۇز»لارنى بىرلەشتۈرۈپ ، مىلادىيە 744 ـ يىلى شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنى مەغلۇپ قىلدى ۋە مىلادىيە 745 ـ يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنى تەشكىل قىلدى .

قۇتلۇق بىلگە قاغان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئوغلى مويۇنچۇر (بايانچۇر ) قاغان بولدى (مىلادىيە 747 ~ 759 ) . شىنە ـ ئۇسۇدىكى مويۇنچۇر شەرپىگە تىكلەنگەن مەڭگۈتاشتا مويۇنچۇرنىڭ ھەربىي پائالىيەتلىرى تولۇق خاتىرىلەنگەن . بۇنىڭغا ئوخشاش مەلۇماتلار ئۇنىڭدىن بۇرۇن يېزىلغان «تىرخىن مەڭگۈتېشى»دىمۇ خاتىرىلەنگەن بولۇپ ، بۇنىڭدىن مويۇنچۇرنىڭ قاغانلىقتا ئوينىغان مۇھىم رولىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن . مويۇنچۇر قاغان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ 2 ـ ئوغلى بىلگە تارقان (ئۇنىڭ قۇتلۇق تارخان سانغۇن ، تەڭرى قاغان ، تەڭرى ئەل ئەتمىش ئالىپ كۈلۈگ ئىنى بىلگە قاغان ، ئىنگى ياغلاقار قاتارلىق ناملىرى بولغان . جۇڭگو مەنبەلىرىدە بولسا ، «ئىدىگەن مۇيۇي قاغان» دەپ كۆرسىتىلگەن ) قاغانلىق تەختىگە چىقتى .

ئىدىگەن مۇيۇي قاغان (بۆگۈقاغان 牟羽可汗 ) تەختتە ئولتۇر-

غان مەزگىللەر ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە شان ـ شۆھرىتى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنىدى. تاڭ ئوردىسى ئەن لۇشەن ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ قوزغىلىڭىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمى بىلەن تىنجىتتى. ئىدىگەن شەرەپ قۇچۇپ، قاغانلىق چېگرىسىغا قايتىپ كەلگەندە، سوغدى ۋە تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىدا يېزىلغان چوڭ تاش ئابىدە ئورناتتى. بۇ ئابىدە «سېۋرىي يادىكارلىقى» دەپ ئاتالدى. ئىدىگەن مۇيۇي قاغان يەنە ئۇيغۇر قاغانلىقىغا مانى دىنىنى تارقاتقۇچى سۇپىتىدىمۇ مەشھۇر بولدى. ئۇ مانى دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتتى. «تەس مەڭگۈتېشى» ۋە ئۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلاردا مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بايانلار كۆزگە چېلىقىدۇ.

مىلادىيە 779 ـ يىلى ئوردىدا سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ئىدىگەن مۇيۇي قاغان ئۆلتۈرۈلدى. سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىغان باش ۋەزىر «قاغان»لىق ئورنىغا چىقىپ، «قۇتلۇق بىلگە قاغان» دەپ ئاتالدى. ياغلاقار ئۇرۇقىنىڭ مونوپولىيىلىك ھۆكۈمرانلىقى بۇزۇلۇپ، ئېدىز قەبىلىسى ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقتى. ھالبۇكى، كۆلۈگ باغابىلگە قاغان ۋاپاتىدىن كېيىن، قاغانلىق تەختىگە قايتىدىن ياغلاقار ئۇرۇقىدىن بولغان باۋيى قاغان (مىلادىيە 808 ~ 821) ئولتۇردى. ئۇنىڭ قاغانلىق شەرەپ نامى: «توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان» ئىدى.

مىلادىيە 840 ـ يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى ئاغدۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتۈكەن تاغلىرىنى مەركەز قىلىپ، قۇملۇقنىڭ شىمالىدا تىكلىگەن ھاكىمىيەتچىلىكى ئاخىرلاشتى.

يۇقىرىقىلار ئورخۇن مەڭگۈتاشلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ۋە ئۇنىڭدا خاتىرىلەنگەن ۋەقەلەرنىڭ قىسقىچە تارىخىي بايانى بولۇپ، مەڭگۈتاشلار ئۆزىنىڭ ئەينى دەۋر تۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ تارىخىنى ئەينەن بايان قىلغۇچى قىممەتلىك

بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيا ئىلىم ساھەسى-نىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلىپ كەلدى .

ئەسىرگە چۈشكەن شۋېتسىيىلىك ھەربىي ئوفىتسېر ف . ئى . سترالېنبېرگ مىلادىيە 8 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېنىسەي دەرياسى بويىدا چۈشىنىكسىز خەتلەر يېزىلغان ئابىدىلەرنى بايقىغاندىن بېرى ، ئورخۇن - يېنىسەي دەريا ۋادىلىرىدىن بۇ خىل مەڭگۈتاشلار-دىن 80 گە يېقىنى تېپىلدى . بۇ مەڭگۈتاشلاردىن تىل - يېزىق ، تارىخ ۋە ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە بولغانلىرىنى تۆۋەندە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز .

**كۆلتېكىن مەڭگۈتېشى :** ھازىرقى موڭغۇلىيىنىڭ خوشۇ - سايدام رايونىدىكى كولىشىن - ئورخۇن دەرياسى قىرغىقىدا بولۇپ ، ئۇلانباتۇرنىڭ غەربىدىن 400 كىلومېتىر ، ئۆگەينۇرنىڭ جەنۇبىدىن 25 كىلومېتىر ، قارا بالغاسۇننىڭ شىمالىدىن 40 كىلومېتىر كېلى-دىغان جايغا ئورنىتىلغان .

كۆلتېكىن مىلادىيە 731 - يىلى 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ۋاپات بولغان ، 47 يىل ئۆمۈر كۆرگەن . شۇ يىلى 5 - ئايدا بىلگە قاغان جۇڭگو ھۈنەرۋەن ئۇستىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ، ئىبادەتخانا ياسى-تىپ ، كۆلتېكىننىڭ ھەيكىلىنى ئويدۇرماقچى بولغان . پادىشاھ شۈەن زۇڭ بۇ تەكلىپكە قوشۇلغان ھەمدە جىنۋۇ سانغۇنى جاڭ چۈيى ، ئاستانە ئەمەلدارى كاتاۋۇل بەگ لۈشياڭلارنى خاننىڭ مۆھۈرى بېسىل-غان مەكتۇپ بىلەن كۆلتېكىننىڭ ماتەم مۇراسىمىغا ئەۋەتكەن . تاڭ پادىشاھى يەنە ئۆز قولى بىلەن تەزىيەنامە يېزىپ بەرگەن . ئىبادەتخانىغا كۆلتېگىننىڭ ھەيكىلى ئورنىتىلىپ ، ئۇرۇشتىكى جاسارىتى نامايان قىلىنغان رەسىم سىزىلغان . مەڭگۈتاش مىلادىيە 732 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تىكلەنگەن . ماتەم - مۇراسىم ئىبادەتخانىسى مىلادى-يە 733 - يىلىنىڭ ئاخىرى پۈتتۈرۈلگەن .

كۆلتېكىن مەڭگۈتېشى تېكىستلىرى تۆرك ـ رونىك يېزىقىدا ، چوڭ ـ كىچىك ئىككى پارچە مەرمەر تاشقا ئويۇلغان . چوڭ مەرمەر تاشنىڭ ئالدى يۈزىدە 40 قۇر تېكىست ، ئوڭ تەرىپىدە 30 قۇر تېكىست داۋامى بار . ئارقا يۈزىگە خەنزۇ يېزىقىدىكى تەزىيەنامە ۋە بىلگە قاغان ئۆز قولى بىلەن يازغان بېغىشلىما (تۆرك ـ رۇنىك يېزىقىدا ) ۋە مەڭگۈتاشنىڭ تىكلەنگەن ۋاقتى ئويۇلغان . چوڭ مەرمەر تاشنىڭ سول تەرىپىدىكى كىچىك مەرمەر تاشتا جەمئىي 30 قۇر خەت بار بولۇپ ، ئەمەلىيەتتە ، بۇ مەڭگۈتاشنىڭ مۇقەددىمىسى ھېسابلىنىدۇ . كۆلتېكىن مەڭگۈتېشىنىڭ گەرچە بىرقانچە يۈزى ئۇپراپ ، سىلىقلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ ، تېكىستىنىڭ ساقلىنىشى باشقا مەڭگۈتاشلاردىن كۆپ ياخشى .

**بىلگە قاغان مەڭگۈتېشى :** كۆلتېكىن مەڭگۈتېشى بىلەن ئوخشاش بىر يەرگە تىكلەنگەن . ئۇنىڭ سىرتقى شەكلىمۇ كۆلتېكىن مەڭگۈتېشى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ . مەڭگۈتاش يەرگە يىقىلىپ ئۈچ پارچە بولۇپ كەتكەن . چوڭ ـ كىچىك ئىككى پارچە مەرمەر تاشتىن ئىبارەت بولغان بۇ مەڭگۈتاشنىڭ ئاساسىي يۈزىنىڭ بىر يۈزىگە بېغىشلىما ، ئاستى تەرىپىگە خەنزۇچە مەڭگۈتاش تېكىستى ئويۇلغان . يەنە بىر ئاساسىي يۈزىگە ئويۇلغان تۆرك ـ رونىك يېزىقىدىكى مەڭگۈتاش تېكىستى 41 قۇر بولۇپ ، داۋامى مەڭگۈتاشنىڭ سول تەرىپىدە ، جەمئىي 15 قۇر . «كىچىك ئابىدە»دە 15 قۇر خەت بولۇپ ، مەڭگۈتاشنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قويۇلغان .

بىلگە قاغان مىلادىيە 734 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ۋاپات بولغان ، ماتەم مۇراسىمى مىلادىيە 735 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن . مەڭگۈتاشتىكى خەنزۇچە تېكىستنى تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىپ بەرگەن ، تارىخچى ئەمەلدار لى رۇڭ كۆچۈرگەن ، ماتەم ـ مۇراسىم ئىبادەتخانىسىمۇ

دەپنە مۇراسىمىغىچە يۈتكەن بولۇشى مۇمكىن .

كۆلتېكىن ۋە بىلگە قاغان مەڭگۈتاشلىرىنى يادرىنسېۋ مىلادىيە 1889 ـ يىلى بايقىغان . مىلادىيە 1890 ـ يىلى فايگېر تەكشۈرۈش ئەترىتى ، مىلادىيە 1891 ـ يىلى رادلوۋ ، مىلادىيە 1902 ـ يىلى ئەنگلىيىنىڭ ۋۇجۇدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى كاذىبېل ، مىلادىيە 1909 ـ يىلى فرانسىيە ساياھەتچىسى د . لاكىسېت ، مىلادىيە 1912 ـ يىلى كوتۋىچ بۇ مەڭگۈتاشلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى-غان ، مىلادىيە 1960 ـ يىلى ئوبرياتوۋا بىلەن نادېلىيايېۋلار بۇ مەڭگۈتاشلارنى يەنە ئىنچىكە تەكشۈرگەن . ئىككى مەڭگۈتاشنىڭ ئۆز-ئارا ئارىلىقى بىر كىلومېتىر بولۇپ ، قەبرىلەر تۈپىنىڭ ئەڭ كۆرۈ-نەرلىك بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ . ئىككى مەڭگۈتاش تې-كىستىنىڭ قۇرۇلمىسى ئوخشاش بولۇپلا قالماي ، نۇرغۇن سۆز ـ جۈملىلىرىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ . «كىچىك ئابىدە» ـ «چوڭ ئابى-دە»نىڭ مۇقەددىمىسى ، شۇنداقلا ، چوڭ ئابىدە مەزمۇنىنىڭمۇ ئاسا-سىي نۇقتىسىدۇر . ئىككى مەڭگۈتاشنىڭ «چوڭ ئابىدە»لىرىدە ئاپتور بىلگە قاغان تىلى بىلەن تارىختىن باشلاپ بايان قىلىدۇ .

تۆۋەندە ، «كۆلتېكىن مەڭگۈتېشى»نىڭ شەرق تەرىپىدىكى بىر قىسىم بايانلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز :

« (1 ) ئۈستىمىزدىكى كۆك ئاسمان بىلەن ئاستىمىزدىكى قوڭۇر تۇپراق يارىتىلغاندا ، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئىنسان بالىسى يارىتىل-لىپتۇ . ئىنسان بالىسى ئۈستىدە ئاتا ـ بوۋام بۇمىن قاغان ، ئىستەمى قاغان ئولتۇرۇپتۇ . ئۇلار تەختتە ئولتۇرۇپ ، تۈرك خەلقىنىڭ ئېلىنى قۇرۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمىنى تۈزۈپ بېرىپتۇ . . . » . ئاپتور بۇمىن قاغان ۋە ئىستەمى قاغان قازا تاپقاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ ئىنىلىرى ، ئوغۇللىرىنىڭ قاغان بولغانلىقىنى ، بەگلىرىدە ، خەلقىدە ساداقەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن ، تۈرك خەلقىنىڭ دۆلىتىدىن مەھرۇم بولغانلىقىنى ئېچىنىش ھېسسىياتى بىلەن بايان قىلىدۇ ھەمدە :

«ئۇستىمىزدىكى تۈرك تەڭرىسى ، (تۆۋەندىكى ) تۈرك مۇقەددەس يەر (11 ) سۈيى مۇنداق دەپتۇ : ‹تۈرك خەلقى يوقالمىسۇن ! ئۇلار خەلق بولسۇن ! › (شۇنىڭ بىلەن ) ئاتام ئىلتەرىش قاغاننى ، ئانام ئىلبىلگە خاتۇن (خانىش )نى تەڭرى تۇپىسىدىن تۇتۇپ ئېگىز كۆتۈرۈپتۇ . . .» دې- گەنلەرنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئاتىسىنىڭ قايتىدىن دۆلەت قۇرغاز- لىقىنى ، ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن تاغىسىنىڭ قاغان بولۇپ ، قاغانلىقنى گۈللەندۈرگەنلىكىنى ، زېمىننى كېڭەيتكەنلىكىنى ئېيت- تىپ ئۆتىدۇ . ئارقىدىن ئۇ يەنە بىلگە قاغان تىلىدىن تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتىدۇ :

«تۈرك ، ئوغۇز بەگلىرى ، خەلقى ئىشتىڭلار ! ئۇستىمىزدىكى ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشمىسە ، ئاستىمىزدىكى يەر يېرىلىپ كەتمىسە ، دۆلىتىڭلارنى ۋە قانۇنىي تۈزۈمىڭلارنى كىم بىتچىت قىلالايدۇ ؟ تۈرك خەلقى سىلەر (23 ) (خاتالىقىڭلارغا ) ئۆكۈنۈڭلار ! سىلەر باشباشتاق- لىق قىلغىنىڭلار ئۈچۈن ، ئۆزۈڭلەرنى بېقىۋاتقان دانا قاغانىڭلار ۋە ئەركىن ، ياخشى دۆلىتىڭلار ئالدىدا جىنايەت ئۆتكۈزدۈڭلار ، يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقاردىڭلار . (ئۇنداق بولمىسا ) قورالىقلار قاياق- تىن كېلىپ (سىلەرنى )ھەيدىۋېتىدۇ ؟ نەيزىلىكلەر قاياقتىن كېلىپ (سىلەرنى ) سۈر - توقاي قىلىۋېتىدۇ ؟ مۇقەددەس ئۆتۈكەن تېغىدىكى خەلقلەر ، كەتتىڭلار ، شەرققە بارىدىغىنىڭلار شەرققە (24 ) كەتتىڭ- لار ، غەربكە بارىدىغىنىڭلار غەربكە كەتتىڭلار ؛ سىلەرنىڭ بارغان يېرىڭلاردا كۆرگەن كۈنۈڭلار مۇنداق بولدى : قېنىڭلار سۇدەك ئاق- تى ، سۆڭىكىڭلار تاغدەك دۆۋىلەندى ، بەگ بولىدىغان ئوغۇللىرىڭلار قۇل بولدى ، پاك (خانىش بولىدىغان ) قىزلىرىڭلار دېدەك بولدى . بىلىمسىزلىكىڭلاردىن ، ئەسكىلىكىڭلاردىن ئاتام قاغان دۇنيادىن ئۆت- تى . (25 ) دەسلەپتە قىرغىز خاقانىنى بالبال قىلىپ تىكلىدىم ، تۈرك خەلقىنىڭ نام - ئابرۇيىنىڭ يوقاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ، ئاتامنى قاغان ، ئانامنى خانىش قىلىپ كۆتۈرگەن تەڭرى ، ئەل بەر-

گەن تەڭرى ، تۈرك خەلـقىـنىڭ شان ـ شۆھرىتى يوقاپ كەتمىسۇن دەپ ، (26) مېنى قاغان قىلىپ ئولتۇرغۇزدى ، مەن روناق تاپقان خەلق ئۈستىدە ئولتۇرمىدىم ، (بەلكى ) يېگىلى ئېشى يوق ، كىيگىلى كىيىمى يوق يوقسۇل بىچارە خەلقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردۇم . ئىنىم كۆلتېكىن بىلەن سۆزلەشتۇق ، ئاتام ، تاغام قولغا كەلتۈرگەن خەلق- لەرنىڭ نام ـ ئابرۇيىنىڭ يوقاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ، (27) تۈرك خەلقى ئۈچۈن ، تۈنلىرى (خاتىرجەم )ئۇخلىمىدىم ، كۈندۈزلىرى (خا- تىرجەم ) ئولتۇرمىدىم ، ئىنىم كۆلتېكىن بىلەن بىللە ، ئىككى شاد بىـلـەن بىـللە ، ئۆلەر ـ تىرىلىشىمگە قارىماي تىرىشتىم ؛ ئاشۇنداق تىرىشىپ يۇرۇپ خـەلـقـنى ئوت ـ سۇ قىلمىدىم ، ئىناق قىلدىم . مەن قاغانلىقتا ئولتۇرغان ۋاقتىمدا ، ھەرتەرەپكە پېتىراپ كەتكەن (28 ) خەلق ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي پىيادە ، يېلىڭ ـ يالىڭاچ ھالدا قايتىپ كەلدى . خەلقنى باقاي دەپ ، شىمالدا ئوغۇزلار ، شەرقتە قىتان ، تاتابى خەلقى تەرەپكە . . . جەنۇبتا تابغاچقا زور قوشۇننى باشلاپ ئون ئىككى قېتىم يۇرۇش قىلدىم . ئاندىن (29 ) كېيىن ، تەڭرى مەدەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ، بەختىم بولغانلىقى ئۈچۈن ، تەلە- يىم بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئۆلۈمگە يۈز تۇتقان خەلققە جان كىرگۈز- دۈم . يالىڭاچ خەلقنى تونلۇق ، يوقسۇل خەلقنى باي قىلدىم . ئاز خەلقنى كۆپ قىلدىم . (ئۇلارنى ) كۈچلۈك دۆلىتى بار ، كۈچلۈك قاغانى بار (خەلقلەردىنمۇ )ياخشىراق ياشايدىغان قىلدىم . تۆت ئەتراپ- تىكى (30 ) خەلقنىڭ ھەممىسىنى بويسۇندۇردۇم . ياۋسىز (دۈشمەن- سىز ) قىلدىم . ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا قاردىدى ھـەمـدە (مـاڭـا ) ئىش ـ كۈچىنى بەردى . ئىنىم كۆلتېكىن مۇشۇنچە قانۇنى تۈزۈمنى تۇرغۇزۇپ ، تۈيۈقسىزلا قازا تاپتى . . . » .

يۇقىرىقىلار بىلگە قاغاننىڭ ئاتىسىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ، ئىنىسى كۆلتېكىن بىلەن بىرلىكتە ، مۇنقەرز بولۇشقا يۈز- لەنگەن تۈرك قاغانلىقىنى قايتا تىكلەپ گۈللەندۈرگەنلىكىنىڭ نە-

پىس ، ئوبرازلىق بەدىئىي تىل بىلەن ئىخچام سۈرەتلىنىشى بولۇپ ، ئۇنىڭدا قاغاننىڭ سىياسىي ھوقۇقىنىڭ تەڭرى تەرىپىدىن بېرىلگەنلىكى ، ھەرقايسى بەگلەر ۋە خەلقنىڭ قاغانغا سادىق بولۇشى ، شۇنداقلا ، ئۆزئارا ساداقەتمەنلىكتىن ئىبارەت ئاساسىي ئىدىيە ئىلگىرى سۈرۈلگەن .

**تونيوقۇق مەڭگۈتېشى** : ھازىرقى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتى ئۇلانباتۇر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن 66 كىلومېتىر كېلىدىغان باينچوكتو دېگەن يەرگە تىكلەنگەن بولۇپ ، خوشۇ ـ سايدامدىكىدەك ماتەم ـ مۇراسىم ئىبادەتخانىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەبرىلەر توپىنىڭ بىر قىسمىدۇر . مەڭگۈتاش ئوخشاش شەكىلدە ياسىلىپ ، يەرگە قېقىلغان ئىككى تاش مۇنارغا ئويۇلغان . تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىلدىكى بۇ مۇنارلار بۇتخانىنىڭ شەرقىي تېمىغا يانداش ھالدا تىكلەنگەن . جەنۇبىي مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى 1.70 مېتىر بولۇپ ، مەڭگۈتاش تېكىستىنىڭ باش قىسمى (1 ～ 35 ـ قۇرلار ) ، شىمالىي مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى 1.60 مېتىر بولۇپ ، تېكىستىنىڭ داۋامى (36 ～ 62 ـ قۇرلار ) ئويۇلغان .

تونيوقۇق مەڭگۈتېشى تېكىستى تونيوقۇق ھايات ۋاقتىدا ئۆزى تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭدا تونيوقۇقنىڭ تەرجىمىھالى ، ئۆزى قاتناشقان مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەردە ئوينىغان رولى ، تۆھپىسى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان . مەڭگۈتاش تېكىستى مۇقەددىمە ، ئاساسىي تېكىست ۋە خاتىمىدىن تۈزۈلگەن .

تۇنيوقۇق مەڭگۈتېشىنى كلېمېنتىس مىلادىيە 1897 ـ يىلى بايقىغان ، مىلادىيە 1898 ـ يىلى قېزىلىپ ، سۈرەتكە ئېلىنغان ۋە شۇ ئاساستا رادلوۋ تەرىپىدىن مەڭگۈتاش تېكىستى ۋە تۇنجى تەرجىمىسى ئېلان قىلىنغان . شۇنىڭدىن كېيىن بۇ مەڭگۈتاشنى مىلادىيە 1909 ـ يىلى رادمىستېد ، 1925 ـ يىلى ۋلادېمىرسوۋ ، 1957 ـ

يىلى ئالتو ، 1960 ـ يىلى ئۆبرياتوۋا ۋە نادېلياييېۋلار تەكشۈردى ۋە ئۆز تەتقىقاتلىرىنى ئېلان قىلدى .

**كۆلچۈر مەڭگۈتېشى :** ئۇلانباتۇرنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئىخي ـ خۇشۇتۇ جىلغىسىغا ئورنىتىلغان بۇ مەڭگۈتاشمۇ ئوخشاشلا قەبرىلەر توپىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ ، باينچوكتۇ قەبرىلەر توپى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ . مەڭگۈتاش گۈللۈك قورام تاشتىن ياسالغان بولۇپ ، ھەجمى 16 .0× 61 .0× 90 .1 مېتىر كېلىدۇ . تۆت يۈزىنىڭ ھەممىسىدە ئويۇپ يېزىلغان مەڭگۈتاش تېكىستى بار ، ھالبۇكى ، تېكىستنىڭ ھەممىسى شامالدا ئۇپراپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ، ھازىرغىچە شەرقىي يۈزىدىن 13 قۇر ، غەربى يۈزىدىن 12 قۇر ، جەنۇبى يۈزىدىن 4 قۇر بولۇپ ، جەمئىي 29 قۇر تېكىست ئوقۇپ چىقىلغان . مەزكۇر مەڭگۈتاش شەرقىي تۈرك قاغانلىقىنىڭ بىرىنچى ئورۇندىكى تۆرىسى ـ تاردۇش سەردار كۆلچۈرنىڭ قەبرە تېشى بولۇپ ، مەڭگۈتاش تېكىستىدە كۆلچۈرنىڭ بىرقانچە قېتىملىق جازا يۈرۈشى تەرتىپ بىلەن بايان قىلىنىدۇ ، باتۇرلۇقى ، گۈزەل پەزىلىتى مەدھىيىلىنىدۇ . ماتەم مۇراسىمى ۋە ئىبادەتخانە قۇرۇلۇشى سۆزلىنىدۇ . مەڭگۈتاشتا كۆلچۈرنىڭ ۋاپاتى ۋە دەپنە قىلىنغان ۋاقتى ئېنىق كۆرسىتىلمەي ، ئۇنىڭ 80 يىل ياشىغانلىقىلا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن . گابائىن خۇد ـ تامىردىكى 10 ـ نومۇرلۇق ئابىدىدە تىلغا ئېلىنغان كۆلچۈرگە دائىر بايانغا ئاساسلىنىپ ، ئۇنى تابغاچقا يۈرۈش قىلغاندا ، يەنى مايمۇن يىلى (مىلادىيە 721 ـ يىلى ) قازا قىلغان ، دەيدۇ .

كۆلچۈر مەڭگۈتېشىنى كوتۋىچ مىلادىيە 1912 ـ يىلى بايقىغان . مەڭگۈتاش تېكىستىنىڭ بىرىنچى تەرجىمىسىنى ساموپلوۋىچ ئىشلىگەن .

**ئۇنگىن مەڭگۈتېشى :** خوشۇ ـ سايدامنىڭ جەنۇبىدىن تەخمىنەن 180 كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە ئورنىتىلغان بولۇپ ، ئۇ مانتۇ تېغى بىلەن ئۇنگىن دەرياسىنىڭ يېنىدىكى ئىخې ـ خۇشوتۇغا ئوخشاپ كېتىدىغان قەبرىلەر توپىدىن بايقالغان . مەڭگۈتاشتا پەقەت 12 قۇر تېكىست ، ئۇنىڭ يېنىدىكى يەنە بىر تاشتا 8 قۇر خەت ساقلىنىپ قالغان . مەڭگۈتاش مىلادىيە 1891 ـ يىلى يادرىنسېۋ تەرىپىدىن بايقالغاندىن بۇيان ، يېقىنقى يىللارغىچە ، ئۇنىڭ كىم ئۈچۈن تىكلەنگەنلىكى ئېنىق بولمىغانىدى . كلاۋسون تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مەڭگۈتاش تېكىستىنىڭ قاپاغان بىلەن بىلگە قاغانىنىڭ قول ئاستىدىكى ئالپ ئەلېتمىش ئىسىملىك بىر سانغۇنىنىڭ قەبرە تەزكىرىسى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىدى .

**تىرخىن مەڭگۈتېشى :** موڭغۇلىيەدىكى تېرخىن غول دەرياسىنىڭ تىرخىن چاغاننۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىغان جايىنىڭ غەربىي قىسمىدىن 12 كىلومېتىر ، تىرخىن غولىنىڭ شىمالىدىن بىر كىلومېتىر ۋە تارباغاتاينىڭ (غەربىي شىمالىي قاڭغاي )تىك قاپتىلىنىڭ جەنۇبىدىن 2 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا تىكلەنگەن يادىكارلىق . ئۇ تاشپاقا شەكلىدە ياسالغان تاش ئۇل ۋە مۇناردىن ئىبارەت بولۇپ ، ئۇلىنىڭ ئۈستىگە مۇنارنىڭ ئاستىنى كىرگۈزۈش ئۈچۈن بىر ئويۇق ئويۇلغان . هالبۇكى ، مۇنار ئۇلىدىن ئاجراپ ، ئۆرۈلۈپ تۆت پارچە بولۇپ كەتكەن . مۇنار ئاچ كۇل رەڭ گرانىتتىن ياسالغان بولۇپ ، تېپىلغان ئۈچ پارچىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.85 مېتىر كېلىدۇ . مەڭگۈتاش مۇنارى قەبرە پۈتۈكى بولماستىن ، بەلكى خاتىرە مۇناردۇر . ئۇنىڭغا تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىدا 30 قۇر خەت ئويۇلغان بولۇپ ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغانىنىڭ ئوغلى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان (مويۇنچۇر ـ مىلادىيە 747 ~ 759 ) نامىدىن يېزىلغان . تىرخىن مەڭگۈتېشى مىلادىيە 1957 ـ يىلى

موڭغۇلىيە ئارخېئولوگى س . دورجسۇرۇن تەرىپىدىن تېپىلغان ، 1969 ـ ۋە 1970 ـ يىللىرى تەكشۈرۈش ۋە قېزىش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلغان ھەمدە تېپىلغان مەڭگۈتاش پارچىلىرى ۋە ئۇلى ئۇلانباتورغا ئېلىپ بېرىلغان . ھازىر موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تارىخ ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتىدۇ . مەڭگۈتاش تېكىستىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى «يىلان يىلى» دېگەن سۆزدىن ئۇنىڭ مىلادىيە 753 ـ يىلى ئورنىتىلغانلىقى مەلۇم . مەڭگۈتاش تېكىستىنىڭ بىرقەدەر توغرا ئوقۇلۇپ ئىشلەنگەن ترانسكرىپسىيىسى ۋە تەرجىمىسى كلياشتورنىي تەرىپىدىن ئېلان قىلىندى («تىرخىن مەڭگۈتېشى - دەسلەپكى تەتقىقات» ، «سوۋېت تۈركولوگىيىسى» ، مىلادىيە 1980 ـ يىللىق 3 ـ سان ) .

تۆۋەندە ، بۇ مەڭگۈتاش تېكىستىنىڭ 14 ـ قۇرى ۋە ئۇنىڭ شەرھىنى ئوقۇرمەنلەر ھۇزۇرىغا سۇنىمىز (قاراڭ : «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، 526~533 ـ بەتلەر ) :

«بۇ مەڭگۈتاشنى تىكلىگەن ئادەم بىلگە قۇتلۇغ تارقان سەنگۈندۇر . (ئۇ ) نۇرغۇن خەلقلەرنى شانۇشەۋكەت بىلەن (بويسۇندۇردى ) . ئىككى ئادەمنى ياغما ۋە لوم چىشلەرنى (بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ) ئەۋەتتى . قۇتلۇغ بىلگە سەنگۈن ۋە ئۇرۇشۇ قۇتلۇغ تارقان سەنگۈن ئىككىسىگە : «ئۇرۇشقا ئاتلىنىڭلار» دەپ يارلىق چۈشۈردى .

بۇ قۇرلاردا تىرخىن مەڭگۈتېشىنىڭ ئاپتورى بولغان بىلگە قۇتلۇغ تارقان سەنگۈننىڭ شۇ مەزگىللەردىكى ھەربىي پائالىيەتلەرنىڭ قوماندانى سۈپىتىدە ، قۇتلۇغ بىلگە سەنگۈن ۋە ئۇرۇشۇ قۇتلۇغ تارقان سەنگۈندىن ئىبارەت ئىككى سەركەردىگە ياغمىلار جايلاشقان شەرقىي تەڭرىتاغ ۋە ئاگنى (قارا شەھەر ) رايونىغا ھەربىي يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكى بايان قىلىنغان . بىلگە قۇتلۇغ تارقان سەنگۈن ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ قاغانى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغاننىڭ

ئوغلى ۋە تەخت ۋارىسى بولۇپ ، ئۇ كېيىنكى بۆكۈقاغان (مىلادىيە
759 ~ 779 )نىڭ دەل ئۆزىدۇر . تىرخىن مەڭگۈتېشىدە تىلغا ئې-
لىنغان «نۇرغۇن خەلقلەر » ـ ـ شەرقىي تەڭرىتاغ ئەتراپلىرى ، تارىم
ئويمانلىقىغا ئورۇنلاشقان خەلقلەر بولۇپ ، ئۇلار مەڭگۈتاشتا ئاي-
رىم ـ ئايرىم تىلغا ئېلىنىدۇ . بۇنىڭدىن ، ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى
قاغانلىرىنىڭ يارىش ۋە تارىم ئويمانلىقىنى سىياسىي جەھەتتە ئىدارە
قىلىپ تۇرغانلىقى مەلۇم بولىدۇ .

**بايانچۇر مەڭگۈتېشى :** ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇ-
رىيىتىنىڭ سېلىنگا دەريا ۋادىسى شىنې ـ ئۇسۇ كۆلى بويىدىكى
ئۆرگوتۇ تېغى باغرىغا ئورنىتىلغان . مەڭگۈتاشقا جەمئىي 49 قۇر خەت
ئويۇلغان بولۇپ ، ھازىرمۇ ئۆز ئورنىدا . تەتقىقاتلارغا قارىغاندا ، مەز-
كۇر ئابىدە ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان شەرىپىگە بىنا قىلىنغان قەبرە
ئىنشائاتىنىڭ بىر قىسمى بولسا كېرەك . تەخمىنەن مىلادىيىنىڭ
759 ـ يىلى ، ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن تىكلەنگەن بۇ مەڭگۈتاش «تىر-
خىن مەڭگۈتېشى »غا ئوخشاشلا ، ئورخۇن ۋادىسىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر
قاغانلىقىنىڭ تارىخى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى تەتقىق قى-
لىشتا قىممەتلىك يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ . بايانچۇر مەڭگۈتېشى يەنە
«مويۇنچۇر مەڭگۈتېشى » ، «موغۇن شىنې ـ ئۇسۇ ئابىدىسى » دېگەن
نام بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ . بۇ مەڭگۈتاش مىلادىيە 1909 ـ يىلى
فىنلاندىيىلىك ئالىم رامستېدت تەرىپىدىن تېپىلغان . بۇ ھەقتىكى
تەتقىقاتلار رامستېدت ( «ئۇيغۇر ـ رۇنىك يېزىقىدىكى ئابىدە تېكىست-
لىرىدىن ئىككى پارچە » ) ، مالوۋ ( «موڭغۇلىيە ۋە قىرغىزستاندىكى
ئابىدىلەرنى تەكشۈرۈش » ) ، ئورقۇن ( «قەدىمكى تۈرك يادىكارلىقلى-
رى » ) قاتارلىقلار تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان . كلياشتورنىي مىلادى-
يە 1974 ~ 1975 ـ يىللىرىدىكى قىدىرىش داۋامىدا بۇ يادىكارلىقنى
قايتىدىن تەكشۈرۈپ ھەم ئۇنىڭ يېزىقىنى «تىرخىن مەڭگۈتېشى»

يېزىقى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق رامستېدت تەرىپىدىن ئېنىق-
لانغان تېكىستنى توغرىلىدى .

**تەس مەڭگۈتېشى :** تەسىن غول دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىم
رايونى (هازىرقى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ خوسبۇغۇل
ئايمىقى ) ، تەس دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى نوغون تولغوي ئې-
گىزلىكى يېنىغا ئورنىتىلغان خاتىرە مەڭگۈتېشى . تىرخىن مەڭگۈتې-
شىغا ئوخشاش قىلىپ ئىشلەنگەن تىك تۆت بۇلۇڭلۇق خاتىرە مۇنارى
شەكلىدىكى گرانىت تاشتىن ئىبارەت بولغان مەزكۇر مەڭگۈتاشنىڭ
ئۇزۇنلۇقى 0.86 مېتىر بولۇپ ، 22 قۇر خەت ئويۇلغان . مەڭگۈتاش-
نى ۋلادىمىرتسوۋ مىلادىيە 1915 - يىلى تاپقان ۋە ئۇنىڭدىكى يېزىق-
لارنى كۆچۈرۈۋالغان . كلياشتورنىي مىلادىيە 1969 - ۋە 1975 -
يىللىرى بۇ مەڭگۈتاشنى تەكشۈرۈپ چىققان ۋە تەتقىقاتىنى ئېلان
قىلغان ( «موڭغۇلىيە تاش پۈتۈكلىرى» - - «تۈركولوگىيە توپلىمى»
1975» ) . مەڭگۈتاش هازىر موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادې-
مىيىسىنىڭ تارىخ ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا . مەڭگۈتاش ئۇيغۇر ئېلى-
نىڭ ، يەنى دۇنيا بىنا بولغاندىن تارتىپ «ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان»
(بۆگۈ قاغان )غىچە بولغان ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ تارىخىغا بېغىشلان-
غان . مەڭگۈتاشتا «دانىشمەن ۋە ئۇلۇغ ئۇيغۇر قاغانلىرى»نىڭ ئەزەل-
دىن تارتىپ هۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەنلىكى تەكىتلىنىدۇ . ئاپتور-
نىڭ تارىخىي خاتىرىسىدىكى چىنلىقىنىڭ چېكى ئاز بولغاندىمۇ 250
يىللىق ئۆتمۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . تارىخچىلار بۇ يىل چېكىنى
ئۇيغۇرلار مىلادىيە 605 - يىلى ئورخۇن بويىدا قۇرغان تۇنجى خانلىق-
نى نەزەرگە ئېلىپ ئوتتۇرىغا قويغان دېگەن پىكىرگە كېلىدۇ .

تۆۋەندە ، بۇ مەڭگۈتاشتىن بەزى قۇرلارنى مىسال كەلتۈرىمىز :

«(7) . . . ئۆتكەن زامانلاردا يارالغان (ياكى : بارلىققا كەل-
گەن ) . . . ئۇيغۇر قاغانلىرى تەختكە ئولتۇردى . (ئۇلار ) دانىشمەن

ۋە ئۇلۇغ قاغانلار (ئىدى ) .

(8 ) . . . ئۇلار تەختتە ئولتۇردى . ئۈچ يۈز يىلغىچە كۆپلەپ (سۆزمۇ ـ سۆز تەرجىمىسى : مىڭلاپ ) ئۆز ئەللىرىنى باشقۇردى . كېيىن ئۇلارنىڭ خەلقى بەربات بولدى .

(9 ) (ئۇلارنىڭ خەلقى ؟ )بۇزۇق باشلىقلىرىنىڭ (يامان يولغا باشلىشى بىلەن ) يۈز ئۆرۈپ بەربات بولدى ، بولمىغۇر كۇلنىڭ ۋە ئىككى مۆتىۋەرنىڭ (قۇتراتقۇلۇق قىلىشى بىلەن ) بەربات بولدى .

(15 ) . . . تەڭرىدىن يارالغان ئەل ئەتمىش قاغانىم تەختتە ئولتۇردى ، ئەلنى سورىدى .

(16 ) . . . ئۆز بەلگىسىنىڭ (شۆھرىتى )ئۈچۈن قاغانىم ئالدى تەرەپتىكى ، كۈن چىقىش تەرەپتىكى خەلقلەرگە (يۈرۈش قىلدى ؟ )

(17 ) . . . مەدھىيە ئوقۇپ ئۇنى (ئەلگە ) باشلىق قىلىپ ئول-تۇرغۇزدى .

(18 ) . . . كۇل بەگ بىلگە قاغان . . . .

(19 ) . . . ئۇ قاسار قورۇغدا تۇرۇپ قالدى ، سېپىل سوقتۇر-دى ، تەخت ياساتتى . (شۇ يەردە ) يازلىدى .

(20 ) . . . شەرقتە ، ئەلسەردە ( ؟ ) تۇرۇپ قالدى . بەلگىسى-نى ، پۈتۈگىنى چەكتۈردى ، ئورناتقۇزدى . »

تەتقىقاتلاردىن ، مەڭگۈتاشنىڭ 761~ 762 ـ يىللىرى ، يەنى بۆگۈقاغان تەختكە ئولتۇرۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئورنىتىلغانلىقى مەلۇم .

**توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان مەڭگۈتېشى :** بۇ مەڭگۈتاش يەتتە پارچە بولۇپ ، جەمئىي 58 قۇر خەت بار . مەڭگۈتاش تېكىستى ئۈچ خىل يېزىقتا ، يەنى بىر تەرەپى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىدا ، بىر تەرەپى سوغدى تىلى ۋە يېزىقىدا ، يەنە بىر تەرەپى خەنزۇ تىل ـ يېـزىقىدا ئويۇلـغان . مەڭـگۈتـاشـتا مىلادىيە 808~ 821 ـ يىللىرى

ھۆكۈم سۈرگەن ئۇيغۇر قاغانى ــ «توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان» دەۋرىدىكى ئىشلار مەركەز قىلىنىپ، ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، تەڭرى قاغان (بۆگۈقاغان) نىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ، ئەن لۇشەن ــ شى سىمىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىش يولىدىكى تۆھپىسى، بۆگۈقاغاننىڭ مانى دىنىنى ئۇيغۇرلارغا تارقىتىشىدىن باۋيى قاغانغىچە بولغان تارىخىي جەريان سۆزلەنگەن. مەڭگۈتاش ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى ئىل ئۇگۇسى تەرىپىدىن تىكلەنگەن، تېكىستىنىڭ خەنزۇچە قىسمى ئىنانچۇر مۇقان تارقان تەرىپىدىن ئويۇلغان.

**سۇجى مەڭگۈتېشى:** بۇ مەڭگۈتاشتا 11 قۇر خەت بار بولۇپ، ئۇنى رامىستېدت مىلادىيە 1909 ــ يىلى ھازىرقى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ شىمالىدىكى ئارا ــ ئاشاتۇ تېغىنىڭ دولون خودوق ئەتراپىدىكى سۇجى ــ داۋا دېگەن يەردىن تاپقان. مەڭگۈتاشتا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى ئىشلار، سەركەردىلەردىن تۇلۇگ باغانىڭ قىرغىز قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپ قاغانلىق پايتەختىنى بېسىۋالغانلىقىنى، قاغاننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى (يادىكارلىقتىن ئەڭ ئاخىرقى ئۇيغۇر قاغاننى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ قىرغىزلارنىڭ بويلا قۇتلۇق تارقان ئىسىملىك ئاقسۆڭەكى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ) قاتارلىق ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. مەزكۇر خاتىرە مەڭگۈتېشىنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى يىمىرىلگەندە، ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن ئورنىتىلغانلىقى پەرەز قىلىنىدۇ.

## مەڭگۈتاش يادىكارلىقلىرىنىڭ ئەدەبىي قىممىتى

مەڭگۈتاش تېكىستلىرى ناھايىتى ئىخچام ۋە ئوبرازلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە مۇئەللىپ خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان مۇھىم ۋە-

قەلەرنى دەۋر ۋە مۇھىتنىڭ چەكلىمىسى بويىچە ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي قارىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ . بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتىلا بىر خىل تارىخشۇناسلىق ئەنئەنىسىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ . بۇ خىل تارىخشۇناسلىق ئەنئەنىسى تارىخنى ئاددىي ھالدا ، ئادەتتىكىچە بايان قىلىش بولماستىن ، بەلكى تارىخنى ئەدەبىياتنىڭ تىل ۋە ئىپادىلەش سەنئىتىدىن پايدىلىنىپ بايان قىلىشتىن ئىبارەت بولغان تارىخىي داستانچىلىق ياكى تارىخىي ـ ئەدەبىي تەزكىرىچىلىك ئەنئەنىسى بولۇپ ، بۇ خىل ئەنئەنە مەڭگۈتاش تېكىستلىرىدە روشەن ئىپادىلەنگەن .

مەڭگۈتاش تېكىستلىرىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك — ئۇنىڭ پروزا ئەسەرلىرىگە ئوخشاش كىرىش (مۇقەددىمە ) ، ئاساسىي تېكىست (تارىخىي ۋەقەلەر بايانى ) ۋە خاتىمىدىن ئىبارەت ئۈچ تەركىبتىن تۈزۈلگەنلىكى بولۇپ ، بۇ بىزنىڭ مەڭگۈتاش تېكىستلىرىنى ئەينى دەۋر قەھرىمانلىق داستانلىرىنىڭ ئالاھىدە بىر خىل شەكلى دېيىشىمىزنىڭ يەنە بىر ئاساسىدۇر . مەڭگۈتاش تېكىستلىرى ئىچىدە ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغىنى ھەمدە ئەدەبىي ئەسەر سۈپىتىدە ئەڭ كۆپ تەتقىق قىلىنغىنى — «كۆلتېكىن مەڭگۈتېشى»بىلەن «بىلگە قاغان مەڭگۈتېشى»دۇر .

ئوخشاش بىر خىل (1 ـ شەخس ، بىلگە قاغان تىلىدا )بىلەن بىر ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان بۇ ئىككى مەڭگۈتاش تېكىستىنىڭ بايان قىلىش ، ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئوخشىشىپ كېتىدۇ . ئەينى دەۋر قەھرىمانلىق داستانلىرى ئىزىدىن مېڭىپ يارىتىلغان مەزكۇر ئەسەر ( «كۆلتېكىن مەڭگۈتېشى» )نىڭ بېشىدىلا ئاپتور بىلگە قاغان تىلى بىلەن خەلقىغە مۇنداق مۇراجىئەت قىلىدۇ :

« (1 ) مەڭكى تەڭرىدەك ، تەڭرىدىن تۆرەلگەن تۈرك بىلگە قاغان بۇ ۋاقىتتا (تەختتە ) ئولتۇردۇم . سۆزۈمنى تولۇق ئاڭلاڭلار : ئالدى بىلەن ئىنىلىرىم ۋە ئوغۇللىرىم ، ئاندىن قالسا ، ئۇرۇقلىرىم ۋە

خەلقىم ، ئوڭ تەرەپتىكى شاداپىت بەگلەر ، سول تەرەپتىكى تارقانلار ، بۇيرۇق بەگلەر ، ئوتتۇز (تاتار ) . . . (2 ) توققۇز ئوغۇز بەگلىرى ، خەلقلىرى ، سىلەر بۇ سۆزلىرىمنى ياخشى ئىشتىڭلار ، قاتتىق تىڭلاڭلار ، ئالدى (شەرق ) تەرەپتىن كۈنچىقىشقىچە ، ئوڭ (جەنۇب )تەرەپتىن كۈن ئوتتۇرىسىغىچە ، ئارقا (غەرب )تەرەپتىن كۈنپېتىشقىچە ، سول (شىمال )تەرەپتىن تۈن ئوتتۇرىسىغىچە بولغان خەلقلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا قارايدۇ . مۇشۇنداق كۆپ (3 ) خەلقنى مەن ئۈيۈشتۇردۇم . ئەمدى ئۇلارغا يامانلىق يوق ، تۈرك قاغانى ئۆتۈكەن تاغدا ئولتۇرىۋەرسە ، ئەلدە مۇڭ ـ قايغۇ بولمايدۇ . » (جەنۇب تەرىپى )

كىرىش سۆپىتىدە بېرىلگەن يۇقىرىقى بايانلاردا شېئىرىي پۇراق كۈچلۈك بولۇپ ، نەسر ھەم نەزم شەكلى ئارىلاش قوللىنىلغان . ئۇنىڭ ئارقىدىكى بىرقانچە جۈملە بۆلەكلىرىنى تۆۋەندىكىدەك شېئىرىي مىسرالارغا تىزىش مۇمكىن :

ئەسلىسى :

«ئىلگەرۇ شانتۇڭ يازىقا تەگى سۇلەدىم ،
تالۇيقا كىچىگ تەگمەدىم .
بىرگە رۇ توقۇز ئەرسەنكە تەگى سۇلەدىم ،
تۇپۇتكە كىچىگ تەگمەدىم . »
(جەنۇب تەرىپى ، 3 ـ قۇر )

تەرجىمىسى :

«ئالدى تەرەپ (شەرق )تىن سەندۇڭ تۈزلەڭلىكىگىچە قوشۇن تارتتىم ، دېڭىز (ساھىلى )گە يېتىپ بېرىشقا ئاز قالدىم . ئوڭ تەرەپ (جەنۇب )تىن توققۇز ئەرسەنگىچە قوشۇن تارتتىم ، تىبەتكە يېتىپ بېرىشكە ئاز قالدىم . »

ئەسلىسى :

«ئۆتۈكەن يىر ئولۇرۇپ
ئارقىش ـ تىركىش ئىسەر .

نەڭ بوڭۇغ يوق
ئۆتۈكەن يىش ئولۇرسار .
بەڭۇ ئىل تۇتا ئولۇرتاچىسەن ،
تۈرك بودۇن توقۇرقاقسەن .
ئاچسىق ، تۇدسىق ئۆمەزسەن ،
بىر تۇدساڭ ئاچسىق ئۆمەزسەن .»
(جەنۇب تەرىپى ، 8 ـ قۇر )

تەرجىمىسى :

«ئۆتۈكەن زېمىنىدا ئولتۇرۇپ ، (ئۇلارغا ) كارۋان ۋە ئەلچىلەر- نىلا ئەۋەتسەڭلار (ئەلدە ) ھېچقانداق غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ . ئۆتۈكەن تېغىدا تۇرىۋەرسەڭلار ، ئەلنى مەڭگۈ تۇتۇپ تۇرالايسىلەر . تۈرك خەلقى ، سىلەر قانائەتچانسىز ، ئاچ ـ توق قالىدىغانلىقىڭ- لارنى ئويلىمايسىلەر ، تويغان ۋاقتىڭلاردا ئاچ قالىدىغىنىڭلارنى ئوي- لىمايسىلەر .»

بۇ خىل شېئىرىي مىسرالارنى ، لىرىك نەسرگە خاس ئامىللارغا تويۇنغان جۈملىلەرنى بىلگە قاغان ، تونيوقۇق مەڭگۈتاشلىرىدىنمۇ كۆپلەپ ئۇچرىتىش مۇمكىن . بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار بۇ مەڭگۈتاش تېكىستلىرىنى مىلادىيە 6 ـ ، 8 ـ ئەسىرلەردىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر شېئىرىي ئىجادىيىتىنىڭ نەمۇنىلىرى سۈپىتىدە قا- رىغان (ئى . ستېبلېۋا : «مىلادىيە 6 ـ ، 8 ـ ئەسىرلەردىكى تۈرك پوئېزىيىسى » ، موسكۋا ، 1965 ) .

مەڭگۈتاش تېكىستلىرىدە كۆلتېكىن ، بىلگە قاغان ، تونيوقۇق ئوخشاش قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازى تەبىئىي ، تىپىك تارىخىي ۋەقەلەر زېمىنىدا گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ . ئۇلارنىڭ مەردلىكى ، جەڭلەردىكى قەھ- رىمانلىقى چوڭقۇر مۇھەببەت ، ئالاھىدە بەدىئىي ماھارەت بىلەن سۈ- رەتلىنىدۇ :

مەسلەن :

«(كۆلتېكىن) تادىقىن چۇرنىڭ بوز ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كىردى، بۇ ئات ئۇ يەردە ئۆلدى. ئىككىنچى قېتىم ئىشبارا يامتارنىڭ بوز ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كىردى، بۇ ئات ئۇ يەردە ئۆلدى. ئۇچىنچى قېتىم يەگىن سىلىگ بەگنىڭ يوپۇقلۇق تورۇق ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كىردى، بۇ ئات ئۇ يەردە ئۆلدى. ئۇنىڭ ساۋۇت ۋە دۇبۇلغىسى، يەلمەسىگە يۈزدىن ئارتۇق ئوق تەگدى، (لېكىن) يۈزىگە، بېشىغا بىرتالمۇ ئوق تەگكۈزمىدى... كۆلتېكىن بايىرقۇنىڭ ئاق ئايغىرىنى مىنىپ جەڭگە كىردى، بىر ئەرنى ئوق بىلەن ئۆلتۈردى، ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى ئەرگە (نەيزە) سانجىدى. ئۇ جەڭ قىلىۋاتقاندا، با- يىرقۇنىڭ ئاق ئايغىرىنىڭ يوتىسىنى چېپىپ تاشلىدى... كۆلتېكىن باشغۇ (دېگەن) بوز ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كىردى، باشغۇ (دېگەن) بوز... ئىككىسىنى ئۆزى ئەسىرگە ئالدى. ئاندىن كېيىن يەنە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، تۈركەش قاغانىنىڭ بۇيرۇقىنى، ئازلارنىڭ تۇتۇقىنى تۇتۇۋالدى.»

(شەرق تەرىپى، 32~ 33، 35~ 36 ـ قۇرلار)

كۆلتېكىننىڭ ئات ئۇستىدىكى جەڭ ماھارىتى، قەھرىمانلىقى گەۋدىلىك تەسۋىرلەنگەن بۇ خىل بايانلار مەڭگۈتاشنىڭ شەرق تەرىپىدە ئالتە يەردە، شىمال تەرىپىدە سەككىز يەردە ئۇچرايدۇ.

كۆلتېكىن مەڭگۈتېشى، بىلگە قاغان مەڭگۈتېشى تېكىستلىرى بىلەن تونيوقۇق مەڭگۈتېشى تېكىستىنى سېلىشتۇرغاندا، تونيوقۇق مەڭگۈتېشى يېزىلىش ئۇسلۇبى ۋە تىل جەھەتلەردە يۇقىرىقى ئىككى مەڭگۈتاشقا ئوخشاشمايدىغان بەزى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. تونيوقۇق مەڭگۈتېشىنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى يۇقىرىقى ئىككى مەڭگۈتاش تې- كىستلىرىدەك سەلتەنەتلىك ئەمەس، مۇئەللىپ ئۆز سۆزىنى دىئا- لوگ، ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىگە ئوخشاش ئەدەبىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، ئۇرغۇلۇق ۋە تەسىرلىك جۈملىلەر ئارقىلىق بايان قىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۆز تۆھپىسىنى

گەۋدىلەندۇرۇپ ، مەدھىيىلەيدۇ . مەڭگۈتاشنىڭ كىرىش ۋە خۇلاسە قىسمىدىكى بىرنەچچە قۇر نەزمىي شەكىلدە يېزىلغان بولۇپ ، تەتقىقاتچىلار ئۇ بۆلەكلەرنى نەسرىي شېئىرغا ئوخشىتىدۇ . تونيوقۇق مەڭگۈتېشىدا تونيوقۇقنىڭ ئۆز تەزكىرىسى يېزىلغان بولۇپ ، ژانىر جەھەتتىن تارىخىي - ئەدەبىي تەزكىرىگە يېقىندۇر .

تۆۋەندە ، تونيوقۇق مەڭگۈتېشىدا ئىشلىتىلگەن بەدىئىي تەسۋىرىي ۋاستىلەردىن بىرقانچىنى مىسال كەلتۈرىمىز :

«دۈشمەنلىرىمىز ئەتراپىمىزدا قۇشلاردەك كۆپ ئىدى ، بىز جاننىسىز ھايۋاندەك ئىدۇق .»

«يۇپقا نەرسىنى ئېگىش ئاسان ، ئىنچىكە نەرسىنى سۇندۇرۇشمۇ ئوڭاي ؛ يۇپقا قېلىن بولۇپ كەتسە ، ئۇنى ئېگىش تەسكە چۈشىدۇ ، ئىنچىكە توم بولۇپ كەتسە ئۇنى سۇندۇرۇش تەسكە چۈشىدۇ .»

(«تونيوقۇق مەڭگۈتېشى» ، 5 - ، 6 - ، 8 - ، 13 - ، ۋە 14 - قۇرلار )

بۇنىڭغا ئوخشاش بەدىئىي تەسۋىرىي ۋاستىلەرنى كۆلتېكىن مەڭگۈتېشى ، بىلگە قاغان مەڭگۈتاشلىرىدىنمۇ كۆپلەپ ئۇچرىتىش مۇمكىن .

كۆلتېكىن مەڭگۈتېشىنىڭ ئاخىرقى قىسمى بىلگە قاغاننىڭ قايغۇلۇق ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن ئىچكى كېچىرمە ۋە مونولوگى بولۇپ ، كىشىنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈرىدۇ :

«دۈشمىنىمىز ئوغۇزلار ئوردىغا بېسىپ كەلدى . كۆلتېكىن ئۆگىسىز (دېگەن ) ئاق ئېتىنى مىنىپ ، توققۇز ئەرگە (نەيزە ) سانجىدى ، ئوردىنى بەرمىدى . (شۇنداق قىلمىغان بولسا ) ئانام خاتۇن قاتارلىق ئانىلىرىم ، ئاچىلىرىم ، كېلىنلىرىم ، مەلىكىلىرىمنىڭ تىرىكلىرى دېدەك بولاتتىڭلار ، جەسەتىڭلار بولسا خارابىلىقتا ، يولدا قالغان بولاتتى ! كۆلتېكىن بولمىغان بولسا ، ھەممىڭلار ئۆلگەن بولاتتىڭلار ! ئىنىم كۆلتېكىن قازا تاپتى ، ئۆزۈم ھەسرەت چەكتىم .

كۆرەر كۆزۈم كۆرمەستەك بولدى ، ئەقىل ـ ھوشۇمدىن ئاداشقاندەك بولدۇم . ئۆزۈم ھەسرەت چەكتىم ، زامان ، تەڭرى ياشايدۇ (ئۆلمەيدۇ ) . ئىنسان بالىسى ئۆلۈش ئۈچۈن تۆرەلگەن ، شۇنداق ئويلىدىم ، كۆزۈمگە ياش كەلسە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم ، كۆڭلۈم بۇزۇلسا ئۆزۈمنى باستىم . مەن چەكسىز ھەسرەتلەندىم ، ئىككى شاد ۋە ئىنىلىرىم ، باللىرىم ، بەگلىرىم ، خەلقىم يىغلاۋېرىپ كۆزلىرىدىن ئايرىلىپ قالارمۇ دەپ ئويلىدىم . »

مەڭگۈتاش يادىكارلىقلىرى مەيلى تارىخ ، مەيلى تىل ۋە ئەدەبىيات جەھەتتىن ناھايىتى زور قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن ، يەنە ئېتنوگرافىيە ، جۇغراپىيە جەھەتتىمۇ بەلگىلىك قىممەتكە ئىگىدۇر . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەڭگۈتاش يادىكارلىقلىرى ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك كۆپ تەرەپلىمىلىك قىممىتى بىلەن ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى ، تىل ـ ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلدى .

## مەڭگۈتاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى ئاپتورلىرى

مەڭگۈتاش يادىكارلىقلىرىنىڭ تېكىستلىرى ئاساسەن 1 ـ شەخس تىلىدا بولۇپ ، ئۇلارنىڭ خېلى بىر قىسمى قەبرە ياكى خاتىرە مەڭگۈتېشى (مۇنارى ) ئىگىلىرى ھايات ۋاقتىدا ، ئۇلارنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن ، ياكى ئۇلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشى بىلەن باشقىلار تەرىپىدىن خاتىرىلەپ يېزىلغان . تۆۋەندە ، ئاساسلىقى ، مەڭگۈتاش ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىنىڭ ئاپتورلىرى تونيوقۇق ۋە يوللۇغ تېكىن ھەققىدە مەخسۇس توختىلىپ ئۆتىمىز .

**تونيوقۇق :** شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئاشىنا ئۇرۇقىدىن كېيىن باش كۆتۈرگەن ئاشىدى ئۇرۇقى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ ،

تاڭ سۇلالىسى ئاستانىسى (چاڭئەن )دە ئۆسكەن ۋە تەربىيىلەنگەن .
«تۇنيوقۇق » (تون ـ تۇنجى ، يوق ـ قەدىرلەش ، ساقلاش مەنىسىدە ، خەنزۇچە : 墩欲谷 ) دېگەن تۈركچە ئىسمىنى قوللانغان . قۇتلۇق ئىلتەرىش مىلادىيە 681 ـ يىلى ئىسيان كۆتۈرگەندە ، قوشۇن قوماندانى «ئۇلۇغ شاد » (ئىلتەرىشنىڭ ئىنىسى بەگچۇر كۆزدە تۇتۇلىدۇ ) نىڭ تەكلىپى بىلەن قۇتلۇق ئىلتەرىشكە قوشۇلغان . قۇتلۇق ئىلتەرىش تۇنيوقۇقنىڭ دەۋىتى بىلەن ئۆزىنى «قاغان » دەپ ئېلان قىلغان . تۇنيوقۇق « بويلا باغا تارقان » ئۇنۋانى بىلەن ئىلتەرىش قاغاننىڭ ئەقىلدارى ( مەسلىھەتچىسى ) ۋە قوشۇن قوماندانى بولغان . بۇ ھەقتە « تۇنيوقۇق مەڭگۇ تېشى » دا مۇنداق دېيىلىدۇ : « (1 ) بىلگە تۇنيوقۇق مەن ئۆزۈم تابغاچ ئېلىدە ئۆستۇم . ( ئۇ زامانلاردا ) تۈرك خەلقى تابغاچقا قارايتتى . . . . تۈرك سىر خەلقى يېرىدە (4 ) جامائەت قالمىدى ، ئورمانلىق ۋە تاغ ـ دالىلاردا قالغانلىرى يىغىلىپ ، يەتتە يۈز بولدى . بۇلارنىڭ ئىككى ئۇلۇشى ئاتلىق ئىدى ، بىر ئۇلۇشى پىيادە ئىدى . بۇ يەتتە يۈز كىشىنى باشلاپ يۈرگۈچى (5 ) قوشۇن ئۇلۇغى شاد ئىدى . ئۇ ماڭا (قوشۇنىمىزغا ) قوشۇلغىن ، دېدى . قوشۇلغان كىشى مەنكى بىلگە تۇنيوقۇق ئىدىم . . . شۇندىن كېيىن تەڭرى ( ماڭا ) ئەقىل بەرگەنلىكى ئۈچۈن ، مەن ( ئۇنى ) خاقان ( بولۇشقا دەۋەت ) قىلدىم . بىلگە تۇنيوقۇق بويلا باغا تارقان (7 ) ئىلتەرىش قاغان بىلەن بىرلىكتە . . . بىدىلگەسى لەشكەر باشلىدىقى مەنلا ئىدىم » ( غەرب تەرىپى ، 1 ~ 7 ـ قۇرلار ) .

تونيوقۇق تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىدا يۇقىرى بىلىم ئالغان ئىقتىدارلىق سەركەردە بولۇش سۈپىتى بىلەن ، شەرقىي تۈرك قاغانلىرىدىن ئېلتەرىش قاغان (مىلادىيە 682~ 691 ) ، قاپاغان قاغان (مىلادىيە 691~ 716 ) ۋە بىلگە قاغان (مىلادىيە 716~ 734 ) قاتارلىقلارغا باش ۋەزىر ، مەسلىھەتچى بولغان ھەمدە يۇقىرىقى قاغانلارنىڭ

خانلىق ھاكىمىيىتىنى تىكلەش ، مۇستەھكەملەش يولىدا زور تۆھپە- لەرنى قوشقان . بۇ ھەقتە «تونيوقۇق مەڭگۈتېشى»نىڭ 51 - ، 52 - ، 54 - ۋە 58 - قۇرلىرىدا : « . . . قاپاغان قاغان يىگىرمە يەتتە ياش ۋاقتىدا ، مەن قاپاغان قاغانغا يارەملىشىپ ، ئۇنى تەختكە ئولتۇرغۇزدۇم . تۈنلىرى خاتىرجەم ئۇخلىيالمىدىم ، كۈندۈزى خاتىر- جەم ئولتۇرالمىدىم . قىزىل قانلىرىمنى تۆكتۈم ، قارا تەرلىرىمنى ئاققۇزدۇم . مەن دۆلەت ئىشلىرى ئۈچۈن كۈچۈمنى قوشتۇم . . . ئېلتەرىش قاغان تىرىشمىغان بولسا ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەن تىرىشمى- غان بولسام دۆلەت ۋە خەلق يوق بولغان بولاتتى . ئۇ تىرىشقانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەن تىرىشقانلىقىم ئۈچۈن ، دۆلەت يەنىلا دۆلەت بولدى ، خەلق يەنىلا خەلق بولدى . ئۆزۈم قېرىدىم ، ئۇلۇغ بولدۇم ، ھەرقانداق يەردىكى قاغانلىق ، خەلقلەردە مەندەك ئادەم بولى- دىكەن ، ئۇلاردا نېمە غەم بولسۇن ؟ تۈرك بىلگە قاغان ئېلىگە مەنكى بىلگە تونيوقۇق (بۇ مەڭگۈتاشتىكى سۆزلەرنى ) يازدۇردۇم . . . » دەپ يېزىلغان .

مەڭگۈتاش تېكىستىدىكى بايانلاردىن تونيوقۇقنىڭ كېيىنكى تۈرك قاغانلىقىدا ئوينىغان مۇھىم رولىنىلا ئەمەس ، شۇنداقلا ، ئۇنىڭ ئۆز زامانىسىدا يېتىشكەن ئەدىب ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىش مۇمكىن . مەڭگۈتاش تېكىستى مۇقەددىمە ، ئاساسىي تېكىست ۋە خاتىمىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تۈزۈلگەن بولۇپ ، مۇقەددىمە (كىرىش ) ۋە خاتىمە قىسىمدىكى بەزى جۈملىلەر نەزمىي شەكىلدە يېزىلغان . مەڭ- گۈتاش تېكىستىدىكى دەۋر رېئاللىقى كۈچلۈك ۋە چوڭقۇر ئەكس ئەتكەن جانلىق ، ئوبرازلىق بايانلار ، بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىكى رەڭدارلىق ۋە ئۆزگىچىلىكلەر بۇ مەڭگۈتاش تېكىستىنى ئۆز دەۋرى- نىڭ تارىخىي رېئاللىقىدىن گۇۋاھلىق بەرگۈچى قىممەتلىك ھۆججەت ، تىل - ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم يادىكارلىقى ئورنىغا قويۇپ كەلدى .

تونيوقۇق مەڭگۈتېشى تېكىستى تونيوقۇق هايات ۋاقتىدا ، يەنى ئۇ مىلادىيە 716 ـ يىلى قايتىدىن بىلگە كۆل قاغاننىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان مەزگىلدە يېزىلغان بولۇپ ، مەڭگۈتاشمۇ شۇ مەزگىلدە تىكلەنگەن . مەڭگۈتاش تېكىستىدە ئىپادىلەنگەن يېڭى قاغانغا بولغان ساداقەتمەنلىك مۇئەللىپنىڭ ئۆز تۆھپىسىنى ئەسلەش ۋە ئۇنى كېيىنكىلەرنىڭ سەمىگە سېلىپ قويۇش ھېسسىياتى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ ، بۇ ، تەتقىقاتچىلارنىڭ مەڭگۈتاش تېكىستىنىڭ يېزىلغان ۋە مەڭگۈتاشنىڭ تىكلەنگەن ۋاقتى ھەققىدە مۇشۇنداق خۇلاسىگە كېلىشىنى مۇئەييەن ئاساس بىلەن تەمىن ئەتكەن .

تونيوقۇق مەڭگۈتېشىدىكى ئاپتورنىڭ هايات پائالىيىتى ھەققىدىكى بايانلاردىن ۋە تونيوقۇق ھەققىدىكى باشقا ماتېرىياللاردىن ، تونۇلغان دۆلەت ئەربابى ، ئەدىب بىلگە تونيوقۇقنىڭ مىلادىيە 7 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 8 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان مەزگىلدە ياشىغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن .

**يوللۇغ تېكىن :** بىلگە قاغان ۋاپاتىدىن كېيىن ، مىلادىيە 735 ـ يىلى ئورنىتىلغان خاتىرە مەڭگۈتېشىنىڭ غەربىي جەنۇبىي يۈزىگە ئويۇلغان : «بىلگە قاغان بىتىگىن يوللۇغ تېكىن بىتىدىم . بۇنچا بارقىغ بەدىزىگ . . . قاغان ئاتىسى يوللۇغ تېكىن مەن بىر ئاي ئارتۇقى تۆت كۈن ئولۇرۇپ بىتىدىم ، بەدىزتىم . . . » (مەنىسى : «بىلگە قاغان (مەڭگۈتاش ) تېكىستىنى مەنكى يوللۇغ تېكىن يازدىم . بۇنچە كۆپ قۇرۇلۇش ، ئېسىل ( ؟ ) . . . بىلگە قاغاننىڭ جىيەن ئوغلى مەنكى يوللۇغ تېكىن بىر ئاي تۆت كۈن ئولتۇرۇپ يېزىپ چىقتىم ، زىننەتلىدىم . . . » ) دېگەن سۆزلەرنى ھەمدە بىلگە قاغاننىڭ خانلىق ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەش ۋە مۇستەھكەملەش يولىدا زور خىزمەت كۆرسەتكەن ئىنىسى ، مەشھۇر سەركەردە كۆلتېكىننىڭ تۆھپىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ، ۋاپاتىدىن بىر

يىل كېيىن ئورنىتىلغان «كۆلتېكىن مەڭگۈتېشى»نىڭ شەرقىي جەنۇ-
بى تەرىپىدىكى : «بۇنچا بىتىگ بىتىگمە كۆل تىگىن ئاتىسى يوللۇغ
تىگىن بىتىدىم . يىگىرمى كۈن ئولۇرۇپ بۇ تاشقا بۇ تامقا قوپ يولۇغ
تىگىن بىتىدىم . . . » (مەنىسى : «بۇ خەتلەرنى كۆل تېگىنىنىڭ جىيەن
ئوغلى ، مەنكى يوللۇغ تېكىن يىگىرمە كۈن ئولتۇرۇپ بۇ مەڭگۈتاش
ۋە تامدىكى (خەتلەرنىڭ )ھەممىسىنى يېزىپ چىقتىم . . . » ) دېگەن
سۆزلەرنى ، شۇنداقلا ، كۆلتېكىن مەڭگۈتېشىنىڭ جەنۇب تەرە-
پى 13 - قۇردىكى يۇقىرىقىغا ئوخشاش بايانلارنى ئوقۇغىنىمىزدا ،
بۇ ئىككى مەڭگۈتاش تېكىستىنىڭ بىلگە قاغاننىڭ ئېيتىپ بېرىشى
بىلەن ئۇنىڭ جىيەن ئوغلى يوللۇغ تېكىن تەرىپىدىن ، بىلگە قاغان
تىلىدا يېزىپ چىقىلغانلىقىنى ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ، بۇ مەڭگۈتاش
تېكىستلىرىنىڭ يەنە يوللۇغ تېكىن تەرىپىدىن مەڭگۈتاشلارغا ھۆسنى-
خەت قىلىنىپ ، نەقىشلىنىپ يېزىپ چىقىلغانلىقىنى بىلىمىز .

يوللۇغ تېكىن كۆلتېكىن مەڭگۈتېشىدا ئۈچ قېتىم ، بىلگە قاغان
مەڭگۈتېشىدا بىر قېتىم ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئاتايدۇ . ھالبۇكى ، مەيلى
مەڭگۈتاش تېكىستلىرىدە ، ياكى ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە تارىخىي ماتې-
رىياللىرىدا بولسۇن ، يوللۇغ تېكىن ھەققىدە ھېچقانداق ماتېريال
ئۇچرىمايدۇ . «قاغان جەمەتىدىن ، شۇنداقلا ، شىغاۋۇل بېگى بولغان
يوللۇغ تېكىن ، خۇددى ئۆزى جاكارلىغىنىدەك ، نۇرغۇن مەڭگۈتاش
تېكىستلىرىنىڭ مۇئەللىپى ، بەلكى ئۇ بىزگە مەلۇم بولغان تۈركىي
تىلىدا ئەسەر يازغۇچى بىرىنچى مۇئەللىپتۇر . ئۇ دەل ئۆز قولى بىلەن
مەڭگۈتاش تېكىستىنى مەڭگۈتاشقا (قارا سىياھ )بىلەن يازغان ، ئاندىن
جۇڭگو ئويما نەققاشچىلىرى ئۇنى ئويۇپ چىقارغان . ماتەم - مۇراسىم
ئىبادەتخانىسىنىڭ تېمىدىكى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن بېغىشلىمى-
نىمۇ شۇ يازغان . . . قەدىمكى تۈرك - رۇنىك يېزىقىدىكى مەڭگۈتاش
تېكىستلىرى ئىچىدە خوشۇ - سايدام رايونىدىكى ئىككى مەڭگۈتاش
تېكىستى (بىلگە قاغان ، كۆلتېكىن مەڭگۈتاشلىرى كۆزدە تۇ-

تۇلىدۇ ) ئەڭ ئۇزۇن ھەم ئەڭ مۇھىمىدۇر . ئۇلارنىڭ قەدىمكى تۈركىي تىل - ئەدەبىياتى ۋە تارىخشۇناسلىقى جەھەتلەردىكى ئەھمىيىتىنى قانچىلىك يۇقىرى باھالىسىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ » (كلياشتورنىي : «قەدىمكى تۈرك - رۇنىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر » ) . ئومۇمەن ئالغاندا ، تونۇلغان ئەدىب ۋە سەنئەتكار يوللۇغ تېكىن يازغان مەڭگۈتاش تېكىستلىرى ئۆز قىممىتى بىلەن ، مۇشۇ كەمگىچە تېپىلغان مەڭگۈتاش تېكىستلىرىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئۈلگىسى سۈپىتىدە تونۇلۇپ كەلدى ، شۇنداقلا ، ھەممىدىن كۆپ تەتقىق قىلىندى .

يوللۇغ تېكىن يازغان ئىككى مەڭگۈتاش تېكىستىدىن بىز ئۇنىڭ مىلادىيە 8 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز .

# تۆتىنچى باب

## قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

### قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى قۇرۇلۇشتىن ئاۋۋالقى قوچۇ مەدەنىيىتى

قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت مەركىزى بولغان تۇرپان رايونى ئۇزاق تارىختىن بۇيان، جۇغراپىيىۋى ئالاھىدىلىكى، سودا تۈگۈنى بولۇشتەك ئەۋزەللىكى ھەم ھەربىي ئىستراتېگىيىلىك جەھەتتىكى مۇھىملىقى قاتارلىق جەھەتلەردىن، ھەرقايسى دەۋرلەردە، مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي رايونىدا كۆچەيگەن ھەرقايسى مىللەتلەر تەرىپىدىن جىددىي تالاشلاردا بولۇپ كەلگەن ئىدى.

خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كەلگىنىدە، بۇ جايلاردا «شەھەر دۆلەتلىرى» بولۇپ («ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 19 ـ بەت)، بۇ دۆلەتلەر قاتارىدا يارغول ۋە هازىرقى ئۇرۇمچى ئەتراپلىرىغا جايلاشقان ئالدى قوش، ئارقا قوشلۇقلار هاكىمىيىتى بولغان. مىلادىيە 487 ـ يىلىدىن كېيىن دىڭلىڭلار پەيدىنپەي تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي قىسمىغا كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلاشتى. مىلادىيە 4 ~ 5 ـ ئەسىردە بىر تۈركۈم دىڭلىڭ (تېلى) قەبىلىلىرى تارىم ئويمانلىقىغا كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلاشتى. مىلادىيىدىن بىر ئەسىر ئىلگىرىكى مەزگىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا،

ئوغۇزلار جۇڭغارىيە ئويمانلىقى ئەتراپىغا كۆچۈپ كەلدى («ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، 30 ~ 31 ـ بەت) .

جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا قەدەم قويغاندىن كېيىن ، شۇنداقلا ، هونلار خېشى كارىدورى ، تۇرپان قاتارلىق جايلارنى قولىدىن كەتكۈزۈپ ، بارغانچە غەربكە سىلجىغاندىن كېيىن ، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىن غەربىي يۇرتقا ، جۈملىدىن تۇرپان قاتارلىق جايلارغا خېلى كۆپ خەنزۇ ئاھالىلىرى كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلىشىپ ياشىغان ئىدى («ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، 32 ـ بەت) . مىلادىيە 466 ـ يىلى ئەسلىدىكى قوچۇ بەگلىكى جۇرجانلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىندى . مىلادىيە 487 ـ يىلى قاڭقىل قەبىلىلىرى بۇ رايوننى ئىگىلەپ ، «قاڭقىللار دۆلىتى»نى قۇردى . مىلادىيە 541 ـ يىلى «قاڭقىللار دۆلىتى» جۇرجانلار تەرىپىدىن يوقىتىلدى (ياڭ شىڭمىن : «قەدىمكى ئۇيغۇرلار» ، 38 ـ ، 39 ـ بەتلەر) .

شۇ ئۇزاق تارىخ دولقۇنلىرىدا بۇ رايوندا ئارىيان ئىرقىدىكىلەر ، ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ، هونلار ۋە هون ئىتتىپاقىغا ئىشتىراك قىلغان قوۋملەر ، خەنزۇلار ، جۇرجانلار ، تېلى ، قاڭقىل ، ئوغۇز ، تۇرك قاتارلىق قەبىلە ۋە خەلقلەر ياشاپ ئۆتكەن ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەنىدى .

قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ، بۇ رايوندا بىرىكمە مەدەنىيەت ئامىللىرىدىن تۆت چوڭ مەدەنىيەت (قەدىمكى جۇڭگو مەدەنىيىتى ، قەدىمكى ھىندى مەدەنىيىتى ، قەدىمكى گرېك ـ ئىران مەدەنىيىتى ، كۆچمەن چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى) ، ئۈچ چوڭ تىل سىستېمىسى (ئۇرال ـ ئالتاي تىل سىستېمىسى ، خەنزۇ ـ تىبەت تىل سىستېمىسى ، ھىندى ـ ياۋرۇپا تىل سىستېمىسى) ۋە تۆت چوڭ ئىگىلىك (چارۋىچىلىق ، دېھقانچىلىق ، سودا ۋە قول هۈنەرۋەنچىلىك ئىگىلىكى) بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشقانىدى .

دېمەك ، يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەر تۇپەيلى ، قوچۇ ئىدىقۇت ئۇي-غۇر ئېلى قۇرۇلۇشتىن ئاۋۋال ، خېلى يۇقىرى تەرەققىياتقا ئېرىشكەن ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ، ھەر خىل تىل ـ يېزىقلار ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە دىنلار بۇ زېمىندا ئۆز ئىزىنى قالدۇرغانىدى .

قىسقىسى ، قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى قۇرۇلۇشتىن ئاۋۋالقى تۇرپان دىيارىدىكى مەدەنىيەتنى كۆپلىگەن خەلقلەر بىرلىكتە ياراتقان ، كېيىنچە بۇ مەدەنىيەتنى ئۇيغۇر خەلقى تېخىمۇ بېيىتقانىدى .

كېيىنرەك ، قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتكەن ئېۋىرغول (قۇمۇل ) ، كېنگىت ياكى ئاگىنى (قاراشەھەر ) ، كۇسەن (كۇچا ) قاتارلىق جايلار «يىپەك يولى» نىڭ غول لىنىيىسىگە جاي-لاشقان شەھەر ـ ئۆتەڭلەر ئىدى . غەربىي يۇرتنىڭ ، جۈملىدىن تۇرپان رايونىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنى ئاساسەن مۇشۇ يولغا باغلاپ چۈشەندۈرۈش بىرقەدەر مۇۋاپىقتۇر . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، بۇددا دىنىنىڭ غەربتىن شەرققە قاراپ تارقىلىشىمۇ ئاشۇ قەدىمكى مەدەنىيەتنى ھاسىل قىلغۇچى ئىككىنچى بىر مۇھىم مەنبەدۇر .

يازما خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا ، خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى جاڭ چيەن غەربىي يۇرتتىكى دۆلەتلەر ۋە بەگلىكلەر بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ ئالاقىسىنى ئورناتقاندىن كېيىن ، ئىچكىرى ئۆلكىلەر-دىن سودا كارۋانلىرى غەربكە قاراپ تىجارەت يوللىرىنى كېڭەيتىشكە باشلىغان ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يىپەك يولىدا كىچىك ـ كىچىك كەنتلەر ھاسىل قىلىپ ، سودا ـ تىجارەتتە قىزغىن پائالىيەت ئېلىپ بارغۇچى غەربىي يۇرت سودىگەرلىرى ــــ سوغدىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ تىجارەت پائالىيەتلىرىنى شەرققە يۈزلەندۈرۈپ ، يىپەك يولىنى جانلان-دۇرغانىدى . نەتىجىدە ، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە توقۇلغان ، ئەينى زاماندا مەشھۇر بولغان يىپەك ـ شايىلار ، جانان قاچىلار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يەرلىك بۇيۇملار غەربتىكى ئەللەرگە توشۇلسا ، غەربىي يۇرت-نىڭ ئۈزۈمى ، يۇگۇرۇك ئاتلىرى ، يۇڭ توقۇلمىلىرى ، دورا ـ گىد-

ياهلىرى ۋە نازۇك ، نەپىس ئىشلەنگەن زىننەت بۇيۇملىرى شەرققە
ئەۋەتىلگەنىدى .

يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان يۇقىرىقى ئورۇنلاردىكى
ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يۇكسىلىشىگە ئەگىشىپ ، بۇ جايلار-
دا دىنمۇ ئۆز تەرەققىياتىغا كەڭرى ئىمكان تاپقان .
تارىخىي مەلۇماتلارغا ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا ،
مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدە بۇددا دىنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس جايى
ھىندىستاندىن ئۇدۇن (خوتەن ) ، سۇلى (قەشقەر ) رايونلىرى ئارقى-
لىق كۈسەن (كۇچا ) ، كېنگىت (قاراشەھەر ) ، قوچۇ شەھەرلىرىگە
تارقىلىپ ، بارا - بارا چوڭقۇرلىشىشقا باشلىغان . بۇ دىنىنىڭ تارقىلى-
شىنىڭ ئالدى - كەينىدە يەنە بۇ رايونلارغا ئاتەشپەرەسلىك ، خرىستى-
ئان ۋە مانى دىنلىرىمۇ ئىلگىرى - كېيىن تارقالغانىدى . لېكىن بۇددا
دىنى باشقا دىنلارغا نىسبەتەن تارقىلىش دائىرىسى كەڭرى ۋە چوڭقۇر
بولۇپ ، كۈسەن ۋە قوچۇ رايونلىرىدا ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقا-
نىدى .

بۇددا دىنى ھازىرقى شىنجاڭ رايونىغا كىرگەندىن كېيىن ، مەدە-
نىيەتكە ، جۈملىدىن ئەدەبىيات - سەنئەتكە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەت-
تى . كۈسەن ، قوچۇ ۋە دۇنخۇاڭلاردا «مىڭ بۇددا ئۆيى» لىرى ، بۇددا
مۇنارلىرى ، ئىبادەتخانىلار مەيدانغا كەلدى ، بۇنداق قۇرۇلۇشلارنىڭ
مەيدانغا كېلىشى تەبىئىي ھالدا بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىنى
نامايان قىلاتتى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، «مىڭ بۇددالىق ئۆي» لەرنى
بۇددا ھۆرمىتىگە مۇناسىپ ھالدا گۈزەللەشتۈرۈش ، ئىستىقامەتگاھ-
لارنى بېزەش ئېھتىياجىدىن نەققاشلىق ، ئويمىچىلىق تەرەققىي قىل-
دى ؛ بۇددا دىنىنىڭ ياراتقۇچىسى - ساكيامۇنى ۋە بۇ دىنىنىڭ ئۇلۇغ
پېشۋالىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ۋەجى بىلەن ھەيكەلتىراشلىق راۋاجلان-
دۇرۇلدى ؛ ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرى ، دىنىي ئەقىدىلەر ، دىنىي رىۋايەت-
لەر ۋە ئۇلۇغلارنىڭ ئەپسانىۋى تۈس ئالغان پائالىيەتلىرىنى ئەكس

ئەتتۇرۇش ئۇچۇن رەسساملىق سەنئىتى يولغا قويۇلدى . . . دىندارلار
ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەتلىرى بىلەن دىنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش
يۈزىسىدىن ھەر خىل دىنىي پائالىيەتلەرنى ۋە سەنئەت شەكلىدىكى
مۇراسىملارنى ئېلىپ بېرىشاتتى .

راھىب شۈەنجۇاڭ (مىلادىيە 602～664 ) نىڭ غەربكە كېلىپ
بۇددىزم تەلىماتلىرىنى ئۆگىنىش جەريانىدا يېزىپ قالدۇرغان خاتىرد-
لىرىدە ئېيتىلىشىچە ، ئەينى زاماندا كۇسەن دۆلىتىدە 100 دىن
ئارتۇق بۇددا ساڭراملىرى بار ئىدى ، ئۇنىڭدا «ھىنايانا» (سانسكى-
رىتچە مەنىسى ‹كىچىك يول › ) مەزھىپىنىڭ تەلىماتلىرى تەرغىب
قىلىناتتى . . . ئېگىزلىكى 90 گەزدىن ئاشىدىغان بۇددا ھەيكىلى بار
ئىدى . . . بۇددا راھىبلىرى بەش يىلدا بىر قېتىم چوڭ يىغىلىش
ئۆتكۈزەتتى . . . ھەر يىلى كۈز پەسلىدە بۇددىزم ئەقىدىلىرىنى تەر-
غىب قىلىدىغان چوڭ يىغىلىش بولۇپ تۇراتتى . ئۇنىڭغا خان -
ۋەزىرلەردىن تارتىپ پۇقرالارغىچە ھەممە كىشى مۇستەسناسىز قات-
ناشتۇرۇلاتتى . ھەرقايسى ساڭراملاردىن كەلگەن راھىبلار ئۆزلىرى
قاتۇرۇپ چىققان بۇددا ھەيكەللىرىنى ۋە ئۆزلىرى سىزغان رەسىملەر-
نى كۆتۈرۈپ قەلئەمۇ قەلئە بېرىپ سەيلە قىلاتتى . . . راھىبلار ناھا-
يىتى بىلىملىك كىشىلەر بولغاچقا ، ئۇلار خەلق ئىچىدە يۇقىرى ھۆر-
مەتكە ئىگە ئىدى ۋە پۈتۈنلەي خەلقنىڭ خەير - ساخاۋەتلىرى بىلەن
تەمىنلىنەتتى . . .[①]

شۈەنجۇاڭ كۆرگەن ئەنە شۇ گۈللەنگەن بۇددا مەدەنىيىتى
قوچۇ - ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى قۇرۇلۇشتىن ئاۋۋال بۇ رايونلاردا
ياشىغان يەرلىك ئاھالىلەر تەرىپىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەنىدى .

تارىخىي پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى ، غەربتىن - شەرققە

---

① قۇربان ۋەلى: «قىزىل مىڭ ئۆي رەسىملىرى ھېكايىسى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985)، «مۇقەددىمە»، 5 - بەت.

قاراپ تارقالغان بۇددا دىنىنىڭ نوملىرى ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە تەئەللۇق ئەسەرلىرى ، كۇسەن ۋە قوچۇ رايونلىرىدا ، ئەينى دەۋرلەردە ئەنەتكەكچە (قەدىمكى ھىندىچە) ، تۇخارچە تىل ـ يېزىقلار بىلەن ئۆزلەشكەنىدى . بۇ خىلدىكى ئەسەرلەر كېيىنچە ، قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە بولسا ، كۆپىنچە خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ ، «قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى بۇددا مەدەنىيىتى» نى شەكىللەندۇرگەنىدى .

قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى قۇرۇلۇشتىن ئاۋۋالقى مەزگىللەردە ، كۇسەن ، كېنگىت ، قوچۇ ، بېشبالىق ۋە ئېۋىرغول ھەم دۇنخۇاڭ قاتارلىق رايونلاردا بارلىققا كەلگەن يۇكسەك چارۋىچىلىق ، دېھقانچىلىق ، قول ھۇنەرۋەنچىلىك ، باغۋەنچىلىك ، مېمارچىلىق ، سودا ـ سېتىق ؛ رەسساملىق ، تېبابەتچىلىك ، ھەيكەلتىراشلىق ، كالېندارچىلىق ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ، يېزىق . . . قاتارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنى شۇ رايونلاردا ياشىغان قەدىمكى ئىران قەبىلىلىرىدىن ساكلار ، ئارىيان ئىرقىدىكىلەر ، سوغدىلار ، خەنزۇلار ، قاڭقىل ، ئوغۇز ، تۇرك ئوخشاش كېيىنچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى تەشكىل قىلغۇچى غوللۇق قەبىلىلەر ۋە بۇلاردىن باشقا شۇ ئورۇندا ياشاپ ئۆتكەن خەلقلەر ئورتاق راۋاجلاندۇرغانىدى . بولۇپمۇ كۇسەنلىكلەرنىڭ ، جۇملىدىن ئۇيغۇر ۋە تۇركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ، سوغدىلارنىڭ ، خەنزۇ خەلقىنىڭ مۇشۇ رايونلاردا ئولتۇراقلاشقانلىرىنىڭ ئەينى دەۋر مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا قوشقان تۆھپىسى گەۋدىلىكرەك ئىدى .

ھالبۇكى ، ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ، مەدەنىيەت مەركىزىنى شىنجاڭ رايونىغا يۆتكىگەن ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر قىسمى بېشبالىق ۋە قوچۇنى مەركەز قىلغان قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنى تىكلىگەندىن كېيىن ، مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن ئېتىبارەن مانا شۇ بۇددا مەدەنىيىتى ئاساسىدا ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى

سىگدۇرگەن ئۇيغۇر - بۇددا مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى .

## قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىدە ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي هايات

ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى تۇرمۇش شەكلىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ ، يېرىم كۆچمەن چارۋىچىلىق هاياتتىن مۇقىم ئولتۇراق شەھەر مەدەنىيىتى تۇرمۇشىغا يۈزلەندى . ئۇلارنىڭ سىياسىي هاياتىدىمۇ ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى . بۇنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى — ئۇلار قۇرغان هاكىمىيەت غەربىي يۇرتتىكى بىر زور سىياسىي كۈچكە ئايلاندى .

قەدىمدە «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتالغان هازىرقى شىنجاڭ رايونىدا ، جۈملىدىن ئالتاي تاغ ئېتەكلىرى ، تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمال ۋە جەنۇبىي باغرىدا ، يەتتە سۇ ۋە ئىلى دەريا ۋادىلىرى ھەم تارىم ئەتراپىدىكى بوستانلىقلاردا قوش ( 车师 ) ، قاڭقىل (تېلى ) ، ئوغۇز ، قارلۇق ، تۈركەش قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر خېلى بۇرۇنلا تىرىكچىلىك قىلغان ھەم بۇلار بەزىدە بىر ئۇيۇشقان قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىمۇ تەشكىل قىلغانىدى . بۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىر قىسمى كېيىنكى ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرىغا ئايلىنىپ قالغان . شۇنداقلا ئۇلار ئورخۇن بويىدىكى قېرىنداشلىرى بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن ئىدى .

كېيىنچە ، غەربىي تۈرك قاغانلىقى قۇرۇلغاندا ، يۇقىرىقى قەبىلىلەر مەزكۇر قاغانلىق ھۆكۈمرانلىقىدا ياشىغان ، بۇ خىل تارىخىي باغلىنىشلىقلار ، تەبىئىي ھالدا ، تۈركىي تىلىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە شۇنىڭدەك كېيىنچە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئورتاق تىل سۈپىتىدە قوللىنىلىشىغا تارىخىي شەرت - شارائىت ھازىرلىغان ئىدى . بۇ ھەقتە

تەتقىقاتچى ئۇيغۇر سايرانى بىلەن شى جۇڭ ئەپەندى مۇنداق دەپ
يازىدۇ : «تەڭرىتاغ ئەتراپى ۋە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان ئەسلى-
دىكى مىللەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلىششىمۇ مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇ-
رىلىرىدىن باشلانغان بولماستىن ، بەلكى بۇنىڭدىن كۆپ بۇرۇنلا باش-
لانغان . . . ئۇ چاغلاردىكى ئەسلىي بار مىللەتلەرنىڭ تېلىلىششى ،
تۈركلىششى بۇرۇنلا باشلانغانىدى . ئەينى ۋاقىتتىكى تېلىلىشىش ۋە
تۈركلىشىش كېيىنكى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلىششقا شەرت هازىرلى-
غان »[1] ئىدى . قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى قۇرۇلغاندىن كېيىن
بولسا ، بۇ رايونلاردا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي
گەۋدە قىلغان هالدا بىر پۈتۈن مىللەت گەۋدىسىگە قاراپ يۇغۇرۇلۇشى
تېزلەشكەنىدى .

قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تېررىتورىيىسىمۇ بىر مەزگىل
خېلى كەڭرى بولغان . «ماۋەرائۇننەهردە قۇرۇلغان سامانىيلار خاندا-
دانلىقىدا ئۆتكەن بىر كىشى مىلادىيە 10 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى
يازغان ‹هۇدۇدۇلئالەم › دېگەن كىتابىنىڭ ئون ئىككىنچى بابى —
‹توققۇز ئوغۇزلار دۆلىتى (يەنى قوچۇ ئۇيغۇر ئېلى ) توغرىسىدا › دا ،
قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتە قۇمۇلدىن باشلىنىپ ،
شىمال تەرىپى ئىلى ـ مىڭلاق ۋادىسىغىچە ، غەرب تەرىپى تىبەتلەرنىڭ
زېمىنى (هازىرقى خوتەن بىلەن دۇنخۇاڭنىڭ ئارىلىقىدا ) بىلەن تۇتى-
شىدۇ ، دېيىلگەن . بۇنى قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ هۆكۈمرا-
لىق دائىرىسىگە نىسبەتەن بىرقەدەر توغرا خاتىرە دەپ قاراش كې-
رەك . دېمەك ، قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تېررىتورىيىسى جە-
نۇبتىن شىمالغىچە تۇرپان ، تارىم ۋە جۇڭغارىيە ئويمانلىقلىرىنى ئات-
لاپ ئۆتكەن ، شەرق تەرىپى قۇمۇلدىن باشلىنىپ ، غەرب تەرىپى

① ئۇيغۇر سايرانى، شى جوڭ: «ئۇيغۇرلار»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال)، ئۇيغۇرچە، 1983 ـ يىل 6 ـ سان، 9 ـ بەت.

ئاقسۇغىچە يېتىپ بارغان ، بۇ ئارىلىقتا چۆل - جەزىرە ۋە بوستانلىقلار بار ئىدى . خانلىقنىڭ چېگرىسى ئىچىدە قوچۇنى مەركەز قىلغان قوچۇ ئۇيغۇرلىرىدىن باشقا ، غەرب تەرىپىدە يەنە كۇسەننى مەركەز قىلغان كۇسەن ئۇيغۇرلىرى بار ئىدى . كۇسەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ چېگرىسى غەربتە ئاقسۇدىكى مۇز داۋانغىچە ، جەنۇبتا تارىم دەرياسىغىچە باراتتى . پۈتۈن قوچۇ ئۇيغۇر ئېلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ، كۇسەن ئۇيغۇرلىرى جايلاشقان زېمىن پۈتكۈل قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ غەربىي چېگرىسىنىڭ بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت ئىدى»[1]

مانا مۇشۇنداق كەڭ چېگرا ئىچىدىكى ئەۋزەل تەبىئىي شەرت - شارائىتلار ، خانلىق تېررىتورىيە ئىچىدىكى خەلقلەرنىڭ كلاسسىك ئۇيغۇر تىلىنى ئورتاق تىل سۈپىتىدە قوللىنىشىدەك سەۋەبلەر نەتىجە-سىدە ، قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىدە ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھايات ناھايىتى جانلانغانىدى .

**ئىگىلىك :** قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى جەمئىيىتىدە ئىگى-لىك ئاساسەن دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ، كانچىلىق ، باغۋەنچىلىك ، قول ھۈنەر سانائىتى ۋە سودىدىن ئىبارەت ئىدى .

قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئاساسلىق ئىگىلىك تۈرلىرىدىن بولغان چار-ۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقنى تەڭ ئورۇنغا قويىدى . ئۇلارنىڭ بىر قىسمى دېھقانچىلىق كەسپىگە يۈزلەنگەن بولسا ، يەنە بىر قىسمى بېشبالىق ، قاراشەھەر ئەتراپلىرىدا ، تەڭرى تېغىنىڭ شەرقىي ئۇچى-دىكى بارىكۆل قاتارلىق ئوتلاقلىق جايلاردا ، جۇڭغار ۋە ئىلى ۋادىلى-رىدىكى يايلاقلاردا يەنىلا ماھىر چارۋىچىلاردىن بولۇپ قالدى . ئۇلار يېتىشتۈرگەن ئات ، كالا ، تۆگە ، قوتاز ، قوي - ئۆچكىلەر ئۆزلىرى-نىڭ ئېھتىياجىنى قامدىغاندىن سىرت ، يەنە باشقا ئەللەرگە سېتىلات-

---

[1] («ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» نىڭ 115 ~ 116 - بەتلىرىگە قاراڭ).

تى . بولۇپمۇ ئۇلار يېتىشتۈرگەن سۈپەتلىك ئاتلار ۋە چارۋىچىلىق
مەھسۇلاتلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدا قارشى ئېلىناتتى .

سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندې ئۆزىنىڭ «قوچۇدا
ئەلچىلىك خاتىرىلىرى» دە يېزىپ قالدۇرۇشىچە ، بېشبالىق ئەتراپلى-
رىدا ئاتلار رەڭگىگە بېقىپ تۈرلەرگە ئايرىلغان ھالدا بېقىلىدىكەن ،
ئۇلارنىڭ سانىنى بىلىش تەس ئىكەن ، ئارسلانخاننىڭ ۋە ئۇنىڭ تۇغ-
قانلىرىنىڭ ھەر بىرىنىڭ نەچچە مىڭ تۇياقتىن ياخشى ئاتلىرى بولغان
ئىكەن . بۇ قىسقا بايان بىزگە قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىدا چارۋىچى-
لىقنىڭ راۋاجلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ .

دېھقانچىلىق بىلەن باغۋەنچىلىكمۇ قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىگىلى-
كىدە مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيتتى . قوچۇ رايونىدا يېزا ئىگىلىكى
بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار نىسبىتىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ ، بىنەم -
بوزلار كۆپلەپ ئۆزلەشتۈرۈلگەنىدى .

«قوچۇنىڭ ھاۋا كىلىماتى ئىنتايىن ئىسسىق ، ھۆل - يېغىن
ئاز بولغاچقا ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ، ئاساسەن ، سۈنئىي
سۇغىرىشقا تايىناتتى . سۇ تەڭرى تاغلىرىدىن كېلەتتى . ئۇلار بۇ
سۇلارنى ئېتىز - ئېرىقلارغا باشلايتتى ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن تۈگمەنلەر-
نى يۈرگۈزەتتى . بۇ يەرلەردىن ئاشلىق ، پاختا ، ئۈزۈم ، قو-
غۇن - تاۋۇز قاتارلىق مېۋە - چېۋىلەر كۆپ چىقاتتى . كۇچادىنمۇ
گۈرۈچ ، بۇغداي ، قوغۇن - تاۋۇز چىقاتتى . قۇمۇلدىن ياۋا يىپەك
چىقاتتى» .①

تۇرپان رايونىدا ، قەدىمدىن تارتىپلا ئىككى قېتىم زىرائەت تېرى-
لىپ ، ئىككى قېتىم ھوسۇل ئېلىناتتى . بۇ ئالاھىدىلىك ئاساسىدا ،
سۇ ئىنشائاتلىرىغا ئېتىبار بېرىلىپ ، سۈنئىي سۇغىرىش راۋانلاشتۇ-

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى)، 253~254 - بەتلەر.

رۇلدى . بىنەم ـ بوزلار ئېچىلدى . بۇنداق تىرىشچانلىقلار نەتىجىسى-
دە ، يېزا ئىگىلىكى بىلەن باغۋەنچىلىكىمۇ تەڭ راۋاجلىنىش ئىمكانى-
يىتىگە ئىگە قىلىنغانىدى .

خانلىقنىڭ زېمىنىدا كان بايلىقى مول ئىدى . تۆمۈر رۇدىسى ، قىزىل تۇز ، نۆشۈدۈرلار ئەينى زاماندا قوچۇ خانلىقىدا كۆپلەپ قېزىلا-
تتى . تۆمۈر رۇدىسىدىن ساپ تۆمۈر تاۋلاپ ئېلىناتتى ، قىزىل تۇز تۇرمۇشتا ئىستېمال قىلىناتتى ، نۆشۈدۈر بولسا دورا ياساشقا ئىشلەت-
كەندىن سىرت ، يەرلىك كىشىلەر ئۇنى ھەمىشە كۆن ـ خۇرۇم ياساشنىڭ خام ماتېرىيالى قىلاتتى ( «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، 131~132 ـ بەتلەر ) . بۇ كان مەھسۇلاتلىرى پىششىقلا-
غاندىن كېيىن باشقا ئەل خەلقلىرىگە ھەم سېتىلاتتى .

قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىدە قول ھۈنەر سانائىتى بەك تەرەق-
قىي قىلغان ئىدى : تۆمۈر ، پولات (قۇيۇچ ) تاۋلاش ، ئالتۇن ـ زەرگەرلىك ۋە مىس تاۋلاش ؛ پاختا ، يۇڭ ، يىپەك ۋە كەندىر توقۇمى-
چىلىقى ؛ كۆن ـ خۇرۇمچىلىق ؛ شاراب ئېچىتىش قوچۇدىكى قول ھۈنەر سانائىتىدە ئاساسلىق مەشغۇلاتلاردىن ئىدى .

قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرى بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى ئۆز ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگى-
شىپ تېخىمۇ قويۇقلاشتى . قوچۇ سودىگەرلىرى ئىچكىرى رايونلاردى-
كى يەنجېڭ (ھازىرقى بېيجىڭ ) دا ، شاڭجىڭ (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل جاۋدا ئايمىقى بارىن سول خوشۇنىنىڭ لىندۇڭ بازىرى ) دا ، كەيفىڭ ، لوياڭلاردا دائىملىق سودا قىلىشاتتى . بۇنىڭدىن باشقا ، غەربتە رىم ، ئىران ، ئەرەب ، ھىندىستانلار بىلەنمۇ سودا قىلىشاتتى .

قوچۇ سودىگەرلىرى لىياۋ ، سۇڭ سۇلالىسى ۋە تاڭغۇتلار ئېلىگە ئاساسلىقى تۆمۈر قورال ، جابدۇقلار ، كىيىم ـ كېچەك ، زىبۇ زىننەت-
لەر ، دورا ـ دەرمەكلەر ، پاختا ، يۇڭ ، كەندىر توقۇلما بۇيۇملىرى ، يەرلىك مەھسۇلات ، چارۋا ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئاپىرىپ سې-

تىپ ، ئۇ يەرلەردىن داڭلىق يەرلىك ماللارنى ئۆز ئېلىگە ۋە غەربتىكى باشقا ئەللەرگە ئاپىرىپ سېتىپ ، ئوتتۇرىدىن ناھايىتى زور پايدىغا ئېرىشەتتى .

قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى .تاۋار سودىسىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن يەنە خان تامغىسى بېسىلغان «قامدۇ» دەپ ئاتىلىدىغان لاتا پۇل تارقاتقانىدى . ئىچكى رايونلارنىڭ مىس پۇللىرىمۇ بازاردا ئوخ- شاشلا ئاقاتتى[1]

قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەينى دەۋردە ، ئەسلىي كەسپى بولغان چارۋىچىلىقنى تېخىمۇ زور كۆچ بىلەن يۈكسەلدۈرۈشى ۋە بۇنى دېھقاند- چىلىق بىلەن ئوبدان ماسلاشتۇرۇشى ، ئېۋىرغول (قۇمۇل) ، قوچۇ ، بېيتىڭ (بېشبالىق) ، كۇسەن (كۇچا) قاتارلىق مۇھىم شەھەر - قەلئەلەرنىڭ ئۇيغۇرلار ئىلكىدە بولۇشى بىلەن بۇ ئورۇنلاردا قول ھۈنەر سانائىتىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى ، ئۇيغۇرلارنىڭ سودىغا ماھىرلىقى . . . قاتارلىق ئىقتىسادىي ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى قۇلاي شەرت - شارائىتلار ۋە يېڭى ماكاندىكى يېڭىچە تۇرمۇشنى گۈللەندۈرۈشكە ئىنتىلىش روھى ئاستىدىكى تىرىشچانلىقلار قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنىمۇ زور يۈكسىلىشلەرگە ئېرىش- تۈرگەنىدى .

**دىن :** «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى» دەۋرىدە مانى دىنى دۆلەت دىنى قىلىنغان ئىدى . قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە بۇددا دىنى ئاساسلىق دىن بولۇپ قالدى .

بۇددا دىنى تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5 - ئەسىردە قەدىمكى ھىندىستاندا پەيدا بولغان . بۇ دىن مىلادىيىدىن بىر ئەسىر ئىلگىرى كۇشان خانىدانلىقىنىڭ خاقانى كانىشكاي I زامانىسىدا

---

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 137 ـ بەت.

كەشمىر ئارقىلىق خوتەنگە كىرىشكە باشلىغان، يەنى كۇشان خاقانى كانىشكايىنىڭ ھامىيلىقىدا بۇددىزم تارىخىدا مەشھۇر بولغان 4 ـ قېتىملىق بۇددىزم يىغىلىشى ئېچىلغاندىن كېيىن، بۇ دىنىنىڭ تەسىرى ئۇدۇن (خوتەن)، قەشقەر، كۇچا قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. كېيىنچە بۇ دىن قوچۇ رايونىدىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتقانىدى.

قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىدە بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىپى ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. لېكىن قېزىۋېلىنغان پۈتۈكلەردىن مەلۇمكى، ئەينى چاغدا قوچۇدا بۇددا دىنىنىڭ ھىنايانا مەزھىپىمۇ تارالغانىدى.

قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بۇددا دىنىغا ئىخلاس بىلەن ئېتىقاد قىلىش جەريانىدا بۇددىزمنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى ۋە بۇددىزم سەنئىتىنىمۇ قوبۇل قىلدى. ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىگە ئائىت بۇددا دىنى ئىمارەتلىرى ۋە بۇددىزم سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن قارىغاندا، قەندەھار سەنئىتى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ دىنىي سەنئىتىنىڭ تەسىرى روشەن كۆرۈلىدۇ.①

شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بۇددا دىنى غەربتىن شەرققە قاراپ تارقالغاندا، ئۇدۇن، سۇلى، كۇسەن ۋە قوچۇ رايونلىرىدا ياشىغۇچى بۇددىزمچىلار مەزكۇر دىنىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىشىدا ناھايىتى زور تىرىشچانلىقلار كۆرسەتكەنىدى. ئۇدۇنلۇق ئاتا ـ بالا رەسساملار ۋە كۇسەنلىك تەرجىمان كومىراجىۋالار ئەينى دەۋردە شۇ ساھەدە زور ئەجىر سىڭدۈرگەن تارىخىي شەخسلەر ئىدى. ھالبۇكى، مىلادىيە 9 ـ ئەسىردىن كېيىن، قوچۇ ئۇيغۇرلىرى «ئالتۇن يارۇق»، «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق مەشھۇر دىنىي ئەسەرلەرنى خەنزۇچىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقانىدى. شۇ

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 139 ـ بەت.

قاتاردا «بەزى ئۇيغۇر راھىبلىرى ئىچكى رايونلاردا بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىپ، ئىچكى رايونلاردىكى بۇددىستلارنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل بولغانىدى».[1]

ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، قوچۇ شەھىرى، يارغول، بېشبالىق، كۇچا قاتارلىق جايلار شۇ چاغدا مەشھۇر بۇددىزم مەركەزلىرى بولغان. بېزەكلىك، تۇيۇق ۋە لەمجىن، قىزىلتاغ (يالقۇنتاغ) ئارىلىقىدىكى باشقا جىلغىلاردا قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە بىنا قىلىنغان زور كۆلەملىك مىڭئۆيلەر (مىڭ بۇددا ئۆيلىرى) بار ئىدى.[2]

قوچۇ شەھىرىدە يەنە 50 نەچچە ئورۇندا بۇددا مۇنارىلىرى ۋە بۇددا ئىبادەتخانىلىرى بولغان. نۇرغۇن پۇقرالار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغانىدى.

قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە، دىنىي ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ تەرجىمە قىلىنىشى، مىڭ بۇددا ئۆيلىرىدە ئىستىقامەتچىلەرنىڭ خاتىرجەم ئىستىقامەت قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىلىشى، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنىڭ كۆپلۈكى ... قاتارلىق ئىجتىمائىي ئەھۋاللار قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە بۇددا دىنىغا كەڭ شارائىت بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. مانا شۇ يۇقىرىقى قولاي شارائىتتا قوچۇ بۇددىستلىرى ھەر يىلى ئەتىياز پەسلى — 4 - ئايدا شەھەردە چوڭ ۋە داغدۇغىلىق بۇت كۆچۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزەتتى. خاسىيەتلىك كۈنلەردە بۇددىستلار ئىبادەتخانىلارغا بېرىپ ئىستىقامەت قىلىشاتتى ۋە تۇۋا - ئىستىغپار ئوقۇشۇپ، خەير - ساخاۋەتلەر بېرىشەتتى، مۇشۇنداق پۇرسەتلەردە راھىبلار دىنىي ھېكايىلەرنى ئېيتىشاتتى. «مايترى سىمىت» قا ئوخشاش دراممىلارنى ئوينىشاتتى ... مانا بۇ

① يۇقىرىقى ئەسەر، 139 ـ بەت.
② يۇقىرىقى ئەسەر، 140 ـ بەت.

بىر قاتار پائالىيەتلەر قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىدە بۇددا دىنىنىڭ ئاساسلىق دىن ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى زېمىنىدا تارقالغان ئىككىنچى بىر چوڭ دىن — مانى دىنى ئىدى.

مانى دىنى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرىلا تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا كەڭ تارقالغانىدى. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان دەسلەپكى مەزگىلدە يەنىلا مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى.[1] قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى قۇرۇلۇپ، بۇددا دىنى دۆلەت دىنى قىلىنغان بولسىمۇ، مانى دىنى ئۆز تەسىرىنى ئۇزۇل - كېسىل يوقاتمىغانىدى.

سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندې ئۆز خاتىرىسىدە قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىدە «ساڭرامىلار كۆپ، پارس راھىبلىرى ھەرقايسىسى ئۆز تەلىماتلىرى بويىچە ئىش كۆرىدۇ» دەپ يېزىپ قالدۇرغانىدى.[2]

قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى زېمىنىدا مەخسۇس مانى ئىبادەتخانىلىرى بولغان. ئىبادەتخانىلارنىڭ ئىلكىدە نۇرغۇن تېرىلغۇ يەر، ئۈزۈمزارلىق، چارۋا ماللار بار ئىدى. ئىبادەتخانىدىكى مانى راھىبلىرىنىڭ ئىچىدە مەرتىۋە پەرقى ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، مۇجاكلار (دىن تارقاتقۇچىلار) ئەڭ يۇقىرى قاتلام، ئاۋدىنتۇلار (تىڭشىغۇچىلار) تۆۋەن قاتلامدىكى ئېتىقادچىلار ئىدى. ئەينى دەۋردىن قالغان تام رەسىملىرىدىن شۇ كۆرۈنۈش مەلۇمكى، مۇجاك مانى دىنىدىن تەپسىر ئېيتقاندا، ئەر - ئايال ئېتىقادچىلار ئاق كىيىم كىيىپ، ئۆز مەرتىۋىسى بويىچە موجاكنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ ئولتۇرىدىكەن.[3]

---

[1] «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 141 - بەت).
[2] يۇقىرىقى ئەسەر، 141 - بەت.
[3] «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 142 - بەت.

مانى دىنىنىڭ قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ سياسىي ئىشلىرىدىمۇ مەلۇم تەسىرى بار ئىدى . دۆلەتنىڭ بىرمۇنچە چوڭ سياسىي ئىشلىرىنىڭ بىرتەرەپ قىلىنىشىغا مانى ئەربابلىرى ئىشتىراك قىلاتتى . خانلىقنىڭ ئىچكى رايونلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مانى ئەربابلىرىنىڭ باشچىلىقىدا باراتتى .[1]

هازىرقى كۈندە ، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە ، مانى دىنىغا ئائىت كىتاب ـ هۆججەتلەردىن «ئىككى يىلتىزلىق نوم» (يورۇقلۇق ۋە جاهالەتنى شەرھلەيدىغان كىتاب ) ، «مانى مۇخلىسلىرىنىڭ توۋا دۇئانامىسى» ھەمدە توۋا ـ ئىستىغپار دۇرۇتلىرى ، تەقۋىم (سالنامە ) ، دورىگەرلىك كىتابى ، پالنامە قاتارلىقلار ۋە بىرمۇنچە شېئىرلار تېپىلدى . مانا بۇ ئەھۋاللار قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە مانى دىنىنىڭمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە گۈللەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ .

قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى زېمىنىدا بۇددا ۋە مانى دىنىدىن باشقا ، يەنە نېستورىئان دىنى (بۇ دىنىنىڭ مۇرىتلىرى تۇرپاننىڭ هازىرقى «قۇرۇتقا» دېگەن يېرىدە مەركەزلىك هالدا پائالىيەت قىلاتتى ) مۇرىتلىرىمۇ بولغان ، شۇنداقلا ، شامان دىنى ، زوروئاستىر دىنى (زەردۇشت ) قاتارلىق ئىپتىدائىي دىنلارمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانىدى . كېيىنكى مەزگىللەردە بۇ خانلىق زېمىنىغا ئىسلام دىنىمۇ كىرىشكە باشلىدى .

**تىل ـ يېزىق ۋە مائارىپچىلىق :** قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، بۇ خانلىقتىكى خەلقلەر تەدرىجىي هالدا سوغدى يېزىقىنى ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلىنغان ئۇيغۇر يېزىقىغا ۋارىسلىق قىلغان ، ئۇيغۇر تىلىنى ئىپادىلەشتە مۇكەممەللەشتۇرگەن .

---

[1] «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 143 ـ بەت.

شۇڭا ، ئۇ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى» دەپ ئاتالغانىدى .

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى 22 ھەرپتىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئوڭدىن سولغا قارىتىپ توغرىسىغا يېزىلىدىغان شەكلى ۋە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ تىك يېزىلىدىغان شەكلىمۇ بار ئىدى ، تىك يېزىلىدىغان شەكلىنىڭ قۇر تەرتىپى كۆپىنچە سولدىن ئوڭغا قارىتا بولاتتى . خەت شەكلى ياغاچ باسما شەكلى ، سۇترا يېزىش شەكلى ۋە تېز يېزىش شەكلى دەپ ئايرىلاتتى .

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ ئىدى . ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلارغا ئاساسلانغاندا ، ھازىر مەلۇم بولۇشىچە ، بۇ يېزىق بۇددا كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىشتىلا قوللىنىلىپلا قالماي ، بەلكى مانى دىنى ، نېستورىئان دىنى ۋە ئىسلام دىنى مۇرىتلىرى ئۆز دىنلىرىغا ئائىت بولغان كلاسسىك كىتابلارنى ، توختامنامىلەرنى ، تىلاۋەتنامە ، شېئىر ـ نەزمە ، ھېكايىلەرنى تەرجىمە قىلىش ۋە يېزىش ئىشلىرىدىمۇ قوللانغان . خان ئوردىسى ۋە خەلق ئىچىدە ، بۇ يېزىقنى يەنە ئالاقىلىشىش قورالى سۈپىتىدە قوللانغان ۋە توختامنامىلەرنى مۇشۇ يېزىقتا يازغان .①

قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە مائارىپ ئىشلىرىمۇ بەلگىلىك تەرەققىياتقا ئېرىشكەنىدى . سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندېنىڭ قوچۇغا ئەلچىلىككە كەلگەن چاغدا قالدۇرغان خاتىرىسىدە ، بۇ ئەلدە دۆلەت تەرىپىدىن تەمىنلىنىدىغان ئوقۇتۇش ئورۇنلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بارلىقى يېزىپ قالدۇرۇلغان .

ئەمەلىيەتتىمۇ ، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن يازما يادىكارلىقلارنىڭ كۆپلۈكى ۋە خىلمۇ خىللىقى ، مىڭ بۇددا ئۆيى سەنئىتىنىڭ شۇقەدەر گۈللەنگەنلىكى — ئەينى دەۋردە دىنى ئۆلىمالارنىڭ ، يازغۇچى - شائىرلارنىڭ ، بۈيۈك تەرجىمانلارنىڭ ، دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ، دىپلو-

---

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 145 ~ 146 ـ بەتلەر.

ماتلارنىڭ، تېۋىپلارنىڭ، رەسساملارنىڭ تۈركۈملەپ يېتىشىپ چىققانلىقى ۋە بۇلارنىڭ قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى ئاساسلىق قوشۇن ئىكەنلىكى ـــ مانا بۇلار، قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە مائارىپچىلىقنىڭ يۈكسەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىن قالغان نۇرغۇن ئىقتىسادىي ئالاقىگە دائىر ۋەسىقىلەرنىڭ (ئېلىم - بېرىم ھۆججەتلىرىنىڭ) مۇتلەق كۆپىنچىسىنىڭ ئادەتتىكى ئاددىي پۇقرالارنىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىلغانلىقىمۇ قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى زېمىنىدا ساۋاتلىق، بىلىم - مەلۇماتلىق كىشىلەرنىڭ كۆپلۈكىنى نامايان قىلىدۇ. بۇ ھال، تەبىئىيكى، قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى زېمىنىدىكى مائارىپچىلىقنىڭ گۈللەنگەنلىكىگە باغلىقتۇر.

**ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى مەدەنىيىتىگە تەسىرى :** خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى جاڭ چيەننىڭ غەربىي دىيارغا قىلغان ئەلچىلىك سەپىرىدىن كېيىن، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك رايونىدىكى خەلقلەرنىڭ ھازىرقى شىنجاڭ رايونىدا ياشىغان خەلقلەر، جۈملىدىن تۈركىي تىللىق خەلقلەر بىلەن بولغان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئالاقىسى تەدرىجىي قويۇقلىشىشقا باشلىغانىدى. ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى ھەم ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ئېتىبار بىلەن قارىغانىدى. مەيلى ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىكى مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ ئۇيغۇرلارغا نام - ئاتاق ئاتا قىلىشى بولسۇن، تاۋار ئالماشتۇرۇش جەھەتتە بولسۇن، ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ ئىچكى ئىسيانىنى تىنچىتىشى بولسۇن ۋە ياكى تاش ئابىدىلەرنى خەنزۇچە ۋە تۈركچە تىل - يېزىقتا ئويۇشلىرى بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق

قەدىمدىن تارتىپلا سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، جۇملىدىن مەدەنىيەتنىڭ بىرقانچە ساھەلىرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن زىچ مۇناسىۋەتتە بو- لۇپ كەلگەنلىكىنىڭ تارىخىي دەلىللىرىنى كۆرسىتەتتى .

ھالبۇكى ، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ، مەدەنى- يەت مەركىزىنى ھازىرقى شىنجاڭ رايونىغا يۆتكىگەندىن كېيىنمۇ ، ئەنە شۇ ئۇزاق زامانلاردىن باشلانغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرغانىدى .

سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندې قوچۇغا ئەلچىلىككە كەلگەندىن كېيىن (مىلادىيە 981~983) ، قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ مۇنا- سىۋىتىنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى . قوچۇ ئىدى- قۇت ئۇيغۇر ئېلىمۇ شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىگە جاۋابەن شۇ يىللاردا مەنسۇر ئىسىملىك ئەلچىنى ئەۋەتكەنىدى . بۇنداق دىپلوماتىيە جەھەت- تىكى بېرىش - كېلىشلەر شۇنىڭدىن كېيىن ئۈزلۈكسىز بولۇپ تۇرغانىدى .

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان ئات - يىپەك سودىسى قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىگە كەلگەندە يەنىمۇ راۋاجلاندى . قوچۇ ئۇيغۇرلىرى يىلدا ئوتتۇرا تۈزلەڭ- لىككە نۇرغۇن سۈپەتلىك ئاتلارنى ئاپىرىپ ، يىپەك ۋە باشقا داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلارغا ئايرىۋاشلاشتى ياكى ساتتى . بۇنىڭدىن باشقا ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان سودا كېڭىيىپ ، خەنزۇلارنىڭ يى- پەك ، شايى ، تاۋار - دۇردۇنلىرى ، جانان چىنىلىرى ۋە باشقا ھەر خىل يەرلىك مەھسۇلاتلىرى ئۇيغۇرلار ئېلىگە توشۇلسا ، غەربىي دى- يارنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى ، قول ھۈنەر سەنئەت بۇيۇملىرى ، پولات - تۆمۈر قورالىرى ، زىبۇ زىننەتلىرى ، دورا - گىياھلىرى ، كىيىم - كېچەكلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە توشۇلۇپ ، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرگە كەڭرى ئىمكانىيەتلەر يارىتىلدى .

سىياسىي جەھەتتىكى مۇناسىۋەت بىلەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت (سودا) جەھەتتىكى ئالاقىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، دىن ۋە ئەدەبىيات جەھەتتىكى مۇناسىۋەتمۇ قويۇقلاشتى. ۋاڭ يەندېنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرىدىن قارىغاندا، شۇ چاغدا قوچۇ رايونىدا 50 نەچچە جايدا بۇددا ساڭراملىرى بولغانىكەن، ساڭراملارنىڭ ئىشىك بېشىغا ئېسىلىدىغان بېغىشلىما تاختىلىرىنىڭ ھەممىسى تاڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەۋەتىپ بېرىلگەنىكەن. ساڭراملاردا «ماخاراگاربا» (ئۇلۇغ ئاغلىدىق نوم)، «تاڭ نەزمىلىرى»، «سۆزلەر جەۋھىرى»، «سۇتراسۋادا» قاتارلىق خەنزۇ يېزىقىدىكى كلاسسىك كىتابلار ساقلانغانىكەن. تاڭ تەيزۇڭ ۋە تاڭ شۈەنزۇڭلار چۈشۈرگەن بەزى يارلىقلار «يارلىقلار راۋىقى» دا ساقلىنىدىكەن.①

قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەر ئارىسىدا بۇددا دىنى ئورتاقلىقىنىڭ بولۇشى مەدەنىي ئالاقىنى كۈچەيتىشنىڭ يەنە بىر مەنىۋى ئاساسى ئىدى. ھالبۇكى، قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە، يۇقىرىقى بايانلاردا تىلغا ئالغىنىمىزدەك، كۆپلىگەن مەشھۇر بۇددىزم ئەسەرلىرى خەنزۇچىدىن بىۋاسىتە ئەينى دەۋر ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانىدى. نەتىجىدە، خەنزۇ كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ بەزى نەمۇنىلىك تەرەپلىرى قوچۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەنىدى. «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ سانسكرىتچە «كاۋيا» (ئۇيغۇر تىلىدا نەسرىي) ئۇسۇلى بىلەن تەرجىمە قىلىنىپ، خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭ نەسرچىلىك ئۇسلۇبىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا قوبۇل قىلىنىشى يۇقىرىقى پىكىرنىڭ دەلىلى بولالايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، «تاڭ نەزمىلىرى»، «سۆزلەر جەۋھىرى» قاتارلىق خەنزۇ يېزىقىدىكى كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ قوچۇ ئۇيغۇرلىرى

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 123 ـ بەت).

تەرىپىدىن قەدىرلىنىشىمۇ خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭ قوچۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرىنى مەلۇم نۇقتىدىن چۈشەندۈرىدۇ .

ئەڭ مۇھىمى ، ئەينى دەۋرگە ئائىت خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت پارچىلىرىنىڭ تېپىلىشى .① ، دىنىي ۋە ئەدەبىي تېرمىنلاردىن بەزىلىرىنىڭ خەنزۇچىدىن قوبۇل قىلىنىپ (مەسىلەن ، تايشى ، تايىرىن ، تاۋچاڭ ، خۋا . . . ۋەھاكازالار ) قوچۇلۇقلارغا ئۆزلىشىشى ، قوچۇلۇقلار قوللانغان ئىككىنچى بىر خىل كالېندار — ھەپتىلىك كالېندارنىڭ سوغدىچە ، خەنزۇچە ، تۈركچە ئۈچ خىل تىلدا تۈزۈلۈشى . . . قاتارلىقلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ دىن ۋە تىل - ئەدەبىيات جەھەتتىن قوچۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

بۇددىزم ئۇدۇملىرى تۈسىنى ئالغان پالچىلىق ئىشلىرىدىمۇ ، دۇنيانىڭ مەۋجۇدىيەت بىرلىكى ھەققىدىكى ئوت ، سۇ ، توپراق ، ئالتۇن (مېتال ) ، ياغاچتىن ئىبارەت بەش زات كۆزقارىشىدىمۇ قوچۇلۇقلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانىدى .

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ، قوچۇلۇقلار يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مېمارچىلىق سەنئىتى ، كۇلالچىلىق ، قەغەزچىلىك ، باسما ھۈنەر سەنئىتى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ بەزى ئىلغارلىق تەرەپلەرنى قوبۇل ئەتكەنىدى .

**ئىدىقۇت خانلىقىدا «مىڭ بۇددا ئۆيى» سەنئىتى :** قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە بۇددا دىنى چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ ، گۈللەنگەنىدى . گۈللەنگەن قوچۇ بۇددا - ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گەۋدىلىك بىر تەرىپى — «مىڭ بۇددا ئۆيى» سەنئىتىدە نامايان بولىدۇ .

① قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» 10 – بەت.

قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە بۇددا دىنىنىڭ چوڭقۇرلاشقانلىقى ۋە گۈللەنگەنلىكى ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان بۇددىزم سەنئىتى (ئەدەبىيات بىلەن گۈزەل سەنئەت بىرلەشتۈرۈلگەن تەرغىبات شەكلى ) دىن ئايرىلمايتتى . بۇددىزم سەنئىتى مەركەزلىك هالدا تام سۈرەتلىرى ، چاتما سۈرەتلەردە ئەكس ئەتكەن .

«مىڭ بۇددا ئۆيى» نىڭ قانداق هاسىل بولغانلىقى هەققىدە كۈسەن (كۇچا ) خەلقى ئىچىدە مۇنداق بىر رىۋايەت ساقلانغان :

«قەدىمدە كۇچا خانىنىڭ ئوغلى ئويۇن ـــ تاماشاغا كۆپ بېرىلىدىغان بالا بولۇپ قالغاچقا ، ئۇنى ئوقۇتۇپ ـ تەربىيىلەپ ، خانىنىڭ ئىزىنى باسالىغۇدەك بىلىملىك ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئىشى ناهايىتى تەسكە چۈشۈپتۇ . خان بۇ ئىش توغرۇلۇق ۋەزىر ـ ئۆلىمالار بىلەن كۆپ قېتىم مەسلىهەت قىلىشقاندىن كېيىن ، بۇ شاهزادىگە بىلىم سىڭدۈرۈشكە ئىمكانىيەت تۇغۇلىدىغان بىر يول تېپىلىپتۇ . ئۇ بولسىمۇ ، ئەينى زاماندىكى نەزەرىيە بىلىملىرىنىڭ ھەممىسىنى هېكايە ـ چۆچەك شەكلى بىلەن قىزىقارلىق هەم چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ ئىپادىلەپ ، ھەتتا ئۇنى بىر كۆرسە مەڭگۈ ئەستىن چىقمايدىغان سىزما ئوبرازلار بىلەن رەسىملەشتۈرۈپ چىقىلغان «ئوقۇتۇش كىتابى» نى شەكىللەندۈرۈپ چىقىش ئىكەن . مۇشۇنداق بىر ئېهتىياج ئۈچۈن «مىڭ بۇددا ئۆيى» بىنا قىلىنغان» ئىكەن .

بۇ گەرچە رىۋايەت بولسىمۇ ، بىزگە ئەينى دەۋرلەردە بۇددا دىنىنىڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتىشىنىڭ سەۋەب ۋە ۋاستىسىنى يان تەرەپتىن چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ .

بۇددىزم تەلىماتىدىن مەلۇمكى ، بۇددا جامائەتلىرى ئاساسەن تەركىي دۇنياچىلاردىن تەشكىل تېپىلگەندى . ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ هۇزۇر ـ هالاۋەتلىرى ، لەززەتلىرىدىن ۋاز كەچكەن ئادەملەر بولۇپ ، پەقەت كىشىلەرنىڭ بەرگەن خەير ـ ئېهسانلىرى بىلەن هايات كەچۈرگەنلىكلىرى ئۈچۈن ، ئۇلارنى قەدىمكى سانسكرىت تىلىدا «بىك شۇ»

يەنى قەلەندەر دەپ ئاتىشاتتى .

بۇددا جامائەتلىرى يېڭىدىن تەشكىل قىلىنىۋاتقان دەۋرلەردە بىكشۇلار ئۆز ئۆمرىنىڭ كۆپ ۋاقتىنى سەرسان - سەرگەردانلىقتا سەدىقە - ئېھسان يىغىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى . پەقەت يىلنىڭ يامغۇرلۇق پەسىللىرىدە ئۇلار بىر جايغا — تاغ غارلىرى ۋە ئۆزلىرىگە مۇناسىپ كەلگەن پاناھ جايلارغا توپلىنىشاتتى . يامغۇر پەسلى ئۆتۈپ كەتكەندە شۇ جايلاردا بۇددىزىم ۋە ئۇنىڭ تەلىماتى ھەققىدە بەس - مۇنازىرىلەر ئېلىپ باراتتى . مۇنداق جايلار كېيىنچە بىكشۇلارنىڭ دائىمىي تۇرۇشلۇق جايىغا — ئىبادەتخانىسىغا ، بىكشۇلار ئىبادەتخانىلارنىڭ دائىمىي تۇرغۇن راھىبلىرىغا ئايلىناتتى .

تاغ غارلىرى ۋە پاناھ جايلاردىن تەشكىل قىلىنغان ئىبادەتخانىلار بۇددا دىنىنىڭ ئاساسى ۋە بىردىنبىر تەشكىلىي فورمىسى بولۇپ ، ئۇ ئاستا - ئاستا بۇددا تەلىماتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان مەركەزلەرگە ئايلانغان . «قەدىمكى ھىندى يازما مەنبەلىرىدە مەلۇمات بېرىشىچە ‹ماگېندا › دېگەن راھىب ئۆز مۇرىتلىرى بىلەن تۇنجى بولۇپ شەھەرنى تەرك ئېتىپ ، تاغ - غارلارنى دائىمىي ياشاش ئۈچۈن ئۆز ماكانىغا ئايلاندۇرغان . بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ ماگېندادىن : ‹سەن نېمە ئۈچۈن مېنى ۋە مېنىڭ ئادەملىرىمنى تاشلاپ تاغلارنى ماكان قىلدىڭ ؟ ! › دەپ سورىغاندا : ‹مەن يىلنىڭ پەقەت يامغۇرلۇق پەسلىدىلا ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ ھەممە پەسلىدە تائەت - ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانماقچىمەن ، شۇنىڭ ئۈچۈن تاغ - غارلارنى ئۆزۈمنىڭ ماكانىمغا ئايلاندۇردۇم › دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن ، پادىشاھ پەرمان ئېلان قىلىپ ، ماگېندا ياشىغان تاغلاردا 68 ھۇجرىنى راھىبلارنىڭ ياشىشى ئۈچۈن قۇرۇپ بەرگەن» ئىكەن .[1]

① ئىرپان توختىيېۋ: «مىڭئۆيلەرنىڭ ئارخېتىكتورىسى ۋە سەنئىتى»، ئۆزبېك س س ر «پەن نەشرىياتى» 1984 - يىل.

شۇنىڭدىن كېيىن ھىندىستان ۋە سىرىلانكا ئىبادەتخانىلىرىنى ئويۇپ ياساش ئەنئەنىگە ئايلانغان . كېيىنچە ، بۇددا دىنىنىڭ ئۇدۇن ئارقىلىق ھازىرقى شىنجاڭ رايونىغا تارقىلىپ كىرىشى بىلەن بىرگە ئەنە شۇ تاغ باغرىلىرىغا غار ئۆڭكۈرلەرنى ئويۇپ ياساش ئەنئەنىسىمۇ بىرگە قوبۇل ئېتىلگەنىدى .

تاغ باغرىلىرى ، يارداڭلىقلاردا — پىنھان ، مەنزىرىلىك جايلارغا غار ئۆيلەرنى قېزىش ئەنئەنىسى شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى خەلقلەر تەرىپىدىن جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشى — ئەنئەنىگە ئىجادىي مۇئامىلە قىلىش بىلەن خاراكتېرلەنگەنىدى . قېزىپ ياسالغان غار ئۆيلەر بۇددا دىنى نەزەرىيىسىدىكى مىڭ بۇددا ئوبرازى ۋە ئۇلارنىڭ يارالمىشىغا ئائىت ئەپسانە - رىۋايەتلەر سۈژېتلىرىنى گۈزەل سەنئەت ۋاستىسى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش ئاساسىي سالمىقىنى ئىگىلىسىمۇ ، لېكىن يەنە ھەرقايسى دەۋرلەردىكى مەزكۇر رايونلاردا ياشىغان (بېزەكلىك غارلار قېزىلغان رايونلاردا ياشىغان ) خەلقنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن .

بۇددىزم نەزەرىيىسىدە بۇددالار ئۆتكەن زامان بۇددالىرى ، ئەينى زامان بۇددالىرى ۋە كەلگۈسى زامان بۇددالىرى دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىلىدۇ . ھەر زاماندا مىڭدىن جەمئىي ئۈچ مىڭ بۇددا بار دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ . بېزەكلىك غار ئۆيلىرىدە مانا شۇ ھەر زاماننىڭ (ئۆتكەن زامان ، ئەينى زامان ۋە كەلگۈسى زامان ) مىڭ بۇددا ئوبرازى كۆپرەك ئۇچرايدۇ . بېزەكلىك ئۆيلەرنىڭ «مىڭ بۇددا ئۆيى» دەپ ئاتىلىشىمۇ ئەنە شۇ ۋەجىدىندۇر .

كۇچا ، قوچۇ ۋە دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلاردىكى مىڭ بۇددا ئۆيلىرى مىلادىيە1 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە قېزىلىشقا باشلىغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىشى ، دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى ۋە مەزمۇنىنىڭ بېيىشى بىرقانچە باسقۇچلارغا بۆلۈنگەن . قوچۇ ئىدىقۇت

ئۇيغۇر ئېلى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، ئۇيغۇر بۇددىستلىرى بۇددا دىنى-نىڭ ئەنئەنە ۋە مىراسلىرىغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا مىڭ بۇددا ئۆيى سەنئىتىنى تېخىمۇ گۈللەندۈرگەندى .

مىڭ بۇددا ئۆيى سەنئىتىنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى باي بولۇپ ، ئۇنىڭدا مىڭ بۇددا ئوبرازى ۋە بۇددالارنىڭ يارالمىشى ھەققىدىكى چۆچەكلەرنىڭ رەسىملەشتۈرۈلۈشى خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ . بۇنداق رەسىملەر كونكرېت ۋەقەلىكلەرنى ئاساس قىلغان چۆچەكلەر-نىڭ تەسۋىر كارتىنىلىرى بولۇپ ، بۇلاردا كۆپىنچە ئۇچار قانات ، ھايۋاناتلار ، جانلىقلار بىلەن بۇددالار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر سۈرەتلەنگەن (بېزەكلىك غار سۈرەتلىرىدە ئۇچار قانات ۋە ھايۋانلار-نىڭ شۇ دەرىجىدە كۆپ بولۇشى بۇددىزم رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىدىغان بۇددا ئەۋلىياسى — ساكيامۇنىنىڭ «جېنى» نىڭ خىلمۇخىل قۇش ، ھايۋانلارنىڭ ۋە ھەرخىل ئادەملەرنىڭ تېنىدە «ساقلىنىدىغان» لىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر ) .

بۇددانىڭ يارالمىشى ھەققىدىكى رەسىملىك چۆچەكلەر ئەينى زا-ماندا جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ھەقىقىي بولۇپ ئۆتكەن بەزى ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۇرۇپلا قالماستىن ، بەلكى ئىجتىمائىي مەدەنىيەتكە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان كىشىلىك تۇرمۇش پەلسە-پىسىنى تەشۋىق قىلغان . ئۇنىڭدا ھايات - ماماتلىق مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە دىنىي ئەقىدە ۋە ھەققانىيەت ئۇچۇن ئىككىلەنمەستىن تۇرۇپ ئۆزىنى قۇربان قىلىش ، قېرىلارغا ھۆرمەت قىلىش ، پەرزەنتلەرنى ئاسراش ، ئەر - خوتۇنلار ئىناق ئۆتۈش ، راھەت - پاراغەت ، جاپا - مۇشەققەتتە ئورتاق بولۇش ؛ باشقىلارغا نىسبەتەن كەڭ قورساق بولۇش ، ئاداۋەت ساقلىماسلىق ۋە ئۆچ ئېلىشنى ئويلىماسلىق ؛ كى-شىلەرنى ئەقىل - ئىدراكلىق بولۇش ، راست بىلەن يالغاننى پەرقلەن-دۈرۈشكە ئۈندەش ؛ خان - ھاكىملار پۇقرالارغا ، پۇقرالار خان - ھاكىملارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش قائىدىلىرى ؛ خەلقنىڭ دىندارلار-غا ، دىندارلارنىڭ بۇددىغا ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھقا قانداق مۇئامى-

لە قىلىش پرىنسىپلىرى . . . قاتارلىق جەھەتلەردىكى بۇددىزم پەلسەپىسى سۆزلەنگەن .[1]

مىڭ بۇددا ئۆيى سەنئىتىدە خېلى ھەشەمەتلىك سىزىلغان بۇدساتۋا — ھاكىملارنىڭ رەسىملىرىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ . بۇددىزم نەزەرىيىسىدە بۇدداغا ئەڭ سادىق بولغان ئەھلى ئىلىملەر ۋە زامانىنىڭ ئالىي مۆتىۋەرلىرى «بۇدساتۋا» (سانسكرىتچە مەنىسى : ئەۋلىيالىققا شەرت ھازىرلاۋاتقانلار ) دەپ ئاتىلىدۇ . مانا بۇ «زېمىن ئىگىلىرى» نىڭ ئوبرازلىرى ۋە ساخاۋەتچى ، تېۋىنغۇچىلارنىڭ قىياپەتلىرى ، قىسمەن يەرلىك تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان رەسىملەرمۇ مىڭ بۇددا ئۆيى سەنئىتىدە ئۆزىگە خاس يەرلىك مىللىي ئالاھىدىلىك بىلەن گەۋدىلەندۇرۇلگەن .

يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن باشقا ، مىڭ بۇددا ئۆيى سەنئىتىدە يەنە دوزاخ ۋە ئالۋاستىلارنىڭ تەسۋىرىي سۇرەتلىرىمۇ نۇقتىلىق ئەكس ئەتتۇرۇلگەن . بۇ رەسىملەرگە سىڭدۇرۇلگەن مەزمۇنلار جەننەت ۋە تەڭرىلەرگە بېغىشلانغان مەزمۇنلارغا قارىمۇقارشى قويۇلغان بولۇپ ، بۇ مەزمۇنلار ئارقىلىق كىشىلەرگە گۇناھىدىن ساقىت بولۇش ئىبرەتلىرىنى چۇشەندۇرۇشكەنىدى .

قىسقىسى ، بۇددا دىنى ئۆزىنىڭ غايىۋى سېھىرلىرى بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىپ ، بىر ھۆكۇمران ئىدېئولوگىيە سۇپىتىدە ئىجتىمائىي ئاڭدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى . بۇددىستلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي مەشغۇلاتلىرى ئۇچۇن ئىبادەتخانىلارنى سالسا ، بۇددالار سىمۋولى ھېسابىدا مۇنارلارنى قاتۇرۇشتى . ئىستىقامەتگاھ قىلىش ۋە بۇددا تەلىماتلىرىنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن تەرغىب قىلىش ئېھتىياجىدىن بېزەكلىك غارلارنى — مىڭ بۇددا ئۆيلىرىنى

[1] مىڭ بۇددا ئۆيى رەسىملىرى ھەققىدىكى بايانلاردا قۇربان ۋەلىنىڭ «قىزىل مىڭ ئۆي رەسىملىرى ھېكايىلىرى» ناملىق كىتابىدىن پايدىلىنىلدى.

قازدى . ئىبادەتخانا ۋە مۇنار قۇرۇلۇشلىرىدا بۇددىستلارنىڭ مېمارچى-
لىق ھۈنەر ـ سەنئىتى نامايەندە قىلىنغان بولسا ، مىڭ بۇددا ئۆيى
ۋە بۇ مىڭ بۇددا ئۆيىدىكى بېزەكلەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتى-
قادلىرى ، دۇنيا قاراشلىرى ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش كارتىنىلىرى ،
ھۈنەر ـ سەنئىتى گەۋدىلىك ئەكس ئەتتى .

بۇددا دىنىدىكى ئەنە شۇ مىڭلىغان بۇددالارنى ئوبرازلاشتۇرۇش
ئېھتىياجى ھەيكەلتىراشلىق بىلەن رەسسامچىلىقنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە
تاكامۇللىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى . بۇ ھال تەبىئىي يوسۇندا ھەي-
كەلتىراشلار ۋە رەسساملاردىن يۇكسەك بىلىم ، ماھارەت ۋە ھۈنەر
تەلەپ قىلاتتى . بۇددا رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىشىچە ، بۇددا دىنىغا خاس
بولغان تەڭرىلەرنىڭ شەكىل ـ قىياپىتى مۇھىم ئەمەس ، ئۇلار بەزىدە
ئادەم سىياقىغا ، بەزىدە ھەر خىل ھايۋانات ياكى قۇش سىياقىغا
كىرىپ تۇرۇپ ھەرىكەت قىلارمىش . مانا بۇ ھال ئەينى دەۋر رەسسام-
لىرىدىن يۇقىرى دەرىجىدىكى ماھارەتنى تەلەپ قىلغان . رەسساملار
ئۇلارنىڭ ئوبرازلىرىنى ياراتقاندا ، ئۇلارنى ئەرمۇ ئەمەس ، ئايالمۇ
ئەمەس بىر خىل ئوتتۇرا جىنسلىق مەۋجۇدات قىلىپ كۆرسىتىشكە
تىرىشقان . بولۇپمۇ بۇددىزم نەزەرىيىلىرىدە تەسۋىرلىنىدىغان ئوبراز-
لار خىيالىي ، ئويدۇرما ئوبرازلار بولغانلىقتىن ، بۇددا دىنىنى قوبۇل
قىلغان ۋە ئۇنى رەسىملەشتۈرگەن ھەرقايسى خەلق رەسساملىرى ئۇن-
داق ئوبرازلارنىڭ پروتوتىپىنى ئەلۋەتتە ئۆز خەلقى ئارىسىدىن ، ئۆز
مۇھىتىدىن ئالغان بولاتتى . مانا بۇ ھال مىڭ بۇددا ئۆيى رەسسامچى-
لىق سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تەۋەلىكىدىكى
بېزەك ئۆيلەرگە سىزغان رەسىملىرىدە مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدى-
لەندۈرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىدۇر .

قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلىپ ، بۇددا مەدەنىيى-
تىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن ، مىڭ بۇددا ئۆيى
بېزەكچىلىكى ، ھەيكەلتىراشلىقى ۋە رەسسامچىلىقىغا ئۆزلىرىنىڭ

مىللىي تامغىسىنى باسماي قالمىدى. مەلۇمكى، ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، تۇرمۇش ئادىتى، ئەنئەنىۋى ئۆسۇللىرى، ئىستېتىكا قارىشى ھەر بىر مىللەتنىڭ كونكرېت تۇرمۇش مەزمۇنىنىڭ ئوخشاشمايدىغان بەلگىلىرىنى يارىتىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇنداق مىللىي ئالاھىدىلىك، ئەسەرگە نوقۇل چاپلاپ قويۇلغان نەرسە بولماستىن، بەلكى رەسىم مەزمۇنىغا تەبىئىي يوسۇندا سىڭىشكەن بولىدۇ. كۇچا ۋە قوچۇ رايونىدىكى مىڭ بۇددا ئۆيلىرىدە، يەنى مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن تاكى 13 ـ ئەسىرگىچە يارىتىلغان ئوبرازلارغا قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى تۇرمۇش پۇرىقى، يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي ھېسسىيات ناھايىتى قويۇق سىڭگەن. بۇنداق ئالاھىدىلىكنى ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان مىڭ بۇددا ئۆيى سەنئىتىدىن روشەن كۆرگىلى بولىدۇ.

مىڭ بۇددا ئۆيى سەنئىتىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەزمۇنلارنىڭ ئىجتىمائىيلىقى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكى خېلى كۈچلۈك بولۇپ، بۇ مەزمۇنلار قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

ئەينى دەۋر ئىبادەتخانىلىرى، جۈملىدىن بېزەكلىك غار —— مىڭ بۇددا ئۆيلىرى ئىلاھىي بىلىملەر بىلەن بىرگە مېدىتسىنا، تىل ـ ئەدەبىيات، تەرجىمانلىق، مۇزىكىچىلىق، ناخشا ـ قوشاقچىلىق، دىرامىچىلىق، مۇنەججىملىك بىلىملىرىنىڭمۇ ھەم سەنئەت كۇرۇژۇكلىرى، مۇشاۋىرلىق، دىنىي ۋە ئاممىۋى مەدەنىي پائالىيەتلەرنىڭمۇ مەركىزىي پائالىيەت سورۇنى ھەم بولغانىدى.

بېزەكلىك ئۆي —— مىڭ بۇددا ئۆيلىرىنى ئەجدادلارنىڭ تارىخىي جەريانلاردىكى بىناكارلىق، سۇۋاق ئويمىكارلىقى، نەققاشلىق، ھەيكەلتىراشلىق، رەسساملىق، رەڭ ـ بوياقچىلىق قاتارلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ مۇجەسسەم بىر ئابىدىسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. دېمەك، بېزەكلىك غارلار شىنجاڭدا ياشىغان خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر-

لارنىڭ ئەينى دەۋرلەردىكى ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ بىر «ئۇنىۋېرسال مۇزېي» دۇر.

## قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرى ئەل ئەدەبىياتى

ئۇيغۇر خەلقى ئەل ئەدەبىياتىغا باي خەلق. ئۇلار قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەتنى تونۇش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش جەريانىدىكى مول تەسەۋۋۇرلىرى، تەجرىبىلىرى ئاساسىدا ھاسىل قىلغان چۈشەنچىلىرىدىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە ئۇنى بېيىتىپ بارغان. ئەل ئېغىز ئەدەبىياتى ئەنە شۇ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىختا پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش، يۈكسىلىش جەريانلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا يېقىندىن ھەمراھ بولغان مۇھىم مەنىۋى بايلىقنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغاندى.

خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ئېغىز ئىجادىيىتى سۈپىتىدە ۋۇجۇدقا كېلىپ، ئېغىزدىن ئېغىزغا، نەسىلدىن نەسىلگە، دەۋردىن دەۋرگە مىراس بولۇپ داۋاملىشىپ، ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ بارغان ئەل ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىياتنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ۋە ئۆسۈپ - راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئاساسىي مەنبە بولغان. ناخشا - قوشاقلار، بېيىتلار، ماقال - تەمسىللەر، ئەپسانە - رىۋايەتلەر، تېپىشماقلار، قەسىدىلەر، نورۇزنامىلەر، چۆچەكلەرنىڭ ھەم ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ «ئوغۇزنامە»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك» قاتارلىق شاھ ئەسەرلەردە كۆپلەپ كۆزگە چېلىقىشى يۇقىرىقى پىكرىمىزنى دەلىللەيدۇ. ھالبۇكى، قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنىڭ گۈللىنىشىمۇ بۇ تەبىردىن مۇستەسنا ئەمەستۇر.

قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، دى-

ـنـي دەستۇرلاردىكى ، نوملاردىكى ۋە ھەر خىل دىنىي ئەسەرلەردىكى بۇددا دىنى رىۋايەتلىرى بىلەن ناھايىتى كەڭرى ئۇچراشقانىدى . شۇ-نىڭدەك ، بۇنداق دىن بىلەن باغلىق بولغان رىۋايەتلەرنى قوبۇل قى-لىپ ، ئۆزلەشتۇرۇپ ، ئۇلارنى رەسساملىق سەنئىتى ئارقىلىق مىڭ-ئۆيلەردىكى بېزەك رەسىملەردە ئەكس ئەتتۇردى . بۇددا دىنى بىلەن باغلىق بولغان بۇ خىلدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر قوچۇ ئۇيغۇر ئەدەبىيا-تىنىڭ ئەل ئەدەبىياتىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە بېيىتقانىدى .

قوچۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەل ئەدەبىياتى قىسمىغا بۇددا رىۋا-يەتلىرى ۋە ھېكايە ـ چۆچەكلىرى ، ماقال ـ تەمسىللەر (ئاتىلار سۆزى ) ، پەند ـ نەسىھەتلەر ۋە ھەر خىل مەزمۇندىكى قوشاقلار كىرىدۇ .

بۇددا رىۋايەتلىرى ۋە ھېكايە ـ چۆچەكلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ھەر خىل بۇددا نوملىرىغا ۋە مىڭ بۇددا ئۆيى رەسىملىرىگە باغلىق بولغان-لىقى ئۈچۈن ، بۇ ھەقتىكى بەزى مەزمۇنلار يۇقىرىدا (مىڭ بۇددا ئۆيى سەنئىتى قىسمىدا ) تىلغا ئېلىندى . شۇڭا بۇ يەردە ئاساسەن باشقا ئەل ئېغىز ئەدەبىياتى تۈرلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز .

**ھەر خىل مەزمۇندىكى قوشاقلار :** قوچۇ ئەل ئەدەبىياتىدا ، يىل بېشىنى قارشى ئېلىش ياكى باشقا مۇراسىملاردا باتۇرلۇققا مەد-ھىيە ئوقۇلغان قوشاقلار خېلى كۆپ مەيدانغا كەلگەن . بۇ تۈرگە مەنسۇپ قوشاقتىن بىر مىسال :

ئەسلىسى :

قىسارى ئارسلان تەگ سىكرىيۇ ،
قىرغىنى قىرمىش بۇغرا تەگ كۆكرەيۇ .

ئاچمىش بارس تەگ ئالىقۇ ،
ئاۋتاقى كەيىك تەگ يۈگۈرۈ .

كۇمۇشلۇگ تاغ تەگ كۆركلەنۇ ،
كۇمۇت شۇ ـ ئا تەگ ئاچىلۇ .

بۆرك تەگ كەدىلۇ ،
بىچەك تەگ ساپىلۇ .

قۇم (تەگ ) يىغىلۇ ،
قۇرۇم قايا تەگ يىمرىلۇ .

تەرجىمىسى :

كۇرس كىرگەن ئارسلاندەك سەكرەيلى ،
بۇرغىغا كىرگەن بۇغرىدەك ھۆركىرەيلى .

ئاچ يولۋاستەك ئالغۇر بولايلى ،
ئوۋ كېيىكىدەك يۈگۈرەيلى .

كۇمۇش تاغدەك كۆركەملىشەيلى ،
كۇمۇت چېچەكىدەك ئېچىلايلى .

(كۇمۇت ـــ بىر خىل چېچەك ئېچىلىدىغان گىياھ ياكى دەرەخ بولۇشى مۇمكىن )

بۆكتەك كىيىلەيلى ،
پىچاقتەك ئۆتكۈرلىشەيلى .

قۇمدەك توپلىنايلى ،
قىيادەك گۈمرىلەيلى .

بۇ قوشاقنى گېرمانىيىلىك پېتىرزېمە تۇرپاننىڭ «قۇرۇتقا»

دېگەن يېرىدىن تېپىلغانلىقىنى، خرىستىئان دىنىغا (يەنى خرىستىئان دىنىنىڭ نېستورىيىئان مەزھىپىگە) ئېتىقاد قىلغان قوچۇ ئۇيغۇرلىرى-غا خاس ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ.① بۇ خىلدىكى قوشاقلار قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ خۇشال - خۇراملىق مۇراسىملاردا ياخشىلىقنى، باياشاتلىقنى، ئامان - ئېسەنلىكنى، قۇت كېلىشىنى تىلەپ توقۇغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

قوچۇ ئەل ئەدەبىياتىنىڭ قوشاقلار تۈرىدە يەنە مۇنداق قوشاقلار-مۇ ئۇچرايدۇ:

ئەسلىسى:

(1) قاشغالاق باشلىغ قاشى،
قالقانا سايىنىڭ تاشى.
قاداشقا ئۇرۇغقا ياغى،
قارنى تولا ئاغۇ.

تەرجىمىسى:

قاشغالاق باشلىق ھەم قېشى،
قالقىنى سايىنىڭ تېشى.
قەۋم - قېرىنداشقا يېغى،
قارنىدا كۆپتۇر ئوغى.

ئەسلىسى:

(2) قىلمىش ئىشى قىيىق،
قىلىقى كەندۇ سىيۇق.
قىرقىرىپ قاچار قىرىق،
قىردىشى ئەسكى چارۇق.

تەرجىمىسى:

---

① پېتىرزېمە: «ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىدىن خالىي ئەدەبىياتى توغرىسىدا قىسقىچە سۆز». بۇ ماتېرىيال ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تەرىپىدىن 1985 - يىلى تۈركچە بېسىلغان.

قىلغان ئىشلىرى قىيىق ،
قىلىقى ھەم ئۆزى بۇزۇق .
قاچىدۇ قىردىن - قىرغا ،
قىياپىتى ئەسكى چورۇق .①

قوچۇ قوشاقلىرى تۇردە يەنە جەڭگە ئائىت توقۇلغان قوشاقلارمۇ ئۇچرايدۇ :

ئەسلىسى :

تۇمىلىپ قىرىپ توقشىماق ،
تۇرۇم ئارا يوق قىلماق .

ئۆكۈنۈپ تەگىپ ئەر تۇتماق ،
ئۇكۇش تەلىمگ قورقىتماق .

يارىقلانىپ سىكرىتمەك ،
ياغۇيۇ تەگىپ ئوقلاماق .

كەد گىرىپ تەگىپ سىكرىتمەك ،
كەدىن كەچەنىن ئۇيۇ ئادماق .

ئات ئارقا سىنتا ئاتلاماق ،
ياڭا بويۇنتا ياتلاماق .

ئۇرۇق سالماق ئۇرۇڭۇ ئۇچۇرۇغ ياتماق ،

① بۇ قوشاقمۇ يۇقىرىقى ماتېرىيالدىن ئېلىندى.

ئۇلۇغ ئىلەرىگە ئۇلۇشلارىغ ئالماق .[1]

تەرجىمىسى :

سالماق بىلەن (جەڭگە ) كىرىپ توقۇنۇشايلى ،
هامان (دۈشمەننى ) يوقىتايلى .
ئۆملىشىپ هۇجۇم قىلىپ ئەسىر تۇتايلى ،
كۆپلىكىمىز بىلەن دۈشمەنلەرنى قورقىتايلى .

(ئاياقتا ) يارىق تېقىپ ، ئاتلارنى سەكرىتەيلى ،
يېقىن بېرىپ ئوق ئاتايلى .
ئارقا تەرەپتىن ، كېچىدە ئۇيقۇدا باسايلى ،
ئات ئارقىسىدىن ئات سالايلى .

پىل بويىندا ئولتۇرۇپ هۇجۇم قىلايلى ،
سىرتماق تاشلاپ ، بايراق ۋە تۇغ لەپىلدىتەيلى .
ئۇلۇغ ئەللەر ۋە خەلقلەرنى ئالايلى .

(تەزچان ئەپەندى بۇ مىسرانى «پەم ۋە كۈچ بىلەن ئارقىدىن ئاتماق» دەپ تەرجىمە قىلغان ئىكەن . مەن بۇ يەردە كەدىن — ئارقا تەرەپتىن ، كەچەنىن — كېچىدە ، ئۇيۇ ئادماق — ئۇيقۇدا باسماق ، دەپ تەرجىمە قىلدىم ـ ئا ) .

يۇقىرىدا مىسالغا ئېلىنغان قوشاقلاردىن يېڭى يىلنى قۇتلۇقلاش يۈزىسىدىن توقۇلغان قوشاقتا ، هايۋان ئىستىلى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ ، كىشىلەرنىڭ پائالىيىتى يىرتقۇچ هايۋانلارنىڭ هەرىكىتى بىلەن ئوخشىتىلىش ئارقىلىق جاسارەتلىك بولۇش ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ . ئەنە شۇنداق سېلىشتۇرمىلىق ۋاستە بىلەن قوشاقنىڭ ئىدىيىۋىلىكىدە

① بۇ قوشاقنى پېتىرزېمە قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى چىڭگىزخان ئىمپېراتورلۇقىغا تەۋە بولغاندىن كېيىن بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

جەسۇرلۇق ، قەھرىمانلىق ، ئۆملۈك روھ گەۋدىلەندۈرۈلسە ، يۇقىرىقى قوشاقتا بىركىملەر «قاشغالاق» قا ئوخشىتىلىپ ، كۆرۈنۈشى چىرايلىق ، لېكىن خۇي - پەيلى يامان ئادەملەر قامچىلانغان . ساتىرىك ، ھەجۋىي خاراكتېرلىك بۇ قوشاقتا كىشىلەردىكى يامان ئىللەتلەر تەنقىد قىلىنىدۇ — تېشى پال - پال ، ئىچى غال - غال ئادەملەر ، تىلى تۈزۈك ، دىلى بۇزۇق كىشىلەر ھەجۋىي قىلىنىدۇ . جەڭگە ئائىت قوشاقتا ھەر خىل جەڭ تاكتىكىسى تىلغا ئېلىنغان . بۇنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇرۇش - جەڭلەرنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ، شۇنداقلا ، جەڭلەرنىڭ تەجرىبىسى يەكۈنلەنگەن (بۇنداق قوشاقلار «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ ) .

قوچۇ ئەل ئەدەبىياتىغا ئائىت بۇ قوشاقلارنىڭ بىر ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاللىتېراتسىيە ئۇسۇلىدىكى جۈپ مىسرادىن تۈزۈلگەن . كېيىنكى قوشاقتا بولسا تۆت مىسرا تامامەن ئالليتېراتسىيە ھەم ئاياغ قاپىيىگە تەڭ ئېتىبار بېرىلگەن ھالدا تۈزۈلگەن . يەنە بىر ئالاھىدىلىك ، بۇ قوشاقلاردا ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەر ، بولۇپمۇ ئوخشىتىشتا كۆپىنچە ھايۋان خاراكتېرىنى ئاساس قىلىدۇ . قوشاقلارنىڭ ئاممىبابلىقى ۋە ئوبرازچانلىقى ئاشۇرۇلغان .

دەرۋەقە ، دىندىن تامامەن خالىي سۆز - ئۇقۇملار بىلەن تۈزۈلگەن بۇ قوشاقلار كىشىلەرنى جەسۇرلۇق ، قەيسەرلىك ، كوللېكتىپلىق روھقا ، جەڭگىۋارلىققا ئۈندەپ ، ئۇلارنى قەيسەرلىك ، مەردلىك ، ئۆمىدۋارلىق ، پەزىلەتلىك سۈپەتتە ياشاشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ . بۇ خىلدىكى قوشاقلار ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن تاشقىرى ، شەكلىدىكى ئۆزگىچىلىكى بىلەنمۇ قوچۇ ئەل ئەدەبىياتىنى رەڭدارلىققا ئىگە قىلغان .

**ماقال - تەمسىللەر :** قوچۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دەۋرىدىن بىزگىچە ھەر خىل مەنبەلەر ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن ماقال - تەم-

سىللەرمۇ خېلى مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ . ماقال - تەمسىللەر ئەينى زامان تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك ھادىسىلەردىن ھاسىل بولغان تەج-رىبىلەرنىڭ خۇلاسە قىلىنىشىدىن مەيدانغا كەلگەنلىكى سەۋەبلىك ، ئۇلاردا ئەينى دەۋر ئىدىقۇت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ، دۇنيا قارىشى ، بەدىئىي دىتى ، شۇنداقلا ئەدەبىي تەجرىبىلىرى ئەكس ئېتىدۇ . خەلق-نىڭ قىممەتلىك تەجرىبىلىرى ، دانىشمەنلىكى ۋە ئۆتكۈر مۇلاھىزىلىرى ئىزھار قىلىنىدۇ ، كىشىلەرنى ۋىجدان ، نومۇس ۋە ئادەمگەرچى-لىك بىلەن ياشاشقا ، بىلىم ، ئەقىل ، چىدام ، غەيرەت ۋە ياخشى خۇلق ئىگىسى بولۇشقا ئۈندەيدۇ .

قوچۇ ئۇيغۇر ماقال - تەمسىللىرىدە تۆۋەندىكىدەك ماقال - تەمسىللەر بار :

(1) ئەسلىسى :

ئەردەملىگ

ئەردەمسىز

تەرجىمىسى :

كىشى ئەردەنى بىرلە تۈز ئول ،

كىشى ئەتۈك ئىچىندەكى ئۇلياق بىرلە تۈز ئول .

پەزىلەتلىك كىشى خۇددى گۆھەردەك ،

پەزىلەتسىز كىشى پىتەكتەك .

ئەسلىسى :

بۇ يانلىغ كىشى بۇرقانلار بىرلە تۈز ئول ،

بۇيانسىز كىشى بۇق باقىر بىرلە تۈز ئول .

تەرجىمىسى :

ساۋابلىق ئىش قىلغۇچى بۇرھان بىلەن تەڭ تۇرىدۇ ،

ساۋابلىق ئىش قىلمايدىغانلار ئەسكى مىسقا ئوخشاي-دۇ .

يۇقىرىدىكى ئىككى مىسرادىن تۈزۈلگەن ئىككى ماقال - تەمسىل-

ده پەزىلەتلىك بىلەن ساۋابلىق ئىش قىلغۇچى ماختىلىپ ، پەزىلەتسىز كىشى بىلەن ساۋابلىق ئىش قىلمايدىغانلار سۆكۈلگەن . بۇ ماقال تەمسىلدە سېلىشتۇرما قىلىش بىلەن جانلىق ئوخشىتىش تەڭ قوللى-نىلىپ ، پىكىر ناھايىتى ئىخچام ، شۇنىڭدەك مەنتىقىلىقى كۈچلۈك ھالدا ئېچىپ بېرىلگەن . شۇنى ئېيتىش زۆرۈركى ، بۇ ماقال - تەمسىلدە دەل قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ دىنىي تۇيغۇسى بىلەنمۇ زىچ باغلانغان بولۇپ ، ساۋابلىق ئىش قىلغۇچى بۇرخان دەرىجىسىدە ئۇلۇغ-لانغان .

يەنى بەزى ماقال - تەمسىللەردە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر روشەن ئەكس ئەتتۇرۇلگەن :

ئەسلىسى :

بەگىمىسىنمەيۈك بەگ بولۇرسا ، بەلتىر سايۇ بەرگە سالۇر ،

ئاتاقىمىسىنمايۇق ئاتىغ بۇلسار ، ئارت سايۇ ماياقايۇر .

تەرجىمىسى :

ئەمەل تۇتمىغان كىشى ئەمەل تۇتسا ھەردوقمۇشقا قامچا قويۇر ،

ئاتىقى چىقمىغاننىڭ نامى چىقسا ھەر داۋانغا بەلگە سالۇر .

ئەركلىگ قاننىڭ يارلىغى ئارقۇلا ياتر ئەۋرىڭدە ،

ئاللىغ - چەۋسىپلىگ كىشىلەر ئالتا يۇتۇرۇر ئۇشىڭ-دە .

تەرجىمىسى :

ئەركىلىك خاننىڭ يارلىقى ئوپۇڭگە تەرىپى ئورنىتى-دۇ ؛

ھىيلىگەر - ئالدامچى كىشىلەر كۆز ئۆڭۈڭدە ئالداي-دۇ .

بۇ ماقال - تەمسىلدە ئەمەلپەرەسلىك ، زالىملىق ،

شۆھرەتپەرەسلىك خاراكتېرىدىكى ئادەملەرنىڭ ماھىيەتلىك خۇلق ـ مىجەزى قامچىلىنىپ ، ئىجتىمائىي ھاياتقا ، جەمـ ئىيەتكە زىيانلىق بولغان ئىش ـ ھەرىكەت ۋە خۇلق تەنقىدـ لەنگەن . بۇنداق ماقال ـ تەمسىللەر قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتىنى مەلۇم جەھەتتىن قىسمەن چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ .

يەنە بەزى ماقال ـ تەمسىللەردە قىسمەن ئەنئەنىۋى چۈشەنچىلەر ھەم ئەكس ئېتىدۇ :

ئەسلىسى :

ئەرقۇتى بەلىك ،
سۇ قۇتى تەرىك .

تەرجىمىسى :

ئەرنىڭ قۇتى قورقماسلىقتا ،
سۇنىڭ قۇتى چوڭقۇرلۇقتا .

ئەسلىسى :

تاغدا ئۆز يوق ،
ساي يازىدا بەل يوق .

تەرجىمىسى :

تاغدا تۈزلۈك يوق ،
سايدا دۆڭلۈك يوق .

ئەسلىسى :

قوچۇ تاغىندا قاپلان يوق ،
قۇدۇق سۇۋىندا بالىق يوق .

تەرجىمىسى :

قوچۇ تېغىدا قاپلان يوق ،
قۇدۇق سۈيىدە بېلىق يوق .

بۇ ماقال ـ تەمسىللەردە باتۇرلۇق ، قەھرىمانلىقنى ئۇلۇغلاشتەك

ئىدىيىۋى ھېسسىيات گەۋدىلەندۈرۈلگەن . ئەرنىڭ خاسىيىتى قورقـماسلىق ئىكەنلىكى سۈنىڭ چوڭقۇر بولۇشى ئۇنىڭ ئىنسانغا يەتكۈزىدىغان مەنپەئىتىنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن تەققاسلانغان ئاخىرقى ئىككى ماقالدا كىشىلەرنىڭ تەبىئەت قارىشى ئەكس ئەتكەن .

بەزى ماقال ـ تەمسىللەردە تۇرمۇشتىكى ئەسلىي ھادىسىلەر ئارقىلىق ئىجتىمائىي مەزمۇنلار ماھىرلىق بىلەن ئىچىپ بېرىلگەن :

ئەسلىسى :

كىمنىڭ تامىرى يوغۇن بولسار قاناغى يىڭىل .

تەرجىمىسى :

كىمنىڭ تومۇرى يوغان بولسا قانىمىقى ئاسان .

ئەسلىسى :

ئىت قارى بولسار ياتىپ ئۈرۈر .

تەرجىمىسى :

ئىت قېرىسا يېتىپ ھاۋشۇر .

قوچۇ ماقال ـ تەمسىللىرىدە بوشاڭلىق ، ئىرادىسىزلىكنى قامچىلايدىغان ، بۇ خىلدىكى سەلبىي ئامىللارغا قارىتىلغان تەنبىھلەر ئارقىلىق كىشىلەرنى ئىرادىلىك بولۇشقا ئۈندەيدىغان پىكىرلەر ھەم گەۋدىلىكتۇر :

ئەسلىسى :

قاشقىسىز كىشى تاشىغ تانچۇلاغالى ،

قاناتسىز قۇش كۆككە ئۇچغالى .

تەرجىمىسى :

ئىرادىسىز كىشى تاشنى پارچىلالماس ،

قاناتسىز قۇش كۆككە ئۆرلىيەلمەس .[1]

يەنە بەزى ماقال ـ تەمسىللەردە ئۆز قۇدرىتىگە يارىشا ئىش

---

① بۇ ماقال ـ تەمسىللەرمۇ يۇقىرىقى ماتېرىيالدىن ئېلىندى.

قىلمايدىغان ئادەملەرنىڭ كۆلكىلىك ھەرىكەتلىرىمۇ تەنقىدلىنىدۇ :
ئەسلىسى :
چىپىن تالۇيۇغ سۇغۇرغالى ،
چۆمەلى تاغىغ يۆدگەلى قىلىۇرىنچا .
تەرجىمىسى :
چىۋىن دېڭىزنى سۇمۇرىمەن دەپ ،
چۇمۇلە تاغنى كۆتۈرىمەن دەپ زورۇقىدۇ .
ماقال ـ تەمسىللەردە يەنە سەگەكلىك ، ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈش ھەققىدە ، يامانلاردىن ھەر دائىم ھەزەر ئەيلەش ، ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلىش توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۇگۇت ـ نەسىھەتلىك پىكىرلەرمۇ خېلى گەۋدىلىك :
ئەسلىسى :
ياغمۇر ياغسا قاپۇق بولسۇن ياپىنغۇ كەرگەك ،
ياۋۇز كىشى ياقىن كەلسە ئابىنغۇ كەرگەك .
تەرجىمىسى :
يامغۇر ياغقاندا يېپىنچاڭ بولسا ، يېپىنىۋال ،
ياۋۇز ئادەم يېقىنلاشسا ، ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىل .
يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بىرمۇنچە ماقال ـ تەمسىللەر بولۇپ ، ئۇلاردا ھەر خىل ھايۋانلار ، ئۇچار ـ قانات ۋە ھەر تۈرلۈك جانىۋارلارنىڭ ھەرىكەت ، خاراكتېرلىرى ئادەملەرگە تەققاسلىنىپ ، پىكىرلەر جانلىق ، كونكرېت ، ئوبرازلىق ھەم ئىخچام بايان قىلىنىدۇ .
ماقال ـ تەمسىللەر كۆپىنچە ئىككى مىسرادىن ، ئاللىتېراتسىيە ئۇسۇلى ھەم ئاياغ قاپىيە بىلەن تۈزۈلگەن ؛ سېلىشتۇرۇش ، ئوخشىتىش ، جانلاندۇرۇش ، تەققاسلاش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر قوللىنىلغان . شۇنىڭدەك ، پىكىر ـ مەزمۇن تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ، ھايۋانلار خۇسۇسىيەتلىرىگە باغلاشتۇرۇلغان ھالدا ئوبرازلىق ھەم كونكرېتلاشتۇرۇپ ئېچىپ بېرىلگەن .

قوچۇ ئۇيغۇر قوشاقلىرى ۋە ماقال - تەمسىللەردىكى يۇقىرىقىدەك بىرمۇنچە ئالاھىدىلىكلەر ئۆز نۆۋىتىدە قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرىدا ناھايىتى ئۇچۇق كۆرۈلىدۇ. ماقال - تەمسىللەر بىلەن قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرى گويا قوشكېزەكتەك، بىر - بىرىگە ئۆتۈشۈپ تۇرغانلىقىنىمۇ ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىنكى، قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرى ئەدەبىياتىدا شەكىل ۋە بەدىئىي ماھارەت جەھەتتە ئەنئەنىۋى ئۇسۇلغا ئېتىبار بىلەن قارالغان بولسا، مەزمۇن جەھەتتىن بۇددا دىنى ۋە باشقا دىنلار تەسىرىدىكى ئەدەبىياتنىڭ ھەم خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭ ئىجابىي ئامىللىرى ئۆزلەشتۈرۈلگەن. بۇ ھال، قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى ئەدەبىياتىدىكى بىر ئۆزگىچىلىكتۇر.

## قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرى يازما ئەدەبىياتى

قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى مەزگىلىدە ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى خېلى گۈللەنگەن بىر دەۋرنى بېشىدىن كەچۈردى، تۇرپان مەشھۇر يىپەك يولى بويىغا جايلاشقان بولغاچقا، بۇ يەردىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن يېڭىلىقلار ئەسلىدە خېلى مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى تەرەققىياتى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. شۇنداقلا، بۇ خانلىق دائىرىسىدە ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇددا، مانى، خرىستىئان قاتارلىق بىرمۇنچە دىنلار تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاچقا، بۇ يەردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى رەڭمۇ رەڭ تۈس ئېلىپ، كەڭ بىر مەزمۇننى تەشكىل قىلغانىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى ئورنىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى يازما ئەدەبىي تىلنىڭ مۇكەممەللىشىشىنى زور

دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى . شۇنداق بىر ۋەزىيەتتە ، تۇرپان دائىرىسىدە يازما ھالەتتە نۇرغۇن شېئىرلار ، داستان ، دراممىلار مەيدانغا كېلىشتىن باشقا ، «ئوغۇزنامە»دەك قەدىمكى داستانلارنىڭمۇ يازما نۇسخىسى بارلىققا كەلگەن . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، خەنزۇ ، ئەنەتكەك (قەدىمكى ھىندى تىلى ) ، تۇخار (قەدىمكى كۇچا تىلى ) ، تىبەت تىللىرىدىكى كۆپلىگەن بۇددا نوملىرى ، رىۋايەتلىرى ۋە مانى ، خرىستىئان دىنى مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەرمۇ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى . بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن يازما ئەسەرلەرنىڭ مۇھىملىرىدىن (ھازىرغىچە مەلۇم بولغانلىرىدىن ) : «تۇرپان شېئىر ـ قوشاقلىرى» ، «مانى ۋە بۇددا شېئىرلار توپلاملىرى» ، بۇددا رىۋايىتى ئاساسىدىكى «چاشتانى ئىلىگ بەگ» قىسسىسى ، تەرجىمە قىلىنغان ياكى ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلەنگەن بۇددا مۇقەددەس كىتابى (سۇترا ) ، تەفسىر (شاستىرا ) ۋە باشقا ئەسەرلەردىن «ئالتۇن يارۇق» ، «شۈەنجاڭنىڭ تەرجىمىھالى» ، كۆپ كۆرۈنۈشلۈك دراما «مايترى سىمىت» (مايترىنىڭ ئۇچرىشىشى ) ۋە پالنامىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن .

**شېئىرىيەت :** قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرى ئەدەبىياتىدا شېئىرىيەت ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ . تۇرپاندىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار ئاساسىدا ئىدىقۇت شېئىرلىرىنى ئەڭ ئاۋۋال مىلادىيە 1919 ـ يىلىدىن باشلاپ لى كوك ، ۋ .بانگ ۋە رەشىت رەھمەتى ئارات قاتارلىقلار يورۇقلۇققا ئېلىپ چىقتى . بولۇپمۇ رەشىت رەھمەتى ئاراتنىڭ مىلادىيە 1965 ـ يىلى ئەنقەرەدە نەشر قىلىنغان «قەدىمكى تۈرك شېئىرلىرى» ناملىق توپلىمى قەدىمكى تۇرپان شېئىرىيىتى ھەققىدە بىرقەدەر مۇكەممەل مەلۇمات بېرىدۇ . ئۇنىڭدا لوندۇن ، بېرلىن مۇزېيلىرىدىكى تۇرپاندىن تېپىلغان ھۆججەتلەر ئىچىدىن ، شېئىرغا ئائىت قىسىملىرىنى مەخسۇس ئايرىپ چىققان ۋە 649

كۆپلېت تېكىستىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى ، تۈركچە تەرجىمىسى ، مۇھىم ئىزاھات ۋە فاكسىمىلى بېرىلگەن . بۇرۇن نەسرىي تەرجىمە قىلىنغان بىرمۇنچە تېكىستلارمۇ رەشىت رەھمەتى ئاراتنىڭ كىتابىدا شېئىر (يەنى نەزمى ) ئورنىغا كەلتۈرۈلگەن .

قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە يېزىلغان شېئىرلار مەزمۇن جەھەتتىن كۆپ خىللىققا ئىگە ئىدى . دىنىي مەزمۇن سالمىقى بىرقەدەر ئېغىر بولغان شېئىرلاردا دىنىي ئەقىدىلەر ، غايىۋى مەنزىلگە ئىنتىلىش ، بارچە جانلىقلارغا ئازار بەرمەسلىك ، ياخشىلىق قىلىش ، دىن پېشۋالىرىنىڭ پەزىلەتلىرى بويىچە كىشىلەرنى تەربىيىلەش ، يامان ئىشلاردىن قول ئۈزۈش ، باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش ، تەبىئەت دۇنياسى بىلەن هاياتلىقنىڭ قىممەت ـ ئەتىۋارىنى ئۇلۇغلاش ، قىسمەن ئەھۋالدا تەركىدۇنياچىلىقنى ، كەلگۈسى دۇنيانى تەرىپلەش . . . قاتارلىق مەزمۇنلار ئەكس ئەتسە ، رېئال تۇرمۇش كارتىنىلىرى تەسۋىرىدىكى شېئىر ـ قوشاقلاردا ، ئومۇمەن ، تەبىئەت مەنزىرىسى ، دوستلۇق رىشتى ، مۇھەببەت لىرىكىلىرى ، تەۋسىيەنامىلەر ، قەسىدە ، مەرسىيە ، تىلەك ـ ئارزۇلار ، جۇدالىق زارى ۋە باشقا كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ نازۇك تەرەپلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . بۇنداق شېئىرلار مەزمۇن جەھەتتىن بىرقانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ . تۆۋەندە ئۇلارنىڭ ھەربىر تۈرىدىن مىسال كەلتۈرىمىز :

(1 ) شۇنداق ئورۇنلاردا

ئەسلىسى :

ئالقۇزۇ تۇرۇر قات ـ قات تاغدا
ئامىل ئاغلاق ئارانىياتاندا
ئارتۇچ سۆگۈت ئالتىنتا
ئاقار سۇۋلۇقتا
ئامرانچىن ئۇچداچى قۇشقىئالار
تىرىنلىك قۇۋراغلىقتا

ئاتقاغىسزىن مەنگى تەگىنگۈلۈگ ئول
ئانى تەگ ئورۇنلارتا .

تەرجىمىسى :

قاتار كەتكەن قات ـ قات تاغدا ،
تىنچ راھەت ئارانياتاندا ،
قارىغاي ، ئارچا ئاستىدا ،
(شارقىراپ ) ئاققان سۇ بويىدا ،
شادلىقتا ئۇچقۇچى قۇشلار ،
يىغىلىدىغان قورۇقلۇقتا ،
غەم ـ ئەندىشىسىز (كىشىنى )شادلاندۇرىدىغان
شۇنداق ئورۇنلاردا .

بۇ ئەسلىدە سەككىز مىسرادىن تۈزۈلگەن تۆت كۇپلېت شېئىردا (مىسالغا بىرلا كۇپلېت ئېلىندى ) ، زاھىدلارنىڭ نىرۋانغا يېتىش يولىدىكى ئىستىقامەت قىلىدىغان پائالىيىتىنىڭ كارتىنىسى جانلىق سىزىپ كۆرسىتىلگەن . مىسرالاردا تەسۋىرلەنگەن جىمجىت ئورمانلىق ، قات ـ قات تاغلار ئارىسىدىكى پىنھان ئىستىقامەتگاھ ، شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان سۈزۈك سۇ بويلىرى ، ۋىچىرلاشقان قۇشلار توپلىنىدىغان جايلار . . . مانا بۇلار دىن تالىپلىرىنىڭ ، ئىستىقامەتچىلەرنىڭ ، زىيالىيلارنىڭ رېئال تۇرمۇشىنىڭ قىسمەن كۆرۈنۈشىدۇر . گەرچە شېئىردا دىنىي پائالىيەت ئەھۋالىنىڭ مەلۇم تەرىپى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭدا ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ مەلۇم تەرىپىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىنى كۆرۈش تەس ئەمەس . شۇنداقلا ، قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ، جۈملىدىن زاھىدلارنىڭ ئۆز يۇرتىغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى بۇ شېئىردىكى تاغ ـ داللارنى تەسۋىرلەشتىكى يۇقىرى بەدىئىي ماھارىتىدىن ھەم ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز .

(2 ) قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرى ئىچىدە بىلىمنى قەدىرلەش ھەق-

قىدە يېزىلغان شېئىرلارمۇ ئۇچرايدۇ :

ئەسلىسى :

بىلىگ بىلىڭ يا بەگىم ،
بىلىگ ساڭا ئەش بولۇر ،
بىلىگ بىلگەن ئول ئەركە ،
بىر كۈن دەۋلەت تۈش بولۇر .

تەرجىمىسى :

بىلىم ئۆگىنىڭ ، ئەي بېگىم ،
بىلىم سىزگە ھەمرا بولىدۇ ،
بىلىم ئۆگەنگەن ئەرگە ،
دۆلەت ئاخىر يار بولىدۇ .

ئەسلىسى :

بىلىگلىگ ئەر بىلىڭە ،
تاش قۇرسانىسا قاش بولۇر .
بىلىگسىزىن يانىڭا
ئالتۇن قويسا تاش بولۇر .

تەرجىمىسى :

بىلىملىك ئەرنىڭ بىلىگە قىستۇرىۋالغان تېشى
قاش تېشىغا ئايلىنىدۇ .
بىلىمسىزدىكى ئالتۇن ،
تاشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ .

ئەينى دەۋر رېئال تەلىپى ئاستىدا بارلىققا كەلگەن بۇ شېئىرلاردا مەرىپەت ئىدىيىسى ئىلگىرى سۈرۈلگەن . بۇنداق شېئىرلاردىن باشقا ، ئىنسان پەزىلىتى ، خىسلىتى ھەققىدىكى پىكىر ، ئۆگۈت ـ نەسىھەتلەر ئىپادىلەنگەن شېئىرلارمۇ بار . بۇنداق شېئىرىي مىسرالاردا يامان ، يارىماس قىلىقلارنى قىلماسلىق ، گەپ ـ سۆزدە ئېھتىياتچان بولۇش ، ئەيىبسىز ئايالLARغا ئەرلەر ھەم ھۆرمەت ـ ئىتائەت قىلىشى ، ھەقىقەت-

كه ئەمەل قىلىش ، پايدىلىق ئىشلارنى تەرغىب قىلىش قاتارلىق مەز-
مۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن .

(3) قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرى ئىچىدە يەنە «پەزىلەت ۋە بۇرادەر-
لىك» ماۋزۇسى ئاستىدا يېزىلغان بۇرادەرلىكنى قەدىرلەيدىغان ، ياخ-
شىلارنى ، پەزىلەتلىك ئادەملەرنى ئىززەتلەشنى تەكىتلەيدىغان شېئىر-
لارمۇ بار . بۇنداق شېئىرلاردا بۇرادەرلىك ، يولداشلىق مۇناسىۋىتىدى-
كى ۋاپادارلىق ، ئۆزئارا كۆيۈنۈش ھەم توغرىلىق ، ياخشىلىق ، ساۋاپ-
لىق يولىنى تۇتۇشقا دەۋەت قىلىش ، خىيانەت قىلماسلىق ، سېخىي-
لىقنى ، مەردلىكنى خۇي - ئادەت قىلىپ ، يامانلىق ھەم بېخىللىقنى
تاشلاشتىن ئىبارەت يولداشلىق ئەخلاق مىزانلىرى ئەكس ئەتتۈرۈل-
گەن .

(4) قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرى ئىچىدە يەنە جۇدالىقتا سېغىنىش
ھېسسىياتىنى ناھايىتى چوڭقۇر ئىپادىلىگەن شېئىرلارمۇ ئورۇن ئال-
غان :

ئەسلىسى :

ئاقلار بۇلىت ئۆرلەپ كۆكىرەپ ،
ئالقۇقامۇ قار ياغۇرۇر .
ئاق بىر ساچلىغ قارى ئانام ،
ئاچىيۇمۇ ياشلارىن ئاقىدۇر .

تەرجىمىسى :

ئاق بۇلۇتلار ئۆرلەپ ، گۈركىرەپ ،
ھەر تەرەپكە قار ياغدۇرار .
ئاپئاق چاچلىق قېرى ئانام ،
ھەسرەتلىنىپ ياش ئاققۇزار .

ئەسلىسى :

قارالار بۇلۇت ئۆرلەپ كۆكىرەپ ،
قارمۇ ياغمۇر ئول ياغۇرۇر .

قارى ياشلىغ ئول ئانام ،
قايغۇدامۇ ياشىن ئاقىدۇر .

تەرجىمىسى :

قارا بۇلۇت ئۆرلەپ ، گۈركىرەپ ،
قار ھەم يامغۇر ياغدۇرار .
ياشانغان شۇ قېرى ئانام ،
قايغۇدا ياش ئاققۇزار .

ئەسلىسى :

يازقى بۇلۇت ياشلاپ كۈكىرەپ ،
ياغمۇرلارمۇ ئول ياغىدۇر .
ياشى كىچىك ئالغانلىرىم ،
ياشلارىن مۇ ئاقىدۇر .

تەرجىمىسى :

چاقماق بىلەن يازغى بۇلۇت ،
يامغۇر - يېشىنى ياغدۇرار .
كىچىك ياشلىق ئايالىممۇ ،
كۆزلىرىدىن ياش ئاققۇزار .

ئەسلىسى :

كۈزكى بۇلىت كۈكىرەپ ئۆرلەپ ،
كۆپمۇ ياغمۇر ئول ياغىدۇر .
كۆڭۈل تاشىم ئىكى كىچىگ ،
كۆز ياشلارىن مۇ ئول ئاقىدۇر .

تەرجىمىسى :

كۈز بۇلۇتى گۈركىرەپ ، ئۆرلەپ ،
يامغۇرنى كۆپ ياغدۇرار .
يۈرەك پارەم — ئىككى بالام ،
كۆزلىرىدىن ياش ئاققۇزار .

بۇ تۈت كوپلېت شېئىردا ، ئاللېتراتسىيە ۋە ئاياغ قاپىيە شەكلى تەڭلا ئېتىبارغا ئېلىنىپ ، شېئىري مىسرالارنىڭ ئاھاڭدارلىقى كۈچەيتىلگەن ؛ پىزاۋ تەسۋىرى بىلەن لىرىك ھېسسىيات يەنى تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن پسىخىكىلىق ئالامەتلەر زىچ ماسلاشتۇرۇلۇپ ، جۇدالىق زارى تارتىۋاتقان ئادەمنىڭ نادامەتلىك ، نازۇك ھېسسىياتى گەۋدىلىك ئېچىپ بېرىلگەن .

(5) قوچۇ ئۇيغۇرلىرىدىن قالغان بەزى شېئىرلاردا «ئايرىلىش» ھېسسىياتى ھەم ناھايىتى چېۋەرلىك بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇلگەن :

ئەسلىسى :

قادايلارىم قاچما قۇلۇن ،
ئاتام قايدا دەرمۇ ئېركى .
ئامراق توغمىش ئىنى كەلىن ،
ئاغام قايدا دەرمۇ ئېركى .

تەرجىمىسى :

تايچاقلىرىم شوخ قۇلۇنىم ،
ئاتام نەدە دەرلەرمىكىن .
ئامراق تۇغقان - ئىنى ، كېلىن ،
ئاكام نەدە دەرلەرمىكىن .

ئەسلىسى :

بەلدە تۇرغان بېش - ئون ئوغلان ،
بەگىم قايدا تەرمۇ ئېركى .
بەزەكلىكتە قىزلار قىرقىن ،
بەرتەرمۇ كۆڭۈلىن ئېركى .

تەرجىمىسى :

بەلدە تۇرغان ئەللىك يىگىت ،
بېگىم نەدە دەرلەرمىكىن .
بېزەكلىكتە قىزلار مىسكىن ،

كۆڭۈللىرى دەردلىكمىكىن .

ئەسلىسى :

قاتتا تۇرغان قاچ ئۇ ئوغلان ،
قايدا بەگىم تەرمۇ ئېركى .
قاغۇشغۇلۇق كۆننى كۇسەپ ،
قايغۇ (كەچەر ) تەرمۇ ئېركى .

تەرجىمىسى :

قاتتا تۇرغان بارچە يىگىت ،
بېگىم هازىر نەدە دەرمۇ .
دىدارلىشىش كۈننى كۈتۈپ ،
قايغۇ كېتەر بىزدىن دەرمۇ .

بۇ ئۈچ كۇپلېت شېئىردا ئاتا بىلەن پەرزەنتلەر ئارىسىدىكى ، ئاكا بىلەن ئىنى ، كېلىنلەر ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلارچە سېغىنىش-لىق هېسسىيات هەم بەگ بىلەن جەڭچى يىگىتلەر ، يىگىتلەر بىلەن بېزەكلىكتە (يەنى يۇرتتا ) قالغان قىزلار ئارىسىدىكى ۋىسال ئارزۇلى-رى نازۇك لىرىك تۇيغۇ بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن .

«ئايرىلىش » هېسسىياتى سىڭدۈرۈلگەن بۇ ئۈچ كۇپلېت شېئىر-دا يۇقىرىقى «جۇدالىق» زارىدا ئىپادىلەنگەن شېئىرلارغا ئوخشاشلا ئاللېتراتسىيە هەم ئاياغ قاپىيىگە تەڭلا ئېتىبار بېرىلگەن ، ئوخشاش ئايرىلىش زارى ئىپادە ئېتىلگەن بولسىمۇ ، هەر ئىككىسىدە قوللىنىل-غان بەدىئىي ۋاستە تامامەن باشقىچە بولۇپ ، ئالدىنقىسىدا تەبىئەتنىڭ تۆت پەسلىدىكى قار - يامغۇر تۆكۈلگەن كۆز ياشلارغا ئوخشىتىلىپ ، لىرىك هېسسىيات چوڭقۇر ئىپادىلەنگەن بولسا ، كېيىنكىسىدە ئوخ-شاشمىغان كىشىلەرنىڭ يەككە بولغان مۇناسىۋىتىنى نۇقتا قىلىپ ، ئۆز هېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن . گەرچە : جۇدالىق ۋە ئايرىلىش هېس-سىياتى ئىپادىلەنگەن يۇقىرىقى شېئىرلارنىڭ ئاپتورلىرى نامەلۇم بول-سىمۇ ، لېكىن بۇ شېئىرلارنىڭ يازما ئەدەبىياتنىڭ نەمۇنىسى ئىكەنلى-

كى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ .

(6) يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئاپرىنچۇر تېكىن قەلىمى ئاستىدا چىققان بىر پارچە مۇھەببەت لىرىكىسىدىمۇ كىشىلىك تۇرمۇشتىكى سۆيگۈ ـ مۇھەببەت تېمىسى ئىپادە ئېتىلگەن :

ئەسلىسى :

ئا . . .

ئادىنچىغ ئامراق . . .

ئامراق ئۆزكىئەم . . .

تەرجىمىسى :

ئا . . .

بەكمۇ ئامراق . . .

ئامراق ئايالىم . . .

ئەسلىسى :

قاسىچىغىمىن ئۆيۈ قادغۇرارمەن ،

قادغۇردۇقچە قاشى كۆرتلەم ،

قاۋشىغىسا يۇرمەن .

تەرجىمىسى :

يايرىمنى ئويلىسام قايغۇغا چۆكىمەن ،

قايغۇرغانسېرى ، ئېھ ، قارا قاشلىغىم ،

دىدارلىششقا ئىنتىزارمەن .

. .    . .    . .    . .

. .    . .    . .    . .

بۇ شېئىردا شائىر سەمىمىي لىرىك ھېسسىيات بىلەن جۇدالىق دەردىنى تارتقان ۋاپادار ئاشىقنىڭ ئۆز مەشۇقىنى ياد ئېتىپ ، ۋىسال كۈنلىرىگە ئىنتىزار بولغانلىقىنى ، ۋاپادار ئاشىقنىڭ نازۇك ھېس ـ تۇيغۇسىنى ناھايىتى جايىدا سۈرەتلەپ بەرگەن .

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ــــ ئەينى دەۋر تۇرمۇشىنىڭ قىسمەن
شولىلىرىنى ئەكس ئەتتۇرگەن شېئىرلاردىكى مەزمۇنلار ھەر خىل
تېمىلارغا بېغىشلانغان . بۇ شېئىرلاردا يەنە ئۆزىگە خاس بولغان بەدى-
ئىي خۇسۇسىيەتلەرمۇ روشەن كۆزگە چېلىقىدۇ . مەسىلەن ، يۇقىرىدا
كۆرسىتىلگەن ئاپرىنچۇر تېكىن تەرىپىدىن يېزىلغان شېئىر جەمئىي
يەتتە كۇپلېت بولۇپ ، ھەربىر كۇپلېتى ئۈچ مىسرادىن تەشكىل
تاپىدۇ . بۇ خىل شېئىر تۈزۈلۈشى پەقەت قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتى-
دىلا ئۇچرايدىغان ئالاھىدە شەكىل . شېئىرنىڭ ئاھاڭداشلىقى ، قاپى-
يىلىرىگە تەڭ ئېتىبار بېرىلىشتىن سىرت ، شېئىرنىڭ سۆز - جۈم-
لىلىرىنىڭ ئوبرازلىق ، ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ گەۋدىلىك ئەكس ئەت-
تۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسەك ، باشتا كۆرسىتىلگەن ــــ ئاپتورى نامەلۇم
بولغان شېئىرلاردا ئاپرىنچۇر تېكىن شېئىرىدىكى بەزى ئورتاقلىقلار-
دىن سىرت ، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن رىتورىك سوراق شە-
كىللىرى ، سېلىشتۇرۇش ، ئوخشىتىش قاتارلىقلارنىڭ قوللىنىلغان-
لىقىنى ، تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن پىسخىكىلىق ئالاھىدىلىكىنىڭ
ماسلاشتۇرۇلغانلىقىنى ، سۆزلەرنىڭ يەڭگىل ، ئىخچام ، راۋان ھەم
ئوبرازچانلىقىقا ئىگە ئىكەنلىكىنى روشەن بايقايمىز .

يۇقىرىقىدەك ، ئىجتىمائىي ھاياتتىكى كىچىك ھالقىلارنى مەر-
كەزلىك ئەكس ئەتتۇرگەن شېئىرلاردىن باشقا شېئىرلارنىڭ كۆپىنچى-
سى دىن بىلەن زىچ باغلىنىدىغان مەزمۇنلارغا بېغىشلانغاندى .

مەلۇمكى ، ئەدەبىيات رېئال ھاياتنىڭ يازغۇچى روھىي دۇنياسى
ئارقىلىق ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىلگەن كارتىنىسىدۇر . شۇڭا ، ھەربىر
خەلقنىڭ بىرەر دەۋردىكى ئەدەبىياتى مەزكۇر خەلقنىڭ شۇ جەمئىيەت-
تىكى رېئال تۇرمۇشى ، روھىي دۇنياسى ۋە دىنىي قاراشلىرى بىلەن
زىچ باغلانغان بولىدۇ . ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى مىفلىرى ۋە رىۋا-
يەتلىرىدىن تارتىپ ، يېقىنقى زامانغىچە بولغان ھەرقايسى دەۋر ئەدەبى-
ياتى شۇ دەۋردىكى ھۆكۈمران دىنىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىلىپ كېتەلمى-

گىنىگە ئوخشاش ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان چېغىدى-
كى ئەدەبىياتىمۇ بۇ دىنىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا بولۇشى ، بۇددا
رىۋايەتلىرىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەر تەرىقىسىدە قايتا ئۆزلەشتۈرۈلۈشى
تەبىئىي ھال ئىدى . . . قوچۇ ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى بىرمۇنچە
ئەسەرلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى گەرچە بۇددا دىنىي رىۋايەتلىرى بولسى-
مۇ ، لېكىن ئۇلار ئەينى جەمئىيەتنىڭ تۇرمۇش رېئاللىقى ۋە كىشى-
لەرنىڭ روھىي ھالىتى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ، شۇ دەۋر جەمئىيىتىنىڭ
ئومۇمىي ھالىتىنى ، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ روھىي دۇنياسىنى
ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ۋە ئەينى زامان كىشىلىرىنىڭ بەدىئىي
تەلىپىنى قاندۇرىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەرگە ئايلانغان .[1]

قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە ئىجتىمائىي ئاڭ ساھەسىدە
ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان بۇددا دىنى ئەينى دەۋردە ئەدەبىي ئىجادى-
يەت بىلەن مەشغۇل بولغان شائىرلارغىمۇ ناھايىتى زور تەسىر كۆر-
سەتكەنىدى . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شېئىرى مىسرالىرىدا ئىلگىرى سۈر-
مەكچى بولغان ئىدىيە مەركىزىدە ئەنە شۇ بۇددا دىنى ۋە مانى دىنى ،
قىسمەن نېستورىئان دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى ، دىنىي پەلسەپە نۇقتىئى-
نەزەرلىرىنى قويىدى .

قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە يېزىلغان دىنىي مەزمۇن
سالمىقى ئېغىرراق بولغان شېئىرلاردا ئاساسەن بۇرخانغا مەدھىيە ،
مانىغا مەدھىيە ، تەڭرىگە مەدھىيە ئوقۇش ، ياخشى تىلەك ، ساۋابلىق
ئىشلارغا مەدھىيە ئوقۇش ؛ بۇرخانلار پەزىلىتى بويىچە ئىش كۆرۈش ،
خەيرلىك تىلەكلەر قاتارلىق تېمىلار يورۇتۇپ بېرىلگەن . بۇلارنىڭ
ئىچىدە مانى دىنىي مۇھىتىدا يېزىلغان شېئىرلار قاپىيىلىك شېئىرلى-
رىمىزنىڭ ئەڭ كونا نەمۇنىلىرىنى نامايان قىلسا ، بۇددا ئېتىقادىدىكى

---

① ئابدۇشۈكۈر تۇردى: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر». «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1982 ـ يىل 1 ـ سان.

شائىرلارنىڭ قەلىمى ئاستىدا چىققان شېئىرلارنىڭ بەزىلىرى ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنىدى .

قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى شائىرلار ئاساسەن دىنىي ئۆلىمالار — راھىب ، تويىنلار ئىدى . شېئىرىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردىن ئادەتتىكى پۇقرالار ، تەرجىمانلار ، ھەتتا قوچۇ خانى كۈلچۇك ئىدىقۇت ، راھىبە ۋە شائىر سىلىغ تېگىن قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى .

ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ئىچىدىن ئەسەرلىرى بايقىلىپ ، ئىسمى بىزگە ھازىرچە مەلۇم بولغان شائىرلاردىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن :

**ئاپرىنچۇر تېگىن :** تۇرپان خارابىلىرىدىن تېپىلغان مانى دىنى مۇھىتىدا بارلىققا كەلگەن ئەسەرلەرنىڭ يېزىلغان دەۋرى بۇددا دىنى مۇھىتىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭكىدىن كونىراق ، مىلادىيە 9 ـ ، 10 ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق دەپ قارالماقتا . شۇ ۋەجىدىن ، مانى دىنى مۇھىتىدا يېتىشىپ ، مانى مەزمۇنىدا شېئىر يازغان شائىر — ئاپرىنچۇر تېگىننىڭ ئىسمى قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى شائىرلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدۇ .

ئاپرىنچۇر تېگىننىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن شېئىرى بىر ۋاراقنىڭ ئىككى بېتىگە يېزىلغان ، ئالدى بېتى ئۈچ كۇپلېت تۆتلۈك شەكلىدە يېزىلغان شېئىر بولۇپ ، «مانىغا مەدھىيە» مەزمۇنىدا ، كەينى بېتى بولسا ئۈچلۈك بويىچە تىزىلغان يەتتە كۇپلېت دىنىي مەزمۇندىن خالىي لىرىكىلىق مۇھەببەت قوشاقلىرىدىن ئىبارەت .

«مەدھىيە» ماۋزۇلۇق شېئىرنىڭ تېكىستى :

ئەسلىسى :

(1) بىزنىڭ تەڭرىمىز ئەزگۈسى رەدنى تىيۇر
بىزنىڭ تەڭرىمىز ئەزگۈسى رەدنى تىيۇر

رەدندە يىگ مەنىڭ ئەزگۇ تەڭرىم ئالپىم بەكرەكىم
رەدندە يىگ مەنىڭ تەڭرىم ئالپىم بەكرەكىم
تەرجىمىسى :
تەڭرىمىزنىڭ ياخشىلىقىنى گۆھەردەك دەيدۇ ،
تەڭرىمىزنىڭ ياخشىلىقىنى گۆھەردەك دەيدۇ ؛
مېنىڭ ياخشى تەڭرىم - باتۇرۇم ، قۇدرەتلىكىم ، گۆھەردىنمۇ ئېسىل ،
مېنىڭ ياخشى تەڭرىم - باتۇرۇم ، قۇدرەتلىكىم ، گۆھەردىنمۇ ئېسىل .
ئەسلىسى :
(2) بىلەگۇسۇز يىتى ۋاجىر تىيۇر ،
بىلەگۇسۇز يىتى ۋاجىر تىيۇر .
ۋاجىردا ئوتۋى بىلىگلىگىم تۇزۇنۇم يارۇقۇم ،
ۋاجىردا ئوتۋى بىلىگلىگىم بىلگەم ياڭام .
تەرجىمىسى :
بىلىمىسىمۇ ئىتتىك بولغاچقا ئالماسنى كېسەر دەيدۇ ،
بىلىمىسىمۇ ئىتتىك بولغاچقا ئالماسنى كېسەر دەيدۇ .
سىز ئالماستىنمۇ ئۆتكۇر بىلىملىكىم ، پەزىلەتلىكىم ، نۇرلۇغۇم ،
سىز ئالماستىنمۇ ئۆتكۇر بىلىملىكىم ، دانىشمىنىم ، پىلىم .
ئەسلىسى :
(3) كۇن تەڭرى يارۇقىن تەگ كۆكۇزلۇگۇم بىلگەم ،
كۇن تەڭرى يارۇقىن تەگ كۆكۇزلۇگۇم بىلگەم .
كۆرتلە تۇزۇن تەڭرىم كۇلۇگۇم كۇزۇنچۇم ،
كۆرتلە تۇزۇن تەڭرىم بۇرقانىم بۇلۇنچسۇزۇم .
تەرجىمىسى :
كۆڭلى كۇن تەڭرىسىنىڭ نۇرىدەك دانىشمىنىم ،

كۆڭلى كۇن تەڭرىسىنىڭ نۇرىدەك دانىشمىنىم ؛
گۈزەل ، پەزىلەتلىك ، شۆھرەتلىك ، قوغدىغۇچى تەڭرىم ،
گۈزەل ، پەزىلەتلىك ، تەڭداشسىز بۇرخانىم ، تەڭرىم .

ئاپرىنچۇر تېگىن ئۆزىنىڭ بۇ مەدھىيە نامىلىق شېئىرىدا تەڭرىنى گۆھەرگە ، ئالماسقا ، پىلغا ، كۈن نۇرىغا ئوخشىتىپ ، ئۇنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشقا ، خۇسۇسىيەت ۋە پەزىلەتلىرىنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ مەدھىيىلەشكە تىرىشقان . بۇ تەكرار ئىككىلىك شەكلىدە يېزىلغان شېئىردا شائىرنىڭ ئوبراز يارىتىشقا مۇناسىپ سۆزلەرنى ئىشلىتىشى ، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى مۇۋاپىق قوللىنىشى ، بولۇپمۇ پىكىرنى تەكرارلاش ئارقىلىق ئىدىيىۋى مەزمۇننى گەۋدىلەندۇرگەنلىكى شائىرنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنى نامايىش قىلىدۇ . ئۇنىڭ دىنىي مەزمۇندىن خالىي يېزىلغان مۇھەببەت لىرىكىسىمۇ (بۇ شېئىر باشتا نەقىل ئېلىنغان ) ئىچكى تۇيغۇنى ، ھېسسىياتنى جانلىق تەسۋىرلىشى بىلەن قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرىيەتچىلىكىدە نەمۇنىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ .

**كۆل تارقان :** تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان مەزمۇن جەھەتتىن مانى دىنىغا تەئەللۇق بولغان قولىيازمىلارنىڭ ئىچىدە «تۇكەدى كۆل تارقان كۈگى» دېگەن ئىمزا ئىككى پارچە قەغەزدە ئۈچ ئورۇندا ئۇچرىغانلىقى مەلۇم . ئەپسۇسلىنارلىقى شېئىر تېكىستلىرى ئۆچۈپ كەتكەن . شۇ سەۋەبلىك بۇ شائىرنىڭ تەرجىمىھالى توغرۇلۇق سۆز ئېيتىشقا دەلىل ـ ئىسپات يوق .

**كى كى :** تۇرپان تېكىستلىرى ئارىسىدىن كى كى ئىمزاسىدىكى ئالتە كۇپلېت تۆتلۈك شېئىر يېزىلغان بىر ياپراق (ئىككى بەت ) چىققان . توپلامنى ( «بېرلىن تۇرپان تېكىستلىرى» نى ) تۈزگۈچىلەر ئاشۇ ۋاراقنىڭ كەينىدىن چىققان 62 كۇپلېت شېئىرنىمۇ كى كىغا تەۋە بولۇشى مۇمكىن ، دەپ قاراشقانلىقىنى بايان قىلىشىدۇ .

(رەشىت رەھمەتى ئاراتنىڭ «قەدىمكى تۈرك شېئىرلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ 189 ـ بېتىگە قارالسۇن) . ئۇلار بۇ 62 كۇپلېت شېئىرنى ئابىتا تەڭرى مەدھىيىلەنگەن مەزمۇنىغا ئاساسەن ، ئۇنى بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى باشقا شېئىرلاردىن كونا ، مىلادىيە 10 ـ ئەسىرلەردە يېزىلغان دەپ ھېسابلاشقان .

يۇقىرىقى پەرەزگە تايانغاندا ، كى كى نى مىلادىيە 10 ـ ئەسىرلەردە ياشىغان شائىر دېيىش مۇمكىن .

كى كى شېئىرلىرىدىن مىسال :

(1) ئەسلىسى :

. . . . . . ىتلەر ئىدىزىن
ئۇلۇنىن ياپىرغاق خۇالارىن
. . . . . . تا بولمىش تۇشلەرتىن
ئۇساتى يارۇقلار ئۆنەرىن .

تەرجىمىسى :

. . . . . . ئىگىسىنى
غولىدىن ، ياپراق ۋە چېچەكلىرىدىن
. . . . . . تاپقان مېۋىلەردىن
داۋاملىق نۇرلار پارلايدىغانلىقىنى .

(2) ئەسلىسى :

ئۇلۇغ يىنچۇلۇگ تۇئورلارتا
ئوردۇ قارشىلار بولمىشىن
ئۇرى تڭرىلەر ئولارتا
ئويۇن ئەدىزۇ تۇرمىشىن .

تەرجىمىسى :

بۈيۈك ئۈنچە غەزىنە بىلەن ،
ئوردۇ ـ سارايلار قۇرۇلىدىغانلىقىنى ،
تەڭرىگە سېغىنغان ئوغۇللار ئۇ جايدا ،

ئويۇن - تاماشا بىلەن مەشغۇل بولىدىغانلىقىنى .

(3) ئەسلىسى :

ئەت ئۈزلەرىڭە ياراشى
ئەردىنلىگ ئىدىغ تۇمەكىن .
ئەڭەيۇ يوز يوچان يارۇدۇر ،
ئەسرىنگۇ يارۇقلار ئۆنمىشىن .

تەرجىمىسى :

ۋۇجۇدلىرىغا ياراشقان هالدا
گۆھەرلەردىن ھەر تۈرلۈك بېزەكلەر بىلەن ،
چېھرىدىن يۈزلەرچە يوچان يەرنى يورۇتقان
ھەر خىل نۇرلارنى چاچىدىغانلىقىنى .

(4) ئەسلىسى :

ئول يارۇقلارتا كۆپ قالىن
ئۇلۇغ تۇئۇغ قۇشاترى برالار
ئۇلارنىڭ ئىچىنتە ئۇلگۇسۇز
ئونتىن سڭارقى بۇرقانلار .

تەرجىمىسى :

ئۇ نۇرلاردا نۇرغۇن جامائەت
ئۇلۇغ ئالەم ئۇستازلىرى بىرالار
ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەڭداشسىز
دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدىكى بۇرقانلار ؛

(5) ئەسلىسى :

ئۇلۇشى بالىقى ئىللەرى
ئۇپاقار ئاسىغلىغ ئىشلەرى
ئۇتغۇراق بەكىز بەلگۇلۇگ
ئۇساتى كۆسۇنۇر ساقىنغۇ ئول .

تەرجىمىسى :

ئۇلارنىڭ يۇرتى ، شەھىرى ۋە ئەللىرى ،
ئۇپاقارا ساۋابلىق ئىشلىرى ،
ئوچۇق ـ ئاشكارا هالدا ،
تۇرقىدىن بىلىنىپ ، چۈشىنىشلىكتۇر .
(ئۇپاقارا ــــ سانسكرىتچە سۆز ( ؟ ) )

شائىر كى كى قەلىمى ئاستىدا چىققان ئالتە بۆلەكتىن ئىبارەت 62 كۇپلېتلىق ئۇزۇن شېئىرنىڭ قاپىيىلىرى (مىسرا بېشى ) 32 كۇپلېتنىڭ جاراڭلىق تاۋۇشلار بىلەن ، 30 كۇپلېتى جاراڭسىز تاۋۇش بىلەن تەرىپلەنگەن بولۇپ ، سخېمىسى : « aaaa ، abaa ، aaab ، abab ، abbb ، abcb ، abac ، aabc ، abcc » دىن ئىبارەت توققۇز خىل شەكىلدە كەلگەن . ھەربىر مىسرادا كۆپىنچە 8 ـ 9 بوغۇم بولغان . يۇقىرىقى ئامىللار شائىر كى كى نىڭ شېئىريي ماھارەتتە بەزى چەكلىمىلىكلەردىن ھالقىپ ئۆتۈپ ، خېلى كامالەتكە يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ .

**پراتياياشىرى :** بۇ ئىسىم بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىپىگە كىرىدىغان ئىسىم بولۇپ ، تەخەللۇس ئورنىدا قوبۇل قىلىنغان . مۇشۇ تەخەللۇس بىلەن شېئىر يازغان شائىرنىڭ ئەسلىي ئىسمى تېخى نامەلۇم (پراتياياشىرى تەرجىمە قىلغان «ھېكمەت پەزىلەتلىرى» ناملىق شېئىرنىڭ ئاخىرىدا شۇ تەخەللۇس بىلەن بىرگە ئاسىغ تۇتۇڭ دېگەن ئىسىممۇ ئۇچرايدۇ . بۇ ئىككىسى بىر ئادەم بولسا كېرەك . «قەدىمكى تۈرك شېئىرلىرى» ناملىق كىتابنىڭ 161 ـ بېتىگە قارالسۇن ) . بۇ تەخەللۇس تۇرپان تېكىستلىرىدىن 80 كۇپلېت شېئىردا ئۇچرىغان . بەزىلەر بۇددا دىنىدىكى ماھايانا مەزھىپىگە تەئەللۇق بولغان ئۇيغۇر يازمىلىرىنى مىلادىيە 11 ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق دەپ قارايدۇ . مۇشۇ قاراش بويىچە بولغاندا ، پراتياياشىرى تەخەللۇسلۇق شائىرنى مىلادىيە 11 ـ ئەسىردە ياشىغان دەپ قىياس قىلىش مۇمكىن .

شائىر پراتىياياشىرى نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان ۋە سانسكرىت تىلىدىن بەزى شېئىرلارنى تەرجىمە قىلغان. بۇ شائىرنىڭ بىزگە مەلۇم شېئىرلىرىدىن «ئون تۇرلۇك نەزىر ئۇسۇلى»، «جانلىقلارغا پايدا يەتكۈزمەك»، «ئېتىراپ»، «توغرا يول»، «ياخشى تىلەك»، «ئىشەنچ»، «ياخشى نىيەت»، «ھېكمەت پەزىلەتلىرى» (بۇ شېئىرنى سانسكرىتچىدىن تەرجىمە قىلغان) قاتارلىق ماۋزۇدىكى شېئىرلىرى ۋە بىرمۇنچە ئايرىم پارچىلار (ماۋزۇسىز) ئۇچرايدۇ.

شائىر پراتىياياشىرى ئۆزىنىڭ مەزكۇر تەخەللۇسىنى بەزى شېئىرلىرىنىڭ ئاخىرىغا ناھايىتى ئېنىق يېزىپ قالدۇرغان.

ئەسلىسى:

ئالقۇ ئۆدتە سۆزلەر ئۇچۇن كەنتۇ ئۆزۈم
ئادىنلارقا كەرگەك بولغاي ساقىنچ ئۆزە
ئانچا مۇنچا يىغىپ قوشتۇم پراتىياشىرى
ئاسىغ بولۇپ تىنلىغلارقا بۇرقان بولزۇنلار.

تەرجىمىسى:

مەن پراتىياياشىرى، ھەر زامان تىلغا ئېلىنىش ئۇچۇن
باشقىلارغا كېرەك بولۇر دېگەن چۈشەنچە بىلەن،
بۇلارنى ئانچە ـ مۇنچە يىغىپ ـ توپلاپ، نەزمە ئەتتىم؛
جانلىقلارغا پايدىلىق بولسۇن، ئۇلارمۇ بۇرقان بولۇشسۇن.

شائىر تەرجىمە قىلغان «ھېكمەت پەزىلەتلىرى» ناملىق شېئىرنىڭ تۈگەللىمە قىسمىدىمۇ بۇ ھال كۆزگە چېلىقىدۇ:

ئەسلىسى:

ئارتۇق تەرىك بىلگە بىلىگ پارامىتقا
ئاياغۇلۇغ ناگارچۇنى باقشى ئۆزە
ئاريا باشچا يارادىلمىش نىرۋى كالپا
ئاتلىغ ئۆگمىك پراتىياشىرى تاقشۇت قوشتۇم.

تەرجىمىسى:

ناھايىتى چوڭقۇر ھېكمەت پەزىلىتى ئۇچۇن ھۆرمەتكە
لايىق بولغان ناگارجۇناخوجا تەرىپىدىن ئارىيابخاسا
(سانسكرىتچە ـــ مۇبارەك ) تىلىدا تۈزۈلگەن نىرۋىكالپا نام۔
لىق
مەدھىيە (قەسىدە ) نى مەن پراتىياياشىرى نەزمە قىلىپ تۈز۔
دۇم .

شائىر پراتىياياشىرى يېزىپ قالدۇرغان شېئىرلار ، ماۋزۇسىدىن مەلۇم بولغىنىدەك ، بۇددا دىنى مۇھىتىغا باغلىنىدىغان مۇھىم ئىجتى۔ مائىي تېمىلار ئېچىپ بېرىلگەن . ئۇ تەرجىمە قىلغان شېئىرلار ھەم ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ ، شېئىرنى ئەينەن تەرجىمە قىلىش بىلەن بىرگە ، ھەم شەرھى ـ ئىزاھلىق مىسرالارنى ئاخىرىغا قوشقان . بۇ ھالدا ئۇ تەرجىمە قىلغان شېئىرلارمۇ ئەينى زامان ئۇيغۇر شىئېرىيى۔ تى تۈسىنى ئالغان . شائىرنىڭ مۇتلەق كۆپ شېئىرلىرى تۆتلۈك بويىچە يېزىلغان .

ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى ، قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرى ئەدەبىياتىدا ، شېئىرىي ئىجادىيەت۔ تىكى مول ھوسۇللۇق شائىرلارنىڭ بىرى پراتىياياشىرى ئىدى . بۇ شائىرنىڭ شېئىرىي ئىجادىيەتتىكى بىر ئالاھىدىلىكى شۇ يەردىن بىلى۔ نىدۇكى ، ئۇ يازغان شېئىرلارنىڭ كۆپىنچىسى كۆپ بوغۇملۇق ، ئۇرغۇن مىسرالار 12 بوغۇم ، 14 بوغۇم ۋە 15 بوغۇمدىن تۈزۈلگەن . ئايرىملىرى يەتتە ياكى سەككىز بوغۇمدىن تۈزۈلگەن . بۇ شىئېرلار مەزمۇن جەھەتتىن بۇددا دىنى ئەقىدىلىرىگە باغلىنىدۇ .

پراتىياياشىرى شېئىرلىرىدىن بىر ـ ئىككى مىسال :

ئەسلىسى :

بىرەر قوغتا قوغ سانىنچا نوم ئوغۇش ئول ئوق ،
بىرەرىنتە بىرلە تويلۇغ بۇرقانلار ساقىنىپ ،
بىر بىر ئۇنتە ئۇز تاقشۇتلۇغ تالۇيلار ئۇنتۇرۇپ ،

بىرەر بۇرقان ئەزگۈلەرىن ئۇر ئۈدۈن ئۆگەلىم .

تەرجىمىسى :

ھەر زەررىچىدە ، زەررە سانىچە ئادەت تەرتىپى بىلەن ۋە بۇلارنىڭ ھەربىرىنى بىر جايدا توپلانغان بۇرخانلار دەپ چۈشىنىپ ، ھەر خىل ئاھاڭدا گۈزەل بىر شېئىرىي دېڭىزنى ھاسىل قىلىپ ، ھەربىر بۇرخاننىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئۈزۈلدىن ـ ئۈزۈلغا مەدھىيىلەي .

ئەسلىسى :

يىرتىنچۇنۇڭ يۇلالارى ياڭىرتى تامدۇلمىش ،
يىنتىپ قاماغ شىمنۇلارىغ ئۆتمىش ئات ئالمىشىغ .
يىگ ئۇستۇنكى نوملۇغ تىلگەن ئەۋىرتگۈ كۇسۇشىن ،
يىنتەم سۇزۇك كۆڭۈل ئۆزە ئۈدۈگچى بۇلالىم .

تەرجىمىسى :

دۇنيانىڭ مەشئىلىنى يېڭىدىن تۇتاشتۇرۇپ ،
ئىزدەپ تېپىپ ، بارچە شەيتانلاردىن غالىپ كەلگەن نامنى ئالايلى .
ئەڭ ئۇستۇنكى قانۇن چاقىنى چۆرۈش ئارزۇسى بىلەن ،
ھەر ۋاقىت سۇزۇك كۆڭۈل بىلەن ئۆزىمىزگە ساخاۋەتچى تىلەيلى .

(«ئون تۇرلۇك نەزىر ئۇسۇلى»دىن)

ئەسلىسى :

كۆل سۇۋىنىڭ لىنخۇائاسى تەگ يۇقلۇنچسۇز ئارىيۇ ،
كۆك ئايازنىڭ كۇن ئايى تەگ ئالىنچىسىز يورىيۇ .
كۆپ قىلىنچتىن نىشۋانتىن شىمنۇنۇڭ سىمىنتىن ،
كۆچەر بارىر يىرتىنچۇنۇڭ يولىندىن ئوشالىم .

تەرجىمىسى :

كۆل سۈيىدىكى لەنخۇا گۈلىدەك غۇبارسىز ھالدا پاكلىنىپ ،

ئوچۇق ھاۋادىكى قۇياش ۋە ئايدەك توسقۇنسىز ئايلىنىپ ،
ھەر تۈرلۈك ھاۋايى - ھەۋەس ، ئىپلاسلىقتىن ، شەيتانلار دىيارىدىن ،
ئۆتكۈنچى بۇ دۇنيانىڭ يولىدىن ۋاز كېچەي .

ئەسلىسى :

تەڭرىلەرنىڭ تىلىنچە لۇئۇلارنىڭ تىلىنچە ،
تەك ئۇل يەكلەر كۇمباندى يالاڭۇق تىلىنچە ،
تەلىم ئۆكۈش تىنلىغلارنىڭ تىلى سانىنچە ،
تەگىنتۇرگۇ تۇتدۇرغۇ ئۈچۈن كۆنى نوم نوملالىم .

تەرجىمىسى :

تەڭرىلەرنىڭ تىلى بويىچە ، ئەجدىھالارنىڭ تىلى بويىچە ،
ياكى ئۇ جىنلار ، كۇمباندى ۋە ئىنسانلارنىڭ تىلىچە ،
سان - ساناقسىز جانلىقلارنىڭ تىللىرى بويىچە ،
ئۇلارغا يەتكۈزۈپ ، قوللىرىغا تۇتقۇزۇش ئۈچۈن توغرا نومنى نوملاي (شەرھلەي ) .

(«جانلىقلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش»تىن )

شائىر بۇ شېئىرلىرىدا بۇددا دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى ، دىن يولىدا نەزىر قىلىشنىڭ ئۇلۇغ ساۋابلىق ئىش ئىكەنلىكىنى ، نىرۋاننى ، بۇرخانلارنى ، جانلىقلارنى تىلغا ئالىدۇ . ياخشىلىق يولى بىلەن يۈكسەك نىرۋانغا يېتىشنى ۋە بۇ پەللىگە يېتىش ئۈچۈن ئىپلاسلىقلاردىن ، ھاۋايى - ھەۋەستىن ، يامان قىلمىشلاردىن قول ئۈزۈشنى تەكىتلەيدۇ . بولۇپمۇ بۇ شېئىردا قوللىنىلغان «كۆل سۈيىدە ئۆسكەن لەنخۇا گۈلىدەك غۇبارسىز» ، «ئوچۇق ھاۋادىكى قۇياش ۋە ئايدەك» دېگەنگە ئوخشاش ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ دەللىكى شائىرنىڭ بەدىئىي دىتىنى نامايان قىلىدۇ . بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى ، ئىدىقۇت شېئىرىيىتىدە مەيلى ئىدىيىۋى مەزمۇننى ئېچىپ بېرىشتە بولمىسۇن ، ياكى شېئىرىي تۈزۈلۈشنىڭ ھەر خىللىقى ، شەكلىنىڭ

مۇكەممەللىكى ، شۇنىڭدەك ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ قوللى-نىلىشىدا بولمىسۇن ، ئۆزىگە خاس بىر دەۋر ئورىگىناللىقى يارىتال-غان بولۇپ ، ئۆزىدىكى رەڭدارلىق ۋە موللۇق بىلەن بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ، جۈملىدىن شېئىرىيىتى تارىخىدا بىر يېڭى سەھىپە ئاچقا-نىدى .

**چىسۇيا تۇتۇڭ :** تۇرپاندىن تېپىلىپ رەتلەنگەن قوليازمىلار ئىچىدە چىسۇيا تۇتۇڭ ئىمزاسىدا يېزىلغان 16 كوبلېت شېئىر ئۇچ-رايدۇ . بۇ شائىرنىڭ قەلىمى ئاستىدا چىققان شېئىرلارمۇ بەدىئىيلىك جەھەتتىن خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن .

بۇ شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن بىر ـ ئىككى مىسال :

ئەسلىسى :

ئۆڭ باشلاپ ئادقانغۇلارقا بىلىگلەر قاچار ،
ئۆكۈش قارا ئايىغ يوللۇغ ئۇرۇغۇغ ساچار .
ئۆگلۈگ كىشى ئىستىم تۇتچى ياشماقسىز باچار ،
ئۆشەلىكسىز يىگ نىرۋاننىڭ قاپاغىن ئاچار .

تەرجىمىسى :

ئالدى بىلەن ئازغاشقانلاردىن بىلىملەر قاچار ،
كۆپلىگەن قارا ، يامان يوللارنىڭ ئۇرۇقىنى چاچار .
ئەقىللىق كىشى ھەر ۋاقىت يېڭىلمەسلىككە دىققەت قىلار ،
مۇشۇنداق قىلىپ ئەڭ يۇكسەك نىرۋاننىڭ ئىشىكىنى ئاچار .

ئەسلىسى :

كۆنى ئۆگەلى بۆگۈش ئۇرغىل ئودۇغىن ساقىن ،
كۆزى يارۇق ئىدۇقلارقا بارغىل ياقىن .
كۆڭۈل ۋىشاي ئىكىگۈنۈڭ تۆزىن ساقىن ،
كۆڭۈلتىن تاش نەگۈ نوم بار چىنقارۇ باقىن .

تەرجىمىسى :

توغرا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ھېكمەت قوللان ، سە-
گەك بول ،
كۆزى روشەن ئەزىزلەرگە يېقىن بول .
كۆڭۈللۈك ۋە دىشۋارلىق ھەر ئىككىسىنىڭ تېگىنى بىل-
گىن ،
كۆڭۈلدىن سىرت قايسى نوم بار ؟ بۇنىڭغا ھەقىقىي چۈشەن-
گىن .
ئەسلىسى :
يايقى سۇۋنى قىشقى ئۆدتە بۇزتىيۇرلەر ،
يانا يايىن قىشقى بۇزنى سۇۋ تىپ تىيۇرلەر .
ياڭىلدۇقتا چىن بۇرقاننى كۆڭۈل دەرلەر ،
ياڭىلمادۇقتا كۆڭۈلنى ئۆك بۇرقان تىيۇرلەر .
تەرجىمىسى :
يازنىڭ سۈيىنى قىش كۈنىدە مۇز دېيىشەر ،
قىشنىڭ مۇزىنى يازدا بولسا سۇ دېيىشەر .
يېڭىلغاندا چىن بۇرخاننى كۆڭۈل دەرلەر ،
يېڭىلماستا بولسا كۆڭۈلنى بۇرخان دەرلەر .
بۇ شېئىردىي مىسرالاردا ئىلگىرى سۈرۈلگەن پىكىرلەر خېلىلا چوڭقۇر بولۇپ ، بۇنىڭدا بىلىم قارىشى ، يامانلىققا قارشى تۇرۇش ، تۇرمۇش يولىغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغۇچىلار ، نىرۋانغا يېتىش يولىدىكى ھەقىقەتلەر ؛ چوڭقۇر تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ، كۆزى روشەن ئەزىزلەر - دانىشمەنلەر بىلەن بىرگە بولۇش ، كۆڭۈل ئازادى-لىكى بىلەن دىشۋارلىقنىڭ مەنبەسىنى چۈشىنىش ، كۆڭۈل — بۇر-خان ، بۇرخان — كۆڭۈلدۇر ، دېگەن بۇددا دىنىي ئەقىدىسىگە ئەمەل قىلىش . . قاتارلىق نازۇك مەسىلىلەر دىنىي تەرىقەتكە باغلاشتۇرۇل-غان ھالدا ئوبرازلىق تىل بىلەن تەسۋىرلەنگەن .
چىسۇيا تۇتۇڭنىڭ يۇقىرىقى شېئىرىي شەكىل جەھەتتىكى مۇنتى-

ـزىملىقى ، تىلىنىڭ ئوبرازلىقلىقى ، پىكىرلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئالاھىدە ئېتىبارغا ئىگىدۇر .

**قالىم كەيشى :** بۇ شائىر ھەققىدىمۇ تەپسىلىي ماتېرىيال يوق . پەقەتلا تۇرپاندىن تېپىلغان ۋاراقلار ئىچىدە بەزى يەرلىرى كەمتۈك بولۇپ قالغان ئۇزۇن بىر تېكىستتە 30 كۇپلېت شېئىرنىڭ مۇئەللىپى قالىم كەيشى ئىكەنلىكى مەلۇم . بۇ شېئىرنىڭ ماۋزۇسى «سامانتابخادراغا نەزىر» بولۇپ ، ئاخىرقى كۇپلېتى خاتىمە دۇئاسى تەرزىدە يېزىلىپ ، شائىرنىڭ ئىسمى قەيت قىلىنغان .

**بۇيان قاياقال :** تۇرپاندىن تېپىلغان TD80 نومۇرلۇق «ئا-مىتايۇس سۇترا» نىڭ ئاخىرىدا ، ئوخشاش شەكىللىك بەش بەتتە 59 مىسرالىق بىر خاتىمە دۇئاسى چىققان . بۇددا مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەر مەيلى تەرجىمە ياكى ئىجادىي ئەسەر بولسۇن ، ئۇلارنىڭ ئاخىرىغا كۆچۈرگۈچى ، پۈتكۈچى ياكى تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ ئىمزاسى يېزىلى-دۇ . بۇنداق ئىمزالار بايانى كۆپىنچە بىر پارچە خاتىمە دۇئاسىدىن ئىبارەت بولۇپ ، نەسرىي ياكى نەزمىي شەكىلدە يېزىلىدىغان بۇنداق ئايرىم پارچىلارنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن ئوخشاش . ئاپتور ئۆزىنىڭ قەلەم ئەمگىكىدىن ئىبارەت ساۋابىنى ئالدى بىلەن شۇ دەۋرنىڭ خانلى-رىغا ، ئۆزىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىغا ، ئۇرۇق ـ تۇغقان ياكى ئۆزى ئەمگەك سىڭدۇرگەن ئەسەرگە پۇل چىقىرىپ يازدۇرغان ياكى كۆ-چۈرتكۈزگەن ئادەمگە ۋە يەنە بارلىق جانلىقلارغا ھەم ئۆزىگە ئاتايدۇ . بايان قىلىنىۋاتقان خاتىمە دۇئاسىنىڭ ئاپتورى بۇيان قاياقال بولۇپ ، ئۇ دۇئاسىدا قوچۇ خانى ئارسلان بىلگە تەڭرى ئېلىگ كۈنچۈك ئىدىقۇت-نى ۋە ئوندىن ئارتۇق تۇغقانلىرىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغان . بۇ خاتىمە دۇئاسىنىڭ مىسرالىرىنىڭ ھەممىسىدە «ئا» ھەرپى ئاللىتېراتـ-سىيە قىلىنغان بولۇپ ، ئۇلارنى كوبلېتلارغا ئايرىماق تەس . ئىدىقۇت

شېئىرىيىتىدە بۇنداق خاتىمە دۇئاسى شەكلىدە يېزىلغان شېئىرلار خېلى كۆپ بولۇپ، بۇ شەكىلمۇ ئىدىقۇت شېئىرلىرىنى رەتلەشتە ئىگە قىلغان بىر مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

**كۈنچۈك ئىدۇق - قۇت**: تۇرپان يازمىلىرىدىن TID بەلگىلىك بىر باسما نۇسخىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىككى بېتىگە ئالتە قۇردىن قىلىپ يېزىلغان بىر ۋاراق خاتىمە دۇئاسى بېرىلگەن. بۇنىڭ تېكىستى 20 مىسرالىق بىر شېئىردىن ئىبارەت بولۇپ، شائىرنىڭ تۇرپان پادىشاھى ئارسلان بىلگە تەڭرى ئېلىگ كۈنچۈك ئىدۇق - قۇت ئىكەنلىكى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. ئۇ يەنە ئاتىسى ئارسلان بىلگە تەڭرى ئېلىگ كىرەشۇ ئىدۇق - قۇت قاتارلىقلارنىمۇ تىلغا ئالىدۇ. بۇ ھال، ئىدىقۇت خانلىرىدىنمۇ شېئىر يازغۇچىلارنىڭ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

**سىللىغ تېگىن**: «بېرلىن، تۇرپان تېكىستلىرى» ئىچىدىكى T Ⅲ M190 نومۇرلۇق يازما — «يىتكەن سۇترا» بىلەن ئالتە كۇپلېت خاتىمە دۇئاسىدىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئاپتورى سىللىغ تېگىن ئىسىملىك بىر راھىبە بولۇپ، بۇ شائىرەنىڭ ئىسمى ئەسەرنىڭ ئۈچ يېرىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇ، ئەسەرنىڭ ئاخىرىدىكى شېئىرىي دۇئاسىدا ئالدى بىلەن بارلىق جانلىقلارغا بەخت تىلەيدۇ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئاغرىق - سىلاقتىن خالاس بولۇشىنى، ھەرقانداق ئالەمدە قايتىدىن قىز بولۇپ تۇغۇلماسلىقىنى تىلەيدۇ (بۇددا دىنىدا، ھاياتلىق دەۋرى قىلىپ تۇرىدۇ، دېيىلىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن قايتىدىن قانداق جانلىق ياكى قانداق دەرىجىدە تۇغۇلۇشى ئۇنىڭ پانىي ئالەمدىكى ساۋابلىق ئىشلىرىغا باغلىق دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ).

قوچۇ شېئىرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى «خاتىمە دۇئالىرى» تەشكىل قىلىدۇ. رەشت رەھمەتى ئارات تەرىپىدىن تەرتىپلەنگەن خاتىمە

دۇئاسى يەتتە پارچە بولۇپ، جەمئىي 35 كۇپلېتتىن ئىبارەتتۇر.

«خاتىمە دۇئاسى» گەرچە سان جەھەتتىن بىرقەدەر ئاز بولسىمۇ، لېكىن بۇ شېئىرلاردا ئەكس ئەتتۇرۇلگەن مەزمۇنلار قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى ھايات كارتىنىلىرىنى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزغا گەۋدىلەندۇرۇپ بېرەلەيدۇ.

قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە دىن (يەنى بۇددا دىنى) ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيە سۈپىتىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە قاتلاملىرىغا دېگۈدەك سىڭگەن. ئەينى دەۋر كىشىلىرىنىڭ پائالىيىتى ئاساسەن، ئەنە شۇ «رامكا» دىن ھالقىپ كېتەلمەيتتى.

دىنىي بايرام ۋە مۇراسىملاردا، خەيرلىك كۈنلەردە كىشىلەر كۆپىنچە ئىبادەتخانىلارغا يىغىلىشىپ، دۇئا - تەكبىر ئوقۇشاتتى؛ خاقان، بەگ - تۆرىلەر، فېئودال ئاقسۆڭەكلەردىن تارتىپ ئاددىي پۇقرالارغىچە، ھەرقايسىسى ئۆزىگە يارىشا خەير - ساخاۋەت قىلىشاتتى؛ كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار، ۋەھىمىلىك خىياللارغا بەند بولغانلار، ياكى گۇناھىكەبىر ئۆتكۈزگەنلەر دۇئا - تىلاۋەتتىن باشقا، ئەمەلىي ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن «كىتاب كۆچۈرۈش»، ئىبادەتخانىلارنى رېمونت قىلدۇرۇش . . . قاتارلىق ئىشلارنى قىلىشاتتى ياكى بۇنداق ساۋابلىق ئىشلارنى ۋاستە ئارقىلىق قىلىشاتتى (باشقىلارغا پۇل بېرىپ، ھاۋالە قىلىپ قىلدۇراتتى). مانا مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەق - ئەجرىنى تەڭرىدىن، بۇرخانلاردىن تىلەپ، ئۆزلىرىنىڭ بەختلىك بولۇشىنى، گۇناھلاردىن، يامان ئىشلاردىن خالىي بولۇشىنى ئىلتىجا قىلىشاتتى . . . بۇ ۋەجىدىن ئۇلار «خاتىمە دۇئالىرى» پۈتۈشەتتى (بۇنداق خاتىمە دۇئالىرى شېئىر - قوشاق شەكلىدە، قەلەمكەشلەرگە ھاۋالە قىلىنىپ پۈتۈلەتتى). بۇنداق «خاتىمە دۇئالىرى» كۆچۈرۈپ تارقىتىلغان كىتابلارنىڭ ئاخىرىغا يېزىپ قويۇلاتتى ياكى ئايرىم قەغەزلەرگە يېزىلاتتى . . .

«خاتىمە دۇئالىرى» نى يازغۇچىلار ياكى يازدۇرغۇچىلار ئۆزلى-

ـرى قىلىغان ساۋابنىڭ ئالدى بىلەن ئاتا ـ ئانىسىغا ، هۆكۈمدارلارغا ، قوۋم ـ قېرىنداشلىرىغا ، بالىۋاقىلىرىغا ، دوست ـ يارەنلىرىگە مەن‍ـ سۇپ قىلىنىشىنى ئىلتىماس قىلىشاتتى . بۇ هال ، ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدە مەنىۋى پائالىيەتلەرنىڭ بىر خىل ئەنئەنە شەكلىنى هاسىل قىلىغانىدى .

«خاتىمە دۇئالىرى» نىڭ شەكلىدە ، باشقا شېئىرلاردىن پەرقلەن‍ـ گۈدەك گەۋدىلىك تەرەپلەر كۆرۈلمەيدۇ . بۇ خىلدىكى شېئىرلارنىڭ كۆپىنچىسىدە مىسرالارنىڭ باش هەرپى «ئا» بىلەن باشلانغانلىقىلا كىشىگە سەل ئۆزگىچىلىك هېس قىلدۇرىدۇ .

**ئاتساڭ :** قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىن قالغان شې‍ـ ئىرىي مىراسلار ئىچىدە ئاتساڭ ئىسىملىك شائىرنىڭ شېئىرلىرىمۇ ئۇچرايدۇ . لېكىن بۇ شائىرنىڭ قاچان ، قەيەردە تۇغۇلغانلىقى ، قىس‍ـ قىسى ، ئۇنىڭ تەرجىمىهالىغا ئائىت مەلۇمات هازىرغىچە مەۋهۇمدۇر . شائىرنىڭ «ئون ساۋابلىق ئىشقا مەدهىيە» ماۋزۇسى ئاستىدا سەككىز مىسرالىق ئون تۆت كۇپلېتلىق شېئىر يازغانلىقى مەلۇم .

«ئون ساۋابلىق ئىشقا مەدهىيە» دىن بىر مىسال (2 ـ كۇپلې‍ـ تى ) :

ئەسلىسى :

ئاياغۇلۇغ ئۇمۇغۇمۇز بىرەر تۇشلاردا ،
ئادىنلارنىڭ ئايغى ئۇچۇن كۇئۇكەلىگ ئۇز .
ئانچۇلايۇ قالتى سۇمۇر تاغلار قانى تەگ ،
ئايى ئۇلۇغ ئارتۇق كۆركلە ئەتئۆز بەلگۇردۇر .
ئازۇ يىمە ئول قاڭىمىز باغلاشىنۇ ،
ئامرىلىپ ئىنچ تەررەمەدىن ئولۇرمىش ئۆدتە ،
ئارتى نەڭ سىمەكىسزىن ئالقۇتىن سىڭار ،
ئاڭسىز ئۆكۈش ئۇلۇشلاردا تولۇ كۆزۈنۇر .

تەرجىمىسى :

هۆرمەتلىك پاسبانىمىز كارامىتىنى كۆرسىتىپ ،
باشقىلار ئۇچۇن بەخت ئىزدىگەندە ،
گويا ئاسمانغا تاقاشقان سۇمۇر تېغىدەك ،
بەستلىك ۋە قامەتلىك تۇرقىنى كۆرسىتىدۇ .
يەنە ئۇ ئاتىمىز شۇك ۋە جىمجىت ،
چازا قۇرۇپ تەۋرىمەي ئولتۇرغىنىدا ،
ئۇنى ھەر تەرەپتىن ئىزدەش ھاجەتسىز ،
ئۇ ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئالدىدا كۆرۈنىدۇ .

مانا بۇ سەككىز مىسرالىق ئۇزۇن بىر كۇپلېت شېئىرنىڭ ئالدىنقى تۆت مىسراسىدا شائىر ئۆزى مەدھىيىلىمەكچى بولغان ئوبېيكتىنىڭ ئوبرازىنى تەسۋىرلەشتە ئوخشىتىشلارنى خېلى جايىدا قوللانغانلىقى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ . دېمەك ، يۇقىرىقى شائىرلارنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى خېلى يېتۈك شائىرلاردىن ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرسەك ، خۇددى بىر تامچە سۇدىمۇ كۈننىڭ ئەكسىنى كۆرگىنىمىزدەك ، قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى ئەدەبىياتتا شېئىرىيەت ژانىرىنىڭ خېلى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشىنىش ئانچە تەس ئەمەس .

قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرى ئىچىدە بۇددا دىنىنىڭ ئۇلۇغ كۇلۇنگۇ (ماھايانا ) مەزھىپىگە ئائىت «ئوتتۇز بەش بۇرخانغا ئېھتىرام» ماۋزۇلۇق بىر شېئىر بار ، بۇ شېئىر جەمئىي 35 كۇپلېت (سەككىز مىسرادىن تۈزۈلگەن كۇپلېتلار ) بولۇپ ، مەزمۇنىدا ئاساسەن ئۇلۇغ كۇلۇنگۇ مەزھىبىدىكى زاھىدلارنىڭ ھەر ۋاقىت ئېسىدە تۇتۇشى لازىم بولغان ، 35 بۇرخانغا ئېھتىرام بىلدۈرىدىغان بىر دۇئانامە ، بىر تۇماردۇر . شېئىرنىڭ بېشىدا نەسرىي شەكىلدە يېزىلغان «كىرىش» ۋە ئاخىرىدا خاتىمە ئورنىدا بېرىلگەن بىر كۇپلېت بار .

يۇقىرى بەدىئىي دىت بىلەن يېزىلغان بۇ 35 كۇپلېت «ئوتتۇز

بەش بۇرخانغا ئېھتىرام» ناملىق شېئىردا مۇئەللىپ بۇددا دىنىدىكى مەشھۇر 35 بۇرخاننى ساكيامۇنىدىن تارتىپ تىلغا ئېلىپ ، ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرى ، بۇددا دىنىدىكى مەۋقەنى ، ھەرقايسىسىنىڭ دىن يولىدىكى تۆھپىلىرىنى مەدھىيىلەيدۇ . ئۇلارنىڭ ئەنە شۇ ئۇلۇغلۇقلىرى ، تۆھپىلىرى ۋەجىدىن بۇددا مۇخلىسلىرىنىڭ ئۇلارنى دائىم ياد ئېتىپ - ھۆرمەت قىلىشنى ، ئۇلار كۆرسەتكەن نىرۋانغا يېتىش يولىدا دىن ئەقىدىلىرى ۋە شەرىئەتلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ . شېئىر مۇئەللىپىنىڭ دىنىي بىلىمدە كامالەتكە يەتكەنلىكىنى ، بەدىئىي جەھەتتە پىشقانلىقىنى ، چوڭقۇر ئىجتىمائىي تۇرمۇش چۈشەنچىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ دىنىي ئەقىدىنى ئاساسىي ۋاستە قىلىپ ، كىشىلەر روھىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئەكس ئەتتۇرگەنلىكىدىن كۆرگىلى بولىدۇ .

«35 بۇرخانغا ئېھتىرام» دىن بىر مىسال :

ئەسلىسى :

تەمىر تۇچ كۈمۈش ئالتۇن تىلگەنلىگ
تەگىشىندۇر تەچى قانلار باشدىڭلىغ
تەڭرى يالڭۇق ئەركلىگلەرىنتە
تەلىم ئوغۇرىن تەرتمىش ئاشۇنمىش
تەڭكەرگۈلۈگسىز چوغلۇق يالىنلىغ
تەپرەتگۈلۈگسىز كۈچلۈك كۈسۈنلۈگ
تەڭىسىز ئۈلگۈسۈز ئەزگۈ ئادرۇقلۇقلۇغ
تەڭرىم سىزىڭە يۈكۈنۈرۈم .

تەرجىمىسى :

تۆمۈر ، تۇچ ، كۈمۈش ۋە ئالتۇن چاقنى
چۆرىگۈچى خاقانلار ياردىمىدە ،
تەڭرى ۋە ئىنسانلارنىڭ قۇدرەتلىرى ئارقىلىق
كۆپ زامانلارنى كەچۈرگەن ،

مىسلىسىز ئاتەش ـ يالقۇنلۇق ،
تەۋرەتكۈسىز كۈچلۈك ـ قۇدرەتلىك ،
تەڭداشسىز ، يەككە ـ يېگانە ، ئېسىل ، پەرقلىق بولغان
سىزنىڭ ئالدىڭىزدا يۈكۈنۈرمەن (ئېھتىرامدىمەن ) .

ئىلاھلارنى مەدھىيىلەش ھەممە دىنغا ئورتاق بولغان بىر خىل خاھىش . بۇنداق خاھىش يۇقىرىقى شېئىرىي مىسرالاردىمۇ ئەكس ئەتكەن . ھالبۇكى ، بۇ شېئىرنىڭ مۇئەللىپى دىنىي ئەقىدىدىكى ئاشۇ ئورتاقلىققا ئەمەل قىلغاندىن تاشقىرى ، ئىلاھ ، خاقان ، بۇرخان ۋە ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۆزئارا نىسبەتلەشتۈرگەن ئا- ساستا ، سىمۋوللۇق ئۇسۇلدا بىر ـ بىرىگە باغلاشتۇرۇپ ، پەلسەپىۋى خاراكتېرگە ئىگە پىكىرنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشكە تىرىشقان . ئىنچ- چىكىلىك بىلەن كۆزەتسەك ، «35 بۇرخانغا ئېھتىرام» ماۋزۇلۇق بۇ شېئىرنىڭ مىسال ئېلىنغان يۇقىرىقى كۇپلېتىدا ، گەرچە شائىر بۇددا دىنىي ئۇلۇغلىرى بولغان بۇرخانغا مەدھىيە ئوقۇش ۋە ئۇلارنىڭ سۆپەت ـ پەزىلەتلىرىنى تەسۋىرلەشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغان بول- سىمۇ ، لېكىن بۇ شېئىردا روشەن ھالدا ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە ئۇنىڭ گۈللىنىشى ئىلاھ ، خاقان ، بۇرخان ۋە ئىنسانلارغا باغلىق ، دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، شۇ ئىدىيە مەركىزىدە بۇرخانلارنىڭ رولىنىڭ مۇھىملىقى ، ئۇلارنىڭ پەزىلەتلى- رىنى ، يولىنى ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىشى لازىملىقىنى تەكىتلىگەن .

«35 بۇرخانغا ئېھتىرام» ماۋزۇلۇق بۇ شېئىردا سىمۋوللاش ، مۇبالىغە قىلىش ، نىسبەتلەشتۈرۈش ئارقىلىق پىكىر خېلى ئەركىن ۋە روشەن ھالدا ئىلگىرى سۈرۈلگەن ، يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن يېزىلغان شېئىر ھېسابلىنىدۇ .

قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرى ھەر خىل مەزمۇندا ، كۆپ خىل شە- كىلدە ئىجاد قىلىنغان بولۇپ ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئېلىپبە تەرتى-

چى بىلەن يېزىلغان 21 كۇپلېت شېئىر ئەنە شۇ قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى كۆپ شەكىللىك شېئىرلارنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى-دۇر .

ئېلىپبە تەرتىپىدە يېزىلغان شېئىردىن بىر ـ ئىككى مىسال :

ئەسلىسى :

«ت» ئۇسكىنى تالۇلالىم ،
تاپىشغۇلۇغ ئەرسە تۇزىن .
تاۋارمۇ بېرىپ سادغىن ئالغۇ ئول ،
تالايتاقى بىلگەلەرىڭ سۆزىن .
تاپىشمادىلار بۇ بىلگىلەر ،
تاقىلىپ بىلىگسىز سۆزىن ،
تارالداچى تارغۇ بىلىگلىگ ،
دانتىرۋىد ئازغۇ ئول كۆزىن .

تەرجىمىسى :

«ت» ھەرپىنى تاللىۋالدىم ،
ئەگەر بولسا ئۇنىڭ يىلتىزىنى تاپماق ئىمكانى ،
مال ـ دۇنيا بېرىپ سېتىپ ئالايلى ،
نۇرغۇنلىغان دانىشمەنلەرنىڭ ھېكمەتلىرىنى ،
تېپىشالمىغان بۇ ئوقۇمۇشلۇقلار ،
چۈنكى بىلىملەر جاھىللار تەرىپىدىن بوغۇشلانغان ،
چېچىلغان نەرسىلەرنى تاراتقۇچى بىلىملىكنىڭ ،
كۆزىنى دانتىرۋىد ( ؟ ) ئەتمەيلى .

ئەسلىسى :

يى ئۇشكىنىڭ ياراغى كەلتى
يالتىرىد غۇلۇغ ئامتى ماڭا .
يايىدۇ ئايىغلىغقا ياراغسىز ئەشىدىلسەر ،
ياشار ئەركى سەن قاڭا .

ياراشىپ ھاقىڭا ياسىماسار ،
يام ئەد بولسارما تاڭا ،
يالاڭۇق تىدمە ياپا تىنلىغ ،
يارىشۇ كۆچ بىرزۆن ساڭا .

تەرجىمىسى :

«يى» ھەرپىنىڭ مانا كەلدى نۆۋىتى ،
يورۇتۇشۇم كېرەك ئەمدى مەن ئۇنى .
يامانغا يارامسىزلىق خاھىش ئېتىلسە ،
يا پەدەرىم ، بىتەھقىق خاتا قىلۇرسەن .
يانداشما رەزىللىككە رەزگى بولۇپ ،
ۋەيرانە بولسا مەيلى تەڭلەشمىگىن .
ئىنان ئاتالغان نىقابلىق مەخلۇق ،
ساڭا مەدەت بەرسۇن بەيگىدە .

ئېلىپبە تەرتىپى بىلەن تۈزۈلگەن بۇ شېئىرلاردا ، ئەينى دەۋر كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇش چۈشەنچىلىرى ، بىلىم ۋە ئەخلاق قاراشلىرى ، ياخشىلىق ۋە يامانلىق سېلىشتۇرمىلىرى ، خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيە-لەر ، دۇنيا قاراشلىرى . . . گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . شەكىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن ، بۇ شېئىرنىڭ مۇئەللىپى قوچۇ ئۇيغۇر شې-ئىرلىرىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ئاللىتېراتسىيە ۋە ئاياغ قاپىيىگە تەڭ ئېتىبار بەرگەن . مۇھىمى ، مۇئەللىپ شېئىرىي مىسرالارنى تۈزۈشتە ئۆزگىچە يول تۇتقانلىقتىن (مىسرالارنى ھەرپ تەرتىپىدە تۈزگەنلىك-تىن ) ، ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇنغا كېرەكلىك سۆزلەرنى ھەر بىر كوبلېتنىڭ باش ھەرپىگە باغلىق سۆزلەر بىلەن تۈزۈشكە كۆچ سەرپ قىلغان . يۇقىرى ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ ، ئىدىقۇت شېئىرىي گۈلزارىغا بىر ئۆلۈش كۆچ قوشالىغان .

قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە يەنە «ئىلاھىي» ، «ئۆلۈم تەسۋى-

رى» ، «جەھەننەم تەسۋىرى» ، «بۈيۈك ئىلاھى» (مانى ئۇچۇن) ، «مايترى» ، «مەرسىيە» ، «پەزىلەت» ، «ياخشىلىق ۋە توغرا يول» ، «بۇرادەرلىك» قاتارلىق تېمىلاردىكى (ئاپتورى ئېنىق بولمىغان) شېئىرلارمۇ بار . بۇ شېئىرلارنىڭ بەزىلىرى قوچۇ ئۇيغۇر ئېلىگە ئىسلام تەسىرى كىرىشكە باشلىغان دەۋرلەردە يېزىلغان (بۇ شېئىر ـ قوشاقلاردىكى ھەقىقەت ، جان ، دەۋلەت قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ئىستېمال قىلىنىشى يۇقىرىقى پىكرىمىزنىڭ دەلىلىدۇر) . يەنە شۇنىڭدەك ، ئاپتورى ئېنىق بولمىغان بىرمۇنچە ماۋزۇسىز پارچىلارمۇ ئۇچرايدۇ . قىسقىسى ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان شائىر ۋە ھەر خىل شەكىل ، مەزمۇندىكى شېئىرلار ھەم شېئىرىيەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا قارىغاندا ، قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە ئەدەبىياتىمىزنىڭ خېلى يۈكسەلگەنلىكىنى قىياس قىلىش مۇمكىن .

قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرىيەتچىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئۇنىڭ مەزمۇندىكى كۆپ خىللىقىدىن تاشقىرى ، شەكىل تۈزۈلۈشى جەھەتتىكى ھەر خىل سىخېمىلاردىنمۇ كۆرۈش مۇمكىن . شائىر كى كى نىڭ تۆتلۈك شەكلىدە يازغان 62 كۇپلېت (248 مىسرا) شېئىرى شائىرنىڭ «aaaa ، aaab ، aabc ، abab ، abac ، abbb ، abcc ، bbba» سىخېمىلاردا ئەركىن شەكىلدە ئىجادىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى ، بەدىئىي ماھارەتتە خېلى پىشقانلىقىنى نامايان قىلىدۇ . يەنە شۇنىڭدەك ، قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە تەكرار ئىككىلىك ، ئۈچلۈك ، تۆتلۈك ، ئالتىلىك ، سەككىزلىك شېئىر شەكىللىرىنىڭمۇ كەڭرى قوللىنىلىشى ئەينى دەۋردە شېئىرىيەتچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى مەلۇم تەرەپتىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ .

قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرى ئىچىدە يۇقىرىقىدەك ھەر خىل سىخېمىلىق شېئىرلاردىن باشقا يەنە ۋەزىن ، تۇراق ، قاپىيە جەھەتلەردە بىرقەدەر مۇنتىزىم بولغان شېئىرلارمۇ ئۇچرايدۇ . مەسىلەن :

ئەسلىسى :

ئۆزەلىكسىز ‖ بۇرقانلارنىڭ ‖ ئەزگۈلەرىنتە ،
ئۇلگۇلەنچىسىز ‖ يىگ ئۇستۇنكى ‖ ئارتۇقلارىنتا ،
ئۇلگۇتەڭ ئۇ ‖ رۇپ ئايىغلاپ ‖ تانىپ ئولارتا ،
ئۆكۇش ئايىغ ‖ قىلىنچ قىلتىم ‖ ئاجۇن ئاجۇنتا .

تەرجىمىسى :

ئالىيجاناب بۇرخانلارنىڭ ياخشىلىقلىرىغا ،
ئۆلچىگىلى بولمايدىغان ئۇلۇغ پەزىلەتلىرىگە ،
ئۆزۈمنىڭكىنى تەڭلەشتۇرۇپ ، يامانلىق بىلەن ئىنكار قىلىپ ،
كۆپ گۇناھلىق ئىشلار قىلدىم بۇ ئالەمدە .

«تۇۋانامە» دىن مىسال ئېلىنغان بۇ بىر كۇپلېت شېئىرنىڭ مىسرالىرى 4+ 4+ 5= 13 شەكىلدە 3 تۇراق ، 13 بوغۇمدىن تۈزۈلگەن بولۇپ ، ئاساسەن ئاللېتراتسىيە بىلەن ئاياغ قاپىيە تەڭ ئېتىبارغا ئېلىنغان . بۇ شېئىرنىڭ قاپىيە شەكلى aaaa بىلەن تۈزۈلگەن ، تۇراق ۋە قاپىيە جەھەتلەردىن ئىدىقۇت شېئىرىيەتچىلىكىدىكى بىرقەدەر مۇنتىزىم يېزىلغان شېئىرلارغا ۋەكىللىك قىلىش بىلەن ئەينى دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ سەۋىيىسىنى نامايان قىلىدۇ .

قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ قوللىنىلىشىمۇ كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ . نۇرغۇن شېئىرلاردا ئوخشىتىش ، جانلاندۇرۇش ، سىمۋوللاش ، مۇبالىغە قىلىش . . . قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر جايىدا قوللىنىلىپ ، شېئىري ئوبراز جانلىق ، پىكىر ئىخچام ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . مەسىلەن :

ئەسلىسى :

كۆۋەنچىلىگ سۈۋ كۆزنەكىگە سوقلۇنمىشلارقا ،
كۆنى نوملۇغ كۆپرۈگۈگ كۆركىتىتگىز .

. . . . . . . .

تەرجىمىسى :

مەغرۇرلۇق سۈيىنىڭ ئەكسىدىن كۆزى كور بولغانلارغا ،
توغرا يول كۆۋرۈكىنى كۆرسەتتىڭىز
. . . . . . . .
ئەسلىسى :
قانلىغ بۇقاچ تەگ قاراقى تىيۇر
قاشغۇق تەگ قارا بويى ئەمكى تىيۇر
بورنىنتا بوز بۇلىت ئۈنۈر تىيۇر
تامغاقىنتا قارا تۇتۇن تاشقار تىيۇر
تەرجىمىسى :
(بۇ شەيتانلارنىڭ ) كۆز قارىچۇقى قانلىق كومزەككە ،
قارا ئەمچەكلىرى قوزۇقتا ئوخشايدۇ ؛
بۇرۇنلىرىدىن كۇل رەڭ بۇلۇتلار چىقىدۇ ،
ئېغىزلىرىدىن قارا تۇتۇن بۇخسۇپ تۇرىدۇ .
(مىسالغا ئېلىنغان بۇ مىسرالار «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ ئومۇ-مىي 10 - سانىدىن ئېلىندى ) .

بۇ شېئىردا ئوبرازلار (يەنى جىن - شەيتانلار ئوبرازى ) مادىي دىنىي رىۋايەت - ئەپسانىلىرىدىكىگە ئوخشاشراق يارىتىلغان بولسىمۇ (بولۇپمۇ كېيىنكى مىسرالاردا يارىتىلغان ئوب-راز ) ، لېكىن شېئىريي ئۇسلۇب ، شەكىل ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىك جەھەتلەردە ئۇنىڭدا قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ . «قاراڭغۇلۇق شەيتانلىرى» نىڭ قىياپەت تەسۋىرى ناھايىتى جانلىق ۋە ھەيۋەتلىك بېرىلگەن بولۇپ ، بۇ شېئىرنى ئوقۇغىنىمىزدا كۆز ئالدىمىزدا «كۆز قارىچۇقلىرى قانلىق كومزەككە» ، «ئېغىزلىرىدىن قارا تۇتۇن بۇخسۇغان» ، «بۇرۇنلىرىدىن كۇل رەڭ بۇلۇتلار چىقىپ تۇرغان» بىر ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ، بەتبەشىرە مەخلۇق گەۋدىلىنىدۇ . بۇ كۆرۈنۈش كىتابخانلارنىڭ نەپرىتىنى شۇ ھامان قوزغىيالايدۇ .

قىسقىسى ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا ، قوچۇ ئۇيغۇر
شېئىرلىرى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن كەڭ ۋە چوڭقۇر ئىجتىمائىي
مەزمۇن ـ تېما جەھەتتىن ، شەكىل جەھەتتىكى رەڭدارلىق تەرىپە-
دىن ، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ كۆپلەپ ئىستېمال قىلىنى-
شى ، ئوبراز ۋە پىكىرلەرنىڭ جانلىق ئېچىپ بېرىلىشى تەرەپلەردىن
مۇھىم ئورۇنغا ئىگىدۇر .

قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ شۇقەدەر تەرەققىياتقا ئېرىشىشى ،
ئەڭ مۇھىمى ، قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ
خېلى بىر مەزگىل گۈللەنگەن ھالەتتە مۇقىملىقتا تۇرۇشى ؛ ئۇيغۇر
تىلىنىڭ خاقانلىق دائىرىسىدە ھەممىگە ئورتاق بولغان تىل بولغانلى-
قى ؛ مەدەنىي تۇرمۇشنىڭ جانلانغانلىقى ؛ ھەرقايسى دىن ، تەلى-
مات ـ تەرىقەتچىلەرگە كەڭرى ئىمكان يارىتىلىشى ؛ يېڭى ماكاندا
يېڭىچە ھايات قۇرۇش ئىستەكلىرىنىڭ گەۋدىلىك بولۇشى ؛ شائىرلار-
نىڭ شېئىرىي شەكىل جەھەتتە ئەركىن تاللاشقا مۇۋەپپەق بولۇشى ،
پىكىر ـ ھېسسىياتتا بوغۇشلانمىغانلىقى ، ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىق يارد-
ىتىشقا بىردەك ئېتىبار بېرىلىشى . . . قاتارلىقلارغا باغلىقتۇر . مانا
بۇ ئامىللار ئەينى دەۋر شېئىرىيەتچىلىكىنى ئورىگىناللىققا ، مولمۇق-
قا ، رەڭدارلىققا ئىگە قىلغان ئىدى ، خالاس .

**پروزا ئەسەرلەر :** قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى
ئەدەبىياتنىڭ بىر قىسمىنى بۇددا رىۋايەتلىرىگە ئاساسەن ئۆزلەشتۇ-
رۇلگەن ، قايتا ئىشلەنگەن ياكى تەرجىمە قىلغان نەسرىي ئەسەرلەر ـــ
ھېكايە ، قىسسە ، دراممىلار تەشكىل قىلىدۇ . ھەممىگە ئايانكى ، بۇددا
دىنىنىڭ تارقىلىشى ۋە كۈچىيىشىدە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان تۇر-
پان ، كۇچالار ئۆز زامانىسىدا بۇ دىنىنىڭ ئىككىنچى ئانا ماكانى بولۇپ
قالغان ئىدى . ۋەھالەنكى ، ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بۇددا نوملىرىنىڭ
بولماسلىقى تۇپەيلىدىن ، بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدا ھىندى تىلىدا يېزىل-

غان بۇددا نوملىرى ئوقۇلاتتى . بۇ هال ، بۇددا تەلىماتى ۋە ئەقىدىلىرىنىڭ ئاز ساندىكى بۇددا ئۆلىمالىرى ۋە راهىبلىرى ئىچىدىلا ئومۇملىشىپ ، كەڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدا دىننى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى چەكلىمىگە ئۇچراتقانىدى . ئەڭ مۇهىمى ، مەيلى دىن ، مەيلى مەدەنىيەتنىڭ باشقا ساهەلىرىنىڭ گۈللىنىشىدە بولمىسۇن ، مەدەنىيەتتە ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئىلغارراق بولغان باشقا دۆلەت ۋە خەلقلەرنىڭ ئالاهىدىلىك ۋە ئىلغار تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىشى زۆرۈر شەرتلەرنىڭ بىرى ئىدى . بۇنداق ئىلغار مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ مۇئەييەن جەمئىيەت ئەزالىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ ، ئومۇملىشىشىدا ، شۇ ئىلغار مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تىل - يېزىقىغا تايىنىشى ئەڭ ئاساسلىق ۋاستە ئىدى . مانا مۇشۇنداق ئىجتىمائىي تەلەپ ۋە تەقەززاغا ئۆزلىرى مۇقەددەس دەپ تونۇپ ، ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنىنىڭ ئىخلاسمەن دىندارلىرىنىڭ ئۆز دىنىي تەلىماتلىرىنى كەڭرى تەشۋىق قىلىپ - كېڭەيتىش روهى ۋە «ساۋابلىق ئىش قىلىش» تەك ئەقىدە كۈچىنىڭ تۈرتكىسىدە هىندى ، تىبەت ، خەنزۇ ؛ توخار ؛ سوغدى تىللىرىدىن مانى ۋە بۇددا دىنىغا ئائىت نۇرغۇنلىغان نوم ، رىسالە ، دەستۇرلار ، تەپسىرلەر ، رىۋايەت ، هېكايىلەر تەرجىمە قىلىنغانىدى . مانا بۇلار — قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى پروزا ئەسەرلەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغانىدى .

قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىگە ئائىت پروزا ئەسەرلەردىن نەسرىي ئۇسۇل بىلەن يېزىلغانلىرى بولسا ، نەزمىي شەكىلگە ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلىنغان ، بەزىلىرىنىڭ ئاخىرىغا شۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ۋە ئەهمىيىتىنى چۈشەندۈرۈش يۈزىسىدىن شېئىرىي ئىلاۋىلەر بېرىلگەنىدى . بۇنداق قايتىدىن ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىقىش ، شەكىل جەهەتتىن يېڭىلاش ، تىل جەهەتتىن لايىقلاشتۇرۇش ئارقىلىق قايتا پىششىقلاپ تاۋلانغان ئەسەرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى زېمىنىدىن نەپەس ئېلىپ ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا خاس ئىستىل بىلەن سۇغىرىلغانلىقتىن ،

ئەمدى بۇرۇنقىدەك بۇددا دىنى ۋە ئەدەبىياتىغا تەئەللۇق نەرسىلەر ئەمەس ، بەلكى شۇ تەرجىمان ، شۇ تىلچى ، شۇ ئەدىبنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىگە ئايلىنىپ ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆلمەس يادىكارلىقلىرىدىن بولۇپ قالغانىدى .

قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە يېتىشكەن مەشھۇر تەرجىمان سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ تەرجىمە قىلغان «ئالتۇن يارۇق» تىكى خەنزۇچە شېئىرىي پارچىلارنىڭ تەرجىمىسىدىن بىر مىسال كۆرۈپ ئۆتەيلى :

خەنزۇچىسى :

祸爱子端严相
因何死苦先来通
若我得在洳前亡
岂见如斯大苦事

قەدىمكى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى :

نە ئادا ئەردى ئاتايىم
كۆركلە - كىئە ئۆگۈكۈم
ئۆلمەك ئۆمگەك نەچۈكىن
ئونرە كەلىپ ئەرتتۈردى .

سەنتىدە ئونرە ئۆلمەكىگ
بۇلايىن ئاي كۈن كىيەم
كۆرمەيىن ئەرتى مۇنتەگ
ئۇلۇغ ئاچىغ ئەمگەكىن .

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى :

نە ئاپەت بۇ ئاتىكام ،
چىرايلىقىم شۆھرىتىم .
ئۆلۈم ئازابى نە ئۈچۈن ،
ئاۋۋال سېنى ئېپكەتتى .

سەندىن ئاۋۋال ئۆلمەكنى ،
تىلەيتتىم ئەي قۇياشىم .
كۆرمەس ئىدىم بۇنىڭدەك ،
ئۇلۇغ ئاچچىق كۈلپەتنى .

خۇددى گېلڭ شىمىن ئەپەندى كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك ، سىڭقۇسەلى بۇ خەنزۇچە شېئىرنى تەرجىمە قىلغاندا ، ئەسلىي تېكىستتىكى چوڭقۇر ھېسسىيات ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇننى جانلىق ۋە تەسىرلىك ئىپادىلەپ بەرگەن . ئۇ شۇ دەۋردە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە كەڭ قوللىنىلغان يەتتە بوغۇملۇق مەرسىيە ئۇسلۇبىدىن ماھىرانە پايدىلىنىپ ، ئەسلىي شېئىرنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى ۋە سۆزلىرى بىلەن چەكلەنمەستىن ، خەنزۇچە بىر كۇپلېت شېئىرنى ئۇيغۇرچىدا ئىككى كۇپلېت قىلىپ پۈتۈنلەي قايتا يېزىپ چىققان . نەتىجىدە بۇ شېئىر شەكىل جەھەتتىن خەنزۇچىغا ئوخشىسىمۇ ، لېكىن مەزمۇن جەھەتتىن ئەسلىي شېئىردىكى چوڭقۇر مەنە ، ھېسسىياتنى ناھايىتى كۈچلۈك ئىپادىلەپ بەرگەن . ①

ئېيتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يېرى شۇكى ، سىڭقۇسەلىگە ئوخشاش تەرجىمانلار خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىلىرى ۋە ھىندى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بولغان بىرمۇنچە ئەسەرلەرنى ئەنە شۇ خىلدىكى «كۆچ قوشۇپ ئىشلەش» ئارقىلىق ، قوچۇ ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ئۆز ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا خەنزۇ ۋە ھىندى ئەدەبىياتلىرى ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلەردىن پايدىلىنىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەندى .

ئەنە شۇ قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى تەرجىمە قىلىنغان پروزا ئەسەرلەرنىڭ نادىر ئۆلگىلىرىدە ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ

---

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، ئۇيغۇرچە، 1983 ـ يىل 1 ـ سان، 92 ـ بەت.

ئۆتۈلگەن ئالاھىدىلىكلەر روشەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ . شۇ سەۋەبتىن-مۇ بۇ ئەسەرلەر قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئىچىگە كەڭرى تارقىلىپ ، زور تەسىر قوزغىغانىدى . ۋەھالەنكى ، بۇنداق نادىر ئەسەرلەرنىڭ قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە زور تەسىر قوزغىشى — شۇ ئەسەرلەرنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان مەزمۇن ئالاھىدىلىكىمۇ ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينىغانىدى ، ئەلۋەتتە . بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ بىرى — «ئالتۇن يارۇق» ئىدى .

**(1) ئالتۇن يارۇق :** «ئالتۇن يارۇق» (تولۇق ئاتىلىشى «ئالتۇن ئۆڭلۈگ يارۇق يالتىرىقلىغ قوپتا كۆتۈرۈلمىش نوم ئىلىگى ئاتلىغ نوم بىتىگ» — ئالتۇن رەڭلىك نۇرلۇق يالتىراقلىق ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نوم پادىشاھى ئاتلىق نوم پۈتۈك ) بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىپىگە ئائىت نوم بولۇپ ، 730 بەتلىك ، ھەر بېتى 22 قۇردىن جەمئىي 16060 قۇردىن ئىبارەت بولغان چوڭ تىپتىكى نەسرىي ئەسەر بولۇپ ، ئۇنىڭدا بۇددا دىنىغا ئائىت تەسىرلىك ھېكايىلەر ، رىۋايەتلەر ۋە ئەقىدىلەر سۆزلىنىدۇ .

بۇ ئەسەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەڭ مۇكەممەل نۇسخىسى رۇس ئالىمى س . ئى . مالوۋ مىلادىيە 1909 ~ 1911 - يىللىرى گەنسۇنىڭ جۇچۇەن ۋىلايىتىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان ۋاڭ شىگۇ يېزىسى يېنىدىكى بۇتخانىدىن تاپقان ھەمدە مىلادىيە 1915 ~ 1917 - يىللىرى رادلوۋ ۋە مالوۋ تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرۇلۇپ ، خەلقئاراغا تونۇشتۇرۇلغان (بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى باشقا نۇسخىلىرى بىلەن سانسكرىتچە (ھىندىچە ) ، تىبەتچە ، خەنزۇچە ، موڭغۇلچە نۇسخىلىرىمۇ بولۇپ ، بۇ نۇسخىلار ھازىر بېرلىن ۋە پېتېربۇرگدا ساقلانماقتا ) ( «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ مىلادىيە 1981 - يىل 3 - سان ، 292 - ، 293 - بەتلىرىگە قارالسۇن ) .

«ئالتۇن يارۇق» بېشبالىقلىق تەرجىمان سىڭقۇسەلى تەرىپىدىن

خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.[1] بۇ ئەسەرنىڭ خاتىمىسىدە مۇنداق جۈملىلەر يېزىلغان:

«يەمە قۇتلۇغ ئۈگتۈن ئۇلۇغ تابغاچ ئىلىنتە
تايىسىڭ سىۋشىڭ ئالقۇ شاستىرلارىغ
فاماغ نوملارىغ قالىسىز ئۈتكۈرمىش
بۇدىستىۋ گىتسو سامتىسو ئاتلىغ ئاچارى
ئەنەتكەك تىلىنتىن تاۋغاچ تىلىنچە ئەۋرىمىش
يانا بۇ بىش چوبىك كەليۇك بولغانيۇق
ياۋىز ئۈتدە قولۇتا كىنكى بوشغۇتلۇغ بىشبالىقلىغ
سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ تاۋغاچ تىلىنتىن تۈرك —
ئۇيغۇر تىلىنچە ئىكىلەيۇ ئەۋرىمىش ئالتۇن
ئۈڭلۈگ يارۇق يالتىرىقلىغ قوپتا كۈترۈلمىش
نوم ئىلىگى ئاتلىغ نوم بىتىگ تۈكەدى.»

(قۇتلۇق شەرقتىكى ئۇلۇغ تاۋغاچ ئېلىدە ماھايانا ھىنايانا (مەزھىپىنىڭ) بارلىق شاستىر (نومنىڭ ئىزاھى) لىرىنى، ھەممە نوملىرىنى پۈتۈنلەي پىششىق ئۆزلەشتۈرگەن، بۇدساتۋا گىتسو سامتىسو ئاچارى (تاڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر راھىب شۈەنزاڭنى ھۆرمەتلەپ ئاتىغان نام) ئەنەتكەك تىلىدىن (قەدىمكى ھىندى تىلى) تاۋغاچ (خەنزۇ) تىلىغا تەرجىمە قىلغان. يەنە بۇ بەش تۈرلۈك پاسكىنىچىلىق بىلەن بۇلغانغان ياۋۇز زاماندا، كېيىن ئىلىملىك بولغان بېشبالىقلىق سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ خەنزۇ تىلىدىن تۈرك - ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان ئالتۇن رەڭلىك نۇرلۇق يالتىراقلىق نوم پۈتۈك تاماملاندى).

---

① سىڭقۇسەلى ئەينى دەۋرگە نىسبەتەن ئەتراپلىق يېتىشكەن تەرجىمان بولۇپ، ئۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان بۇددا دىنىنىڭ مەشھۇر نوملىرى يالغۇز «ئالتۇن يارۇق» قاتارلىقلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئىلىمىزدىكى ۋە چەت ئەللەردىكى ئالىملار سىڭقۇسەلىنىڭ يەنە كونا خەنزۇچە، قەدىمكى كۇچا، قەدىمكى قاراشەھەر تىللىرىدىن ئۆز ئانا تىلىغا تەرجىمە قىلغان بىرمۇنچە نوم ۋە ئەسەرلىرى بولۇشى مۇمكىن دېگەن ئىلمىي پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

«ئالتۇن يارۇق» تا ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرگە ئىگە بىرقانچە بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرمەكچى بولغان دىنىي ئەقىدە ۋە چۈشەنچىلەر بايان قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئاساسەن «قىيىنچىلىقتا قالغانلارنى قۇتۇلدۇرۇش — ئىنتايىن ئۇلۇغ، ساۋابلىق ئىش» دېگەن ئىدىيە ئىلگىرى سۈرۈلگەن بولۇپ، چامبۇدىۋىپ يۇرتىنىڭ خاقانى ماخارادىنىڭ كەنجى ئوغلى ماخاستىۋىنىڭ، يەتتە كۈچۈكى بىلەن جاڭگالدا يەتتە كۈن ئاچ قېلىپ ئۆلەر ھالەتكە چۈشۈپ قالغان چىشى يولۋاسنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغانلىق ۋەقەلىكى بايان قىلىنغان.

«ئالتۇن يارۇق» قا بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن «رىيازەت چېكىش زۆرۈر ۋە پايدىلىق»، «سەۋر - ئىتائەتچانلىق — مېھىر - شەپقەتنىڭ ئانىسى، ئۆزىنى بۇ يولدا قۇربان قىلىش چەكسىز ئالىي بەخت - سائادەتكە ئېرىشىشنىڭ (نىرۋانغا يېتىشنىڭ) بىردىنبىر ئالىيجاناب يولى» دېگەن بۇددا دىنىي ئىدىيىسى سىڭدۈرۈلگەن.

«ئالتۇن يارۇق» تا يارىتىلغان ئوبرازلار جانلىق، بەدىئىي تەسۋىرلىرى تۇرمۇش چىنلىقىغا ئۇيغۇن بولۇپ، ئەسەرنىڭ تەسىر كۈچىنى (كىتابخاننى جەلپ قىلىش كۈچىنى) زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. بۇنى تۆۋەندىكى مىساللاردىن كۆرۈش مۇمكىن:

ماخاستىۋى تېكىننىڭ ئاچ يولۋاسقا يەم بولۇش ئالدىدا تۇرغان شارائىتى (مۇھىتى) مۇنداق بېرىلگەن:

«... بۇ ئاغىر ئۇلۇغ ياغىز يېر ئالتى تۈرلۈگىن تەبرەتى قابشاتى. ئىنچا قىلتى ئۇلۇغ يېل كەلىپ كۆل سۈۋىن توقىپ يايىمىشتەگ يوقارۇ قۇدى يايلىتى يايقالتى. كۆك قالىغ يۈزىنتەكى كۈن تەڭرى راخۇقاسىگىرتىمىش تەگ يارۇقسۇز ياشۇقسۇز ئۆڭسۈز ئۆلەز بولتى. بۇلۇڭ يىڭاق بارچا بۇ تۇرۇ قاراردى. قارا تۇمان ئۇزە ئۆرتۇلدى. كۆك قالىغتىن تەڭرىتەم يىدىپاخۋا - چەچەكلەر تۇشتى، ياغدى. ئول ئاردىغ سەمەك ئىچى خۋا - چەچەك ئۇزە تولۇ

بولتى . . . »

( « . . . بۇ غايەت زور قوڭۇر يەر ھەر تۈرلۈك تەۋرەپ كەتتى . خۇددى قاتتىق بوران چىقىپ كۆل سۈيىنى چايقىغاندەك سۇلار يۇقىرى ـ تۆۋەن داۋالغۇپ چايقالدى . ئاسماندىكى كۈن گويا تەڭرى تورى چىرمىۋالغاندەك قاراڭغۇلۇشۇپ ـ نۇرسىزلىنىپ غۇۋالاشتى . تۆت ئەتراپنىڭ ھەممىسى قاراڭغۇ زۇلمەتكە ئايلاندى ، قارا تۇمان بىلەن قاپلاندى . كۆك ئاسماندىن تەڭرىنىڭ ئىسپاردەك خۇشبۇي گۈل ـ چېچەكلىرى ياغدى . ئورمانلىقنىڭ ئىچى گۈل ـ چېچەكلەر بىلەن تولۇپ كەتتى . . . »

ئوغلى ماخاستىۋى يوقالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئانىسىدا كۆرۈلۇ-ۋاتقان ئازابلىنىش ھالىتى :

« . . . قاتۇن بۇ ساۋىغ ئەستىپ ، ئوقىن ئۇرسۇقمىس كىسى تەگ ، بوسۇش سادغۇقا كۆڭۈلى كۆگۈزى ئەگىرتىپ . . . مۇنچۇلايۇ سىڭلەدى . . . »

(خوتۇن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خۇددى ئوق تەگكەن ئادەمدەك دەل-دەڭشىپ ، كۆڭلى ـ كۆكسى ھەسرەتكە چىرمىشىپ يىغلامسىراپ . . كۆپ نالە ـ زار قىلدى . . . ) .

يەنە ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۆز ئوغلىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن چاغدىكى قايغۇلۇق ھالىتى :

« . . . ئىنچا قىلتى ئۇلۇغ ئىغاچ كۇچلۇگ قاتىغ يېلكە توقتىلىپ قامىلمىس تەگ تۇستىلەر قامىلتىلار . . . »

( . . . خۇددى بىر زور دەرەخ قاتتىق بورانغا سوقۇلۇپ ئۆرۈل-گەندەك يىقىلىشتى . . . ) .

« . . . بالىق سۇۋېنتىن ئادىرىلىپ ، ئىسىگ قۇمتا ئاغىنامىس تەگ ، يېرتە ئاغىنا يۇ ئىنچاتىپ يىغلادى . . . »

( . . .خۇددى بېلىق سۇدىن ئايرىلىپ ، قىزىق قۇمدا ئېغىنىغاند-دەك ، يەردە ئېغىناپ يىغلىدى . . . )

دېگەن ئوخشىتىشلار ئارقىلىق ناھايىتى تەسىرلىك ئىپادىلەپ بېرىلگەن .

«ئالتۇن يارۇق» تىن نەقىل ئېلىنغان بۇ ئېپىزوتلاردا ، مۇھىت تەسۋىرى بىلەن ئەسەردىكى باش پېرسوناژنىڭ روھىي ھالىتى زىچ ماسلاشتۇرۇلۇپلا قالماستىن ، بەلكى ئەسەردىكى ئاساسلىق پېرسوناژلارنىڭ نازۇك ئىچكى كەچۈرمىشلىرى ، ھاياجانلىق پائالىيەتلىرىمۇ ئوبرازلىق ئوخشىتىشلار ، جۈملىدىن ھەر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ماھىرلىق بىلەن ئېچىپ بېرىلگەن . بۇ ئېپىزوتلارنى ئوقۇغان ھەربىر كىشى قاتتىق تەسىرلەنمەي قالمايدۇ ، ئەلۋەتتە .

«ئالتۇن يارۇق» تا بۇددا ئەقىدىلىرى ۋە شۇنىڭغا باغلىق ۋەقەلەر سۆزلەنسىمۇ ، ئۇنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئومۇمىي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن تەسىرى خېلى زور بولغان . بۇ ئەسەر ئۆز ئىچىگە ئالغان شېئىرىي مەرسىيىلەر يەتتە بوغۇملۇق قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرلىرى شەكلىدە زور بىر ماھارەت بىلەن تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ ، بۇ شۇ دەۋردىكى تەرجىمە سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنىلا ئەمەس ، بەلكى يازما ئەدەبىياتنىڭمۇ يۇقىرى بىر تەرەققىيات باسقۇچىنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ . «ئالتۇن يارۇق» كىتابىنىڭ بۇددا دىنىغا ئىشەنگەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تەسىرى خېلى چوڭ بولۇپ ، ئەدەبىياتنىڭ نەسرىي ژانىرىنىڭ تەرەققىياتىدا بەلگىلىك رول ئوينىغان ، بۇ ئەسەرنىڭ مىلادىيە 10 ـ ئەسىر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەرگە ئائىت بىرنەچچە نۇسخىسى تېپىلغانلىقىدىن تاشقىرى ، كاڭشىنىڭ 26 ـ يىلى (مىلادىيە 1687 ـ يىلى ) گەنسۇدا بېسىلغان ياغاچ ئويما نۇسخىسىنىڭ تېپىلىشى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىماقتا .[1]

---

[1] ئابدۇشۇكۇر تۇردى: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان». «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1983 ـ يىل 2 ـ سان، 99 ـ بەت.

«چاشتانى ئىلىگ بەگ» قىسسىسى : قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن «چاشتانى ئېلىگ بەگ» قىسسىسى قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى پروزا ئەسەرلەرنىڭ يەنە بىر نادىر ئۈلگىسىدۇر . بۇ ئەسەر مىلادىيە 1913 ~ 1914 ـ يىللىرى گېرمانىيە ئارخېئولوگلىرى تەرىپىدىن تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان ۋە مىلادىيە 1931 ـ يىلى گېرمانىيىدە بىرىنچى قېتىم ئېلان قىلىنغان . ئەسەرنىڭ بەزى قىسىملىرى بۇزۇلغان بولسىمۇ ، ئومۇمىي مەزمۇنىغا ئانچە تەسىر يەتمىگەن (ئەسەرنىڭ بۇ نۇسخىسى ھازىر بېرلىن مۇزېيىدا ساقلانماقتا ) .

«چاشتانى ئېلىگ بەگ» قىسسىسىنىڭ مەزمۇنى بۇددا دىنىي ئەدەبىياتىغا ئائىت بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئۇچايان بالىق شەھىرىدىكى خەلقلەر بېشىغا جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ بالايىـئاپەت كەلتۈرۈپ ، ئاغرىق ـ سىلاق تارقاتقانلىقى ، خەلقنى خالىغانچە قىرغانلىقى بايان قىلىنىپ ، بۇدساتۋا نەسلىدىن بولغان چاشتانى ئېلىگ بەگنىڭ باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ ، جىن ـ ئالۋاستىلارنى يەڭگەنلىكى ۋە خەلقنى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ .

«چاشتانى ئېلىگ بەگ» قىسسىسىنىڭ قىسقىچە ۋەقەلىكى مۇنداق :

. . . ئارسلانلاردەك سۈر ۋە ھەيۋەت بىلەن ئۇچايان بالىق دېگەن شەھەرنىڭ تۆت كوچا دوقمۇشىغا يېتىپ كەلگەن چاشتانى ئېلىگ بەگ تەلەتى بەتبەشىرە ـ قورقۇنچلۇق كەلگەن نۇرغۇن يەك (جىن ) لارنى ئۇچرىتىدۇ . ئۇ يەكلەر بۇ شەھەردىكى «ئادەملەرنىڭ گۆشىنى يەپ ، قېنىنى ئىچىپ ، ئۇچەيلىرىنى بەدەنلىرىگە يۆگىۋېلىشىپ» ، ئۇلارنىڭ بېشىغا ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرگەنىدى . بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ چىدىيالمىغان چاشتانى ئېلىگ بەگ «يۈرىكىنى توختىتىپ ، باتۇرلار بېگىدەك قورقمايدىغان ، ئەيمەنمەيدىغان» جاسارەتكە كېلىدۇ ـ دە ، ئاشۇ ياۋۇز يەكلەرگە قارشى ئۇرۇشقا ئۆتىدۇ . خەلققە ئازاب ـ ئوقۇ-

بەت كەلتۈرگۈچى قەبىھ يەكلەرنىڭ سۇيىقەست ، تەھدىتلىرىنى باتۇر-
لۇق بىلەن بۆسۈپ ئۆتۈپ ، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇردى . پۈتۈن
كۈچ - قۇۋۋىتىنى يىغىپ ، كۈچ بىلەن سەكرەپ بېرىپ ، ئۇرۇمقى
ئاتلىق يەكنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ تارتىپ ، قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈ-
رۈپ چېپىشقا تەمشىلىدى . چاشتانى ئېلىگ بەگنىڭ كۈچىنى كۆرگەن
ياۋۇز يەكلەر تېخىمۇ قورقۇپ ئالاقزادە بولۇشىدۇ ، يىلىنىپ - يالۋۇ-
رۇپ ، چاشتانى ئېلىگ بەگدىن رەھىم - شەپقەت تىلەيدۇ . ئېلىگ
بەگنىڭ : «ئەي يەكلەر ، (ماڭا ) تېز جاۋاب بېرىڭلار ، نېمە ئۈچۈن
مېنىڭ شەھىرىمدىكى كېسەللىك ئاپىتى يوقالمايدۇ ؟ » دېگەن سوئالى-
غا : «ئۇلۇغ ئېلىگ ، مۇشۇ تاپتا شەھىرىڭنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى
بىر توپ زور سۆگەتتە ياۋۇز نىيەتلىك ئالۋاستى بار . ئۇنىڭ ئۈچ
يوغان كۆزى بار ، ئوت رەڭلىك چاچلىرى ئارقىسىدا يېيىلىپ (چۇۋۇ-
لۇپ ) تۇرىدۇ . كۆزىنىڭ قارىچۇقى ياندۇرۇلغان چىراغ يالقۇنىدەك
يالقۇنجاپ ئايلىنىپ تۇرىدۇ . ئۇ ئۇزاقتىن بېرى رەھىمسىزلىك بىلەن
سانسىزلىغان جانلىقلارنى ئېزىقلىرى بىلەن چايناپ ۋەيران قىلىپ
كەلدى » دەپ جاۋاب بېرىدۇ ، شۇنىڭدەك ئۆزلىرىنىڭ بىر - بىرىدىن
مەككار ، ھىيلىگەر ئورۇ ، ئەگىنكىشى ، تارى چانتا قاتارلىق سەردار-
لىرى بارلىقىنى ، ئېلىگ بەگ شەھىرى دۇچ كەلگەن بارلىق بالايىئا-
پەتلەرنىڭ مەنبەسى ئاشۇ يەك سەردارلىرى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلى-
دۇ . پەقەت ئاشۇ يەك سەردارلىرىنى تېپىپ يوقاتقاندىلا ئېلىگ بەگ
شەھىرىگە ، پۇقرالارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازاب - كۈلپەت ، بالا -
قازا ، كېسەللىكلەرنىڭ تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇپ تۈگەيدىغانلىقىنى
ئېيتىپ بېرىدۇ . بۇنى ئاڭلىغان چاشتانى ئېلىگ بەگ يېڭىلمەس
جاسارەت بىلەن ئوت يالقۇنىدەك ئۆتكۈر قىلىچىنى كۆتۈرگىنىچە يۇ-
قىرىدا كۆرسىتىلگەن يەك سەردارلىرى بىلەن مەردانە جەڭ قىلىپ ،
بارلىق جىنلارنى تارمار كەلتۈرۈپ ، ئۆز خەلقىنى دەھشەتلىك بالايىئا-

پەتتىن قۇتقۇزۇپ ، نىجاتلىققا ئېرىشتۈرىدۇ . . . .[1]

«چاشتانى ئېلىگ بەگ» قىسسىسىنىڭ مەركىزىدە ئەنە شۇ چاشتانى ئېلىگ بەگنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتى تۇرىدۇ . قىسسىنىڭ قەھرىمانى چاشتانى ئېلىگ بەگ خەلق ئاممىسىنىڭ پاجىئەلىك ، ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك ھاياتتىن قۇتۇلۇش ئارزۇسىغا سىمۋول قىلىنغان . ئەسەرنىڭ تېماتىك ئىدىيىسىدە خەلق ئاممىسىنىڭ نىجاتلىق ئۈمىدى ، ۋەھشىي كۈچلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش روھى ، كېسەللىك ۋە بالايىئاپەتتىن قۇتۇلۇپ ، تىنچ ـ ئاسايىشلىق ياشاش ئىستىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ، بالايىئاپەتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلغۇچى قەھرىمانغا مەدھىيە ئوقۇلغان .

«چاشتانى ئېلىگ بەگ» قىسسىسى بەدىئىيلىك جەھەتتىمۇ خېلى زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن ئەسەردۇر . ئۇنىڭدا مۇبالىغە ، ئوخشىتىش ۋە سېلىشتۇرما قىلىشتەك ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ماھىرلىق بىلەن قوللىنىلىپ ، ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ ئوبرازى جانلىق يارىتىلغان . قىسسىدە ياۋۇز يەكلەرنىڭ دەھشەتلىك ، يىرگىنىشلىك قىياپىتى مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ :

. . . ئۆترۈ ئېلىگ بەگ تۆت بەلتىر يولتا يۈرىيۈئانىڭ ئاراسىنتا سانسىز ئۆكۈش يەكلەرىگ كۆردى . ئول يەمە يەكلەر يالىڭۇقلارنىڭ ئەتىنى يىيۇ قانىن ئىچىپ باغارسۇقلارىن ئەت ئۆزلەرىڭە يۆرگە يۇرلار ئەردى . قورقىغۇ تەگ كۆرك مەڭىز تۇتۇپ ياۋلاق قاتىغ ئۈنىن قىقىرىسۇ ، درزۇل ، بادرۇق ئىلىگلەرىنتە تۇتۇپ قاپقارا ئۇلۇغ بەدۈك تاغ تەگ ئەت ئۆزىن ئۈنەيۇ ئۇ ئوت ئۆڭلۈگ ئىشىن ساچلارىن ئەڭىنلەرىنتە تۇشۇرۇپ ئاغۇلۇغ يىلانىن ئىتىنىپ ياراتىنىپ قاي بەلتىر سايۇ يۈرىيۈلەر ئېردى . . .

( . . . كېيىن ئېلىگ بەگ تۆت كوچا دوقمۇشىغا يېتىپ كەلگەن-

---

① «بۇلاق مەجمۇئەسى» 1981 ـ يىللىق 2 ـ سان.

ده سانسىزلىغان يەكلەرنى (جىنلارنى ) كۆردى . ئۇ يەكلەر ئادەملەرنىڭ گۆشىنى يەپ ، قېنىنى ئىچىپ ، ئۈچەيلىرىنى بەدەنلىرىگە يۆگىۋالغانىدى . ئۇلار چىرايلىرىنى ئادەم قورققۇدەك كۆپكۆك قىلىپ ، يامان ۋە قاتتىق ئۈن بىلەن چىرقىرىشاتتى . قوللىرىدا ئۈچ ئاچىماقلىق نەيزىلىرىنى ، بايراقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ، قاپقارا ۋە ئىنتايىن زور تاغدەك گەۋدىلىرىنى چىقىرىپ ، ئوت رەڭلىك چاچلىرىنى مۈردىلىرىگە چۈشۈرۈپ ، زەھەرلىك يىلانلار بىلەن گەۋدىلىرىنى بېزەپ ، كوچىلاردا يۈرۈشەتتى . . . )

ئەنە شۇ خىلدىكى بەھەيۋەت جىنلار روبىروسىدا تۇرغان باتۇر چاشتانى ئېلىگ بەگنىڭ قىياپىتىمۇ ئۆزىگە مۇناسىپ تەسۋىرلىنىدۇ :

. . . ئانى كۆرۈپ ئېلىگ بەگ يۈرەكىن قاترۇنۇپ ، تۇغئالار بەگىتەگ كىشاترىك بەكلەر مەڭىز مەڭلەپ قورقىنچسىز ، ئايىنچسىز كۆڭلىن ئول يەكلەر ئاراسىنتا كىرىپ باردى .

. . . ئانتا ئوترۇ چاشتانى ئېلىگ بەگ بار كۈچىن ئونتۇرۇپ تۆلۈكىن سېگىرىيۇ بارىپ ئۇرۇمقى ئاتلىغ يەكنىڭ تۆپۈسىنتەكى ساچىن تارتار تۇرۇپ قىلىچىن ئورو كۆتۈرۈپ ، باشىن بىچغالى ئوغرادى . . .

( . . . بۇنى كۆرۈپ چاشتانى ئېلىگ بەگ يۈرىكىنى توختىتىپ ، باتۇرلار بېگىدەك قورقمايدىغان ، ئەيمەنمەيدىغان كۆڭۈل بىلەن يەكلەر (جىنلار ) نىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى . . .

. . . شۇنىڭدىن كېيىن چاشتانى ئېلىگ بەگ بارلىق كۈچىنى يىغىپ ، كۈچ بىلەن سەكرەپ بېرىپ ، ئۇرۇمقى ئاتلىق جىننىڭ كوكۇلىسىنى تۇتۇپ تارتىپ ، قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، ئۇنىڭ بېشىنى چېپىشقا تەمشەلدى . . . ) .

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، ئەسەردە سەلبىي كۈچلەرنىڭ قورقۇنچلۇق ياۋۇز قىياپىتى قانچىلىك يۇقىرى دەرىجىدە مۇبالىغە قىلىنغان بولسا ، ئىجابىي قەھرىمانىنىڭ ئوبرازىمۇ شۇقەدەر گەۋدىلەندۈرۈلگەن .

بۇنداق سېلىشتۇرما ئەسەر قەھرىمانىنىڭ رولىنى ئۇنۇملۇك كۈچەيتىش
ۋاستىسى سۈپىتىدە خىزمەت قىلدۇرۇلغان .
شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، «چاشتانى ئېلىگ بەگ» قىسىـ
سىسىنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنىڭ ئاپتورى كىم ئىكەنلىكى بىزگە
مەلۇم بولمىسىمۇ ھەرھالدا بۇ شەخسىنىڭ ئۆز تىلىغا پىششىق ، بەدىـ
ئىي تەسەۋۋۇرى كۈچلۈك ، يۇقىرى سەۋىيىلىك بىر ئەدىب ئىكەنلىكىـ
نى مۇقىملاشتۇرغىلى بولىدۇ .

**«ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى» :** «ئىككى تېكىننىڭ
ھېكايىسى» (ياكى «شاھزادە قالىيامقارا ۋە پاپامقارا ھەققىدە رىۋايەت» )
بۇددا دىنىنىڭ ماھىيانا مەزھىپىگە ئائىت ئەسەر بولۇپ ، بۇ ھېكايىمۇ
قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە بۇددا نوملىرىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر
تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان .
ھېكايىدە ئاق نىيەت تېكىن بىلەن قارا نىيەت تېكىن ئوتتۇرىسىـ
دىكى زىددىيەت مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلۈش ئارقىلىق كىـ
شىلەرنى يامانلىقتىن ھەزەر ئەيلەپ ، ياخشىلىققا ، ھەققانىيەتنى ياقلاـ
شقا دەۋەت قىلىنىدۇ .
ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن چوڭ تېكىن بۇددا دىنىغا ناھايىتى چىڭ
ئىخلاس بىلەن ئېتىقاد قىلغۇچى پېرسوناژ بولۇپ ، بۇددا دىنى ئەقىدىـ
لىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى ھېسابلاپ ،
كەمبەغەل ، ئاجىز ، بىچارىلەرنى ئاچ ـ زېرىـىنلـىقـتىن ، ئازاب ـ
ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا نۇرغۇنلىغان جاپا ـ مۇشەققەتلەر
تارتىشقا قارىماي ، خېيىمخەتەرلەرگە دۇچ كېلىشكە پىسەنت قىلـ
ماي ، چىنتەمەنى ئەڭگۈشتەرىنى ئەكېلىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلانغىـ
نىدا ، ئىچى تار ، ھەسەتخور ، ئۆز شەخسىيىتى ، نام ـ شۆھرىتى
ئۈچۈن ھەر قانداق پەسكەشلىك ، يامانلىقتىن يانمايدىغان قارا نىيەت ،
سۇيىقەستچى كىچىك تېكىنمۇ سەپەرگە بىرگە چىقىدۇ . نەتىجىدە ،

چوڭ تېكىنگە زىيانكەشلىك قىلىش ھېسابىغا ئۆزىنىڭ نام ـ شۆھرى-
تىنى كۆتۈرمەكچى بولغان كىچىك تېكىن زىندانغا تاشلىنىدۇ . ئاخىر
چوڭ تېكىن نۇرغۇن رىيازەتلەر چېكىپ ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قېشىغا
يېتىپ كېلىدۇ . كىچىك تېكىن تېگىشلىك جازاسىنى تارتىدۇ .
ئەسەر سۇژىتى ئەنە شۇ سەپەرگە زىچ باغلانغان ھالدا راۋاجلاندۇ-
رۇلۇپ ، ئاق كۆڭۈللۈك ، خەلقپەرۋەرلىك قاتارلىق ياخشى خىسلەتلەر
بىلەن پەسكەشلىك ، ھەسەتخورلۇق ، رەزىللىك ، شەخسىيەتچىلىكتەك
يامان ئىللەتلەر قاتتىق قامچىلىنىدۇ . يامانلىق بىلەن ياخشىلىق جاڭ-
لىق ۋەقەلەر بىلەن سېلىشتۇرما قىلىنىپ ، ئالغا سۈرمەكچى بولغان
ئىدىيە گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ .
«ئىككى تېكىن ھېكايىسى» بەدىئىي خۇسۇسىيەت جەھەتتىن
ئېيتقاندىمۇ خېلى يۇقىرى سەۋىيىدىكى ئەسەردۇر . ئۇ ، قويۇق تەسىر-
لەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە . ئۇنىڭدىكى ۋەقە ، تەپسىلاتلار يىغىنچاق ،
مەزمۇنلۇق بايان قىلىنغان ، ئوبرازلار بىرقەدەر جانلىق يارىتىلغان .
يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەر ، قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدى-
كى يازما ئەدەبىياتنىڭ بىرقەدەر پۇختا بەدىئىي قۇرۇلما شەكىللىرى-
گە ، رەڭگارەڭ دراماتىك ئېلېمېنتقا ، مول تەسەۋۋۇر كۈچىگە ، خىل-
مۇخىل ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ
بېرىدۇ .

**«ياغاچچى بىلەن رەسسام» ھېكايىسى :** «ياغاچچى بىلەن
رەسسام» ھېكايىسىمۇ قەدىمكى ھىندى تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى-
غا تەرجىمە قىلىنغان مەشھۇر ھىندى خەلق ھېكايىلىرىنىڭ بىرى .
بۇ ھېكايىنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى مۇنداق :
بۇرۇنقى زاماندا ، شىمالىي ھىندىستاندا بىر ياغاچچى ئۆتكەن
ئىكەن ، ئۇ ياغاچچى ھۈنەرگە بەكمۇ ئۇستا بولۇپ ، كۆرگەنلىكى
نەرسىنىڭ ھەممىسىنى ياسالايدىكەن . ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ياغاچتىن

تازا كېلىشتۈرۈپ بىر قىز قونچاق ياساپتۇ . ئۇنى چىرايلىق كىيىندۈ-
رۈپ ، چىرايلىق بىر قىز تۇسىگە كىرگۈزۈپتۇ . بۇ قىز گەرچە گەپ
قىلالمىسىمۇ ، ئۇ تاماق ئېتىش ، مېھمان كۈتۈش قاتارلىق ئىشلاردا
راست قىزلاردىن قىلچىمۇ پەرقلەنمەيدىكەن . شۇ زاماندا ، جەنۇبىي
ھىندىستاندا ياغاچچىغا ئوخشاش ناھايىتى ئۇستا بىر رەسسام ئۆتكەن
بولۇپ ، ئۇنىڭ رەسىم سىزىشتىكى ماھىرلىقى پۈتۈن ھىندىستانغا
داڭ كېتىپتۇ . بۇنى ئاڭلىغان ياغاچچى ئۇنىڭ بىلەن ھۈنەر سىناشماق
بولۇپ ، ئالاھىدە تەييارلىق قىلىپ ، رەسسامنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقى-
رىپتۇ ۋە ھېلىقى قىزنى رەسسامنى كۈتۈشكە بۇيرۇپتۇ . رەسسام
قىزنىڭ «گۈزەل جامالىغا» مەھلىيا بوپتۇ . . . ئاخشىمى ساھىبخانا
قىزنى مېھماننى يەلپۈشكە ـ ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا قالدۇرۇپ
قويۇپتۇ . شەھۋانىي نەپسى غالىب كەلگەن مېھمان قىزنىڭ قولىنى
تۇتۇپ ئۇنى ئۆزىگە تارتىپتۇ . قوراشتۇرۇلغان قونچاق پارچە ـ پارچە
بولۇپ ، يەرگە چېچىلىپتۇ . . . بۇنىڭدىن قاتتىق خىجالەت بولغان
رەسسام بۇ قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلماققا بىر ئەقىل ئىشلىتىپتۇ-
ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى تامغا شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئۆزىنىڭ ئې-
سىلىپ ئۆلۈۋالغان رەسىمىنى خۇددى راست ئادەم ئېسىلىۋالغاندەك
سىزىپ چىقىپتۇ . تاڭ ئاتقاندا ساھىبخانا بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قاتتىق
چۆچۈپ كېتىپتۇ ۋە پادىشاھقا يۈگۈرۈپتۇ . . . تەكشۈرگۈچىلەر كې-
لىپ ئۇنىڭ (رەسسامنىڭ ) ئېسىلىپ ئۆلگەنلىكىنى ھۆكۈم قىلى-
شىپ ، ياغاچچىغا ئۇنى چۈشۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ . ياغاچچى پالتا بىلەن
ئارغامچىنى كەسمەكچى بولغاندا ، رەسسام كارىۋات ئاستىدىن چىقىپ ،
تامدىكى رەسىمنى زىدە قىلماسلىقنى ئېيتىپتۇ . ياغاچچى ھاڭ ـ تاڭ
قالغان ھالدا يېڭىلگەنلىكىگە ئىقرار بوپتۇ . . .

بۇ ھېكايە ئەسلىدە ھىندى خەلق ھېكايىلىرىدىن بولۇپ ، خىلمۇ-
خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنىش ۋە ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈش جەريا-
نىدا خەلق ئاممىسىنىڭ ۋە ئەدەبىي تەرجىمانلىرىنىڭ ھېسسىياتى ،

ئوي ـ پىكىرلىرى قوشۇلۇپ ، بىيىپ ، مۇكەممەللەشكەن . نەتىجىدە ، قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭمۇ قىممەتلىك ئەدەبىي يادىكارلىقى بولۇپ قالـ غان .

رەسسام بىلەن ياغاچچىدىن ئىبارەت ئىككى پىركامىل ئۇستىنىڭ ھۇنەر سىنىشىپ بىر ـ بىرىنى مات قىلىش ۋەقەلىكى ئارقىلىق ئاساسىي مەزمۇن ئىپادىلەنگەن بۇ ھېكايىدە ، ئىنسان پسىخولوگىيە- سىدىكى نازۇك تەرەپلەر ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن ئېچىپ بېرىلگەن . ھالبۇكى ، بۇ ھېكايىنىڭ قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى بولۇشىدىكى بىر سەۋەب — دەل بۇ ھېكايىدە ئەخلاق ـ پەزىـ لەت مەسىلىسىنىڭ چىقىش نۇقتىا قىلىنىشى ، بولۇپمۇ يۈكسەك ھۇنەر ـ سەنئەت ماھارىتىگە مەدھىيە ئوقۇلۇشىدۇر . چۈنكى ، يۈكـ سەك مەدەنىيەتنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە ئىنتىلگەن خەلق ئېگىدا ئېـ سىل ئەخلاق ـ پەزىلەتنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن ھۇنەر ـ سەنئەت رىقابىتى ئېڭىنى قەدىرلىشى كىشىگە ھەرگىزمۇ تاسادىپلىق تۇيغۇسى بېغىشلىمايدۇ .

ئەڭ مۇھىمى ، ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ماھىيەتلىك قانۇنىيەتلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە ، يازما ئەدەبىياتنىڭ بەزى نەمۇنىلىـ رى ئەل ئېغىز ئەدەبىياتىغا كۆچسە ، ئەل ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋ- ۋەر ئەسەرلىرىمۇ يازما ئەدەبىياتنى ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە بېيىتىپ بارغانىدى . «ياغاچچى بىلەن رەسسام» ھېكايىسى قاتارلىق ئەسەرلەر- نىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىشى ۋە بۇنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خەلق چۆچەكـ لىرى تەركىبىگە سىڭىپ كەتكەنلىكى — قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز مىراسىغا ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى مەلۇم نۇقتىدىن چۈشەندۇ- رىدۇ .

## نېستورىئان دىنى يازما يادىكارلىقىنىڭ پارچىسى :

قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە مانى دىنى ، بۇددا دىنىدىن باشقا

نېستورىئان دىنى (نېستورىئانىزم «Nestorianism» ) خرىستىئان دىنى-نىڭ ئاسىيادىكى بىر مەزھىپى بولۇپ ، تاڭ تەيزوڭنىڭ جىن-گۇەن 9 - يىلى (مىلادىيە 635 - يىلى) جۇڭگوغا كىرگەن) مۇ مەۋجۇت ئىدى . بۇ دىندىكىلەرنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت ئورنى ھازىر-قى تۇرپان شەھىرىنىڭ تەخمىنەن سەككىز كىلومېتىر شىمالىدىكى قۇرۇتقا دېگەن يېرى ئىدى .

نېستورىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلار قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى زېمىنىدا ناھايىتى ئاز سانىنى ئىگىلىسىمۇ ، لېكىن بۇ دىنغىمۇ ئەينى دەۋردە مەلۇم ئىمكانىيەت بېرىلگەنىدى . بۇ دىن مۇخلىسلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئىبادەت ئۇسۇللىرى ، دىنىي دەستۇرلىرى ۋە دىنىي رىۋايەتلىرى بولغان . ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە ، قوچۇ ئىدىقۇتلۇقى دەۋرىدىن قالغان نېستورىئان دىنىغا ئائىت بەزى يازما يادىكارلىقلارمۇ بايقالغان . بۇ يادىكارلىقلارنى گېرمانىيىدى-لىك 2 - قېتىملىق ئارخېئولوگىيە ئەترىتى قولغا چۈشۈرگەن بو-لۇپ ، ھازىر بېرلىندا ساقلانماقتا .

«نېستورىئان دىنى يادىكارلىقىنىڭ پارچىسى» نىڭ تېكىستى :

بارىپ يۈكۈ نەلىم ئانىڭ ئۇلۇغ قۇتىڭا تىپ ئۆتۈندىلەر ، ئول ئودۇن خىرودىس قان ئىنچە تىپ يارلىغادى ئۇلارقا : يائەمتى ئامراق ئوغلانلارىم ، ئەدگۈكە - نا بارىڭلار كەد كۆڭۈل تەگۈرۈپ تىلەڭلەر ، ئىستەڭلەر ! نەچۈكىن بولسار سىزلەر يانا يانىپ كەلىپ ماڭا ئىشتى-دۈرۈڭلەر ، مەن يەمە بارىپ يۈكۈنەيىن ئاڭار تىپ تىدى . ئىنچىپ ئول موغۇچلار نەچۈكىن ئورسىلىمتىن ئۈنۈپ باردىلار ئەرسەر ، ئول يۇلتۇز يەمە ئۇلارنى بىرلە بارىر ئەردى . قاچان ئول موغۇچلار بىدىل-خىمقا تەگدىلەر ئەرسە ، ئول يۇلتۇز تەبرەمەدىن شۇك تۇردى . ئۆترۈ ئانتا بۇلتىلار مىسىخا تەڭرىگ ئول ئودۇن تىتنۇ (تىترۈ ؟ ) ياقىن بارىپ كىردىلەر . ئۆز يۈكلەرىن ئاچتىلار ، ئەرتۇدىن ئاچۇ - غىن

ئۆتۈندىلەر كىم كەلۈرمىش ئەردىلەر ئۈچ تۇرلۇگ كۆزۈنچ : ئالتۇن ، ز ـ مۇران ، كۈچى ، يەمە يۇكۇنچ يۇكۈندىلەر ، ئۆگمەك ئالقىش ئۆتۈندىلەر ئىلىگ قان مىسخا تەڭرىكە . ئول موغۇچلار ئىنچە ساقىد. ىنىپ كىردىلەر . تەڭرى ئوغلى ئەرسەر ، ز ـ مۇران ، كۈجى ئالغاي . ئىلىگ قان ئەرسەر ، ئالتۇن ئالغاي . بىرۆك ئوتاچى ئەمچى ئەرسەر ، ئوت يەم ئالغاي تىپ بىر قاباندا ئۇرۇپ كىرگۈردىلەر . مەنگۇ تەڭرى ئوغلى ئىلىگ قان مىسخا ئول موغۇچلارنىڭ كۆڭلىدەكى ساقىنچىن بىلۈ يارلىقاپ ، ئۈچ تۇرلۇگ كۆزۈنچىن ئەرتۇدىن يۇمقى ئالى يارلىقا. دى . ئىنچە يارلىقادى ئۇلارقا . ئاي موغۇچلار ـ ئا ، سىزلەر ئۈچ تۇرلۇگ ساقىنچ ئۇزە كىرتىڭىزلەر . تەڭرى ئوغلى يمە مەن ئۆك ئەرۈرمەن ، ئىلىگ قان يمە مەن ئەرۈرمەن . ئوتاچى ئەمچى يمە مەن ئۆك ئەرۈرمەن تىپ يارلىقادى . سىزىكسىز بولۇپ بارىڭلار تىپ يارلىقادى . ئول موغۇچلارقا تاش بىشىكنىڭ بۇلۇڭىنتامىن ئۇزمىش. تەگ بىر يۇمغاق تاشىغ ئۇزۇپ بىردى . . . موغۇچلار ئول تاشىغ ئالىپ ئۆزئەت ئۆزلەرى كۆتۈرگەلى ئۇماتىلار . يىلقىقا يۇتۇرسەر يىل. قى كۆتۈرۈ ئۇماتى . ئانىن كىڭگەستىلەر . بۇ تاش ئەرتىنگۇ ئاغىر تۇرۇر . بۇ بىر يۇمغاق تاش . . . نەگۇلۇك ئول بىزىنگە يىلقى يمە كۆتۈرۈ ئۇماتىن تۇرۇر . ئىلتگەلى ئۇماغاي ـ بىز تىپ سۆزلەشتد. لەر . ئۆترۈ ئانتاچا بىرر قۇدۇغ بەلگۈرتى . ئول تاشىغ كۆتۈرۈپ ئول قۇدۇغ ئىچىنتە كەمشىد لەر ئانچا ـ ئا بارىپ قىنا كۆردىلەر . ئول قۇدۇغ ئىچىنتە بىر قورقىنچىغ ئۇلۇغ يارۇق ئوئوت يالىن بىرلە ئۇنۇپ ، كۆك قالىققا تەگى تۇرۇر ئەردى . ئىنچىپ ئول تاڭلانچىغ . . . بەلگۇ كۆرۈرپ موغۇچلار ئاڭلاپ بىلىپ قورقۇپ توپۇن تۇشۇپ يۇكۇنتلەر . ئىنچە تىيۇر ئەردىلەر : بىزىنگە تاپىنغۇ يۇكۇنگۇ ئەردىنى بىرۇپ ئەرمىش . بىز تاپىنغۇقا تەگىمىسىز ئەرمىش . بىز بىلمەتىن قۇدۇغقا كەمشىمىش بىز تىپ ئۆكۈنتلەر . ئول ئوغۇر ـ قا بۇگۇن كۈنگە تەگى موغۇچلار ئوئوت ـ قا تاپىنماق تىلتاغى بۇ ئەرۇر . ئول

ئودۇن بەلگۈلۈگ بولتى ئۇلار ـ قا تەگرىدەم ۋرىشتى . ئۆتۈزۈپ ئانتىن ئۆڭى يولچا يورۇتدى ئول موغۇچلارىغ . خىرودىس قانقا تەگمەدىلەر .

تەرجىمىسى :

ئۇلار : (بىز ) بېرىپ ئۇنىڭ ئۇلۇغ بەختىگە تاۋاپ قىلايلى ، دەپ ئۆتۈنۈشتى . شۇ چاغدا ھىرودىس خان ئۇلارغا مۇنداق يارلىق قىلدى : «مېنىڭ ئامراق ئوغۇللىرىم ، ئەمدى سىلەر ياخشى بېرىڭلار . ياخشى نىيەت بىلەن تىلەڭلەر ، ئىستەڭلەر . سىلەر (ئۇنى ) تاپقاندىن كېيىن ، يەنە قايتىپ كېلىپ ماڭا خەۋەر قىلىڭلار . مەنمۇ بېرىپ ئۇنىڭغا تاۋاپ قىلاي» . شۇنداق قىلىپ ، ئۇ راھىبلار ئۇرسىلىمدىن (يېرۇسالېمدىن ) چىقىپ ماڭغاندا ، ئۇ يۇلتۇزمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ماڭدى . ئۇ راھىبلار بىدىلھىم (Bidilhim ، ئىسا تۇغۇلغان جاي ) غا يېتىپ بارغاندا ، ئۇ يۇلتۇز شۇ يەردە تەۋرىمەي شۇك تۇردى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار مىسھا (Masiha ) تەگرىنى تاپتى . شۇ چاغدا ، ئۇلار پېتىنىپ (تىترىشىپ ؟ ) ئۇنىڭ يېنىغا باردى . (ۋە ) ئۆز تۈگۈنچەكلىرىنى ئېچىپ ئۇنىڭغا كۆپ سوغىلار سۇندى . ئۇلار ئۈچ تۈرلۈك سوۋغا : ئالتۇن ، ياقۇت ، كۈجى ئېلىپ كەلگەنىدى . ئۇلار يەنە يۈكۈنۈپ ھۆرمەت بىلدۈرگەن ھالدا ئېلىگ خان مىسھا تەگرىگە مەدھىيە ئالقىش ئوقۇشتى . ئۇلار (مىسھانىڭ ) يېنىغا مۇنداق ئوي بىلەن كىردى : « (ئۇ ) تەگرى ئوغلى بولسا ، ياقۇت بىلەن كۈجىنى ئالىدۇ . ئەگەر ئېلىگ خان بولسا ، ئالتۇننى ئالىدۇ . ئەگەر دورىگەر تېۋىپ بولسا ، دورا ئۆسۈملۈكنى ئالىدۇ» . ئۇلار بىر تاۋاقتا (بۇ ئۈچ خىل سوۋغىنى ) سېلىپ ئۇنىڭغا سۇندى . مەڭگۈ تەگرى ئوغلى ئېلىگ خان مىسھا ئۇ راھىبلارنىڭ كۆڭلىدىكى ئويىنى بىلىپ ، ئۈچ تۈرلۈك سوۋغىنىڭ ھەممىسىنى ئالدى (ۋە ) ئۇ راھىبلارغا مۇنداق دېدى : «ھەي راھىبلار ، سىلەر ئۈچ تۈرلۈك ئوي بىلەن كىردىڭلار ، تەگرى ئوغلى مەن بولىمەن ، ئېلىگ خانمۇ مەن بولىمەن ، دورىگەر تېۋىپ ھەم مەن

بولمەن . سىلەر شۇبھىلەنمەي كېتىۋېرىڭلار » . (مىسھا ) ئۇ راھىب-
لارغا تاش بۆشۈكنىڭ بۇرجىكىدىن خېمىر ئۈزگەندەك بىر يۇمىلاق
تاشنى ئۈزۈپ بەردى . راھىبلار ئۇ تاشنى ئۆز گەۋدىلىرى بىلەن
كۆتۈرەلمىدى . يىلقىغا يۈدىسە ، يىلقا كۆتۈرەلمىدى . شۇنىڭ بىلەن
(ئۇلار مۇنداق ) كېڭەشتى :«بۇ تاش ناھايىتى ئېغىر تۇرىدۇ . بۇ بىر
يۇمىلاق تاشنى بىز نېمىشقا كۆتۈرەلمەيمىز ، يىلقىمۇ كۆتۈرەلمەيدۇ ؟
(بىز بۇنى ) ئېلىپ كېتەلمىگۈدەكمىز » . شۇنىڭدىن كېيىن (ئۇلار )
يېقىن يەردە بىر قۇدۇق كۆردى (ۋە ) ئۇ تاشنى كۆتۈرۈپ (ئاپىرىپ )
قۇدۇق ئىچىگە تاشلىۋەتتى . ئۇلار ئازراق مېڭىپلا كۆردىكى ، ئۇ
قۇدۇق ئىچىدىن بىر قورقۇنچلۇق ، ئىنتايىن يورۇق ئوت يالقۇنى
چىقىپ ، كۆك ئاسمانغا تېگىپ تۇراتتى . شۇنداق قىلىپ (ئۇلار ) بۇ
ھەيران قالارلىق ئالامەتنى كۆرۈپ (ۋە ) ئاڭلاپ بىلىپ ، قورقۇشۇپ ،
باشلىرىنى ئېگىپ يۈكۈنۈشتى . (ئۇلار ) مۇنداق دېيىشتى : «بىزگە
تاۋاپ قىلىدىغان ئەڭگۈشتەر بەرگەن ئىكەن ، بىز ھۆرمەتكە ئەرزىمەي-
دىكەنمىز . (چۈنكى ) نادانلىقىمىزدىن (ئۇ تاشنى قۇدۇققا ) تاشلىۋې-
تىپتىمىز » . شۇ چاغدىن تارتىپ بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر راھىبلارنىڭ
ئوتقا چوقۇنۇشىنىڭ سەۋەبى مانا شۇ . شۇ چاغدا تەڭرىلىك ۋىرىشتى
(پەرىشتە ) ئۇلارغا كۆرۈندى (ۋە ) ئۇ راھىبلارنى باشقا يول بىلەن
باشلاپ ماڭدى . (ئۇلار ) ھىرودىس خان يېنىغا (قايتىپ ) بارالمى-
دى .①

قويۇق دىنىي تۈس ئالغان بۇ رىۋايەت پارچىسىدا قىزىقارلىق ۋەقە
ئارقىلىق ئوتقا چوقۇنۇشنىڭ كېلىپ چىقىشى ھېكايە قىلىنغان . قە-
دىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇ دىنىي رىۋايەت پارچىسىدا
مۇقەددەس نەرسىلەرنى ، جۈملىدىن دىننى ، تەڭرىلەرنى ئۇلۇغلاش

---

① بۇ تېكست ۋە تەرجىمە «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983) دىن ئېلىندى.

ئىدىيىسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن . قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىن-
غان بۇ پارچىدىن شۇ مەسىلە چۈشىنىلىدۇكى ، قوچۇ ئۇيغۇر ئەدەبىيا-
تىنىڭ گۈللىنىشىدە ھىندى ، خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭلا تەسىرى بولۇپ
قالماستىن ، بەلكى قەدىمكىياۋروپا دىنى ئەدەبىياتىنىڭمۇ تەسىرى بول-
غانلىقى نامايان بولىدۇ .

**«پالنامە»** : قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرى ئەدەبىياتى-
نىڭ تەركىبىي قىسمىدا «پالنامە»مۇ ئۇچرايدۇ .

«پالنامە» بېرلىن تۇرپان يازمىلىرى ئىچىدە Y36 Ⅱ T بەلگىسى
بىلەن ساقلانماقتا . بۇنى تۈركىيىلىك رەشىت رەھمەتى ئارات ئۆزىنىڭ
«قەدىمكى تۈرك شېئىرلىرى» دېگەن كىتابىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا
مەتنى بىلەن تۈركچە تەرجىمىسىنى قوشۇپ ئېلان قىلغان . بۇ «پالنا-
مە» جەمئىي 151 جۈپ مىسرالىق (بۇنىڭ ئىچىدە سەككىز قۇر ئۈچ
مىسرادىن يەتتە قۇر تۆت مىسرادىن تۈزۈلگەن ) شەكلىدە ئېلان قىلىن-
غان . «پالنامە» شۇ تەرزدە جەمئىي 324 تاق قۇر بولۇپ ، بەزى
قۇرلارنىڭ ئايرىم سۆزلىرى ئۆچۈپ كەتكەن . مەزمۇنىدىن كۆرە ، بۇ
«پالنامە» خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ ، جەمئىيەت مەسى-
لىلىرىگە كەڭرەك چېتىلغان خاراكتېرى بىلەن «ئىرق پۈتۈك» كە
نىسبەتەن ئۆزگىچىرەكتۇر .

«پالنامە» ئۇيغۇر مەدەنىيەت سەمەرىلىرى ئىچىدە ، جۈملىدىن
قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ساھەسىدە مۇھىم ئورۇننى
تۇتىدۇ . بۇ ئەسەر ، قەدىمكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇر-
مۇشى ، دۇنيا قارىشى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى چۈشىنىشتە
بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە .

رەشىت رەھمەتى ئاراتنىڭ «قەدىمكى تۈرك شېئىرلىرى» ناملىق
ئەسىرىدە ئېلان قىلىنغان «پالنامە» دە 14 پال بولۇپ ، تۈزۈلۈشى
جەھەتتە «ئىرق پۈتۈك» تىن پەرقلىنىدۇ . ئۇنىڭدا ئالدى بىلەن

بىرمۇنچە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر تىلغا ئېلىنىپ (كۆرگەن چۇش بايانى ھېسابىدا بېرىلگەن بايان) ، ئاندىن «كۆۋرۈك» لۈك رول ئوينايدىغان بىر ئابزاس : بىرۈك بۇ X X X X ئاتلىغ ئىرق كەلسەر ساۋىن ئىنچە ئايۇر (ئەگەر X X X X نامىلىق پال كەلسە ، بۇنىڭ تەبىرى مۇنداق بولۇر ) دېگەن بايان بېرىلىپ ، ئاندىن ئۇنىڭ تەبىرى سۆزلىنىدۇ . مەسىلەن :

. . . . . . . . . .

24 ـ قۇر : بىرۈك سۇ سۈلەمەك ئاتلىغ ئىرق كەلسەر ،
ساۋىن ئىنچە ئايۇر .

. . . . . . . .

(ئەگەر «ئەسكەر ئاتلاندۇرماق» ئاتلىق پال كەلسە ،
ئۇنىڭ تەبىرى مۇنداق بولۇر : )

25 ـ قۇر : سۇ سۈلەسەر يېر تېلىنۇر
كىشى سۆزلەسەر ساۋ ئالقىنۇر
(ئەسكەر ئاتلاندۇرۇلسا يەر تىلىنۇر ‹يىرتىلۇر ياكى زىلزىلىگە كېلۇر › ،
ئادەملەر سۆزلەشسە سۆز تۈگەر . )

26 ـ قۇر : يول ئازسا ئەۋ تاپماز
كىشى ياڭىلسا ئىش بۇتمەز
(يولدىن ئازغانغا ئۆي تېپىلماس ‹ئۇچرىماس › .
ئىنسان يېڭىلسا ئىش پۈتمەس (ئىش ۋۇجۇدقا چىقماس ) .

27 ـ قۇر : ئۆز كەنتۈكىن بەك تۇتغىل
ئۆتۈگ ساۋقا يورىما
(ئۆزۈڭنى چىڭ تۇتقىن ،
ئىلتىماس سۆزگە زارىقما ) .

28 ـ قۇر :   ئۆگۈز ئەرتگەلى ئوغرادىڭ ئىشىڭ بۇتمەز
بەگ بولغالى قىلىنتىڭ يارلىقىڭ يورىماز .
(دەريا كېچىشكە تۇتۇندۇڭ ـ ئىشىڭ ۋۇجۇدقا چىقماس ،
بەگ بولۇشقا تىرىشتىڭ يارلىقىڭ ئۆتمەس ) .
29 ـ   قۇر : قىلمىش ئىشىڭ ياغىلىغ
سۆزلەمىش ساۋىڭ تۇدۇشلۇگ
(قىلغان ئىشىڭ دۇشمەنلىك ،
سۆزلىگەن سۆزۇڭ غەۋغا تېرىيدۇ ) .
30 ـ قۇر :   يەك ئىجكەك ئەگىرۇر
ياغى ياۋلاق ئالدايۇر
(جىن ـ شەيتانلار ئەتراپىڭنى ئورىشىدۇ ،
دۇشمەنلەر ، يامان ئادەملەر سېنى ئالدىشىدۇ ) .
31 ـ قۇر :   كۇن تەڭرى كۆلۇنتى چەرىگىڭ ئۆزە ،
ئاي تەڭرى باتتى قۇتۇڭ ئۆزە .
(قۇياش ئەسكەرلىرىڭ ئۇستىگە يونۇلدى ،
ئاي بەختىڭ ئۇستىگە پاتتى ) .
32 ـ قۇر :   ئۆز كەنتۇڭكە ئىنانغىل
كەنتۇ كۆڭۈلىڭىن بەك تۇتغىل
(ئۆز ـ ئۆزۇڭگە ئىشەنگىن ،
كۆڭلۇڭنى ساغلام «توق» تۇتقىن .
33 ـ قۇر :   ئەتئۆزۇڭىن كۇزەتسەرسەن
كەلەن كەيىك مۇيۇزى تەگ
ئاتىڭ كۇڭ كۆترۇلگەي
(ۋۇجۇدۇڭنى مۇھاپىزەت قىلارسەن ،
كېيىك مۇڭگۈزىدەك ،
نام ـ شۆھرىتىڭ يۇكسۇلەر ) .

بۇ مىسالدىن كۆردۇقكى ، «پالنامە» نىڭ مىسرالىرى كېزىدە جۈپ مىسرالىق شېئىردەك بىلىنسە ، كېزىدە ماقال ـ تەمسىلنى ئەسلىتىدۇ . سۆزلەرنىڭ تولىسى ھېكمەتلىك ئىبارىلەر بولۇپ ، پال-نىڭ ئۆزى ۋە ئۇنىڭ تەبىرى چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇنلارغا بېغىش-لانغاندۇر .

قىسقىسى ، «پالنامە» ئىنسانلارنىڭ پسىخىكىلىق پائالىيەتلىرى-دىن بىرى بولغان چۈشكە تەبىر بېرىشنى مەزمۇن قىلغان ، شەكىل جەھەتتىن كۆپرەك نەزمىي خاراكتېرىنى ئالغان ، ئەنئەنىۋى كۆز قاراش ، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر «روھىي ئانالىز» ئۇسۇلى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قىممەتلىك ئەدەبىي يادىكارلىقتۇر . بۇ ئەسەر ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن تارىخىي ، ئىجتىمائىي مەزمۇن خاراكتېرى ، بەدىئىي قۇرۇلما جەھەتتىن ئەنئەنىۋى ئۇسۇلغا سۆيۈنگەنلىكى بىلەن قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى ئەدەبىياتىنى رەڭدارلىققا ئىگە قىلغان .

**دراماتورگىيە :** «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى» دەپ نام ئالغان شىنجاڭ رايونىدا ياشىغان ئەجدادلار ، قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى ، مۇزىكا ۋە درامىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىما-ئىي ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان مەنىۋى ئوزۇق سۈپىتىدە راۋاجلان-دۇرۇپ كەلگەن ئىدى . ئۇزاق ئۆتمۈشلەردىلا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا دار ئويۇنى ، بەيگە ، چېلىشىش ، ئات ئۇسسۇلى ، شىر ئۇسسۇلى ، گۈل سەيلىسى ، ئايەم سەيلىلىرى ، مەۋسۇم سەيلىلىرى ، نورۇز ۋە قاپاق كۆيدۈرۈش . . . قاتارلىق ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئو-مۇملاشقانىدى .

تارىخىي يازمىلاردا ، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا ، ئالاھىدە بىر مۇۋەپ-پەقىيەت يۈز بەرگەندە ، ئەر ـ ئايال ، قېرى ـ ياش جەم بولۇپ ، مەشرەپ شەكلىدە مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ تەنتەنە قىلىدىغان ئادەت بول-

غان . بۇ مۇراسىملارنىڭ ھەممىسىدە ئەلنەغمە تىياترىنىڭ تۇرلۇك شەكىللىرى مەۋجۇت ئىدى .

ئۇيغۇر خەلقلىرى ئارىسىدا روشەن مىللىي خاراكتېرگە ئىگە ئەلنەغمە تىياترى ۋە ئاغزاكى درامىلار خېلى بۇرۇنلا تەرەققىي قىلىغان بولۇپ ، ئۇ ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۇرىنى شەكىللەندۇرگەن . ئۇيغۇر ئەلنەغمە تىياترىنىڭ توپ خۇسۇسىيىتى شۇكى ، بىرىنچىدىن ، بۇ خىل تىياترلارنىڭ مەزمۇنى كۆپرەك ھەجۋىلىك ۋە يۇمۇرلۇق يۆنىلىشتە تۇزۇلىدۇ ، ئىككىنچىدىن ، قۇرۇلۇش جەھەتتە دىئالوگ ۋە مونولوگ شەكلىنى ئالىدۇ . ئۇچىنچىدىن ، ئۇ مەخسۇس سەھنە تەلەپ قىلمايدۇ ، يەنى بۇ خىل تىياترلاردا يېزا ـ قىشلاقلارنىڭ كوچىسى ، شەھەر بازارلىرى ، ھويلا ـ ئارام ، گۇلخان ئەتراپلىرى ، ئۆي ئىچى «سەھنە» بولسا ، تەبىئەت مەنزىرىسى ، دەل ـ دەرەخلەر ، ئاي ۋە يۇلتۇزلار بۇ «سەھنە» نىڭ تەبىئىي دېكوراتسىيىلىرى ھېسابلىنىدۇ . تۆتىنچىدىن ، ئەلنەغمە تىياترلىرىنىڭ ئىجادكارلىرى ، رولچىلىرى خەلق ئارىسىدىكى مەشھۇر سەنئەتكارلار (مەدداھلار ، باخشىلار ، قىزىقچىلار ۋە مەسخىرىۋازلار ) بولۇپ ، ئۇلار ئەلنەغمە تىياترىنىڭ تەبىئىي ئاكتيورلىرى ئىدى .

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەنئەنىۋى ئەلنەغمە تىياترىنىڭ قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ ئىككى خىل شەكلى مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن . بىرى ، خەلق ئارىسىدىكى مەدداھلار ۋە مەسخىرىۋازلار تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىدىغان ھەر خىل مەزمۇندىكى داستان ، قىسسىلەر ، قىزىقارلىق دراما ۋە كومېدىيىلەر . يەنە بىرى قونچاق ۋە دارۋازچىلىق ئويۇنلىرىدۇر .

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەلنەغمە ئەدەبىياتى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەر خىل ئېتنوگرافىك شەكىللىرى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن . بىزگە مەلۇم بولغان ئۇيغۇر مەدداھچىلىقى ماھىيەتتە ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ناخشا ، مۇزىكا ، ھەرىكەت بىر گەۋدە

بولغان ئەنئەنىلىك مىللىي ئەلنەغمە تىياتىرىنىڭ بىر خىل شەكلىدىن ئىبارەت . مەدداھلار ئەدەبىياتى قويۇق دىرامچىلىق ئامىللارغا ئىگە . ناخشا ـ مۇزىكا ، ئۇسسۇل ۋە ھەر خىل خەلق ئويۇنلىرى بىلەن خەلق ئۆرپ ـ ئادىتىنى بىرلەشتۇرگەن ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدىمۇ ئەلنەغمە تىياتىرىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرى ساقلىنىپ قالغان (مەشرەپلەر-نىڭ «جازا» قىسمىدا بۇنداق خۇسۇسىيەت كۆرۈلىدۇ) .

خەنزۇچە مەنبەلەردە يۇقىرىقى تارىخىي ئەلنەغمە تىياتىرىنىڭ ئويۇنلىشى ھەققىدە بەزى مەلۇماتلار ساقلانغان . مەسىلەن ، تاڭ سۇلا-لىسى دەۋرىدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردا غەربىي رايون (شىنجاڭ) دا ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئەلنەغمىچىلىك ۋە كومېدىيىلىك خۇسۇسىيەت-كە ئىگە ھەر خىل قىزىق ئويۇنلارنىڭ ئەۋج ئالغانلىقى خاتىرىلەنگەن . بولۇپمۇ «كۇسەندە . . . ھەر يىلىنىڭ بېشىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان «سۇ ـ مۇز» ئويۇنىدا يۈزىگە ھەر خىل نىقابلارنى تارتقان (گىرىملەنگەن) كىشىلەر گاھى غەيرىي ـ غەيرىي ھايۋانلارنىڭ ، گاھى جىن ـ ئالۋاس-تىلارنىڭ شەكلىگە كىرىپ ، ئەر ـ ئاياللار جۈپ ـ جۈپى بىلەن ئويۇن كۆرسىتەتتى ۋە بۇ ئويۇن قىزىق بولاتتى» .

مىلادىيە 981 ـ يىلى سۇڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىگە ئەۋەتىلگەن ئەلچى ۋاڭ يەندې كۈتۈۋېلىنغاندا : «ئوردىدا چالغۇ ئەسۋابلىرى چېلىنىپ ، زىياپەت باشلاندى ، ئاندىن كومېدىيىلىك قىزىقچىلىقلار كۆرسىتىلدى ، بۇ تاكى كەچقۇرۇنغىچە داۋام قىلدى» دەپ خاتىرە قالدۇرۇلغان .①

دېمەك ، «مايترى سىمىت» قا ئوخشاش چوڭ ھەجىملىك ، دىراما ئەسىرىنىڭ (يېزىق بىلەن مۇنتىزىم تەرتىپتە يېزىلغان) قوچۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كۆرۈنگىچە بولغان ئۇزاق بىر تارىخىي جەرياندا ، ئەلنەغمە تىياتىرلىرى ، جۈملىدىن كوچا دىرامىلىرى بولغان . بۇنداق دىرامىلار بارا ـ بارا ئاساسەن مەدداھلىق ئارقىلىق چوڭ ـ چوڭ ئەسەرلەرنى

---

① ئابدۇكېرىم راخمان: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيىسى ». (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى 1983)

بايان قىلىش ئۇسۇلى بىلەن خەلققە تەقدىم قىلىنىدىغان بولغانىدى .

قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىگە كەلگەندە ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى قاتارىدا ، بۇددا ئۆلىمالىرىنىڭ نوم نوملاشلىرىغا نۇرغۇن جامائەت قاتنىشىش ، راھىبلارنىڭ بۇددا ئەقىدىلىرىنى ، رىۋايەت – ھېكايىلەرنى سۆزلىشىگە ئىشتىراك قىلىشلار ، ئىبادەتخانا سەينالىرى ۋە «گۈللۈك كېمىر» — بېزەكلىك سورۇنلىرىدا ئاۋازسىز تىياتىر كۆرۈش پائالىيەتلىرىمۇ ئېلىپ بېرىلاتتى . «بايرام كۈنلىرىدە ، مەسىلەن : نورۇزنىڭ 15 – كۈنى (ئۇيغۇر) دىيانەتلىك ئەر – ئاياللار ئىبادەتخانىلارغا يىغىلىشاتتى ، ئۇ يەردە توۋا – ئىستىغپار ئېيتىپ ، سەدىقە ئاتاپ ، رەھمەتلىك تۇغقانلىرى ئۈچۈن مۇسىبەت قىلىشاتتى . ئاخشاملىرى خاسىيەتلىك ھەم تەسىرلىك ھېكايىلەرنى ئېيتىشاتتى ياكى يېقىملىق ناخشا توۋلىشاتتى . ئاسما رەسىملەردە جانلىق – تەسىرلىك ھېكايىلەر بايان قىلىناتتى . ھېكايە سۆزلىگۈچىلەر ، ناخشا ئېيتقۇچىلار (باشقا – باشقا كىشىلەر باشقا – باشقا روللاردا) «موللىرىنىڭ ئۇچرىشىشى» گە ئوخشاش ئىپتىدائىي سەھنە ئەسەرلىرىنى ھېكايە قىلىشاتتى . . .» . مانا بۇ بايانلار بىزگە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى دىنىي پائالىيەتنى يادرو قىلغان ئاممىۋى مەدەنىيەت ئەھۋالىدىن ، جۈملىدىن خەلق دىرامچىلىقى – كوچا درامىلىرىدىن قىسقىچە مەلۇمات بېرىدۇ .

ئەنە شۇ يۇقىرىقىدەك ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىدە ، تىياتىرچىلىقمۇ مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيتتى . «شۇ دەۋر (ئىچكى ئۆلكىلەر) دىكى خەنزۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، قەدىمكى شىنجاڭنىڭ بەدىئىي سەنئىتى : ئاۋازسىز تىياتىر ، ئۇسسۇللۇق تىياتىر ، ناخشا ، ئوركېستىر ۋە ئىپتىدائىي تىياتىرلىرى ناھايىتى زور مەھلىيا قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى» .① دېمەك ، ئەينى دەۋردە غەربىي يۇرتتا ،

---

① ئا.فون. گاباتىن: «قارا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى». «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە، ئىجتىمائىي پەن قىسمى)، 1980 – يىل 3 – سان، 69 – بەت.

جۇملىدىن قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىدە خەلق دراملىرى ـ كوچا دراملىرى خېلىلا تەرەققىي قىلغانىدى . ۋەھالەنكى ، بۇنداق كوچا دراملىرىغا بولغان قىزىقىش نەتىجىسىدە ، رەسمىي سەھنىدە ئوينىلىدىغان چوڭ تىپتىكى دراملارمۇ باشقا تىللاردىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى ، دىنىي تەلەپلىرى قاندۇرۇلغان . بۇنىڭ مىسالى ــــ «مايترى سىمىت» دراممىسى ئىدى .

«مايترى سىمىت» (مايترى بىلەن ئۇچرىشىش ) ــــ 27 پەردىلىك چوڭ ھەجىملىك سەھنە ئەسىرى بولۇپ ، قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ئىچىدىكى مۇھىم ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ .

«مايترى سىمىت» دراممىسى سەككىز ياشلىق مايترىنىڭ ئۇستازى بادارى براخمانىنىڭ چۈشىدە «ۋايشراۋانا» ناملىق ئىلاھلار بىلەن سۆھبەت قىلىشىپتىپ ، ماگاتا (ھازىرقى نېپالدا ) دۆلىتىدىكى باراناس تېغىدا ساكيامۇنىنىڭ بۇددا بولغانلىقىنى غىل ـ پال كۆرۈپ قالغاندىن كېيىن ، ئۆزى بەك قېرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن مايترىنى 16 شاگىرتى بىللە بىلەن بۇددانىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەنلىكىدىن باشلىنىپ[1] بۇددا دىنى مۇرىتلىرىنىڭ نەزىرىدىكى قۇتقۇزغۇچى ئىلاھ ـ كەلگۈسى بۇرخان مايترىنىڭ ھاياتىدىكى ئىش ـ پائالىيەتلىرى مۇكەممەل بەدىئىي شەكىل ، كونكرېت ئوبراز ، جانلىق ۋە راۋان قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئارقىلىق بايان قىلىنغان[2] .

«مايترى سىمىت» نىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى توغرىسىدا بۇ ئەسەرنىڭ قۇمۇل نۇسخىسىنىڭ (قۇمۇلدىن تېپىلغان

---

① قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» (شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986)، 72 ـ بەت.

② ئىسرايىل يۈسۈپ، ئابدۇقېيىم خوجا، دولقۇن قەمبىرىلەر بىرلىكتە نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مايترى سىمىت»، (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987)، 1 ـ بەت.

نۇسخىسىنىڭ ) 3 ـ بۆلۈمىنىڭ خاتىمىسىدە مۇنداق مەلۇمات بېرىلـ
گەن :

«بارلىق شاستىرلارنى پىششىق ئىگىلىگەن ۋە تەتقىق قىلغان ،
ۋايباش شاستىرنى ئۆگەنگەن ئارياچىنتىرى بودساتۋا ئۇستاز ئەنەتكەك
تىلىدىن (سانسكرىت تىلىدىن ) توخرى تىلىچە ياراتقان (ئىجاد قىلىـ
غان ) ، پرتانراكشىت كرماۋاژىك توخرى تىلىدىن تۈرك تىلىغا (قەـ
دىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ) تەرجىمە قىلغان مايترى سىمىت نوم پۈتۈكتە
ئانىرۇتى ئارخانتىنىڭ ئاۋدانى (تەمسىلى ) ئاتلىق ئۈچىنچى بۆلۈم
تۈگىدى » .

دېمەك ، ئالدى بىلەن قارا شەھەرلىك ئارياچانترى بۇ ئەسەرنىڭ
سانسكرىت تىلىدىكى نۇسخىسىغا ئاساسەن ، توخرى تىلىدىكى نۇسخىـ
سىنى ئىجاد قىلغان بولسا ، پرتانراكشىت توخرى تىلىدىكى نۇسخىسىـ
غا ئاساسەن ، تۈرك تىلىغا (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ) تەرجىمە قىلغاـ
نىدى .

بۇ ئەسەرنىڭ قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك
ئەمەلدارى چۇتاش يىگەن تەرىپىدىن مەزكۇر خانلىقنىڭ دەسلەپكى
دەۋرىدە كۆچۈرتكۈزۈلگەنلىكى ھەققىدە «يۆكۈنچ بۆلۈم » نىڭ ئاخىرقى
ۋارىقىدا مۇنداق قۇرلار ئۇچرايدۇ :

«يەنە مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغان ئايغا ، ئارزۇ قىلغان كۈنگە ،
تاللانغان ياخشى پەيتكە ، قۇتلۇق ـ خەيرلىك ۋاقىتقا ، قۇتلۇق قوي
يىلى ژۇن (كەبىسە ) ئۈچىنچى ئاينىڭ يىگىرمە ئىككىنچى كۈنىدە ،
مەن ئۈچ ئەردىنىگە ئېتىقادىقاتچان كۆڭۈللۈك ئوپاسى چۇتاش يىگەن
تۇتۇق ئايالىم تۇزۇن بىلەن بىللە كېيىن كېلىدىغان مايترى بۇرخانغا
ئۇچرىشايلى دەپ بىر مايترى ھەيكىلىنى بېزەتتۇق (ياساتتۇق ) بىر
مايترى سىمىت نومىنىمۇ كۆچۈرتكۈزدۇق . . . . . .[1]

«مايترى سىمىت » نىڭ پرتانراكشىت تەرىپىدىن توخرى تىلىدىن

---

① يۇقىرىقى كىتاب، 2 ـ ، 3 ـ ، 4 ـ بەتلەر.

تۈرك تىلىغا (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا) قاچان تەرجىمە قىلىغانلىقى ھەققىدە، ئىلىمىز ۋە چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرى ھەر خىل كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلدى. «مايترى سىمىت» ھەققىدە مىلادىيە 1980 ـ يىللاردىن ئېتىبارەن نۇقتىلىق تەتقىقاتقا كىرىشكەن ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلىرى بۇ ئەسەرنىڭ مىلادىيە 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى قەيت قىلىشماقتا.[①]

تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ ئەسەر قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى تەۋەسىدىكى رايونلارغا خېلى كەڭرى تارقالغانلىقى مەلۇم. بۇددا دىنى ئەقىدىسى بويىچە، بۇددا نوملىرىنى كۆچۈرۈش (ياكى كۆچۈرتۈش)، بۇت ـ ھەيكەللەرنى ياسىتىش ياكى بۇرخان رەسىملىرىنى سىزدۇرۇش، بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى ياسىتىش ياكى رېمونت قىلدۇرۇش، ئىبادەتخانىلارغا سەدىقە ئاتا قىلىش... قاتارلىق ئىشلار بۇددا دىندارلىرى ئارىسىدا زور ساۋاپلىق ئىش دەپ سانىلاتتى.[②] ئۇنىڭدىن باشقا، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىياتىر ـ دراممىلارغا بولغان زور قىزىقىشى (ئەنئەنە سۈپىتىدە)،

---

① بۇ ھەقتە فرانسىيىلىك خاملتون 1958 ـ يىلى «تۇڭباۋ» مەجمۇئەسىنىڭ 46 ـ جىلدىدا ئېلان قىلغان ماقالىسىدە «مايترى سىمىت» مىلادىيە 10 ـ ئەسىرلەردە تەرجىمە قىلىنغان دەپ ئېيتسا، فېڭ جياشېڭ ئەپەندى «مەدەنىي يادىكارلىقلار» ژۇرنىلىنىڭ مىلادىيە 1962 ـ يىل 7~ 8 ـ بىرلەشمە سانىدىكى ماقالىسىدە مىلادىيە 10 ~ 11 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا تەرجىمە قىلىنغان دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. تۈركىيىلىك پروفېسسور سىناشى تېكىن «گېرمانىيە شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى خەۋەرلىرى» نىڭ 16 ـ سانىدا ئېلان قىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مايترى سىمىت كىتابىنىڭ پۈتكەن دەۋرى» دېگەن ماقالىسىدە مىلادىيە 8 ~ 9 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى دەلىللەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە خېلى زور ئىلمىي ئەمگەك سىڭدۈرگەن ئىسراپىل يۈسۈپ قاتارلىق تەتقىقاتچىلار بولسا ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقاتىدا بۇ ئەسەرنى مىلادىيە 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تەرجىمە قىلىنغان دەپ قارايدۇ («قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مايترى سىمىت» نىڭ 4~ 5 ـ بەتلىرىگە قاراڭ. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987).

② گېڭ شىمىن: «بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى شىنجاڭ ۋە تۈركىي خەلقلەر بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشى». «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە، ئىجتىمائىي پەن قىسمى)، 1983 ـ يىل، 1 ـ سان، 142 ـ بەت.

ئەڭ مۇھىمى ، بۇ ئەسەردە بۇددا دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدە ، چۈشەنچە-لىرى ، تەرىقەتلىرى كەڭرى تەشۋىق قىلىنغانلىقى مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئەينى دەۋردە ئۇيغۇرلار ئىچىدە كەڭ تارقىلىشىدا مەلۇم رول ئوينىغا-نىدى .

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ، بۇ سەھنە ئەسىرىنىڭ مۇكەممەللىكى — ھەربىر بۆلۈمنىڭ بېشىدا ۋەقەلىك ئورنىنىڭ كۆرسىتىلگەنلىكى ، ھەربىر بۆلۈمنىڭ ۋەقەلىكى كونكرېت ئوبرازلار ۋە ئۇلارنىڭ دىئالوگ-لىرى ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەنلىكى ، ئەڭ مۇھىمى ، ئۇنىڭدا سەھنە قاتناشچىلىرى (يەنى ئەسەردىكى پېرسوناژلار ) ۋە تەڭكەش قىلىنىدىغان كۇيلەرنىڭ كۆرسىتىلىشى — مانا بۇ بىرقاتار بەدىئىي سەنئەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ئەينى دەۋردە قوچۇ ئۇيغۇرلى-رىنىڭ بەدىئىي تەلىپىگە تازا ماس كەلگەنلىكىنى قىياس قىلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ .

دېمەك ، «مايترى سىمىت» قا ئوخشاش ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن مۇكەممەل بولغان دراما ئەسەرلىرىنىڭ قوچۇ ئۇيغۇرلىرى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ ئۆزلەشتۈرۈلۈشى — ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان درامىچىلىقىنىڭ ئەينى دەۋرلەردە شەكىللىنىشكە باشلىغانلى-قىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى ، قوچۇ ئۇيغۇرلىرى تەرىپىدىن ئەتىۋارلانغان بۇ قەدىمكى يازما يادىكارلىق — «مايترى سىمىت» ئەينى دەۋر بۇد-دىست ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي چۈشەنچىسى ، پەلسەپىۋى ۋە ئەخلاقىي كۆز قارىشىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىپلا قالماي ، بەلكى تارىخ ، مەدەنىيەت تارىخى ۋە دىن تەتقىقاتىدا ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر-لارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت تارىخى ، تىياتىرچىلىقى ۋە ئېستېتىكا تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . قوچۇ ئىدىقۇت ئەدەبىياتى مانا شۇ يۇقىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بى-لەن ئېلىمىز ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگىدۇر .

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى تارىخىدا قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرى ئەدەبىياتى مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ ھەم ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى گۈللىنىش ئەھۋالىنى خېلى ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ .

مەلۇمكى ، ئەدەبىيات تارىخىي ئىزچىللىقتا ئىپادىلىنىدىغان نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولسىمۇ ، ئۇ ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىگە تەۋە بولغانلىقتىن ، ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئىقتىسادىي بازىس ۋە رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ . سىياسىي ، پەلسەپە ، ئەخلاق ، دىن قاتارلىق باشقا ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ . بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ، قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە مانى ۋە بۇددا دىنلىرى مۇھىتىدا تۇرغانلىقى ، بۇ رايوننىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتتە زىچ مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەنلىكى ، بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنى ۋە نېستورىئان دىنىنى قوبۇل قىلىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ دەۋر ئەدەبىياتىدا ئەنئەنىلەرگە سۆيۈنۈش (تېما ھەم شەكىل جەھەتتە ) خاھىشى بىلەن يېڭىلىق يارىتىش روھى ئاستىدا يارىتىلغان مىللىي ئەدەبىيات ئامىللىرى ، خەنزۇ ، ھىندى ،ياۋروپا ئەدەبىياتىدىن قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئەدەبىيات ئامىللىرى ئۆزئارا زىچ كىرىشتۈرۈلگەن كۆپ تەركىبلىك خاراكتېرگە ئىگە بولغانىدى . شېئىرىيەتچىلىكتىمۇ نۇرغۇن شېئىرلارنىڭ ئاللېتراتسىيە ئۇسۇلىدا كېلىشى — ئەينى دەۋردىكى تىل ئالاھىدىلىكى بويىچە بولغانلىقتىن ، قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرىدا شۇ دەۋر خۇسۇسىيىتى ناھايىتى روشەن گەۋدىلەنگەنىدى .

قىسقىسى ، قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى دەۋرى ئەدەبىياتى ئۆزىدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى باشلانما يازما ئەدەبىياتىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرىنى ، ئەنئەنىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئاساسىدا راۋاجلىنىپ ، گۈللەنگەن بولسا ، ئۇ ئۆزىدە يەنە كېيىنكى دەۋر ئەدەبىياتى ئۈچۈنمۇ ياخشى نەمۇنە ، ئاساسلارنى ياراتقانىدى .

# بەشىنچى باب

# قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

## ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى تەرەققىياتى

مىلادىيە 840 - يىلى ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىيىدىكى ئورخۇن دەرياسى بويىغا جايلاشقان، ئوردۇبالىقنى پايتەخت قىلىپ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئاز كەم 200 يىل ھۆكۈم سۈرگەن، بۇ ئارىلىقتا رەسمىي خاندانلىق بولۇپ تۇرغان ۋاقتى 100 يىلدىن ئاشقان ئۇيغۇر قاغانلىقى تەبىئىي ئاپەت ۋە سۈنئىي كۈلپەتنىڭ قوش زەربىسىدە ئاخىر يىمىرىلدى. خاندانلىقنىڭ پۇقرالىرى كەڭ كۆلەمدە جەنۇب ۋە غەربىتىكى رايونلارغا كۆچۈشتى.[1]

تاڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۆتۈكەندە ياشاپ كەلگەن قارلۇقلار ئۇيغۇر قاغانلىقىغا بويسۇنغان، ئالتايدا ياشاپ كەلگەن قارلۇقلار بولسا، ئۇيغۇر قاغانلىقىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئۇن قەبىلە ئىتتىپاقىنى تۈزگەن ۋە «ئاخىرقى ۋەكىللىرى تۈرگىش خەلقلىرىدىن بولغان غەربىي تۈرك خاقانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن[2]

① ليۇزىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» (ئۇيغۇرچە) بىرىنچى قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987، 132 - بەت.
② بارتولد: «تۈركمەن خەلقلىرى تارىخىنىڭ ئوچېركى» (رۇسچە)، 552 - ، 554 - بەتلەر.

تۈرگىشلەر قولىدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ قارلۇق خاندانلىقى (مىلادىيە 766~ 840 ـ )نى قۇرغان. شۇنداقتىمۇ: «تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش ئالپ قۇتلۇغ بىلگە خاقان (مىلادىيە 795~ 805 ـ يىللىرى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن) مەزگىلىدە، قارلۇق ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى سىر دەريادىن پەرغانىدىكى نارىن دەريا ۋادىسى، ئىسسىق كۆل، بارسغان ئەتراپىغىچە بولغان جايلار «ئۇيغۇر قاغانلىقى» تەسىر دائىرىسىدە بولغان، خانلىقنىڭ ئاتلىرى بارسغان ئوتلاقلىرىدا ئوتلىغان. بۇ ھەقتە مەھمۇد قەشقەرىمۇ ئېيتىپ ئۆتىدۇ.

قارلۇق خانلىقى دەسلەپ قۇرۇلغىنىدا تۈرگىش خانلىقىنىڭ پايتەختى سۇيئابنى (شۇ دەۋرلەردە بۇ شەھەر «بالاساغۇن» نامى بىلەنمۇ ئاتىلىشقا باشلىغان[1]) ئىشغال قىلىپ، ئۇنى ئۆز پايتەختى قىلغانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي (مىلادىيە 775~ 776 ـ ) دا، غەربىي يۇرتتىكى[2] مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان قەشقەرمۇ قارلۇق خانلىقىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئوردا شەھىرى بولۇپ قالغان. قەشقەرنىڭ «ئوردۇ كەنت»دەپ ئاتىلىشى مۇشۇ يىللاردىن باشلانغانلىقى تەخمىن قىلىنىدۇ.[3]

مىلادىيە 8 ـ ئەسىردە، قەشقەرنىڭ ئاساسلىق ئاھالىلىرى ياغما قەبىلىلىرى ئىدى. چىگىللارنىڭ بىر قىسمىمۇ قەشقەردە ياشىغان. ياغمىلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى پارس تىلىدا يېزىلغان «ھۇدۇدۇلئالەم» ۋە «زەينۇل ئەخبار» (خەۋەرلەر زىننىتى) دېگەن كىتابلاردىن

① ئېمىل ئېسىن: «ئىسلامىيەتتىن ئاۋۋالقى تۈرك مەدەنىيەت تارىخى ۋە ئىسلامغا كىرىش» (تۈركچە)، ئىستانبۇل، 1978، 160 ـ بەت.

② ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخىي ھۆججەتلىرىدە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىنىڭ غەربىي ۋە غەربىي ـ شىمال قىسمى، بولۇپمۇ ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ يۈيمېنگۈەن (قاشتاش)قوۋۇقىنىڭ غەربىدىكى رايونلار «غەربىي يۇرت» (西域) دەپ، قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدا بولسا، بۇ رايون «قورىغار» (غەربىي تەرەپ) دەپ ئاتالغان (قاراڭ: كۆلتېكىن مەڭگۈتېشى 2 ـ ، 8 ـ قۇر، تونيۇقۇق مەڭگۈتېشى 17 ـ قۇر)

③ ئېمىل ئېسىن يۇقىرىدا ئاتاپ ئۆتۈلگەن ئەسىرىنىڭ 230 ـ بېتىدە بۇنى لى كوكتىن ئىستاتا ئېلىپ ئىزاھلايدۇ.

تاپىمىز . بۇ ئىككى ئەسەردىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا ، ياغمىلار تەركىبىگە نۇرغۇن قەبىلىلەر كىرگەن . بۇ قەبىلىلەر شەرقتە ئۇيغۇر يايلاقلىرىدىن باشلاپ ، غەرب تەرەپتە قارلۇقلارنىڭ يايلاقلىرىغىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ، يەنى تارىم دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان تارماق دەريا ۋادىلىرىدا ، شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ كۆپ قىسمىدا ياشىغان . ياغمىلار غەربتە قەشقەر شەھىرى ۋە پۈتۈن قەشقەر ۋىلايىتىنى تىزگىنلەپ تۇرغان . مىلادىيە 10 ـ ئەسىردە ، ياغمىلاردىكى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئۇرۇق توققۇز ئوغۇز (ئۇيغۇر )لاردىن كېلىپ چىققان .

مىلادىيە 803 ـ يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ قوشۇنلىرى قوچۇ ، يەتتەسۇ ، پەرغانە ۋە سىر دەرياسى قىرغىقىغىچە بېرىپ ، ئۇ يەرلەردىكى قارلۇق قاغانلىقىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ، قارلۇق خانلىقى ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ غەربىدىكى بىر قىسمى بولۇپ قالغان . بۇنىڭدىن ئاۋۋالراق ياغما ، قارلۇق قەبىلىلىرى توققۇز ئوغۇز (ئۇيغۇر ) قەبىلىلىرى ئىتتىپاقى تەركىبىدە ئىدى .[①]

قاراخانىيلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنىڭ قەشقەر ۋارىيانتىدا ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ بىرىنچى ھۆكۈمرانى بىلگە كۆل قادىرخان دەپ سۆزلىنىدۇ . قادىرخان بىلەن سامانىيلارنىڭ بىر ئەمىرى ئۇرۇش قىلىشۋاتاتتى ، بۇ ئەمىرنىڭ ئىسمى نوھ ئىبنى ئەسەد ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى . مەزكۇر ئەمىر مىلادىيە 840 ـ يىلى يەتتەسۇ تۈركلىرىگە قارشى ھۇجۇم باشلاپ ئىسفىجابنى ئىشغال قىلدى ، گەردىزىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا ، دەل شۇ يىلى قارلۇقلارنىڭ يابغۇسى «قاغان »ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلغان . شۇنداق قىلىپ ، مىلادىيە 840 ـ يىلى ، قارلۇقلارنىڭ سابىق يابغۇسى بىلگە كۆل قادىرخان بىردىنبىر قاغان بولدى . بىلگە كۆل قادىرخان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاساسىنى

① «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000، 493 ـ بەت.

سالغان دەسلەپكى پېشۋادۇر .①
قاراخانىيلار توققۇز ئوغۇزنىڭ ياغما قەبىلىسىگە مەنسۇپ ئىدى . بۇنىڭدىن مىلادىيە 840 - يىلى بىلگە كۆل قادىرخاننىڭ «قاغان» ئۇنۋانى بىلەن قارلۇق يابغۇلۇقى ھوقۇقىنى ئىگىلىگەنلىكى - غەربىي يۇرت ، يەتتەسۇ رايونىدا توققۇز ئوغۇزلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ياغمىلار ھاكىمىيەتچىلىكىنىڭ باشلانغانلىقىنىڭ نىشانى ئىدى .
مىلادىيە 14 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ، چاغاتاي خانلىقىدا ئۆتكەن جامال قارشى تەرىپىدىن يېزىلغان «مۇلھەقات ئەل - سۇراھ» (»سۇ-راھ لۇغىتىگە تولۇقلىما» )قا ئاساسلىنىپ ، بىز سۇتۇق بۇغراخاننىڭ بوۋىسىنىڭ بىلگە قادىرخان ② ئىكەنلىكىنى ) ، ئۇنىڭ قۇزئوردۇ③ (بالاساغۇن )دا تۇرغانلىقىنى ، ئاساسەن شۇ ئەتراپتىكى تۈركىي خەلق-لەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ، سامانىيلار سۇلالىسى بىلەن دائىم جەڭ قىلىپ تۇرغانلىقىنى بىلىمىز . «مۇلھەقات ئەل - سۇراھ »دىكى ئا-ساسلار قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن قەشقەر ئالىمى ئابدۇل-غاپپار يازغان «قەشقەر تارىخى »دىن كەلگەن . شۇڭلاشقىمۇ ، «مۇلھە-قات ئەل - سۇراھ »تىكى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئەجدادى توغرىسىدىكى خاتىرىنى ئىشەنچلىك دەپ مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ ④
بىلگە كۆل قادىرخان بالاساغۇن شەھىرىدىكى قارلۇق خانلىقىنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ، چوڭ ئوغلى بارتېكىن (بازىرتېكىن )گە ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي شەرەپ نامى بولغان «ئارس-لانخان» دېگەن نامنى بېرىپ ، بالاساغۇن شەھىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇ-

---

① يۇقىرىقى ئەسەر، 294 -، 492 - بەت.
② «بۇقا قاراخان»دەپمۇ ئاتالغان، ئۇ قەدىمكى تۈركىي تىلدا «قەيسەر، كەسكىن»مەنىلىرىنى ئىپادىلەي-دىغان «قەدىر» (ياكى «قادىر» )سۆزىنى ئۆزىنىڭ خانلىق ئىسمى - شەرىپى قىلغان. (بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئۇيغۇرچە)نىڭ 1 - توم، 472 - بېتىگە قاراڭ)
③ قۇز - تەسكەي مەنىسىدە. مەھمۇد كاشغەرى يۇقىرىقى ئەسىرىنىڭ 426 - بېتىدە بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرگەن.
④ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989، 161 - بەت.

قىنى تاپشۇرغان ، كىچىك ئوغلى ئوغۇلچاق تېگىنگە ئەسلىدىكى «قادىرخان »دېگەن نامنىڭ ئۈستىگە يەنە پەقەت ياغما ئۇرۇقىنىڭلا شەرەپ نامى بولغان «بۇغراخان »دېگەن نامنى بېرىپ ، تالاس شەھىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تاپشۇرغان ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات بولغان .[1]

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى قەدىمكى تۈركىي تىل (جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلى )دا «كۈچلۈك » ، «باتۇر » ، «ئۇلۇغ » ، «ئالىي » دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلىدىغان «قاراخان » سۆزىنى ئۆزىنىڭ شەرەپ نامى قىلىپ قوللانغان . شۇڭلاشقىمۇ ، كېيىنكى دەۋرلەردە تارىخشۇناسلار بۇ خانلىقنىڭ نامىنى «قاراخانىيلار سۇلالىسى » دەپ ئاتىدى .[2] ھەمدە بۇ نام كۆپچىلىك تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىندى .

(مىلادىيە 10 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى قاراخانىيلار سۇلالىسى خان جەمەتىدىن سۇتۇق تېكىن (سالۇر تېكىن ) تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى . بۇ ھەقتە جامال قارشى مۇنۇلارنى يازىدۇ : «ساتۇق بۇغرا . . . تۈرك خاقانلىرىدىن دەسلەپ ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلدى ، قەشقەر ئېلى پەرغانە چېگرىلىرىدا ئىدى ، ئەل مۇتىئلىللاھ مۇئمىنىنلەرنىڭ ئەمىرى (مىلادىيە 946 ـ 974 ) بولغان ۋە ئەمىر ئەل رەشىد ئابد ، ئەل ـ مەلىك نۇھ بىن ئەل ـ سامانىي (مىلادىيە 954 ـ 961 ) دۆلىتى زامانىدا قەشقەر ئىسلامىيەتنى قوبۇل ئەتتى . . . (بىلگە كۆل قادىرخانىدىن كېيىن ) ، تۈركلەر بازىر ئارسلاننىڭ باشقۇرۇشى ئاستىغا ئۆتكەنىدى . تاكى (سامانىيلاردىن ) ناسىر بىن مەنسۇر قېرىندىشىدىن قېچىپ قەشقەرگە باردى ، ئوغۇلچاق ئۇنى

① ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991، 646 ـ بەت.

② بۇرۇنقى تارىخىي ئەسەرلەردە بۇ سۇلالە ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتالغان بولۇپ، بۇ ناملار مەلۇم دەرىجىدە بىر تەرەپلىمىلىككە ئىگە ھەمدە ئوبيېكتىپ ئەمەس ئىدى. «قاراخانىيلار سۇلالىسى»دېگەن بۇ نام دەسلەپ فرانسىيە ئالىمى يوسۇف دېگۇيگنەسنىڭ 1756 ـ يىلى يازغان «ھونلار، تۈركلەر، موڭغۇللار ۋە تاتارلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى»ناملىق ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

مېھماندىن ئارتۇق قەدىرلىدى ۋە دېدىكى : «ۋەتىنىڭگە كەلدىڭ ۋە مىلـ
لىتىڭگە مېھمانسەن ، ساڭا قېرىنداشلىق جاپا ئەتتى ، بىز ۋاپا كۆرسىـ
تەرمىز »ۋە ئۇنىڭغا ئارتۇش ئېلىنى باشقۇرۇشقا بەردى . . . ناسىر
(ئوغۇلچاق قادىرخاندىن ) (مەسچىت ) بىنا قىلىش ۋە ئىبادەت ئەتـ
مەك ئۈچۈن ، بىر سىيىر تېرىسى ئۇزۇنلۇقىدا يەر سورىدى . (ئوغۇلـ
چاق ) «ئېيت ، دېدى ، خالىغىنىڭچە بولسۇن» . ناسىر بىر سىيىر
قۇربان ئەتتى . تېرىسىنى ئۇزۇنىسىغا (ئىنچىكە يىپ قىلىپ )تىلدى
ۋە ئۇنىڭ بىلەن بۇگۈنكى ئارتۇش مەسچىتى ئەتراپىنى ئۆلچىدى . . .
ئوغۇلچاق ساتۇقنىڭ تاغىسى ئىدى . (ساتۇق )ئون ئىككى يېشىغا كىرـ
گەن ۋاقتىدا يۈكسەك دەرىجىدە گۈزەللىكى ، پارلاق كۆرۈنۈشى ،
نۇرلۇق چىرايى ، تەبىئىي زېرەكلىكى ، ئۈچۈق زېھنى ، چوڭقۇر بىلىـ
مى ، يىراقنى كۆرەرلىكى ۋە پاراستى بىلەن ھەممە شاھلارنىڭ ئوـ
غۇللىرى ئارىسىدا تەڭداشسىز ئىدى . بۇخارادىن كارۋان كەلگەن بىر
كۈنى ، ساتۇق ئېلىپ كېلىنگەن ماللارنى كۆرۈش ئۈچۈن ئارتۇشقا
باردى . ناسىر سامانىي ئۇنى مېھمان قىلدى ۋە ئۇنىڭغا ئىززەت ـ
ئىكراملار كۆرسەتتى . چۈش ۋاقتى بولغاندا مۇسۇلمانلار دىنىي بۇرچـ
لىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قوزغىلىشتى ، سۇتۇق بولسا بۇ شەرەپلىك
ۋەزىپىنى چۈشەنمەيتتى . (ناماز ئوقۇغان ) خەلققە قاراپ قالدى ۋە
ناماز تۈگىگەندىن كېيىن ، ئەل سامانىيدىن نېمە قىلغانلىقلىرىنى
سورىدى ، سامانىي جاۋاب بەردى : «كېچە ۋە كۈندۈز ئىچىدە بىزنىڭ
مۇشۇنداق بەش ۋاخ ئىبادەت قىلىشىمىز پەرز بولىغان بىر ھەقىـ
قەتتۇر» ، دېدى . (ساتۇق )سورىدى : «بۇنى كىم سىزگە پەرز قىلـ
دى ؟ » ۋە دەرھال سامانىي ئۇنىڭغا . . . ياراتقۇچىنىڭ گۈزەل ئىسىمـ
لىرى ۋە ئالىي سۈپەتلىرى بىلەن چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى . ئاللانىڭ
سالىمىغا نائىل بولغان مۇھەممەدنىڭ تىلى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ
بارلىق ئۇلۇغلۇقلىرى ۋە ياخشىلىقلىرىنى ئېيتتى . . . شۇنىڭدىن
كېيىن (ساتۇق ) . . . (ئىسلام )دىنىنى قوبۇل قىلدى ۋە قول ئاستىـ

دىكى كۆپلىگەن يىگىتلىرى بىلەن ھەقىقىي ھالدا ئىسلامغا كىرىشنى ۋە ئىمان ئېيتىشنى خالىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىسى مۇسۇلمان بولدى». [1]

سۇتۇق ھەمراھلىرى بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئەبۇنەسىر سامانىينىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزىگە ئوخشاش مەخپىي مۇسۇلمان بولغان زور بىر تۈركۈم قوللىغۇچىلىرىغا ئىگە بولدى ۋە كەسكىن ھەرىكەت قوللىنىپ، تاغىسى ئوغۇلچاقنىڭ قولىدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى. ئۆزىنىڭ ئىسىم - شەرىپىنى «سۇلتان سۇتۇق بۇغرا قاراخان» دەپ ئاتىدى. [2] خانىدانلىق پايتەختى قەشقەر بولدى. شۇندىن ئېتىبارەن، مەزكۇر سۇلالە ئىسلام دىنىنى ئۆزىنىڭ بىرلىككە كەلگەن دىنىي ئېتىقادى قىلدى. [3]

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى ۋە بىرلىككە كەلگەن بىر خىل دىنىي ئېتىقاد ئاساسىدا ئۆز ھاكىمىيىتىنى كېڭەيتىش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان پائالىيەت، ھەربىي ھەرىكەتلىرى ئۇنىڭ ۋارىسلىرى تەرىپىدىن ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇلدى. مىلادىيە 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا قاراخانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمدارلىرى سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسى بولغان ماۋەرائۇننەھرنى ئىشغال قىلىپ، سامانىيلار سۇلالىسىغا خاتىمە بېرىش ھەمدە تۇبۇت ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى كۇچانىڭ غەربىدىن خوتەنگىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىش ئارقىلىق، قاراخانىيلارنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئەسلىدىكى غەربىي يۇرتقا مەركەزلەشكەن يېڭى تەرەققىيات دەۋرىنىڭ باشلانغانلىقىنى كۆرسەتتى.

---

① جامال قارشى: «مۇلھەقات ئەل - سۇراھ»، 130 - ، 132 - بەتلەر.
② مۇسۇلمانچە ئىسمى «ئابدۇلكەرىم» ئىدى.
③ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 163 - بەت.

قاراخانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان كەڭ زېمىن كۇچا-نىڭ غەربىدىن تارتىپ بۇخاراغىچە ۋە شىمالدا ئىسسىق كۆلدىن تارتىپ جەنۇبتا خوتەنگىچە بولغان رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، مەمۇرىي جەھەتتىن ئۈچ چوڭ قىسىمغا بۆلۈنەتتى : بىرىنچىسى ، قەش-قەر ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلغان مەركىزىي قىسىم ، بۇ قىسىم «خاقانىيە ئۆلكىسى»دەپ ئاتىلاتتى ؛ ئىككىنچىسى ، سەمەرقەند ۋە تالاسنى مەركەز قىلغان غەربىي قىسىم ؛ ئۈچىنچىسى ، خوتەننى مەر-كەز قىلغان شەرقىي جەنۇبىي قىسىم . بۇ مەمۇرىي بىرلىكلەردىن غەربىي قىسىم بىلەن شەرقىي جەنۇبىي قىسىم «ئىلىك خانلىق» دەپ ئاتىلاتتى . ①

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى تەركىبىدە ياغما-لار ، قارلۇقلاردىن باشقا ، يەنە قارلۇقلاردىن ئايرىلىپ چىققان چىگىل ياكى چىگىللار ، ئاندىن باشقا باسمىل ، توخسى ، چارۇق ، چۇمۇل ، تۈرگىش ، قىرغىز قەبىلىلىرىمۇ بار ئىدى . سۇلالىنىڭ تەۋەسىدە سوغداقلار ، كەنچەكلەر ۋە شۇنىڭدەك ئىران تىلىنىڭ شېۋىلىرىدە سۆزلىشىدىغان خەلقلەرمۇ ياشايتتى .②

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرى-نىڭ ئومۇمىيۈزلۈك مۇقىم ئولتۇراقلىشىشقا ئۆتكەنلىكىنى ، ئۇلارنىڭ فېئوداللىزمنىڭ باشلانغۇچ دەۋرىدىن ئوتتۇرا باسقۇچتىكى فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەرگە ئۆتكەنلىكىنى ، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا چوڭقۇر ئىز قالدۇرۇپ كەتكەن كۇشان خانلىقى ، ئىفتالىتلار خانلىقى ۋە غەربىي تۈرك خاقانلىقىغا ئوخشاش خانلىقلاردا ياشىغان باشقا قەبىلە ۋە مىللەت-لەرنىڭ ھەممە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ تۈركىيلىشىش ۋە قايتا تۈر-كىيلىشىش باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنى كۆرسەتتى . بۇ خىل تۈركىيلە-

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 3 ـ بەت.

② يۇقىرىقى ئەسەر، 3 ـ بەت.

شىش جەريانى ، تەبىئىي هالدا كېيىنكى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلىشىشقا شەرت هازىرلىغان ئىدى[1] .

ئۇيغۇرلارنىڭ غەربكە سۈرۈلۈپ قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسىنى تەشكىل قىلىشتىن ئىبارەت مۇهىم تارىخىي جەريان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئېتنىك ئومۇملىقىنى تونۇش ۋە مۇس- تەهكەملەش جەريانى بولدى . بۇ يەردە تىخونوۋنىڭ : « ‹قۇتادغۇبىلىك› ، ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› كە ئوخشاش چوڭ ئەدەبىي ۋە تارىخىي يادىكارلىقلارنىڭ ۋە بىر گىچە يەتمىگەن باشقا ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئېتنىك ئومۇملىقىنى تونۇش تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى دەپ قاراش كېرەك ، يازما يادىكارلىقلار يالغۇز قەشقەرنىڭلا نەتىجىسى ئەمەس »[2] دېگەن سۆزلىرى ھەقىقەتەنمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر .

قاراخانىيلار سۇلالىسى قۇرۇلۇشتىن مۇقەددەم ، مىلادىيە 5 ~ 6 - ئەسىرلەردە ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى فېئوداللىق جەمئىيەت باسقۇچىدا بولۇپ ، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان ، مەدەنىيىتى رەڭمۇرەڭ ۋە ناھايىتى باي مەدەنىيەت ئىدى .[3] ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ۋە تارىخىي ئىزلار ماۋەرائۇننەھر رايونى ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئەتراپلىرى ۋە تارىم ۋادىسىدىكى بىپايان يېشىل ۋادا ، مۇنبەت دالىلاردا مىلادىيە 5 - ئەسىرلەردىلا جەمئىيەتنىڭ شەھەرلىشىشى ، يېزا ، باغۋەنچىلىك ئىگىلىكى كۆپ دەرىجىدە ئىلگىرى كەتكەنلىكىنى ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك (ساپال قاچىلار تەييارلاش ، ئائىلىدە پاختا ۋە يىپەك-

---

① ئۇيغۇر سايرانى، شى چۇڭ: «ئۇيغۇرلار»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال، ئۇيغۇرچە)، 1983، 6 - سان، 9 - بەت.

② د. ئى. تىخونوۋ: «ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە جەمئىيەت تۈزۈمى» (رۇسچە)، «پەن» نەشرىياتى، موسكۋا - لېنىنگراد، 1966.

③ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» (ئۇيغۇرچە) بىرىنچى كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982، 122 - بەت.

تىن رەخلەر توقۇش، تېرە مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش، تۆمۈرچىلىك قاتارلىقلار) ۋە سودىنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى كۆرسەتتى. چۈنكى، بۇ رايون مەيلى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش تارىخىدا بولسۇن ۋە مەيلى شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ تارقىلىش تارىخىدا بولسۇن ناھايىتى مۇھىم بىر رايون بولۇپ، غەربتىكى دىنلار شەرققە تارقىلىشتا، ئېلىمىزنىڭ ئىچكىرىسىگە تارقىلىپ كىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئاۋۋال غەربىي يۇرت تەۋەسىدىن ئۆتكەن، سەنئەت ۋە ئىلىمنىڭ تارقىلىشىمۇ شۇنداق بولغان. ①

مىلادىيە 8 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئەرەبلەر ماۋەرائۇننەھر رايونىنى ئىشغال قىلىپ، ئۇمەييا خەلىپىلىكى زېمىنىگە بىرلەشتۈرۈۋالدى. تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى بولسا، تۈبۈتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتتى. نەتىجىدە، مىلادىيە 5 ~ 6 ـ ئەسىرلەردە مۇئەييەن گۈللىنىشكە ئىگە بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت تۇرغۇنلۇق، ھەتتا چېكىنىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى.

مىلادىيە 9 ـ ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا قايتىدىن جانلىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كېلىپ، بۇ خىل جانلىنىش ئالدى بىلەن، خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھر رايونىدا كۆرۈلدى. «خۇددى كىشىلەر ئېيتقىنىدەك، تاھىرىيلار سۇلالىسى (مىلادىيە 821~ 873 )نىڭ ئابدۇللا ۋە تاھىر II دەۋرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىشىنىڭ باشلىنىشى بولدى». ② شۇ مەزگىلدە ئەدەبىي تىل ئورنىغا كۆتۈرۈلگەن دارى تىلى (ئەينى ۋاقىتتىكى تاجىك تىلى ) سامانىيلار سۇلالىسى (مىلادىيە 874~ 999 ) مەزگىلىدە ئاساسىي جەھەتتىن دۆلەت تىلى

---

① يۈي تيەنخىڭ: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» (ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسى)، 7 ـ ، 8 ـ بەتلەر.

② ب. گ. غاپۇروپ: «تاجىكلار تارىخى» (ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، 2 ـ كىتاب)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988، 9 ـ بەت.

قىلىپ قوللىنىلدى .

سامانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە خۇراسان ، ھىرات ، بەلخ ، گورگان قاتارلىق مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە ئەدەبىي ھايات خېلىلا جانلانغان بولۇپ ، ھاكىمىيەت مەركىزى ـ بۇخارا شۇ دەۋرنىڭ يىرىك يەن ـ مەدەنىيەت ئوچىقى بولۇپ قالغان ئىدى . مىلادىيە 9 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا بۇخارا قاتارلىق مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە ئۆتكەن ئەدىبلەر ئۆز ئەسەرلىرىنى ھەم ئەرەب تىلىدا ھەم دارى تىلىدا يازغان بولسا ، مىلادىيە 10 ～ 12 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئەدەبىيات ناماياندىلىرى ئەبۇ ئابدۇللا رودادىكى ، بۈيۈك فىردەۋسىي ، دەقىقىي ، ئۇنسۇرىي ، ناسىر خۇسراۋ ، ئەسئەدى تۇسىي ، سەلمان ساۋەجى ، سەئدى ، ئۆمەر ھەييام ، ھاپىز شىرازى ، زاكانى قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ دارى تىلىدا يازغان ئەسەرلىرى بىلەن شۇ دەۋر ئەدەبىياتىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇپ كەتتى .

فىردەۋسىي «شاھنامە»سىدە ئەينى مەزگىلدىكى پارس ـ تاجىك ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئاغزاكى ۋە يازما ئەدەبىياتىنىڭ زور بىر قىسىم نەمۇنىلىرىنى قوبۇل قىلىپ ، ئۇنى ئاجايىپ ماھىر سەنئەتكارغا خاس تالانتى بىلەن پىششىقلاپ بىر پۈتۈن ئەدەبىيات گۈلتاجىغا ئايلاندۇرغان بولسا ، «شاھنامە» ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مەزكۇر خەلقلەرنىڭ كېيىنكى ئاغزاكى ۋە يازما ئەدەبىياتى ئۈچۈن پۈتمەس ـ تۈگىمەس مەنبە ، ئىلھام ئورنىدىمۇ خىزمەت قىلدى .

ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا تارقىلىشى ، «قۇرئان كەرىم»دىن تارتىپ باشقا دىنىي ئوقۇشلۇقلارغىچە بولغان ھەممىسىنىڭ ئەرەب تىل ـ يېزىقىدا بولۇپ ، دىنغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق پائالىيەتلەردە ئەرەب تىلىنىڭ ئاساسىي ئورۇن ئىگىلىگەنلىكى ، ئەينى مەزگىلدىكى مائارىپ مۇئەسسەسەلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئەرەب خەلىپىلىكى ئىسلام مائارىپى ئۈلگىسى بويىچە تەشكىل ئېتىلگەنلىكى ، ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ ، شۇنىڭدەك ، ئەرەب ئالىملىرى بىلەن ئىران ،

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پارسىي ، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئالىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىلمىي پائالىيەتلەرنىڭ ئەرەب تىلىدا ئېلىپ بېرىلىشى ئەرەب تىلىنى بۇ رايوننىڭ ئىلىم - پەن تىلى ئورنىغا ئىگە قىلدى .

مىلادىيە 9 ~ 12 - ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىلىم - پەننىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى بويىچە ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل كەشپىيات نەتىجىلىرى بىلەن ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇپ كەتكەن ئەل خارەزمىي ، فارابىي ، برونىي ، ئەبۇئەلى ئىبىن سىنا ، نەسىرىددىن تۇسى قاتارلىق نامايەندىلەرنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئەنە شۇ دەۋرنىڭ ئىلىم - پەن تىلى بولغان ئەرەب تىلىدا يېزىلغان ئىدى .

مىلادىيە 10 ~ 12 - ئەسىرلەردە ، ئوتتۇرا ئاسىيادا قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن بىر قاتاردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھاكىمىيەتلەر ئىگىدارچىلىق قىلغان زېمىنلاردا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە تەسىر دائىرىسىنىڭ ئېشىپ بېرىشى بىلەن تۈركىي تىللىق ئەدەبىياتنىڭ ئورنىمۇ بارغانسېرى ئۆسۈپ باردى ، چۈنكى ، مىلادىيە 11 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا سالچۇقىلار سۇلالىسى ئەرەب - ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ سىياسىي ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان ، بۇ ھال مۇتەناسىپ رەۋىشتە ، سىياسىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشقىمۇ تەسىر قىلماي قالمىغان ئىدى . ئىمپېرىيىنىڭ غەربىدە ۋە شەرقىدە كۆندىن - كۈنگە خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىۋاتقان ئەرەب - ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن بىر قاتاردا ، قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتىمۇ باش كۆتەرگەنىدى . ①

قاراخانىيلار سۇلالىسى خان جەمەتىدىن بولغان تۈركەن خاتۇن (سۇلتان مەلىكشاھنىڭ ئايالى )سالجۇقىلار سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ تۇرغان مەزگىللەردە قەشقەر ، بالاساغۇن ، بۇخا-

① مەھمۇد قەشقەرى:«تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 9 - 8 - بەتلەر.

را ، سەمەرقەند قاتارلىق قاراخانىيلار سۇلالىسى زېمىنىدىن نۇرغۇن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى باغدادقا بارغان ۋە ئۇلار نىزامۇلمۇلۇك باغداد ۋە ئىسپىھانلاردا تەشكىل قىلغان مەدرىسە ، كۇتۇپخانىلاردا پائالىيەت ئېلىپ بېرىش داۋامىدا ، قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرۇپ ، شەرقتىن ئەرەب - ئىسلام ئىمپېرىيىسىگە تەسىر كۆرسەتكەندى . نەتىجىدە ، قاراخانىيلار جارىي قىلدۇرغان ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئومۇمىي تىل - ئەدەبىياتىغا ۋە مەدەنىيىتىگە ئۈلگە بولۇش رولىنى ئوينىدى . [1] شۇنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى ، ئەينى ۋاقىتتا قاراخانىيلار سۇلالىسى زېمىنى ، ئوتتۇرا ئاسىيا ھەتتا سالچۇقىيلار ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى غەربىي ئاسىياغىچە بولغان كەڭ دائىرىدە قوللىنىلغان تۈركىي ئەدەبىي تىل - - قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى تەرەققىياتى سۈپىتىدە ، قارلۇق - ئۇيغۇر دىئالېكتىنى ئاساس قىلىپ مىلادىيە 10 - ئەسىردىن باشلاپ شەكىللىنىشكە باشلىغان تىل ئىدى . «ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئاتنەك تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقان »[2] بۇ تۈركىي ئەدەبىي تىلنى تىلشۇناسلار «قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلى »دەپ ئاتىدى . ن . ئا . باسكاكوۋ بۇ تىل توغرىسىدا : «ئۇ زاماندىكى ئەدەبىي تىل ئۇيغۇر تىلى ئىدى ، ياكى ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تىللار تىزىملىكىدە يېزىلىشىچە ، ئۇيغۇر - قارلۇق قەبىلىلىرىدىن ۋە ئۇرۇقلىرىدىن تەركىب تاپقان خاقانىيە تۈركلىرىنىڭ تىلى ئىدى » [3] دەپ يازدى .

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدا بارلىققا كەلگەن غايەت زور

---

① يۇقىرىقى ئەسەر، 10 - 9 - بەتلەر.
② يۇقىرىقى ئەسەر، 5 - بەت.
③ ن. ئا. باسكاكوۋ: «تۈركىي تىللار» (ئۇيغۇرچە)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986، 3 - بەت.

ئۆزگىرىشلەر ، ئىقتىساد ۋە ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ، سۇتۇق بۇغرا-
خاندىن باشلانغان قاراخانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىسلام
دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇش يولىدىكى كۆپ تەرەپلىمىلىك پائالىيەت ،
تەدبىرلىرى نەتىجىسىدە ئىسلام دىنى ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ھۆكۈم-
ران ئورۇنغا ئۆتۈشى ؛ ئىسلام مەدەنىيىتى تەسىرى ئاستىدا مىلادىيە
9 ـ ئەسىردىن باشلاپ روشەن ئۆسۈش تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم
قويغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرى بىلەن
بولغان كۆپ تەرەپلىمىلىك مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ كۈچىيىشى نەتى-
جىسىدە ، قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىقە-
دىمكى ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتى
جەۋھەرلىرىنىڭ قوشۇلمىسىدىن ئىبارەت بولغان ، ئۇيغۇر مىللىي
مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن بىر خىل يېڭى
مەدەنىيەت تارىخىي دەۋرىگە قەدەم قويدى .

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى مىلادىيە
11 ـ ئەسىردە گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى . شەرقىي قىسمىدىكى
قەشقەر ۋە بالاساغۇن ، غەربىي قىسمىدىكى سەمەرقەند ۋە بۇخارا قاتار-
لىق مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە شەھەر ، قەلئە ، مەسچىت قۇرۇلۇشلى-
رى ۋە بىلىم يۇرتلىرىنى تەشكىل قىلىش پائالىيەتلىرى زور كۈچ
بىلەن ئېلىپ بېرىلدى . بۇ مەركىزىي شەھەرلەرگە ، بولۇپمۇ قەشقەر-
گە كۆپلىگەن بىلىم ئەھلىلىرى ، شائىرلار توپلاندى . دىنىي ئۆلىما-
لار ، ئالىملار ، تونۇلغان شائىرلار ، مەشھۇر تېۋىپلار مەيدانغا كەلدى .

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيا-
تىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئامىللارنىڭ بىرى ـ مەدرىسلەر بولدى .
گەرچە بۇ مەدرىسلەر ئىسلام دىنىي مەدرىسلىرى بولسىمۇ ، لېكىن
ئۇ ئالدى بىلەن بىر ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئورنى
بولۇش بىلەن خاراكتېرلىنەتتى . «بۇ مەدرىسلەر ئارقىلىق خەلىپە-
لىكنىڭ سىياسىي چېگرىسىدىن تاشقىرىدا تۇرغان ئوتتۇرا ئاسىيادا

ئېرىشلىگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر ئىسلام دۇنياسىنىڭ باشقا رايونلىرىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى»①

قەشقەر شەھىرى سۇتۇق بۇغراخان دەۋرىدىلا كېڭەيتىپ قۇرۇلۇپ، مەدەنىيەت، سودا ـ سانائەت گۈللەنگەن ئالدىنقى قاتاردىكى مەركىزىي شەھەر بولۇپ قالغان. قەشقەردە قۇرۇلغان مەدرىسلەر ئۆز دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئالىملار، شائىرلار ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان مەركەزلەرگە ئايلانغاندى.

قەشقەردە ئەڭ دەسلەپ قۇرۇلغان مەدرىسە ـــ سۇلتان سۇتۇق بۇغرا قاراخان تەرىپىدىن قۇرۇلغان «ساجىيە مەدرىسە» بولۇپ، ئۇ ئەينى مەزگىلدە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە تونۇلغان يۇقىرى بىلىم يۇرتلىرىدىن بىرى ئىدى. جامال قارشى (ئەبۇل غەزلى مۇھەممەد ئۆمەر ئوغلى) نىڭ مىلادىيە 1300~1301 ـ يىللىرى يېزىپ تاماملىغان «مۇلهەقات ئەل ـ سۇراھ» نىڭ كىرىش قىسمىدىكى تۆۋەندىكى سۆزلەردىن «ساجىيە مەدرىسە» نىڭ ئەينى دەۋرلەردىكى شۆھرىتى مەلۇم بولىدۇ: «مەن كىتابىنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ نەچچە زامان ئىزدەندىم، مۇمكىن بولسا سېتىۋالاي ياكى يېزىۋالاي دېۋىدىم، بەختىمگە يارىشا قەشقەر شەھىرىنىڭ ئاتاقلىق ۋە تولۇق بەختلىك مەدرىسلىرىدىن بىرى بولغان «ساج مەدرىسە» نىڭ كىتاب ئامبىرىدىن سۇراھ لۇغەت كىتابىنىڭ تۆت چوڭ تومى تېپىلدى». جامال قارشى ئۆز ئەسىرىدە بۇ مەدرىسىگە ھەر يىلى مىڭلاپ ئوقۇغۇچى كېلىپ بىلىم ئالغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

قەشقەر دۆلەتباغدىكى «ھەمىدىيە مەدرىسە»، قاراخانىيلار سۇلالىسى خان جەمەتى تەرىپىدىن ئوپالدا قۇرۇلغان «مەھمۇدىيە مەدرىسە»

---

① ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984، 61 ـ بەت.

مۇ قەشقەردىكى تونۇلغان ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدىن بولغان . مەھمۇد قەشقەرى «ئۇستازىم»دەپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغان ھۇسەيىن ئىبىنى خەلەف قەشقەرى «ھەمىدىيە مەدرىسە»دە مۇدەررىسلىك قىلغان . مەھمۇد قەشقەرى ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا «مەھمۇدىيە مەدرىسە»دە سەككىز يىل مۇدەررىسلىك قىلىپ «ئىلىمگە ھۆددىگەر پىرىم» دېگەن شەرەپلىك نام بىلەن ئۇلۇغلانغان .[1]

مەدرىسلەر ئالدى بىلەن ئىسلام دىنى ۋە قۇرئاننى ئۆزىنىڭ بارلىق ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىنىڭ مەركىزى قىلغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭدا يەنە ئىسلام قانۇنى ، تىل ـ ئەدەبىيات ، رىيازىيەت ، ئىلمىي ھېكمەتكە دائىر ئىلىم تۈرلىرىمۇ تولۇق ئۆگىتىلدى . ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئەرەب ، پارس ئەدەبىياتىنىڭ زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىنىشى ، مەدرىسلەردە ئەرەب ، پارس ، تاجىك تىللىق ئەدەبىياتنىڭ پاساھەت ، بالاغەت ۋە ئارۇز ئىلىملىرى ساھەسىدە ئېرىشكەن نەزەرىيىۋى ئۇتۇقلىرى ۋە باي ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرىنىڭ سىستېمىلىق ئوقۇتۇلۇشى ، جۈملىدىن ، بۇ ئەدەبىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئەنئەنىلىرىنىڭ ئەينى دەۋر ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتىغا تەتبىق قىلىنىشى ، ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتىغا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىرمۇنچە يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كىردى .

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بۇ يېڭىلىقلار ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە ئارۇز ۋەزنىنىڭ كىرىپ كېلىشى ، قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە خاس بولغان مىسرالار بېشى ئاللىتراتسىيە ئۇسۇلى بىلەن كېلىدىغان شېئىرىي شەكلىنىڭ پەيدىنپەي ئەمەلدىن قېلىپ ، مىسرالارنىڭ ئاخىرى قاپىيەلىنىدىغان قاپىيە شەكلىنىڭ شېئىرىيەتتە ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىشى ، مەسنەۋى ، رۇبائىي ۋە غەزەل قاتارلىق شېئىرىي شەكىللەرنىڭ كىرىپ كېلىشى ۋە پەيدىنپەي ئومۇملىشىشى ، مۇكەممەل

[1] «مەھمۇد قەشقەرى» (ماقالىلار توپلىمى)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1985، 22 ـ ، 68 ـ بەتلەر.

شېئىرىي داستانچىلىق شەكلىنىڭ بارلىققا كېلىشى قاتارلىقلار ئەرەب ۋە پارس ـ تاجىك تىللىق ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن شەكىل جەھەتتىكى يېڭىلىقلارنى روشەن ئىپادىلىگەن بولسا ، ئىسلام مەدەنىيىتى تەسىرى ئاستىدا شەكىللەنگەن بەزى ئەنئەنىۋى يېزىش ، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن ئورۇن ئېلىشى ، ئىسلام دىنىي ئەقىدىلىرى ، پەلسەپىسى، تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كىرىپ كېلىشى ، بۇ خىل يېڭىلىقلارنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى ئىپادىلىنىشى ئىدى . مەزمۇن جەھەتتىكى بۇ خىل يېڭىلىقلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئوخشاشمىغان شەكىل ۋە ئۇسۇللار ئارقىلىق ئەكس ئەتتى .

قاراخانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى بۇددا دىنىغا قارشى تۇرغان بولسىمۇ ، ئەمما بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىنغان ۋاقىتتا زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى ئىسلامىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى . گەرچە ، مەدرىسلەردە دىنىي ئوقۇشلۇقلار پۈتۈنلەي ئەرەب تىلىدا بولغان ؛ دىنغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق پائالىيەتلەردە ئەرەب تىلى ئۈستۈنلۈك ئىگىلىگەن ؛ ئەرەب ، پارس ـ تاجىك تىللىق ئەدەبىيات قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرى ئەدەبىياتىدا تەسىرى زور بىر كۈچ بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ ، لېكىن باي ۋە ئۇزۇن تارىخىي ئەنئەنىگە ئىگە قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئەدەبىي تىلى قاراخانىيلار سۇلالىسى جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھايات تەلەپلىرىگە ماس ھالدا قاراخانىيلار سۇلالىسى مەدەنىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتتى . شۇنداقلا ، ئۆزىگە خاس دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولدى . بۇ خاسلىق شۇ دەۋردىكى ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىدىن ئاۋۋالقى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ داۋامى ۋە يېڭى تارىخىي دەۋردىكى تەرەققىياتى بولغانلىقىدا ، ئەدەبىي تىلىنىڭ ئورخۇن ـ يېنىسەي يادىكارلىقلىرى تىلىدىن ئانچە پەرقلىق بولمىغان ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكىدە روشەن ئىپادىلىنىدۇ . ئورخۇن ـ يېنىسەي يادىكارلىقلى-

رى تىلىنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى تەرەققىياتى بولغان بۇ تىل مەلۇم جەھەتتە ، ئەرەب ـ پارس تىلى ئېلېمېنتلىرىنى قوبۇل قىلدىشى ، بولۇپمۇ لېكسىكا جەھەتتىن ئىسلام دىنىغا خاس تېرمىنلارنى قوبۇل قىلىشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ . بۇ تىل ئەينى دەۋر يادىكارلىقلىرىدا ( «قۇتادغۇبىلىك» ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قاتارلىق ئەسەرلەردە ) «خاقانىيە تىلى» ، «خاقانىيە تۈركچىسى» ،① «كاشغەر تىلى»② ، «بۇغراخان تىلى»③ دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالدى .

مىلادىيە 10 ـ ، 12 ـ ئەسىرلەردىكى قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتتىن ئىبارەت ئىككى لىنىيە بويىچە تەرەققىي قىلدى . ئاتاغلىق تىلشۇناس ۋە ئەدىب مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مىلادىيە 1077 ـ يىلى يېزىپ تاماملىغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»ئەسىرىگە كىرگۈزۈلگەن ئەدەبىي پارچىلاردىن شۇ نەرسە ئېنىقكى ، بۇ دەۋردە زور بىر تۈركۈم خەلق ئېپوس ـ داستانلىرى ، مەزمۇنى مول ، شەكلى خىلمۇخىل ، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە بولغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ، لەتىپىلەر ، ماقال ـ تەمسىللەر ، چۆچەك ، بېيىت ـ قوشاقلار بارلىققا كەلگەن . مەھمۇد ئەسىرىدە نىزامىدىن توغان تېكىن ئىسمىلىك بىر ئۇيغۇر لەتىپىچىسىنىڭ ئاتىسى مۇھەممەد چاقىر تۇنقاخانىدىن ئاڭلىغان ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى بىر رىۋايەتنى ئۆزىگە سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى ئالاھىدە ئاتاپ ئېيتىدۇ .④ ئەسەردە بېرىلگەن شۇ دەۋردە بولۇپ ئۆتكەن جەڭلەر

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» فاكسىمىل، 1 ـ جىلد، 25 ـ بەت.

② «ئەتەبەتۇلھەقايىق» (ئۇيغۇرچە نەشرى)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980، 66 ـ بەت.

③ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» (ئۇيغۇرچە نەشرى)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984، 5 ـ بەت.

④ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981، 151 ـ بەت.

تەسۋىرلەنگەن شېئىر ـ قوشاقلار ۋە مەرسىيە پارچىلىرى بىزگە ئۇنىڭ مەلۇم ئېپوس ، داستاندىن ئېلىنغان پارچىلار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرسە ، قىش بىلەن يازنىڭ مۇنازىرىسى شەكلىدىكى ئون نەچچە كۇپلېت تۆتلۈكتىن بىز ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتا خەلق ئىچىگە تارقالغان مۇنازىرە ژانىرىدىكى بىر ئەسەردىن ئېلىنغان پارچىلار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز .

مەھمۇد قەشقەرى بىلەن زاماندىش ئۆتكەن يەنە بىر ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ، مەشھۇر شائىر ۋە دۆلەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مىلادىيە 1069 ~ 1070 ـ يىللىرى قەشقەردە يېزىپ تاماملىغان زور ھەجىملىك داستانى «قۇتادغۇبىلىك»تىكى دىداكتىكا ئامىللىرىدىن ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە (مىلادىيە 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ، 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا )ئۇيغۇر ئەدىبى ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكى تەرىپىدىن يېزىلغان دىداكتىك داستان «ئەتەبەتۇلھەقايىق »تىن بىز شۇ دەۋر ئىجتىمائىي ـ بەدىئىي پىكىر تەرەققىياتىدا دىداكتىك ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى كۆرۈۋالىمىز . يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسىرىدە ئىپادىلەنگەن قويۇق دىداكتىكا ئامىللىرى ئۆز يىلتىزى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى ئەنئەنىلىرىگە باغلىنىدۇ .

ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنى ۋە كائىناتنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى يەككە مەۋجۇدىيەت چۈشەنچىسى بىلەن باغلاپ بايان قىلىدىغان مۇرەككەپ ، زىددىيەتلىك پەلسەپىۋى ئېقىم ـ ـ تەسەۋۋۇپنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتقا تەسىر ئۆتكۈزۈشىمۇ مۇشۇ دەۋرگە توغرا كېلىدۇ . قاراخانىيلار سۇلالىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىشىشى ، ئىسلام دىنىي ئەقىدىلىرىنىڭ كەڭ ، چوڭقۇر تارقىلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا ، تەسەۋۋۇپ ئېقىمىمۇ بۇ سۇلالە زېمىنىغا تەڭلا ئېقىپ كىرگەن ئىدى . چۈنكى ، مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا باغداد ۋە ئىراندا زەربىگە ئۇچرىغان تەسەۋۋۇپ-

چىلار تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا ئېقىپ كىرىشكە باشلىغان ۋە بۇ رايوندا يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەندى.

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كۆپلەپ ئېقىپ كىرگەن دەسلەپكى تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ ئەينى دەۋردە يامراپ كەتكەن يارىماس، بوغۇق ئىجتىمائىي مۇھىت، چىرىكلىك، قاتمۇقات زۇلۇم، ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى ھالدا، «گۇناھقا تولغان دۇنيانى ۋە ئىنسان روھىنى قۇتقۇزۇش» قا ئوخشاش بىر قاتار شوئارلىرى، شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ «ئاللا روھى بىلەن بىرلىشىش، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئۆزىنى چېنىقتۇرۇش»قاتارلىق ئەقىدىلىرى، «براخمان» (روھىي پاكلىق، جىمجىتلىق، ھەۋەسلەردىن خالىي بولۇش مەنىلىرىدە) ئىلاھىي بىلەن بولغان روھىي بىرلىكنى ھەم بۇ روھىي بىرلىككە يېتىش ئۈچۈن ئۆز نەپسىنى يىغىشنى، ھەر خىل مۇرەككەپ پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىقنى، ئۇزاق مۇددەت بىر ئورۇندا ئولتۇرۇپ ئوي ـ تەپەككۇر قىلىشنى، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى، ئۆز گۇناھىغا توۋا قىلىشنى، ئۆزىنى روھىي جەھەتتىن خالاس قىلىپ، براخمان روھى بىلەن ئىنسان روھىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان «يوگا» (بىرلىشىش) ئورنىغا ئىگە بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ھەققىدىكى تەشەببۇسلىرى، شۇنىڭ بىللە، تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ قەدىمكى ھىندى دىنى يوگاسارا (يوگاسلار) مەزھىپىنىڭ يۇقىرىقى ئەقىدىلىرىنى قوبۇل قىلىپلا قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ ئۆز دىنىي پائالىيەتلىرىدە براخمان ئىلاھىنىڭ ھەر خىل سۈپەتلىرىنى سانايدىغان تەسۋى تارتىش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنى سانىشىدەك بىر قاتار تەرەپلىرى[1] تەسەۋۋۇپنى بۇددا ۋە مانىي ئېتىقادى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا يېڭى تەرەققىيات زېمىنىغا ئىگە بولۇش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىن ئەتتى.

---

① توماس لىپمان: «ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمان دۇنياسى»، 1985، 188 ـ بەت.

تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ دەس-لەپكى ئىزلىرىنى قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە، مىلادى-يە 1069~1070 - يىللىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن يېزىل-غان «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىن ئۇچرىتىش مۇمكىن. «قۇتادغۇبى-لىك» داستانىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك تەشكىل قىلغان ئۆگدۈلمىش بىلەن ئودغۇرمىش ئوتتۇرىسىدىكى بىرقاتار مۇنازىرە، سۆھبەت ۋە مۇناسىۋەتلىك بايانلاردا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەينى دەۋر ئىسلام دىنىي ئەدەبىياتىدا ئەكس ئەتكەن ئورتودوكسال ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى بىلەن تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى ئۇيغۇر ئەدە-بىياتىدا تۇنجى قېتىم، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيىسى، جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت قاراشلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشتى.

تەسەۋۋۇپ مىلادىيە 11 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئوت-تۇرا ئاسىيادا رەسمىي بىر ئېقىم سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى. بۇ ئېقىمنىڭ دەسلەپكى پىرى يۈسۈپ ھەمەدانى بولۇپ، ئۇنىڭ تەلىماتلى-رىغا شاگىرتى خوجا ئابدۇخالىق غىژدۇۋانى ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆز نامى بىلەن باغلىق بولغان بىر تەسەۋۋۇپ تەرىقىتىنى مەيدانغا كەلتۈر-گەن بولسا، يۈسۈپ ھەمەدانىنىڭ يەنە بىر شاگىرتى خوجا ئەھمەد يەسسەۋى تەسەۋۋۇپنىڭ «يەسسەۋى تەرىقىتى» دەپ ئاتالغان يەنە بىر مۇھىم ئېقىمنى شەكىللەندۈردى.

ئەھمەد يەسسەۋى ئۆز دەۋرىنىڭ يېتىلگەن شائىرى ئىدى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرى «ھېكمەت» دەپ ئاتالغان شېئىرلىرىدا روشەن ئىپادىلەنگەن ھەمدە بۇ «ھېكمەت» لەر ئۇنىڭ مۇرىت ۋە مۇخلىسلىرى ئارقىلىق خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغانىدى.

يەسسەۋى ئېقىمىدىكىلەر ئىچىدە ھاكىم سۇلايمان ئاتا (تەرىقەت لەقىمى «باقىرغان») بىرقەدەر مەشھۇر بولۇپ، ئۇ ئەھمەد يەسسەۋى-نىڭ ئۈچىنچى خەلىپىسى بولغان ۋە يەسسەۋىچە «ھېكمەت» مەزمۇن-

دىكى شېئىرلىرى بىلەن نام چىقارغان . ئۇنىڭ «ھېكمەت» لىرىمۇ يەسسەۋى «ھېكمەت»لىرىگە ئوخشاش كەڭ تارقىلىپ ، مۇخلىسلىرى تەرىپىدىن «باقىرغان كىتابى»نامىدا توپلام قىلىنغان .

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ، ئەھمەد يەسسەۋىدىن كېيىن ياشاپ ئىجاد قىلغان شائىر ئەھمەد يۈكنەكى «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ( «ھەقىقەت بوسۇغىسى» ) ناملىق ئەسىرىدە ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇپقا مايىللىقىنى مەلۇم دەرىجىدە ئىپادىلىگەن . ئەلىشىر نەۋائى «نەسايىمۇل مۇھەببەت»ناملىق ئەسىرىدە ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنى ئوتتۇرا ئاسىيادا تونۇلغان شەيخلەر (سوپىلار ) قاتارىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىدى .

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى يۇقىرىقىدەك بىر قاتار دەۋر ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە بولغان ھالدا مۇئەييەن نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن ، بۇ دەۋردە فارابى ، مەھمۇد كاشغەرى ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ، ئەھمەد يەسسەۋى ، ئەھمەد يۈكنەكىگە ئوخشاش بۈيۈك ۋە تونۇلغان نامايەندىلەر بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ مەزكۇر تارىخىي دەۋرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ھەسسە قوشقان بىر قىسىم مەدەنىيەت ئەربابلىرى ، مۇتەپەككۇر ، ئالىم ، ھەكىم ۋە ئەدىبلەرگە دائىر مەلۇماتلار ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىلمىي ۋە ئىجادىي مىراسلىرى دەۋرىمىزگە تولۇق يېتىپ كېلەلمىگەن .

تۆۋەندە ، قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان مەشھۇر نامايەندىلەر ھەمدە نامى ، ئىجادىي ـ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەلۇم بولغان بىر قىسىم مەدەنىيەت ئەربابلىرى ، ئەدىبلەر ئۈستىدە مەخسۇس ماۋزۇدا ياكى قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز .

## ئەبۇ نەسىر فارابى

ئەبۇنەسىر فارابى تەخمىنەن ھىجرىيىنىڭ 259 ـ (مىلادىيىنىڭ 870 ـ )يىلى سىر دەريانىڭ شىمالىدىكى بالاساغۇنغا قاراشلىق فاراب

(ئوترار )شەھىرىنىڭ ۋاسىج ھەربىي قەلئەسىدە دۇنياغا كەلگەن . ئىبنى خەللىكان مىلادىيە 1299 ـ يىلى يازغان كۆپ قىسىملىق ئەسىرى «ۋەپىياتۇل ئەيان ۋە ئەينەز زامان» («مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ۋاپات تېپىشى ۋە ئۇلارنىڭ زامانلىرى» ـ ـ قىسقارتىلىپ «ئىبنى خەللىكان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ» )نىڭ 2 ـ جىلد ، 100 ـ بېتىدە «ئەبۇنەسىر مۇھەممەت تارخاننىڭ ئوغلى ، تارخان ئۇزلۇقنىڭ ئوغلى ، بۇلار فارابىلىق تۈرك ئىدى» دېيىلگەن .①

فارابىنىڭ يۇرتى فاراب شەھىرى شەرقىي سىر دەريا ساھىلىگە جايلاشقان بولۇپ ، ئۇ تالاس ، بالاساغۇن ، قەشقەرنى تۇتاشتۇرىدىغان قەدىمكى كارۋان يولىنىڭ بىر تۈگۈنى ھەمدە ئەينى مەزگىلدە قارلۇق خانىدانلىقى ئاساسى ئۈستىگە قۇرۇلغان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىسلامىيەتتىن مۇداپىئەلىنىش لىنىيىسىنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلى ئىدى . فارابىنىڭ بوۋىسى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تۇنجى خانى بىلگە كۆل قادىرخاننىڭ قول ئاستىدا ھەربىي ئەمەلدار بولغان . فارابىنىڭ دادىسىنىڭ تارخان دەپ ئاتىلىشى توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىدە مەنسەپ ياكى ئىمتىياز نامىنى ئىسىم ـ فامىلە سۈپىتىدىمۇ قوللىنىشتىن كېلىپ چىققان . دېمەك ، يۇقىرىقىلاردىن فارابىنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى توققۇز ئوغۇز ـ قارلۇق نەسەبىگە تەئەللۇق دەپ مۇھاكىمە قىلىش مۇمكىن .②

فارابىنىڭ ئۆسمۈرلۈك چېغى ۋە ياشلىق مەزگىلىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرى قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرى مەدەنىيىتى تەسىرى ئاستىدا ئۆتتى . بۇ ئۇنىڭ كېيىنكى پەلسەپۋى قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم بىر باسقۇچ بولۇپ قالدى .

مىلادىيە 892~ 893 ـ يىللىرى سامانىيلار سۇلالىسى خانى

---

① ئا. مۇھەممەد ئىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، (ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985، 8 ـ بەت.

② يۇقىرىقى ئەسەر، 17 ـ بەت.

ئىسمايىل ئىبنى ئەھمەد قاراخانىيلار سۇلالىسىگە «غازات»ھۇجۇمى قوزغاپ ، سىر دەريا ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى تالاستىن تاكى غەربىي چۇ دەرياسىنىڭ ئاياغ ئېقىنىغىچە بولغان جايلارنى ، جۇملىدىن فاراب شەھىرىنىمۇ قولغا كىرگۈزۈۋالدى . نەتىجىدە بىر ئەسىر داۋام قىلغان دۈشمەنلىك ۋە يوللارنىڭ ئېتىلىپ قېلىشى بۇ جايلاردىكى ئاھالىنى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولغان خاقانىيەدىن ئايرىۋېتىپ ، سامانىيلار سۇلالىسى مەدەنىيىتى تەسىرى ئاستىغا چۈشۈرۈپ قويدى . فارابى ھاياتىنىڭ 30 يىلىنى سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە ئۆتكۈزۈپ ، ئۆزىنىڭ ئىلمىي ۋە دۇنيا قاراشلىرىغا ئاساس سالدى .

فارابىنىڭ كېيىنكى ئۆمرى ئەرەب ئەللىرىدە بىلىم ئېلىش ، ئىلمىي ئىزدىنىش بىلەن ئۆتتى . ئۇ باغدادتا مەشھۇر خرىستىئان ئالىمى ئەبۇ بەشەرمەتتە ئىبنى يۇنۇستىن گرېك تىلى ، لوگىكا ۋە تېبابەتچىلىك پەنلىرىنى ئۆگەندى . ئۇ يەنە پەلسەپە ساھەسىدە چوڭقۇر ئىزدىنىش نىيىتىدە ھەرران شەھىرىگە بېرىپ ، خرىستىئان دىنىدىكى ئاتاغلىق پەيلاسوپ يۇھەننا بىننى ھەيلان جىلەدىن پەلسەپە (ئارىستوتېل پەلسەپىسى) ، لوگىكا ھەمدە ماتېماتىكا ، تېبابەت نەزەرىيىسى ، پىفاگور مۇزىكا تەلىماتىدىن بىلىم ئالدى . فارابى ئۆز ھاياتىنىڭ بۇ دەۋردە ئەرەب ، سۇرىيە ۋە گرېك تىللىرىنى پىششىق ئىگىلەپ ، ئەرەب يېزىقىدا مۇرەككەپ پەلسەپىۋى ئەسەرلەر ۋە گۈزەل شېئىرلارنى يېزىپ ئۆز ئۇستازلىرىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسەتتى .

فارابى ھەرراندىن باغدادقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئۇ يەردە 20 يىل تۇردى . ئۇنىڭ ئەڭ ئاساسلىق كىتابلىرى ئەنە شۇ مەزگىللەردە باغدادتا يېزىلغان . ئۇ باغدادتا يەنە ئىزچىل تۇردە ئۆگىنىش ۋە ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەنمۇ شۇغۇللاندى .

فارابى مىلادىيە 941 ـ يىلى دەمەشق شەھىرىگە كېلىپ ھەمدانى سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى سەيپۇل دەۋلەنىڭ ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن

ئۆز ھەرىمگە تەكلىپ قىلىپ ، ئۇستاز تۇتۇشغا مۇيەسسەر بولىدۇ . بۇ مەزگىلدە ئۇ مىسىرغا بېرىپ كۆپلىگەن ئالىملار بىلەن تونۇشىدۇ ، لېكسىيىلەر ئوقۇيدۇ ۋە بىرقاتار مۇنازىرىلەردە ئۈستۈنلۈك ئېلىپ زور ھۆرمەت ۋە شۆھرەتكە ئېرىشىدۇ .

بەزىبىر تارىخىي مەنبەلەردە فارابىنىڭ مىلادىيە 941 ـ يىلى دەمەشققە كېلىشتىن بۇرۇن ، باغداد خەلىپىلىكىدە يۈزبەرگەن سىيا- سىي قالايمىقانچىلىق سەۋەبى ، ياكى پۈتۈنلەي ئۆز يۇرتىغا قايتىش مەقسىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سامانىيلار دۆلىتىگە كەلگەنلىكى ئېيتىلىدۇ ، بۇ ھەقتە مىلادىيە 15 ـ ئەسىردە ياشىغان مەۋلانا لۇتفى ئۆزىنىڭ «نۇر مەنبەلىرى ھەققىدىكى مۇھاكىمە»ناملىق ئەسىرىدە ، فارابىنىڭ سامانىيلار دۆلىتىگە كەلگىنىدە «ئىككىنچى تەلىمات»دېگەن كىتابنى يېزىپ ، ئۇنى شۇ ۋاقىتتىكى سامانىيلار ھۆكۈمرانى مەنسۇر ئىبنى نوھقا تەقدىم قىلغانلىقى ، مەنسۇر ئىبنى نوھنىڭ فارابىغا ئارىستوتېلدىن كېيىنكى «ئىككىنچى ئۇستاز»دېگەن شۆھرەتلىك نام بەرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ .①

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىجتىمائىي پاراكەندىچىلىك تۈپەيلىدىن بول- سا كېرەك ، فارابى بۇ يەردە ئۇزاق تۇرالماي ، يەنە دەمەشققە كېتىپ قالىدۇ ۋە ھىجرىيىنىڭ 339 ـ (مىلادىيە 950 ـ )يىلى ماھى رەجەپتە (12 ـ ئايدا )دەمەشقتە ئالەمدىن ئۆتىدۇ .

فارابى ئارىستوتېلنىڭ ئون نەچچە پارچە پەلسەپە ئەسىرى ۋە باشقا يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ بىرنەچچە پارچە ئەسىرىنى ئەسلىي نۇسخىدىن تەرجىمە قىلىپ شەرھىنامە ۋە تەپسىر يازدى ، شۇنداقلا ئۆزىمۇ پەلسەپە تەتقىقاتىغا دائىر نۇرغۇن كىتابلارنى يېزىپ ، پەلسەپە تارىخىدا «ئىك- كىنچى ئارىستوتېل»دېگەن شەرەپلىك نامغا نائىل بولدى . ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ لوگىكا ، تەبىئىي پەننىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى ، تېبابەتچىلىك ،

---

① يۇقىرىقى ئەسەر، 44 ـ بەت.

مۇزىكىشۇناسلىقا دائىر كۆپلىگەن ئىلمىي ئەسەرلەرنى ، ئىجتىمائىي - سىياسىي مەزمۇندىكى ، ئىلمىي مۇنازىرىلەر خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەرنى يازدى .

فارابىنىڭ ئىلىم - پەنگە قوشقان تۆھپىسى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ ، تۈركىيە ئالىمى ئەخمەت ئاتەش «فارابى ئەسەرلىرىنىڭ بىبلىئوگرافىيىسى »ناملىق كىتابىدا فارابىنىڭ ئىلىم - پەننىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى بويىچە يازغان 160 پارچە ئەسىرىنىڭ تىزىملىكىنى كۆرسىتىدۇ .[1]

فارابىنىڭ تىل ، ئەدەبىياتشۇناسلىق ، مۇزىكاشۇناسلىق جەھەتتىكى ئەمگەكلىرى ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك بولۇپ ، ئۇ «خۇسۇسۇل ھېكمەت » ( «ھېكمەت مەنىلىرى » )ناملىق ئەسىرىدە «ئىنسان ئەقىل ۋە سەزگۈ ۋاستىسى بىلەن بىلىم ھاسىل قىلىدۇ . سەزگۈلەر ياردىمى بىلەن ھېسسىي ئوبرازلار جىلۋىلىنىدۇ ، ھېسسىي ئوبرازلار ياردىمى بىلەن تەپەككۇر ئوبرازلىرى ھاسىل بولىدۇ » [2] دېسە ، «كىتاب ئەرە ئەھلۇل مەدىنەتۇل فەزىلە » ( «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ قاراشلىرى ھەققىدە» )ناملىق ئەسىرىدە بىلىش جەريانلىرىنى ھېسسىي بىلىشتىن تەپەككۇر ئىقتىدارىغىچە بولغان ئىككى ئاساسىي باسقۇچقا ئاجرىتىدۇ ھەمدە ئىنساننىڭ خاتىرە ئىقتىدارى ، تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى ۋە ئاخىرىدا يۈز بېرىدىغان تەپەككۇر ئىقتىدارى ھەققىدە توختىلىپ ، ئىنساننىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى ياردىمىدە گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇكنى پەرقلەندۈرۈپ ، سەنئەت ۋە پەن توغرىسىدىكى بىلىملەرگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ .[3]

فارابى «ئەل ماسائىلۇل فەلسەفىيە ۋەلجەھا بەئەنھا » ( «پەلسەپىـ

---

[1] يۇقىرىقى ئەسەر، 50 ـ بەت.

[2] م. خەيرۇللايېۋ: «ئۇيغىنىش دەۋرى ۋە شەرق مۇتەپەككۇرى» (ئۆزبېكچە)، تاشكەنت 1971، 224 ـ بەت.

[3] فارابى: «پەلسەپىۋى رىساللەر»، 1970، رۇسچە نەشرى، 264 ـ ، 265 ـ بەتلەر.

لىك سوئاللار ۋە ئۇلارنىڭ جاۋابلىرى » )ۋە «ھېكمەت مەنلىرى » ئە-
سىرىدە ئوبراز ۋە ئوبرازلار ۋاستىسى بىلەن ھاسىل بولىدىغان تە-
سەۋۋۇرنى تاشقى ئالەمدىكى نەرسە ۋە ھادىسىلەرنىڭ كىشى سەزگۇ
ئەزالىرىغا تەسىر قىلىشى ئاساسىدا چۈشەندۈرىدۇ ھەمدە ئوبرازلارنىڭ
ھاسىل بولۇشى ھەققىدە مۇلاھىزىلەر ئېلىپ بارىدۇ . ئۇ «پەزىلەتلىك
شەھەر ئاھالىسىنىڭ قاراشلىرى ھەققىدە » ، «رىسالەفى ئەتتەنبىھئەلا
ئەسبابۇسسائادە » ( «بەختكە ئېرىشىش سەۋەبلىرى ھەققىدە » ) ناملىق
ئەسەرلىرىدە ئىجتىمائىي گۈزەللىك ۋە غايىۋى گۈزەللىك ھەققىدىكى
چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ، گۈزەللىكنىڭ
غايىۋى تۇرمۇش ۋە بەخت ـ سائادەتنىڭ مۇھىم بىر ئالامىتى ئىكەنلى-
كىنى تەكىتلەيدۇ . «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ قاراشلىرى
ھەققىدە » ئۇنىڭ ئىجتىمائىي گۈزەللىك قارىشى كۆچلۈك ئىلگىرى
سۈرۈلگەن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى بولۇپ ، ئۇ بۇ ئەسە-
رىدە «بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىش مەقسىتىدە بىر ـ بىرىگە يار-
دەم بېرىدىغان » ، ئادالەت ، ئىنسانىي پەزىلەت ، بىلىم ئۈستۈنلۈك
ئىگىلىگەن ، ئىدارە قىلغۇچىلار ئادىل ـ دېموكراتىك ئۇسۇلدا سايلى-
نىدىغان غايىۋى جەمئىيەت ـــ «پەزىلەتلىك شەھەر »نى مۇنداق
سۈرەتلەپ بېرىدۇ : «ئاھالىسى بەخت يارىتىش ئىشلىرىدا ئۆزئارا ھەم-
كارلىشىدىغان شەھەر ـــ پەزىلەتلىك شەھەر ، ئادەملىرى بەخت يارى-
تىش مەقسىتى بىلەن بىر ـ بىرىگە ياردەم قىلىدىغان جەمئىيەت ـــ
پەزىلەتلىك جەمئىيەتتۇر . بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىش مەقسىتىدە
ھەممە شەھەرلىرى بىر ـ بىرىگە ياردەم قىلىشىدىغان خەلق ـــ پەزىلەت-
لىك خەلقتۇر . ئەگەر بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن ھەممە خەلقلەر
بىر ـ بىرىگە ياردەم قىلىشىدىغان بولسا ، پۈتۈن زېمىندا پەزىلەت
تىكلىنىدۇ » .①

فارابى ئوتتۇرا ئەسىردە شەرقتە ئۆتكەن مەشھۇر پەيلاسوپ بولۇپلا

① فارابى: «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلى قاراشلىرى ھەققىدە» ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە، ئىجتىمائىي پەن قىسمى)باسقان تەرجىمە نۇسخىسى، 1982، 2 ـ سان 31 ـ بەت.

قالماستىن يەنە كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىيات نەزەرىيىچىسى ، شائىر ئىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ «كىتابۇ شېئىر» («شېئىرىيەت ھەققىدە» ) ، «كالام فى شېئىرۋەل قافى» («شېئىر ۋە قاپىيەلەر ھەققىدە سۆز» ) ، «رىسالەفى قانۇن سەنائەت ئەششېئىر» («شېئىرىيەت سەنئىتى قانۇنلىرى ھەققىدە رىسالە» ) ، «كىتابۇن فى سانائەتى كىتابەت» («يېزىق ھەققىدە كىتاب» )تا ۋە «ئىھسالۇل ئولۇم» («پەنلەرنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى» ) ، «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلى قاراشلىرى ھەققىدە» قاتارلىق بىر قىسىم ئەسەرلىرىدە شېئىرىيەت ، يېزىقچىلىققا ئائىت مەسىلىلەر ئۈستىدە مەخسۇس ۋە كۆپ توختىلىدۇ ، شېئىرىيەت تىلى ، ۋەزىن ۋە قاپىيە ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدۇ ، بەدىئىي تەقلىدنى سەنئەت ژانىرلىرى ئۈچۈن ئورتاق خۇسۇسىيەت دەپ ھېسابلاپ ، بۇ ماھارەتنى سەنئەتچىنىڭ ئىجادىيەت ئىستېداتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارايدۇ .

فارابى : «شېئىر بىر نەرسىگە تەقلىد قىلىنغان سۆزلەردىن تەشكىل تېپىشى كېرەك» [①] دېگىنىدە ، شېئىرىيەتتىكى بىرەر نەسىگە ئوخشىتىلغان ياكى تەقلىد قىلىنغان ئوبرازلىق سۆزلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ ھەمدە شېئىردىكى سۆزلەر «بىرەر نەرسىگە قىلىنغان تەقلىدتىن تەشكىل تاپقان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار بىرەر ئاھاڭ بىلەن ۋەزىنگە چۈشۈرۈلمىگەن بولسا ، ئۇنداق تىزما سۆزلەر شېئىر ھېسابلانمايدۇ ، بەلكى بۇنداق شېئىرىي سۆز - مۇلاھىزە دەپ يورۇتۇلىدۇ ، خالاس . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ئەگەر بۇ ئېيتىلغان شېئىرىي سۆزلەر مەلۇم ۋەزىنگە چۈشۈرۈلۈپ ، شېئىرىي بۆلەكلەرگە بۆلۈنگەندىلا ، ئاندىن ئۇ شېئىر بولالايدۇ» [②] دەيدۇ . فارابى تەقلىدنى سەنئەتنىڭ ھەممە تۈرلىرى بىردەك ئەمەل قىلىدىغان ئاساسىي پرىنسىپ سۈپىتىد-

① فارابى: «شېئىرىيەت ھەققىدە» ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە، ئىجتىمائىي پەن قىسمى)باسقان تەرجىمە نۇسخىسى، 1984، 2 ـ سان، 60 ـ بەت.
② يۇقىرىقى ئەسەر، 59 ـ بەت.

ده ئىزاھلاپ ، «شېئىرىيەت سەنئىتىنى بېزەيدىغان نەرسىلەر سۆز ـ مۇلاھىزىلەر بولسا ، رەسساملىق سەنئىتىنى بېزەيدىغان نەرسە بوياقلار ھېسابلىنىدۇ . بۇلارنىڭ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا پەرق بار . ئەمما ئىك- كىلىسىمۇ ئادەملەر تەسەۋۋۇرى ۋە سەزگۈلىرىدە بىر مەقسەتكە ـ تەقلىد قىلىشقا يۆنەلگەن بولىدۇ . » ① دەيدۇ ۋە تەقلىد قىلىنغان شەيئىنىڭ ئەھۋالىنى بەدىئىي ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى سۈپىتىدە ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، تەقلىد قىلىنغان مەزمۇننى بەدىئىي ۋاسىتىلەر بىلەن ئىپادىلەشكە ماھىر بولۇشنى تە- كىتلەيدۇ . ئۇ بۇنىڭغا : «شېئىرىيەتتىكى سۆز بىلەن ئىپادىلەش ھەر- قانداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئۇنىڭ شېئىرىي تىل خۇسۇسىيىتىدە ماسلى- شىشى لازىم »لىقى ، «سۆز ئىبارىلەرنىڭ رىتىملىق بولۇشى لازىم » لىقى ، «سۆز ـ ئىبارە بۆلەكلىرىنىڭ مىقدارى ، رىتىم ، پۇراق ، سەبەب (ئىككى بوغۇملۇق ئىبارە ) ، ئۇتەتتەد (ئۈچ بوغۇملۇق ئىبارە ) نۇقتىنىزەرىدىن مۇقىم بولۇشى لازىم »لىقى ، «سۆز ـ ئىبارىلەر- نىڭ گارمونىك باغلىنىشىدا بولۇشى لازىم »لىقى قاتارلىقلارنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىدۇ . ②

فارابى ئۆز زامانىسىنىڭ مۇتەپەككۇر شائىرى بولۇپ ، چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە بىرمۇنچە پەلسەپىۋى شېئىرلارنى يازغان . فارابىشۇناس ئەلى مەھفۇز فارابىنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنىڭ ئىبنى ئوسەيبە ، ئىبنى خەللىكان قاتارلىق بىر قىسىم ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىگە كىر- گۈزۈلگەنلىكىنى ئېيتقان . فارابىنىڭ بەزى شېئىرلىرى ۋە ئاھاڭلى- رىنى مەۋلەۋى ئېقىمدىكىلەر ئارىسىدىن ھېلىمۇ تېپىش مۇمكىن . ③

---

① فارابى: «شېئىرىيەت سەنئىتى قانۇنلىرى ھەققىدە رىسالە»، يۇقىرىقى ژۇرنال، 1983، 4 ـ سان، 49 ـ بەت.

② ئا. مۇھەممەد ئىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى سىستېمىسى»، 226 ـ ، 227 ـ بەتلەر.

③ يۇقىرىقى ئەسەر، 232 ـ بەت.

فارابى شېئىرلىرىدا ئۇنىڭ ناتۇرال فانتېئىزىم ئاساسىغا قۇرۇل-غان پەلسەپىۋى قاراشلىرى، گۇمانىزىم ئىدىيىلىرى، كۆچلۈك مەرد-پەتپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى، ئىلىم - پەنگە بولغان تەشنا-لىقى چوڭقۇر پەلسەپىۋى مۇلاھىزە، گۈزەل ئوبرازلىق ئىبارە ۋە ئوخشىتىشلار ئارقىلىق يارقىن ئىپادىلىنىدۇ: ①

«رب الجوار الكنس السبغ التي ان
نجست عن الكون انحباس الابهر
همن الفواعل عن مشيته التي
عمت محائلها جميع الجوهر
احبحت ارجوالخير منك و امتري
زحلا و نفس عحارد و المشترى»

تەرجىمىسى:

«يەتتە يۇلتۇز كائىناتتا مەنبە نۇر رەببىنىنا،
مىسلى كۆكتە يەتتە دەريا تىزمىسىدەك دائىما.
ھەر بىرى سەييارىنىڭ سىمائى بىر ئامىل ئۇنىڭ،
ماددا - جەۋھەر خىسلىتى بىر ئەسلى ھەم جەمدۇر ئاڭا.
ئەي زۇھەل ھەم ئاتارۇد ھەم مۇشتەرى شەيئىلىرى،
مەن قىلۇرمەن ياخشىلىق ئىزدەپ ھامان سۆھبەت ساڭا.»

فارابى بۇ شېئىرىدا ئەينى زاماندا يەتتە پلانېتا ھېسابلانغان يەتتە يۇلتۇز ② نىڭ ھەر بىرى بىر زات (ئۇنسۇر)غا سىيما ئىدكەنلى--

① فارابى شېئىرلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1981 - يىل 4 - سانىدا ئابدۇشۇ-كۇر مۇھەممەد ئىمىنىنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن ئېلان قىلىنغان. مەزكۇر ئەسەردە ئەنە شۇ تەرجىمىسى ئاساس قىلىندى.

② بۇ يەتتە يۇلتۇزنى قەدىمكى ئۇيغۇرلار ياشىق (كۈن، قوياش)، يالچىق (ئاي)، سەكىزىتىر (ساتۇرن)، ئوگاي (يۇپىتېر)، كورۇد (مارس)، سەۋست (ۋېنېرا) ۋە ئارزۇ (مېركورىي) دەپ ئاتىشاتتى.

كـەنـى ، بۇ زاتلارنىڭ ئوت ـ ھاۋا ، سۇ ۋە تۇپراقتىن ئىبارەت تۆت جەۋھەر (تۆت «تادۇ» ـ تۆت ماددا )دىن تەشكىل تاپقانلىقىنى تەكىتـ لەيدۇ . ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان قەدىمكى تۈركىي تىللىق ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ تەبىئەت قاراشلىرى ۋە ئۇنىڭ نېگىزى بولغان ئاسترونو- مىيىلىك قاراشلىرىنى روشەن ئىپادىلەپ ، ئۇ خەلقلەر نەزىرىدە ياخشىـ لىق (نىسبىي ياخشىلىق ) ، نىسبىي خۇشاللىق ، بەخت ـ سائادەت ، ئىقبال ـ پاراغەت سىمۋولى ھېسابلانغان زۇھەل ، مۇشتەرى ۋە ئاتارۇد يۇلتۇزلىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش ئارقىلىق ، ئۆزىنىڭ ئىنسانىيەتكە ياخشىلىق تىلەشتەك گۇمانىزملىق ئىدىيىسىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ . قىسقىسى ، فارابى يۇقىرىقى شېئىرىدا ئۆزىنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى مەسىلىلىرىدىكى پانتېئىزملىق ئىدىيىسىنى كۈچلۈك نامايان قىلغان بولۇپ ، ھەربىر يۇلتۇزنى بىر زاتقا (ئوت ، سۇ ، تۇپراق ، مېتال ، ياغاچ قاتارلىق بەش ئېلېمېنتقا ) سىيما سۈپىتىدە ئالغانلىقى ئۇنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرىدا ئېلېمېزنىڭ قەدىمكى «بەش ئېلېـ مېنت »قاراشلىرى تەسىرىنىڭمۇ چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

فارابىنىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى ئىلمىي پائالىيەت ۋە ئىزدىنىشلىرىـ نىڭ ئوبرازلىق تەسۋىرلىرى بولغان تۆۋەندىكى شېئىرىدىن ئۇنىڭ قەيسەر ، تىرىشچان ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن تولغان ئۇلۇغۋار روھىنى ئوچۇق كۆرۈۋېلىش مۇمكىن :

«بز جاجتين و هع عمري
وعليهما عولت امري
فز جامه ملئت مخبر
وز جامه ملئت بخمر
قبدي ادون حكمتي
وبدى ازبل هموم حىدري »

تەرجىمىسى :

«ئىككى شىشە جام بىلەن بولدى مېنىڭ ئۆمرۈم ئادا،
ھەممىلا ئەشغۇللۇقمنى تولدۇرۇپ قويغان ئاڭا .
بىر قەدەھتە قاپقارا تۇرسا سىياھىيم لىپمۇلىپ ،
ئۆزگىدە پەيۋەند بولۇپ تۇرغان شارابىمدۇر يانا .
بىرسىگە تولدۇرغىنىم گەر بولسا ھېكمەت گەۋھىرى ،
بىرسىدىن غەم - قايغۇنى يۇدۇم پۈتۈن قەلبىم ئارا .»
فارابى ئېيتقان «سىياھ بىلەن تولغان قەدەھ» ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى ئىلىم - پەن پائالىيەتلىرىنىڭ يىغىنچاق بەدىئىي تەسۋىرى بولسا، «ئۆزگە (باشقا) قەدەھتە تۇرغان شاراب» ئۇنىڭ ھاياتقا بولغان پاك مۇھەببىتى، ئۇلۇغۋار غايە، قەيسەر ئىرادىسىنىڭ مەجازى ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئوبرازلىق ئىپادىلىنىشى ئىدى.
ئۇ ئۆزىنىڭ بىر شېئىرىدا :
«ملت وايم الله نفسي نفسي
يا جىدا يوم حلول رمسي
اول سعدي وزوال نحسي
از كل جنس لا حق بالجنس
تەرجىمىسى :
«قەسەم بىللا ھاياتلىقتىن بىزارمەن، كۆڭۈلسىز ئەمدى،
بەئەينى ئوق كەبى تەندىن چىقار جان ۋاقتى تېز ئەمدى .
بەخت باشلانسا يەتكەيلەر زاۋاللىققا بەختسىزلىك ،
تەبىئەت جىنسىمىزغا ئۆز جىنسىمىزغا قايتقۇمىز ئەمدى .»
دەپ ئۇلۇم روھىنىڭ باشقا ئالەمگە قايتىپ كېتىشى بولماستىن تەبىئەت جىنسلىرىنىڭ تەبىئەتكە قايتىشى ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۇرۇش ئارقىلىق، ماددىنىڭ مۇتلەقلىق ۋە مەڭگۈلۈكلۈكى ھەققىدىكى ئىلغار قاراشلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسا،
«احرار وجود خام پخته بمد

و ان گوهربس شريف ناسفته بماند
هركس بدليل عقل چيزى كفتهاند
ان نكته كه احىل بود ناگفته بماند»

تەرجىمىسى :

«پىشمايىن سىرى ۋۇجۇد خام قالدى ئالەم ئۆزپېتى ،
ياتېشىلمەي گۆھىرى ھەم قالدى ئالەم ئۆزپېتى .
گەر ئەقىل يورۇق چېچىپ مەنە ئېيتسمۇ ھەركىم ئاڭا ،
ئەسلىي چىن تەسۋىرىدىن كەم قالدى ئالەم ئۆزپېتى .»

دېگەن مىسرالىرىدا ئۆزىنىڭ ئالەم قانۇنىيەتلىرىنى تېخى ئېچىپ بولالمىغانلىقىنى كەمتەرلىك بىلەن ئېيتىپ ئۆتىدۇ . ئالەم سىرلىرى ـ قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىش يولىدىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ تېخى خام ، ئىنسانىيەت تەلىپىدىن يىراق ئىكەنلىكىنى ئېيتىش ئارقىلىق ، بۇ ئۇلۇغۋار ئىشنى ئەۋلادلارنىڭ ئورۇنلىشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى ئۈمىدىنى ئۆزگىچە بىر بەدىئىي شەكىل ئارقىلىق ئىپادە قىلىدۇ .

فارابى ئۆز يۇرتى ـ ۋەتىنىنى ئۆمۈربويى ئۇنتۇمىغان ، ۋەتەنگە بولغان مېھرى ـ مۇھەببىتىنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا پۈككەن ، ۋەتەن ئىشقى ئۇنىڭغا دائىم يار بولغانىدى . تۆۋەندىكى شېئىرى بۇنىڭ جانلىق مىسالىدۇر :

«مان تقباعد جسمي عن‌لقائكم
الا وقلبي اليكم شيق عجىل
وكيف يقحد مشتاق يحركه
اليكم الباغشان الشوق و الامل
فان نهحىت فمالي غيركم وهىن
وكيف ۋاك و مالي عندكم بدل
وكم تحر حس لي الا قوام قبلكم
يبتا دنون على قلبي قما وحىلوا»

تەرجىمىسى :

«چەكسىمۇ زەخمەت ـ مۇلاقەت سىز تەرەپتىن تەندە جان،
سىنە ـ قەلبىم سىز تەرەپكە تەلپۈنۈپ شەيدا هامان.
ئولتۇرالماسمەن ئىزىمدا زوق، ئۈمىد ئىككى سەۋەب،
قوزغىتىپ تارتىپ مېنى تۇرغاچقا هەردەم سىز تامان.
قوزغىلىپ چىقسام ئىزىمدىن سىزدىن ئۆزگە يوق ۋەتەن،
يا ئىزىمغا قويغىلى يوق بىر بەدەل مەن ئوخشىغان.
سىزدىن ئەۋزەلرەك دىيار ـ ئەل گەر تەئەررىز قىلسىمۇ،
ئىلكىگە قەلبىمنى ئالماق ئىشقا ئاشماس هېچقاچان.»

فارابىنىڭ مۇزىكاشۇناسلىق جەهەتتىكى ئاجايىپ زور ئىلمىي ئەمگىكى ئوتتۇرا ئەسىر ۋە هازىرقى زامان ئالىملىرى، فارابىشۇناسلىرى تەرىپىدىن ئالاهىدە ئاتاپ ئۆتۈلگەن ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. ئۇ مۇزىكىشۇناسلىققا دائىر «كىتابۇل مۇسقۇل كەبىر» («مۇزىكا هەققىدە بۈيۈك كىتاب»)، «كالام فى مۇسىقۇل» («مۇزىكا توغرىسىدا»)، «رىسالەئى مۇغەننىيۇن» («سازەندىلەر رىسالىسى»)، «كىتاب فى ئېهسالۇلىقا» («رىتىملارنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى هەققىدە»)، «كالام لەهۇفى ئەننەقىلە مۇزافەن ئىلە ئۇلىقا» («ئۆلچەملىك رىتىملاردا ئۇدارلارنىڭ مەركەزلىشىشى توغرىسىدا») ئوخشاش بىرقاتار ئەسەرلەرنى يازغان. «پەنلەرنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى»كىتابىدا مۇزىكىشۇناسلىق هەققىدە مەخسۇس ماۋزۇ ئاجراتقان. «مۇزىكا هەققىدە بۈيۈك كىتاب» فارابىنىڭ مۇزىكاشۇناسلىققا دائىر ئەڭ نوپۇزلۇق ئەسىرى بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە مۇزىكا نەزەرىيىسى ۋە مۇزىكا تارىخىدىن ئىبارەت ئىككى كىتابقا بۆلۈنگەن. ئۇنىڭ 1 ـ كىتابى مىلادىيە 1930~1935 ـ يىللىرى فرانسۇز ئالىمى ئېرلانگېر تەرىپىدىن پارىژدا فرانسۇز تىلىدا ئىككى توم قىلىپ نەشر قىلىنغان. ئەسەرنىڭ 2 ـ كىتابى يوقالغان.①

① ئا. مۇهەممەد ئىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، 285 ـ بەت.

فارابى پۈتۈن ھاياتىنى ، بارلىق زېھنى قۇۋۋىتىنى ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا ، خەلق مەنپەئەتى ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسىگە بېغىشلىغان ئىدى . ئۇنىڭ تەلىماتلىرى ناتۇرال پانتېئىزم ئاساسىغا ، باشقىچە ئېيتقاندا ، تەبىئەت ۋە تەڭرى بىردەكلىكى كۆز قارىشى ئاساسىغا قۇرۇلغان ، مۇھىم تەركىبىي قىسىملىرىدا ئۆزىگە خاس بىرقاتار نۇقسانلار مەۋ- جۇت بولسىمۇ ، لېكىن بۇ تەلىماتلار ئارىستوتېل تەلىماتلىرىدىن كەڭ ، چوڭقۇر ۋە كۆپ تەرەپلىمە ئىدى . خۇددى مۇزەپپەر خەيرۇللا- يېۋنىڭ ئېيتقىنىدەك : «فارابىنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى ئارىستوتېل- نىڭ ئادەتتىكى سىستېمىسىدىن ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ ، ئۆز دەۋرىدىكى بارلىق ئاكتۇئال مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان . فارابى ئەسەرلىرىدە پەلسەپە ، بىلىش مەسىلىلىرى ، لوگىكا ، پسىخولوگىيە ، جۈملىدىن ئىنساننىڭ تەبىئەت بىلەن ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ۋە ئايرىم كونكرېت پەنلەرگە ئائىت پەلسەپىۋى مەسىلىلەرنىڭ بىرقاتار زور پرىنسىپلىرى يورۇتۇلغان » ئىدى . ①

بۈيۈك ئالىم ، مۇتەپەككۇر ئەبۇنەسىر فارابى ئاجايىپ نادىر ، مول ، ئېچىش خاراكتېرلىك تۆھپىلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر جاھان ئىلىم - پەن ، مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇپ كەتتى . فارابى تەلىماتلىرى مىلادىيە 10 ~ 12 - ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت گۈللىنىشىنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىللىرى ئەبۇ- رەيھان بىرۇنى (مىلادىيە 973~ 1048 ) ، ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا (مى- لادىيە 980~ 1037 ) ، ناسىر خىسراۋ (مىلادىيە 1004~ 1088 ) ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ (مىلادىيە 1018~ 1085 ) دۇنيا قاراشلىرىغا ئوخشاشمىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن . ئىبن سىنا ئوخشاش ئالىملار فارابىنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتقان بولسا ، غەربىي ياۋرۇپادا (ئىسپانىيىدە ) يەھيا ئىبنى بەجە (مىلادىيە ؟~ 1138 ) ، مۇھەممەد

---

① م. خەيرۇللايېۋ: «فارابى ۋە تەلىماتى»، 148 ـ بەت.

ئىبنى رۇشىد (مىلادىيە 1126～1198 ) قاتارلىق ئالىملار فارابى
تەلىماتلىرىنىڭ ئىزچىل راۋانلاشتۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ياۋرۇپاغا تەسىر
كۆرسىتىشى يولىدا مۇھىم خىزمەت كۆرسەتتى .

**ئىمادىددىن قەشقەرى :** مىلادىيە 10 ـ ئەسىر باشلىرىدا
قەشقەر «ساجىيە »مەدرىسىدە يېتىشىپ چىققان بۇ ئالىم بولۇپمۇ تېبا-
بەت ساھەسىدە ئۆز دەۋرىدە زور ئابرۇي قازانغان . ئۇ بىر تەرەپتىن ،
ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنانىڭ تېبابەت ئىلمىنى داۋاملاشتۇرغۇچى بولسا ،
يەنە بىر تەرەپتىن ، قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تېبابىتىنىڭ ئۇتۇقلىرى-
نىمۇ تەتقىق قىلىپ (ئۇ بۇ ھەقتە «چوپى چىنى رىسالىسى »ناملىق
ئەسەر يازغان ) ، ئۇيغۇر تېبابىتىنى قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تېبابە-
تى ئۇتۇقلىرى بىلەن بېيىتىپ ، تىبابەت ساھەسىدە ناھايىتى يۇقىرى
سەۋىيە ياراتقان . ئىمادىددىن قەشقەرى تەرىپىدىن يېزىلغان «شەرھى
ئەلقانۇن »ناملىق داڭلىق ئەسەر قاراخانىيلار تەرىپىدىن دۆلەتنىڭ
ساقلىقىنى ساقلاش دەستۇرى قىلىپ بېكىتىلگەن .
بۇنىڭدىن تاشقىرى ، ئىمادىددىن قەشقەرى ئەبۇبەكرى مۇھەممەد
رازىنىڭ «دائىرەتۇلمە ئارىف تىببىيە » ، «كىتابۇششاھىد » ، «كىتا-
بۇلھاۋى »قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ، ئىبىن سىنانىڭ «ھېكمەتۇل .ەلا » ،
فارابىنىڭ «ئېھسالۇل ئۇلۇم »دېگەنگە ئوخشاش ئەسەرلىرىنى شەرھلەپ
ئەسەر يېزىپ ، ھەرقايسى جايلاردىن قەشقەرگە كېلىپ ئىلىم تەھسىل
قىلغان شاگىرتلىرى ئارقىلىق بۇ ئەسەرلەرنىڭ پۈتۈن شەرق ئەللىرى-
گە تونۇلۇشىدا زور رول ئوينىغان . ئۇ يەنە «ساجىيە » مەدرىسە يېنىدا
تەسىس قىلىنغان دۆلەت شىپاخانىسىدا تېبابەت ساھەسىدە ، بولۇپمۇ
جەرراھلىق (خىرۇرگىيە )ساھەسىدە ئەمەلىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ۋە
تېۋىپلارنى يېتىشتۈرۈپ ، ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمى ۋە تېببىي مائارىپ-
نىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس سالغان . .[1]

---

[1] ئىبراھىم مۇتئى: «ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا يېڭى كىرگەن دەۋردىكى ئىسلام مەدرىسلىرى»، «بۇ-
لاق» ژۇرنىلى، 1989، 3 ـ سان، 107 ـ بەت.

**هۈسەيىن ئىبنى خەلەف قەشقەرى :** مەھمۇد قەشقەرى «ئۇستازىم» [1] دەپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغان شەيخ ئىمام زاھىر هۈسەيىن ئىبنى خەلەف قەشقەرى ھەمىدىيە مەدرىسىدە ئۇزۇن مۇددەت مۇدەررىسلىك قىلغان . جامال قارشى بۇ زاتنى ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر ئىلاھىيەت ئالىمى ۋە مۇسەننىفى (يازغۇچىسى ) دەپ ئاتايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ قۇرئان تەپسىرلەپ ، ھەدىس شەرھلەپ يازغان ئەسەرلىرىنىڭ زور ھۆرمەت قازانغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ . تاجۇلئىسلام سەمئانىمۇ ئۆزىنىڭ «كىتابۇلئەنساپ» ناملىق ئەسىرىدە بۇ زاتقا يۇقىرى باھا بەرگەن . هۈسەيىن ئىبنى خەلەف قەشقەرى مىلادىيە 1093 ـ يىلى ۋاپات بولغان . قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ بىرقانچە خاقانلىرى بۇ زاتنى «دۇئاگۇيىمىز» دەپ ھۆرمەت قىلغان . [2]

«ھەززىتى موللام» ـ ـ مەھمۇد قەشقەرى تەزكىرىسى ھەققىدىكى ئەسلىمىدە ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ يۇقىرى مەلۇماتنى ئوپالدىن قەشقەرگە كېلىپ ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق ئۆلىمالىرىدىن ئالغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ ، [3] بۇنىڭدىن مەھمۇد قەشقەرى بىلىم ئالغان ھەمىدىيە مەدرىسىدە هۈسەيىن ئىبنى خەلەف قەشقەرىگە ئوخشاش كۆپلىگەن ئالىم ، ئۆلىمالارنىڭ ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن .

**جامالىدىن قەشقەرى :** مەزكۇر زاتمۇ مىلادىيە 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەردە ئۆتكەن داڭلىق مۇدەررىسلەرنىڭ بىرى . ئۇ ھەر خىل پەنلەردىن كەڭ مەلۇمات ئىگىسى بولغان ۋە قەشقەردە يېتىشىپ چىققان نۇرغۇن ئالىملارنىڭ ئۇستازى ھېسابلانغان .

① مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 456 ـ بەت.
② ئى. مۇتىئىنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ماقالىسى، 106 ـ بەت.
③ «مەھمۇد قەشقەرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1985، 65 ـ بەت.

**ئەبۇل قۇتۇھ ئابدۇلغاپپار ئىبن ھۇسەيىن:** (ۋاپاتى ھىجرىيە 486 - ، مىلادىيە 1093 - يىللار) ئالمىلىقتا (ھازىرقى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ قورغاس ناھىيىسى تەۋەسىدە) تۇغۇلۇپ، قەشقەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ ئىلاھىيە ئىلمى ۋە تارىخشۇناسلىق جەھەتلەردە تونۇلغان ئىقتىدار ئىگىسى بولغان ھەمدە «قەشقەر تارىخى» ناملىق ئەسىرى بىلەن خاقانىيە ئۆلكىسىدە چوڭ شۆھرەت قازانغان. ئەپسۇسكى، قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى گۈللەنگەن مەدەنىيەت مەركىزى قەشقەر ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇماتلار بىلەن تەمىن ئەتكۈچى بۇ ئەسەر بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. جامال قارشى «مۇلھەقات ئەل - سۇراھ» ئەسىرىدە «قەشقەر تارىخى» دىن ئۈزۈندىلەر ئالىدۇ.

**مەجىددىن مۇھەممەد ئىبن ئەدنانى:** تابغاچ خان ئىبراھىم ئىبن ئەل ھۇسەيىنگە (غەربىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانلىرىدىن بىرى، ۋاپاتى ھىجرىيە 597 - ، مىلادىيە 1201 - يىلدىن كېيىن) تەقدىم قىلىنغان «تۈركىستان تارىخى» ۋە «خىتاي تارىخى» نىڭ مۇئەللىپى. ئەسەرنىڭ بىرىنچىسىدە تۈرك يەرلىرى ۋە تۈركىي ھۆكۈمرانلىرى ھەققىدە، ئىككىنچىسىدە جۇڭگو ئىمپېراتورلىرى ھەققىدە سۆز بارىدۇ.[1] مەشھۇر تارىخچى ئاۋفى (ۋاپاتى مىلادىيە 1233 - يىل) بۇ ئەسەرلەر ئۈستىدە توختالغان ۋە ئۇنىڭدىن بەزى مەلۇمات، رىۋايەت - ئەپسانىلارنى ئالغان.

**مۇھەممەد ئىبن ئەلى ئەل - كاتىپ ئەس سەمەرقەندى:** غەربىي قاراخانىيلار خانلىقى سالجۇقىلار سۇلتانلىقىنىڭ سۇلتانى

---

① ۋ. بارتولد: «موڭغۇل ئىستىلاسىغا قەدەر تۈركىستان» (تۈركچە)، «كارۋان» نەشرىياتى، ئىستانبۇل، 1981، 25 - بەت.

سەنجەر ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە (مىلادىيە 1117 ـ 1157 ) سالجۇقىلار- نىڭ مەلۇم تەسىر دائىرىسى ئاستىغا چۈشۈپ قالغانىدى . مۇھەممەد ئەل ـ كاتىپ سەمەرقەندى ئەنە شۇ مەزگىلدە ياشىدى . ئۇ «ئەغرا رۇس سياسەت فى ئىلمى رىياسەت » ( «سىياسەت مەقسىتى ۋە رىياسەت ئىلمى » )ناملىق ئەسەر يېزىپ ، ئۇنى مىلادىيە 12 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇ- رىلىرىدا ھۆكۈم سۈرگەن غەربىي قاراخانىيلار خانلىقى خانى قىلىچ تابغاچ خان مەسئۇد ئىبن ئەلى نامىغا بېغىشلىغان . ئەسەردە بۇ رايوندا ئۆتكەن سۇلتان سەنجەر ۋە قىلىچ تابغاچ خانغىچە بولغان ھۆكۈمرانلار- نىڭ ھاياتى ھەققىدە ھېكايىلەر سۆزلىنىدۇ . ھازىر بۇ تارىخنىڭ قولىيازما نۇسخىسىنىڭ بارلىقى مەلۇم .[①]

**مۇھەممەد بىننى رەشىد بىننى ئەلى قەشقەرى :** (مىلادىيە 1083 ـ يىلى قەشقەردە ۋاپات بولغان ) مىلادىيە 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن مەزكۇر زات ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ كۆپ ئەسىر- لىك تەجرىبىلىرى ئارقىلىق توپلانغان ئۆسۈملۈك ، ھايۋانات ۋە مەدەنى- لەردىن ياسالغان تۈرلۈك دورىلار ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ھەق- قىدە ئىلمىي ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بېرىپ ، ئۆز دەۋرىدە تېبابەت ئىلمى بويىچە «ئەللامە » (يېتۈك ئالىم )سانالغان . ئۇ ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى- نىڭ ئاق كېسەل ، جىنسى ئاجىزلىقى ۋە كۆز خىرەلىشىش قاتارلىق كېسەللەرنى داۋالاپ ساقايتىش تەجرىبىلىرىنى ئۆزىگە زاماندىشى ئالىم- لاردىن مۇھەممەد ئىبن ئەلى زىكرىياغا تونۇشتۇرۇپ بەرگەن .[②]

**نىزامىي ئارۇزى سەمەرقەندى :** مىلادىيە 11 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا غەربىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مەركىزى سەمەر-

---

① يۇقىرىقى ئەسەر، 26 ـ بەت.
② ھاجى ئەھمەت: «دېڭىز ئۈنچىلىرى» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1983، 29 ـ بەت.

قەندتە تۇغۇلغان ، بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن گورخانلىرى خىزمىتىگە كەتكەن . ئۇ ئۆزىنىڭ «مەجمەئۇننەۋادىر » ( «نادىر ھېكايەتلەر » )نام- لىق مەشھۇر ئەسىرىنى مىلادىيە 1156~ 1157 ـ يىللىرى بامىياندا ، شەنسابىلارنىڭ كىچىك ھۆكۈمرانلىرى ھۇزۇرىدا پۈتۈپ ، گورخانلىقى شاھزادىلىرىدىن ئەبۇلھەسەن ھىسامىددىن ئەلىگە بېغىشلىغان . ئەسەر يېزىلغان مەزگىلدە گورخانلىقنىڭ «جاھان سوز »لەقەملىك مەشھۇر شاھى ئەلاۋۇددىن ھۇسەيىن تېخى ھايات ئىدى .

نىزامىي ئارۇزى سەمەرقەندىنىڭ «مەجمەئۇننەۋادىر »ناملىق ئە- سىرى ئاپتورنىڭ ئىلمىي ـ پەلسەپۋى قاراشلىرى بەدىئىي ئەدەبىيات ۋاستىسىدە ئىپادىلەنگەن نەسرىي ئەسەر بولۇپ ، ئەسەرنىڭ باش قىس- مىدا ئۇنىڭ كىمگە بېغىشلانغانلىقى ۋە بېغىشلانغۇچىنىڭ سۈپىتى ، نەسەبلىرى بايان قىلىنغان . مۇقەددىمىدە ئەسەرنىڭ يېزىلىش سەۋەبى ۋە مەقسىتى ئېيتىلغان . ئۇنىڭدىكى تۆت پەسىل ۋە بىر ھېكايەتتە ئاپتور ئۆزىنىڭ تەبىئەت ۋە ئىنسان ھەققىدىكى تەلىماتلىرىنى ئوتتۇ- رىغا قويغان . ئەسەر بىر (كاتىپ )لىك ، شېئىر ، يۇلتۇز ۋە تىب ئىلمىغا دائىر 4 پارچە ماقالىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، ئۇنىڭ قارىشىچە ، مەملىكەت ئىشلىرىنىڭ ياخشى بولۇشىدا بىرگە ، شاھ شۆھرىتى ۋە ئۇنىڭ نامىنىڭ تارقىلىشى شائىرغا ، تۇرمۇش تەدبىرلى- رىنىڭ ئوڭدىن كېلىشى مۇنەججىمگە ، بەدەن سالامەتلىكى تېۋىپقا باغلىق . ھەربىر ماقالىدە مۇئەللىپ تەرىپىدىن ئىلگىرى سۈرۈلگەن غايىلەر ، پىكىرلەر مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ھاياتىدىن ئېلىنغان مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر ھەمدە ھېكايەتلەر ھېكمىتى بىلەن مۇستەھكەملەنگەن بولۇپ ، ھەربىر ماقالىدە ئوندىن ئون ئىككىگىچە ھېكايەت بار . مۇ- ئەللىپ 2 ـ ماقالىنىڭ 1 ـ ھېكايىتىدە خاقانىيە (قاراخانىيلار ) سۇلالىسى نامىنىڭ لۇئلۇئىي ، كۇلابىي ، نەجىبىي پەرغانىي ، ئەمئەق بۇخارى ، رەشىدىي سەمەرقەندى ، نەجھارساغەرجىي ، ئەل بانىزىي ، پىسارى دەرغۇش ، ئەلى سىپىھرىي ، جەۋھەرى ، سوغرى پىشارى تې-

شه ، ئەلى شەترەنجلەر ئارقىلىق مەڭگۈ قالغانلىقىنى ؛ سەككىزىنچى ھېكايەتتە يۇقىرىدا ئاتالغان شائىرلاردىن كۇلابىي ، لۇئلۇئىيدىن باشقا شائىرلارنىڭ غەربىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ 4 ـ خانى خىزىر ئىبن ئىبراھىم (مىلادىيە 1080~1081 ـ يىللىرى ھاكىمىيەت يۈرگۈز-گەن )دەۋرىدە ئۇنىڭ ئوردىسىدا بولغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتۈش ئارقى-لىق بىزگە شۇ دەۋر ئەدەبىي ھاياتى ھەققىدە ئىنتايىن قىممەتلىك مەلۇمات قالدۇرۇپ كەتكەن . بىز بۇ مەلۇماتلاردىن شائىر ئەمئەق بۇخارىنىڭ ئەينى مەزگىلدە «ئەمىر ۇششۇئەرا» ( «شېئىرىيەت پادىشا-ھى» )ئۇنۋانىغا ئىگە بولغان مەشھۇر شائىر ئىكەنلىكىنى ، خىزىرخان ھۇزۇرىدىكى ياش شائىر رەشىدىي سەمەرقەندىنىڭ «سەيىدۇششۇئەرا» ( «شېئىرىيەت خوجىسى» )نامىغا نائىل بولغانلىقىنى ، بىر قېتىمقى ئوردا يىغىلىشىدا رەشىدىي سەمەرقەندىنىڭ بىر قىتئە بىلەن ئەمئەق بۇخارىنى مات قىلىپ تۆت تاۋاق دىنار مۇكاپات ئالغانلىقىنى بىلىمىز .

«مەجمەئۇننەۋادىر»ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خۇراسان خەلقلىرى ئىلىم ـ پەنى ، مەدەنىيىتى ، ئىستېتىكىلىق قاراشلىرى ، تارىخى ھەمدە شۇ دەۋردە ياشىغان بىر قىسىم يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىي ھاياتىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم مەنبە ھېسابلىنىدۇ . ھازىر ئەسەرنىڭ تۆت قولياز-ما نۇسخىسى بار بولۇپ ، بۇلاردىن ئىككىسى لوندوندىكى بىرىتانىيە مۇزېيىدا ، بىرى تېھراندا ۋە يەنە بىرى ئىستانبۇلدا ساقلانماقتا . مىلادىيە 1432 ـ يىلى ھىراتتا كۆچۈرۈلگەن ۋە ھازىر ئىستانبۇلدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخا ئەڭ نوپۇزلۇق نۇسخا ھېسابلىنىدۇ . ئەسەرنى ئۆگىنىش ۋە نەشر قىلىش ئىشى تۇنجى قېتىم مىلادىيە 1899 ـ يىلى ئېنگلىز ئالىمى ئىدۋارد بىرون تەرىپىدىن ئورۇندالغان (1921 ـ يىلى ئۇ 2 ـ قېتىم قايتا تۈزىتىپ نەشر قىلدۇردى ) . ئۇندىن كېيىن بۇ ئەسەر پارس ، ئوردۇ ، ئوسمانلى تۈرك تىللىرىدا ، مىلادىيە 1963 ـ يىلى رۇس تىلىدا ، 1985 ـ يىلى ئۆزبېك تىلىدا نەشر قىلىندى .

مىلادىيە 961 ـ يىلى نىشاپوردا تۇغۇلۇپ ، مىلادىيە 1038 ـ

يىلى ۋاپات بولغان ئەبۇمەنسۇر ئەس سالىبىنىڭ مىلادىيە 995~1000 - يىللار ئارىلىقىدا تاماملىغان تۆت قىسىملىق «يەتىمەت ئەد دەھىر» (تولۇق ئىسمى : «يەتىمەت ئەد دەھىر فى مەھاسىن ئەھل ئەسىر» — «ئەسىر ئەھلىنىڭ پازىللىرى ھەققىدە زامانىنىڭ دۇردانىسى» )ناملىق ئەسىرى ئەينى دەۋر ماۋەرائۇننەھر ۋە خۇراسان ئەدەبىي ھاياتىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم مەنبە ھېسابلىنىدۇ . ئەسەرنىڭ 4 - قىسمىدا بۇخارادا ياشاپ ، ئەرەب تىلىدا ئىجاد قىلغان ئەدىبلەردىن ئون بىرى تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ ، ئۇلار ئەبۇ ئەھمەد ئىبن ئەبۇ بەكىر ئەل كاتىب ( ۋاپاتى مىلادىيە 940~945 - يىللار ) ، ئەبۇ تەييىب ئەت تاھىرى ، ئەبۇ تەييىب مۇھەممەد ئىبن ھاتىم ئەل مۇسئەبى ، ئەبۇل ھۇسەيىن مۇھەممەد ئەل مۇرادى ، ئەبۇل پازىل ئەس سۇككارى ئەل مەرۋەزى ، ئەبۇ تالىب ئابدۇسالام ئىبن ئەل ھۇسەيىن ئەل مەئمۇنى ، ئەبۇ ئابدۇللاھ زەرىر ئەل ئابىۋەرى ، ئەبۇل ھەسەن ئەل مۇئەمەل ، ئەبۇل قاسىم ئەش شەجەرى ، بەدىئۇززەمان ئەل ھەمەدانى ، ئەل فەتىھ ئەل بۇستى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت . [1] «يەتىمەت ئەد دەھىر» مىلادىيە 1955~1958 - يىللىرى قاھىرەدە ، 1976 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىندى .

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە يەنە «كەشفۇل ئەسرار» ( «سىرلارنىڭ ئېچىلىشى» ) ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى مەۋلاناھاشىم يەركەندى دېگەن ئادەمنىڭ ئۆتكەنلىكى مەلۇم .

مەزكۇر ئاپتورنىڭ بۇ ئەسىرى ئاسترونومىيە ئىلمىغا بېغىشلانغان بولۇپ ، يەنە ئۆز زامانىسىنىڭ كالېنداردىن نەمۇ خەۋەر بېرىدۇ . ئۇ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ، 260 بەتلىك خېلىلا چوڭ ھەجىمدىكى ئىلمىي ئەسەردۇر . [2]

---

① «ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخى»، 1 - توم، ئۆزبېكستان «فەن» نەشرىياتى، 1977، 93~104 - بەتلەر.

② شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1988، 115 - بەت.

بۇ دەۋردە يەنە ماۋەرائۇننەھر رايونىدا ئەبۇ سەئىد ئابدۇراھمان ئىبن مۇھەممەد ئەل ئىدرىسى (ۋاپاتى 1015 ـ يىل )نىڭ «كىتابۇل قەندھى تارىخى سەمەرقەندى » ناملىق ئەسەر يازغانلىقى ، سوزان سەـ مەرقەندى (ۋاپاتى 1173 ـ يىل )قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئۆتكەنلىكى مەلۇم .[1]

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ، مەھمۇد قەشقەرىگە ئوخشاش مەشھۇر ئەدىبلەردىن بۇرۇن تۈركىي كىشى ئەيلاـ قى ، چۈچۈ دېگەن شائىرلار ئۆتكەن . چۈچۈ ئىسىملىك شائىرنىڭ بولغانلىقىنى بىز م . قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك » ناملىق قاـ مۇسىدىن بىلىمىز .[2] لېكىن ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى توغرۇلۇق مەلۇمات يوق .

تۈركىي كىشى ئەيلاقىنىڭ مىلادىيە 10 ـ ئەسىردە بۈيۈك شائىر روداكىيغا زاماندىش بولغانلىقى ئېنىق . بۇ شائىرنىڭ 8 مىسرا شېئىـ رىدىن باشقا ئەسەرلىرى مەلۇم ئەمەس .[3]

① غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تىزىس»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1987، 65 ـ بەت.

② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 ـ توم، 327 ـ بەت.

③ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، قازاقىستان س س ر «نائۇكا» نەشرىياتى، ئالمۇتا، 1983، 13 ـ بەت.

# مەھمۇد قەشقەرى ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»

## ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى

ئاتاقلىق ئېنسىكلوپېدىك ئالىم، تىل ـ ئەدەبىياتشۇناس مەھمۇد قەشقەرى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مىلادىيە 10 ~ 11 ـ ئەسىرلەر ۋە ئۇنىڭدىن ئاۋۋالقى مەزگىللەردىكى تىلى، بەدىئىي ئەدەبىياتى، ئېتنوگرافىيەسى، تارىخى ۋە جۇغراپىيىسى ھەققىدە مەلۇمات بەرگۈچى قىممەتلىك ئەسىرى «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك» («تۈركىي تىللار دىۋانى»، تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «دىۋان» دېيىلىدۇ) ئارقىلىق ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا ھۆرمەتلىك ئورۇن تۇتىدۇ.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تولۇق ئىسمى مەھمۇد ئىبنى ھۇسەيىن ئىبنى مۇھەممەد بولۇپ، ئۇ «دىۋان»دا نەسەبى توغرىسىدا مۇنۇلارنى يازىدۇ: «ئەمدى مۇھەممەد ئوغلى ھۇسەيىننىڭ پەرزەنتى مەھمۇدنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغايسىز»[①] «بىزنىڭ بۆۋىلىرىمىز بولغان ئەمىرلەرنىڭ «خمير hamir» دېيىلىشى ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن، چۈنكى ئوغۇزلار «امير amir» دېيەلمەيدۇ، «ا ـ ئېلىف»نى «خ — h»غا ئالماشتۇرۇپ «خمير hamir» دەيدۇ. شۇڭا تۈرك ئەللىرىنى سامانىي ئوغۇللىرىدىن ئالغان بۆۋىمىزنى «خمير تكين hamir tagin» دەپ ئاتايدۇ»[②].

بىرمۇنچە ئالىملار، جۈملىدىن ئۇملىئان پرىتساك مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋان»دا ئۆز نەسەبى توغرىسىدا ئېيتقانلىرىنى ۋە «ئۇيغۇر»

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللاردىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل، 1 ـ توم، 1 ـ بەت.

② يۇقىرىقى ئەسەر، 1 ـ توم 152 ـ بەت

سۆزىگە بەرگەن يۇقىرىقى مەلۇماتىغا ئاساسلىنىپ، شۇنداقلا، ئىبنۇل-ئەسىرنىڭ قاراخانىيلار جەمەتى ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتىنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق، ھىجرىيە 389 - (مىلادىيە 992 - ) يىلى بۇخارانى ئالغان ئەبۇلھەسەن ھارۇن بىننى سۇلايمان خوتەننى ئالغان يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ئاتىسى ئىكەنلىكىنى، يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ئوغ-لى مۇھەممەد بۇغراخان مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بوۋىسى ئىكەنلىكىنى، مۇھەممەدنىڭ چوڭ ئوغلى ھۇسەيىن بىننى مۇھەممەد مەھمۇد قەشقە-رىنىڭ ئاتىسى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قاراخانىيلار جەمەتىدىكى ئورنى ئىلمىي جەھەتتىن ئىس-پاتلاپ چىقىلدى.① .

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بوۋىسى مۇھەممەد بۇغراخان يۇسۇپ قادىر-خاننىڭ 2 - ئوغلى بولۇپ، ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا خان ئۇرۇقىنىڭ يۇرتى بولغان ئوپال دىيارى ھەدىيە قىلىپ بېرىلگەن. يۇسۇپ قادىرخان ۋاپات بولۇپ چوڭ ئوغلى سۇلايمان تەختكە ۋارىس بولـغانـدىن كېـيىن، ھىجرىيە 435 - (مىلادىيە 1043~1044) يىلى يۇسۇپ قادىرخان جەمەتى قەشقەردە ئۆتكۈزۈل-گەن قۇرۇلتايدا مىراس (ئۇلۇش) تەقسىم قىلغاندا، تالاس ۋە ئىسپى-جاپ تەرەپلەر مۇھەممەد بۇغراخانغا بۆلۈپ بېرىلگەن. مۇھەممەد بۇغ-راخان ئوغلى ھۇسەيىننى بارسغان ئەمىرى قىلىپ تەيىنلىگەن. ئې-لىمىز ئالىملىرى بەزى چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ «دىۋان» دىكى «با-رسغان - مەھمۇدنىڭ ئاتىسىنىڭ شەھىرى»② دېگەن سۆزنى خاتا ئى-زاھلاپ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ دادىسىنى، جۈملىدىن مەھمۇد قەشقە-رىنىڭ ئۆزىنىمۇ بارسغانلىق قىلىپ قويغانلىقىغا قارىتا مۇلاھىزە

---

① ئىبراھىم مۇتىئى: «‹مەھمۇد قەشقەرى› رومانىنىڭ نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن»، «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىنىڭ 1995 - يىل 1 - ئىيول سانى، ئى. مۇتىئى بۇ يەردە ئۇملىئان پرتساكنىڭ «مەھمۇد قەشقەرى كىمدۇر» ناملىق ماقالىسىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

② «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم، 569 - بەت.

يۈرگۈزۈپ ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قايسى قەبىلىگە مەنسۇپلۇقى ، يۇرتى ھەققىدە ئايرىم ماۋزۇلاردا توختالدى ھەمدە «دىۋان»دىكى :

«قۇش ياۋۇزى ساغىزخان ،
يىغاچ ياۋۇزى ئازغان ،
يەر ياۋۇزى قازغان ،
بۇدۇن ياۋۇزى بارسغان .» .[①]

(قۇشنىڭ ئەسكىسى سېغىزخان ، ياغاچنىڭ ئەسكىسى ئازغان ،
يەرنىڭ ئەسكىسى قازغان ، خەلقنىڭ ئەسكىسى بارسغان . )

دېگەن قوشاقنى مىسال ئېلىش ئارقىلىق ، «ئەگەر مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئاتىسى ياكى ئۆزى بارسغانلىق بولىدىغان بولسا ، بارسغانلىقلارنى مەسخىرە قىلىدىغان بۇ قوشاقنى ‹دىۋان› غا كىرگۈزمىگەن بولاتتى» دەپ كۆرسەتتى . ئى . مۇتىئى ماقالىسىدا يەنە «ھودۇدۇلئالەم»نىڭ قارلۇقلار ھەققىدىكى قىسمىدىن نەقىل كەلتۈرۈلۈپ ھەمدە ۋېي لياڭتاۋنىڭ قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتى ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر خان جەمەتىنىڭ داۋامى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققانلىقى ئاساس قىلىنىپ ، مەھمۇد قەشقەرى مەنسۇپ بولغان قەبىلىنىڭ توققۇز ئوغۇز قەبىلىسى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلدى .[②]

ھالبۇكى ، مىلادىيە 7 ~ 9 ـ ئەسىرلەردىكى تۈركىي قوۋملىرىنىڭ چوڭ كۆچۈشى ، كەڭ كۆلەمدە ئولتۇراقلىشىشى ۋە شەھەرلىشىشى ؛ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ چوڭ قوشۇلۇشى ؛ مەركىزىي ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىدىكى تۈركلىشىش ۋە ئۇيغۇرلىشىش جەريانى داۋامىدا ، ئەسلىدىكى «توققۇز ئۇيغۇر» ۋە «توققۇز ئوغۇز» قەبىلىلەر

---

① يۇقىرىقى ئەسەر، 1 ـ توم، 571~ 572 ـ بەتلەر

② ئى. مۇتىئى: «‹مەھمۇد قەشقەرى›رومانىنىڭ نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن»، پەرھات جىلان: «مەھمۇد قەشقەرىنىڭ يۇرتى ھەققىدە»، («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1997 ـ يىللىق 3 ـ سان)قاتارلىق ماقالىلەردىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلارغا قارالسۇن.

ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىدىكى بىر قىسىم جەڭگىۋار قەبىلىلەر ئۆزىنىڭ ھەربىي ـ سىياسىي ئۈستۈن-لۈكىدىن پايدىلىنىپ ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىن ئىسسىقكۆل ، ما-ۋەرائۇننەھرگىچە بولغان كەڭ زېمىندا ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىدىن كېيىنكى يەنە بىر ئۇيغۇر دۆلىتى ـ قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇر-غان ، ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدىكى تۈركىي تىلنى ئومۇملاشتۇرغان بول-سىمۇ ، لېكىن بىرخىل ئالاھىدە بولغان مىللەت ۋە تىل ئۇقۇمى بۇ سۇلالە تەۋەسىدە ئاساسىي ئورۇن تۇتتى . ئۇ بولسىمۇ «تۈرك» ئېتنو-نىمىنىڭ «ئۇيغۇر» ئېتنونىمىنىڭ ئورنىدا ، «تۈرك تىلى» دېگەن نام-نىڭ «ئۇيغۇر تىلى» دېگەن نامنىڭ ئورنىدا ئىستېمال قىلىنىپ ، ئومۇملاشقانلىقى بولدى . قاراخانىيلار سۇلالىسىنى تەشكىل قىلغان «غەربىي ئۇيغۇرلار» بۇ ئارقىلىق ، بىرىنچىدىن ، بۇ زېمىندا ئەزەلدىن ياشاپ ، كېيىن تۈركلەشكەن ۋە ئۇيغۇرلاشقان «تۈرك» نامىدىكى قوۋملار بىلەن نام جەھەتتىن بىردەكلىكنى ساقلىدى . ئىككىنچىدىن ، بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنى قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىدىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار ( «تات»لار )دىن پەرقلەندۇردى . بىرقانچە ئەسىر داۋامىدى-كى چوڭ قوشۇلۇش نۇرغۇن ئەسىرلەر داۋامىدا يارىتىلغان تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىق مەدەنىيىتىگە يېڭى ھاياتىي كۈچ ، تەرەققىيات پۇرسىتى بەخش ئەتتى . قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى بۇ خىل تەرەققىياتنىڭ يېڭى پەللىسىنى ھاسىل قىلدى . نەتىجىدە ، مەر-كىزىي ۋە چوڭ شەھەرلەردە قەبىلە ئېڭى پەيدىنپەي ئاجىزلىشىپ ، بىرلىككە كەلگەن مىللەت ئېڭى ۋە ئەدەبىي تىل ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلى-دى . بۇ خىل ئەھۋال «دىۋان»دا ئالاھىدە ئەكس ئەتكەن بولۇپ ، ئەسەرنىڭ ھېچبىر يېرىدە ئاپتور ئۆزى مەنسۇپ بولغان قەبىلىدىن سۆز ئاچمىغان ھەمدە ئۆزىنىڭ ھېچقانداق قەبىلە ئېڭى ۋە قارىشىنىمۇ ئىپادىلىمىگەن .

مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان»دا «ئوپال» ، «ئازىغ»دېگەن يەر نام-

لىرىنى «بىزنىڭ يۇرتىنىڭ نامى»① دەپ، «ئازىغ»نىڭ يېنىدىكى «قاسى» دېگەن يەرنىمۇ «بىزدىكى بىر يەر نامى»② دەپ ئىزاھلاش ئارقىلىق، ئۆز يۇرتىدىن ناھايىتى ئېنىق ئۇچۇر بەرگەن. مىلادىيە 1982 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، 1983 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىلىرى ئىبراھىم مۇتىئى، مىرسۇلتان ئوسمانوۋلار يېتەكچىلىكىدىكى بىر بۆلۈك ئىلمىي خادىملار قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسىدا ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، مەزكۇر يېزىدىكى «ھەزرىتى موللام مازىرى»نامى بىلەن كۆپ ئەسىرلەردىن بېرى ئۇلۇغلىنىپ كېلىۋاتقان مازارنىڭ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مازىرى ئىكەنلىكىنى، «دىۋان»دا يەنە «بىزنىڭ يۇرتىنىڭ نامى» دەپ تىلغا ئېلىنغان «ئازىغ» دېگەن يەرنىڭمۇ ئوپالدىكى بىر كەنت ئىكەنلىكىنى (بۇ كەنتنىڭ نامى كېيىن «قۇمباغ»قا ئۆزگىرىپ كەتكەن) ئىسپاتلاپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قەشقەردىكى ئوپال يېزىسىنىڭ «ئازىغ» (ھازىرقى قۇمباغ) كەنتىدە تۇغۇلغانلىقى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم بولدى.③

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. «ھەزرىتى موللام تەزكىرىسى»دىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلارغا ئاساسلانغاندا، مەھمۇد قەشقەرى باغدادتىن يۇرتى ئوپالغا قايتىپ كېلىپ 8 يىل مۇدەررىسلىك قىلغان، 97 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.④ مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا، ئۇ 89 يېشىدا يۇرتىغا قايتىپ

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 99 ـ، 86 ـ بەتلەر.
② يۇقىرىقى ئەسەر، 3 ـ توم، 310 ـ بەت.
③ بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئى. مۇتىئى، م. ئوسمانوۋلارنىڭ «تارىم»ژۇرنىلىنىڭ 1994 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا بېسىلغان «مەھمۇد قەشقەرىنىڭ يۇرتى، ھاياتى ۋە مازىرى توغرىسىدا»ناملىق ماقالىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.
④ مۇھەممەد ئىمىن ئەھمەد: «‹ھەزرىتى موللام تەزكىرىسى› توغرىسىدا ئەسلىمە»، «مەھمۇد قەشقەرى» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1985 ـ يىل)، 68 ـ، 69 ـ بەتلەر.

كەلگەن بولىدۇ . م . قەشقەرىنىڭ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن ۋاقتىغا كەلسەك ، بۇ مەسىلىدە ئى . مۇتىئى ، م . ئوسمانوۋلارنىڭ «مەھمۇد قەشقەرىنىڭ يۇرتى ، ھاياتى ۋە مازىرى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان : «تارىخىي ئەھۋالدىن قارىغاندا ، مىلادىيە 1102 ~ 1103 - يىللىرى ھۈسەيىن بىن مۇھەممەدنىڭ بىر نەۋرە تۇغقانلىرىدىن ئەھمەد ئىبن ھەسەن ئارسلانخان تەختتە ئولتۇرغان ۋە 1105 - يىللىرى مەھمۇد بىن ئابدۇجېلىل قەشقەرى يېتەكچىلىكىدە باغدادقا ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتكەن . قاراخانىيلار تارىخىدا بۇ دەۋر ئەۋلادلار ئوتتۇرىسىدىكى نىزاھلار تۈگەپ ، بىرقەدەر تىنچلىق ، ئىناقلىق ھۆكۈم سۈرگەن دەۋر بولغاچقا ، ئالىمنىڭ مۇشۇنداق بىر شارائىتتا قايتىپ كەلگەنلىكى تارىخىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن كېلىدۇ» دېگەن مۇلاھىزىلىرى ھەمدە ئالىمنىڭ باغدادقا ئەۋەتىلگەن ئەنە شۇ ئەلچىلەر ئۆمىكى بىلەن قايتىپ كەلگەنلىكى ھەققىدىكى قاراشلار ئەمەلىيەتكە بىرقەدەر ئۇيغۇندۇر . يازغۇچى پەرھات جىلانىنىڭ «مەھمۇد قەشقەرى» رومانىدا ئالىمنىڭ قايتىپ كېلىش جەريانىنى مۇشۇ ئاساستا بايان قىلىدۇ . دېمەك ، يۇقىرىقى مۇناسىۋەتلىك بايان ۋە قاراشلارغا ئاساسلانغاندا ، مەھمۇد قەشقەرى ھىجرىيە 499 - (مىلادىيە 1105 ~ 1106 ) يىلى 89 يېشىدا قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن بولسا ، ئۇنداقتا ، ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ھىجرىيە 410 - (مىلادىيە 1019 ~ 1020 ) يىلىغا توغرا كېلىدۇ . مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى مۇشۇنداق بېكىتىش ، ئۇ ئۆزى «دىۋان» دا ئېيتقان «بۇ كىتاب ئۆمرۈمنى ئاخىرىغا يەتكۈزدى» دېگەن سۆزىگىمۇ ماس كېلىدۇ . يەنى ، يۇقىرىقىدەك ھېسابلىغاندا ، مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» نى يېزىپ تاماملىغان ھىجرىيە 469 - (مىلادىيە 1077 - ) يىلى 59 ياشقا كىرگەن بولىدۇ ، بۇ ئەينى دەۋر كىشىلىرىنىڭ 60 ياشنى ئۆمۈرنىڭ ئاخىرى دەيدىغان ئەنئەنىۋى قاراشلىرىغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ .

قاراخانىيلار خان جەمەتىگە مەنسۇپ بولغان مەھمۇد قەشقەرى

باللىق ۋە ئوقۇش يىللىرىنى ئازىغ ۋە قەشقەردە ئۆتكۈزگەن . ئۇ باشلانغۇچ مەلۇماتنى ئائىلىسىدە ۋە ئوپالدىكى دىنىي مەكتەپلەردە ئالغان . ئۇنىڭ دادىسى ھۈسەيىن بىننى مۇھەممەد ئوپال ۋە قەشقەر مەدرىسىلىرىدە بىلىم ئېلىپ يېتىشكەن ، قەلەمگىمۇ ، ئەلەمگىمۇ ماھىر يۇقىرى ئىقتىدار ئىگىسى ، ئانىسى بۇبى رابىيە ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن يۇقىرى مەلۇماتلىق ئايال بولغاچقا ، بالىسىنىڭ ئوقۇپ تەربىيىلىنىشىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن . مەھمۇد قەشقەرى ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەلۇماتنى قەشقەردىكى شەيخ ئىمام زاھىد ھۈسەيىن بىن خەلەف قەشقەرى (مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان»دا بۇ زاتنى «ئۇستازىم» دەپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ )[1]مۇدەررىسلىك قىلغان «مەدرىسەئى ھامىدىيە» ۋە «مەدرىسەئى ساجىيە»دە ئالغان .[2]مەھمۇد قەشقەرى ياشىغان دەۋردە قەشقەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ ، بۇ قەدىمكى شەھەر ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يېقىن شەرقتە تونۇلغان «مەدرىسەئى ساجىيە»ئوخشاش ئالىي بىلىم يۇرتلىرى ، ئوبۇلھەسەن سەئىد خاتەم سەئىد جالالىدىن باغدادى ، ھۈسەيىن ئىبن خەلەف قەشقەرى ، ئىمادىددىن قەشقەرى ، ئابدۇغاپپار ئىبن ھۈسەيىن قەشقەرى ، مۇھەممەد ئىبنى رەشىد ئىبنى ئەلى قەشقەرى ، جامالىدىن قەشقەرى ئوخشاش ئالىملىرى بىلەن مەشھۇر ئىدى .[3] مەھمۇد قەشقەرى بۇ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئىسلام دىنىي بىلىملىرى ، ئەقىدىلىرىنى ئۆگىنىپلا قالماي ، تىل (تۈركىي تىل ، ئەرەب ـ پارس تىلى ۋە گرامماتىكىسى ) ، مەنتىقە ، تارىخ ، جۇغراپىيە ، ئىلمىي نوجۇم ، تېبابەت قاتارلىق ئىلىملەرنى شۇنداقلا ، ئات مىنىش ، ئوقيا ئېتىش ، قىلىچۋازلىق ، نەيزىۋازلىقتا ئوخشاش جەڭ

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 456 ـ بەت.

② ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987)، 248~ 249 ـ بەتلەر.

③ ئى. مۇتئى: «(مەھمۇد قەشقەرى) رومانىنىڭ نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن».

ماھارەتلىرىنى ئىگىلىگەن . ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن ئۇ «دۆۋ-
يادىكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى
تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىلى ھەققىدە تارىخىتا بىرىنچى بولۇپ تەك-
شۈرۈش ـ تەتقىقات ئېلىپ بارغان . ئۇلۇغ تىلشۇناس ئۆزىنىڭ بۇ
چوڭ ئىلمىي خىزمىتىنى ئاۋۋال ئەمەلىي تەكشۈرۈشتىن باشلىغان »[1]
ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ : «ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باش-
تىن ـ ئاياغ كېزىپ چىقتىم . تۈرك ، تۈركمەن ، ئوغۇز ، چىگىل
(چىيىل ) ، ياغما ، قىرغىز قەبىلىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى خاتىرىلەپ
چىقىپ ، ئۇلاردىن پايدىلاندىم . شۇنىڭ بىلەن ، بۇ قەبىلىلەرنىڭ ھەر
بىرىنىڭ تىلى مېنىڭ دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى »[2] .

مەھمۇد قەشقەرى ئەدەبىي تىلدىن باشقا ، ئوغۇز ، قىپچاق ، ئارغۇ
ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ شېۋە لېكسىكىلىرىنى ئاددىيلا تىل ماتېرىيالى
سۈپىتىدە خاتىرىلىۋېلىپ تىزىپ قويماستىن ، بەلكى ئۇلارنىڭ فونې-
تىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ، مورفولوگىيىلىك ھالەتلىرىنىمۇ ئىلمىي
يوسۇندا تەكشۈرگەن ، ئىلمىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق توپلىغان تىل
پاكىتلىرى ئۈستىدە ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ ئىلمىي ئۇسۇلى بىلەن
تەتقىقات ئېلىپ بارغان .

قاراخانىيلار سۇلالىسى تارىخى ۋە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ھاياتىغا
دائىر ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە ، ھىجرىيە 448 ـ 449 (مى-
لادىيە 1056 ـ 1057 ) يىللىرى سۇلايمان ئارسلانخان بىلەن ئىنىسى
مۇھەممەد بىننى يۇسۇپ (مۇھەممەد بۇغراخان ) ئوتتۇرىسىدا كەسكىن
زىددىيەت پەيدا بولغان . سۇلايمان ئارسلانخان ئۇرۇشتا تۇتقۇن قىلى-
نىپ نەزەربەند قىلىنغان ، مۇھەممەد بىننى يۇسۇپ قاراخانىيلار سۇلا-
لىسى تەختىگە چىققان بولسىمۇ ، 15 ئايدىن كېيىن ئورنىنى چوڭ

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار تەرىپىدىن يېزىلغان مۇقەددىمە، 15 ـ بەت.
② «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 3 ـ بەت.

ئوغلى ھۈسەيىن بىننى مۇھەممەدكە ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولغان. تەختنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇراسىمىدا بېرىلگەن زىياپەتتە مۇھەممەد بىننى يۇسۇپنىڭ كىچىك خانىشى ئۆز ئوغلى ئىبراھىم بىننى مۇھەممەدنى خان قىلىش مەقسىتىدە، مۇھەممەد بىننى يۇسۇپ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ھۈسەيىن بىننى مۇھەممەدنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن، نەزەربەند ئاستىدىكى سۇلايمان ئارسلانخان بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم بىن مۇھەممەد قاراخانىيلار تەختىگە چىقىرىلغان. بۇ پاجىئەلىك ئوردا سىياسىي ئۆزگىرىشى ۋە قىرغىنچىلىقتىن ئامان قالغان مەھمۇد قەشقەرى يۇرتى ئوپالدىن «مۇق يولى» ئارقىلىق چەتكە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ئۇ ئالدى بىلەن بۇخاراغا بېرىپ، ئاندىن نىشاپۇر ئارقىلىق ئەرەب ئابباسىي خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى باغدادقا بېرىپ پاناھلانغان.

مەھمۇد قەشقەرى باغدادقا كەلگەندىن كېيىن، «دىۋان»نى قايسى ئۇسۇلدا يېزىش ئۈستىدە كۆپ ئىزدەنگەن. نەتىجىدە، ئۆز زامانىسىغىچە تېخى قوللىنىلمىغان ئەڭ يېڭى بىر ئۇسۇل بىلەن يېزىشقا كىرىشكەن.① ئاپتور بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مەن بۇ كىتابنى ھېكمەتلىك سۆزلەر، سەجئىلەر، ماقال - تەمسىللەر، بېيىت - قوشاقلار، رەجەزلەر ۋە نەسرىي پارچىلار بىلەن بېزەپ، مەخسۇس ئېلىپبە تەرتىپىدە تۈزۈپ چىقتىم. ئۆگەنگۈچى ۋە قىزىققۇچىلارنىڭ كېرەكلىك سۆزلەرنى ئاسان تېپىشى ئۈچۈن بىرنەچچە يىل مۇشەققەت چېكىپ، سۆزلەرنى جاي - جايىغا قويدۇم؛ تۇتۇقلىرىنى ئاچتىم، چىگىشلىرىنى يەشتىم»، «مەن ئىشنى يېنىكلىتىش ۋە كىتابنى ئىخچام قىلىش ئۈچۈن، بۇ ئەسەرنى مەندىن بۇرۇن ھېچكىم ئىشلەتمىگەن ۋە ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ئالاھىدە بىر تەرتىپتە تۈزۈپ چىقتىم».②

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار تەرىپىدىن يېزىلغان مۇقەددىمە، 15~16 بەتلەر.

② «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 4 - ، 7 - بەتلەر.

«دىۋان»نىڭ يېزىلغان ۋاقتى ھەققىدە يەنىلا ئەسەرنىڭ ئۆزىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. «دىۋان»نىڭ 3 ـ توم، 611 ـ بېتىدە (يازما نۇسخا 638 ـ بەت) ئەسلىي نۇسخىدىن كۆچۈرگەن مۇھەممەد ئىبن ئەلى بەكرى ئىبن ئەبىلفەتھ مەھمۇد قەشقەرى ئۆز قولى بىلەن يازغان نۇسخىنىڭ ئاخىرقى جۈملىسى بولغان: «كىتابنى ھىجرىيە 464 ـ يىلى جامادىيەلئەۋۋەلنىڭ باشلىرىدا يېزىشقا كىرىشكەن ئىدىم، تۆت قېتىم قايتا يېزىپ، تۈزىتىپ ۋە تەھرىرلەپ ھىجرىيە 466 ـ يىلى جامادىيەلئاخىرنىڭ 10 ـ كۈنى دۈشەنبە تۈگەتتىم»دېگەن سۆزلەرنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ قويغان. ھالبۇكى، «دىۋان»نىڭ 3 ـ توم، 213 ـ بېتىدە: «بۇ كىتابنى يازغان ۋاقتىمىز (تۆت يۈز)ئاتمىش توققۇزىنچى يىلى نەك (ئەجدەرھا)يىلى دۇر»دېگەن مەلۇماتنى ئۇچرىتىمىز. «دىۋان»نى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ مۇقەددىمە يازغان روبېرت دانكوۋ، جەمىس كىللىيلەرنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، «دىۋان» ھىجرىيە 464 ـ يىلى جامادىيەلئەۋۋەلنىڭ 1 ـ كۈنى (مىلادىيە 1072 ـ يىلى 25 ـ فېۋرال) يېزىلىشقا باشلاپ، ھىجرىيە 469 ـ يىلى جامادىيەلئاخىرنىڭ 10 ـ كۈنى (مىلادىيە 1077 ـ يىل 9 ـ يانۋار) تاماملانغان. ر. دانكوۋ، ج. كېللىيلار ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئەسەرنىڭ تاماملانغان ۋاقتىنىڭ خەتتات تەرىپىدىن خاتا يېزىپ قويۇلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى.①

مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان»نى يېزىپ تاماملىغاندىن كېيىن ئۇنى شۇ چاغدىكى ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ خەلىپىسى مۇھەممەد

---

① «دىۋان»نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى مىلادىيە 1982 ـ يىلى ئامېرىكا خارۋاد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، مەزكۇر تەرجىمىنىڭ ر. دانكوۋ، ج. كېللىي تەرىپىدىن يېزىلغان نەشرىيات مۇقەددىمىسى ئى. مۇتەئى، ئا. ئابدۇرەھمانلار تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە، ئىجتىمائىي پەن قىسمى) نىڭ مىلادىيە 1997 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىندى.

ئوغلی ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەری بىنئەمرىللا ھەزرەتلىرىگە تەقدىم قىلغان .[①]

مەھمۇد قەشقەری «دىۋان »نىڭ ئۆزی يازغان مۇقەددىمە قىسمىدا تۈركىي تىللار نەھۋىگە (سىنتاكسىسىغا )ئائىت ئايرىم بىر كىتاب يې-زىپ ، ئۇنىڭغا «كىتابۇ جەۋاھىرىن نەھۋى فى لۇغاتىت تۈرك » ( «تۈر-كىي تىللار سىنتاكسىسىنىڭ جەۋھەرلىرى » )دەپ ئات قويغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەن .[②] ئەپسۇسكى ، ئالىمنىڭ بۇ كىتابى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن .

ئېلىمىز ئىلمىي خادىملىرىنىڭ ، شۇنداقلا ، مۇناسىۋەتلىك ئو-رۇنلارنىڭ «ھەزرىتى موللام مازىرى »نى نۇقتا قىلىپ ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە قەشقەر مەمۇريي مەھكىمىسىنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈ-شى ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مىلادىيە 1993 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ ، مەھمۇد قەشقەری قەبرىسى-نى نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى قاتارىغا كىرگۈزدى .[③]

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ يۇرتی ۋە مازىری ھەققىدىكی ئىلمىي تەك-شۈرۈشلەردىن مەلۇم بولدىكى ، مەھمۇد قەشقەری ھىجرىيە 499 ـ (مىلادىيە 1105~1106 ) يىلى يۇرتی ئوپالغا قايتىپ كې-لىپ ، ئەينى ۋاقىتتا ئۆزی سالدۇرۇپ ، «مەدرىسەئى مەھمۇدىيە »دەپ ئاتالغان مەدرىسىدە 8 يىل مۇدەررىسلىك قىلغان . ئۇ بۇ جەرياندا خەلق تەرىپىدىن ئۇلۇغلىنىپ ، «ھەزرىتى موللام» ، «ئىلىمگە ھۆد-

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 3 ـ بەت.
② «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 34 ـ بەت.
③ تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى ۋە ئۇقتۇرۇشلار قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1985 ـ يىلى نەشر قىلغان «مەھمۇد قەشقەری»ناملىق ماقالىلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن.

دىگەر پىرىم» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان . «ھەزرىتى موللام تەزكىرىسى»دىكى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ 97 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى توغرىسىدىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا ، مەھمۇد قەشقەرى ھىجرىيە 507 - (مىلادىيە 1113~1114 ) يىلى ۋاپات بولغان .

## «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئىلمىي قىممىتى

مىلادىيە 11 - ئەسىردە تۈركىي تىللىق خەلقلەردىن ئوغۇز تۈركمەنلىرىنىڭ ئىراق ۋە شام تەرەپلەرگە ، كىچىك ئاسىياغا تۈركۈملەپ كۆچۈشى ، ئەرەب - ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىي قىسمىدا ئوغۇز تۈركمەنلىرى قۇرغان سالچۇقىلار خانلىقىنىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ سىياسىي ھاياتىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن ، بارا - بارا خەلىپىلىكنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى ئوغۇز تۈركمەنلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى .[①] مىلادىيە 11 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا بارغاندا تۈركلەر ئىسلام دۇنياسىدا ئۈستۈنلۈك قازانغان بىر تەبىقىگە ئايلاندى .[②] خۇددى مەھمۇد قەشقەرى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك ، بۇ دەۋر : «تەڭرى دۆلەت قۇياشىنى تۈركلەر بۇرجىدا تۇغدۇرغان ۋە پەلەكنىمۇ شۇلارنىڭ زېمىنى ئۈستىدە چۆرگىلەتكەن»دەۋر ئىدى .[③]

ئەرەب - ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربتىكى ئىقتىسادىي ئالاقىسى سالچۇقىلار ئارقىلىق ، شەرقتىكى سودا مۇناسىۋىتى قاراخانىيلار ئارقىلىق بولاتتى . بولۇپمۇ ئىمپېرىيىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ماۋەرائۇننەھر خەلقلىرى (ئاساسەن تۈركىي تىللىق خەلقلەر ) مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەيتتى . شۇنداق قىلىپ ، خەلىپىلىكنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىمۇ ، ئاساسەن تۈركىي تىللىق

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار تەرىپىدىن يېزىلغان مۇقەددىمە، 8 - بەت.

② «دىۋان»نىڭ ر. دانكوۋ، ج. كېللىي تەرىپىدىن يېزىلغان نەشرىيات مۇقەددىمىسى. «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» مىلادىيە 1997 - يىللىق 1 - سان، 31 - بەت.

③ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 1 - بەت.

خەلقلەرنىڭ قولىغا ئۆتكەن ئىدى. بۇ ھال مۇتەناسىپ رەۋىشتە، سىياسىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشقىمۇ تەسىر قىلماي قالمىدى. ئىمپېرىيىنىڭ غەربىدە ۋە شەرقىدە كۈندىن - كۈنگە خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىشىۋاتقان ئەرەب - ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن بىرقاتاردا، قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتىمۇ باش كۆتەرگەن ئىدى.[1] گەرچە، سالچۇقىلار ئەرەب - ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە مۇھىم ئورۇن تۇتقان بولسىمۇ، لېكىن ئەينى مەزگىلدە ئەرەب - ئىسلام ئىمپېرىيىسىدە ئەرەب تىلى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن «بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقان»[2] تۈركىي تىل ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتى، ئەمەلىيەتتە، ئەينى مەزگىلدە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىي تىلى ۋە مەدەنىيىتىدە يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر تىلى («دىۋان»دا ئېيتىلغىنى بويىچە «خاقانىيە تىلى»)ۋە مەدەنىيىتى ئىدى. بولۇپمۇ قاراخانىيلار سۇلالىسى مەزگىلىدە ئۇيغۇرلار ئۆز تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى يەنىمۇ نامايان قىلىپ، ئەرەب - ئىسلام ئىمپېرىيىسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئەرەب دۇنياسىغا تونۇلۇۋاتقان تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتىدە ئۇلارنىڭ ھەسسىسى زور بولدى. مىلادىيە 11 - ئەسىر شارائىتىدا، گەرچە سالچۇقىلار ئەرەب خەلىپىلىكىدە زور تەسىرگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن قاراخانىيلارنىڭ تۈزۈمى سامانىيلار ۋە سالچۇقىلارنىڭكىدىن ئىلغارراق ئىدى. نەتىجىدە، قاراخانىيلار جارى قىلدۇرغان ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئومۇمىي تىل - ئەدەبىياتىغا ۋە مەدەنىيىتىگە ئۈلگە بولۇش رولىنى ئوينىدى.[3]

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار تەرىپىدىن يېزىلغان مۇقەددىمە، 9 - بەت.
② «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 5 - بەت.
③ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار تەرىپىدىن يېزىلغان مۇقەددىمە، 10 - بەت.

يۇقىرىقىدەك تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىت ئەرەب ھۆكۈمران
دائىرىلىرىنى ، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئەربابلارنى ،
ھەتتا ئاھالىنىڭ بەزى قاتلىمىنىمۇ تۈركىي تىلنى ئۆگىنىشكە تەقەززا
قىلدى . «تەڭرى دۆلەت قۇياشىنى تۈركلەر بۇرجىدا تۇغدۇرغان ،
پەلەكنىمۇ شۇلارنىڭ زېمىنى ئۈستىدە چۆرگىلەتكەن» ، «ئۆز دەردىنى
ئېيتىش ۋە تۈركلەرگە يېقىش ئۈچۈن ، ئۇلارغا تۈركىي تىلىدا سۆزلـ-
شىشتىن ياخشىراق يول يوق» بولۇپ تۇرۇۋاتقان مۇشۇ شارائىتتا ،
ئۆز مىللىي تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى قىزغىن سۆيگەن ۋە ئۇلۇغلىغان
مەھمۇد قەشقەرى دەۋر تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئاشۇ ئېھتىياجنى تە-
مىن ئېتىشنى مەقسەت قىلىپ ، «. . . ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە
پۈتمەس - تۈگىمەس بىر بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ»[1] بۇ ئۆلمەس
ئەسەرنى يېزىپ چىققان .
ئۆز ئانا تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى مۇكەممەل بىلىپلا قالماستىن ،
ئەرەب تىل - ئەدەبىياتى بويىچىمۇ يۇقىرى بىلىم ئىگىسى بولغان
مەھمۇد قەشقەرى ئەرەبلەرنىڭ تۈركىي تىل ئۆگىنىش ئېھتىياجىنى
نەزەردە تۇتۇپ ، ئەرەب تىلى ئارقىلىق تۈركىي تىللارنى چۈشەندۈ-
رۈش ، يەنى سۆزلەم ۋە مىساللارنى تۈركىي تىلدا بېرىپ ، ئۇلارنى
ئەرەب تىلىدا ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن يازغان مەزكۇر
ئەسىرىدە ، ئۇ كىشىنى قايىل قىلىدىغان چوڭقۇر ئىلمىي پوزىتسىيە
بىلەن ئۆزى بىۋاستە قول سېلىپ توپلىغان بىرىنچى قول تىل
ماتېرىياللىرىنى «پۇختا رەتلەپ ، ئوبدان تەرتىپكە سېلىپ» ، ئەرەب
تىلشۇناسلىرىنىڭ شۇ دەۋردە لېكسىكولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى رەت-
لەشتە ئىشلەتكەن بارلىق ئىلمىي سىستېمىلىرىنى كۆزدە تۇتقان ئا-
ساستا ، تۈركىي تىللارنىڭ لېكسىكولوگىيە ماتېرىياللىرىنى رەتلەش-
نىڭ بىر يۈرۈش ئىلمىي سىستېمىسىنى ئىشلەپ چىققان ھەمدە «دى-

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 2 ـ ، 3 ـ بەتلەر.

ۋان»غا كىرگەن سۆزلەرنى شۇ سىستېما پىرىنسىپلىرىغا باشتىن - ئاياغ ئەمەل قىلغان ئاساستا رەتلەپ چىققان.[1]

«تۈركىي تىللار دىۋانى»كە كىرگۈزۈلگەن تەخمىنەن 7500 دىن ئارتۇق سۆزلەم (سۆز ۋە ئىبارە)نىڭ ھەربىرى ھەرپلەرنىڭ ئاز - كۆپلۈكىنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئەرەبچە ھىجا ئۇسۇلىدىكى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە، ئەرەب تىلى گىراماتىكىسى ئاساسىدا تىزىپ بېرىلگەن. ھالبۇكى، ئەسەرنى «ئۆزىدىن بۇرۇن ھېچكىم ئىشلەتمىگەن ۋە ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ئالاھىدە بىر تەرتىپتە، ئۆزىگە خاس قائىدە، يېڭى ئۆلچەمدە تۈزۈپ چىقىش»نى مەقسەت قىلغان ئاپتور ئەسىرىنى ھەمزە («ا - ئېلىف»نىڭ ئاستى - ئۈستىگە قويۇلۇپ، سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە)، سالىم (تەركىبىدە ئەرەبچىدىكى «ھەرپى ئىللەت» دەپ ئاتالغان «ا - ئېلىف، و - ۋاۋ، ى - يا» ھەرپلىرى بولمىغان ۋە ھەرپ تەكرارلانمىغان سۆزلەر)، مۇزائەف (بىر ھەرپى تەكرارلىنىپ، بىرىنچى بوغۇمى ساكىنلىق، كېيىنكى بوغۇملىرى ھەرىكە ‹ئەرەبچىدە سوزۇق تاۋۇشلار ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان بەلگىلەر›لىك سۆزلەر)، مىسال («ا، و، ى» ھەرپلىرىدىن بىرى بىلەن باشلانغان سۆزلەر)، ئۈچ ھەرپلىكلەر، تۆت ھەرپلىكلەر، غۇننىلىكلەر (تەركىبىدە دىماغ تاۋۇشى بولغان سۆزلەر)، ئىككى ساكىن (ساكىن - - ھەرىكە بىلەن ئوقۇلمايدىغان، يېپىق بوغۇم ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش) بىللە كەلگەن سۆزلەر بۆلۈمىدىن ئىبارەت سەككىز بۆلۈمگە يىغىنچاقلاپ بېرىدۇ. شۇنىڭدەك، ھەربىر بۆلۈمنى ئىسىملار ۋە پېئىللار شەكلىدە ئىككىگە ئايرىپ، ئاۋۋال ئىسىملارنى، ئاندىن پېئىللارنى كەلتۈرىدۇ، ھەر بىرىنى ئۆز ئورنىغا قاراپ بابلارغا ئايرىدۇ. سۆزلەر ھەرپلەر سانىغا قاراپ ئايرىپ چىقىلىپ، ئاۋۋال ئىككى ھەرپلىك سۆزلەر، ئاندىن ئۈچ، تۆت، بەش، ئالتە ھەرپلىك سۆزلەر ھەمزە ياكى ھەمزىگە يېقىن بولۇش

---

① ئى. مۇتىئى: «‹مەھمۇد قەشقەرى› رومانىنىڭ نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن».

تەرتىپى بويىچە ، ئوتتۇرىسى ساكىنلىق سۆزلەر ھەرىكىلىك سۆزلەر-
دىن بۇرۇن ، ئوتتۇرىسى ھەرىكىلىك بولغان سۆزلەر ئۆز ھەرىكىلىرى-
نىڭ تەرتىپى بويىچە بېرىلگەن .[1]

مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان»دا توپلىغان تۈركىي تىللار ۋە ئۇنىڭ
دىئالېكتلىرى ھەققىدىكى بىرىنچى قول ماتېرىياللار تۈركولوگىيە
ئىلمىدا ئىنتايىن قىممەتلىك بولۇپلا قالماستىن ، ئۇ «دىۋان»دا مەخ-
سۇس توختىلىپ ئۆتكەن تۈركىي تىللار گراماتىكىسى ھەققىدىكى
بايانلارمۇ ئۆز ئەھمىيىتى بويىچە تەڭداشسىزدۇر .[2]

ئاپتور ئەسەرنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا ئالدى بىلەن تۈركىي تىل-
لارنىڭ دىئالېكتولوگىيە ۋە لۇغەتشۇناسلىق قائىدىلىرىنى چۈشەندۈ-
رۈپ ئۆتكەن ، ئۆزىنىڭ «دىۋان»نى تۈزۈشتىكى پرىنسىپ ، قائىدە ۋە
ئۇسۇللارنى ئوتتۇرىغا قويغان ، ئارقىدىن تۈركىي تىللىق خەلقلەر ۋە
قەبىلىلىرى توغرىسىدا ، تۈركىي تىللار توغرىسىدا ، شېۋىلەردىكى
پەرقلەر توغرىسىدا ئايرىم ماۋزۇلاردا ، سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئۇ-
سۇلى بويىچە ئىلمىي ۋە قايىل قىلارلىق ھالدا توختىلىپ ئۆتكەن .
تۈركىي تىللار توغرىسىدا توختالغىنىدا يەنە بىر پارچە دۇنيا خەرىتىسى
ئىلاۋە قىلىنغان بولۇپ ، بۇ خەرىتىدە ھەرقايسى تۈركىي تىللىق
خەلقلەر ۋە دىئالېكت گۇرۇپپىلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى يەر
شارىنىڭ يۇمىلاقلىقى ئۇقۇمى بويىچە قىياسەن كۆرسىتىپ بېرىلگەن .
ئاپتورنىڭ ئۆز تىلى بويىچە «دائىرە»دەپ ئاتالغان بۇ خەرىتە ئاسىيا-
نىڭ مۇشۇ كەمگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ قەدىمكى
خەرىتىسىدۇر .[3]

مەھمۇد قەشقەرى «توققۇز ئوغۇز»تىلىنى ، يەنى يېقىنقى زامان
تۈركولوگلىرى تىل كلاسسىفىكاتسىيىسى بويىچە «ئۇيغۇر - قارلۇق

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 4 - ، 5 - ۋە 30 - ، 31 - بەتلەر.
② ئى. مۇتىئىنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ماقالىسىگە قارالسۇن.
③ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار تەرىپىدىن يېزىلغان مۇقەددىمە، 21 - بەت.

گۇرۇپپىسى» دەپ ئاتىغان تىلنى پەقەت ئۆزى شۇ تىل گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ بولغىنى ئۈچۈنلا، «خاقانىيە تىلى» دېگەن نام بىلەن يېزىق ئەدەبىي تىلى دەپ كۆرسەتكىنى يوق، بەلكى، ئەمەلىي تىل پاكىتلىرى بويىچە ئىلمىي تەتقىق قىلىپ، ناھايىتى پرىنسىپال سۈرەتتە توغرا خۇلاسە چىقارغان.[①] ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسىتىدۇ:

«تىللارنىڭ ئەڭ يېنىكى ئوغۇز تىلى، ئەڭ توغرىسى توخسى ۋە ياغما تىللىرى، شۇنىڭدەك ئىلى، ئېرتىش، يامار ۋە ئېدىل ۋادىلىرىدىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىگىچە بولغان جايلاردا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ تىللىرىدۇر»، «بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ پاساھەتلىك تىل خاقانىيەنىڭ مەركىزى ئۆلكىسىدىكى خەلقنىڭ تىلى ھېسابلىنىدۇ»، «[قەشقەر] شەھەر ئىچى خەلقى خاقانىيە تۈركچىسى بىلەن سۆزلىشىدۇ».[②]

مەھمۇد قەشقەرى دىئالېكتلار ھەققىدە سۆزلىگەندە ئىككى مۇھىم دىئالېكتلار گۇرۇپپىسىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدۇ. بۇلار «تۈركلەر» (بۇ ئۆز ئىچىگە توخسى، ياغما، چىگىل ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى ئالىدۇ)، «تۈركمەنلەر ياكى ئوغۇزلار» (قىپچاق ۋە باشقا قەبىلىلەرمۇ مۇشۇ تۈركۈمگە كىرگۈزۈلىدۇ) بولۇپ، بۇ يەردە ئېيتىلغان «تۈرك تىلى» كەڭ مەنىدىكى تۈركىي تىل بولماستىن، رادلوۋ ئېيتقان شەرقىي تۈرك تىلى، يەنى مەھمۇد قەشقەرى دەۋرىدىكى «خاقانىيە تىلى» ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋردىكى قەشقەر تۈركچىسىگە، يەنى ئۇيغۇر تىلىغا قارىتىلغان. بۇ مەسىلە ھازىر تۈركولوگىيىدە ھەممە ئالىملار ئورتاق ئېتىراپ قىلغان كۆز قاراش بولۇپ قالدى.[③]

مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» نىڭ مۇقەددىمىسىدە: «ئۇيغۇرلارنىڭ

---

① يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، 29 ـ بەت.
② «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 40 ـ ، 41 ـ بەتلەر.
③ ئى. مۇتىئىنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ماقالىسىگە قارالسۇن.

تىلى ساپ تۈركچە ، لېكىن ئۆزئارا سۆزلىشىدىغان يەنە بىر خىل
شېۋىسىمۇ بار . ئۇيغۇرلار مۇشۇ كىتابنىڭ باش قىسمىدا كۆرسىتىل-
گەن 24 ھەرپتىن ئىبارەت تۈركىي يېزىقنى قوللىنىدۇ . كىتاب ۋە
خەت - چەكلىرىنى مۇشۇ يېزىق بىلەن يازىدۇ . ئۇيغۇرلارنىڭ چىنلىق-
لارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر خىل يېزىقىمۇ بار . رەسمىي
خەت - چەك ۋە ھۆججەتلىرىنى شۇ يېزىقتا يازىدۇ . بۇ يېزىقنى
مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار بىلەن چىنلىقلاردىن باشقىلار ئوقۇيال-
مايدۇ »[1] دەيدۇ .

جۇڭگو تارىخنامىلىرىدىن «جۇشۇ »دىمۇ : «ئۇلارنىڭ (يەنى ئۇيغۇر-
لارنىڭ ) يېزىقى خۇاشيا (خەنزۇ )لارنىڭكىگە ئوخشاش . شۇنىڭ بىلەن
بىللە ئۇيغۇر يېزىقىنىمۇ ئىشلىتىدۇ ، «ماۋسى » (شېئىرنامە ) ،
لۇنيۈ» (مۇھاكىمە ۋە بايان ) ، «شياۋجىڭ » (ۋاپادارلىق دەستۇرى )
ناملىق كلاسسىك ئەسەرلەر مەخسۇس دۆلەت مەكتەپلىرىدە ئوقۇتۇل-
دۇ ، ئەمما ئۇلار خەتنى خەنزۇچە يازسىمۇ ، ئۆز تىلىدا ئوقۇيدۇ »
دەپ يېزىلغان .[2] بۇنىڭدىن مەلۇمكى ، مەھمۇد قەشقەرى دىۋانىدا ئايرىم
تىلغا ئېلىنغان قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى تەۋەسىدىكى بۇددىست
ئۇيغۇرلار ئۆز دەۋرىدە خەنزۇ يېزىقىنى ھۆكۈمەت ئالاقىلىرىدا يېزىق
قاتارىدا قوبۇل قىلغان ، لېكىن ، خۇددى ياپونلار ، كورىيەلىكلەر ۋە
ۋېتناملىقلارغا ئوخشاش خەنزۇ يېزىقىنى ئۇيغۇر تىلىدا يازغان .

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى »ئەسىرى ئەينى زا-
ماندىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تىلى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدى-
غان بىردىنبىر قىممەتلىك لۇغەت بولۇپلا قالماي ، بەلكى ئۇ تۈركىي
تىللىق خەلقلەرنىڭ تارىخى ، كېلىپ چىقىشى ، ئۆرپ - ئادەتلىرى ،
قائىدە - يوسۇنلىرى ، ئىقتىساد - مەدەنىيىتى ، ئەدەبىيات - سەنئە-

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ــ توم، 40 ــ بەت.
② «جۇنامە»، 50 ــ جىلد، «قوچۇ تەزكىرىسى».

تى ، قانۇن ـ تۈزۈملىرى ، پەلسەپىۋى ـ ئەخلاقىي چۈشەنچىلىرى ، تېبابەتچىلىك ، ئاسترونومىيە ۋە ، جۇغراپىيىسىگە ئائىت قىممەتلىك ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل قامۇستۇر .

«دىۋان»نىڭ مەزمۇنى ۋە قىممىتى يۇقىرىدا ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتۈلگەن تىلشۇناسلىق جەھەتتىكى تەرەپلىرىدىن باشقا يەنە تۆۋەندىكى تەرەپلەردىمۇ گەۋدىلىك كۆرۈلىدۇ :①

1 . «دىۋان»دا تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر تونۇشتۇرۇلىدۇ ۋە بۇ قەبىلىلەرنىڭ تارىخىغا دائىر مەلۇماتلار بېرىلىدۇ . ئاپتور تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە دائىر بىرمۇنچە تارىخىي ۋەقە ، مەلۇماتلارنى ئىم- كانقەدەر ئۆزى توپلىغان خەلق ئىچىدىكى جانلىق پاكىتلار ، رىۋايەتلەر ئاساسىدا ئەينەن يېزىپ قالدۇرغان . مەھمۇد قەشقەرى يېزىپ قالدۇر- غان بۇ مەلۇماتلار ئەرەب ـ پارس سەيياھلىرىنىڭ خاتىرىلىرىگە ۋە خەنزۇچە تارىخ كىتابلىرىدا قەيت قىلىنغان بەزى ۋەقەلەرگە توغرا كېلىدۇ ، بەلكى ئۇلارنىڭ مۇجمەل جايلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا ياردەم بېرىدۇ .

2 . «دىۋان»دا تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ياشىغان جايلار ، بو- لۇپمۇ قاراخانىيلارنىڭ شۇ دەۋردىكى تېررىتورىيىسى ، شۇنداقلا ، تۈر- كىي تىللىق قەبىلىلەر بىلەن قوشنا ئەللەرگە دائىر جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇلار ھەققىدە مەلۇمات بېرىلىدۇ . بۇ ناملار ئادەتتىكىچىلا ئە- مەس ، بەلكى بىرەر مۇھىم ۋەقەگە باغلاپ ئىزاھلاپ تونۇشتۇرۇلىدۇ . بولۇپمۇ ئالىمنىڭ ئۆز تىلى بويىچە «دائىرە»دەپ ئاتالغان ، ئاددىي ، گېئومېتىرىيىلىك شەكىلدە سىزىلغان ئاسىيانىڭ شۇكەمگىچە يېتىپ كەلگەن مۇكەممەل ۋە قەدىمكى خەرىتىسىدە ئەينى دەۋردىكى مۇھىم شەھەرلەر ۋە قەبىلىلەرنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى ، تاغلار ، دېڭىزلار ،

① بۇنىڭدا «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار تەرىپىدىن يېزىلغان مۇقەددىمىدىكى بايانلار ئاساس قىلىندى.

دەريا ۋە كۆللەر ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

3. مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان»دىكى سۆزلەرنىڭ ئىستېمال مەنىسىنى جانلىق ئىپادىلەش، كۈچلۈك، پاكىتلىق تىل ماتېرىيالى قىممىتى ۋە ئېستېتىكىلىق قىممەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن كۆپلىگەن ئەدەبىي پارچىلارنى ئىزاھ ۋە مىسال تەرىقىسىدە بېرىدۇ. شۇ دەۋرگىچە بولغان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قىممەتلىك بەدىئىي ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى بولغان بۇ ئەدەبىي پارچىلاردا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۈملىدىن ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئالەم قاراشلىرى، كىشىلىك ھايات ۋە جەمئىيەت قاراشلىرى، ئىنسانپەرۋەرلىك، بەخت ـ سائادەت، ئىلىم ـ پەن، ئەدەپ ـ ئەخلاق، ۋەتەن، ئەل ـ يۇرت مۇھەببىتى، گۈزەللىكنى سۆيۈش، خەلقلەر دوستلۇقى ئىدىيىلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بۇ قاراشلار مەلۇم جەھەتتىن «ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلار ئەجدادلىرىنىڭ باشلانغۇچ جەمئىيەت، قۇل ئىگىلىكى جەمئىيىتى، فېئودالىزمنىڭ دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا باسقۇچلىرىدىكى تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئەخلاق قاراشلىرىنى ئوخشاشمىغان تارىخىي قاتلام بويىچە ئىپادىلىدى».① مەھمۇد قەشقەرى «ئالەم چىغرىقىنىڭ تىنىمسىز پىرقىراپ تۇرىدىغانلىقى»، ئاسماندىكى يۇلتۇزلار ھەرىكىتى، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشى ئوخشاش (1 ـ توم 431 ـ، 432 ـ بەتلەر) بىرقاتار بايانلىرىدا ئۆزىنىڭ بىرقاتار ئىلغار بولغان ئالەم قارىشىنى ئىپادىلىدى، شۇنداقلا، ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، كائىناتنىڭ ئىجادچىسى بىردىنبىر خۇدا دەپ قارىدى، دۇنيانىڭ تەبىئەت قانۇنىيىتىگە ماسلىشىپ، ھەرىكەت، ئۆزگىرىش ۋە يوقىلىش ئىچىدە تۇرىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى».② «دىۋان»دىكى شېئىرىي پارچىلار، ما-

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997)، 206 ـ بەت.

② «جۇڭگو كىچىك ئېنسىكلوپېدىيىسى» («ئىتتىپاق نەشرىياتى»، بېيجىڭ)، 7 ـ توم، 89 ـ بەت.

قال ـ تەمسىل ۋە ھېكمەتلەردە دىداكتىك پىكىرلەر كۆرۈنەرلىك ئورۇن ئىگىلىگەن بولۇپ، چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەزمۇنغا ئىگە. بۇ خىل پىكىر دۇردانىلىرى ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر پەلسەپىۋى تەپەككۇرىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا مۇھىم مەنبە ھېسابلىنىدۇ.

4. «دىۋان»دا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىغا (مەدەنىيىتىگە) دائىر نۇرغۇن قىممەتلىك مەلۇماتلار بېرىلگەن. «دىۋان»دىكى سۆزلەملەر ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ يېزا ئىگىلىكى، چارۋىچىلىقى، قول ھۈنەرۋەنچىلىكى، تېبابەتچىلىك، مال دوختۇرلۇقى، يېمەك ـ ئىچمىكى، كىيىم ـ كېچىكى، زىننەت بۇيۇملىرى، چالغۇ ئەسۋابلىرى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىپلا قالماي، كىشى ئىسىملىرى، ھەرخىل ھايۋانات، ئۇچار قاناتلارناملىرى، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ھەر خىل سۆزلەملەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ سۆزلەملەردىن ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ شۇ دەۋردىكى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ئەھۋالىنى، ئۇلارنىڭ خېلى بۇرۇنلا شەھەر، قورغان سېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنى، قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى، قول سانائىتىدە ئىش تەقسىماتىنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

5. «دىۋان»دا ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىغا دائىر قەدىمكى ۋە ئۆز زامانىسىدىكى ئاتالغۇلار، ھاكىمىيەت دەرىجىلىرى، ھۆكۈمرانلارنىڭ تەبىقىلىرى ۋە ئۇنۋانلىرىنىڭ نامى خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. ھەربىي تۈزۈم، جەڭ ۋە تاكتىكا توغرىسىدىكى ئاتالغۇلاردىن شۇ دەۋردە مۇنتىزىم قوشۇن بارلىقىنى، ھەربىي تاكتىكىنى تەتقىق قىلغۇچى ۋە ھەربىي مەشىق ئۆگەتكۈچى مەخسۇس ئەمەلدارلارنىڭ بولغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

6. «دىۋان»دا كالېندارچىلىق ۋە ئاسترونومىيىگە دائىر مەلۇ-

ماتلار بېرىلىپ، يىللارنى مۆچەل بىلەن ھېسابلاش ئۇسۇلىنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا ناھايىتى قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە توختىلىپ، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا، ئۇيغۇرلار (خاقانىيە تۈركلىرى) ئارىسىدا ئېيتىلىپ يۈرگەن بىر ئەپسانىنى مىسال تەرىقىسىدە يېزىپ قالدۇرىدۇ. «دىۋان» دىكى ئاسترونومىيىگە دائىر مەلۇماتلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ پەلەك بۇرجلىرى، سەييارىلار ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيىدە ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

## «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى بەدىئىي ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى

مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» دا بېرىلگەن سۆزلەملەرنى جانلىق ئىپادىلەش، ئۇنىڭ رېئال، ئىلمىي ۋە بەدىئىي قىممىتىنى نامايان قىلىپ بېرىش، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ فولكلور، يازما ئەدەبىيات ۋە قىممەتلىك پەلسەپىۋى پىكىر دۇردانىلىرىنى كېيىنكىلەرگە مىراس قىلىپ قالدۇرۇش، كىتابنى «يېغىلىقلار بېرىشتە قىيامىغا، قىممەت ۋە گۈزەللىكتە پايانىغا يەتكۈزۈش»[1] ..... مەقسىتىدە، «دىۋان» غا 20 پارچىغا يېقىن ئەپسانە - رىۋايەت (مەھمۇد قەشقەرى بۇلارنى «نەسرىي پارچىلار» دەپ ئاتىغان) تەكرارلانغانلىرىنى چىقىرىۋەتكەندە، 237 پارچە شېئىر - قوشاق، 279 پارچە ماقال - تەمسىل، ئىككى پارچە ھېكمەتلىك سۆز (م. قەشقەرىنىڭ ئۆز ئاتىشى بويىچە) كىرگۈزگەن. «دىۋان» دىكى مەزكۇر بەدىئىي ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى مىلادىيە 11 - ئەسىر ۋە ئۇنىڭدىن ئاۋۋالقى مەزگىللەردىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتى،

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 8 - بەت.

ئۇنىڭ تارىخى ۋە تەرەققىياتى، مەزمۇن ۋە شەكىللىرى ھەققىدە بىرقەدەر تولۇق ۋە پاكىتلىق مەلۇمات بېرىدىغان بىردىنبىر قىممەتلىك مەنبە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ۋە ھۆرمەتلىك ئورۇن تۇتىدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى توپلىغان ۋە ئۆز ئەسىرىگە كىرگۈزگەن بۇ ئەدەبىي پارچىلارنى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، شېئىر ـ قوشاقلار، ماقال ـ تەمسىل ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەردىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۇش مۇمكىن.

**ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر:** «دىۋان»دا تەڭرى ـ پەيغەمبەرلەر، ئەۋلىيا ـ «قۇلباق»، ئون ئىككى مۆچەل، بەزى ئېتنىك ناملار، شامان دىنىي ئاتالغۇلىرىغا دائىر ئەپسانىلەردىن بەزى پارچىلار بېرىلگەن.

مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان»نىڭ «كىرىش» قىسمىدىلا تۈركلەر توغرىسىدا توختىلىپ، ئۇلارنى ئىسلام قىسسىلىرىدىكى نوھنىڭ ئوغلى يافەس، يافەسنىڭ ئوغلى تۈرك بىلەن باغلايدۇ. («دىۋان» 1 ـ توم، 2 ـ ، 37 ـ بەتلەر) شۇنىڭدەك، «دىۋان»نىڭ 1 ـ توم (ئۇيغۇرچە نەشرى) 455~457 ـ بەتلىرىدە «تۈرك» ئېتنونىمىنى ئىزاھلىغاندا: «تۈرك ـ ـ تەڭرى يارلىقىغۇچى نوھنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى. بۇ نوھنىڭ ئوغلى تۈرككە تەڭرى تەرىپىدىن قويۇلغان ئىسىم»، «قەشقەرلىك خەلەف ئوغلى تەقۋادار ئىمام ئۇستاز ھۇسەيىننىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، جەرجەرالىق ئۇستاز ئەبۇ بەكرى مۇفىد ئاخىر زامان توغرىسىدا يازغان بىر كىتابىدا پەيغەمبىرىمىزدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان: «ئۇلۇغ تەڭرى ئېيتىدۇ: مېنىڭ بىر تائىپە قوشۇنۇم بار، ئۇلارنى تۈرك دەپ ئاتىدىم، ئۇلارنى كۈن چىقىشقا ئورۇنلاشتۇردۇم، بىرەر قوۋمغا غەزەپلەنسەم، تۈركلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتىمەن» دېگەنلەرنى ئېيتىش ئارقىلىق تۈركلەرنىڭ پەزىلەتلىرىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ، ئۇ-

لارنى ئۇلۇغلايدۇ . «دىۋان»دىكى «تۈرك»ئېتنونىمى بىلەن باغلىق قىسسە ۋە ھەدىس پارچىلىرىنىڭ ھەممىسى ، ماھىيەتتە ، مەركىزىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۇلار ئارىسىدا تارقالغان تۈركلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادى ھەققىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەردىن پارچىلاردۇر . م . قەشقەرى «دىۋان»دا ئاللا ۋە پەيغەمبەر نامى بىلەن مەيدانغا كەلگەن ئەپسانە تۈسىدىكى بۇ ئىسلام قىسسىلىرى ۋە ھەدىسلەردىن پارچىلارنى بېرىش ئارقىلىق ئۆزى مەنسۇپ بولغان مىللەتنى ئۇلۇغ بىلگەن ، ئۆز مىللىتىنى ، مىللىي تىلىنى ، مىللىي مەدەنىيىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويغان .

مەھمۇد قەشقەرى «قۇلباق»سۆزىگە : «تۈركلەردىن بىر ئەۋلىيانىڭ ئىسمى ، ئۇ بالاساغۇن تاغلىرىدا ياشايدىكەن ، ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا ، ئۇ قاراتاشقا : (تەڭرى قۇلى قۇلباق )دەپ يازسا ، ئاق بولۇپ چىقىدىكەن ، ئاق تاشقا يازسا ، قارا بولۇپ چىقىدىكەن ، ئۇنىڭ ئىزلىرى تا ھازىرغىچە بار ئىكەن» ( «دىۋان»1 - توم ، 620 - بەت ) دەپ ئىزاھ بېرىش ئارقىلىق قۇلباق ھەققىدىكى ئەپسانىلەردىن بىر پارچىنى كەلتۈرىدۇ .

مەھمۇد قەشقەرى «بارس» (يولۋاس )سۆزىنى ئىزاھلىغاندا تۈرك خەلقلىرى ئىچىدىكى ئون مۈچەلنىڭ كېلىپ چىقىشىغا دائىر ئەپسانىنى بېرىدۇ ھەمدە بۇ ئەپسانە بىلەن باغلىق ھالدا خەلق ئىچىدە ئېيتىلىپ يۈرگەن رىۋايەت ، تەبىرلەرنىمۇ قوشۇمچە قىلىدۇ ( «دىۋان»1 - توم ، 449~452 - بەتلەر ) .

«دىۋان»دا يەنە «بۇلاق»ناملىق بىر تۈرك قەبىلىسى ، «كەشمىر» نامىلىق شەھەرگە بېرىلگەن ئىزاھلاردىمۇ ئەپسانىۋى دېتاللار ئۇچرايدۇ . ( «دىۋان»1 - توم ، 492 - ، 597 - بەتلەر ) . «چىدۋى» ، «تەگى» ئوخشاش شامان دىنى ئاتالغۇلىرى شامان دىنىي ئەپسانىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ ( «دىۋان» 3 -

توم ، 311 ـ ، 317 ـ بەتلەر ) .

«دىۋان» دا بېرىلگەن يۇقىرىقى ئەپسانە ۋە ئەپسانىلەردىن پارچىلاردىن باشقا نەسرىي پارچىلارنىڭ ھەممىسى رىۋايەت ۋە رىۋايەتلەردىن پارچىلار بولۇپ ، ئۇلارنى تارىخىي ۋەقە ۋە شەخسلەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ، قەبىلە ـ ئۇرۇق ، يەر ـ جايناملىرى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ، ھەر خىل شەيئى ـ ھادىسىلەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەر قاتارلىق ئۈچ تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن .

تارىخىي ۋەقە ۋە شەخسلەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ئىچىدە «تۈركمەن» سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا باغلاپ بايان قىلىنغان تۈركلەرنىڭ «شۇ» ئىسىملىك قاغانى ھەمدە ئۇنىڭغا باغلاپ بېرىلگەن زۇلقەرنەيىن ھەققىدىكى رىۋايەت بىرقەدەر تەپسىلىي ۋە ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە . بۇ رىۋايەتتە «تۈركمەن» دېگەن ئېتنىك نامدىن باشقا «قالاچ» دېگەن قەبىلە نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى رىۋايەتمۇ بىرلەشتۈرۈلۈپ بايان قىلىنىدۇ . («دىۋان» 3 ـ توم، 564~568 ـ بەتلەر ) .

زۇلقەرنەيىنگە مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەردىن پارچىلار يەنە «ئۇيغۇر» ، «ئۆگە» ، «چىگىل» ۋە «تۇتماچ» سۆزلىرىنى ئىزاھلىغاندا بېرىلگەن بايانلاردىمۇ ئۇچرايدۇ . («دىۋان» 1 ـ توم، 151~153 ـ ، 122 ـ ، 511 ـ ۋە 591 ـ بەتلەر ) . م . قەشقەرى «ئۇيغۇر» سۆزىگە بەرگەن ئىزاھىدا ھەتتا «سۇلمى» قاتارلىق ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىمۇ «زۇلقەرنەيىن سالدۇرغان» دېگەن رىۋايەت بىلەن باغلايدۇ . «ئۆگە» (تەجرىبىلىك ، ئەقىللىق ، كاداڭ ) سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تۈرك خاقانى بىلەن زۇلقەرنەيىن ئەسكەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىر قېتىملىق ئۇرۇش ۋە شۇ قېتىم ئۇرۇش بولغان يەردىكى تاغنىڭ «ئالتۇنقان» دەپ ئاتىلىشىغا دائىر رىۋايەت بىلەن باغلاپ ئىزاھلايدۇ .

«دىۋان» دا ئىزاھ تەرىقىسىدە بېرىلگەن جۈملىلەر ئىچىدە ئەينى دەۋردە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە نامى ئەڭ مەشھۇر بولغان ،

تۇركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەجدادى ، ئۇلۇغ خاقانى ، بەگلەر بېگى دەپ تونۇلغان ئەفراسىياب (تۇڭا ئالىپ ئەر ) بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان رىۋايەتلەردىن پارچىلار كۆپ يەردە ئۇچرايدۇ .

م . قەشقەرى «بۆكە » (ئەجدارھا ، يالماۋۇز ) سۆزىنى ئىزاھلىغانـ ـدا ، بۆكە بۇدراج بىلەن ئارسلان تېكىن ئوتتۇرىسىدا بولغان بىر قېتىملىق جەڭ ھەققىدىكى رىۋايەتنى بېرىدۇ (3 ـ توم،314 ـ بەت ) .

«دىۋان »دىكى قەبىلە ـ ئۇرۇق ، يەر ـ جايناملىرى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ئىچىدە ئەڭ دەسلەپ كۆزگە چېلىقىدىغىنى «ئۇيغۇر » ئېتنوـ نىمىنى ئىزاھلىغاندا بېرىلگەن رىۋايەت بولۇپ ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلـ ـىدۇ :

«ئۇيغۇرـ بىر ئەلنىڭ ئىسمى ، ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار ، بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەين تۇرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغان ئىكەن .

ماڭا مۇھەممەد چاقىر تونقاخان ئوغلى نىزامىدىن ئىسرافىل توغان تېكىن ئۆز ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ ، مۇنداق دېگەنىدى : زۇلقەرنەين ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا ، تۇرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن ، ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن ، ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتـ ـسا ، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن . زۇلقەرنەين بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە ‹ئىنان خۇزخۇرەند ـ بۇلار باشقىلارغا موھتاج بولماي ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن ؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ ، قاچان خالىسا ، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ › دەپتۇ . شۇندىن تارتىپ بۇ ئەل ‹خۇزخۇر › دەپ ئاتىلىپـ ـتۇ . كېيىن ‹خ ـ h › ھەرپى ‹ا ـ ئېلىف ›قا ئالماشقان . بولۇپمۇ ‹ا ـ ئېلىف ›نىڭ ‹خ ـ h ›غا ۋە ‹خ ـ h ›نىڭ ‹ا ـ ئېلىف ›قا ئالمىشىشى كۆپ ئۇچرايدىغان ھادىسە .

‹خ ـ h ›ھەرپى ‹ا ـ ئېلىف ›قا ئالمىشىش بىلەن بىللە ،

‹خۇز › سۆزىدىكى ‹ز – z › ھەرپىمۇ ‹ي ›غا («دىۋان »دىكى ترانسك-رىپسىيە ئاساس قىلىندى . ) ئالماشقان . بۇ ‹ز – z › ھەرپىنىڭ ‹ي—y ›غا ئالمىشىشى تۇپ قائىدە .

بۇ ئەلدە بەش شەھەر بار ، ئۇنىڭ خەلقى ئەڭ ئەشەددىي كاپىرلار ، ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەردۇر . بۇ شەھەرلەر : سۇلمى ، بۇنى زۇلقەرنەين سالدۇرغان ، قوچۇ ، جانبالىق ، بەشبالىق ، ياڭى بالىق » (1 – توم، 151~153 – بەتلەر ) .

«دىۋان »دىكى قەبىلە – ئۇرۇق ، يەر – جاي نامىلىرى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر (پارچىلار )تارىخىي ۋەقە ۋە شەخسلەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەر (پارچىلار )بىلەن بىرلەشتۇرۇپ بېرىلگەن بولۇپ ، بۇنىڭغا «ئۇيغۇر » ، «تۇركمەن » ، «قالاچ » ، «چىگىل »قاتارلىق مىللەت – قەبىلىلەر ؛ «سۇلمى » ، «شۇ » ، «قازۋىن » ، «مەرۋ » ، «بارمان » ، «بارسغان » ، «بارچۇق »قاتارلىق شەھەرلەر ، «ئالتۇنقان »ئوخشاش تاغ ئىسمى ، «تارىم » ، «يۇگۇ »ئوخشاش دەريا ئىسملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا دائىر بايانلارنى مىسال تەرىقىسىدە كۆرسىتىش مۇمكىن . بۇنىڭ ئىچىدە «تۇركمەن » ، «قالاچ » ، «ئۇيغۇر » ، «چىگىل »قاتار-لىق مىللەت – قەبىلىلەرنىڭ نامى زۇلقەرنەين نامى بىلەن باغلىق رىۋايەتلەر بىلەن ، «مەرۋ » ، «بارمان » ، «قازۋىن » ، «بارسغان » ، «بارچۇق »قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ بىنا قىلىنىشى ئافراسىياب ۋە ئۇ-نىڭ ئەۋلادلىرىغا باغلىق رىۋايەتلەر بىلەن باغلاپ بايان قىلىندۇ .

«دىۋان »دىكى ھەر خىل شەيئى – ھادىسىلەر ھەققىدىكى رىۋايەت-لەر ياكى رىۋايەتلەردىن پارچىلار قاتارىغا «كەند » (شەھەر ) ، «قاتۇن » (خوتۇن ، خېنىم ) ، «تەگىن » (ئەسلىي : «قۇل » مەنىسىدە ، كېيىن شاھزادىلەرگىمۇ قوللىنىلىدىغان بولغان ) ، «تۇتماچ » (بىر خىل تا-ماقنىڭ نامى ) ، «بوقاق » ، «توڭا »قاتارلىق سۆزلەرگە بېرىلگەن ئى-زاھلاردا ئۇچرايدۇ (1 – توم، 447 – ، 533 – ، 539 – ، 591 – بەتلەر ؛ 2 – توم، 416 – بەت ؛ 3 – توم، 503 – بەت ) . ئۇلارنىڭ

بەزىلىرى ئوخشاشلا ، زۇلقەرنەيىن ۋە ئافراسىياب قاتارلىق شەخسلەر نامى بىلەن باغلىنىدۇ .

«دىۋان»دا بېرىلگەن ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىن پارچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىزاھ تەرىقىسىدە بېرىلگەن بايانلارنىڭ بىرەر جۈملىسى تەرزى-دە ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ ، لېكىن بۇ پارچىلار بىزگە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (ئالېكساندىر ماكېدونسكى ) ، ئالپ ئەرتۇڭا (ئافراسىياب ) ھەققىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەت ، قىسسە ، داستان (ئېپوس )لارنىڭ ئەي-نى دەۋردە ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا كەڭرى تارقىلىپ ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقانلى-قىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

«دىۋان»دىكى شېئىر ـ قوشاقلاردىن پارچىلارنى مەزمۇنى ، بە-دىئىي ئۇسلۇبى ، ژانىر ـ تۈر ئالاھىدىلىكىگە قاراپ داستانلاردىن پارچە ، مۇنازىرە ژانىرىدىكى ئەسەردىن پارچە ، ھەر خىل مەزمۇن ۋە شەكىلدىكى قوشاقلاردىن پارچە قاتارلىق بىرقانچە تۈرگە بۆلۈش مۇم-كىن .

مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان»دىكى سۆزلەملەرنى ئىزاھلاپ چۈشەن-دۈرۈش داۋامىدا قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نادىر نەمۇنىلىرى بولغان بىر قىسىم داستانلاردىن پارچىلارنى ئەسىرگە مىسال تەرىقى-سىدە كىرگۈزۈپ ، بۇ ئارقىلىق ئەينى دەۋر ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە نەتىجىلىرىنى سۈرەتلەپ بەرگەن . «دىۋان»غا مىسال تەرىقىسىدە كىرگۈزۈلگەن بۇ پارچىلار ئىچىدە ئارسلان تېكىن غازىنىڭ ياباقۇلارغا قارشى ئېلىپ بارغان جېڭى تەسۋىرلەنگەن داستاندىن ئېلىنغان پارچىلار خېلى سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ ، تەتقىقاتچى ئىمىن تۇرسۇن «تارىمدىن تامچە» نام-لىق ئەسىرىدە بۇ خىل داستان پارچىلىرىدىن 36 كۇپلېتنى رەتلەپ چىقىپ ، ئۇنىڭغا «بېكەچ ئارسلان تېكىن»داستانىدىن پارچىلار دەپ

نام بەردى.[1] رەتلەپ چىقىلغان مەزكۇر داستان پارچىلىرى پۈتۈنلەي قەدىمكى ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىياتىدىكى «قوشاق» («قوشۇغ»)ژانىرىنىڭ ئالدىنقى ئۈچ مىسراسى ئۆزئارا قاپىيىداش، 4 ـ مىسراسى كېيىنكى كۇپلېتلارنىڭ 4 ـ مىسراسى بىلەن قاپىيىداش كېلىدىغان بىر خىل ئالاھىدە ۋە كۆپ ئۇچرايدىغان، ئەڭ دەسلەپكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بىر ئاساسىي تۈرى سۈپىتىدە ئومۇملاشقان شېئىرىي شەكلىدە بولۇپ، «دىۋان»دا مىسال تەرىقىسىدە ئېلىنغان داستانلاردىن پارچىلار ۋە باشقا شېئىرىي ئەسەر پارچىلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ شېئىرىي شەكىلدە كەلگەن. ئەستايىدىل كۆزەتكەندە، مەزكۇر داستاننىڭ ھەقىقەتەنمۇ چوڭ تىپتىكى بىر مۇكەممەل داستان ئىكەنلىكىنى، مىسال تەرىقىسىدە ئېلىنغان پارچىلارنىڭ داستاننىڭ تۆت قىسمىدىن كەلگەنلىكىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن.

داستاننىڭ مىسال تەرىقىسىدە ئېلىنىپ، ئاخىرقى مىسرالىرى «ئېركەشۇر // تىركەشۇر» ئوخشاش قاپىيە شەكلىدە كەلگەن 1 ـ قىسىمدا مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمىگەن ئەسلىدىكى «توققۇز ئۇيغۇر» قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىكى قەبىلىلەرنىڭ بىرى، ئىسسىق كۆلنىڭ شىمالىدىكى ياباقۇلارنىڭ بېگى بۇدراچنىڭ ئېرتىش، ئېمىل ۋادىلىرىدىكى باسمىللار بىلەن بىرلىشىپ، قوشۇن توپلاپ، ئارسلان تېكىن غازىغا قارشى ئاتلانغانلىقى؛ «ئۇۋۇلسۇن // يۇۋۇلسۇن» ئوخشاش قاپىيە شەكلىدە كەلگەن 2 ـ قىسىمدا جەڭگە ئاتلىنىش جەريانى؛ «تىغدى // سىغدى» ئوخشاش قاپىيە شەكلىدە كەلگەن 3 ـ قىسىمدا جەڭ تەپسىلاتى؛ «تۇتار // ئۇتار» ئوخشاش قاپىيە شەكلىدە كەلگەن 4 ـ قىسىمدا ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ جەڭ ۋە جەڭ غەلىبىسى، مەغلۇپ

---

① ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە» (بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990)، 363~ 371 ـ بەتلەر، قارىشىمچە، مەزكۇر داستاندىن «دىۋان»غا كىرگۈزۈلگەن پارچىلار ئەمەلىيەتتە 37 كۇپلېت بولۇپ، 3 ـ توم، 289 ـ بەتتىكى بىر كۇپلېت كىرگۈزۈلمەي قالغان.

بولغان دۈشمەننىڭ ئەھۋالى تەسۋىرلەنگەن .
«دىۋان»دا مىسال تەرىقىسىدە ئېلىنغان داستانلاردىن پارچىلار ئىچىدە كۆزگە يەنە روشەن تاشلىنىدىغىنى ـ تۇڭا ئالپ ئەر (ئافراسىياب)ھەققىدىكى داستاننىڭ ئاخىرقى قىسمىدىن ئېلىنغان توققۇز كۇپلېت مەرسىيە شېئىرىدۇر . تۆۋەندە بۇ مەرسىيە شېئىرلىرىدىن بىرقانچە كۇپلېتنى مىسال كەلتۈرىمىز :

«ئالپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ ،
ئېيسىز ئازۇن قالدىمۇ .
ئۆزلەك ئۆچىن ئالدىمۇ ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر» .

(ئالپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ؟ بىۋاپا دۇنيا ئۇنىڭدىن قۇتۇلدىمۇ؟ پەلەك ئۇنىڭدىن ئۆچىنى ئالدىمۇ؟ ئەمدى يۈرەكلەر پارە ـ پارە بولماقتا) .

«بەگلەر ئاتىن ئارغۇزۇپ
قادغۇ ئانى تۇرغۇرۇپ
مەڭزى يۈزى سارغارىپ
كۆركۈم ئاڭار تۇرتۇلۇر»

(بەگلەر ئاتلىرىنى ھارغۇزۇپ كېلىشتى ، قايغۇ ئۇلارنى تۇرغۇزدى ، مەڭزى ، يۈزى سارغىيىپ ، خۇددى زەپىرەڭ سۈرتۈلگەندەك بولدى) .

«ئۇلىشىپ ئەرەن بۆرلەيۇ
يىرتىپ ياقا ئۇرلايۇ
سىقىپ ئۈنى يۇرلايۇ
سىغتاپ كۆزى ئۆرتۇلۇر»

(ئادەملەر بۆرىلەردەك ھۇۋلاشتى ، ئاھ ئۇرۇپ ياقىلىرىنى يىرتىشتى ، ئۇنىنىڭ بارىچە چىرقىراپ ، مۇڭلۇق نەغمىدەك ئۈن سېلىپ پەرياد چېكىشتى ، كۆپ يىغلاپ ، كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ كەتتى) .

«ئۆگرەيۈكى مۇنداغ ئوق
مۇندا ئازىن تىلداغ ئوق
ئاتسا ئاژۇن ئوغداپ ئوق
تاغلار باشى كەرتىلۇر»

(1 ـ توم، 58 ـ ، 633 ـ ، 254 ـ ۋە 216 ـ بەتلەر)

(زاماننىڭ ئادىتى شۇنداق، بۇنىڭدىن باشقا بىرمۇنچە قورقۇنچلۇق سەۋەبلەرمۇ بار، زامان چەنلەپ ئوق ئاتسا، تاغلار بېشىمۇ پارە ـ پارە بولۇپ كېتىدۇ).

مىسال تەرىقىسىدە ئېلىنغان بۇ مەرسىيە پارچىلىرىدا ئالپ ئەرتۇڭا (ئافراسىياب) ۋاپاتى بىلەن چەكسىز قايغۇ ـ مۇسىبەتكە چۆمگەن خەلقنىڭ روھىي ھالىتى، ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن. بۇنىڭدىن ئالپ ئەرتۇڭا (ئافراسىياب) ئوبرازىنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ـ مەنىۋى ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى، مەشھۇر ئەجدادى، بۈيۈك مىللىي قەھرىمان، «بەگلەر بېگى» ـ قابىل خاقان سۈپىتىدە ئۇلۇغلىنىپ كەلگەنلىكى تېخىمۇ يارقىن نامايان بولىدۇ.

ئافراسىياب ئوبرازى ئەڭ دەسلەپ ئىران كەييانىيلار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرى بىلەن باغلىق ھالدا مەيدانغا كەلگەن سىياۋۇش ئەپسانىسىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. مەزكۇر ئەپسانىنىڭ تارىخىي ئىزلىرى ئەڭ دەسلەپ «ئاۋېستا» دىن ئورۇن ئالغان بولۇپ، «ئاۋېستا» دا سىياۋۇش ـ «سىياۋەرشان»، كەيخۇسراۋ ـ «كەۋەخەئاسرەۋ»، ئافراسىياب ـ «فرەنەۋسىيان» نامى بىلەن ئۇچرايدۇ.[1] س. پ. تولستوۋنىڭ خەۋەر بېرىشىچە، سىياۋۇش كەييانىلار سۇلالىسى پادىشاھلىرىدىن بولغان كەيكاۋۇسنىڭ ئوغلى بولۇپ، تۇران شاھى ئافراسىياب بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا غالىپ چىقىپ، ئافراسىيابنىڭ

① ئې. ئە. بېرتېلس: «پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتى» (موسكۋا. 1960)، 61 ـ بەت.

قىزىغا ئۆيلىنىدۇ . كېيىن تۆھمەتكە ئۇچراپ ، قېيىن ئاتىسى (ئافرا-
سىياب )ئەۋەتكەن قاتىللار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ . سىياۋۇشنىڭ ئۆ-
چىنى ئوغلى كەيخۇسراۋ ئالىدۇ . ئۇ بوۋىسى ئافراسىيابنى ئۆلتۈرۈپ ،
پۈتۈن ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىغا ئالىدۇ ۋە مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى
13 ـ ئەسىردە خارەزمىيلەر سۇلالىسىغا ئاساس سالىدۇ .[1] سىياۋۇش ،
ئافراسىياب ، كەيخۇسراۋ توغرىسىدىكى ئەپسانىلەرنىڭ ئوخشىمىغان
ۋارىيانتلىرى «تارىخى تەبەرى» ، «تارىخى نەرشەھى» ( «بۇخارا تارد-
خى» ) ۋە «تارىخى كامىل»قاتارلىق ئەسەرلەردە ئۇچرايدۇ .

تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە تارىم ۋادىسىدا تۈركىي تىللىق
قوۋملار بىلەن بىللە ياشاپ كەلگەن ھىندى ـ ياۋرۇپا تىل سىستېمى-
سى ۋە ئىرقىغا مەنسۇپ بولغان ساك ۋە توخرى قاتارلىق قەدىمكى
مىللەتلەرنىڭ تۈركىيلىشىشى (ئۇيغۇرلىشىشى ) ، تۈركىي تىل (ئۇي-
غۇر تىلى )نىڭ بۇ رايوندا ئاساسىي تىلغا ئايلىنىشىدىن ئىبارەت ئۇزاق
تارىخىي جەريان نەتىجىسىدە ، ساك ۋە توخرى قاتارلىق قەدىمكى مىل-
لەتلەر ئارىسىدا قەدىمكى ئىران ،گرېك ۋە قەدىمكى ھىندىستان مەدە-
نىيىتىنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغان نۇرغۇن ئەپسانە ـ رىۋايەت ، قىسسە
ۋە ئېپوس (داستان )لار ئۇيغۇر مەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ بىر
قىسمىغا ئايلىنىپ كەتتى . تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە تارىم ۋادد-
سىدا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى بىلەن بۇ رايوندىكى تۈركىي قوۋملار
(ئۇيغۇرلار )ئۆزلىرىنىڭ يىراق ئەجدادلىرىنى بىۋاسىتە ئىسلام مەنبە-
لىرىدىكى نوھنىڭ ئوغلى يافەسكە ، ياكى ئىران مەنبەلىرىدىكى فېرد-
دون ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلىنىڭ ئوتتۇرانچىسى بولغان «تۇر»غا باغلى-
دى . «تۇران»سۆزى ئەمەلىيەتتە «تۇر»سۆزىدىن تۇرلىنىپ چىققان
بولۇپ ، ئۇ تۈركىي ئېتنىك تۈركۇمى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىدى .

---

① س. پ. تولستوۋ: «قەدىمكى خارەزىم مەدەنىيىتىنى ئىزدەپ» (موسكۋا ـ لېنىنگراد، 1948)، 85
ـ بەت.

تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئافراسىيابنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادى دەپ قاراشتەك بۇ خىل مەدەنىيەت پسىخىكىسىنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە تېخىمۇ كەڭرى ئومۇملاشقانلىقى، قاراخانىيلار خاقانلىرىنىڭ ئافراسىيابنى ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادى دەپ قاراپ كەلگەنلىكىنى «دىۋان»دىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، مەرسىيە پارچىلىرىدىن ئېنىق كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. مەھمۇد قەشقەرى بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان مۇتەپەككۇر شائىر يۇسۇپ خاس ھاجىپمۇ ئۆزىنىڭ مەشھۇر «قۇتادغۇبىلىك»ناملىق ئەسىرىنىڭ 275 ~ 282 ـ بېيىتلىرىدا تۇڭا ئالپ ئەر توغرىسىدا مەخسۇس توختىلىپ، ئۇنى تۈرك بەگ (خاقان) لىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇرى سۈپىتىدە مەدھىيىلەيدۇ ھەمدە تاجىكلارنىڭ ئۇنى «ئافراسىياب»دەپ ئاتايدىغانلىقىنى، ئافراسىياب ھەققىدىكى باياناتلارنىڭ تاجىكلارنىڭ كىتابلىرىدىن كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ. 5861 ~ 5868 ـ بېيىتلىرىدا تۇڭا ئالپ ئەرنىڭ چېقىمچىلىقىنى ئېيىبلاپ ئېيتقان پەندى ـ نەسىھەتنى بېرىدۇ.

ئالپ ئەرتۇڭا (ئافراسىياب) ھەققىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، مەرسىيە پارچىلىرىنىڭ «دىۋان»دىن كۆپلەپ ئورۇن ئالغانلىقى، «قۇتادغۇبىلىك»داستانىدىمۇ بۇ ھەقتىكى مىسرالارنىڭ خېلى كۆپ سەھىپە ئىگىلىگەنلىكىدەك ئەمەلىيەت بىزگە قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئالپ ئەرتۇڭا ھەققىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەت، قىسسە، داستانلارنىڭ كەڭرى تارقالغانلىقىنى، «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئېپوسى ۋە ئېپوستىكى باش قەھرىمان»[1] ئالپ ئەرتۇڭانىڭ بۇ دەۋردە قەدىمكى ئىران ئەپسانە ـ رىۋايەت، قىسسە، ئېپوسلىرىدىن ئورۇن ئالغان، شەرقىي ئىران تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولغان تۇرانىلار (ساك، ماسساگىت قاتارلىق قەدىمكى مىللەتلەر)نىڭ پادىشاھى ئافرا-

---

① غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى» (ش.ئۇ.ئا.ر ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى، 1996)، 1 ـ قىسىم، 115 ـ بەت)

سىياب بىلەن بىردەكلىك ھاسىل قىلغانلىقىنى، ئالپ ئەرتۇڭا (ئافراسىياب) ئوبرازىنىڭ ئەينى دەۋر ئەل ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە ۋە كەڭ ئورۇن تۇتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئالپ ئەرتۇڭا بىلەن ئافراسىيابنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە مەخسۇس ئىزدەنگەن دوكتۇر ئەسەت سۇلايمان بۇ ھەقتە: «ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئەرەب - پارس مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئىران مەنبەلىرىدىكى تۇرانلىقلارنىڭ پادىشاھى ئافراسىيابقا باغلىدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئالپ ئەرتۇڭا دېگەن ئەپسانىۋى قەھرىمانى بىلەن ئىران مەنبەلىرىدىكى ئافراسىيابنى ئارىلاشتۇرىۋەتتى»[1] دەپ يازىدۇ.

ئافراسىياب ھەققىدىكى مەرسىيە پارچىلىرىدىن سىرت، «دىۋان»دا يەنە باشقا بىر داستاندىن ئېلىنغان 4 كۇپلېت مەرسىيە شېئىرى بېرىلگەن (قاراڭ: «دىۋان» 1 - توم، 670 - ، 677 - ، 2 - توم، 69 - ، 97 - بەتلەر). مەزمۇن ۋە قاپىيە جەھەتتىن مۇئەييەن ئوخشاشلىق ۋە ئىزچىللىققا ئىگە مەزكۇر مەرسىيە پارچىلىرىنى ئۇنىڭدىكى «ئوغراق سۇسى» (ئوغراق قوشۇنى) توغرىسىدىكى بايان بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل كۆزەتكەندە، ئۇلارنىڭ غازى ئارسلان تېكىن ھەققىدىكى داستاندىن ئېلىنغان مەرسىيە پارچىلىرى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن.

«دىۋان»دا مىسال تەرىقىسىدە ئېلىنغان شېئىرىي پارچىلار ئىچىدە يەنە قاتۇن سىنى (تاڭغۇتلار ئېلى بىلەن چىن ئارىلىقىدىكى بىر كىچىك شەھەرنىڭ نامى) خەلقى بىلەن تاڭغۇتلار ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ تەسۋىرلەنگەن داستاندىن ئېلىنغان قوشاق شەكلىدىكى 8 كۇپلېت شېئىر (1 - توم، 247 - ، 395 - ، 404 - ؛ 3 - توم،

① ئەسەت سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۇملەنگەن روھ» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000)، 316 - بەت.

442 ـ ، 446 ـ ، 455 ـ ، 464 ـ ۋە 554 ـ بەتلەر ) ۋە قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىدىكى بۇددىست ئۇيغۇرلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان جەڭ (مىڭلاق جېڭى ) تەسۋىرلەنگەن داستاندىن ئېلىنغان قوشاق شەكلىدىكى 5 كوپلېت شېئىر (1 ـ توم، 448 ـ ، 565 ـ ، 617 ـ ، 630 ـ ؛ 3 ـ توم، 254 ـ بەتلەر ) ئۇچرايدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن داستان پارچىلىرى بىزگە ئەينى دەۋر ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتىدا داستانچىلىقنىڭ ئالاھىدە ئورۇن تۇتقانلىقىنى ، «قوشاق» ( «قوشۇغ» ) شېئىرىي شەكلىنىڭ بۇ خىل داستانلارنىڭ ئاساسىي شېئىرىي شەكلى بولۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماي ، ئۆز نۆۋىتىدە ، ئۇ يەنە بىزگە ئەينى دەۋر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مەدداھلىق ـ ـ ئەلنەغمە ئەدەبىياتىنىڭمۇ بەلگىلىك تەرەققىياتقا ئىگە بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

«دىۋان»دا تەبىئەت تەسۋىرى مەزمۇنىدىكى بىر گۇرۇپپا شېئىرلار كۆزگە روشەن تاشلىنىدۇ. بۇ شېئىرلاردا قىش بىلەن ياز ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە تەسۋىرلەنگەن. بۇ شېئىرلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىر گۈزەل تەبىئەت لىرىكىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن كىشىگە يۇقىرى ئېستېتىكىلىق زوق بېغىشلايدۇ.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مۇنازىرە ژانىرىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ تىپىك ۋە ئالاھىدە بىر خىل شەكلى سۈپىتىدە ، مۇنازىرە بىلەن تەبىئەت تەسۋىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ بېرىلگەن مەزكۇر ئەسەردىن مىسال تەرىقىسىدە ئېلىنغان پارچىلارنى تەپسىلىي كۆزەتكەندە ، ئۇنىڭ 3 قىسىمدىن تەشكىل تاپقانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

گەرچە تولۇق بولمىسىمۇ ، مۇنازىرە ژانىرىدىكى مەزكۇر ئەسەرنىڭ 1 ـ قىسمىدىن ئېلىنغان پارچىلارنى تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە تىزىش مۇمكىن :

«قىش ياز بىلەن توقۇنۇشىدۇ ، بىر ـ بىرىگە قىڭغىر كۆز بىلەن

بېقىشىپ ، بىر ـ بىرىنى ئۇتماقچى بولۇشىدۇ » (1 ـ توم، 230 ـ بەت ) . «قىش يازغا دەيدۇكى : ئادەم ـ ئاتلار مەندە قەيسەرلىشىدۇ ، كېسەللەر ئازىيىدۇ ، ئەت ـ يان چىڭىيىدۇ » (3 ـ توم، 380 ـ بەت ) . «مەن كەلگەندە قار چۈشىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن يازدا ئاشلىقلار ئۈنىدۇ ، دۈشمەنلەر مەندە تىنىپ ، سەن كەلگەندە تەۋرەيدۇ » (2 ـ توم، 292 ـ بەت ) . «سەندە پۈتۈن زىيانداشلار تىرىلىدۇ ، ئۇلار مىڭلاپ ـ تۈمەنلەپ ئورنىدىن تۇرىدۇ » (3 ـ توم، 501 ـ بەت ) . «ياز ، سەن سۆلىرىڭغا تايانما ، يامانلىققا تەييارلانما ، تىلىڭدىن ياخشى سۆزلەرنى چىقار » (3 ـ توم، 330 ـ بەت ) .

مۇنازىرىدە ياز قىشقا تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتىدۇ :

«سەندە لاي ـ پاتقاقلار يۇغۇرۇلىدۇ ، يوقسۇل ـ يوپۇن دۈگدىيىدۇ ، بارماقلىرى ئۈيۈشىدۇ ، كىچىككىنە چوغ بىلەن ھەپىلىشىدۇ » (1 ـ توم، 329 ـ بەت ) . «سەندىن قۇشلار قاچىدۇ ، مەندە تىنىدۇ ، بۇلبۇللار تاتلىق سايرايدۇ ، ئەركەك ـ چىشى ئۇچرىشىدۇ » (1 ـ توم 685 ـ ؛ 2 ـ توم، 246 ـ بەت ) . «ياز كېلىش بىلەن ئەگىز سۇلار كەلكۈن بولۇپ ئاقىدۇ ، [ پۈتۈن جانلىقلارنىڭ ] يوروق يۇلتۇزى توغىدۇ » (1 ـ توم، 130 ـ بەت ) . «يىلقى يازدا ئات بولىدۇ ، ئوتلاپ ئەتلىنىدۇ ، بەگلەر سېمىز ئات مىنىدۇ ، ئۈيۈر بولۇپ يۈرگەن ئاتلار خۇشاللىقىدىن بىر ـ بىرىنى چىشلەپ ئوينىشىدۇ » (1 ـ توم، 375 ـ بەت ) .

ئەسەرنىڭ 2 ـ قىسمىدا مۇنازىرىنىڭ كەسكىنلەشكەنلىكى ، ياز بىلەن قىشنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن تۇتۇشقانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ ( «دىۋان » 2 ـ توم، 130 ـ ، 604 ـ ، 3 ـ توم، 201 ـ بەتلەر ) .

ئەسەرنىڭ 3 ـ قىسمى تەبىئەت لىرىكىسى بولۇپ ، «دىۋان »غا ئۇنىڭدىن 16 كۇپلېت مىسال تەرىقىسىدە ئېلىنغان . بۇ قىسىم باھار يامغۇرى تەسۋىرى بىلەن باشلىنىدۇ (1 ـ توم، 341 ـ ، 3 ـ توم،

544 ـ ، 1 ـ توم، 460 ـ بەتلەر ) ھەمدە باھار ۋە يازنىڭ گۈزەل تەبىئەت ۋە ھايات كارتىنىسى چوڭقۇر لىرىك ھېسسىيات ، يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن تۆۋەندىكىدەك نەپىس سۈرەتلىنىدۇ :

«قويدى بۇلۇت ياغمۇرىن
كەرىپ تۇتار ئاق تورىن
قىرقا قۇزتى ئول قارىن
ئاقىن ئاقار ئاڭراشۇر »
(3 ـ توم 51 ـ بەت )

(بۇلۇت ئاق تورىنى يېيىپ ، ياغمۇرىنى قويۇۋەتتى ، ئۇ قارلىرىنى تاغلارغا تاشلىدى ، تاغلاردىن شارقىراپ سەل سۇلىرى ئېقىۋاتىدۇ . )

«ياغمۇر ياغىپ ساچىلدى
تۇرلۇگ چەچەك سۇچۇلدى
يىنچۇ قاپى ئاچىلدى
چىندان يىپار يۇغرۇشۇر »
(2 ـ توم 170 ـ بەت )

(ياغمۇر يېغىپ تامچىلىرى چېچىلدى ، تۈرلۈك گۈل ـ چېچەكلەر ئۈنۈپ ، ئۈنچە قېپى ئېچىلدى ، خۇددى سەندەل بىلەن ئىپار يۇغۇرۇلغاندەك خۇشپۇراق چېچىلدى . )

«قار بۇز قامۇغ ئەرۇشدى
تاغلار سۇۋى ئاقىشدى
كۆشىن بۇلىت ئۆرۇشدى
قايغۇق بۇلۇپ ئەگرىشۇر »
(1 ـ توم، 251 ـ بەت )

(قار ، مۇزلارنىڭ ھەممىسى ئېرىدى ، تاغ سۇلىرى ئاقتى ، كۆكۈچ بۇلۇتلار ھاۋاغا ئۆرلەپ چىقتى ، ئۇلار خۇددى قېيىقلار سۇدا ئۈزگەندەك ئاسماندا ئۈزمەكتە . )

«قاقلار قامۇغ كۆلەردى
تاغلار باشى ئىلەردى
ئاژۇن تىنى يىلىردى
تۇتۇ چەچەك چەركەشۇر»
(1 ـ توم 242 ـ ، 2 ـ توم 412 ـ بەت)

(قاقاسلىقلار پۇتۇنلەي كۆلگە ئايلاندى ، تاغلارنىڭ چوققىلىرى غۇۋا كۆرۈندى ، دۇنيانىڭ تىنىقى ئىللىدى ، گۈل ـ چېچەكلەر كەينى ـ كەينىدىن بىخ ئۇردى .)

«قۇش قۇرت قامۇغ تىرىلدى
ئەركەك تىشى تەرىلدى
ئۇگۇر ئالىپ تارىلدى
يىنقا يانا كىرگۇسۇز»
(3 ـ توم 5 ـ بەت)

(قۇش ـ قۇرتلارنىڭ ھەممىسى تىرىلدى ، ئەركەك ـ چىشىلىرى توپلىنىشتى ، توپ ـ توپ بولۇپ تارقىلىشتى ، ئۇلار ئىنىگە قايتىپ كىرمەيدىغان بولدى .)

«ئالىن تۆپۇ ياشاردى
ئۇرۇت ئوتىن ياشۇردى
كۆكلىنىڭ سۇۋىن كۇشەردى
سىغىر بۇقا مۆڭرەشۇر»
(2 ـ توم 105 ـ بەت)

(تاغ تۆپىلىرى ياشاردى ، قۇرۇق ئوتلارنى قاپلاپ كەتتى ، كۆللەرنىڭ سۈيى تېشىپ كەتكۇدەك دەرىجىدە تولۇپ كەتتى ، سىيىر (ئىنەك) ، بوقىلار سۆيۈنۈپ مۆرەشمەكتە .)

«تۇرلۇگ چەچەك يازىلدى
بارچىن يازىم كەرىلدى
ئۇجماق يەرى كۆرۈلدى

تۆملۆغ يەنە كەلگۈسۈز »
( 1 ـ توم، 161 ـ بەت )
(تۆرلۈك گۈللەر ئېچىلدى ، [يەريۈزى] گويا يىپەك گىلەملەر سېلىنغاندەك بولدى ، گويا جەننەت يېرى كۆرۈندى ، سوغۇق بارسا كەلمەسكە كەتتى . )
«تۈمەن چەچەك تىزىلدى
بۈكۈندەن ئۇ يازىلدى
ئۈكۈش ياتىپ ئۈزەلدى
يەردە قوپا ئازرىشۇر »
( 1 ـ توم، 311 ـ بەت )
(تۆرلۈك ـ تۈمەن چېچەكلەر تىزىلدى ، غۇنچىلار پورەكلەپ ئېچىلدى ، ئۇلار يەر ئاستىدا ئۇزاق يېتىپ قىينالغان ئىدى ، ئەمدى بوۋسوپ چىقىپ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلماقتا . )
«تەگمە چەچەك ئۈگۈلدى
بوقاقلانىپ بۈكۈلدى
تۈگىسىن تۈگۈن تۈگۈلدى
يارغالىمات يۆرگەشۈر »
( 1 ـ توم، 569 ـ بەت )
(ھەر خىل گۈل ـ چېچەكلەر توپلاندى ، بىخ چىقىرىپ غۇنچىلىدى ، [خۇددى] تۆت بۇرجەكلىك تۈگۈنلەردەك تۈگۈلدى ، ئېچىلىپ بىر ـ بىرىگە يۆگىلىشىپ كەتتى . )
«قىزىل سارىغ ئارقاشىپ
يىپكىن ياشىل يۈزكەشىپ
بىر بىر كەرۈ يۆرگەشىپ
يالىڭۇق ئانى تاڭلاشۇر »
( 1 ـ توم، 513 ـ بەت )
(قىزىل ، سېرىق چېچەكلەر قات ـ قات ئېچىلىپ ، يېشىل

رەيھانلار بىر - بىرىگە يۆگىلىشىپ كەتتى، كىشىلەر ئۇلارغا قاراپ تاڭ قېلىشتى.)

«ياشىن ئاتىپ ياشنادى
تۇمان تۇرۇپ تۇشنادى
ئازغىر قىسىر كىشنەدى
ئۇگۇر ئالىپ ئوقراشۇر»
(1 - توم، 314 - بەت)

(ھەممە ياقتا تۇمان ئۆرلەپ، چاقماق قارسىلداپ چاقتى، ئايغىر - بايتاللار كىشنىشىپ ئۇيۇر بولۇشتى، بىر - بىرى بىلەن جۇپلەشتى.)

«قۇلان تۇگەل قومىتتى
ئارقار ساقاق يۇمىتتى
يايلاغ تابا ئەمىتتى
تىزىق تۇرۇپ سەكرىشۇر»
(1 - توم، 287 - بەت)

(قۇلانلار ئويناقلاپ كەتتى، ئارقار - كېيىكلەر توپلىنىشتى، ئۇلار يايلاققا قاراپ مېڭىشتى، ئۇلار قاتار تىزىلىپ سەكرەشمەكتە.)

«قوچڭار تەكە سەشىلدى
ساغلىق سۇرۇك قوشۇلدى
سۇتلەر قامۇغ يۇشۇلدى
ئوغلاق قوزى يامراشۇر»
(3 - توم، 139 - بەت)

(قوچقار، تېكىلەر ساغلىق ۋە ئۆچكىلەردىن ئايرىلدى، ساغلىق پادىلىرى سېغىشقا توپلاندى، يېلىنلىرىدىن كۆپلەپ سۇت ئاقتى، ئوغلاق، قوزىلار ئانىلىرىغا قوشۇلدى).

مۇنازىرە ژانىرىدىكى شېئىرلار بىلەن بىرلەشتۇرۇپ بېرىلگەن

يۇقىرىقى بىر يۈرۈش تەبىئەت لىرىكىسىدىن بىز ئەينى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مۇنازىرە ژانىرىنىڭ زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەنلىكىنى ، ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ قەدىمكى ۋە ئەڭ كەڭ تارقالغان «قوشاق» ( «قوشۇغ» )ژانىرىنىڭ ئەينى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىمۇ گەۋدىلىك ئورۇن تۇتقان شېئىرىي شەكىللەرنىڭ بىرى بولغانلىقىنى بىلىمىز . «دىۋان»دا سۆزلەملەرنىڭ ئىستېمال مەنىسىنى جانلىق ، ئوبرازلىق ئىپادىلەش مەقسىتىدە ، مىسال تەرىقىسىدە ئېلىنغان شېئىرىي پارچىلارنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى پۈتۈنلەي قوشاق شەكلىدە بولۇپ ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەل ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ قوشاقلار بولسا ، بەزىلىرى يازما ئەدەبىياتقا مەنسۇپ بولغان قوشاق شەكلىدىكى ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ .

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن داستان پارچىلىرى ۋە مۇنازىرە ژانىرىدىكى ئەسەر پارچىلىرىدىن باشقا قوشاقلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ قوشاقلار بولۇپ (ئۇلاردىن 62 سى تولۇق ، 10 ى پارچە ھالەتتە مىسال كەلتۈرۈلگەن ) ، تېما جەھەتتىن ئۇلارنى پەند - نەسىھەت ، ئىشقى - مۇھەببەت ، تەبىئەت ، باتۇرلۇق ۋە جەڭ ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئەمگەك تېمىسىدىكى قوشاقلاردىن ئىبارەت بىرقانچە تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن .

«دىۋان»دىكى ئىشقى - مۇھەببەت قوشاقلىرى ئۆزىنىڭ لىرىك ھېسسىياتنى ئىپادىلەشتىكى نەپىس تىل سەنئىتى بىلەن كىشىنى لال قىلىدۇ :

«بۆلنار مەنى ئۇلاس كۆز
قارا مەڭىز قىزىل يۈز
ئاندىن تامار تۈگەل تۈز
بۆلناپ يانا ئول قاچار»
(1 - توم، 81 - بەت )

(قارا مەڭلىك ، قىزىل يۈزلىرىدىن گۈزەللىك تېمىپ تۇرىدىغان

خۇمار كۆز مېنى ئەسىر قىلىدۇ ، ئەسىر قىلىدۇ ـ دە ، يەنە قېچىپ كېتىدۇ . )

«يىغلاپ ئۈزۈ ئارتادىم
باغرىم باشىن قارتادىم
قاچمىش قۇتۇغ ئىرتەدىم
ياغمۇر كۈنى قان ساچار»
(1 ـ توم، 359 ـ ، 360 ـ بەتلەر )

(سۆيگىنىمنىڭ كەينىدىن يىغلاپ ئادا بولدۇم ، باغرىم يارىسىنى تاتىلاپ ئېچىۋەتتىم ، قاچقان بەختىمنى ئىزدىدىم ، كۆزۈمدىن يامغۇر-دەك قانلىق ياش قۇيۇلدى . )

«ئاۋلاپ مەنى قويماغىز
ئايىق ئايىپ قايماغىز
ئاقار كۆزۈم ئۈش تەگىز
تەگرە يۆرە قۇش ئۇچار»
(2 ـ توم، 59 ـ ، 60 ـ بەتلەر )

(مېنى ئوۋلاپ تاشلىۋەتمەڭ ، قىلغان ۋەدىڭىزدە تۇرۇڭ ، كۆز يېشىم دېڭىز سۈيىدەك ئاقماقتا ، ئۇنىڭ چۆرىسىدە قۇشلار ئۇچۇپ يۈرمەكتە . )

«يۇكنۇپ ماڭا ئىملەدى
كۆزۈم ياشىن ياملادى
باغرىم باشىن ئەملەدى
ئەلكىن بولۇپ ئول كەچەر»
(3 ـ توم، 114 ـ بەت )

(ئۇ ماڭا تەزىم قىلىپ ئىشارەت قىلدى ، كۆز يېشىمنى قۇرۇت-تى ، باغرىمنىڭ يارىسىنى داۋالىدى ، ئۇ يولۇچى بولۇپ كېتىپ قالدى . )

«دىۋان»دا مىسال تەرىقىسىدە ئېلىنغان ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە

ئەمگەك قوشاقلىرى ئىچىدە بىرقانچە بايرام ـ مۇراسىم قوشاقلىرى بىلەن ئەمگەك (ئوۋ) قوشاقلىرى تەبىئىي بىرلىك ھاسىل قىلغان بولۇپ، ئۇ كىشىلەرگە بىر قېتىملىق بايرام ـ مۇراسىم بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ بېرىلغان ئوۋ پائالىيىتىنى، كىشىلەرنىڭ ئەينى چاغدىكى خۇشال، روھلۇق ـ جۇشقۇن كەيپىياتىنى تۆۋەندىكىدەك جانلىق سۈرەتلەپ بېرىدۇ:

«يىگىتلەرنىگ ئىشلەتۇ
يىغاچ يەمىش ئىرغاتۇ
قۇلان كەيىك ئاۋلاتۇ
بەزرەم قىلىپ ئاۋنالىم»
(1 ـ توم، 348 ـ بەت)

(يىگىتلەرنى ئىشقا سېلىپ، مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئىرغاتتۇ-رۇپ، ياۋا ھايۋانلارنى ئوۋلىتىپ، بايرام قىلىپ كۆڭۈل ئاچايلى.)

«چاغرى بەرىپ قۇشلاتۇ
تايغان ئىزىپ تىشلاتۇ
تىلكۇ توڭۇز تاشلاتۇ
ئەردەم بىلە ئۆگلەلىم»
(2 ـ توم، 502 ـ بەت)

(يىگىتلەرگە لاچىن بېرىپ قۇشلىتايلى، تايغان سېلىپ [ياۋايى ھايۋانلارنى] چىشلىتەيلى، تۈلكە، توڭگۇزلارنى تاش بىلەن ئۇرايلى، كۈچىمىز بىلەن ماقتىنايلى.)

«توسون مۇنۇپ سەكىرتسۇن
ئەسىزلىكىن ئامۇرتسۇن
ئىتقا كەيىك قايتارتسۇن
تۇتمىش سانى ئۇمنالىم»
(3 ـ توم، 583 ـ بەت)

(توسۇن تايغا مىنىپ ئۇنى سەكرەتسۇن ، ئاساۋلىقىنى تىنچىتى-
سۇن ، ئىتنى ، ئوۋنى بىر تەرەپكە قايتۇرسۇن ، بىز ، ئوۋ
قولىغا كەلدى ، دەپ ئۈمىدلىنەيلى . )
تۆۋەندىكى قوشاقلاردا ئوۋدىن كېيىنكى مەشرەپ ، كۆڭۈل ئې-
چىش ، بايرام شادلىقى تەسۋىرلىنىدۇ :
ئۆرىق باشى قازلايۇ
ساغراق تولۇ كۆزلەيۇ
ساقىنچ قۇزى كىزلەيۇ
تۈن كۈن بىلە سەۋنەلىم»
(1 ـ توم، 135 ـ بەت )
ئۆرىقنىڭ بېشى خۇددى غاز بوينىدەك تىك تۇرماقتا ، ساغەرلەر
خۇددى كۆز چانىقىدەك مەيگە تولدى ، غەم ـ قايغۇنى چۆرۈۋېتىپ ،
كېچە ـ كۈندۈز كۆڭۈل ئاچايلى . )
«ئوتتۇز ئىچىپ قىقرالىم
يوقار قوپۇپ سەكرەلىم
ئارسلانلايۇ كۆكرەلىم
قاچتى ساقىنچ سەۋنەلىم»
(1 ـ توم، 193 ـ بەت )
(ئۈچ قېتىمدىن ئىچەيلى ، ئورنىمىزدىن تۇرايلى ، ئارسلاندەك
ھۆركىرەيلى ، قايغۇنىڭ بىزدىن يىراق كەتكەنلىكىنى كۆرسى-
تەيلى . )
«كۈگلەر قامۇغ تۈزۈلدى
ئۆرىق ئىدىش تىزىلدى
سەنىسىز ئۆزۈم ئۆزەلدى
كەلگىل ئامۇل ئوينالىم»
(3 ـ توم، 180 ـ ، 181 ـ بەتلەر )
(ھەممە ناخشىلار تۈزۈلدى ، ئۆرىق ، قەدەھلەر تىزىلدى ، كۆڭ-

لۇم سىنى خالايدۇ ، كەل ئەمدى ، كۆڭـۈلـنى تىـنـدۇرۇپ ئوينايلى . )

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە سۆزلەملەرنى ئىزاھلاش ئۈچۈن مىسال تەرىقىسىدە ئېلىنغان قالغان شېئىرىي پارچىلارنىڭ بىر قىسمى ئەل ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ شېئىرىي پارچىلار بولسا ، بىر قىسمى ئاپتورى نامەلۇم بولغان (م . قەشقەرى «دىۋان»دا پەقەت «چۇچۇ» ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر شائىرىنىلا تىلغا ئالغان ، مىسال تەرىقىسىدە ئېلىنغان شېئىرىي پارچىلارنىڭ ئاپتورلىرىنى كۆرسەتمىگەن ) يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىدىن ئىبارەتتۇر . مەزمۇن جەھەتتىن ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئەخلاقىي ـ دىداكتىك شېئىرىي پارچىلار ، قالغانلىرى ئوخشاشمىغان تېما ۋە مەزمۇنلاردىكى شېئىرىي پارچىلاردۇر . شەكىل جەھەتتىن ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىككىلىك (بېيىت ) شەكلىدە تۈزۈلگەن . «دىۋان»دىكى شېئىرىي پارچىلار ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ، ئىپادىلەش ئۇسۇلى ، شەكىل ، قاپىيە ، ۋەزىن قاتارلىق جەھەتلەردىكى كۆپ خىللىق ، رەڭدارلىقتىن ئىبارەت يۇقىرى بەدىئىيلىكى بىلەن بىزگە ئەينى دەۋر تۈركىي تىللىق خەلقلەر ، جۈملىدىن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى ، دىداكتىكىنىڭ ئەينى دەۋر ئەدەبىياتىدا مۇھىم ۋە سالماق ئورۇن تۇتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

«دىۋان»دىن ئورۇن ئالغان شېئىرىي پارچىلارنىڭ بىر قىسمى ئەسلىي يازما ئەدەبىياتقا مەنسۇپ بولسىمۇ ، لېكىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاپتورلىرى ئۇنتۇلۇپ ، كۆپنى كۆرگەن ، بىلگەن دانىشمەنلەر سۆزى قاتارىدا ، ئەل ئەدەبىياتىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان خەلق شېئىرىي ھېكمەتلىرىدۇر .

تۆۋەندە ، بۇ خىل شېئىرىي پارچىلاردىن بىرقانچىنى مىسال كەلتۈرىمىز :

«ئالغىل ئۆگۈت مەندىن ئوغۇل ئەردەم تىلە

بويدا ئۇلۇغ بىلگە بولۇپ بىلىكىڭ ئۇلە»
(1 ـ توم، 72 ـ بەت)

ئەي ئوغلۇم، مەندىن ئۇگۇت ـ نەسىھەت ئال، ئەدەپلىك ۋە تەرتىپلىك بولۇشقا تىرىش، تاكى ئەل ئىچىدە ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ، ئەدەپ ۋە ئىلىم ـ ھېكمەت تارات.)

«بىلگە ئەرگ ئەزگۇ تۇتۇپ سۆزىن ئەشىت
ئەردەمىنى ئۆگرەنىپەن ئىشقا سورا»
(1 ـ توم 558 ـ بەت)

(ئالىم، دانىشمەن ۋە ئاقىل كىشىلەرگە ياخشىلىق قىل، ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلا، ئەردەم (پەزىلەت)لىرىنى ئۆگەن، ئۆگەنگەنلىرىڭنى ئىش يۈزىدە كۆرسەت.)

«ئوغلۇم ساڭا قوزۇرمەن ئەردەم ئۆگۇت خۇمارۇ
بىلگە ئەرىگ بولۇپ سەن باققىل ئانىڭ تابارۇ»
(3 ـ توم 597 ـ بەت)

(ئوغلۇم، ساڭا ئەدەپ ـ ئەخلاقنى مىراس قىلىپ قالدۇرىمەن، ئىلىملىك، ئەقىللىق ئادەملەرنى تېپىپ، ئۇلارغا يېقىنلاش، ئۇلاردىن پايدىلان.)

«كىچىك بۇلۇپ ياغىنى يەرگۇ ئەمەس
ئەزگەرمەزىپ قوزسا ئانى ئەلنى قۇنار»
(2 ـ توم، 38 ـ بەت)

(دۈشمەن ھەرقانچە كىچىك بولسىمۇ، ئۇنى مەنسىتمەسلىك لايىق ئەمەس، ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ ئۇنى كۆزگە ئىلماي قويساڭ، ئۇ ئەلنى سەندىن تارتىۋالىدۇ.)

مۇھەببەت تېمىسىدىكى تۆۋەندىكى شېئىرىي پارچىلارنىڭ بەزىلىرى تۆتلۈك، بەزىلىرى ئىككىلىك (بېيىت) شەكلىدىكى يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى بولسا، بەزىلىرى ئەل ئەدەبىياتىدىكى بېيىتلاردىن پارچىلاردۇر.

«قويغاشىپ ياتسا ئانىڭ يۈزىگە
ئالىسقار ئۆگىن ئانىڭ سۆزىگە
مىڭ كىشى يۇلۇغى بولۇپ ئۆزىگا
بەرگەلەر ئۆزىن ئانىڭ كۆزىگە»
(1 ـ توم، 323 ـ بەت)

(ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ ، يۈزىگە قاراپ ياتقان كىشى ئۇنىڭ نازى ۋە سۆزلىرىدىن ئەقلىنى يوقىتىپ قويىدۇ ، مىڭ جېنى بولسىمۇ ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە پىدا قىلىۋېتىدۇ .)

«كۆڭلى كۆيۈپ قانى قۇرۇپ ئاغزى ئاچىپ قاتغۇرار
سىزغۇرغالىر ئۇزىكلەر ئەسسىز يۈزى بۇرقۇرار»
(2 ـ توم، 268 ـ بەت)

(ئاشىق خەلقىنىڭ يېنىدا ئاغزىنى ئېچىپ قاقاقلاپ كۈلسىمۇ ، ئۇنىڭ يۈرىكى كۆيگەن ، قېنى قۇرىغان ؛ ئىشق ئۇنى زەئىپلەشتۈرمەكتە ، ئىسست ، ئۇنىڭ سۇنغان چىرايىغا .)

«ئاۋلالۇر ئۆزۈم ئانىڭ تۇزىگە
ئەملەلۇر كۆزۈم ئانىڭ توزىگا»
(1 ـ توم، 389 ـ بەت)

(شائىر سۆيۈملۈكىنى تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ : ئۇنىڭ هۆسن ـ جامالى پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ئوۋلىۋالىدۇ ، ئۇنىڭ ئايىغىدىن چىققان توزان بىلەن كۆزۈم ئەملىنىدۇ .)

«كىم ئايىپ ئەشتۈر قۇلاق
ئاي ئەۋى ئارتۇچ پۇتاق»
(1 ـ توم، 489 ـ بەت)

(شائىر سۆيۈملۈكىنىڭ يۈزىنى ئايغا ، بويىنى ئارتۇچ دەرىخىگە ئوخشىتىپ مۇنداق دەيدۇ : ئاينىڭ ئۆيىمۇ ، تۇرار جايىمۇ ئارتۇچ دەرىخىنىڭلا پۇتىقى دەپ كىم ئېيتقان ۋە ئۇنى قايسى قۇلاق ئىشتىگەن .)

«ئۆزۈم مەنىڭ بۆدۇرسىن
ئوتى ئانىڭ چاقلانۇر»
(1 ـ توم، 666 ـ بەت)
(مەن ئۇنىڭ مۇھەببەت ئوتى ئەتراپىدا خۇددى بۆدۇنە ئوخشاش چۆرگىلەيمەن)

«ئۇزىك ئوتى تۇتۇنۇپ
ئۆپكە يۇرەك قوغرۇلۇر»
(2 ـ توم، 203 ـ بەت)
(ئىشق ئوتى تۇتۇشۇش بىلەن يۇرەك، ئۆپكە ۋە ئۇنىڭ ئۆپچۆرىسى كۆيۈپ قورۇلدى.)

«دىۋان»دا مىسال تەرىقىسىدە كەلتۈرۈلگەن شېئىرىي پارچىلار «ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى تۈركىي خەلقلەر شېئىرىيىتىنىڭ مەيلى شەكىل، مەيلى تېما ۋە مەيلى بايان قىلىش جەھەتتىن بولسۇن، تەڭداشسىز ئۆرنەكلىرىدۇر»[①]. ئەرەب ـ پارس مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئەدەبىياتىنىڭ ھېچقانداق تەسىرىگە ئۇچرىمىغان شېئىرىي پارچىلاردىن، بىز ئەينى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسى ۋە گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى كۆرۈپلا قالماي، يەنە كېيىنكى دەۋرلەر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى كۆپلىگەن شېئىرىي تۈر ـ ژانىرلار، شېئىرىي شەكىللەرنىڭ ئەينى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى يېڭى دەۋر يۇكسەكلىكىگە كۆتۈرۈشنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنىمۇ تونۇپ يېتەلەيمىز.

«دىۋان»دىكى بەدىئىي ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى ئىچىدە خەلقنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنلۇق، ئىخچام، ئوبرازلىق ۋە ئاھاڭدار تىل بايلىقى، بىر خىل قىسقا ھەجىملىك ئەدەبىي شەكىل سۈپىتىدە ئەل ئەدەبىياتى-

① م. شاكىر ئۈلكۈتاشىر: «بۈيۈك تىلچى ـ مەھمۇد قەشقەرى» (ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000)، 91 ـ بەت.

نىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىنى تەشكىل قىلغان خەلق ماقال - تەمسىللىرى خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ . «دىۋان»سەھىپىلىرىدىن ئورۇن ئالغان ماقال - تەمسىللەر خەلقنىڭ كۆپ ئەسىرلىك تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ ئىخچام يەكۇنى ، خەلق دانىشمەنلىكىنىڭ نەمۇنىسى سۈپىتىدە ، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى ، تىل - ئەدەبىياتى ، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ؛ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى ؛ كىشىلىك ، ئەخلاقىي ۋە دۇنيا قاراشلىرىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ .

«دىۋان»دا مىسال تەرىقىسىدە بېرىلگەن ماقال - تەمسىللەرنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ دائىرىدە بولۇپ ، ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى ، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە ئۇنىڭغا باغلىق بولغان ئىجتىمائىي ، كىشىلىك ئەخلاق مىزانلىرى ، پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەر ؛ مەدەنىيەت ، ئىلىم - پەنگە دائىر مەسىلىلەر ؛ ئىنسانىيەت ۋە تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۈرلۈك شەيئى ، ھادىسىلەرگە مۇناسىۋەتلىك خىلمۇخىل مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان .

تۆۋەندە ، بۇ ماقال - تەمسىللەردىن بىر قىسمىنى ئوقۇرمەنلەر ھۇزۇرىغا سۇنىمىز :

«تىلكۇ ئۆز ئىنىگە ئۇرسە ئۇدۇز بولۇر»
(تۈلكە ئۆز ئىنىگە ھۈرسە ، قوتۇر بولۇر )
(1 - توم، 76 - بەت )

«ئىكى قوچڭار باشى بىر ئەشەچتە پىشماس»
(ئىككى قوچقارنىڭ بېشى بىر قازاندا پىشماس )
(3 - توم، 521 - بەت )

«بۆرى قوشنىسىن يەمەس»
(بۆرە قوشنىسىنى يېمەس )
(3 - توم، 304 - بەت )

«ئەرمەگۈگە ئەشىك ئارت بولۇر»
(ئېرىنچەككە بوسۇغىمۇ داۋان كۆرۈنەر)
(1 - توم، 59 - بەت)
«كىشى ئالاسى ئىچتىن يىلقى ئالاسى تاشتىن»
(ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا).
«ئۇلا بولسا يول ئازماس، بىلىك بولسا سۆز يازماس»
(بەلگە بولسا يولدىن ئازماس، بىلىم بولسا سۆزدىن قايماس)
(1 - توم، 123 - بەت)
«ئىت ئىسىرماس ئات تەپمەس تەمە»
(ئىت چىشلىمەس، ئات تەپمەس دېمە)
(1 - توم، 240 - بەت)
«بىرىن بىرىن مىڭ بولۇر تاما تاما كۆل بولۇر»
(بىرلەپ - بىرلەپ مىڭ بولار، تاما - تاما كۆل بولار)
(3 - توم، 492 - بەت)
«قۇش قاناتىن ئەر ئاتىن»
(قۇش قانىتى بىلەن، ئەر ئېتى بىلەن)
(1 - توم، 48 - بەت)
«تەگىرمەندە تۇغمىش سىچغان كۆك كۆكرەكىتە قورقماس»
(تۈگمەندە تۇغۇلغان چاشقان ھاۋانىڭ گۈلدۈرلىگىنىدىن قورقـ-
ماس)
(3 - توم، 385 - بەت)
«ياغىنى ئاشاقلاسا باشقا چىقار»
(يېغىنى [دۈشمەننى] سەل چاغلىسا، باشقا چىقار)
(1 - توم، 401 - بەت)
«تاغ تاغقا قاۋۇشماس كىشى كىشىگە قاۋۇشۇر»
(تاغ تاغقا قوۋۇشماس، ئادەم ئادەمگە قوۋۇشۇر)
(2 - توم، 139 - بەت)

«قوت بەلگوسى بىلىك»
(بەخت بەلگىسى بىلىم)
(1 - توم، 557 - بەت)
«تاۋغاچ خانىنىڭ تورقوسى تەلىم تەڭلەمەزىپ پىچماس»
(تاۋغاچ خانىنىڭ تورقىسى تولا، ئۆلچىمەي پىچماس)
(1 - توم، 556 - بەت)
«ئەرسەك ئەرگە تەگمەس ئەۋەك ئەۋگە تەگمەس»
(ئەرسىرىگەن ئەرگە تېگەلمەس، ئالدىراڭغۇ ئۆيىگە يېتەلمەس)
(1 - توم، 140 - بەت)
«كەڭەشلىك بىلىك ئۇزرەشۇر كەڭەشسىز بىلىك ئۇپراشۇر»
(كېڭەشلىك ئىش ئۇزلىشار، كېڭەشسىز ئىش بۇزۇلار)
(1 - توم، 308 - بەت)
«سۈۋ كۆرمەگىنچە ئەتۈك تارتما»
(سۇنى كۆرمىگۈچە ئۆتۈك سالما)
(3 - توم، 580 - بەت)
«قارغا قازغا ئۆتكۈنسە پۇتى سىنار»
(قاغا غازنى دورىسا، پۇتى سۇنار)
(1 - توم، 338 - بەت)
«ئاغىز يەسە كۆز ئۇيادۇر»
(ئېغىز يېسە، كۆز ئۇيىلار)
(1 - توم، 77 - بەت)
«بۇلداچى بۇزاغۇ ئۆكۈز ئارا بەلگۇلۇگ»
(ئۇي بولىدىغان كالا موزاي چېغىدىلا بەلگىلىك)
(1 - توم، 684 - بەت)
«تاي ئاتانسا ئات تىنۇر ئوغۇل ئەرەدسە ئاتا تىنۇر»
(تاي ئات بولسا، ئات تىنۇر، ئوغۇل ئەر بولسا ئاتا تىنۇر)
(1 - توم، 277 - بەت)

«كۆزەگۈ ئۈزۈن بولسا ئەلىك كۆيمەس»
(كوسەي ئۈزۈن بولسا قول كۆيمەس)
(1 ـ توم، 584 ـ بەت)
«قۇتسۇز قۇدۇغقا كىرسە قۇم ياغار»
(بەختسىز قۇدۇققا چۈشسە قۇم ياغار)
(1 ـ توم، 598 ـ بەت)
«سۇۋ ئىچۈرمەسكە سۇت بەر»
(سۇ بەرمىگەنگە سۇت بەر)
(1 ـ توم، 293 ـ بەت)
«قانىغ قان بىلە يۇماس»
(قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولماس)
(3 ـ توم، 89 ـ بەت)
«كۆككە ساغۇرسا يۈزگە تۈشۈر»
(كۆككە [ئاسمانغا] تۈكۈرسە، يۈزگە چۈشەر)
(2 ـ توم، 107 ـ بەت)
«ئەردەم باشى تىل»
(ئەدەپ ـ ئەردەمنىڭ بېشى تىل)
(1 ـ توم، 145 ـ بەت)
«يازماس ئاتىم بولماس ياڭىلماس بىلگە بولماس»
(خاتالاشمايدىغان ئوۋچى بولمايدۇ، يېڭىلىشمەيدىغان دانىشمەن بولمايدۇ)
(3 ـ توم، 80 ـ بەت)
«ئۈما كەلسە قۇت كەلىر»
(مېهمان كەلسە، قۇت كېلەر)
(1 ـ توم، 124 ـ بەت)
«كەڭ تون ئۈپراماس كېڭەشلىگ بىلىك ئارتاماس»
(كەڭ تون ئۈپرىماس، كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس)

(3 ـ توم، 489 ـ 490 ـ بەتلەر )

«ئاچ نە يەمەس توق نە تەمەس»

(ئاچ نېمە يېمەس ، توق نېمە دېمەس )

(1 ـ توم، 108 ـ بەت )

«كۈچ ئەلدىن كىرسە تۆرۈ تۈڭلۈكتەن چىقار»

(زورلۇق ـ زۇمبۇلۇق ئىشىكتىن كىرسە ، ئىنساپ ۋە قائىدە ـ يوسۇن تۈڭلۈكتىن چىقار )

(2 ـ توم، 23 ـ بەت )

يۇقىرىدىكى ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ خېلى بىر قىسمىنىڭ خەلق ئىچىدە هازىرمۇ ئەينەن ياكى مەلۇم ئۆزگەرگەن هالدا ئىستېمال قىلىنىپ كېلىۋاتقانلىقى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم .

مەهمۇد قەشقەرى بۇ ماقال ـ تەمسىللەرنى ئىزاهلىغاندا ، ئۇلار-نىڭ بەزىلىرىنى ئۆز مەنىسى بويىچە ، بەزىلىرىنى كۆچمە ياكى سىم-ۋوللۇق مەنىسى بويىچە ئىزاهلىغان ، شۇنداقلا ، بەزى ماقال ـ تەم-سىللەرنى كېلىپ چىقىشىغا دائىر رىۋايەت بىلەن بەرگەن ، بۇنىڭغا «قىز بىرلە كۆرەشمە قىسراق بىرلە يارىشما» (قىز بىلەن چېلىشما ، تۇغمىغان بايتال بىلەن چېپىشما )دېگەن ماقال مىسال بولىدۇ (1 ـ توم، 619 ـ بەت ) .

«دىۋان»دىكى بەدىئىي ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى ئىچىدە ، خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنىڭ ئەينى دەۋر ئۇيغۇر فولكلورىنىڭ ئېسىل نەمۇنىلىرى سۈپىتىدە ، كۆزگە ئالاهىدە تاشلىنىپ تۇرغانلىقى ، بىزگە خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى هاياتى ، بەدىئىي تەپەككۇرى ۋە تىل ئادەتلىرىدە ئالاهىدە ئورۇن تۇتۇپ ، ئەينى دەۋر ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇهىم رول ئوينىغانلىد-قىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . «دىۋان»دىكى «قۇت بەلگىسى بىلىك» ، «ئەردەم باشى تىل» قاتارلىق خەلق ماقاللىرىنىڭ «دىۋان» بىلەن بىر دەۋردە مەيدانغا كەلگەن «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ هەمدە ئۇ-

نىڭ ئېچىدىكى بىر بابىنىڭ ماۋزۇسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغانلىقى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ .

## «تۈركىي تىللار دىۋانى» تەتقىقاتى

«تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۆز قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسلىي نۇسخىسى ھازىرغىچە مەلۇم ئەمەس ، «دىۋان»نىڭ ئىلىم دۇنياسىغا ئاشكارىلانغان ، ھازىر تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇلدىكى «فاتىھ مىللەت كۇتۇپخانىسى» (ئەلى ئەمىر ئەپەندى كۇتۇپخانىسى )دا ساقلىنىۋاتقان چوڭ بىر توم ھالىتىدىكى يېگانە يازما نۇسخىسى ئەسلىدە ئىرانىنىڭ ساۋە ناھىيىسىدىن بولۇپ ، كېيىنچە شام (دەمەشىق )دا ئولتۇراقلاشقان مۇھەممەد ئىبنى بەكرى ئىبنى ئەبۇلفەتھى ئۇس ساۋى تەرىپىدىن مىلادىيە 1266 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى (ھىجرىيە 664 - يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 27 - كۈنى ) يەكشەنبە كۆچۈرۈلۈپ تاماملانغان نۇسخىدۇر . كۆچۈرگۈچى ئەسەرنىڭ كۆچۈرۈپ تاماملانغان ۋاقتىنى ئەسەر ئاخىرىغا مۇنداق يېزىپ قويغان : «ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ پەقىر قۇلى ساۋەلىك ، ئاندىن دەمەشىقلىق مۇھەممەد ئىبىن ئەبۇ بەكر ئىبىن ئەلفەتھ (تەڭرى ئۇنى كەچۈرسۇن ) بۇ كىتابنى ئەسلىي نۇسخىدىن كۆچۈرۈش ئىشىنى ھىجرىيە 664 - يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 27 - كۈنى يەكشەنبە تاماملىدى»[①] . كۆچۈرگۈچىنىڭ يازغانلىرىدىن مەلۇمكى ، ئۇ بۇ ئەسەرنى مەھمۇد قەشقەرى يازغان ئەسلىي نۇسخىدىن كۆچۈرگەن .

«دىۋان»نىڭ ئەسلىي نۇسخىسى بىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ ئەينى ۋاقىتتىلا شەرق ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغان ھەمدە ئۇنىڭ بىرقانچە كۆچۈرمە نۇسخىلىرى بولغان . بۇ ھەقتە تۈركىيە ئالىمى م . شاكىر ئۈلكۈتاشىر ئۆزىنىڭ «بۈيۈك تىلچى -

---

① «دىۋان»، 3 - توم، 611 - بەت.

مەھمۇد قەشقەرى »ناملىق ئەسىرىدە تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ : مىسىر-نىڭ داڭلىق تۈرك تارىخچىسى ۋە ئالىمى ئايىنتاپلىق ئەينى «عقد الجمان فى تاريخ اهل الزمان » ( «زامان ئەھلىنىڭ تارىخىدىن ھەقىقىي ئۈنچىلەر » )ناملىق ئومۇمىي تارىخىنىڭ 2 ـ تومىدا فرەنكىلەر ، سۇر-يانىلەر ۋە ھىندىلارغا ئائىت ئىككى بۆلۈمنىڭ ئىچىدە «تۈرك قوۋمىلى-رىنىڭ قىسىمىسى »دېيىلگەن تۈركلەرگە ئائىت بىر بۆلۈم ئاجراتقان-دى (توپ قاپى سارىيى Ⅲ ئەھمەد كۈتۈپخانىسى 122~291 ـ نومۇر ) . بەدرىدىن ئەينى (مىلادىيە 15 ـ ئەسىر ) كىتابىنىڭ بۇ بۆلۈمىدە «مەھمۇد قەشقەرىنىڭ دىۋانىدا كۆردۇم »دەپ ، «تۈركىي تىللار دىۋا-نى » دىن پايدىلانغانلىقىنى ئېنىق كۆرسەتكەن . مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋان »دىكى ئوغۇزلارنىڭ قەبىلىلىرى ، تامغىلىرى ، تۈرك شېۋىلى-رى ۋە ئۇيغۇرچە ھەرپلىرى ، ھەتتا تۈركمەنچە سۆزلەرنىڭ يىلتىزى ھەققىدە بېرىلگەن بارلىق مەلۇماتلار ئەينى تەرىپىدىن ئازراق قىسقار-تىلىپ ئېلىنغاندى . پەقەت قولىمىزدىكى (كىلىسلى رىفات ئىشلى-گەن ) «تۈركىي تىللار دىۋانى »نىڭ باسما نۇسخىسى بىلەن ئەينىنىڭ «عقد الجمان » كىتابىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇ-رۇلۇشى ئۇنىڭ ئەلى ئەمىر كۈتۈپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان يېگانە ئىس-تانبۇل نۇسخىسىدىن سەللا پەرق قىلىدىغان بىر «تۈركىي تىللار دىۋانى » نۇسخىسىدىن پايدىلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

ئۇنىڭدىن باشقا ، ئايىنتاپلىق ئەينىنىڭ قېرىندىشى شاھابىدىن ئەھمەد تەرىپىدىن يېزىلغان «تاريخ ئەلبدر فى او صاف اهل العصر » ناملىق ئەسەردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئېتنوگرافىيىسىگە مۇناسىۋەت-لىك تەپسىلىي مەلۇماتلارمۇ تېخىمۇ كەڭ تۈردە «دىۋان »دىن ئېلىن-غان . دېمەك ، بۇ ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى » دىن پايدىلانغان .

يەنە مىسىردىكى «باي بارسىيە »خانىقاسىنىڭ شەيخلىرىدىن بول-غان قەشقەرلىك ئالىم ئىبنى مۇھەممەد تەرىپىدىن مىلادىيە 1363 ـ

(ھىجرىيە 764 ـ ) يىلى يېزىلغان «تاج السعادات وعنوان السيادات» ( «سائادەت تاجلىرى ۋە ھاكىمىيەت ئۇنۋانلىرى» )ناملىق ئەسەردىكى بەزى جۈملىلەر «دىۋان»دىن ئەينەن ئېلىنغان . ئەندەلۇسلۇق ئەبۇ ھەييان «كتاب الادراك السان الاتراك» ( «تۈركلەرنىڭ تىللىرىنى چۈشەندۈرىدىغان كىتاب» )دېگەن كىتابىدىمۇ يۇقىرىدا ئىسمى زىكرى قىلىنغان ئاپتورلارنىڭ «دىۋان»نى كۆرگەنلىكىنى ئەسلەتكەن .

بۇلاردىن باشقا ، تۈرك ئالىمى كاتىپ چەلەبى (مىلادىيە 17 ـ ئەسىر )مۇ «دىۋان»نى كۆرگەن ۋە ئۆزىنىڭ مەشھۇر «كشف الخنون» ( «گۇمانلارنى ئېچىش» ناملىق ئەسىرىدە تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى يازغان : «مۇھەممەد ئوغلى ھۇسەيىنىنىڭ ئوغلى مەھمۇدنىڭ ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك › بىر جىلددۇر ، يازغۇچى ئەسىرىنى ئەرەبچە يازغان ۋە تۈرك تىلىنىڭ 18 ھەرپتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ، بۇ تىلداش ، ط ، ظ ، ص ، ض ، ح ، ھ ، غ ھەرپلىرىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن . ئەسىرىنى مۇھەممەد ئەل مۇقتەدى بىئەمرىللا ئوغلى خەلىپە ئوبۇلقاسىم ئابدۇللاغا ئارمىغان قىلغان .»

كاتىپ چەلەبى يۇقىرىقى سۆزلەر ئارقىلىق ئاپتورنىڭ ئىسمىنىڭ «مۇھەممەد ئوغلى ھۇسەيىنىنىڭ ئوغلى مەھمۇد» ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ ۋە شۇ زامانىنىڭ بىبلىئوگرافىيە قائىدىسىگە ماس ھالدا ئەسەرنىڭ باش تەرىپىدىكى بىرنەچچە سۆزنى نەقىل كەلتۈرۈپ ، كىتابنىڭ يېزىلىش تەرتىپى ۋە يېزىلغان ۋاقتى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىدۇ .

دېمەك ، «تۈركىي تىللار دىۋانى»خەلىپە ئوردىسىدىلا قېلىپ قالماي ، كېيىنكى ئەرەب ۋە تۈرك ئالىملىرىغىمۇ مەلۇم بولغان . مەھمۇد قەشقەرى باشلاپ بەرگەن بۇ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق خىزمىتى ئۈزۈلۈپ قالمىغان . مەھمۇد قەشقەرىدىن ئىككى يۈز يىل كېيىن ياشىغان ئەرەب تىلشۇناسلىرىدىن جامالىدىن ئىبنى مۇھەننا ئۆزىنى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ شاگىرتى ھېسابلاپ ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن توپلىغان تىل ماتېرىياللىرى ئاساسىدا ، تۈركولوگىيىگە دائىر

«حليه السان وحلبه البيان» («چىرايلىق تىل ۋە گۈزەل بايانلار») دېگەن كىتابنى يازغان.[①]

«تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن يېگانە يازما نۇسخىسىنى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋەزىرلىرىدىن نازىپ بىينىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن بولغان بىر ئايال ساقلىغان ۋە مىلادىيە 1914 ـ يىلى تۇرمۇش ئېھتىياجى بىلەن كىتابپۇرۇشنىڭ سېتىپ بېرىشىگە ھاۋالە قىلىنغان بۇ قولىيازما ئەسەر دىيار بەكىرلىك تونۇلغان بىبلىئوگرافىيە مۇتەخەسسىسى ئەلى ئەمىر ئەپەندىنىڭ قولىغا چۈشكەن. ئەينى چاغدىكى تۈركىيىنىڭ باش مىنىستىرى تەلئەت پاشانىڭ ۋاستىسى، كىلىسلىق ئوقۇتقۇچى رىفات بىلگەنىڭ رەتلەپ، تەييارلاپ بېرىشى بىلەن بۇ قولىيازما نۇسخا مىلادىيە 1915~1917 ـ يىللىرى ئىستانبۇلدا ئۈچ توم بولۇپ بېسىلىپ چىققان.

«دىۋان»نىڭ نەشر قىلىنغانلىقى ئىلىم ـ پەن ئالىمى، بولۇپمۇ، تۈركولوگىيە ساھەسى ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ بىر ۋەقە بولدى. تۈركىيە ۋە غەرب ئەللىرىدە (گېرمانىيە بىلەن ۋېنگرىيىدە، كېيىن روسىيە ۋە فرانسىيىدە) «دىۋان»نى تەتقىق قىلىش ئىشى رەسمىي قولغا ئېلىنىپ، كۆرۈنەرلىك تەتقىقات نەتىجىلىرى بارلىققا كەلدى. «دىۋان»تەتقىقاتىغا دائىر تۇنجى ماقالە تونۇلغان نېمىس ئالىمى مارتىن ھارتمان تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ «‹تۈركىي تىللار دىۋانى› توغرىسىدا بىرقانچە مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسى نېمىسچىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنىپ، «مىللىي ئاتالغۇلار مەجمۇئەسى»نىڭ 4 ـ سانىدا (مىلادىيە 1915 ـ يىل سېنتەبىر، ئۆكتەبىر سانى) بېسىلىپ چىقتى. گېرمانىيىدە «دىۋان»تەتقىقاتى بىلەن ئەڭ كۆپ شۇغۇللانغان ئالىم ـ سام تىللىرى مۇتەخەسسىسى كارل بروككېلمان

---

① م. شاكىر ئۆلكۈتاشىنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەسىرى، 44~ 46 ـ بەتلەر؛ «دىۋان»نى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار تەرىپىدىن يېزىلغان مۇقەددىمە، 41~ 43 ـ بەتلەر.

بولدى . ئۇ مىلادىيە 1919 ـ يىلدىن باشلاپ «دىۋان» ھەققىدە نۇرغۇن ئىلمىي ماقالە يازدى . مىلادىيە 1928 ـ يىلى ئۇنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ئېنىسىچە ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ئىشلەپ چىققان ئىندېكىسى نەشر قىلىنندى .

بروككېلمان بۇ كىتابىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى سۆز ـ ئىبارىلەرنى توغرا ئوقۇشقا تىرىشقان ھەمدە بەزى ئىزاھلارنىمۇ بەرگەن . لېكىن بېسىم ئاتالاي ۋە م . شاكىر ئۈلكۈتاشىرنىڭ ئېيتىشىچە ، بروككېلمان بەزى سۆزلەرنى خاتا چۈشىنىپ قالغان . قانداقلا بولمىسۇن ، بۇ مەشھۇر تۈركولوگ ياۋروپا ئىلىم ساھەسىگە مەھمۇد قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ ئەسىرىنى ناھايىتى ئوبدان تونۇشتۇرغان .

تۈركىيىدە «دىۋان»نى ئەڭ ئاۋۋال كىلىسلىق رىفات بىلگە ، ئاندىن تەۋفىق بىي ، خوجا ئاتىپلار تۈركىيە تۈركچىسىگە تەرجىمە قىلغان . لېكىن بۇ تەرجىملەر نەشر قىلىنمىغان . ئاخىرىدا بېسىم ئاتالاي ناھايىتى كۆپ ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئاساسىدا ، تۈركىيە تۈركچىسىگە تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن ۋە 1939 ـ يىلدىن 1941 ـ يىلغىچە 3 جىلد ۋە بىر ئىندېكسىنى نەشر قىلدۇرغاندىن باشقا ، «دىۋان»قولىيازمىسىنىڭ فاكسىملىنى (فوتو نۇسخىسىنى )مۇ نەشر قىلدۇرغان . بېسىم ئاتالاي بۇ ئەسەرنى تۈركىيە تۈركچىسىگە توغرا ۋە مۇۋاپىق تەرجىمە قىلىشقا ئىجتىھات قىلىش بىلەن ، قولىيازمىدىكى بەزى ئېنىقسىزلىقلارنى مۇمكىنقەدەر ئايدىڭلاشتۇرۇپ ، ھاشىيىدە تېگىشلىك ئىزاھلارنى بەرگەن . بېسىم ئاتالاي تەرجىمىسى ھەقىقەتەن ئىلمىي تەرجىمىدۇر . جۈملىدىن ، ئۇ ئىشلەپ چىققان ئىندېكستە بروككېلماننىڭ .ئىندېكسىدە كەتكەن خاتالار تۈزىتىلگەن ؛ شۇنىڭدەك «دىۋان»دا ئۇچرايدىغان ئەھمىيەتلىك شەخس ۋە يەر ناملىرىنى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە قوشۇمچە قىلىپ قويغان ھەمدە تۈركچە I ، II ، III جىلد تەرجىملىرىدە كەتكەن خاتالار ئىندېكستە تۈزىتىلگەن . بۇ ھەقتە بروككېلمان ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى

تەرجىمىسى » دېگەن ماقالىسىدە بېسىم ئاتالاينىڭ بۇ تۈزىتىشلىرىنىڭ كۆپچىلىكىنى مۇۋاپىق تاپقانلىقىنى بىلدۈرگەن ؛ شۇنىڭدەك ، «دى-ۋان »نىڭ مەلۇم بولغان تەرجىمە نۇسخىلىرى ئىچىدە بەزى پەرقلەر بارلىقىنى ، بېسىم ئاتالاي تەرجىمىسىنىڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ئەس-لەتكەن .

يۇقىرى بىلىم ئىگىسى بولغان ھۆرمەتلىك ئالىم بېسىم ئاتالاي-نىڭ «دىۋان »نى يۇقىرى ئىلمىي سەۋىيىدە تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ئەمگىكى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈ-رۈش بىلەن بىرلىكتە ، «دىۋان »نىڭ تۈركچە تەرجىمىسىدە ساقلانغان نۇقسانلارنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتمەي بولمايدۇ . ئۇ «دىۋان » تىلىنىڭ بۈگۈنكى تۈركىيە تۈركچىسىگە يېقىنلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ، «خاقانىيە تىلى »غا خاس بولغان «ə » تاۋۇشىنى «e » بىلەن بەرگەن . ئۆزگە تونۇش بولمىغان بەزى فونېتىكىلىق ھادىسىلەرنى ئىپادىلەشتە ئىزچىللىقنى ساقلىيالمىغان ۋە بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ترانسكرىپسى-يىسىدە خاتالىقلارغا يول قويغان .

بېسىم ئاتالاينىڭ تەرجىمىسى ۋە ئىندېكسىدىن كېيىن مىلادى-يە1957 ـ يىلى تۈركىيە ئالىمى دەھرى دىلچىن تۈزگەن « ‹تۈركىي تىللار دىۋانى › نىڭ ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئىندېكسى » (تۈرك تىل جەمئىيىتى نەشرلىرى ، ئەنقەرە ) نەشر قىلىندى .

تاشكەنتتە ، مىلادىيە 1960 ـ يىلدىن ئېتىبارەن «دىۋان »نىڭ سالىھ مۇتەللىپوۋ تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئۆزبېك تىلىدىكى نۇسخىسى نەشر قىلىندى . س . مۇتەللىپوۋ بېسىم ئاتالاينىڭ تۈركچە تەرجىمە نۇسخىسىدىن تولۇق پايدىلانغان . ئۇ ئۆزبېك تىلىدىكى بۇ تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ I ، II جىلدلىرىدا سۆز بېشى ئورنىدا ئۇزۇن ماقالە بەرگەندىن تاشقىرى ، ھەربىر جىلد ئاخىرىدا يەر ، قەبىلە ، شەخس ناملىرى ۋە ئايرىم سۆزلەر ھەققىدە بىرمۇنچە ئىزاھلار بەر-

گەن . س . مۇتەللىپوۋ ئۆزىنىڭ بۇ ماقالە ۋە ئىزاھلىرىدا مەھمۇد قەشقەرىنى ئۆزبېك ، ئۇنىڭ ئەسىرىنى پەقەت ئۆزبېك تىلىنىڭ نەمۇنىسى دەپ «ئىسپاتلاش»قا نۇرغۇن ئەقلىي كۈچ سەرپ قىلغان . «دىۋان»نى مورفولوگىيىلىك ، دىئالېكتولوگىيىلىك ، لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق تەرەپلەردىن پۇختا تەكشۈرۈپ ، ئۇنىڭدا ئاساس قىلىنغان تىلنى «ئۇيغۇر تىلى» دەپ ھۆكۈم چىقارغان بىروككېلمان ۋە باشقىلارنى ئەيىبلىگەن . بۇنىڭدىن تاشقىرى ، س . مۇتەللىپوۋ بەزى قەدىمكى تۈركىي ئىبارىلەرنى ياخشى چۈشەنمىگەنلىكى ، بەزى سۆزلەرنىڭ ئەرەبچە ئىزاھىنى ياخشى پەرق ئېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ، بىرمۇنچە جايلاردا خاتالىقا يول قويغان .①

«دىۋان»نىڭ ئۆزبېك تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسىدىن كېيىن ، غ . ئابدۇراخمانوۋ ، س . مۇتەللىپوۋ تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ئىندېكس - لۇغەت» مىلادىيە 1967 - يىلى تاشكەنتتە نەشردىن چىقتى . «دىۋان» يېزىلغانلىقىنىڭ 900 يىللىقىغا بېغىشلاپ تۈرك تىل جەمئىيىتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «تۈركىي تىللار دىۋانى ئىندېكىسى» مىلادىيە 1972 - يىلى ئەنقەرەدە نەشر قىلىندى . «دىۋان»نىڭ ئىنگلىز تىلىدىكى تەرجىمە نۇسخىسى ۋە ئىندېكسىنى تەييارلاش ئىشى ئامېرىكا ئالىملىرى روبېرت دانكوف بىلەن جەمىس كېللىيلەر تەرىپىدىن ئورۇندالدى ، ئۇلار ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» (2 توم) ، «تۈرك شېۋىلىرى ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› ئىندېكىسى» مىلادىيە 1982 - ، 1985 - يىللىرى ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى .

«دىۋان»نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئىشى تۇنجى قېتىم مىلادىيە 1946 - يىلى ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ، چۆچەكلىك ئىس-

---

① «دىۋان»نى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار تەرىپىدىن يېزىلغان مۇقەددىمە، 45~ 47 - بەتلەر.

مايىل داموللام تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ، 1 ـ تومى قولدىن چىققان .[1] يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، مىلادىيە 1955 ـ يىلى «دىۋان»نى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئىشى رەسمىي قولغا ئېلىنغان ۋە قەشقەردە ئاكا ـ ئۇكا مۇھەممەد پەيزى بىلەن ئەھمەد زىيائى تەرىپىدىن بىرىنچى تەرجىمە ئورىگىنالى قولدىن چىققان . مىلادىيە 1963~1966 ـ يىللىرى ئۇيغۇر سايرانى تەرىپىدىن «دىۋان»نىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىككىنچى تەرجىمە نۇسخىسىمۇ ئىشلەنگەن . هالبۇكى ، بۇ تەرجىمە نۇسخىلار نەشر قىلىنماي نابۇت بولۇپ كەتكەن[2] .

«دىۋان»نى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش ـ مىلادىيە 1978 ـ يىلى دۆلەتنىڭ پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەنلەر بويىچە نۇقتىلىق ئىلمىي تەتقىقات پىلانىغا كىرگۈزۈلدى ، قۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرغان شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى بۇ ئەھمىيەتلىك تەتقىقات تېمىسىنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قولغا ئېلىپ ، «دىۋان»نى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ۋە نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلدى . بۇ گۇرۇپپىدىكى ئىلمىي خادىملارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن مەزكۇر ئەسەر قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە تەرجىمە قىلىنىپ نەشرگە تەييارلاندى ھەمدە ئەسەرنىڭ 1 ـ تومى مىلادىيە 1981 ـ يىلى ، 2 ـ تومى 1983 ـ يىلى ، 3 ـ تومى 1984 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى .

«تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنىشى بىلەن ، ئېلىمىزدە «دىۋان»نى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋرى بارلىققا كەلدى .

---

① «مەھمۇد قەشقەرى» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1985)، 151 ـ بەت.

② «دىۋان»نى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار تەرىپىدىن يېزىلغان مۇقەددىمە، 48 ـ ، 49 ـ بەتلەر.

«دىۋان» تەتقىقاتىغا دائىر بىرقاتار ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئېچىلىپ، زور بىر تۈركۈم تەتقىقات نەتىجىلىرى (ئەسەر، ئىلمىي ماقالىلەر) بارلىققا كەلدى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مىلادىيە 1997 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا مەيدانغا كەلگەن بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى جەمئىي 110 پارچىگە يەتكەن.[①] «دىۋان» تەتقىقاتى ئېلىمىز ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ، ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات، مەدەنىيەت، ئېتنوگرافىيە ۋە مۇناسىۋەتلىك تەبىئىي پەنلەر تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنىنى تەشكىل قىلدى.

① بۇ ھەقتىكى بىبلىئوگرافىيە تاھىرجان مۇھەممەد تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ ۋە جۈيۈمبى تەرىپىدىن تولۇقلىنىپ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاخباراتى» ژۇرنىلىنىڭ 1997 ـ يىللىق 5 ـ سانى ۋە 1998 ـ يىللىق 1 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان.

# يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە «قۇتادغۇبىلىك»

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل نەمۇنىسى، ئۆز قىممىتى بىلەن زامانىسىدىلا تونۇلۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى جاھان ئەدەبىيات سەھنىسىگە ئېلىپ چىققان «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك بىر ئابىدىسىنى تىكلىگەن مەدەنىيەت پېشۋاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

## ھاياتى

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيىتى ھەققىدە ئۇنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىردىنبىر ئەسىرى - «قۇتادغۇبىلىك»تىكى قىسمەن مەلۇماتلاردىن باشقا بىرەر مەنبە يوق. شۇڭلاشقىمۇ، مۇئەللىپ توغرىسىدىكى بايان، مۇھاكىمىلەرنىڭ ھەممىسى ئەسەرنىڭ ئۆزىدىكى ئەنە شۇ قىسمەن مەلۇماتلارغا تايىنىپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئاخىرىدىكى لىرىك ئىلاۋىلەرنىڭ 3 - سىدىكى «كىتاب ئىدىسى يۈسۈف ئۇلۇغ ھاجىپ ئۆزىگە پەند بەرۈر» ناملىق سەرلەۋھىدىن ۋە شۇ سەرلەۋھە ئاستىدا بېرىلگەن 6627 - بېيىتتىكى:[1]

«ئەي يۈسۈف كەرەك سۆزنى سۆزلە كۆنى

---

① مىساللار «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 ـ يىلى نەشر قىلغان ترانسكرىپسىيىلىك مەتىنىدىن، يەشمىسى مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 ـ يىلى نەشر قىلغان نەسرىي يەشمىسىدىن ئېلىندى.

كەرەكسىز سۆزۈڭ كىزلە قىلغا قورا»
[ ئەي يۇسۇپ ، كېرەكلىك سۆزنى توغرا سۆزلە ،
كېرەكسىز سۆزلەرنى يوشۇرغىن ، زىيان قىلىدۇ .]

دېگەن سۆزلەردىن ، شۇنىڭدەك داستاننىڭ بېشىدىكى كېيىن باشقىلار تەرىپىدىن يېزىلغان نەسرىي مۇقەددىمىدىكى :

«بۇ كىتابنى تەسنىف قىلغۇچى بالاساغۇن مەۋلۇدلۇغ پەرھىز ئىدىسى ئەر تۇرۇر ، ئەمما بۇ كىتابنى قەشقەر ئېلىندە تۇكەل قىلىپ ، مەشرىق مەلىكى تاۋغاچ بۇغراخان ئۇسكىنگە كىگۇرمىش تۇرۇر مەلىك بۇغراخان ما ئانى ئاغىرلاپ ئۇلۇغلاپ ئۆز خاس ھاجىپلىقنى ئاڭا بەرۇ يارلىقامىش تۇرۇر ، ئانىڭ ئۈچۈن يۇسۇف ئۇلۇغ خاس ھاجىپ تېپ ئاتى چاۋى ئاژۇندا يايىلمىش تۇرۇر» .

(بۇ كىتابنى يازغۇچى بالاساغۇندا تۇغۇلغان تەقۋادار بىر زاتتۇر ؛ ئەمما ، بۇ كىتابنى قەشقەر ئېلىدە تاماملاپ ، مەشرىق شاھى تاۋغاچ بۇغراخان ھۇزۇرىغا سۇنغاندۇر ، شاھ بۇغراخانمۇ ئۇنى قەدىرلەپ (ۋە ) ئۇلۇغلاپ ، ئۇنىڭغا خاس ھاجىپلىقنى[1] ئىلتىپات قىلغان (ۋە ) شۇنىڭ بىلەن يۇسۇپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپ دەپ نام - شۆھرىتى دۇنياغا يېيىلغاندۇر . ) دېگەن بايانلاردىن ھەمدە خۇددى نەسرىي مۇقەددىمىگە ئوخشاشلا كېيىن باشقىلار تەرىپىدىن يېزىلىپ ، ئەسەرنىڭ باش قىسمىغا قوشۇپ قويۇلغان نەزمىي مۇقەددىمىنىڭ 58 - بېيىتىدىن 63 - بېيىتىگىچە بولغان بىرقاتار مىسرالاردىن ئەسەر مۇئەللىپى ئىسمىنىڭ يۇسۇپ ئىكەنلىكىدىن ؛ ئۇنىڭ بالاساغۇندا ئېسىل بىر ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ، ياخشى تەربىيە كۆرگەن ، ئۆز ئانا تىلىنى ، زامانىسىدىكى بارلىق ئىلىملەرنى پىششىق ئىگىلىگەن ئالدىنقى قاتاردىكى

① «خاس ھاجىپ» ئەرەب تىلىدا ئارىچى، ۋاكالەتدار، خاننىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى دېگەن مەنىلەردىكى سۆز بولۇپ، قەدىمكى تۈركىي تىلدا بولسا بۇ سۆز «تاياڭۇ» يەنى تايانچ، سەلتەنەت تايانچى، دۆلەت تۈۋرۈكى دېگەندەك مەنىلەردە كېلەتتى. (قاراڭ: مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»، فوتو نۇسخا، 230 - بەت)

ھۇنەر ـ ھېكمەت، يېتىلگەن ئەقىل ـ ئاڭ ئىگىسى، خۇش پېئىل، ئۆز ئەتراپىدىكىلەرنىڭ قەدىرلىشى ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان تەقۋادار، پاك بىر مۇسۇلمان ئىكەنلىكىدەك سۈپەت ـ پەزىلەتلىرىدىن؛ شۇنىڭدەك، مۇئەللىپ ئەسىرىنى ئۆز يۇرتىدا باشلاپ تۈگىتىپ، قەشقەردە قايتا تۈزىتىپ تاماملىغانلىقى، ئۇنى تاۋغاچ بۇغراقاراخان ھۇزۇرىدا ئوقۇپ خانغا تەقدىم قىلغانلىقى، خاننىڭ ئەسەرنى ئالاھىدە يۇقىرى باھالاپ ۋە مۇئەللىپنى ئالاھىدە قەدىرلەپ، «خاس ھاجىپ» لىقتىن ئىبارەت يۇقىرى ئۇنۋان بېرىپ ئۆزىگە يېقىن تۇتقانلىقى، شۇنىڭ بىلەن مۇئەللىپنىڭ «يۇسۇپ خاس ھاجىپ» نامى بىلەن تونۇلغانلىقىدىن خەۋەر تاپىمىز.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ دۇنياغا كەلگەن بالاساغۇن شەھىرى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى پايتەختى، مۇھىم سىياسىي، مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ، بالاساغۇن شەھىرى يەنە تۈرلۈك تارىخىي دەۋرلەردە «قۇز ئوردۇ»، «قۇز ئولۇس»، «قۇز بالىق» دەپمۇ ئاتالغان ۋە بۇ ئەتراپتا قۇرۇلغان بىرقانچە يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ مەركىزى بولغان.① تاڭ سۇلالىسى مىلادىيە 640 ـ يىلىدىن 657 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا غەربىي رايوننى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بىر تۇتاش مەمۇرىي رايونلار ۋە مەنسەپ تەسىس قىلغاندا بالاساغۇن شەھىرى سۈيئاب ئايمىقى تەۋەسىدە بولغان.

بىرونى ئۆز دەۋرىدىكى مۇھىم شەھەر، جايلارنىڭ مېرىدىئان ۋە پاراللېللىرىنى بېكىتكەن جەدۋىلىدە بالاساغۇننىڭ تاراز (ئەۋلىيائاتا)

① بالاساغۇن «بىلادساغۇن» سۆزىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «بىلاد» ـ شەھەر، «ساغۇن» ـ سەنگۇن (جياڭجۈن) دېگەن ئىككى سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن كەلگەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «پېيلو جياڭجۈن شەھىرى» (裴罗将军城) دەپ ئاتالغان. ئېلىمىز مەنبەلىرىدە بېرىلگەن مۇساپە خاتىرىلىرىگە قارىغاندا، ئورنى ھازىرقى توقماق ئەتراپىغا، ئاقپېشىن خارابىلىرى ئورنىغا توغرا كېلىدۇ. ئەسلىدىكى سۈيئاب شەھىرىنىڭ 10 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىغا بىنا قىلىنغان بۇ جاڭجۈن شەھىرى كېيىن سۈيئاب بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ۋە سۈيئابمۇ «بالاساغۇن» نامى بىلەن ئاتالغان.

نىڭ 10° شەرقىدە، بارسغان (ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بارسكائۇن) نىڭ 7° غەربىدە، قوچقار بېشى (بۈگۈنكى قوچقار ئاتا يايلىقى) نىڭ 20° شىمالىدا ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسەتكەن بولسا، مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسىرىگە كىرگۈزگەن يەر يۈزى شەكلىنىڭ دائىرە خەرىتىسىدىمۇ بالاساغۇن شەھىرى بارسغان شەھىرىنىڭ يېنىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. چۇ دەرياسى ۋادىسىدا مەخ- سۇس تەتقىقات ئېلىپ بارغان بارتولدمۇ بالاساغۇننى ھازىرقى ئاقپې- شىن خارابىلىرى، دەپ قارايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىنى يۇقىرى باھالاپ، ئۇنىڭغا بىلىمى ۋە قەلىمىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن «خاس ھاجىپ» لىقتەك يۇقىرى ئۇنۋان بەرگەن «تاۋغاچ بۇغرا قاراخان»— شۇ مەز- گىلدىكى خاننىڭ ئىسمى بولماستىن، بەلكى قاراخانىيلار سۇلالىسى خانلىرىنىڭ ئۇنۋان - ئۇلۇغلاش ناملىرىدۇر. لېكىن، داستاننىڭ فەرغانە نۇسخىسىدىن مەزكۇر قاراخانىيلار سۇلالىسى خانىنىڭ تولۇق ئىسمىنىڭ «تاۋغاچ ئۇلۇغ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلان» ئىكەنلىكى مەلۇم. ئەبۇ ئەلى ھەسەن قاراخانىيلار سۇلالىسى مىلادىيە 1040 - يىلى شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىيلار خانلىقىغا بۆلۈنۈپ كەتكەندە، شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى خانى بولغان سۇلايمان ئارس- لانخاننىڭ چوڭ ئوغلى، ئۇ ئىنىسى توغرۇل تېكىن، يەنى مەھمۇد ئىبنى يۈسۈپ قاراخانىيلار سۇلالىسى تەختىنى قولغا ئالغاندا (مىلادىيە 1059 - يىلى) ئىنىسى بىلەن بىللە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن. مىلادى- يە 1074 - يىلى ئىنىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، «ئارسلانخان» نامى بىلەن خانلىق تەختىگە چىقىپ، تارىختا «ھارۇن بۇغرا- خان II» نامى بىلەن تونۇلغان شەخستۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىنى «قۇتادغۇبىلىك» دەپ ئاتىغاز- لىقى نەسرىي ۋە نەزمىي مۇقەددىمىدىكىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ، ئەسەرنىڭ ئۆزىدە ئىككى يەردە ئۇچرايدۇ.

ئۇنىڭ بىرى 4 ـ بابتا، مۇئەللىپ مۇنداق دەيدۇ:
112. «تالۇ نەڭ تاڭۇق تۇتتى مىڭ ئەلىگ
مۇنۇ قىل تاڭۇقى قۇتادغۇ بىلىك»
[ مىڭلىغان قوللار (ساڭا)نۇرغۇن نەرسە سوۋغا تۇتتى
(مەنمۇ)بۇ «قۇتادغۇبىلىك»نى سوۋغا قىلاي.]
يەنە بىرى 11 ـ بابتا بولۇپ، مۇئەللىپ:
350. «كىتاب ئاتى ئۇردۇم قۇتادغۇبىلىك
قۇتاتسۇ ئۇقىغلىقا تۇتسۇ ئەلىگ»
دەپ يېزىپ: «كىتابىنىڭ نامىنى قۇتادغۇبىلىك قويدۇم، ئوقۇغانلارنى بەختلىك قىلسۇن ۋە يول كۆرسەتسۇن»دەيدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» ئاتالغۇسى «قۇت+ ئادغۇ+ بىلىك» دىن ئىبارەت ئۈچ تەركىبتىن تۈزۈلگەن. «قۇت»سۆزى ئىسىم بولۇپ، ئۇ «بەخت»، «سائادەت»، «تەلەي»، «دۆلەت»، «مۇبارەك»، «مۇقەددەس»دېگەنگە ئوخشاش كۆپ خىل مەنىدە كېلىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر چۈشەنچىلىرىدە «قۇت»سۆزى يەنە تەڭرى ئاتا قىلغان بەخت، دۆلەت، تەلەي ۋە تەڭرى ئىرادىسى بىلەن بېرىلگەن ئىقتىدار، هاكىمىيەت يۈرگۈزۈش هوقۇقى ئوخشاش مەنىلەردىمۇ كەلگەن هەمدە ئۇ تەڭرى مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «ئىدى»سۆزى بىلەن قوشۇلۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ خاندىلىق ئىسىم ـ شەرىپى («ئىدىقۇت»، «تەڭرىقۇت» دېگەندەك)بولغان. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىمدىن پېئىل ياسىغۇچى «ئاد»قوشۇمچىسى (ئۇ كېيىن «ئاي»بولۇپ ئۆزگەرگەن)پېئىلغا قوشۇلۇپ رەۋىشداش ياسىغۇچى «غۇ»قوشۇمچىسى بىلەن بىرىكىپ، «ئېلىپ كەلگۈچى»، «ئېرىشتۈرگۈچى» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «ئادغۇ»پېئىلىنى شەكىللەندۈرگەن. «بىلىك» سۆزىمۇ ئىسىم بولۇپ، «بىلىم» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، ئەسەر نامى هەققىدىكى يۇقىرىدىكى ئىزاهلاشلىرىمىزنى خۇلاسىلىگەندە، «قۇتادغۇبىلىك» ـ «بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى

بىلىم »دېگەننى بىلدۈرىدۇ .

يۈسۈپ خاس هاجىپ يىگىتلىك ـ ياشلىق دەۋرلىرىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە تولىمۇ پۇشايمان قىلغان هالدا ، ئۆز ئەسىرىنى 50 ياشقا قەدەم قويغىنىدا يېزىشقا باشلىغىنىنى ، 30 يىل ئىزدەنگىنى ئاساسىدا ئەمدى قەلەم تەۋرەتمىسە ، يېشى 60 قا كىرىپ قېرىلىق دەۋرىگە قەدەم قويغىنىدا ئۆز ئالدىغا قويغان بۈيۈك مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ .

365 . «تەگۈردى ماڭا ئەلگىن ئەلىگ ياشىم
قۇغۇ قىلدى قۇزغۇن تۈسى تەگ باشىم

366 . «ئوقىر ئەمدى ئالتمىش ماڭار كەل تېيۇ
پۈسۈغ بولماسا باردىم ئەمدى نارۇ

367 . كىمىڭ ياشى ئالتمىش تۈگەتسە ساقىش
تاتىغ باردى ئاندىن يايى بولدى قىش

368 . ئوتۈز يىغمىشىن ياندرۇ ئالدى ئەلىگ
نەگۇ قىلغان ئالتمىش تەگۈرسە ئەلىگ

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

380 . سەنىڭدىن قولۇپ كۈچ بۇ سۆز باشلادىم
تۆكەل قىلغۇقا كۈچ سەن ئۆك بىر ئىدىم»

[ماڭا ئەللىك يېشىم قولىنى تەگكۈزدى ،
قۇزغۇن تۈسىدەك (قارا )بېشىمنى ئاق قۇدەك قىلدى .

ئاتمىش (ياش ) ئەمدى مېنى «كەل »دەپ چاقىرىۋاتىدۇ ،
(ئەجەل )پېستىرمىسىغا يولۇقمىسام ، ئەمدى ئۇياققىمۇ بارد-
مەن .
كىمنىڭ يېشى ئاتمىش ھېسابىنى تولۇقلىسا ،
ئۇنىڭدىن (ھايات )لەززىتى كېتىدۇ ، يازى قىش بولىدۇ .
ئوتتۇز ياشتا يىغقانلارنى ئەللىك ياش ياندۇرۇۋالدى ،
ئاتمىش ياش قول ئۇزاتسا نېمىلەرنى قىلمايدۇ ؟
..................
..................
سېنىڭدىن كۆچ - قۇۋۋەت تىلەپ بۇ سۆزنى باشلىدىم ،
بۇنى تولۇقلىغىنە ، سەنلا كۆچ بەرگىن ، ئەي ئىگەم .]
يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك »داستانىنى 50 ياشقا كىر-
گەن مەزگىلىدە يېزىشقا كىرىشىپ ، تولۇق 18 ئاي (بىر يېرىم يىل )
ۋاقىت سەرپ قىلىپ ، ئۇنى ھىجرىيە 462 - يىلى تاماملىغان
(بۇ ھەقتە 6623 - ، 6695 - بېيىتلەردە ئېنىق ئېيتىلىدۇ ) .
ئەگەر بىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستانىنى يېزىپ تاماملىغان ھىجرىد-
يە 462 - (مىلادىيە 1069~1070 )يىلى 52 ياشقا كىرگەندى ،
دەپ قارىغىنىمىزدا ، ئۇ تەخمىنەن ھىجرىيە 410 - (مىلادىيە
1019~1020 )يىلى تۇغۇلغان بولىدۇ .
يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسىرى ئۇچۇن ئېلىپ بارغان 30 يىللىق
ئىزدىنىش داۋامىدا ئۆز زامانىسىدىكى ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەن
بىلىملىرى ، قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ، ئەل ھەم يازما ئەدەبىيات
ئەنئەنىلىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشقان . ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ۋە پەلسە-
پىۋى قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە بولسا ، فارابى ۋە ئىبنى سىنا
تەلىماتلىرىنىڭ رولى ئالاھىدە زور بولغان .
ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ئەسىرى بىلەن «خاس ھاجىپ »لىق ئورنىغا
ئىگە بولغان ئەدىب يۈسۈپ ئەنە شۇنداق كۆپ تەرەپلىمە ، يۇقىرى

بىلىم ئىقتىدارى بىلەن قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ سىياسىي ، ئىج-تىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىدا مۇھىم رول ئوينىغانلىقى شۇبھى-سىز .

## داستانىنىڭ يېزىلىشىدىكى دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى

قاراخانىيلار خانىدانلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس سېلىنغان مەز-گىل — سۇتۇق بۇغراخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىل بولۇپ ، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن ، ئىچكى ئەھۋالى بىرقە-دەر مۇقىم ، ئالغا بېسىشى تېز رەڭ بولغان مەزگىل ھېسابلانسىمۇ[1] ، لېكىن شۇ مەزگىلدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان ئىلىكخانلىق تۈزۈمى ھاكىمىيەتنىڭ پۈتۈنلۈكىگە ، ھوقۇقنىڭ مەركەزلىشىشىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئىجابىي تەدبىر ئەمەس ئىدى . مىلادىيە 11 — ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاراخانىيلار زېمىنى پارچە — پارچە سۇيۇرغال يەرلەرگە بۆلۈۋېتىلىپ ، خان جەمەتلىرى ، يۇقىرى قاتلامدىكىلەر ، ھاكىمىيەت خىزمىتىدىكىلەر ، ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن ھەربىي-لەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى . ئۇلار ئۇز يەرلىرىنى ئاساسەن مۇس-تەقىل باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى . سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن «ئۈلۈش يەر» («ئىكتار»)دە ئىشلەيدىغان دېھقانلار ئەسلىدە يەر ئىگىلىرىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى ھېسابلانمايدىغان بولسىمۇ ، لېكىن مىلادىيە 11 — ئەسىرگە كەلگەندە «ئىكتار» يەرلىرى ۋارىسلىق قىلىد-نىدىغان يەرلەرگە ، دېھقانلار «ئىكتار» ئىگىلىرىگە بېقىندىلىق ئو-رنىغا چۈشۈپ قالدى . شۇنىڭ بىلەن «ئىكتار» يەر ئىگىلىرى پەيدىن-پەي چوڭ فېئودال پومېشچىكلارغا ئايلىنىشقا باشلىدى .

شەھەرلەردە بىر قىسىم بەگلەر بىلەن سودىگەرلەر قاراخا-

---

① سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «سۇتۇق بۇغراخان» رومانىغا يازغان كىرىش سۆزى. مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 — يىل، 9 — بەت.

نىيلارنىڭ ئىچكى ـ تاشقى سودا ئالاقىسىنى ئاساسەن ئۆز چاڭگىلى-
غا كىرگۈزۈۋېلىپ سودا كاپىتالى ، قول سانائەت ئىشخانىلىرى خوجا-
يىنلىرى گۇرۇھىغا ئايلىنىشقا باشلىغانىدى . ئەمدى بۇ گۇرۇھنىڭ
يەنە بىرتەرىپىدە بولسا ، ئېغىر سېلىق ، باج ـ خىراج ؛ سۈغىرىلىدى-
غان يەر ۋە يايلاقلىرىنىڭ ئىگىلىۋېلىنىشى سەۋەبىدىن ئۆز ماكانلى-
رى ، ئىگىلىكلىرىدىن ئايرىلىپ شەھەرلەرگە كۆپلەپ ئېقىپ كىرگەن
دېھقان ، چارۋىچىلار ۋە نامرات شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىدىن كېلىپ
چىققان زور بىر تۈركۈم يالالنما ئەمگەكچىلەر تۇرغان بولۇپ ، ئۇلار
ئەنە شۇ گۇرۇھ ئىگىلىكىدىكى سودا مۇئەسسەسەلىرى ۋە قول سانائەت
ئىشخانىلىرىدا ئىشلەشكە باشلىغانىدى .
يۈسۈپ قادىرخان ۋە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى سۇلايمان ئارسلانخان
(بۇغرا تېكىن ) هاكىمىيەت يۈرگۈزگەن يىللاردا (مىلادىيە 1024~
1032 ، 1032~1056 ـ يىللار )قاراخانىيلار سۇلالىسى بىرقەدەر
قۇدرەت تېپىپ ، ئىقتىساد ۋە ئىلىم ـ پەن زاۋاجلانغان بولسىمۇ ،
لېكىن سۇلايمان ئارسلانخان دەۋرىدە يەنە جەمئىيەتتىكى تەبىقىلەرنىڭ
زىددىيەتلىك ، هاكىم ۋە مەهكۇم گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈشى هەمدە ئۇلار
ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتمۇ روشەن كۆرۈلۈشكە باشلىغانىدى . بولۇپمۇ
بۇ مەزگىلدە گەۋدىلىك كۆرۈلگەن زىددىيەت غەربىي ئىلىكخانلارنىڭ
مۇستەقىللىق ، بۆلۈنۈش هەرىكىتى هەمدە هۆكۈمرانلار گۇرۇهىنىڭ
ئىچكى قىسمى ۋە هەرقايسى بەگلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى هاكىمىيەت ،
هوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرى بولدى . جەمئىيەت ئەهۋالىنىڭ بۇزۇلۇ-
شى ، ئوردا ماجىرالىرى ۋە ئىچكى ئۇرۇشلار تۈپەيلى خەلق ئۈستىدى-
كى كۈلپەت ، جەبىر ـ زۇلۇم ئېغىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ ، خەلق
ئاممىسى خۇددى يۈسۈپ خاس هاجىپ ئۆز ئەسىرىدە ئېيتقىنىدەك :

«قايۇسى كۆتۈرمىش بولۇر كۈچ ئەرىنچ . 5242
قايۇسى چىغايلىق بىلە يەر ساقىنچ

5243 . قايۇ ئاچ قايۇسى يالىنمىش بولۇر
قايۇ قادغۇ بىرلە ئۆلىنمىش بولۇر »

[بەزىسى زۇلۇم ـ مۇشەققەت كۆرگەن ،
بەزىسى كەمبەغەللىك بىلەن ئەلەم چەككەن .
بەزىسى ئاچ ، بەزىلىرى يالىڭاچ ،
بەزىلىرى بولسا قايغۇ بىلەن نادامەت قىلماقتا .]

دېگەن ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى .

سۇلايمان ئارسلانخان خانلىق تەختىگە چىققان 5 ـ يىلى (مىلادىيە 1037 )غەربىي ئىلىكخان ناسىرنىڭ ئىككى ئوغلى مۇھەممەد بىننى ناسىر ۋە ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم (بۆرى تېكىن )نىڭ بۆلۈنۈش ، مۇس-تەقىللىق ھەرىكىتى كۆتۈرۈلدى . سۇلايمان ئارسلانخان ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى بېسىقتۇرۇشقا ئىمكانىيەت تاپالمىدى . چۈنكى شۇ يىللار-دا ئېرىتىش ، بالقاش بويلىرىدا پاشايدىغان ياباقۇلار ئىسيان كۆتۈرگە-نىدى . نەتىجىدە سۇلايمان ئارسلانخان مۇرەسسە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ، ئۇلارغا مەلۇم دەرىجىدە يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى ھەمدە مۇھەممەد بىننى ناسىرغا تاۋغاچ بۇغراقاراخان ئۇنۋانىنى تەقدىم قىلدى . شۇنىڭ بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسى مىلادىيە 1040 ـ يىلىدىن باشلاپ شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىيلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى .

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي يۇسۇپ خاس ھاجىپ ياشاۋاتقان شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى زېمىنىدىمۇ بىرقاتار سىياسىي داۋالغۇشلار بو-لۇپ ئۆتىدۇ . «ئومۇمىيەتچىل ، ئادىل ۋە پاك ھۆكۈمدار ، ئالىم ۋە ئۆلىمالارنىڭ دوستى سۈپىتىدە تونۇلغان »[1] سۇلايمان ئارسلانخان ئۆزىنىڭ تۇغقان ئىنىسى مۇھەممەد بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدۇ ۋە ئۇرۇشتا تۇتقۇن قىلىنىپ ، ئۆلتۈرۈلىدۇ . مۇھەممەد ئىبنى يۇسۇپ

---

① «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى». ئىستانبۇل 1977، 6 ـ توم، 260 ـ بەت.

تەختتە 15 ئايلا ئولتۇرۇپ، كېيىن ئورنىنى چوڭ ئوغلى ھۇسەيىنگە ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ. ھۇسەيىن ئىبنى مۇھەممەد ئىلگىرى يەتتەسۇدىكى بارسغان رايونىنىڭ ئەمىرلىكىنى ئۆتىگەن بولۇپ، ئۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسىرىنىڭ ئاپتورى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ دادىسى ئىدى. ھۇسەيىن ئىبنى مۇھەممەد بىر قېتىملىق ئوردا زىياپىتىدە كىچىك خانىش ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەدنىڭ سۇيىقەستى بىلەن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەد تەختنى تارتىۋالىدۇ. لېكىن، شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى بەگلىرى بۇ قانۇنسىز خانغا بويسۇنۇشنى رەت قىلىدۇ. ئىبراھىم ئۆزىگە بويسۇنمىغان بارسغان ئەمىرى ئىنان تېكىن بىلەن بولغان جەڭدە ئۆلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مىلادىيىنىڭ 1059 - يىلى سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ 3 - ئوغلى مەھمۇد ئىبنى يۇسۇپ «توغرۇل قاراخان» نامى بىلەن شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خانى بولۇپ بەلگىلىنىدۇ.

مەھمۇد ئىبنى يۇسۇپ ئىككى مەركەزنىڭ بىرى بولغان قەشقەرغە ئورۇنلىشىپ ئالىي ھۆكۈمدار - - «بۇغراخان» نامىدا ھاكىمىيەتنى باشقۇرىدۇ. ئاكىسى ھەسەن ئىبنى سۇلايمان ئىككىنچى ئورۇندىكى خان - «ئارسلانخان» («ئارسلان تېكىن» دەپ ئاتالغان) نامى بىلەن بالاساغۇندا تۇرىدۇ.①

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرى قاراخانىيلار سۇلالىسى تارىخىدىكى ئەنە شۇنداق بىر سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇھىتقا توغرا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇنىڭ يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئېڭىغا تەسىر قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئاخىرىغا قوشۇمچە قىلىنغان لىرىك پارچىلاردىكى بىر قىسىم بايانلارنى ئاپتورنىڭ ئەنە شۇ مەزگىلدىكى روھىي ھالىتىنىڭ كېيىن ئۆز ئەسە-

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 157 - بەت.

ـرىدە ئەكس ئېتىشى دېيىشكە بولىدۇ :

6566 . «كىشى قىزلىقى بۇلدى قايدا تىلەگۇ
تىلەپ بۇلغۇ ئەرسە تىلەيۇ كۆرەيى

6567 . قامۇغ ئارزۇ بۇلدۇم كىشى بۇلمادىم مەن
قالى بۇلسا ئارزۇم يۇزىگە باقايى

6568 . ۋەفا قەهتى بولدى جەفا تولدى دۇنيا
ۋەفا كىمدە ئەركى مەن ئازراق قولايى

6588 . نەلۇك ئارتادى خەلق نەگۇ ئۆڭدى قودتى
قايۇ ئۆدگە تۇشتۇم يا قايدا تۇرايى

6592 . ئەسىزىم ئەسىزىم قانى ئول كىشلەر
ۋەفا ئاتى قودتى ئاژۇندا ئۆگەيى

6593 . بۇ كۇن كۆرسە ئەردى بۇ ئۆڭدى تۆرۇ قىلق
ئولار قودمىش ئەرسە سەۋنچلىگ بولايى

6595 . قامۇغ ئەدگۇ باردى تۆرۇ ئۆڭدى ئەلتتى
كىشى سوڭى قالدى نە ئەدگۇ بولايى

6602 . ئولىندىم مەن ئەمدى ئوتۇنلارقا تۇشتۇم
ئۆكۇنچ بىرلە تۇن كۇن نەچە يۇك يۇدەيى»

[ئادەم قىسلىقى باشلاندى ، (ئۇنى )قەيەردىن ئىزدەيمەن ،
ئىزدەپ تاپقىلى بولسا ، ئىزدەپ كۆرەيمەن .

ھەممە ئارزۇلارغا يېتىشتىم ، (لېكىن چىن )ئادەمنى تاپالمى-
دىم ،
ئەگەر (بۇ ) ئارزۇغىمۇ يېتىشسەم ، چىرايىغا باقايمەن .
ۋاپا قەھەتچىلىكى بولدى ، دۇنيا جاپا بىلەن تولدى ،
كىمدە ۋاپا بار ئىكەن ؟ ئازراق سوراپ باقايمەن .
خەلق نېمىشقا بۇزۇلدى ، نېمە ئۈچۈن ياخشى ئادەتلىرىنى تاشلى-
دى ؟
قانداق زامانغا دۇچ كەلدىم ، ئەمدى نەگە باراي ؟
ئەپسۇس ، ئەپسۇس ، قېنى ئۇ كىشىلەر ،
ۋاپا نامىنى دۇنيادا قالدۇرۇپ كەتكەنلەر ، ئۇنى ماختاي !
بۇ قائىدە ، قانۇن ، قىلىقلارنى بۈگۈن كۆرسەم ئىدى ،
بۇنى ئۇلار قالدۇرغان بولسا ئىدى ، مەنمۇ خۇشال بولاتتىم !
ھەممە ياخشىلىق كېتىپ قالدى ، قانۇن - قائىدىلەرنى ئېلىپ
كەتتى ،
كىشىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋىنى قالدى ، ياخشىنى قانداق تاپاي ؟
يامانلار ئارىسىغا چۈشۈپ ئەمدى پەرياد چەكتىم ،
پۇشايمان بىلەن كېچە - كۈندۈز بارلىق ئېغىر يۈكنى كۆتۈرەي !]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ، نىيەت ، كۆڭۈل تۈزەلسە ، ئىنسان تۈزۈلىدۇ ، ئىنسان تۈزەلسە جاھان تۈزۈلىدۇ ، دېگەن قاراش بويىچە ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەۋجۇت رېئال ئىجتىمائىي تۈزۈمى ئورنىغا باشقا بىر غايىۋى جەمئىيەت ئۈلگىسىنى تۇرغۇزۇش نىيىتىگە كەلگەن ھەمدە ئۆز ئىدېئالىدىكى ھاكىمىيەتنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ مەنىۋى ئۈلگىسى بولغان غايىۋى جەمئىيەت ئارقىلىق خانغا تەسىر قىلماقچى بولغان . يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز نىيىتى ۋە ئارزۇسىنىڭ مەنىۋى كامالەتكە يەتكەن ئىنسان پائالىيىتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئېشىشىغا ئىشەنگەن . ئەقىل - پاراسەت ، ئالىيجاناب ئەخلاق - پەزىلەتكە ئىگە ، بىلىمنى ھاياتىنىڭ يولباشچىسى قىلالىغان كىشى ئەل بېشى

بولۇپ ، ئەلنى ئادىل قانۇن بىلەن باشقۇرسا ، مۇناسىپ دۆلەت ئەرباب-لىرى ئۇنىڭغا ھەمنەپەس بولسا ، پۈتۈن جەمئىيەت ئەزالىرى قانۇن - تۈزۈم ۋە ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە شەرتسىز ئەمەل قىلسا ، «بۆرە بىلەن قوي بىر كۆلچەكتە سۇ ئىچەلەيدىغان »غايىۋى جەمئىيەت بارلىققا كېلىدۇ ، دەپ قارىغان .

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۆلۈنۈشتىن بۇرۇنقى بىر پۈتۈن ، قۇد-رەتلىك ، گۈللەنگەن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئادىل ، مەرىپەتلىك خاقانى سۇلايمان ئارسلانخانغا ئالاھىدە ئېتىقاد قىلغانلىقى ھەمدە ئۆز غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈمىدىنى سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ تەخت ۋارىسلىرىغا ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى بولغان ھەسەن ئىبنى سۇلايمانغا باغلىغانلىقى ئېنىق ، شۇڭلاشقىمۇ ئۇ مەھمۇد ۋە ھەسەنلەر قاراخانىيلار سۇلالىسى تەختىنى قولغا ئېلىپ ، دۆلەتنىڭ تىنچ ۋە ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرغان ، شەرقىي ۋە غەربىي قىسىمدا چېگرا قايتىدىن بەلگىلىنىپ ، قاراخانىيلار سۇلالىسى جەمئىيىتىنىڭ مۇقىم-لىقى قايتىدىن ئەسلىگە كەلگەن مەزگىلدە ، شۇنداقلا ھەسەن ئىبنى سۇلايمان بالاساغۇندا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان يىللاردا ئەسىرىنى يېزىش ئىشىغا رەسمىي كىرىشكەن .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىنىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالىنى ھىجرىيىنىڭ 462 - يىلى (مىلادىيە 1069~1070 - يىللار ) بالاسا-غۇندا تاماملىغان ، نەزمى مۇقەددىمىدىكى تۆۋەندىكى بېيىت بۇنىڭ ئىسپاتىدۇر :

58 . بۇ تۇغمىش ئېلىندىن چىقىپ بارغانى
كىتابنى قوشۇپان تۇكەل قىلغانى »
[ئۇ تۇغۇلغان ئېلىدىن چىقىپ كېتىپ ،
بۇ كىتابنى تۈزۈپ تۈگەللىدى .]

ئۇنىڭدىن كېيىنلا بېرىلگەن بېيىتتىن يەنە شۇ نەرسە مەلۇمكى ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەشقەرگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن (يۈسۈپ

خاس ھاجىپنىڭ قەشقەرگە قاچان كۆچۈپ كەلگەنلىكى ھەققىدە بىرنېمە دېگىلى بولمىسىمۇ ، ئۇنىڭ ھەسەن ئىبنى سۇلايماننىڭ بالاساغۇندىن قەشقەرگە يۆتكىلىشى ۋە مىلادىيە 1074 ـ يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسى تەختىنى ئىگىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ ) ، ئۆز ئەسىرىنى ئەينى دەۋردە كىتاب تۈزۈشتە ئومۇملاشقان ياكى زۆرۈر دەپ قارالغان قائىدىلەرگە ئۇيغۇنلاشتۇرغان ھەمدە تېخىمۇ مۇھىمى ئۆزى تەقدىم قىلماقچى بولغان ھۆكۈمدارغا بولغان مايىللىقىنى ئىپادىلىگەن ھالدا قايتا ئۆزگەرتىپ چىققان ۋە ئۇنى «تاۋغاچ ئۇلۇغ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلانخان» ئاتىسىنىڭ شان ـ شۆھرىتى ۋە ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ قاراخانىيلار سۇلالىسى تەختىگە ئولتۇرغان ۋاقىتدا ئۇنىڭغا تەقدىم قىلغان .

مەسىلەن ، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئەسەرنىڭ دىباچە قىسمى ۋە تۆتىنچى بابتا خاقان ھەسەن بىننى سۇلايماننى «ئۇلۇغ بۇغرا قاراخان» دەپ تىلغا ئالىدۇ . مەلۇمكى ، «بۇغرا قاراخان»قاراخانىيلار سۇلالىسىدا ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدارنىڭ نامى ئىدى .

## داستاننىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن نۇسخىلىرى

«قۇتادغۇبىلىك»داستاننىڭ ئاپتورنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىلىپ ، ھەسەن ئىبنى سۇلايمانغا تەقدىم قىلىنغان ئەسلىي قوليازما نۇسخىسى ھازىرغىچە تېپىلغىنى يوق ، ئۇنىڭ ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغىنى ئۆز زامانىسىدىن خېلى كېيىن كۆچۈرۈلگەن ۋېنا ، قاھىرە ، پەرغانە ( (ياكى نەمەنگان )نۇسخىلىرىدىن ئىبارەت .

ۋېنا نۇسخىسى مىلادىيە 1439 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى (ھىجرىيە 843 ـ يىلى ، قوي يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 4 ـ كۈنى ) ھىرات شەھىرىدە ھەسەن قارا سايىل شەمس دېگەن كىشى تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن ، مىلادىيە 1474 ـ يىلى ئىستانبۇلغا كەلتۈرۈلگەن ۋە كېيىن ئاۋستىرىيىلىك شەرقشۇناس ھام-

ـىر پورگىشتال بۇ نۇسخىنى ۋېنا ئوردا كۇتۇپخانىسىغا كەلتۈرگەن . ھازىرمۇ شۇ كۇتۇپخانىدا ساقلىنىدۇ (بۇ نۇسخا كۆچۈرۈلگەن جاينىڭ نامى بىلەن «ھىرات نۇسخىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) . مىلادىيە 1823 ـ يىلى فرانسۇز شەرقشۇناسى ژائۇبېرت ئامبېدى تۇنجى بولۇپ مەتبۇئاتتا «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدە خەۋەر ئېلان قىلىش بىلەن تەڭ بۇ نۇسخىدىن بەزى نەمۇنىلەرنى نەشر قىلدۇرغان . مىلادىيە 1870 ـ يىلى ۋېنگرىيە ئالىمى ۋامبېرى بۇ نۇسخا بويىچە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئەڭ مۇھىم قىسىملىرىنى نېمىسچىگە تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان .

قاھىرە نۇسخىسى ئەرەب ھەرپى بىلەن كۆچۈرۈلگەن بولۇپ ، قاھىرەدىكى «ھىدىۋ» (ھازىرقى قىرال )كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىدۇ . بۇ نۇسخىنى مىلادىيە 1896 ـ يىلى نېمىس ئالىمى مورىتىز تۇنجى قېتىم ئاشكارىلىغان ھەم مىلادىيە 1897 ـ يىلى مەشھۇر رۇس ئالىمى رادلوفقا شۇ نۇسخىنىڭ كۆچۈرمىسىنى ئەۋەتكەن ، رادلوف ۋېنا نۇسخىسى بىلەن بۇ نۇسخىنى سېلىشتۇرۇپ ، نۇرغۇن ئەمگەك سىڭدۈرگەندىن كېيىن ، مىلادىيە 1910 ـ يىلى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى بىلەن نېمىس تىلىغا قىلىنغان تەرجىمىسىنى نەشر قىلدۇرغان . 1943 ـ يىلى قاھىرە نۇسخىسىنىڭ فوتو نۇسخىسى تۈركىيىگە كەلتۈرۈلۈپ ، قايتا بېسىلىپ چىققان .

پەرغانە (نەمەنگان ) نۇسخىسى ئەرەب ھەرپى بىلەن كۆچۈرۈلگەن ، باشقا نۇسخىلارغا نىسبەتەن بىرقەدەر تولۇق ۋە ياخشى ساقلانغان بولۇپ ، بۇ نۇسخىنى تۇنجى قېتىم زەكى ۋەلىدى مىلادىيە 1914 ـ يىلى پەرغانىنىڭ نەمەنگان شەھىرىدىكى مۇھەممەد ھاجى ئىشان لالەرىش دېگەن كىشىنىڭ شەخسىي كۇتۇپخانىسىدا كۆرگەن ۋە شۇ يىلى 20 ـ ئاپرېلدا پەرغانە ئېكسپېدىتسىيىسى ھەققىدە بەرگەن ھېسابات دوكلاتىدا بۇ ھەقتە مەلۇمات بەرگەن . بۇ خەۋەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن مىلادىيە 1924 ـ يىلى ئۆزبېك ئالىمى فىترەت بۇ نۇسخىنى قولغا چۈشۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان ۋە بىر يىلدىن كېيىن بۇ نۇسخا ھەققىدە ماقالە ئېلان قىلغان . 1928 ـ يىلى ئۇ بۇ نۇسخىنىڭ ئايرىم

پارچىلىرىنى زۆرۇر ئىزاھلار بىلەن نەشر قىلدۇرغان (بۇ نۇسخا ھازىر ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىدۇ) . «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ پەرغانە نۇسخىسىنىڭ تېپىلىشى ئالىملارنىڭ ئىلگىرى قىلغان بەزى خاتالىرىنى تۈزەش، قاراڭغۇ مەسىلىلەرگە ئېنىقلىق كىرگۈزۈش، «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ بىرقەدەر تولۇق تېكىستىنى تۇرغۇزۇپ چىقىشتا مۇھىم رول ئوينىدى .

بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بۇ ئۈچ خىل قوليازما نۇسخىدا بېيىتلار سانى ھەر خىل بولۇپ، قاھىرە نۇسخىسى 5400 بېيىتتىن، پەرغانە نۇسخىسى 6095 بېيىتتىن تەركىب تاپقان . ۋېنا نۇسخىسى تېخىمۇ تولۇقسىز ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۈچ نۇسخىنىڭ ھەممىسىدە كۆچۈرگۈچىلەردىن كەتكەن ئايرىم خاتالار ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ساقلانغانىدى . كېيىن تۈركىيە ئالىمى رەشىت رەھمەتى ئارات بۇ 3 خىل نۇسخىنى تەپسىلىي سېلىشتۇرۇپ تولۇقلاش ئارقىلىق مىلادىيە 1947 - يىلى «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ A نەسرىي مۇقەددىمە؛ B نەزمىي مۇقەددىمە؛ C بابلار مۇندەرىجىسى؛ D «قۇتادغۇبىلىك»تېكىستى؛ E مۇئەللىپ تەرىپىدىن ئىلاۋە قىلىنغان ئۈچ لىرىك پارچىدىن ئىبارەت ترانسكرىپسىيىلىك تولۇق مەتىن (تېكىست)نى تۇرغۇزۇپ چىقتى ھەمدە ھەرقايسى نۇسخىلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنىمۇ تەپسىلىي كۆرسىتىپ بەردى . مۇشۇ مەتىن بويىچە «قۇتادغۇبىلىك»داستانى 85 بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، 6645 بېيىت، يەنى 13.290 مىسرادىن تەركىب تاپقان (كېيىن قوشۇلغان نەسرىي ۋە نەزمىي مۇقەددىمىلەر بۇنىڭ سىرتىدا) .①

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ر . ئارات تەرىپىدىن تەييارلانغان ترانسكرىپسىيىلىك تولۇق مەتنىدىكى نەسرىي مۇقەددىمە (A)، نەزمىي مۇقەددىمە (B)، بابلار مۇندەرىجىسى (C)نىڭ ئۈچىسىلا ئاپتور قەلىمىگە مەنسۇپ بولماستىن، بەلكى داستاننىڭ 2 - ، 3 - قېتىم

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» (ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسى) مىللەتلەر نەشرىياتى 1984، «مۇقەددىمە» (نەشرگە تەييارلىغۇچىلار يازغان)، 4 - ، 5 - بەتلەر.

كۆچۈرۈلۈشىگە تەئەللۇقتۇر .

بۇ ھەقتە ر . ئارات مۇنۇلارنى يازىدۇ : « ‹قۇتادغۇبىلىك › نىڭ ھىجىرىيە 462 ـ (مىلادىيە 1069 ـ 1070 )يىلىدا يېزىلغىنىدىن كېيىن بىر مەزگىل ئۇنتۇلغانلىقى ياكى بەك تار مۇھىت تەرىپىدىن پايدىلىنىلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ . ئەسەرنىڭ قىممىتىدىن بەھرىمەن بولۇشقان كىشىلەر توپى تەرىپىدىن «قۇتادغۇبىلىك »ئىككى رەت تا- رىخنىڭ قاراڭغۇ پەردىسى ئارقىسىدىن يورۇقلۇققا چىقىرىلغان ئىدى . ھەر ئىككى قېتىمدىلا ئەسەرگە قوشۇلغان مۇقەددىمىلەر بۇلارنى ياز- غانلارنىڭ پىكىر سەۋىيىسىنى ، ھەر خىل شارائىتتىكى ئەسەر ھەققى- دىكى قاراشلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى . ئەسەرگە دەسلەپتە قوشۇم- چە قىلىنغان نەزمىي مۇقەددىمىدە (B ) بىرتەرەپتىن ئاپتور توغرۇ- لۇق مەلۇمات بېرىلسە ، يەنە بىر تەرەپتىن يازغۇچىنىڭ پىكرىگە ئاسا- سەن ئەسەرنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسىملىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەنىدى . . . ئەسەرگە قوشۇمچە قىلىنغان نەسرىي مۇقەددىمە نەزمىي مۇقەددىمىنىڭ كەمتۈك ۋە ناچار بىر خۇلاسىسىدىن ئىبارەتتۇر » . ر . ئارات «قۇتاد- غۇبىلىك »نىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قېتىم «تىرىلىشى »ۋە مۇقەددى- مىلەرنىڭ يېزىلىشىنى ماكان ۋە زامان جەھەتتىن تەھلىل قىلىپ ، ئۇنىڭ قەشقەرنىڭ غەربىدە ، ئېھتىمال سەمەرقەندتە ئورۇندالغان بولۇ- شى مۇمكىن ، دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە « ‹قۇتادغۇبىلىك › نىڭ ھازىرغا قەدەر مەلۇم بولغان قولىيازما نۇسخىلىرىنىڭ ئۈچىلىسى- مۇ ئەسەرنىڭ ئۈچىنچى رەتلىنىشىگە ئائىتتۇر »① دەپ ئېيتىدۇ .

«بابلار مۇندەرىجىسى » (C )مۇ شۇنداق بولۇپ ، كىتابنى كۆچۈر- گۈچىلەر تەرىپىدىن قوشۇپ قويۇلغان ، شۇڭا ، بەزى ماددىلىرى تې-

---

① «ئىسلام ئېنسكلوپېدىيىسى»، ئىستانبۇل، 1977، 6 ـ توم، 1043 ـ بەت.

كىست مەزمۇنلىرىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.[①]

«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئېلىمىزدە نەشر قىلىنغان ترانسكرىپسىيەلىك مەتنى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي ۋە نەسرىي يەشمىسى رەشىت رەھمەتى ئارات مىلادىيە 1947 - يىلى تۇرغۇزۇپ چىققان ترانسكرىپسىيىلىك تولۇق مەتنى ئاساسىدا نەشرگە تەييارلانغان بولۇپ، ئۇ يەنە كېيىنكى يىللاردا «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ چەت ئەللەردە ھەر خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان نەسرىي ۋە نەزمىي نۇسخىلىرىدىن پايدىلىنىلغان ھالدا بىرقەدەر تولۇق ۋە ئىلمىي ئىشلەنگەن نەسرىي نۇسخا ھېسابلىنىدۇ.

## داستاننىڭ تۈزۈلۈشى ۋە سۇژىتى

«قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئىسلام دىنى ئەنئەنىسى بويىچە شۇ دەۋرلەردىكى ئەرەب تىللىق ۋە پارس - تاجىك تىللىق ئەدەبىياتتا ئومۇمىيۈزلۈك كۆرۈلۈشكە باشلىغان دىباچە (كىرىش، باشلانما) ئۇسۇلى بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئۇنۋان (بىسمىللا)دىن كېيىن تەڭرى (1 - باب)، پەيغەمبەر (2 - باب)، تۆت ساھابە مەدھىيىسى (3 - باب) بېرىلىدۇ. ئاندىن باھار پەسلى ۋە ئۇلۇغ بۇغراخان مەدھىيىلىنىپ (4 - باب)، ئاسماندىكى يەتتە سەييارە ۋە ئون ئىككى بۇرج (5 - باب)، ئادەمنىڭ قىممىتى (6 - باب)، تىل (7 - باب) ھەققىدە سۆز بارىدۇ، مۇئەللىپ ئۆز - ئۆزىنى ئوتتۇرىغا قويۇش (8 - باب) بىلەن بىللە، ياخشىلىق (9 - باب)، بىلىم بىلەن ئەقىلنىڭ پەزىلەت ۋە پايدىلىرى (10 - باب)، كىتابنىڭ نامى، مەنىسى ۋە ئۆزى ھەققىدە (11 - باب) بىرقاتار پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

---

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984)، 23 - بەتتىكى «بابلار مۇندەرىجىسى» گە بېرىلگە ئىزاھقا قارالسۇن.

6 ـ بابتىن باشلاپ بايان قىلىنغانلار داستان مەزمۇنى ۋە ئىلگەرى سۈرۈلمەكچى بولغان قاراشلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ، مەلۇم مەنىدىن ئۇ داستاننىڭ كىرىش قىسمى تۈسىگە ئىگە قىلىنغان .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا ئانچە مۇرەككەپ بولمىغان بىر سۇژىت لىنىيىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ ، بۇ 12 ـ بابتىن باشلاپ كۆرۈلىدۇ .

ئۆز شان ـ شۆھرىتى بىلەن جاھانغا تونۇلغان ، بىلىملىك ، ئېسىل سۈپەت ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرگە ئىگە بولغان كۈنتۇغدى ئىلىگ ناملىق بىر خان بولۇپ ، ئۇ ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئىشىدا ئۆزىگە قابىل ۋە ئىقتىدارلىق بىر ياردەمچىنىڭ كېرەك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ . شۇ مەزگىلدە ئايتولدى ئىسىملىك يۇقىرى پەزىلەتلىك بىر كىشى كۈنتۇغدىنىڭ شۆھرىتىنى ئاڭلاپ ، خىزمىتىدە بولۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھوزۇرىغا كېلىدۇ . كۈنتوغدى ئىلىگ ئۇنى خىزمىتىگە ئالغاندىن كېيىن كۆپ تەرەپلىمە سىناش ئارقىلىق ، ئۇنىڭ ئۆز كۆڭلىدىكىدەك كىشى ئىكەنلىكىنى تولۇق ھېس قىلىپ ، ۋەزىرلىككە تەيىنلەيدۇ . يىللار ئۆتۈپ ئايتولدى قېرىيدۇ ۋە كېسەللىك بىلەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالىدۇ . ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە قانداق ياشاش ۋە قانداق پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرۈش ھەققىدە بىرقاتار نەسىھەتلەرنى قىلغاندىن كېيىن ، نەسىھەتنامە يېزىپ ئىلىگكە ئۆزىنىڭ ياخشى كۆڭلى ۋە تىلەكلىرىنى بايان قىلىدۇ . ئايتولدى ۋاپات بولغاندىن كېيىن كۈنتۇغدى ئىلىگ ئۆگدۈلمىشنى ئورنىدا خىزمىتىگە قويىدۇ ھەمدە ئۇنىڭمۇ تولۇق كامالەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ ، ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ۋەزىرلىككە تەيىنلەيدۇ . ئۆگدۈلمىش ئاتىسىغا ئوخشاش ھالال ۋە دانالىق بىلەن دۆلەت ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ ، ئەل ـ يۇرتنى ياشنىتىپ بېيىتىدۇ ، كۈنتۇغدى ئىلىگ ئۇنىڭدىن ناھايىتى مەمنۇن بولىدۇ .

بىر قېتىملىق سۆھبەت داۋامىدا كۈنتۇغدى ئىلىگ ئۆگدۈلمىشكە

ئۇنىڭغا يارىدەملىشىدىغان قابىل بىر كىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېيتى-
دۇ ، ئۆگدۈلمىش خانغا ئۆزىدىنمۇ پاراسەتلىك ھەم زېرەك ئۇدغۇر-
مىش ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ بارلىقىنى ، لېكىن ئۇ كىشىنىڭ دۇنيا-
نى تەرك ئېتىپ تەنھا ئىستىقامەت قىلىش ئۈچۈن تاغقا چىقىپ كەتكەن-
لىكىنى مەلۇم قىلىدۇ . كۈنتۇغدى ئىلىگ ئۇدغۇرمىشنى ئوردىغا
تەكلىپ قىلىپ ، مەخسۇس مەكتۇپ يازىدۇ ۋە ئۆگدۈلمىشكە قانداق
بولمىسۇن ئۇدغۇرمىشنى تېپىپ ، ئۆز ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈشنى بۇيرۇي-
دۇ .

ئۇدغۇرمىش كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ ئىككى قېتىم مەكتۇپ يې-
زىپ ، ۋەزىر ئۆگدۈلمىشنى قايتا - قايتا ئەۋەتكىنىگە قارىماي ، ئور-
دىغا كېلىپ خىزمەت قىلىشتىن باش تارتىدۇ ۋە ئۆزرە بىلدۈرۈپ ،
كۈنتۇغدى ئىلىگكە خەت يازىدۇ . كۈنتۇغدى ئىلىگ ئۈچىنچى قېتىمدا
ئۇنى ئوردا خىزمىتىگە تەكلىپ قىلماي ، پەقەت ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈ-
شۈپ ، پەند - نەسىھەت ، تەلىمىنى ئاڭلاش ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ ،
ئۆگدۈلمىشنى يەنە ئەۋەتىدۇ . كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ پەزىلىتىگە قايىل
بولغان ئۇدغۇرمىش ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا زىيارەتكە كېلىدۇ . كۈنتۇغدى
ئىلىگ ئۇدغۇرمىشنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ ، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسى-
دا نۇرغۇن پايدىلىق سۆھبەتلەر بولۇپ ئۆتىدۇ ، زىياپەتتىن كېيىن
ئۇدغۇرمىش يەنە ئۆز ماكانىغا قايتىدۇ .

ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ ، ئۆگدۈلمىش قېرىيدۇ . ئۇمۇ ئۆت-
كەن كۈنلەرگە ھەسرەت چېكىپ ، ئۇدغۇرمىشقا ئوخشاش تەنھا ئىستى-
قامەت قىلماقچى بولىدۇ ۋە بۇ ھەقتە پىكىرلىشىش ئۈچۈن ئۇدغۇر-
مىش يېنىغا بارىدۇ ، ئۇدغۇرمىش ئۇنىڭغا بۇ پىكرىدىن ۋاز كېچىپ ،
ئاخىرىغىچە خىزمەت قىلىش ھەققىدە مەسلىھەت بېرىدۇ . ئۆگدۈلمىش
تېخىمۇ زور غەيرەت بىلەن ئۆز ئىشىنى داۋام ئەتتۈرىدۇ .

ئۇدغۇرمىشنىڭ سالامەتلىكى ناچارلاپ ئاغرىپ قالىدۇ . بۇ خە-
ۋەرنى ئاڭلىغان ئۆگدۈلمىش ئۇنى يوقلاپ بارىدۇ . ئۇدغۇرمىش ئۆگ-

دۆلمىشكە ئۆزىنىڭ يامان چۈش كۆرگەنلىكىنى، ئۆلۈمى يېقىن ئىدەكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۆگدۈلمىش چۈشكە ياخشى تەبىر بېرىپ، ئۇنى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنىڭ بەلگىسى دەيدۇ، ئۇدغۇرمىش ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ ۋە ئۆگدۈلمىشكە ۋىدالىشىش يۈزىسىدىن بىرمۇنچە نەسىھەتلەرنى قىلىدۇ. ئۆگدۈلمىش قايتىپ كېلىپ يەنە ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇدغۇرمىشنى يوقلاپ بارىدۇ. لېكىن بۇ چاغدا ئۇدغۇرمىش ئالەم بىلەن خوشلاشقانىدى.

ئۆگدۈلمىش ئۇدغۇرمىشقا ماتەم تۇتىدۇ، كۈنتۇغدى ئىلىگمۇ تەزىيە بىلدۈرىدۇ، نەچچە كۈنلۈك ماتەمدىن كېيىن، ئۆگدۈلمىش قايتىدىن ئۆز خىزمىتىگە كىرىشىپ كېتىدۇ...

«قۇتادغۇبىلىك»داستانىنىڭ سۇژېت لىنىيىسىنى تەشكىل قىلغان 12 ـ بابتىن 85 ـ بابقىچە بولغان قىسمىنى ئىككى چوڭ بۆلەككە بۆلۈش مۇمكىن. بۇ ئىككى بۆلەكنىڭ ئايرىلىش نۇقتىسى 38 ـ بابتىكى 3120 ـ بېيىتنى ئۆزىگە بەلگە قىلىدۇ.

داستانىنىڭ ئالدىنقى چوڭ بۆلىكىدىكى كۈنتۇغدى ئىلىگ بىلەن ۋەزىر ئايتولدىنىڭ سۆھبىتى (15 ـ بابتىن 20 ـ بابقىچە)، ئايتولدىنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە نەسىھىتى (21 ـ ، 22 ـ باب)ۋە ۋەسىيىتى (23 ـ باب)، كۈنتۇغدى ئىلىگ بىلەن ئۆگدۈلمىش ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن سۆھبەتلەر (24 ـ بابتىن 27 ـ بابقىچە) دىداكتىك خاراكتېر ئالغان بولۇپ، ئەينى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى ئەنئەنىۋى دىداكتىكا تېمىسى گەۋدىلىك ھالدا پادىشاھ كۈنتۇغدى ئىلىگ بىلەن ۋەزىر ئايتولدى سىيماسىدا ئىپادىلىنىدۇ. 28 ـ بابتىن باشلاپ، مۇئەللىپ بۇ ئەنئەنىۋى تېمىدىن چەتلەپ، پادىشاھنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەن ئۆگدۈلمىشنىڭ تىلىدىن دۆلەت باشچىلىرى ۋە خىزمەتچىلىرىنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى ھەققىدىكى زور سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى بايان قىلىشقا ئۆتىدۇ.

مۇئەللىپ داستانىنىڭ كېيىنكى چوڭ بۆلىكىدە ئۇدغۇرمىش

ئوبرازىنى مەيدانغا چىقىرىپ ، داستاننىڭ سۇژىت لىنىيىسى ۋە ئۇنىڭ-
دىكى زىددىيەتلەر كۈرەشىنى مۇشۇ ئوبرازنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات
يايدۇرغان . بۇ چوڭ بۆلەكتە ، ئۆگدۈلمىش بىلەن ئۇدغۇرمىش ئوتتۇ-
رىسىدا داۋام ئەتكەن مۇنازىرە ۋە سۆھبەتلەردە مۇئەللىپ ئۆگدۈلمىش
تىلىدىن بەگلەرگە خىزمەت قىلىشنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى (47 -
باب) ، ساراي ئەھلى (48 - باب) ، ئاۋام (49 - باب) ، پەيغەمبەر
ئەۋلادلىرى (50 - باب) ، ئالىملار (51 - باب) ، تېۋىپلار (52 -
باب) ، ئەپسۇنچىلار (53 - باب) ، چۈش ئۆرۈگۈچىلەر (54 - باب) ،
مۇنەججىملەر (55 - باب) ، شائىرلار (56 - باب) ، دېھقانلار (57 -
باب) ، سودىگەرلەر (58 - باب) ، چارۋىچىلار (59 - باب) ، قول
ھۈنەرۋەنلەر (60 - باب) ۋە پېقىرلار (61 - باب) بىلەن قانداق
مۇناسىۋەتتە بولۇش ، شۇنداقلا ، ئۆيلىنىش (62 - باب) ، پەرزەنتلەر-
نى تەربىيىلەش (63 - باب) ، خىزمەتچىلەر بىلەن قانداق مۇئامىلىدە
بولۇش (64 - باب) ، زىياپەتكە بېرىش قائىدە - يوسۇنلىرى (65 -
باب) ، زىياپەتكە چاقىرىش قائىدىلىرى (66 - باب) ، مەملىكەتنى
ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرى (72 - باب) ، توغرىلىقتا توغرۇلۇق ،
ئادەمگەرچىلىككە ئادەمگەرچىلىك قىلىش (75 - باب) ھەققىدە مەخ-
سۇس بابلار بويىچە كۆپلىگەن پايدىلىق پىكىر ، مەسلىھەتلەرنى ئوتتۇ-
رىغا قويىدۇ . بۇلار ئەمەلىيەتتە دۆلەت باشچىلىرى ، بەگ - ئەمەلدار-
لار ، ھەر ساھە ، ھەر تەبىقە كىشىلىرى رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك
قائىدە - يوسۇنلار ۋە مۇناسىۋەتلىك ھوقۇق - مەجبۇرىيەت ،
ھەق - بۇرچلىرىغا دائىر مۇھىم مەسىلىلەر بولۇپ ، شائىرنىڭ جەم-
ئىيەت ۋە كىشىلىك قاراشلىرى ئەنە شۇ مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن
ئاساستا ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ .

داستاننىڭ ئاخىرىدا خاتىمە ئورنىدا بېرىلگەن ئۈچ لىرىك پارچە-
دا مۇئەللىپ ئۆز ھاياتىنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە ئەپسۇسلى-
نىپ ، ياشنىپ قالغانلىقىدىن شىكايەت قىلىپ (ئىلاۋە 1) ، ۋاپا ۋە

كىشىلىك يوقالغان ئەينى دەۋرنىڭ بۇزۇقلۇقى ۋە دوستلارنىڭ جاپاسى ھەققىدە ھەسرەتلىنىپ (ئىلاۋە Ⅱ ) ھەمدە ئۆزىگە ۋەز - نەسىھەتلەر قىلىپ (ئىلاۋە Ⅲ ) ، داستاننى ئاخىرلاشتۇرىدۇ .

## «قۇتادغۇبىلىك»تىكى ئوبرازلار

«قۇتادغۇبىلىك»داستانىدىكى تۆت شەخس تۆت كاتېگورىيىنىڭ سىمۋولى ، يەنى تۆت كاتېگورىيىگە بېرىلگەن نام ياكى بەلگە بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىر - بىرىگە ماس كېلىدىغان ، بىر - بىرىدىن ئاجرالمايدىغان ۋە بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان بىر جۈپ ئۇقۇمدىن تۈزۈلگەن . مۇئەللىپ باشتىلا بۇ ھەقتە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ :

358 . «بۇ تۆت نەڭ ئۆزە سۆزلەدىم مەن سۆزۈگ
ئوقسا ئاچىلغاي يىتىگ قىل كۆرۈگ»
[سۆزۈمنى شۇ تۆت نەرسە ئۈستىدە سۆزلىدىم ،
ئوقۇساڭ (ھەممىسى )ئېچىلىدۇ ، كۆزۈڭنى ئۆتكۈر قىل .]

دېيىش ئارقىلىق ئادالەت بىلەن قانۇن ، بەخت بىلەن سائادەت ( «قۇت» ) ، بىلىم بىلەن ئەقىل ، ئاقىۋەت بىلەن قانائەتتىن ئىبارەت تۆت جۈپ ئۇقۇمنىڭ بىرلىكىدىن تەشكىللەنگەن بىر پۈتۈن سىستېما ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئېتىقادنىڭ ئۆز داستانىدا ئىلگىرى سۈرمەكچى بولغان غايىۋى جەمئىيەتنىڭ نىشانى ۋە ئاساسىي ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ . «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ تېمىسى مۇشۇ تۆت جۈپ ئۇقۇم ئاساسىدا ، ئىجتىمائىي ئورنى ، ھايات قارىشى ، تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسى ، ياشاش ۋە پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ، مىجەز - خۇلقى ، ئومۇمەن ، ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئادالەت ۋە قانۇن (كۈنى تۇرۇ )سىمۋولى پادىشاھ كۈنتۇغدى ؛ بەخت ۋە سائادەت (دۆلەت ) سىمۋولى ۋەزىر ئايتولدى ؛ ئايتولدىنىڭ ئوغلى ، بىلىم ۋە ئەقىل سىمۋولى ئۆگدۈلمىش ؛ ئاقىۋەت ۋە قانائەت

سمۋولى ئۇدغۇرمىش (زاھىت )تىن ئىبارەت تۆت ئىجابىي قەھرىمان-
نىڭ دراماتىك سۆھبىتى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن . باشتا ئېيتىپ ئۆ-
تۈلگىنىدەك ، بۇ تۆت ئاساسىي پېرسوناژ ، ئەمەلىيەتتە ، رېئال تۇر-
مۇشتىن كەلگەن كونكرېت شەخسلەر ئوبرازى بولماستىن ، بەلكى
رېئال شەيئى ، ھادىسە ۋە جەريانلارنىڭ مەنتىقىي ئابستراكتسىيىسى
بولغان ئۇقۇملارنىڭ ئوبرازلاشتۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئىدى .
كۈنتۇغدى ـ ئاداۋەت بىلەن قانۇندىن ئىبارەت بىرجۈپ ئۇقۇمنى
بىرگەۋدە قىلىپ بېرىلگەن نام . كۈنتۇغدى ئايتولدى بىلەن قىلغان
سۆھبىتىدە :

800 . «مۇنۇ مەن مە كۆرگىل كۈنىلىك تۆرۈ
تۆرۈ قىلىقلارى بۇ باقا تۇر كۆرۈ»
[قارىغىن ، مەنمۇ ئادالەت (ۋە )قانۇنمەن ،
قانۇنۇمنىڭ سۈپەتلىرى مۇنۇلاردۇر ، دىققەت قىل]

دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئادالەت ۋە قانۇنغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلى-
قىنى ئۇقتۇرىدۇ . يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە ، ئادالەت بولغان-
دىلا جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ بىردەك ھىمايىسىگە ئىگە بولالايدىغان
قانۇننى تۈرغۇزغىلى بولىدۇ . قانۇن بولغاندىلا ئادالەت كاپالەتكە ئىگە
بولىدۇ . شۇڭلاشقىمۇ ، بۇ يەردە ئادالەت بىلەن قانۇن بىرلەشتۈرۈ-
لۈپ ، بىرگەۋدىگە ئايلاندۇرۇلغان .
مۇئەللىپ ئايتولدى ئوبرازىنى تۆۋەندىكىدەك تەرىپلەيدۇ :

335 . «بۇ كۈنتۇغدى تىگىلى تۆرۈ ئول كۆنى
بۇ ئاي تولدى تىگىلى قۇت ئول كۆر ئانى
664 . بۇ كۈن مەن مە دەۋلەت قاراغۇ سانى
ماڭا كىم ئىلىنسە تۇتار مەن ئانى
748 . بۇ مەئنى ئۈچۈن ئاتىم ئاي تولدى تېپ
ئاتادى بىلىكلىك سۆزىن يىنچكە يىپ

[بۇ كۈنتۇغدى دېگىنىم قانۇن ، ئادالەتتۇر ،
ئايتولدى دېگىنىم بەخت ـ سائادەتتۇر .
بۈگۈن مەن ـ ـ دۆلەت ، (ئۇ )قارىغۇغا ئوخشايدۇ ،
كىمكى ماڭا ئىلىنسە ، شۇنىلا تۇتىمەن .
(قىلىقلىرىمنىڭ )مەنىسى شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن
دانىشمەنلەر نازۇك مەنىلىك قىلىپ ئېتىمنى ئايتولدى دەپ ئاتىدى .]

«قۇتادغۇبىلىك »تىكى «قۇت »قا ۋەكىللىك قىلغۇچى ئايتولدى ئوبرازى ئىنتايىن مۇھىم بىر ئوبراز بولۇپ ، ئۇنىڭ كۈنتۇغدى ئىلىگ ھۇزۇرىغا خىزمەتكە كىرىشى پۈتۈن داستان تېمىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا ، بىر باشلىنىش ئېغىزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . كۈنتۇغدى ئىلىگ بارلىق پەزىلەت ۋە قىسمەتنىڭ قۇتتىن كېلىدىغانلىقىنى ، قۇتنىڭ ۋەزىپىسى ئىنساننى قۇدرەتلىك قىلىپ ، بارلىق ئىستەكلىرىگە يەتكۈزۈش ئىكەنلىكىنى ، يەنى ئۇنىڭ قانۇننى يولغا قويۇشتىكى سىياسىي ئىقتىدار ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ . قانۇن بىلەن «قۇت »نىڭ بىرىكىشى نەتىجىسىدە «دۇنيا تۈزۈلىدۇ ، خەلق نىجات ، ئەل روناق تاپىدۇ » .

مۇئەللىپ ئەسەردە بىلىم بىلەن ئەقىلنى مەنبە جەھەتتىن پەرقلەندۇرسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدىغان ئىككى ئۇقۇم دەپ قاراپ ، بىرگەۋدىگە ئايلاندۇرىدۇ . ئۇنىڭ ئۆگدۈلمىش ئوبرازىنى يارىتىشتىن مەقسىتى — «قۇت» بىلەن قانۇن بىرىككەن ھالەتنىڭ ئۆمۈرلۈك بولۇشى ئۈچۈن ، ئۇنىڭغا ئەقىل ـ پاراسەت ۋە بىلىم ـ كاپالەت بولۇشى كېرەك ، دەپ چۈشەنگەنلىكىدىن ئىدى . شۇڭلاشقىمۇ ، مۇئەللىپ ئايتولدى ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشنى (بىلىم بىلەن ئەقىلنى )كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ ۋەزىرى دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ ۋە داستاننىڭ 26 ـ بابتىن كېيىنكى بارلىق تەپسىلاتلىرىدا ئۇنى ئاساسىي ئورۇنغا قويىدۇ . داستاندىكى ئۆگدۈل-

مىش ئوبرازى ئاتىسى ئايتولدى ئوبرازىدىنمۇ يارقىنىراق بولۇپ ، ئۇ
بىرمۇنچە ئالىيجاناب پەزىلەتلەرنى ئۆزلەشتۈرگەن ، يۈكسەك ئەقىل ـ
پاراسەت ، بىلىمگە ئىگە ھەمدە ئەنە شۇ پەزىلەت ، ئەقىل ـ پاراسەت ،
بىلىملىرى بىلەن دۆلەتكە ، خەلققە خىزمەت قىلىشقا ئىنتىلىدىغان
قەھرىمانىنىڭ ئوبرازىدۇر .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئادەمنىڭ قانائەتلىك بولۇشىنى ئاقىۋەت
بىلەن باغلاپ ، ئۇدغۇرمىش ئوبرازىنى مەيدانغا چىقىرىدۇ .

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى ئاقىۋەت ۋە قانائەت سىمۋولى سۈ-
پىتىدە تەسۋىرلەنگەن ئۇدغۇرمىش ئوبرازى مۇرەككەپ ۋە زىددىيەتلىك
ئوبراز . يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئوبرازلىق تەسەۋۋۇرىنىڭ ياردىمى
بىلەن يارىتىلىپ ، ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي رېئاللىقىدىكى تەسەۋۋۇپ
ئىدىيىۋى قاراشلىرىنى تىپىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشنىڭ ۋاسى-
تىسى ئورنىدا ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان بۇ ئوبراز ، ئەمەلىيەتتە ، ئورتو-
دۇكسال سوپىلار ئوبرازى بولماستىن ، جەمئىيەتتىكى ئادالەتسىز-
لىك ، تەڭسىزلىك ۋە بۇزۇقچىلىقلاردىن بىزار بولغان ، كۆپ تالاپەت-
لەرگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن تەركىدۇنياچىلىق يولىنى تاللىۋالغان
قاراخانىيلار جەمئىيىتى ئەزالىرىنىڭ بىر تىپىك ۋەكىلى ، جەمئىيەت-
نىڭ يۈزلىنىشى ، خەلقنىڭ تەقدىرىگە دىققەت قىلىپ تۇرغان بىر
ئالىم ۋە پەيلاسوپتۇر . بۇ نۇقتىنى «قۇتادغۇبىلىك» تىكى مۇنۇ مىسرا-
لاردىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن :

6150 . «كۆنى سۆزلەيىن سۆز ساڭا ئەي قاداش
نەگۇ كىزلەيىن مەن ئاي كۆڭلى تۇداش

6151 . قالى سەۋمەز ئۆز كۆر بۇ دۇنيا نەڭىن
تۇ نىئمەت تالۇ يۇز قىلىنچىن ياڭىن

6152 . ئەرەژ ئارزۇ نىئمەت بۇ قۇدماغ قامۇغ

يايىغ دۇنيا ياپتى ماڭا بۇ قاپۇغ

6153 . باياتتىن يىراتۇر بۇ دۇنيا كىشىگ
تىدار قىلدىرۇ ئىدماز بۇ ئەزگۇ ئىشىگ

6154 . بۇ قورقىنىچ ئۇچۇن بىلگە دۇنيا قودۇپ
ئاژۇن تەزگىنۇ يۇگرۇر ئەمگەك يۇدۇپ

6155 . قايۇ تاغدا يۇگرۇر ئۆڭۈردە ئەۋى
يەمى ئوت كۆكى ئىچگۇ ياغمۇر سۇۋى

6156 . قايۇسى بىيابانىدا يۇگرۇر كەزىپ
باياتقا بۇ قورقۇ ساقىنچىن سىزىپ

6157 . قايۇسى ئۆرۈم قەدتى بۇكرى ئۇچا
قايۇ يىر كەزەر بۇ كۆزى ياش ساچا

6158 . قايۇسى يىمەز ئاش ئۆزىن سىزغۇرۇر
قايۇ تۇنلە ياتماز ئاداقىن تۇرۇر

6159 . بۇ ياڭلىغ يورىرلار ئودۇنمىش كىشى
ئۇدىمىش تۇرۇرمىز ئۇسايۇق باشى»

[ساڭا توغرا سۆز قىلاي ، ئەي قېرىنداش ،
(سەندىن )نېمىنى يوشۇراي ، ئەي سىردىشىم ؟
قارا ، بۇ دۇنيا مېلىنى ، تۇرلۇك ناز ـ نېمەتلىرىنى ،
گۈزەل يۈزلەرنى ، (يېقىملىق )قىلىقلار ۋە نازلارنى كىشى قاد-

داقمۇ سۆيمسۇن ؟
راھەت ، ئار ، نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى تاشلىشىم ئۇچۇن ،
ۋاپاسىز دۇنيا ماڭا بۇ ئىشكىلەرنى ياپتى .
بۇ دۇنيا كىشىنى خۇدادىن يىراقلاشتۇرىدۇ ،
ياخشى ئىشلارنى قىلغۇزمايدۇ ، (قىلىشقا )يول قويمايدۇ .
مانا شۇ قورقۇنچتىن دانالار دۇنيانى تاشلاپ ،
جاھان كېزىپ ، مۇشەققەت چېكىپ يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ .
بەزىسى تاغلاردا يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ ، ئۆڭكۈرنى ماكان قىلىدۇ ،
يېمىكى ئوت - چۆپ ، ئىچىشى يامغۇر سۈيىدۇر .
بەزىلىرى باياۋان كېزىپ ، يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ ،
خۇدادىن قورقۇپ ھەسرەت چېكىدۇ .
بەزىسى جەندە كىيگەن ، مۈكچەيگەن ،
بەزىسى كۆزلىرى ياشلىق (ھالدا )جاھان كېزىدۇ .
بەزىسى ئاش - تاماق يېمەي ، ئۆزىنى جۇدىتىدۇ ،
بەزىسى كېچىدە ياتماي ، تىك تۇرۇپ (تاڭ ئاتقۇزىدۇ ) .
سەگەك كىشىلەر ئەنە شۇنداق يۈرىدۇ ،
(بىز )بىخۇد ، غەپلەتتە قالغان كىشىلەرمىز .]
«قۇتادغۇبىلىك »داستانىنىڭ يېرىم سەھىپىسىنى تەشكىل قىلـ-
غان بىرقاتار مۇنازىرە ، سۆھبەت ۋە بايانلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسىي مەسىلە — جەمئىيەتنىڭ سىياسىي - ئىدېئولوگىيىسى ۋە شەخسنىڭ دىنىي ئېڭى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش مەسىلىسى بولۇپ ، بۇ مەسىلە ئۇدغۇرمىش ئوبرازىغا باغلىق ھالدا ، ئۆگدۈلمىش بىلەن ئۇنىڭ قېرىندىشى ، «پەزىلىتى ئۆگدۈلمىشتىن يۇز ھەسسە ئۇستۇن ، خەلقنىڭ ئالدى ، ئادەملەر سەرخىلى » (3150 - بېيىت )ئۇدغۇرمىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرىلەر شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ ۋە ھەل قىلىنىدۇ .
ئۇ مۇنازىرىلەر ئۇدغۇرمىشنىڭ تەركىدۇنيالىق ، زاھىدلىقتىن

قول ئۇزۇپ دۆلەت ئىشلىرىغا قاتنىشىشى ، جەمئىيەتكە ، ئىنسانلار ئارىسىغا قايتىپ كېلىشىنى چۆرىدىگەن ھالدا داۋام ئەتكەن بولۇپ ، مۇنازىرىلەردە ئۇدغۇرمىش دۇنيانىڭ ئەيىبلىرىنى ئېيتىپ ، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى خۇدا يولىغا ، ئۇ دۇنياغا (تاڭنىغا) ئاتىغانلىقىنى ، كىشى-نىڭ ئۆلۈمگە تەييارلىنىپ ، تائەت - ئىبادەت ئەيلىشى كېرەكلىكى (42 - باب) ، تائەت - ئىبادەت ئارقىلىقلا خۇدانى تاپالايدىغانلىقىنى (3754 - بېيىت) ، بۇ دۇنيا ئۆتكۈنچى ، جان بىر ئامانەت (3781 - ، 3782 - بېيىتلار) ، كىشى ھامان ئۆلىدۇ (3785 - بېيىت) ، شۇنىڭ ئۈچۈن كىشى بۇ دۇنيا خىزمىتى ، ئۇنىڭ نېمەتلىرى ۋە ۋەسۋەسىلىرىدىن قول ئۈزۈپ ، ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ ئاقىۋەتنى ئوي-لىشى كېرەكلىكى (3790 - ، 3795 - بېيىتلار ۋە 4710 - بېيىتتىن 4719 - بېيىتكىچە) ، بۇ دۇنيا ، كىشىلەردىن پىنھان بولۇپ ، ئىبادەت ئارقىلىق «تۆرەلدۈرگۈچىگە ئېرىشكەندىلا ، تۆرەلگەن-لەر ئۇنىڭ ، يارانقۇچىنى تاپقاندىلا ، يارىتىلغانلار ئۇنىڭ» (4743 - بېيىت) بولىدىغانلىقى ، بۇ دۇنيادىن يۈز ئۆرۈپ ، ئۇنى تاشلىغاندىلا ، ئاندىن ئۇ دۇنيانىڭ قولغا كېلىدىغانلىقى (4799 - بېيىت) ، ۋاپاسىز جاھاننى چىڭ تۇتقاندا ، مەڭگۈلۈك جاھاننى تېپىش مۇمكىن ئەمەسلى-كىنى (4800 - بېيىت) ئېيتىپ ، ئۆزىنىڭ «ھەقىقەتنى» نى ئۆگدۈل-مىشكە مۇنداق جاكارلايدۇ :

4803 . «ھەقىقەت مۇنى بىل ئاي ئۆگدۈلمىشىم
ئاياين ساڭا مەن ئۆزۈم بىلمىشىم

4804 . بۇ تۆرت نەڭ تۇكەل قودماغىنچا كىشى
ئادىن تۆرت قىلۇماز كىشى ئۆز ئىشى

4805 . بۇ دۇنيا ئىشىن قودماغىنچا تۇكەل
قىلۇماز بۇ ئۇقبى ئىشىن ئاي ئىنال

4806 . كىشىدە يىراق بولماغىنچە قاداش
بايات تاپغىڭا تەگسە بولماز ئاداش

4807 . ھەۋا ئارزۇ بوينى سىماغىنچا ئۆز
كۆنىلىك يولىڭا كىرۇمەز ئەت ئۆز

4808 . كۆڭۈلدىن چىقارغۇ قامۇغ دۇنياسىن
ئاڭار ئۆترۇ كىرسە بايات سەۋگى چىن»

[ئەي ئۆگدۈلمىش ، بۇ ھەقىقەتنى بىلگىن ،
مەن ساڭا ئۆز بىلگەنلىرىمنى ئېيتىپ بېرەي .
كىشى تۆت نەرسىنى تامامەن تاشلىمىغىچە ،
باشقا تۆت ئىشنى ياخشى قىلالمايدۇ ؛
بۇ دۇنيا ئىشلىرىنى تۈگەل تاشلىمىغىچە ،
ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىنى قىلالمايدۇ ، ئەي ئىشەنچلىك كىشى ،
(ئەي )قېرىنداش ، كىشىلەردىن يىراقلاشمىغىچە ،
خۇدا ئىبادىتى بىلەن شۇغۇللانغىلى بولمايدۇ ، ئاداش .
ھاۋايى - ھەۋەسنىڭ بوينىنى ئۈزمىگىچە
ۋۇجۇدۇڭنى توغرا يولغا باشلىيالمايسەن .
دۇنيانىڭ ھەممە (نەرسىلىرىنى )كۆڭۈلدىن چىقىرىۋېتىش كې-
رەك ،
ئاندىن خۇدانىڭ سۆيگۈسى (يولىغا ) ھەقىقىي ماڭغىلى بولىدۇ .]

ئۇدغۇرمىشنىڭ يۇقىرىقى بىرقاتار قاراشلىرىدىن بىز ئەنە شۇ مەزگىلدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىراندا خېلى زور تەسىرگە ئىگە بولغان ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا قاراخانىيلار سۇلالىسى جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي - ئىجتىمائىي ھاياتىغىمۇ سىڭىپ كىرىپ ، ئۆز تەسىرىنى

ئۆتكۈزۈشكە باشلىغان ئىسلام دىنىدىكى تولىمۇ مۇرەككەپ ۋە زىددى-
يەتلىك ئېقىم بولغان تەسەۋۋۇپنىڭ سۇبيېكتىپ پانتېئىزم (ۋەھدە
تەۋۇجۇد) — يەككە بارلىق پىكىر ئېقىمى ئىزلىرىنى كۆرىمىز.
يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئەينى دەۋر ئىج-
تىمائىي رېئاللىقىدىكى تەركىدۇنياچىلىقنى تەرغىب قىلغۇچى تەسەۋ-
ۋۇپ ئىدىيىۋى ئېقىمى قاراشلىرىنى تىپىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ
بېرىشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ئۇدغۇرمىش
ئوبرازى ۋە ئۆگدۈلمىش بىلەن ئۇدغۇرمىش ئوتتۇرىسىدىكى بىرقاتار
مۇنازىرىلەر ئارقىلىق، ئېلىمىزنىڭ خەنزۇ ۋە شىمال مىللەتلىرى
ئارىسىدا تارىختىن بۇيان چوڭقۇر يىلتىز تارتقان كۆك تەڭرى دىنىي
ئەقىدىلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە ئىج-
تىمائىي ئىدېئولوگىيىسى بىلەن ئىسلام دىنى سۈننىي مەزھىپىنىڭ
ئورتودوكسال دىنىي قاراشلىرىنى تايىنىش نۇقتا قىلىپ، ئۆزىنىڭ
غايىۋى جەمئىيەت ئىدېئالىدىكى بەخت - سائادەتنى مۇقىملاشتۇرۇش-
نىڭ ئىككىنچى تۈۋرۈكى ھېسابلىغان بىلىم ۋە ئەقىل بىلەن ئۈچىن-
چى تۈۋرۈكى ئاقىۋەت ۋە قانائەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ۋۇجۇدقا چىقى-
رىدۇ. يۇسۇپ خاس ھاجىپ يەتمەكچى بولغان غايىۋى جەمئىيەتنىڭ
نىشانى بەخت - سائادەت بولۇپ، ئۇ ئادالەت ۋە قانۇن (بۇ، بىرىنچى
تۈۋرۈك)، بىلىم ۋە ئەقىل، ئاقىۋەت ۋە قانائەتتىن ئىبارەت ئۈچ
ئامىلنىڭ تولۇقلىنىپ، كامالىغا يېتىشى بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ.
يۇسۇپ خاس ھاجىپ نەزىرىدىكى «ئاقىۋەت ۋە قانائەت» كاتېگورىيە-
سىگە سىمۋول قىلىنغان ئۇدغۇرمىش ئوبرازىدا يەتمەكچى بولغان
مەقسىتى — جەمئىيەتتىن قول ئۈزۈپ تەنھا ئىستىقامەت، تەركى-
دۇنيالىق يولىغا مېڭىشنىڭ زەرەرلىكلىكىنى ئېچىپ بېرىش ئارقى-
لىق، ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ «ئاقىۋەت»نى توغرا تونۇپ، بارلىق ئاچ
كۆزلۈك ۋە شەخسىيەتچىلىكلەرنىڭ تىزگىنى بولغان «ئىنساپ» ئارقى-
لىق ئىشقا ئاشىدىغان، ئۆز دەۋرى ۋە ئۆز غايىسى ئۈچۈن زور ئىجابىي

خاراكتېرگە ئىگە دەپ قارالغان «قانائەت»تىن ئىبارەت ئەخلاق ئۆلچە-مىنى تۇرغۇزۇش ئىدى . داستان سۇژىت لىنىيىسىنىڭ كېيىنكى قىسمىدا راۋاجلاندۇرۇلغان زىددىيەتلەر كۇرىشى داۋامىدا كۆرۈلگەن نەتىجە شۇ بولىدۇكى ، زاھىد ئۇدغۇرمىش ياشانغىنىدا دۆلەت ئىشىدىن ئۆزىنى تارتىپ ، دۇنيانى تاشلاپ ، ئۆزىنىڭ يېنىغا كېلىپ ، ئۇنىڭ يولىنى تۇتماقچى بولغان ئۆگدۇلمىشقا كېڭەش بېرىپ :

5725 . «بۇ كۈن ئاندا تۇرماق ساڭا ئەدگۈرەك
يانا مۇندا تۇرماق ماڭا ئەدگۈرەك

5726 . سەنىڭدىن بۇ كۈن ئەلكە ئاسغى ئۆكۈش
بۇزۇلسا ئاسغ بولغا قارغىش سۆكۈش

5730 . كىشىلەر ئارا كۆر كىشى ئول بولۇر
ئانىڭدىن كىشىلەر ئاسغلار بولۇر

5731 . ئاسغسىز كىشىلەر كىشىدە تۇرى
ئاسغلىغ كىشى ئاسغى ئەلكە تولۇر

5736 . بۇلارىغ قودۇپ سەن بەرۇ كەلسەسەن
ئول ئىشلەر بۇزۇلغاي ئۆكۈنچ بۇلغا سەن

5747 . ئەل ئاسغىن بۇزۇپ سەن ئۆز ئاسغىڭ قودۇپ
نە ئەدگۇ تىلەرسەن بۇ يەرگە ئۇدۇپ»

[ھازىرچە ئۇ يەردە تۇرۇش سەن ئۈچۈن ياخشى ،
مەن ئۈچۈن بولسا ، بۇ يەردە تۇرۇش ئەۋزەل .
بۈگۈن سېنىڭدىن ئەلگە پايدا كۆپرەك (تېگىدۇ ) ،
بۇ پايدىنى بۇزۇۋەتسەڭ قارغىش - سۆكۈشكە قالىسەن .

«قارا ، كىشىلەر ئارىسىدا (ھەقىقىي )كىشى شۇكى ،
ئۇنىڭدىن خەلق پايدا كۆرىدۇ .
پايدىسىز كىشىلەردىن كىشىلەر بىزار بولىدۇ ،
پايدىلىق كىشىلەرنىڭ پايدىسى ئەلنى تولدۇرىدۇ . »
بۇلارنى تاشلاپ ، سەن بۇ يەرگە كەلسەڭ ،
ئۇ ئىشلار بۇزۇلىدۇ ، ئۆزۈڭ پۇشايمان قىلىسەن .
سەن ئەل پايدىسىنى بۇزۇپ ، ئۆز پايداڭنىمۇ تاشلاپ ،
بۇ يەرگە كېلىپ نېمە ياخشىلىق تىلەيسەن ؟]

تەركىدۇنياچى زاھىد ئۇدغۇرمىش يەنە شۇ سۆھبىتى داۋامىدا ئۆز يېتىشسىزلىكلىرىنىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ ، ئەمدى ئۆزىگە ئامال يوق ئىكەنلىكى ، مۇشۇ تائەتنى بىلەن ئاللا دەرگاھىغا كېتىۋېلىشتىن باشقا يولى يوقلۇقىنى ئېيتىدۇ .

قىسقىسى ، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۇدغۇرمىش ئوبرازى ۋە ئۆگدۈلمىش بىلەن ئۇدغۇرمىش ئوتتۇرىسىدىكى بىرقاتار مۇنازىرە ، سۆھبەتلەر ئارقىلىق ئەينى دەۋر ئىسلام دۇنياسىدا مۇھىم تەسىرگە ئىگە بولغان ئىدىيىۋى ئېقىم — تەسەۋۋۇپ ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن باغلىق ھالدا قانات يايغان تەركىدۇنيالىق ۋە كىشىلەرگە ئارىلىشىش ھەققىدىكى مۇنازىرىلەرنى ئۆز ئەسىرىدە مۇناسىپ ھالدا ، ئۆزىنىڭ غايىۋى جەمئىيەت ئىدېئالىغا ماسلاشتۇرغان ھالدا ئەكس ئەتتۇرۇشكە تىرىشقان . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ، «قۇتادغۇبىلىك»نى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلغان ئالىم روبېرت دانكوۋ بۇ ھەقتە : «ئۇدغۇرمىش بىلەن ئۆگدۈلمىش ئوتتۇرىسىدىكى بەس - مۇنازىرە ئىسلام دىنى ئەدەبىياتى بىلەن پاراللېل دېگۈدەك ماڭغان بولۇپ ، بەس - مۇنازىرە ۋە يەكۈن جەھەتتىكى ئوخشاشلىقمۇ كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدۇ» ، «سىياسەتچى ئۆگدۈلمىش بىلەن تەرىقەتچى زاھىد ئۇدغۇرمىش ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىق ۋە بىرلىك جەھەتتە يۇسۇپنىڭ ئېلىپ بارغان دراماتىك بايانلىرى بۇ ئەسەرنى ئىسلام ئەدەبىياتىدا يېگانە ئورۇنغا ئىگە

قىلدى»[1] دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئەسەردە يەنە ئايتولدىنىڭ ھاجىپ بىلەن ئۇچرىشىشىغا ۋاستە
بولغۇچى كۆسەمىش (ئارزۇ ـ ئارمان سىمۋولىدا)، ھاجىپ ئوتتۇرد-
سىدا خىزمەت قىلغۇچى يىگىت، خەۋەر يەتكۈزگەن مۇلازىم ۋە زاھىد-
نىڭ يېنىدا ھەمراھ بولغۇچى قۇمارۇ (ۋەسىيەت سىمۋولىدا) قاتارلىق
قوشۇمچە پېرسوناژلارمۇ مۇناسىپ كۆزگە چېلىقىپ، ئۇلار ئەسەر
سۇژىتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا ئوخشاشمىغان دە-
رىجىدە رول ئوينايدۇ.

## «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە ئىلگىرى سۇرۇلگەن قاراشلار

«قۇتادغۇبىلىك»داستانىدا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى (مەند-
ۋى)دۇنياسى، يەنى ئۇلارنىڭ دۆلەت (ھاكىمىيەت)ۋە قانۇن، جەمئىي-
يەت، كىشىلىك ھاياتنىڭ مەنىسى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى؛ ئالەم،
ئەقىل ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەت، ئىلىم ـ پەن ھەققىدىكى قاراشلىرى،
يىغىپ ئېيتقاندا، سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسى ئۇلارنىڭ
ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان خەلق فولكلورى ئاساسىدا،
ئاقسۆڭەك دانىشمەنلەر قاتلىمىدىن تۇرۇپ يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇپ،
ئۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەت قوبۇلىدىن كېيىنكى يازما ئەدەبىياتى-
دىن ھازىرغىچە زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن تۇنجى ئەدەبىي ئەسەر؛
مىلادىيە 11 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىسى
ھەم قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرى ئىجتىمائىي ھاياتى بىلەن ئىجتىما-
ئىي ئىدېئولوگىيىسىنىڭ روشەن ئىنكاسى ۋە ئىپادىسى ھېسابلىنىد-

---

① روبېرت دانكوۋ: «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى (چىكاگو، 1983) نىڭ كىرىش سۆزى، 26 ـ ، 31 ـ بەتلەر.

② «قۇتادغۇبىلىك» (ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسى)«مۇقەددىمە» 1 ـ بەت.

دۇ.[2]

«قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئەينى دەۋردە بىرقەدەر ئومۇمىيلىققا ئىگە بولغان ئەنئەنە بويىچە، دىداكتىكىلىق خاراكتېرگە ئىگە قىلىنىپ يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ رېئاللىققا تۇتقان ئاكتىپ پوزىتسىيىسى ۋە ئوبيېكتىپ ھاياتنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا شەكىللەنگەن غايىۋى جەمئىيەت ئىدېئالى ئىلگىرى سۈرۈلگەن مەزكۇر ئەسەر، ئەمەلىيەتتە، شۇ دەۋر ئەدەبىياتىغا ئورتاق بولۇپ قالغان دىداكتىك ئەنئەنىدىن خېلىلا ھالقىپ كەتكەن. چۈنكى، مۇئەللىپ ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ھاياتنى ۋە ئۆزىنىڭ تەشەببۇس، قاراشلىرىنى قۇرۇق پەند - نەسىھەتكە تايىنىپ ئەمەس، بەلكى ئۇنى مۇئەييەن قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەنئەنىسى زېمىنىغا قويۇپ، ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسۇل، كونكرېت پېرسوناژلار ئوبرازى، ۋەقە ئېپىزوتلىرى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئۆزى بىلەن بىر دەۋردە يېزىلغان نىزامۇل مۇلۇكنىڭ «سىياسەتنامە» ۋە قابۇس ئىبنى ۋەشمىگىرنىڭ «قابۇسنامە» قاتارلىق دىداكتىك ئەسەرلەردىن پەرقلىق ھالدا لىرىكا ئامىللىرى بىلەن تىپىك بايان، درامىلىق ئېپىزوتلار بىلەن تەبىئەت تەسۋىرى، ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر بىلەن شەخس (ئادەم) خاراكتېرى، پەلسەپىلىك تەپەككۇر بىلەن مەجاز (مېتافورا) ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن جىپسىلاشتۇرۇلغان، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن رېئاللىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان لىرىك - ئېپىك داستان بولۇشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.[1] يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇ ئۆزى بىلەن بىر دەۋردە يېزىلغان پارس تىلىدىكى دىداكتىك ئەسەر - - «قابۇسنامە» (مىلادىيە 1082 - يىلى يېزىلغان)، «سىياسەتنامە» (مىلادىيە 1090 - يىلى يېزىلغان) ۋە «نەسىھەت ئەل - مۇلۇك» (غەزالى تەرىپىدىن مىلادىيە 1111 - يىلى

---

① «قۇتادغۇبىلىك» (ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسى)، «مۇقەددىمە»، 6 - بەت.

يېزىلغان )دىن بۇرۇن بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقى جەھەتتىنمۇ بۇ ئۈچ ئەسەردىن ئېشىپ چۈشىدۇ.[1]

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئىلگىرى سۈرۈلگەن مەركىزىي ئىدىيە ـ ھاكىمىيەتنى قانداق تۇتۇش ۋە دۆلەتنى قانداق باشقۇرۇش مەسىلىسى بولۇپ، ئاپتور داستانىدا مۇشۇ مەركىزىي ئىدىيىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئادىل ۋە توغرا قانۇن، سىياسەت ۋە ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى تۇرغۇزۇپ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئىدارە قىلىش، جەمئىيەتتىكى فېئودالىق مۇناسىۋەتلەرنى ئىسلاھ قىلىش، تەرتىپكە سېلىش ۋە مۇستەھكەملەش ھەم شۇ ئارقىلىق «تۆرۈ» (قانۇن) بىلەن «قۇت» نىڭ بىرىكىشىدىن بارلىققا كېلىدىغان «غايىۋى جەمئىيەت» ئىدېئالىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكى ئۈچۈن، باشقىلار تەرىپىدىن يېزىلىپ ئەسەرگە قوشۇپ قويۇلغان نەسرىي ۋە نەزمىي مۇقەددىمىلەردە داستاننىڭ ئۆز دەۋرىدىلا تەڭداشسىز ئورۇنغا قويۇلۇپ، ئالاھىدە قەدىرلەنگەنلىكى ۋە ھەرقايسى ئەل ھېكىم، ئالىملىرى تەرىپىدىن «ئەدەبۇلمۇلۇك» («شاھلارنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى»)، «ئايىنۇل مەملىكە» («مەملىكەتنىڭ دەستۇرى»)، «زىنەتۇلئۇمەرا» («ئەمىرلەر زىننىتى»)، «پەندنامەئى مۇلۇك» («پادىشاھلارغا نەسىھەت») دېگەندەك نام ـ لەقەم بىلەن ئاتالغانلىقى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئارقىلىق نامايان قىلىنغان بىر پۈتۈن ئىدىيىۋى سىستېمىسىدا ھەممىدىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان دۆلەت (ھاكىمىيەت) نى ئادىل قانۇن ئاساسىغا تۇرغۇزۇش ۋە جەمئىيەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سىياسىي ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى قە-

---

① روبېرت دانكوف: يۇقىرىدا ئېيتىلغان ماقالە، 8 ـ ، 9 ـ بەتلەر.

دىمكى ئۇيغۇرلاردىكى «تۆرۈ»چۈشەنچىسى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ،
«تۆرۈ»قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا قانۇن ھۆكۈملىرىنىڭ ئاساسى، شۇنداق-
لا، ئومۇمىي ئاتىلىشى ئىدى. ئورخۇن يادىكارلىقلىرىدا «تۆرۈ»سىز
بىرەر دۆلەت ۋە جەمئىيەت بولمايدىغانلىقى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەن-
گەن. «قۇتادغۇبىلىك»تە «تۆرۈ»ھەم قانۇن ھەم ھۆكۈمدارغا ۋەكىل-
لىك قىلىدۇ، ئومۇمىي سۈپىتى، مۇقەددەس، دەخلىسىزلىكى جەھەت-
تىن قانۇن ھۆكۈمداردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.
ئايتولدى ھاكىمىيەت ئىگىسى كۈنتۇغدى ئىلىگ خىزمىتىگە كىر-
رىپ ئۇزۇن ئۆتمەي بولغان بىر قېتىملىق كۆرۈشۈشتە، كۈنتۇغدى
ئىلىگ ئايتولدىغا ئۆزىنىڭ ئادىل قانۇن ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.
ئارقىدىن ئۆزى ئولتۇرغان چېتىقى يوق ئۈچ پۇتلۇق كۈمۈش كۇرسى،
قولىدىكى خەنجەر، ئوڭ تەرىپىگە قويۇپ قويۇلغان شېكەر، سول
تەرىپىگە قويۇپ قويۇلغان ئۇراغۇن (بىر خىل ئاچچىق، زەھەرلىك
ئۆسۈملۈك)ئارقىلىق قانۇننى تۆۋەندىكىدەك سۈپەتلەيدۇ:

802. «قامۇغ ئۈچ ئاداقلىغ ئەمتەمەز بولۇر
ئۈچەگۈ تۇرۇر تۈز مامتىماز بولۇر

803. قالى ئۈچ ئاداقتا ئەمتىسە بىرى
ئىكىسى قامىتا ئۈچار ئول ئەرى

805. قايۇ نەڭ تۈزئەرسە قامۇغى ئۇز ئول
قامۇغ ئۆز كۆرۈ بارسا قىلقى تۈز ئول

808. مەنىڭ قىلقىم ئول ئەمتەمەز كۆنى
كۆنى ئەگرى بولسا كۆنىلىك كۆنى

809. كۆنىلىك ئۆزەلە كەسەرمەن ئىشىگ

## ئاير ماز مەن بەگسىگ يا قۇلسىغ كىشىگ

810 . بۇ بۆگدە پىچەك كىم ئەلىگدە تۇرۇر
پىچىغلى كەسىگلى تۇرۇر ئاي ئۇنۇر

811 . پىچەك تەگ بىچەر مەن كەسەر مەن ئىشىگ
ئۇزاتماز مەن دەئۆى قىلىغلىغ كىشىگ

812 . شەكەر ئول كىشى بىر ئاڭار كۆچ تەگىپ
تۆرۈ بولسا مەندىن قاپۇغقا كەلىپ

813 . شەكەر تەگ سۈچىيۈ بارىر ئول كىشى
سەۋىنچلىگ بولۇر ئاندا يازلۇر قاشى

814 . ئۇراغۇن يەمە ئول كىشىلەر ئىچەر
ئۆزى كۆچكەي ئەرسە كۆندىن قاچار

815 . ماڭا كەلسە تۇتشۇ تۆرۈ بەرسە مەن
ئۇراغۇن ئىچەر تەگ ئاچىر كۆرسە مەن

816 . بۇ قاشىم تۈگۈكى بۇ كۆرۈكسۈزلۈكۈم
كۆچەمچى كەلىركە بۇ يۈزسۈزلۈكۈم

817 . كەرەك ئوغلۇم ئەرسە ياقىن يا ياغۇق
كەرەك بارقىن ئەرسە كەچىكلى قۇنۇق

818 . تۆرۈدە ئىكىگۈ ماڭا بىر سانى

كەسەردە ئادىن بولماغاي ئول مەنى

821 . كۆڭلىك ئۆزە بولدى بەگلىك ئۆلى
بۇ بەگلىك كۆكى ئول كۆڭلىك يولى .»

〔 ئۈچ پۈتلۈق نەرسىنىڭ ھەممىسى قىڭغايمايدۇ ،
ئۈچىلا (پۈتى )تۈز تۇرسا قىمىرلىمايدۇ .
ئەگەر ئۈچ پۈتتىن بىرەرى ئېگىلىپ كەتسە ،
قالغان ئىككىسىمۇ قىڭغىيىدۇ ، كىشى يىقىلىدۇ .
قايسى نەرسە تۈز بولسا ، ھەممە يېرى ئۈز بولىدۇ ،
بارلىق ئۈز نەرسىگە سەپسالساڭ ، قىلمىشىمۇ تۈز بولىدۇ .
قارا ، مېنىڭ ئادىتىممۇ ئېگىلمەس ، توغرىدۇر ،
ئەگەر توغرىلىق ئېگىلسە ، قىيامەت بولىدۇ .
مەن ئىشلارنى توغرىلىق بىلەن ھەل قىلىمەن ،
كىشىلەرنى بەگ تائىپىسىدىن ، قۇل تائىپىسىدىن دەپ ئايرىماي-
مەن .
قولۇمدىكى بۇ خەنجەر - پىچاق
كېسىدىغان ، پىچىدىغان (قورال )دۇر ، ئەي ، قۇدرەتلىك كى-
شى .
مەن ئىشلارنى پىچاقتەك كېسىمەن ، پىچىمەن ،
دەۋا قىلغۇچىلارنىڭ (ئىشىنى )ئۈزارتمايمەن .
شېكەر - زورلۇقفا ئۇچراپ ، ئىشكىمگە كېلىپ ،
مەندىن ئادالەت تىلىگەن كىشى ئۇچۇندۇر .
ئۇ كىشى شېكەردەك لەززەت بىلەن قايتىدۇ .
سۆيۈنچ تېپىپ ، چىرايى ئېچىلىدۇ .
زەھەر ئوتىنى ئۆزى زوراۋان ،

ھەقىقەتتىن تەزگەن كىشىلەر ئىچىدۇ .
(ئۇلار )جاڭجاللىشىپ ماڭا كەلسە ، مەن ئادالەت بىلەن (ھۆ-
كۇم )قىلسام ،
زەھەر ئىچكەندەك ئازابلانغانلىقىنى كۆرىمەن .
قاپىقىمنىڭ تۈرۈلگەنلىكى ، سۇرلۇك بولۇشۇم ،
يۈز - خاتىرە قىلماسلىقىم - - ئالدىمغا كەلگەن زوراۋانلار
ئۇچۇندۇر .
مەيلى ئوغلۇم بولسۇن ياكى يېقىنىم - تونۇشۇم بولسۇن ،
مەيلى يولۇچى ، ئۆتكۈنچى ياكى مېھمان بولسۇن ،
قانۇن ئالدىدا ھەر ئىككىلىسى مەن ئۇچۇن بىردەك ،
ھۆكۇم قىلغاندا ، (ھېچبىرى )مەندە پەرق تاپالمايدۇ .
قارا ، بەگلىكنىڭ ئۇلى ھەق - ئادالەتتۇر ،
بەگلەر ئادىل بولسا ، ھاياتتا (ھالاۋەت )بولىدۇ . ]
يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا «كۆنىلىك»
(ئادالەت )ئۇستىگە ئورنىتىلغان «تۆرۈ»تۈزۈمىنى زور كۈچ بىلەن
تەشەببۇس قىلىپ ، قانۇن ئالدىدا ھەممە كىشىنىڭ باراۋەرلىكىدىن
ئىبارەت مۇھىم ھوقۇق (قانۇن )چىلىق ئىدىيىسى بىلەن ئوتتۇرىغا
چىقىشى ، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، مۇئەييەن ئىلغارلىق ئىد-
دى .
قەدىمكى ئۇيغۇر ھاكىمىيەت چۈشەنچىلىرىدە ھۆكۇمدارلارغا ئىد-
دارە قىلىش ھوقۇقى ( «تۆرۈ» )تەڭرى تەرىپىدىن بېرىلگەن ، ھۆكۇمە-
دار تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ھۆكۇمدار بولغان ، تەڭرى ئۇنىڭغا
«قۇت»بەرگىنى ئۇچۇن ھۆكۇمدارلىقتا ، سىياسىي ئىقتىدار ، ھوقۇق-
قا ئىگە بولغان ، يەنى ئۇنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقى بىلەن
سالاھىيىتىنىڭ مەنبەسى ئۆزىگە بەخت (دۆلەت ، يەنى «قۇت» )بەر-

گەن تەڭرىدۇر ، ھاكىمىيەتنىڭ مەنبەسى ئىلاھتۇر ، دەپ قارالغان .①

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئادالەتلىك قانۇن قارىشىمۇ مۇشۇ ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ ، «قۇتادغۇبىلىك»تە ئۇ بەگلىك (ھاكىمىيەت)نى خۇدا بەرگەن ، قانۇنلۇق ئادىل بەگ ـ ـ قۇتتۇر ، قانۇنلۇق بەگلەر بولمىغاندا ئىدى ، خۇدا يەتتە قات يەرنى بۇزغان بولاتتى ، دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ .② ھەمدە كۈنتۇغدى ئەلىگ تىلىدىن قانۇننىڭ ئادالەت ، ياخشىلىق ، يەنى خەلق پايدىسىنى كۆزلىمەك ، باراۋەرلىكتىن ئىبارەت ئۈچ پرىنسىپنى ئۆزىگە مىزان قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ .③

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئادىل قانۇننى يەنە تۆۋەندىكىدەك سۈپەتلەيدۇ : ئادىل قانۇن ـ ـ ئەلنىڭ يىلتىزى ، زۇلۇم ئوتىنى ئۆچۈرگۈچى سۇ ، كۆكنى تىرەپ تۇرغان تۈۋرۈك .④

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «تۆرۈ» (قانۇن)نى 232 يەردە تىلغا ئالىدۇ . ئەسەردە ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنى بويىچە كونكرېتلاشتۇرغاندا ، ئۇ دۆلەتنى باشقۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان قانۇن ، قائىدە ۋە نىزاملارنى ، يەنى بىر پۈتۈن مەجبۇرلاش تەدبىرلىرىنى كۆرسىتىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، «قۇتادغۇبىلىك»تە «توقۇ»دېگەن ئاتالغۇمۇ كۆپ يەردە تىلغا ئېلىنىدۇ . ئۇ ئاساسەن تۇرمۇشقا ئائىت ئۆرپ ـ ئادەت يوسۇنلىرىنى كۆرسەتكەن بولۇپ ، بۇ ئىككىسىنىڭ بىرلىكى قانۇن ـ يوسۇن شەكلى بويىچە قاراخانىيلار خانىدانلىقىدىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك ھوقۇق مەجبۇرىيەتلىرى ، ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئەقلىي ، ئەخلاقىي ۋە جىسمانىي شەرتلىرىنىڭ ئومۇمىي

① رىشات گەنج: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990)، 79 ـ ، 80 ـ بەتلەر.

② «قۇتادغۇبىلىك»، 5740 ـ بېيىت ۋە 3461 ـ ، 3464 ـ بېيىتلار.

③ «قۇتادغۇبىلىك»، 824~835 ـ بېيىتلار.

④ «قۇتادغۇبىلىك»، 2015 ـ ، 2032 ـ ، 3463 ـ بېيىتلار.

مەزمۇننى تەشكىل قىلغان . بۇنىڭ ئىچىدە ھاكىمىيەت بېشىدىكى بەگدىن تارتىپ ، ھاكىمىيەت خىزمىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدار ، خىزمەتچىلەرگىچە بولغان كىشىلەر ئۆتەشكە تېگىشلىك بولغان خاس بەلگىلىمىلەر بەگ (28 - باب ) ، ۋەزىر (29 - باب ) ، ئەسكەر باشلىغۇچى (30 - باب ) ، ئۇلۇغ ھاجىپ (31 - باب ) ، ئىشىك ئاغىسى (32 - باب ) ، ئەلچى (33 - باب ) ، پۈتۈكچى (34 - باب ) ، خەزىنىدار (35 - باب ) ، باش ئاشپەز (36 - باب ) ، ئىچىملىك بېشى (37 - باب )نىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى ھەققىدە ئايرىم ماۋزۇلاردا بېرىلگەن 11 بابتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسا ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ 38 - ، 70 - ۋە 72 - بابلاردا ھاكىمىيەت ئىگىلىرى ئۆز مەملىكەت ۋە خەلقى ئالدىدىكى بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ۋە توغرا تونۇپ ، ئادىل ۋە توغرا قانۇن ، سىياسەت يۈرگۈزۈش ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملىشى ، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشى ، خەلقنى خاتىرجەم ، باي - پاراۋان قىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە مەخسۇس توختىلىپ ، ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئىلمىي سىستېمىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»داستانىدا قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىكى «قانۇن - نىزام ( «تۆرۈ» )ۋە ئۆرپ - ئادەت يوسۇنى ( «توقۇ» )تۈزەش ھوقۇقىنى تەڭرى بەرگەن »دېگەن چۈشەنچە بويىچە ، «قانۇن - يوسۇن بەگلەردىن كېلىدۇ »① دەيدۇ ۋە ھۆكۈمدارلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئالاھىدىلىكلەر ئۈستىدە توختالغىنىدا ، ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا ھۆكۈمدارنىڭ ئادىل بولۇشىنى ، مۇناسىپ ياخشى قانۇنلارنى تۈزۈپ ، خەلقنى ئادالەتلىك بىلەن باشقۇرۇشنى قويىدۇ . يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە ، بىر مەملىكەتنىڭ نۇقتىسى ۋە قۇلۇپى ئىككى نەرسە بولۇپ ، بىرى ھوشيارلىق ، يەنە بىرى مەملىكەتنىڭ ئاساسى

---

① «قۇتادغۇبىلىك»، 1931 - بېيىت.

بولغان قانۇندۇر . قايسى بەگ هوشيار بولسا ، ئېلىنى مۇستەھكەملى-
يەلەيدۇ ، دۈشمىنىنى بويسۇندۇرىدۇ ، قايسى بەگ ئەلدە توغرا قانۇننى
يولغا قويىسا ئېلىنى روناق تاپقۇزىدۇ . ئۇنىڭ ئەكسىچە ،
زۇلۇم ۋە بىخۇدلۇق بەگ ئېلىنى خاراب قىلىدۇ .[①]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «تۆرۈ» (قانۇن) ئۆزىگە مىزان قىلىدىغان
پرىنسىپلار (ئادالەت ، ياخشىلىق ، باراۋەرلىك) ئۈستىدە توختالغىنىدا
ۋە بۇ پرىنسىپلارنى چۈشەندۈرگىنىدە ، «تۆرۈ»نىڭ ئادىل ۋە خەلق
ئۈچۈن پايدىلىق بولۇشىنى قايتا - قايتا تەكىتلەيدۇ . بولۇپمۇ بۇنى
ئۇ قانۇنغا سىمۋول قىلىپ ئالغان كۈنتۇغدى ئەلىگىنىڭ ئۆز تەبىئىتى
توغرىسىدا ئېيتقانلىرىدىن ناھايىتى ئېنىق ھېس قىلىش مۇمكىن .[②]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە ئۆزىنىڭ دۆلەت باشقۇ-
رۇش مىزانىنى تۆۋەندىكىدەك ئوتتۇرىغا قويىدۇ :

2057 . «بۇ ئەل تۇتقۇقا كۆپ ئەر ئات سۇ كەرەك
ئەر ئات تۇتغۇقا نەڭ تاۋار تۇ كەرەك

2058 . بۇ نەڭ ئالغۇقا بىر كەرەك باي بودۇن
بودۇن يايلىقىغا تۆرۈ تۇز قودۇن

2059 . بۇلاردا بىرى قالسا تۆرتى قالۇر
بۇ تۆرتى يەمە قالسا بەگلىك ئۇلۇر»

[ مەملىكەتنى باشقۇرۇش ئۈچۈن كۆپ ئەسكەر ۋە قوشۇن كې-

① «قۇتادغۇبىلىك»، 2015~2017 - ، 2024 - بېيتلار.
② «قۇتادغۇبىلىك»، 824~835 - بېيتلار.

ـرەك ،
قوشۇننى تۇتۇپ تۇرماق ئۇچۇن كۆپ مال ـ دۇنيا كېرەك .
مال ـ دۇنيا ئېلىشقا خەلق باي بولۇشى كېرەك ،
خەلقنىڭ باي بولۇشى ئۇچۇن توغرا قانۇن يولغا قويۇلۇشى كې-
رەك .
بۇلاردىن بىرىلا بولمىسا ، (قالغان )تۆتىمۇ بولمايدۇ ،
بۇ تۆتىلىسى بولمىسا ، بەگلىك بەربات بولىدۇ .]
ئارقىدىنلا ئۇ بەگلەرنىڭ نامى ياخشى بولۇپ ، شۆھرىتىنىڭ يېيىلىشى ئۇچۇن ئالدىراڭغۇلۇق ، بېخىللىق ، قەھر ـ غەزەپ ، جا-ھىللىق ۋە يالغانچىلىقتىن يىراق بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ .[1]

* * *

«قۇتادغۇبىلىك »تە ھاكىمىيەت ئىگىسى ـ بەگلەرنىڭ ھازىرلى-شى كېرەك بولغان شەرت (ئالاھىدىلىك )لەر توغرىسىدىكى مەزمۇنلار خېلى كۆپ سەھىپىنى ئىگىلىگەن بولۇپ ، ئەسەردىكى سۆھبەتلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى مۇشۇ مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا داۋاملاشتۇرۇل-غان .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەدىمكى ئۇيغۇر ھاكىمىيەت چۈشەنچىلىرى-دىكى قۇتنىڭ ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئېتىقاد ئاساسىدا ، «قۇتادغۇبىلىك »داستانىدا «ھۆكۈمدار ئالدى بىلەن ئېسىل نەسەبتىن بولۇشى لازىم ، ئاتىسى بەگ بولسا ، ئوغۇلمۇ بەگ بولۇپ تۇغۇلىدۇ ، ئۇمۇ ئاتىسىغا ئوخشاش بەگ بولىدۇ » ، شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ، «بەگلىك مۇقەددەس (ئىدۇق )تۇر ، ئۇنىڭ ئەسلىي پاكتۇر »دەيدۇ ۋە نەسلى ـ نەسەبى ياخشى بولغان ھۆكۈمدارنىڭ جاسارەت ۋە قەھرىمان-لىق ، ئەقىللىق ۋە بىلىملىك بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم

---

[1] «قۇتادغۇبىلىك»، 2060~2063 ـ بېيتلار.

ئالاھىدىلىكىنى ھازىرلىشى كېرەكلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ.[1]

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھۆكۈمدارلارنىڭ ئەقىللىق ۋە بىلىملىك بولۇشى لازىم ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قاراشلىرى «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ خېلى كۆپ سەھىپىسىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇ: «بەگ - - بىلىك (بىلىم)سۆزى بىلەن باغلىقتۇر، بەگلەر ھەر قاچان ئەقىللىق ۋە بىلىملىك بولۇشى كېرەك، بىلىملىك، ئەقىللىق، دانا ھۆكۈمدارنىڭ ھەر ئىككى دۇنيادا ئورنى ياخشى بولىدۇ، ھۆكۈمدار يەنە ئەقىللىق (ئۇقۇشلۇق) بولۇشى، ئەقىلنىڭ قىممىتىنى بىلىشى كېرەك، بارلىق ياخشىلىقلار ئەقىلدىن كېلىدۇ، ئەقىللىق كىشى ھەممە كىشىدىن ئۇلۇغدۇر، ئەقىل ئىنسانغا نىسبەتەن مىڭ خىل پەزىلەتنىڭ باشلىنىشىدۇر، بەگ بىلىم بىلەن ئەلنى باشلاپ قانۇن يۈرگۈزىدۇ، بارلىق ئىشلارنى ئەقىل بىلەن ئىشلەيدۇ، دەيدۇ ھەمدە دۆلەت ئۇلىنىڭ بىلىم ۋە ئەقىل ئۈستىگە قۇرۇلىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ.[2]

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ھۆكۈمدارلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك دەپ قارىغان ئالاھىدىلىكلەر ئىچىدە يەنە بىر مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغىنى - «ئەردەم» («پەزىلەت») بولۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»داستانىدا بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە دىققەت - ئېتىبار بىلەن قارايدۇ ھەمدە خەلقىنىڭ ئۆز ھۆكۈمدارلىرىدىن كۈتىدىغان «ئەردەم»لىرى ئىچىگە ھوشيار ۋە سەگەك بولۇش، سېخىيلىق، كۆزى توقلۇق، سۆزى توغرا - دۇرۇس، تەبىئىتى گۈزەل بولۇش، سەۋر - تاقەتلىك، ئېغىر - بېسىق بولۇش قاتارلىقلارنى قويىدۇ.

ھوشيار ۋە سەگەك («ساق») بولۇش، بىخۇد بولماسلىق - يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە ئالاھىدە تەكىتلىگەن ئىككى ئاساسىي نۇقتىنىڭ بىرى (يەنە بىرى قانۇن)بولۇپ، ئۇ بۇ ئاساسىي

---

① «قۇتادغۇبىلىك»، 1932 - ، 1949~1960 - بېيتلار.

② «قۇتادغۇبىلىك»، 1953 - ، 1951 - ، 1972 - ، 1841 - ، 1930 - ۋە 2713 - بېيتلار.

نۇقتا ھەققىدە كۆنتۇغدى ئەلىگ تونۇشتۇرۇلغان 12 ـ بابتا ۋە 38 ـ بابتىكى ئۆگدۈلمىشنىڭ ئەلىگكە بەرگەن جاۋابىدا تەپسىلىي توختىلىدۇ.①

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە سېخىيلىق («ئاقى»)نى بەگلەر نام ـ شۆھرىتى، ئىككى دۇنيالىقى ئۈچۈن مۇھىم بىر پەزىلەت دەپ قارايدۇ. ئۇ سېخىيلىقنى ھاكىمىيەت تۇتۇشتىكى ئىككى نەرسىنىڭ بىرى، بۇ ئىككى نەرسىنىڭ بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتىش ئارقىلىق، ئۇنى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيەت قارىشى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ:

3039. «ئادىن ئىكى نەڭ ئول بۇ ئەل تۇتروقى
بىرسى ساۋ ئالتۇن قىلىچ بىر تاقى

3040. ئاقىلىق بىل بەكلەگۈ ئول ئەلىگ
ئاقىلىق بىلە بەگ بەدۇر ئاي ئەلىگ

3041. كۇر ئالپ ئەر كۆتۈرسە ياشىن تەگ تەمۇر
ئازىغلىغ ئەرەنلەردە تەشلۇر تەمۇر

3042. ساۋ ئالتۇن بىلە بەرتسە بەگلەر ئەلىگ
قىلىچسىز تىلى بىرلە ئەۋرەر ئەلىگ

3043. بۇ ئىكى بىلەن ئەتگۈ ئۇش بۇ ئەلىگ
بۇ ئىكى بىلە ئەر بەدۇر ئاي ئەلىگ

3044. ساۋ ئالتۇن يازار ئول تۇگۈلمىش كىشىگ

---

① «قۇتادغۇبىلىك»، 439 ~ 447 ـ ، 2015 ~ 2026 ـ بېيىتلار.

ساۋ ئالتۇن ئەترەر ئول بۇزۇلمىش ئىشىگ

3045 . قىلىچ قايدا ئەرسە كۈمۈش ئاندا ئول
كۈمۈش قايدا ئەرسە قىلىچ تۇتتى يول

3046 . ئايا بەگ كۈمۈش ساچ تىرىلسۇ قەد ئەر
كۈمۈش يىغسا ساچلۇر قىلىچلىغ قۇر ئەر »

[ مەملىكەتنى سېخىيلىق بىلەن مۇستەھكەملەش كېرەك ،
ئەي ئەلىگ ، بەگ سېخىيلىق بىلەن يۈكسىلىدۇ .
جەسۇر ، باتۇر ئەر چاقماقتەك قىلىچ ئوينىتسا ،
ھەيۋەتلىك باتۇرلارنىڭمۇ تومۇرى كېسىلىدۇ .
بەگلەر ساپ ئالتۇن تارقىتىش بىلەن قولىنى قاپارتسا ،
قىلىچسىزلار ، سۆز بىلەن ئەلنى سورايدۇ .
بۇ ئىككى (نەرسە )بىلەن ئۇشبۇ ئەلنى ئىدارە قىلىش كېرەك ،
ئەي ئەلىگ ، بۇ ئىككى (نەرسە )بىلەن ئەر يۈكسىلىدۇ .
ساپ ئالتۇن تۇرۇلگەن چىرايلارنى ئاچىدۇ ،
ساپ ئالتۇن بۇزۇلغان ئىشلارنى تۈزەيدۇ .
قىلىچ نەدە بولسا ، كۈمۈشمۇ شۇ يەردە بولىدۇ ،
كۈمۈش نەدە بولسا ، قىلىچ شۇ ياققا يول تۇتىدۇ .
ئەي ئەلىگ كۈمۈش چاچقىن ، يىگىتلەر توپلانسۇن ،
كۈمۈشنى يىغساڭ ، قىلىچ تۇتقان باتۇرلار تاراپ كېتىدۇ . ]
يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سېخىيلىقنى
كىشىلىك (ئادىمىيلىك ) بىلەن باغلاپ ، ئۇنى باشقىلار
مەنپەئىتى (ھەققى )يولىدا ئۆزىنى قۇربان قىلىشتىن ئىبارەت يۈكسەك

پەزىلەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ چۈشەندۈرىدۇ.[①]
«قۇتادغۇبىلىك»تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان سىخىيلىقتا مۇناسىۋەتلىك هالدا، هۆكۈمداردا بولۇشقا تېگىشلىك يەنە بىر پەزىلەت كۆزى توق بولۇشتىن ئىبارەت. يۈسۈپ خاس هاجىپ «بەگ كۆزى توق، هايالىق، دۇرۇس بولۇشى، سۆزى ۋە هەرىكىتىدە ئوچۇق - يورۇق بولۇشى لازىم. كۆزى ئاچ كىشى تويماس كېلىدۇ، كۆزى ئاچقا پۈتۈن دۇنيانىڭ ئېشىمۇ ئازلىق قىلىدۇ. ئاچ كۆزلۈك شۇنداق بىر كېسەلكى، ئۇنىڭغا هېچ داۋا يوق، ئۇنى دۇنيانىڭ قامانلىرى داۋالىيالمايدۇ»[②] دېيىش ئارقىلىق، هۆكۈمدارنىڭ ئاچ كۆز بولماسلىقى، نەپس هېرىسلىقىغا بېرىلمەسلىكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇ «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ 71 - بابىدا ئودغۇرمىش تىلىدىن ئەلىگكە نەسىھەت قىلىپ ئاچ كۆزلۈكنى قاتتىق سۆكىدۇ:
«ئەي ئەلىگ، سەن بىر ئۆزۈڭ ئۈچۈن قانچىلىك نەرسىلەرنى توپلىدىڭ؟ ساڭا دېڭىز تۈۋىدىكى گۆھەر، ئۈنچە - مەرۋايىتمۇ يەتمەدى، يەر، تاغلار تېگىدىكى ئالتۇن - كۈمۈش، جاۋاهىرلارنى كولاپ ساڭا يەتكۈزگىلى بولمايدۇ. يەر ئۈستىدە ئۈنىدىغان دانلار بىلەن قازناقلىرىڭ تولۇپ كەتتى. ئۇچار قۇشلار، مالۋارانلار، سۇدىكى بېلىقلار سەندىن قۇتۇلالمايدۇ. كارۋانلىرىڭ ئەلمۇ ئەل يۈرۈپ دۇنيا توپلايدۇ... شۇنچىۋالا دۇنيانىڭ هەممىسى پۈتۈنلەي ساڭا يېتىشمەيدۇ، ئۇلار تۈگىمەيدۇ، ئۆزۈڭ تۈگەپ كېتىسەن، نەزەر سالساڭ، بۇلارنىڭ هەممىسى ئاچ كۆزلۈكتۇر، ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئېچىقىغان كىشىلەر قاچان تويغان؟».[③]
«قۇتادغۇبىلىك»تە هۆكۈمداردا بولۇشقا تېگىشلىك «ئەردەم»لەر

① «قۇتادغۇبىلىك»، 6103 - ، 6105~6106 - بېيىتلار.
② «قۇتادغۇبىلىك»، 2000~2002 - بېيىتلار.
③ «قۇتادغۇبىلىك»، 5361~5384 - بېيىتلار.

ئىچىدە سۆزى توغرا ـ دۇرۇس ، تەبىئىتىنىڭ ياخشى بولۇشىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ . بۇمۇ ئوخشاشلا ، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھا- كىمىيەت چۈشەنچىسىدىكى مۇھىم تەرەپلەرنىڭ بىرى بولۇپ ، يۇسۇپ خاس ھاجىپ بۇنى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتلىرىدىن بىرى بولغان ئۆتۈكەن بېگى تىلىدىن بېرىلگەن : «خەلقنىڭ بېگى ناھايىتى سەرخىل بولۇشى ، دىلى ۋە تىلى توغرا ، خۇلق ـ مىجەزى ئېسىل بولۇشى لازىم»[1] دېگەن سۆز ئاساسىدا ئىزاھلاپ چۈشەندۈرىدۇ ، دۇرۇسلۇقنى ئىنسان ماھىيىتىنى تەشكىل قىلىدىغان قىممەتلىك پەزىلەت قاتارىغا قويىدۇ :

862 . «ئەلىگ ئايدى كۆرگىل كۆنى ئەر ئۆزى
تىلى كۆڭلى بىرلە بىرىكەر سۆزى

862 . تاشى تەگ ئىچى ئول ئىچى تەگ تاشى
بۇ ياڭلىغ بولۇر ئول كۆنى چىن كىشى

865 . كۆنىلىك كەرەك ئەركە قوپسا قۇتۇن
كۆنىلىك ئاتى ئول كىشىلىك پۈتۈن

866 . قىز ئەرمەز بۇ يالڭۇق كىشىلىك قىز ئول
ئاز ئەرمەز بۇ يالڭۇق كۆنىلىك ئاز ئول

868 . يورىغلى بۇ يالڭۇق ئەدى ئۆك ئۆكۈش
كۆنى چىن پۈتۈن ئەر ماڭا قەد كۆسۈش

1293 . بەدۇكلۇك تىلەسە بۇ دۇنقا ئۇلۇغ
ئۆزۈڭكە ئاچۇق تۇت كۆنىلىك يولۇغ

---

① «قۇتادغۇبىلىك» ، 1963 ـ بېيت.

1750 . كۆنىلىك پۈتۈنلۈك بىلە قىل بۇ ئىش
كىشىلىك بىلە قىل قامۇغ تۇرلۇگ ئىش »

[ ئەلىگ ئېيتتى : قارا ، توغرا ئەرنىڭ
تىلى بىلەن دىلى ۋە سۆزى بىردەك بولىدۇ .
ئىچى تېشىدەك ۋە تېشى ئىچىدەك (بولىدۇ ) ،
چىن ۋە توغرا كىشى ئەنە شۇنداق بولىدۇ .
بەختىلىك (بولۇپ )يۈكسىلىش ئۈچۈن كىشىگە توغرىلىق زۆ-
رۇر ،
ئىشەنگىنكى ، توغرىلىق كىشىلىكنىڭ نامىدۇر .
ئادەم قىس ـ نادىر ئەمەس (بەلكى )كىشىلىك قىستۇر ،
ئىنسانلار ئاز ئەمەس ، (بەلكى )توغرىلىق ئازدۇر .
مېڭىپ يۈرگەن ئىنسان ناھايىتى كۆپتۇر ،
توغرا ، چىن ۋە ھەق ئادەم مەن ئۈچۈن ناھايىتى ئەزىز .
بۈيۈكلۈكنى ۋە خەلققە باش بولۇشنى ئىزدىسەڭ ،
ئۆزۈڭ ئۈچۈن توغرىلىق يولىنى ئاچ ،
توغرىلىق ۋە چىنلىقنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىل ،
ھەرقانداق ئىشنى ئادەمگەرچىلىك بىلەن ئىشلە . ]
يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك »تە ھاكىمىيەت ئىگىسى ـ بەگلەرنىڭ ھازىرلىشى كېرەك بولغان شەرتلەر ئۈستىدە تەپسىلىي توختالغىنىدا ، ئۇنى پۈتۈنلەي قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيەت چۈ-شەنچىسى ئاساسىغا قويۇپ چۈشەندۈردۇ . ئۇ بۇ تېمىنى كەم دېگەندە 15 ماقال ـ تەمسىل ، تۆت نەپەر قەدىمكى تۈركىي خەلق شائىرلىرى-نىڭ بېيىتى ۋە ئۆتۈكەن بېگىنىڭ بىر سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈش

ئارقىلىق شەرھلەيدۇ .[①]

يۇسۇپ خاس ھاجىپ بەگ (خان ، پادىشاھ )نىڭ خەلق ئالدىدىكى ھەققى (مەجبۇرىيىتى )ۋە خەلقنىڭ ئادالەتلىك قانۇن يۈرگۈزگەن دۆ- لەتكە بولغان ھەققىنى تۆۋەندىكىدەك ئوتتۇرىغا قويىدۇ :

5574 . «رەئىيەت ھەققى بار سەنىڭدە كۆر ئۈچ
بۇ ھەقنى ئۆتەگىل ئۆزۈن قىلما كۈچ

5575 . بىرىسى ئەلىگدە ئارىغ تۇت كۈمۈش
ئىيارىن كۈدەزگىل ئاي بىلكى ئۆكۈش

5576 . تاقى بودۇنقا تۆرۈ بەر كۆنى
كۆتۈر بىر ئىكىدىن كۈچىن كۆر ئانى

5577 . ئۈچىنچى ئەمىن تۇت قامۇغ يوللارىغ
قاراقچىغ سەكەرچىگ ئارتىغىل ئارىغ

5578 . ئۆتەمىش بولۇرسەن رەئىيەت ھەقى
سەن ئۆترۈ ھەقىن قول ئاي ئىلچى ئاقى

5579 . رەئىيەت ئۆزە ئول سەنىڭ ئۈچ ھەقىڭ
تىلەگۈ ئولاردىن سەن ئاچ قۇلاقىڭ

5580 . بىرى يارلىغىڭنى ئاغىر تۇتسالار
نەگۈ ئەرسە تەركىن ئانى قىلسالار

---

① رىشات گەنج: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، 129 ــ بەت.

5581 . ئىكىنچ تىدماسالار خەزىنە ھەقى
ئۆدىندە تەگۈرسە ئاي ئەلگى ئاقى

5582 . ئۈچىنچى ياغىقا ياغى بولسالار
سەۋەرىك كىم ئەرسە ئانى سەۋسەلەر

5583 . ئۆتەمىش بولۇر سەن ئۆزۈك ھەقلەرىن
ئولارما ئۆتەمىش بولور ئۆز ھەقىن

5584 . بۇ ياڭلىغ كەرەك بەگ يورسا يولۇغ
رەئىيەت شۇ ئانداغ كەرەك ئاي ئۇلۇغ»

[ قارا ، سەندە رەئىيەتنىڭ (پۇقرانىڭ )ئۈچ ھەققى بار ،
بۇ ھەقنى ئادا قىل ، سەن زۇلۇم قىلما .
بىرى ئېلىڭدە كۇمۇشنى ساپ تۇت ،
تەركىبىنى (ساپلىقىنى )نازارەت قىل ، ئەي بىلىملىك .
يەنە بىرى ، خەلققە ئادىل قانۇن يۈرگۈز ،
بىرىنىڭ ئىككىنچى (بىرىگە )زۇلۇم قىلىشىغا يول قويما ، ئۇلار-
نى قوغدا .
ئۈچىنچىسى ، بارلىق يوللارنىڭ ئامانلىقىنى ساقلا ،
قاراقچى ، بۇلاڭچىلارنى پاك - پاكىز تازىلا .
(شۇنداق قىلغاندا )رەئىيەتنىڭ ھەققىنى ئۆتىگەن بولىسەن ،
ئاندىن كېيىن سەن ھەققىڭنى تەلەپ قىل ، ئەي سېخىي ھۆكۈم-
دار .
رەئىيەت ئۇستىدىمۇ سېنىڭ ئۈچ ھەققىڭ بار ،
بۇلارنىمۇ ئۇلاردىن تەلەپ قىلىش كېرەك ، ياخشىراق ئاڭلا :
بىرى ، يارلىقىڭنى ھۆرمەت قىلسۇن ،

نىمە (دېگەن بولساڭ ) ، دەرھال شۇنى ئىجرا قىلسۇن .
ئىككىنچىسى ، خەزىنە ھەققىنى تۇتۇپ قالمىسۇن ،
(ئۇنى )ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزسۇن ، ئەي سېخىي .
ئۈچىنچىسى ، دۈشمەنگە دۈشمەن بولسۇن ،
كىمنى ياخشى كۆرسەڭ ، شۇنى ياخشى كۆرسۇن .
(شۇنداق قىلغاندا )سەنمۇ ئۆز ھەققىڭنى ئالغان بولىسەن ،
ئۇلارمۇ ئۆز ھەققىنى ئادا قىلغان بولىدۇ .
بەگ (ئۆز ئىشلىرىنى )ئەنە شۇنداق يۈرگۈزۈشى كېرەك ،
رەئىيەتمۇ خۇددى شۇنداق بولۇشى كېرەك ، ئەي ئۇلۇغ . ]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بەگ ئۆزىنىڭ بىۋاستە تايىنىدىغان ياردەم- چىلىرىدىن ئايرىلغان ھالدا مۇستەقىل تۇرۇپ ھۆكۈمدارلىق قىلالماي- دۇ ، ئۇ يالغۇز ئۆز بىلىمى ، ئەقىل - پاراستى ۋە پەزىلىتى بىلەنلا دۆلەتنى باشقۇرۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ، ئۇ يەنە باشقا ھەرقايسى ئەمەلدارلارنىڭ ئىقتىدارىغا ، بىلىمى ، ئەقىل - پاراستىگە تايىنىشى ، «قەلەم» بىلەن «ئەلەم»دىن ئىبارەت دۆلەت باشقۇرۇشنىڭ ئىككى ئاساسىي ھالقىسىنى تەڭ - باراۋەر ، مۇھىم ئورۇنغا قويۇشى كېرەك دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ :

2711 . «قىلىچ بىرلە تۇتلۇر قالى تۇتسا ئەل
قەلەم بىرلە باسلۇر قالى باسسا ئەل

2714 . قىلىچ ئەل تۇتار ھەم بودۇن قازغاندۇر
قەلەم ئەل تۈزەر ھەم خەزىنە ئۇرۇر

2716 . بۇ ئىكى تۇرۇر بۇ ئاژۇن تۇترۇقى
ئوزا كەچمىش ئىش ھەم كەلىر ئۇترۇقى»

[ ئەگەر ئەل ئېلىنسا ، قىلىچ بىلەن ئېلىنىدۇ ،
ئەگەر ئەل ئىدارە قىلىنسا ، قەلەم بىلەن ئىدارە قىلىنىدۇ .
قىلىچ ئەل تۇتىدۇ ھەم خەلقنى قولغا كەلتۈرىدۇ ،
قەلەم ئەل تۈزەيدۇ ھەم خەزىنە توپلايدۇ .
مەيلى ئۆتكەن ئىشلاردا بولسۇن ، ياكى كەلگۈسىدە بولسۇن ،
بۇ دۇنيانىڭ تايانچىسى مۇشۇ ئىككى نەرسىدۇر . ]
مۇتەپەككۇر شائىر سىياسەتنى قانۇننىڭ بىر خىل جەڭگىۋار
ۋاستىسى سۈپىتىدە مۇنداق تەرىپلەيدۇ :

2127 . «بۇ ھەممەت بىلە ھەم سىياسەت كەرەك
سىياسەتكە بەگلىك رىياسەت كەرەك

2128 . سىياسەت بىلە بەگ تۈزەر ئەل تۆرۈ
قارا قىلقى ئەتلۇر سىياسەت كۆرۈ

2130 . بۇ بەگلەر قاپۇغىن سىياسەت بەزەر
سىياسەت بىلە بەگ ئەلىنى تۈزەر

2131 . ئەسىزكە سىياسەت يورىتغۇ كەرەك
بودۇن بۇلغانۇقىن سىياسەت سۈزەر»

[ تىرىشچانلىق بىلەن بىللە سىياسەتمۇ كېرەك ،
سىياسەتكە بەگ يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك .
بەگ سىياسەت بىلەن قانۇن (ۋە )ئەلنى تۈزەيدۇ ،
خەلق (ئۆز )قىلىقىنى سىياسەتكە قاراپ ئوڭشايدۇ .
بەگلەرنىڭ ئىشىكىنى سىياسەت بېزەيدۇ ،
بەگ سىياسەت بىلەن ئېلىنى تۈزەيدۇ .
يامانلارغا سىياسەت يۈرگۈزۈش كېرەك ،

خەلقنىڭ مالىمانىنى سىياسەت باسىدۇ .]
دېمەك ، بەگ مەملىكەت ۋە قانۇننى سىياسەت بىلەن تۈزەيدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئۇ ئەل ئىشىدا سىياسەتنى ياخشى بىلىشى كېرەك . بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان «سىياسەت»دۆلەتنى تۇتۇش ۋە تۈزەشنىڭ ئۇسۇل ھەم يوللىرىغا قارىتىلغان .

* * *

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا قاراخانىيلار جەمئىيىتىنى تەشكىل قىلغان تەبىقە ۋە گۇرۇھلار ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى ، جەمئىيەت ھاياتىدىكى رولى ، ھايات يوللىرى ، ياشاش شارائىتلىرى ، ئېڭى ، روھىي ھالىتى ، ھۈنەر ـ سەنئىتى ، ئۆرپ ـ ئادىتى ، شۇنداقلا ، ئۇلارنىڭ پۈتۈن پائالىيەتلىرىنى دۆلەت مەنپەئىتىگە خىزمەت قىلدۇرۇشنىڭ چارە ـ تەدبىر ، ئۇسۇللىرى ھەققىدە تەپسىلىي توختالغان بولۇپ ، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ مىلادىيە 11 ـ ئەسىردىكى قاراخانىيلار جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بىرىنچى قول ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ .
يۈسۈپ خاس ھاجىپ جەمئىيەت ئەزالىرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن بەگ ، ساراي ئەھلى ، ئاۋام دەپ ئۈچكە بۆلۈپ ، بەگلەرگە خىزمەت قىلىشنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى ، ساراي ئەھلى بىلەن قانداق مۇئامىلىدە بولۇش ، ئاۋام بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش ھەققىدە 47 ـ ، 48 ـ ۋە 49 ـ بابلاردا مەخسۇس توختىلىدۇ .
ئۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنى جەمئىيەتتىكى ئورنى ، ئاساسىي مەشغۇلاتلىرى ، ھۈنىرى ، جەمئىيەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مېھنەتنىڭ تەقسىملىنىشى قاتارلىق جەھەتلەردىن ھۆكۈمدارلار ، ئەمەلدار ـ مەنسەپ ئىگىلىرى ، ساراي خىزمەتچىلىرى (بۇلار ساراي ئەھلىگە مەنسۇپ ) ، پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى ، ئالىملار ، تېۋىپلار ، ئەپ-

سۇنچىلار ، چۈش ئۆرىگۈچىلەر ، مۇنەججىملەر ، شائىرلار ، دېھقانلار ، سودىگەرلەر ، چارۋىچىلار ، قول ھۈنەرۋەنلەر ، پېقىرلار قاتارلىق ئىجتىمائىي تەبىقە ، گۇرۇھلارغا بۆلۈپ كۆرسىتىپ (54 ـ بابتىن 61 ـ بابقىچە ) ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى ، دۇنيا قاراشلىرى ، مەشغۇلاتلىرى ، ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ئورنى ھەققىدە ئۆز پىكىر ـ مۇلاھىزىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسى ۋە جەمئىيەت ئەھۋالى ئاساسىدا سۇلالە تەۋەسىدىكى كىشىلەرنى پائالىيەت تۈرى بويىچە يۇقىرىقىدەك تەبىقە ، گۇرۇھلارغا بۆلگەن بولسا ، مۇلۇككە ئىگىلىك جەھەتتىن بايلار ، ئوتتۇرا ھاللار ، يوقسۇزلار (كەمبەغەل ، پېقىرلار )دەپ ئۈچ ئاساسىي گۇرۇھقا ئاجرىتىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئورنى ، رولى ھەمدە ئۇلار بىلەن قانداق مۇئامىلىدە بولۇش ھەققىدە مۇنۇلارنى ئېيتىدۇ :

5560 . «بۇ ما ئۈچ قۇتۇ ئول مۇنى ئەدرا تۇت
كۇچەمە كۇچەسە بولۇر ئەلكە يۇت

5561 . بۇلاردا بىرسى بۇ بايلار تۇرۇر
بودۇن كۇچلۇگى بۇ ئاي قىلقى ئۇنۇر

5562 . بۇلاردا باساسى كۆر ئورتۇ كىشى
بۇ ئورتا قىلۇماز بۇ بايلار ئىشى

5563 . چىغايلار تۇرۇر كۆر بۇلاردا باسا
بۇلارىغ كۇدەزگۇ قامۇغدىن ئوزا

5564 . يۇدۇرمەگۇ بايلار يۇكىن ئورتۇقا
بۇ ئورتۇ بۇزۇلغا تۇكەل ئارتاغا

5565 . چىغايقا يۈدۈرمەگۈ ئورتا يۈكى
چىغاي ئۆلگە ئاچىن ئۆزۈلگە كۆكى

5566 . چىغايىغ كۈدەزىلسە ئورتۇ بولۇر
بۇ ئورتۇ بىرەر تىنسا بايلىق بولۇر

5567 . چىغاي ئورتۇ بولسا بۇ ئورتۇ بايۇر
بايۇسا بۇ ئورتۇ ئەلىك باي تولۇر

5568 . ئەل ئەتلۇر ئەرەزكە تەگىر بۇ بودۇن
دۇئا ئارتار ئوترۇ ساڭا ئول ئۆدۇن»
[ بۇلارمۇ ئۈچ تەبىقىگە بۆلۈنىدۇ . بۇنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك ،
زۇلۇم قىلما ، زۇلۇم قىلساڭ ئەلگە جۇت كېلىدۇ .
بۇلاردىن بىرى بايلاردۇر ،
خەلقنىڭ كۈچلۈكى ئاشۇلار ، ئەي قۇدرەتلىك .
قارا ، بۇلاردىن كېيىنكىسى ئوتتۇرا هال كىشلەر بولۇپ ،
ئوتتۇرا هاللار بايلار قىلغان ئىشنى قىلالمايدۇ .
كەمبەغەللەر بۇلاردىن كېيىن تۇرىدۇ ،
هەممىدىن ئاۋۋال بۇلارنى ئاسراش كېرەك .
بايلارنىڭ يۈكىنى ئوتتۇرا هاللارغا يۈكلىمەسلىك كېرەك ،
(ئۇنداق قىلساڭ )ئوتتۇرا هاللار بۇزۇلىدۇ ، هالىدىن كېتىدۇ .
كەمبەغەللەرگە ئوتتۇرا هاللارنىڭ يۈكىنى ئارتماسلىق كېرەك ،
(ئۇنداق قىلساڭ )كەمبەغەللەر ئاچتىن ئۆلىدۇ ، يىلتىزى ئۈزۈ-
لىدۇ .
كەمبەغەللەرنى ئاسرىسا ، ئوتتۇرا هال بولىدۇ ،
ئوتتۇرا هاللار ئۆزىنى ئوڭشىۋالسا ، بايلىققا ئېرىشىدۇ .

كەمبەغەللەر ئوتتۇرا هال بولسا، ئوتتۇرا هاللار بېيىيدۇ،
ئوتتۇرا هاللار بېيىسا، ئېلىڭ بايلىققا تولىدۇ.
ئەل روناق تېپىپ، خەلق راھەتكە ئېرىشىدۇ،
شۇ زاماندا سەن دۇئاغا ئىگە بولىسەن.]

يۈسۈپ خاس هاجىپ بەگ جەمئىيەتنىڭ هەرقايسى قاتلىمىدىكىلەرگە مەجبۇرىيەت (باج، سوۋغات ۋە باشقىلار) يۈكلىگەندە، هەركىمنىڭ قۇدرىتىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىشنى، بولۇپمۇ كەمبەغەللەر (چىغايلار) نى ئاسراشنى تەكىتلەيدۇ.

يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ ئۆگدۈلمىش بىلەن ئۇدغۇرمىش ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن سۆھبەتلەر داۋامىدا ئۆگدۈلمىش تىلىدىن بەرگەن جەمئىيەتتىكى هەرقايسى تەبىقىلەر، كەسپىي گۇرۇھلار بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش توغرىسىدىكى بايانلىرىدا ئۆزىنىڭ بۇ تەبىقە، گۇرۇھلارغا قارىتا بولغان تونۇشىنى، بەگلەرنىڭ ئۇلار بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش كېرەكلىكى هەققىدىكى پىكىر، تەشەببۇسلىرىنى روشەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مەسىلەن، ئۇ ئالىملار ئۈستىدە توختالغىنىدا، ئالىملارنىڭ ئىلمى خەلقنىڭ يولىنى يورۇتىدىغانلىقى، ئۇلار دىنىنىڭ تايانچىسى ئىكەنلىكىنى، ئالىملارنى ياخشى كۆرۈپ، سۆزىنى قەدىرلەشنى، ئۇلارنىڭ ئىلمىنى ئۆگىنىپ، بىلگەنلىرىنى بىلىۋېلىشنى، ئۇلارنى قەدىرلەپ، ئىززەت قىلىپ، كۆتۈرۈش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.[①]

يۈسۈپ خاس هاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئىلگىرى سۈرگەن دۆلەت (هاكىمىيەت)، قانۇن ۋە جەمئىيەت هەققىدىكى قاراشلىرىدا بىرقاتار سەلبىي تەرەپلەر ۋە چەكلىمىلىكلەرنىڭ ساقلانغانلىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇ بەگ ـ ئەمەلدارلارنى «يۇقىرى نەسەبتىن چىققان»، «ئېسىلزادە» بولۇشى لازىم، دەپ قا-

① «قۇتادغۇبىلىك»، 4341~4354 ـ بېيىتلار.

رىدى . «تەڭرى ئۇلۇغلارنىمۇ ، ئاددىي خەلقنىمۇ ياراتقان» ، «ئۇنىڭ بايلىرى ۋە كەمبەغەللىرى ، ئەقىلىلىقلىرى ۋە دۆتلىرى بار» ، «ئاۋام-نىڭ قىلىقلىرىنىڭ ھەممىسى قاپقارا بولىدۇ ، ئۇلارنىڭ ھەممە قايغۇ-سى قورساق ئۈچۈندۇر ، ئاۋامنىڭ قورسىقى تويسا تىلى ئۇزىرايدۇ ، بېسىپ قاتتىق باشقۇرمىسا ، ئەركىنلىككە ئىنتىلىدۇ»[1] دېگەندەك بىر قىسىم خاتا قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى ، ئۇ ئۆزى ياشىغان مۇھىتتىكى ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكنىڭ تۈپ ماھىيەت ۋە سەۋەبلىرى-نى ئانچە چۈشىنىپ يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن ، ھەرقايسى تەبىقە ، گۇرۇھ-لار ئارىسىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسىي ئامىلى ھەر-بىر تەبىقە ، گۇرۇھنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلەردە ئۆز بۇرچلىرىنى چىن دىللىق بىلەن ئادا قىلىشىدا دەپ چۈشەندى . ئەمەلدارلارنى ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرغان تەبىقىلەرگە نىسبەتەن ئىنساپلىق ، ئادالەتلىك بولۇشقا ، تۆۋەن (ئۇنىڭچە «پەس» )تەبىقىدىكىلەرنى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرگە نىسبەتەن ئىتائەتمەن ، سادىق بولۇشقا ، شۇ ئارقىلىق تىنچ ، ئاسا-يىش ، بەختلىك ھاياتقا يېتىشكە چاقىردى .

*           *           *

يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك »داستانى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بىرقاتار پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ ، بۇ قاراش-لار ئۇنىڭ ئالەم قارىشى ۋە بىلىش نەزەرىيىسىنى يورۇتۇپ بېرىشتە گەۋدىلىك رول ئوينىغان .

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى فانتېئىزملىق تەبىئەت پەلسەپىسى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ ، ئۇنىڭ تەبىئەت پەل-سەپىسى قاراشلىرىنىڭ مەنبەلىرىنى ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈش مۇم-كىن : ئۇنىڭ بىرى ، ئۇيغۇر ۋە مەركىزىي ـ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى-

---

① «قۇتادغۇبىلىك»، 4320~4329 ـ بېيىتلار.

نىڭ ئەنئەنىۋى پانتېئىزملىق ، ئىپتىدائىي دېئىزم (تەبىئەت ئىلاھ-
چىلىقى )ئالەم قاراشلىرى ، يۇلتۇز ۋە پەسىل - بۇرج قاراشلىرى
بولۇپ ، ئىككىنچىسى ، ئارىستوتېل ، ئەبۇنەسىر فارابى ۋە ئىبن سىنا
قاتارلىق مۇتەپەككۇرلارنىڭ كلاسسىك پانتېئىزملىق تەبىئەت پەلسەپە-
سى قاراشلىرىدىن ئىبارەت .①

داستاننىڭ ئومۇمىي يېتەكچى ئىدىيىسىنى ئېچىپ بەرگەن كى-
رىش ( «دىباچە» )قىسمىدىلا شائىر مەخسۇس بىر باب ئاجرىتىپ ،
پۇتكۇل داستاندا مۇھىم سالماقنى تۇتقان ئاسترو - كوسمولوگىيە-
لىك كۆز قارىشىنى مەركەزلەشتۇرۇپ ئىپادە قىلىدۇ . داستاندىكى
ئاسترو - كوسمولوگىيىگە مۇناسىۋەتلىك قاراشلار بايان قىلىنغان
300 مىسراغا يېقىن بېيىتنىڭ تۇپ مەزمۇن ماھىيىتىدە يۇسۇپ خاس
ھاجىپنىڭ تەبىئەت قارىشىدىكى «تۆت تادۇ» (تۆت زات ، يەنى : تۇپ-
راق ، سۇ ، ئوت ، ھاۋا )قارىشى بىلەن «يەر مەركەز»لىك قارىشى
مەركىزىي ھالقىدۇر .

مەلۇمكى ، مەركىزىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى قەدىمكى
ئۇيغۇر ۋە تۇركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئانىمىزملىق ۋە دېئىمىزملىق
ساددا قاراشلىرىدىن كەلگەن «تۆت تادۇ »قارىشى ئوتتۇرا ئەسىردە دۇن-
يانىڭ قەد كۆتۇرۇپ تۇرۇشىنىڭ ماددىي ئاساسى سۈپىتىدە كىشىلەر-
نىڭ تەبىئەت قاراشلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئالاھىدە رول ئويناپ ،
ئىلاھىيەت ، تېبابەت ، روھىيەت (پسىخولوگىيە ) ، ئاسترونومىيە ۋە
كوسمولوگىيىلىك ئىلمىي قاراشلىرىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى بولغان
ئىدى .

ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ «تۆت تادۇ »قارىشى ئۇلارنىڭ كۆككە ،
تۇپراققا ، سۇ ۋە ئوتقا چوقۇنۇشتەك ئىپتىدائىي ئېتىقادلىرىدا ۋە

① ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرى ھەققىدە»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە)، 1989 - يىل 6 - سان، 58 - بەت.

مىللىي تىبابەتتىكى ئەم - ئىرىم قائىدىلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ، كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى نۇرغۇن تەرەپلەرگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ، خەنزۇ ، ھىندى ، يۇنان ۋە ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئۆز مەزمۇنىنى تېخىمۇ تولۇقلاپ ۋە بېيىتىپ ، ئۆزىگە خاس بىر سىستېما پەيدا قىلغان «تۆت تادۇ» ، «يەتتە يۇلتۇز» (يەتتە سەييارە) ۋە «ئون ئىككى بۇرج» (ئون ئىككى يۇلتۇز تۈركۈمى) ھەققىدىكى ساددا ئاستىرو - كوسمولوگىيىلىك قاراشلارنى ئاساسىي مەنبە قىلىپ ھەمدە شۇ ئاساستا ئېلىپ بارغان ئەمەلىي ئىزدىنىش ، تەتقىقاتلىرىنىڭ يەكۈنى سۈپىتىدە تۆۋەندىكىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ :

128 . «بۇ كۆكتەكى يۇلدۇز بىر ئانچا بەزەك
بىر ئانچا قۇلاۋۇز بىر ئانچا يەزەك

129 . بىر ئانچا يارۇتمىش خەلايىققا ئول
بىر ئانچا قۇلاۋۇز بۇلۇر يىتسە يول

130 . قايۇسى ئۆرۈرەك قايۇسى قودى
قايۇسى يارۇقراق قايۇ ئەكسۇدى

131 . بۇلاردا ئەڭ ئۈستۈن سەكەنتىر يورىر
ئىكى يىل سەكىز ئاي بىر ئەۋدە قالىر

132 . ئانىڭدا باسا بولدى ئىكىنچ ئوڭاي
بىر ئەۋدە قالىر ئون ئادىن ئىكى ئاي

133 . ئۇچۇنچى كۇرۇد كەلدى كۆكسۇن يورىر
قايۇقا بۇ باقسا ياشارمىش قۇرىر

134 . ياشىق بولدى تۆرتىنچ يارۇتتى ئاژۇن
ياقىشسا يارۇتۇر باقىشسا ئۆزۇن

135 . سەۋۇگ يۇز ئۇرۇندى بەشىنچى سەۋىت
سەۋە باقتى ئەرسە سەن ئۆزنى ئاۋىت

136 . باسا كەلدى ئارزۇ تىلەك ئارزۇلار
قايۇقا ياغۇشسا ئاڭار ئۆز ئۇلار

137 . بۇلاردا ئەڭ ئالتىن بۇ يالچىق يورىر
ياشىق بىرلە ئۆترۇ باقىشسا تولىر»

[ بۇ ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ بىر قىسمى بېزەك ،
بىر قىسمى يول كۆرسەتكۈچى ، بىر قىسمى كۆزەتكۈچىلەردۇر .
بىر قىسمى كىشىلەرگە يورۇقلۇق بېرىدۇ ،
بىرقىسمى يول كۆرسەتكۈچى ، ئۇنىڭدىن (كىشىلەر يول )تاپالايـ
دۇ .
بەزىلىرى يۇقىرىراق تۇرىدۇ ، بەزىلىرى تۆۋەن ،
بەزىسى يورۇقراق (بولسا ) ، بەزىلىرى خىرە .
بۇلاردىن ئەڭ يۇقىرىدا سەكەنتىر[①] ھەرىكەت قىلىدۇ ،
(ئۇ )ئىككى يىل سەككىز ئاي بىر (ئۆيدە )تۇرىدۇ .
ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى ، يەنى ئىككىنچىسى ئوڭاي[②] بولۇپ ،
ئۇ بىر (ئۆيدە )ئون ئىككى ئاي تۇرىدۇ .

---

① سەكەنتىر ــ زۇھەل (ساتۇرىن)يۇلتۇزى.
② ئوڭاي ــ مۇشتەرى (يۇپىتېر)يۇلتۇزى.

ئۇچىنچى بولۇپ كۇرۇد[①] كېلىدۇ ، ئۇ قەھرى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ ،
ئۇ قاياقىقا باقسا ، ياشارغان (نەرسىلەر )قۇرۇپ كېتىدۇ .
تۆتىنچىسى ياشىق[②] بولۇپ ، ئۇ جاھاننى يورۇتىدۇ ،
يېقىنلاشقاننى ، قارشىسىغا كەلگەن (نەرسىلەرنى )يورۇتىدۇ .
بەشىنچى سەۋىت[③] بولۇپ ، سۆيۈملۈك يۈزىنى ئاچتى ،
ساڭا كۈلۈپ باقسا ، ئۆزۈڭنى خۇشال تۇت .
كېيىن ئارزۇ[④] كېلىدۇ ، تىلەك ئارزۇلىغانلار
ئۇنىڭغا يېقىنلاشسا ، ئۆز تىلىكىگە يېتىدۇ .
بۇلارنىڭ ئەڭ تۆۋىنىدە يالچىق[⑤] ھەرىكەت قىلىدۇ ،
ئۇ ياشىق بىلەن قارىمۇقارشى بېقىشقاندا تولىدۇ .]

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۆز قىياسى ۋە ئەمەلىي كۆزىتىش تەجرىبىلىرىگە تايىنىپ ، ئاسماندىكى يەتتە سەييارىگە يەتتە خىل خاراكتېرىستىكا بەرگەن ھەمدە يەرنى مەركەز قىلىپ ھەربىر سەييارە ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقنى بىر پەلەك دەپ ئاتاپ ، «يەتتە پەلەك» ، «يەتتە قات ئاسمان »چۈشەنچىسىنى ئىلگىرى سۈرگەن . يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يۇقىرىقى بايانلىرىدا يەتتە سەييارىنىڭ يەرنى مەركەز قىلىپ جايلىشىش تەرتىپى ئېنىق ئىپادىلەنگەن .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «تۆت تادۇ »نى تەبىئەتنىڭ ئاساسى ، تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئاساسى ، تەبىئەتتىكى زىددىيەت ۋە بىردەكلىكنىڭ ئاساسى ، تەڭرىنىڭ تەبىئەتنى تۈزۈشىنىڭ ئاساسى دەپ قارايدۇ ھەمدە «تۆت تادۇ »ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ، «تۆت تادۇ »نىڭ ئۆز-

① كۇرۇد — مىرىخ (مارس)يۇلتۇزى.
② ياشىق — كۈن يەنى قۇياش.
③ سەۋىت — زۆھرە، چولپان (ۋېنېرا)يۇلتۇزى.
④ ئارزۇ — ئاتارۇد (مېركۇرىي)يۇلتۇزى.
⑤ يالچىق — ئاي.

ئارا زىددىيىتى ۋە بىرلىكى، «تۆت تادۇ»نىڭ تۆت پەسىل ۋە ئىنساندىكى تۆت مىجەز (تېمپېرامېنت)گە بولغان مۇناسىۋىتى، كىشىنىڭ روھىي ھالىتى ۋە كۆرگەن چۈشلىرىنىڭ «تۆت تادۇ»، تەبىئەتنىڭ تۆت پەسلى، ئادەم ئۆمرىنىڭ تۆت پەسلى ۋە ئادەمنىڭ تۆت مىجەزىگە ئاساسلىنىپ ئىزاھلىنىشى لازىملىقى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى كۆپلىگەن بېيىتلاردا بايان قىلىپ ئۆتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە خەلق ئارىسىدىكى ئاسترونومىيىلىك چۈشەنچىلەرگە ئاساسلىنىپ، يىلنىڭ ھەرقايسى پەسىللىرىدە ئاددىي كۆز بىلەنمۇ كۆرگىلى بولىدىغان ئاسمان گۈمبىزىدىكى يۇلتۇز تۈركۈمىنى 12 بۇرجقا، يەنى ھازىرقى زامان ئاسترونومىيىسىدە زودىياك دەپ ئاتىلىدىغان يۇلتۇز تۈركۈملىرىگە بۆلۈپ كۆرسەتتى ۋە يۇلتۇزلار تۈركۈملىرىنىڭ بىر - بىرىگە نىسبەتەن ئورۇن ئېلىشلىرى، مۇناسىۋەتلىرى، ئۇلارنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ، تەكرارلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا، ھەربىر بۇرجنىڭ بەلگىلىك ئاي، پەسىللەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ مۇنۇلارنى يازىدۇ:

«بۇلاردىن باشقا، ئون ئىككى بۇرج بار، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىككى «ئۆيلۈك»، بەزىلىرى بىر ئۆيلۈكتۇر. قوزى - باھار يۇلتۇزى، كېيىن ئۇد كېلىدۇ، ئەرەنتىر قوچىق بىلەن (بىر - بىرىگە) يېقىن يۈرىدۇ. قارا، ئارسلان بىلەن بوغدايباشى قوشىندۇر، كېيىن ئۇلگۇ، چايان بىلەن يانىڭ ھەمرىيى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئوغلاق، كۆنەك ھەم بالىقلار كېلىدۇ، بۇلار تۇغسا ئاسمان يورۇپ كېتىدۇ. بىلسەڭ (بۇلارنىڭ) ئۈچى ئەتىيازلىق، ئۈچى يازلىق يۇلتۇز، ئۈچى كۈزلۈك، يەنە ئۈچى قىشلىق يۇلتۇزدۇر. (ئۇلارنىڭ) ئۈچى ئوت، ئۈچى سۇ، ئۈچى شامال، ئۈچى تۇپراق بولۇپ، (شۇلار)دىن دۇنيا ۋە ئەللەر پەيدا بولغان.»[1]

---

① «قۇتادغۇبىلىك»، 138~143 - بېيىتلار.

بۇ بېيىتلاردىن «ئون ئىككى بۇرج» (ئون ئىككى يۇلتۇز تۇركۇمى)نىڭ پەسىللەرگە ئايرىلىش تەرتىپىنى مۇنداق چۈشەندۇرۇشكە بولىدۇ:

1. باھار: قوزى (ھەمەل - Овец)؛ ئۆي (ئۇد، سەۋر - - Телец)؛ ئەرەنتىر (قوشكېزەك، جەۋزا - - Близнецы)؛

2. ياز: كۈچىك (سەرەتان - - Рак)؛ ئارسلان (ئەسەد - - Лев)؛ بۇغدايباشى (سۇنبۇلە - - Дева)؛

3. كۈز: ئۈلگۈ (تارازا، مىزان - - Весы)؛ چايان (ئەقرەب - - Скорпион)؛ يا (قەۋس - - Стрелц)؛

4. قىش: ئوغلاق (جەدى - - Козорог)؛ كۆنەك (سوغا، دەلۋ - - Водолей)؛ بېلىق (ھۇت - - Рыбы)؛

بۇ تەرتىپ ۋە 143 - بېيىتتە بايان قىلىنغىنى بويىچە، باھار پەسلى ۋە ئۇنىڭغا تەئەللۇق يۇلتۇز تۇركۇملىرىنىڭ خاراكتېرىستىكىسى مېتېئورولوگىيە جەھەتتىن باھار پەسلىنىڭ سۇ تەبىئەتلىك، ياز پەسلىنىڭ ھاۋا تەبىئەتلىك، كۈز پەسلىنىڭ ئوت تەبىئەتلىك، قىش پەسلىنىڭ تۇپراق تەبىئەتلىك ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئاسمان جىسىملىرى (يۇلتۇزلار تۇركۇمى)نىڭ ئاسترو - كوسمولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئالەمنىڭ نېگىزى ھېسابلانغان «تۆت تادۇ» (تۆت زات)غا تەتبىقلاپ چۈشەندۇرۇش - - «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئالغا سۇرۇلگەن تەبىئەت دىئالېكتىكىسىنىڭ تۈپ يادروسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھال بىزگە ئەنە شۇ مەزگىللەردە ياكى ئۇنىڭدىن خېلىلا ئاۋۋال بىرقەدەر سىستېمىلاشقان ساددا دىئالېكتىكىلىق مەزمۇنغا ئىگە «يۇلتۇز كالېندارى»نىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.①

---

① ئابدۇكېرىم راخمان: «〈قۇتادغۇبىلىك〉 داستانىدىكى ئاسترونومىيىلىك قاراشلارنىڭ بىر قىسىم ئېتنولوگىيىلىك مەنبەلىرى». «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1989 - يىل 5 - سان، 44 - بەت.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئالەم قارىشىدىكى ساددا ماتېرىيالىزم ئىدىيىسى ئۇنىڭ ئىستىخىيىلىك دىئالېكتىكىلىق قارىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مۇتەپەككۇر شائىر ئۆز داستانىدا ئالدى بىلەن جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھەرقايىسى تەرەپلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا بىر - بىرىگە باغلىنىشلىق بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇ دۇنيا ۋە ھاياتنىڭ ماددا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغاندىن تاشقىرى، چەكسىز ئۆزگىرىشلەر جەريانىدا كونا نەرسىلەرنىڭ يوقىلىپ، يېڭى نەرسىلەرنىڭ ھامان غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ يېڭىلىق تەرەپدارى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.[1]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە شەيئىلەرنىڭ سىرتىغا ئەمەس ئىچىگە، ھادىسىگە ئەمەس ماھىيىتىگە قاراش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ، مۇنۇلارنى يازىدۇ:

5109. «تاشىن كۆرمەگىل سەن ئاي ئەلىگ كىشىگ
كىشىنىڭ ئىچىن كۆر ياشۇتلۇغ ئىشىگ

5110. نەچە كۆركلۈگ ئەرسە قاغۇن تاش يۈزى
يىدى يا بەدىزى يا مەڭزى تۆزى

5111. ئىچىندە تاتىغ بولماسا ئول قاغۇن
ئانى تاشتىن ئاتغۇ بولۇر ئاي سىغۇن

5112. نەگۈ تەر ئەشىت ئەمدى كۆڭلى ئودۇغ
ئىچىگنى بەزە تۇتما تاش سىر بودۇغ

5113. قامۇغ نەڭ كۆتۈرگۈسى ئىچتىن بولۇر

---

[1] «قۇتادغۇبىلىك»، 686 ~ 689 - بېيىتلار.

ئچى بولماسا تاش ياراماز قالۇر »

[ ئەي ئەلىگ ، سەن كىشىنىڭ سىرتىنىلا كۆرمە ،
كىشىنىڭ ئىچىگە - - ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئىشلىرىغا قارا .
قوغۇننىڭ سىرتقى پوستى قانچىلىك كۆركەم بولسىمۇ ،
پۈرىقى ، شەكلى ، رەڭگى (چىرايلىق كۆرۈنسىمۇ ) ،
ئىچىنىڭ تەمى بولمىسا ، ئۇ قوغۇن (بولمايدۇ ) ،
ئۇنى سىرتقا چۆرۈپ تاشلاش كېرەك ، ئەي سىغۇن .①
دىلى ئويغاق (كىشى )نىمە دەيدۇ ، ئاڭلا :
«ئىچىڭنى بېزە ، سىرتىڭنى بوياپ پارقىراتما ،
ھەممە نەرسىنىڭ ئۇلۇغۋارلىقى ئىچىدىن بولىدۇ ،
ئىچى (ياخشى )بولمىسا ، سىرتى ھېچنىمىگە يارىمايدۇ »]
يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۇنياغا تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىش نۇقتىئى-نەزەرى بىلەن قاراپ ھاياتلىق بىلەن ماماتلىقنىڭ تەبىئەت قانۇنىيىتى ئىكەنلىكىنى ، ئىنساننىڭ تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ، ئىنساننىڭ تۇغۇلماق ، كېسەل بولماق ، قېرىماق ۋە ئۆلمىكى تەبىئەت ھادىسىلىرىدىكى زىددىيەت ۋە ئۆزگىرىشنىڭ بىر خىل ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىللە ، ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىكى نۇرغۇن ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىش ، راۋاجلىنىش ۋە يوقىلىشىنىڭ تۈپكى سەۋەبىنى تېپىشقا ئۇرۇنغان .
مۇتەپەككۇر شائىر ئۆزىنىڭ ساددا ماتېرىيالىستىك ئىدىيىسىنى تەبىئەت ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىغا تەتبىقلاپلا قالماي ، يەنە ئۇنى جەمئىيەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ساھەسىگىمۇ تەتبىقلاپ ، ئۆزىنىڭ ئادىل دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت غايىۋى ئىدېئالى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەن . ئىنسانلارنىڭ بەختى ئۈچۈن تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ئور-

① سىغۇن - تاغ تېكىسى.

تاق تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تېپىپ چىقىش يولىدا ئىزدەنگەن مۇتەپەككۇر شائىر «تۆت تادۇ» تەبىئەتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى بولسا، ئادالەت، بەخت، ئەقىل (بىلىم) ۋە قانائەتتىن ئىبارەت تۆت خىل ئەخلاقىي پەزىلەت ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىيات قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسى بولىدۇ دەپ قارىغان.[1]

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۈپكى قارىشى ئىدېئالىزمغا مەنسۇپ. ئۇ دۇنيانىڭ يارىلىشىنى پۈتۈنلەي ئىلاھقا باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ، تەبىئەت بىلەن ئىلاھنى ئايرىلماس بىر پۈتۈن گەۋدە، ئىلاھ بىلەن تەبىئەت بىردەكلىككە ئىگە، ئىلاھ تەبىئەتتە گەۋدىلىنىدۇ، ئىلاھسىز ماددىي دۇنيا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ دەپ قارايدۇ ھەمدە ئىلاھنى تەبىئەت ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى، ئالەم ۋە تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىزاھلايدۇ. قىسقىسى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئىلگىرى سۈرگەن بىر قىسىم ئىستىخىيىلىك دىئالېكتىكىلىق قاراشلىرى ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ ئىدېئالىزمدىن ئىبارەت تۈپ قارىشى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن.

* * *

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا بىلىش بىلەن ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى، بىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئەڭ ئالىي شەكلى — ئەقىل ھەققىدە، بىلىم ۋە ئەقىل — پاراسەتنىڭ ئىنسان ھاياتى، ھاكىمىيەت ۋە جەمئىيەت ئىشلىرىدىكى رولى ھەققىدە بىر قاتار قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، مۇتەپەككۇر شائىرنىڭ بىلىشكە دائىر بۇ بىرقاتار قاراشلىرى داستاندا باشتىن — ئاخىر مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ، بىر نەزەرىيىۋى سىستېما تەشكىل

---

① ئەزىز نارىنبايېۋ: «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئالەم قارىشى ۋە ئۇنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1994 ـ يىل 3 ـ سان، 135 ـ ، 136 ـ بەتلەر.

قىلغان .

مەلۇمكى ، يۈسۈپ خاس ھاجىپقىچە روھىيەت مەسىلىسى پەلسەپە تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولۇپ ، گرېك پەيلاسوپلىرىدىن تارتىپ فارابىغىچە بولغان نۇرغۇن ئالىملار ئىنسانلار روھىي تۇرمۇشىدىكى سەزگۈ - ھېس ، تەسەۋۋۇر ، تەپەككۇر ، ئىرادە ، ھېسسىيات ، قىزىقىش قاتارلىق پسىخىكىلىق پائالىيەتلەر ؛ ئەقىل - پاراسەت ، ئۇقۇم ، چۈشەنچە ، ئىدراك ، چېۋەرلىك قاتارلىق پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر ۋە چۈشتىن ئىبارەت پسىخىكىلىق ۋە فىزىئولوگىيىلىك ھادىسە ھەققىدە ئۆزلىرى ۋەكىللىك قىلغۇچى پەلسەپىۋى ئېقىملار مەيدانىدا تۇرۇپ خىلمۇ - خىل نەزەرىيە ، تەلىماتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقانىدى . مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئەينى دەۋر پەلسەپە ساھەسىدە مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن يۇقىرىقى مەسىلىلەر ھەققىدە بىر قاتار قاراشلىرىنى ۋە شۇ ئاساستا ئۆزىنىڭ بىلىش نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، مۇلاھىزە ئېلىپ بارىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئوتتۇرىغا قويغان بىرقاتار مەسىلىلەردە ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى بىلىشتىن ، يەنى ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ئۆز مېڭىسىدىكى ئىنكاسىدىن ئىزدەلگەن ، ئۇ ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى دەپ ئوتتۇرىغا قويغان بىرقاتار نەرسىلەر ئىدىيىۋى ، روھىي نەرسىلەر بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ بىلىش ساھەسىدە ئاڭنىڭ كېلىپ چىقىشى ، ماھىيىتى ، ئەقىل - ئىدراك بىلەن بىلىمنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى رولى قاتارلىق مەسىلىلەردە بەزى ئىلغار قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان . ئۇنىڭ بىلىش نەزەرىيىسىدە مەلۇم ماتېرىيالىستىك خاھىشلارمۇ مەۋجۇت بولۇپ ، بۇ ئۇنىڭ بىلىم ، ئەقىل - ئىدراك ھەققىدىكى مۇلاھىزىلىرىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان .

ئادەمنىڭ پسىخىكىلىق پائالىيىتى دۇنيادىكى ئەڭ مۇرەككەپ

ھادىسىلەردىن بىرى ، بۇ خىل ھادىسىنى قول بىلەن تۇتقىلى ، كۆز
بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ . شۇڭا ، كىشىلەر بۇ مۇرەككەپ ھادىسىلەر-
نى ساددا سۇبيېكتىپ تونۇشقا تايىنىپ ، ئۇنى «ئىلاھىي روھنىڭ
كارامىتى» دەپ چۈشىنىشتى ۋە چۈشەندۈرۈشتى . پەلسەپە تارىخىدا
كۆپلىگەن پەيلاسوپلار يۈرەكنى ئادەمنىڭ پسىخىكىلىق پائالىيەت مەر-
كىزى دەپ تونۇشتى ۋە مىڭزىدىن تارتىپ ئارىستوتېلغىچە بولغان
پەيلاسوپلارنىڭ ھەممىسى يۈرەكنى تەپەككۇر قىلىدىغان ئورگان دەپ
قارىدى . ئېنىقكى ، مېڭە تەپەككۇر ئورنىمۇ ، ئەمەسمۇ دېگەن مەسىلە
تارىختىن بويان پەيلاسوپلار تالاش - تارتىش قىلىپ كېلىۋاتقان نۇقتى-
لىق مەسىلە بولۇپ كەلدى .
«قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى ئوقۇغىنىمىزدا ، پسىخىكىنىڭ فى-
زىئولوگىيىلىك ئورنى ھەققىدىكى بۇ پەلسەپۋى مەسىلىنىڭ يۈسۈپ
خاس ھاجىپنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىمۇ خېلى ئىزدىنىشلەرنى قوزغاتقاز-
لىقىنى ھېس قىلىمىز . مۇئەللىپ كۈنتۇغدى ئېلىگ تىلىدىن ئۆگدۈل-
مىشكە مۇنداق سوئال قويىدۇ :
1833 . «ئۇقۇشۇغ ئايىرتىڭ بىلىكتە ئۆڭى
نەگۇ تەگ تۇرۇر ، ئاي سۆزۈڭنۈڭ ئوڭى

1834 . نەگۇ ئول ئۇقۇش ئورنى قايدا تۇرۇر
قايۇدىن قوفار قوپسا قايدا بارۇر»

[ ئىدراك بىلەن بىلىمنى باشقا - باشقا ئايرىدىڭ ،
سۆزۈڭنىڭ مەنىسى قانداق ، بۇنى ئېيتقىن .
ئىدراك نېمە ، ئۇنىڭ ئورنى قەيەردە ،
ئۇ قەيەردىن چىقىپ ، قەيەرگە بارىدۇ ؟]
مۇئەللىپ ئارقىدىن ئۆگدۈلمىش تىلى بىلەن بۇ مەسىلىگە مۇن-
داق جاۋاب بېرىدۇ :

1835 . «يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى ئۇقۇش
ئاغىر نەڭ تۇرۇر ئول كىشكە كۆسۈش

1836 . ئۇقۇش ئورنى ئۇستۇن مەڭەدە تۇرۇر
ئاغىر نەڭ ئۇچۇن ئورنى باشتا ئەرۇر

[ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ ، دېدى :
ئىدراك كىشى ئۈچۈن ئەزىز (ۋە)قىممەتلىك نەرسىدۇر ،
ئىدراكنىڭ ئورنى ئۇستۇنكى مېڭىدە بولىدۇ ،
(ئۇ)قەدىرلىك نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈن ئورنى باشتا بولىدۇ .]
يۈسۈپ خاس هاجىپ گەرچە ئەقىلنى ، ئۇ تەبىئىي بولىدۇ (1825 - بېيىت) ، كىشى ئۆگىنىپ ئىلىم تاپالىسىمۇ ، هەرقانچە ئۆگەنگىنى بىلەن ئەقىل تاپالمايدۇ (1827 - بېيىت) ، ئەقىللىق بولۇش خۇدادىن بولىدۇ (1828 ، 1829 - بېيىتلار) دەپ مەسىلىنى پەلسەپە نۇقتىسىدىن ئەمەس ، بەلكى ئۆلچەملىك سۈننىي ئەدەبىياتى ئۇسلۇبى بويىچە[1] تولىمۇ ئاددى ، ئىدېئالىستىك فورمىلار بويىچە چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ ، لېكىن تەجرىبىگە تايىنىپ ۋە ئۆگىنىش ئارقىلىق ئېرىشكەن بىلىمنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىن چەكسىز بولىدىغانلىقىنى ، بىلىمنىڭ ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى بۈيۈك رولى ۋە هاياتىي كۈچىنى كۆپلىگەن مىسرالاردا ئالاھىدە تەرىپلىدى . ئۇ ئەقىل بىلەن بىلىمنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ قارىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئادەم پسىخىكىسىنىڭ تەرەققىيات ئاچقۇچى بولغان بىلىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ ، ئەقىلنى بىلىم ئارقىلىقلا نۇرلاندۇرغىلى ۋە كامالەت چوققىسىغا ئېلىپ چىققىلى بولىدىغانلىقىنى كۆپ قېتىم تەكىتلىدى ۋە شۇ ئاساستا داستاندىكى 3 - شەخس ئۆگدۈلمىش ئوبرازىنىڭ

---

① روبېرت دانكوۋ: يۇقىرىدا ئېيتىلغان ماقالە، 13 - بەت.

قىممىتىنى نامايان قىلدى .

152 . «بىلىكنى بەدۆك بىل ئۇقۇشنى ئۇلۇغ
بۇ ئىكى بەدۇتۇر ئۇدۇرمىش قۇلۇغ

154 . ئۇقۇش قايدا بولسا ئۇلۇغلۇق بۇلۇر
بىلىك كىمدە بولسا بەدۇكلۇك ئالۇر

1840 . قاراڭقۇ ئەۋ ئول بۇ كىشى تۇن سانى
ئۇقۇش بىر يۇلا تەگ يارۇتۇر ئانى

1841 . ئۇقۇشتىن كەلۇر كۆر قامۇغ ئەدگۇلۇك
بىلىكىن بەدۇر ئەر بولۇر بەلگۇلۇك

1842 . بۇ ئىكى بىلەن بولدى يالڭۇق ئۇلۇغ
بۇ ئىكىن ئۇڭارۇر كۆنىلىك يولۇغ

1843 . بىلىكىن سەچىلدى كىشى يىلقىدىن
بىلىكدە بەدۇكرەك نەگۇ بار ئادىن»

[بىلىمنى بۈيۈك ، ئىدراكنى ئۇلۇغ (نەرسە) دەپ بىل ،
بۇ ئىككىسى خىللانغان قۇل (بەندە) نىڭ مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرىدۇ .
قەيەردە ئىدراك بولسا ، ئۇلۇغلۇققا ئېرىشىدۇ ،
بىلىم كىمدە بولسا ، ئۇ بۈيۈكلۈككە ئىگە بولىدۇ .
ئادەم گويا تۈندەك قاراڭغۇ ئۆي بولسا ،
ئىدراك ئۇنى يورۇتقۇچى مەشئەلدۇر .
بارلىق ياخشىلىقلار ئىدراكتىن كېلىدۇ ،

بىلىم بىلەن ئەر يۈكسىلىپ مەشھۇر بولىدۇ .
بۇ ئىككىسى بىلەن ئىنسان ئۇلۇغ بولىدۇ ،
بۇ ئىككىسى ئادالەت يولىنى ئاچىدۇ .
كىشى بىلىمى بىلەنلا ھايۋاندىن پەرقلىنىدۇ ،
بىلىمدىنمۇ يۈكسەكرەك يەنە نىمە بار ؟]

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەزىرىدە ئىنساننىڭ ئىنسان بولۇپ تۈرۈشى ۋە مەنىۋى كامالەتكە يېتىشى ئۈچۈن ئەقىل ـ ئىدراك (ئۇ- قۇش ) ، ئەخلاق ـ پەزىلەت (ئەردەم ) ۋە بىلىم (بىلىك ) دىن ئىبا- رەت ئۈچ شەرتنى ھازىرلىشى كېرەك . بۇ شەرتلەرنى ھازىرلىمىغانلار ئىنسانلىق لاياقىتىگە توشمايدۇ ، ھايۋان ھېسابلىنىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىمنىڭ ئىنسان ئەقىل ـ پاراسىتى ، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى بۈيۈك رولى ۋە ھاياتىي كۈچىنى ناھايىتى يۇقىرى باھالىدى ، شۇنداقلا ئۇنى ئۆز ئەسىرىنىڭ مەركىزىي نۇقتى- سى ، باش تېمىسى ئورنىدا قويىدى .

مۇتەپەككۇر شائىر ئادەم تۇغۇلۇش بىلەنلا بىلىملىك بولمايدۇ ، بىلىم ئىرسىيەت ئارقىلىق قولغا كەلمەيدۇ ، بەلكى بىلىم ئۆگىنىش ، تەربىيە ۋە كۈندىلىك ئەمەلىي تۇرمۇش جەريانىدا تەدرىجىي جۇغلىنىدۇ دەپ قارايدۇ :

1681 . «ئانادىن تۇغۇلغى بىلىكسىز تۇغار
بىلىك ئۆگرەنۈر ئۆترۇ تۆركە ئاچار

4021 . توغا بىلگە توغماز كىشى ئۆگرەنۈر
توغا سۆزلەمەز تىل تۇرۇ سۆزلەنۈر

4022 . كىشى ئۆگرەنىپ ئۆترۇ بىلگە بولۇر
بىلىك بىلسە ئۆترۇ قامۇغ ئىش ئۆنۈر»

[ئاندىن تۇغۇلغان بىلىمسىز تۇغۇلىدۇ
بىلىم ئۆگىنىپ ئاندىن تۆرگە چىقىدۇ .
كىشى تۇغۇلىشىدا دانا تۇغۇلمايدۇ ، ئۆگىنىدۇ ،
تىلمۇ تۇغۇلىپلا سۆزلىمەيدۇ ، كېيىن سۆزلەيدۇ .
كىشى ئۆگىنىپ ئاندىن دانا بولىدۇ ،
بىلىمنى بىلسە ئاندىن ھەممە ئىش ئۇنۇملۇك بولىدۇ .]

يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە ئىلگىرى سۈرگەن بىلىم ۋە تەربىيىلىنىشكە دائىر قاراشلىرى تۆۋەندىكى بىرقانچە مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ :

بىلىم — كۈچ . دۇنيادىكى ھەرقانداق قىيىن - مۈشكۈللەر ، ئېچىلمىغان سىر - ھېكمەتلەر بىلىم ئارقىلىق ئېچىلىدۇ .

بىلىم — كىشىنى بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان مەنىۋى قورال . كىشىلەر بىلىم ئارقىلىق كۆزلىگەن مەقسەت ، ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يېتەلەيدۇ . بىلىملىك بولۇش — بەختكە ئېرىشىشنىڭ يولى ، ئىنسان قەدىر - قىممىتىنىڭ ئاساسى ، كىشىلەر بىلىم ئارقىلىق ئۆز قەدىر - قىممىتىنى تاپالايدۇ ، ئىززەت - ھۆرمەتكە ئېرىشەلەيدۇ ، بىلىم ئەھلى ئەزىز بولىدۇ .

بىلىم — مەنىۋى ھاياتنىڭ ئوزۇقى . كىشىلەر بىلىم ئارقىلىق ئۆزىگە سىرداش دوست ، ھەمراھ ، توغرا يول تاپالايدۇ .

بىلىم — ئادەمنى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرىدىغان تۈپكى بەلگە . ئاندىن تۇغۇلۇپ ، ئۈستىگە كىيىم - كېچەك كىيىۋالغانلارنىڭ ھەممىسىنىلا ئادەم دېگىلى بولمايدۇ ، بەلكى ئۇلار ئىچىدىكى بىلىملىكلەرلا (ئۆگەتكۈچى ، ئۆگەنگۈچىلەر ) ئادەملىك لاياقىتىگە توشىدىغانلار بولۇپ ، قالغانلار تۆت پۇتلاپ مېڭىشتىن ئىككى پۇتلاپ مېڭىشقا ئۆزگەرگەن ھايۋانلاردۇر .

بىلىم — ئىنسان ھاياتىدىلا ئەمەس ، بەلكى پۈتۈن دۆلەت ، جەمئىيەت ھاياتىدىمۇ مۇھىم سىياسىي ، ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئى-

گە . ئالدى بىلەن ھۆكۈمدارلار بىلىملىك بولۇشى ، ئەقىل ، ئىلىم ۋە زېرەكلىك كۈچى بىلەن ئېلىنى باشقۇرۇشى كېرەك .

پۈتۈن جەمئىيەت بىلىمنى بۈيۈك بىلىپ ، ئەقىل ـ پاراسەتنى قەدىرلىشى كېرەك ، بىلىملىكلەرنى تاللاپ ئىشقا قويۇش ، ھاكىمىيەت خىزمىتى ۋە ھەر دەرىجىلىك ۋەزىپىلەرگە مەخسۇس تەربىيە كۆرگەن بىلىملىك ، پەزىلەتلىك كىشىلەر قويۇلىشى كېرەك .

دۇنيادىكى جىمى ياخشى ئىشلار بىلىم ئارقىلىق بولىدۇ . جىمى ياخشى خىسلەتلەر تەربىيىلىنىش ، ئىلىم ئۆگىنىش نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدۇ .

ئىنسان دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن قىلىدىغان بىرىنچى ئىشى ئوقۇش ، ئۆگىنىش ، بىلىم ئېلىش بولۇشى كېرەك ، پەرزەنتلەرنى كىچىكىدىن تارتىپلا تەربىيىلەشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك ، كىشىلەرنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشىدا تەربىيىلەش ـ تەربىيىلىنىش مۇھىم رول ئوينايدۇ .

بىلىملىك كىشىلەر تېنى ساق ئادەمگە ، بىلىمسىز كىشىلەر بىمارغا ، قارىغۇغا ئوخشايدۇ . پەقەت بىلىملا كىشىنى ئاغرىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ ، ھاياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ ، كۆزىنى ئاچىدۇ .

ھەممە پۇقرالار بىلىم ئېلىشى ، تەربىيىلىنىشى كېرەك ، دۆلەتنى تۇتۇشقا ، خەلقنى باشقۇرۇشقا ئېپى بار كىشىلەر تەربىيىلەش ۋە تەربىيىلىنىش ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ . ھەربىر كىشى ئۆز كەسپىگە دائىر بىلىملەرنى تولۇق ئىگىلىشى ، ئۆز كەسپىدە مەخسۇسلىشىشى ، ماھىر بولۇشى كېرەك .

كىشىلەرنىڭ بىلىمى بىلەن ئەخلاقىي پەزىلىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك . ئادەمنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ئۇنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتىگە باغلىق . ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە بولۇش ئۈچۈن يۇقىرى بىلىم سەۋىيىسىگە ئىگە بولۇش كېرەك .

ئەخلاقسىزلىق ـــ ئەمەلىيەتتە بىلىمسىزلىكتۇر .

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىلىمنى قەدىرلەش، بىلىملىكنى ھۆر-مەتلەشتىن ئىبارەت قاراشلىرىنىڭ يىلتىزى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بىلەن باغلىنىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا بىلىم ئىنتايىن قەدىرلەنگەن، دۆلەت ئىگىسى، خەلق باشچىلىرىنىڭ بىلىملىك بولۇشى تەلەپ قىلىنغان. «بىلگە» سۆزى ھۆكۈمرانىنىڭ ئالىي سۈپىتى، نامى قىلىنغان. ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى نەمۇنىلىرىدىن بولغان ئورخۇن يادنامىلىرىدىن بىلىملىك كىشىلەرنىڭ دۆلەتنى تۈزەپ، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرغانلىقى ۋە روناق تاپتۇرغانلىقى، بىلىمسىزلىكنىڭ دۆلەتنى، مىللەتنى، خەلقنى زەئىپلىك، مۇتەرز، يوقىلىشقا ئېلىپ كەلگەنلىكىگە دائىر بايانلارنى كۆپلەپ ئۇچرىتىش مۇمكىن.

«قۇتادغۇبىلىك» تە «كىشىلىك» (ئادىمىيلىك) ھەققىدە يېزىلغان بېيىتلارمۇ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، ئىنساننىڭ ماھىيىتى «كىشىگە كىشىلىك بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش»، «كىشىگە كىشىلىك قىلىش». ئەنە شۇنداق كىشىلا «كىشى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كىشىلىك (ئادىمىيلىك) مەسىلىسىنى ئۆز ئەسىرىدە قانچىلىك مۇھىم ئورۇنغا قويغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ:

1596. «كىشىلىكنى قودما ئاي ئەسلى كىشى
كىشىلىك قىلۇ تۇر كىشىكە تۇشى

1600. كىشىلىك ئۇچۇن ئات ئۇرۇندى كىشى
كىشىلىك بىلە ئات كۆتۈردى كىشى

5787. نەگۇ تەر ئەشتگىل كىشى ئەدگۈسى
كىشىلىك بولۇر چىن كىشى بەلگۈسى

5788 . كىشىلىك قىل ئاي ئەر كىشى بول ئۇلۇغ
كىشى مۇنداغ ئۇردى كىشىلىك يولۇغ

5789 . كىشى بول كىشىكە كىشىلىك قىلىن
كىشى ئاتى ئۆگدى ئۆزۈڭكە ئالىن

5893 . كىشىكە يانۇت قىل كىشىلىك تەڭى
يانۇتلۇغ ئۇچۇن ئات ئۇرۇندى كىشى »

[ كىشىلىكنى تاشلىما ، ئەي ئىپىل كىشى ،
كىشىگە دائىم كىشىلىك قىلىپ تۇر .
كىشىلىك قىلغانلىقى ئۇچۇن (ئادەمگە )كىشى دېگەن نام بېرىل-
گەن ،
كىشىلەر كىشىلىك بىلەن نامىنى يۇكسەلدۇرگەن .
كىشىلەرنىڭ ياخشىسى نېمە دەيدۇ ، ئاڭلا :
«چىن كىشىنىڭ بەلگىسى ئادەمگەرچىلىك قىلىشتۇر .
ئەي يىگىت ، ئادەمگەرچىلىك قىل ، ئۇلۇغ كىشى بول ،
كىشىلىك يولىنى ئادەم ئەنە شۇنداق تۇتۇش كېرەك .
كىشىگە ئادەمگەرچىلىك قىلىپ ھەقىقىي ئادەم بول ،
ئۆزۈڭگە ئادىمىي ، دېگەن ماختاشلىق نامىنى ئال .»
كىشىگە ئادەمگەرچىلىكىگە مۇناسىپ جاۋاب قايتۇر ،
(ئەنە شۇنداق )جاۋابلىق بولغىنى (ئۇچۇن )كىشىگە ئادەم دېگەن
نام بېرىلگەن .]
دەپ خىتاب قىلىش ئارقىلىق ، ئادەملەرنى «ئادەم» دېگەن بۇ
ئۇلۇغ نامغا مۇناسىپ بولۇشقا چاقىرىدۇ .
يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ھايات (تىرىك-

لىك ) ھەققىدە :

232 . «تىرىكلىكنى مۇن قىل ئاسىغ ئەدگۈلۈك
يارىن بولغا ئەدگۈ يەگۈ كەدگۈلۈك

3313 . تىرىگ بولسا يالڭۇق تىلەكىن بۇلۇر
تىلەك بۇلغۇقا مۇن تىرىگلىك بولۇر

3315 . تىرىگلىك تىلەگىل تىلەمە تىلەك
تىلەك بۇلغۇقا بۇ تىرىگلىك يۆلەك»

[ھاياتىڭنى سەرمايە قىلغىن ، (ئۇنىڭ)پايدىسى - - ياخشىلىق-
تۇر ،
بۇ ئەرتە ـــ ئاخىرەتتە ياخشى يېگۈلۈك ۋە كىيگۈلۈك بولىدۇ .
«ئىنسان تىرىك بولسا تىلىكىگە يېتىدۇ ،
تىلەككە يېتىش ئۈچۈن ھاياتلىق بىر سەرمايىدۇر .»
ھاياتلىقنى تىلە ، ئارزۇنى تىلىمە ،
ئارزۇغا يېتىش ئۈچۈن ھاياتلىق يۆلەكتۇر .]
يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ھايات (تىرىكلىك ) ھەققىدىكى
يۇقىرىقى بايانلىرىدا تىرىكلىكتىن ئىبارەت بۇ دەسمايە بولغىنىدىلا ،
ئىنسان بارلىق ماددىي ، مەنىۋى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ ،
جەمئىيەت ئۈچۈن بايلىق يارىتالايدۇ ، دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرد-
دۇ . ئۇ 692~693 ، 1210~1214 ـ بېيىتلاردا ھاياتلىق يەر
يۈزىگە پەيدا بولۇشى بىلەنلا ئۆلۈم بىخىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئەگەشتۈ-
رۈپ كېلىدۇ ، ئىنسان ئۆمرى مەلۇم مەزگىلگە يەتكەندە ھاياتلىق
ئۆلۈمگە ئۆزگىرىدۇ دېگەندىن كېيىن ، 1139~1140 ، 1177~
1200 ۋە 1385~1389 ـ بېيىتلاردا ھايات بىلەن ئۆلۈمنىڭ دىئا-
لېكتىكىلىق مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختىلىپ ، ئۆلۈم تۇۋى يوق دې-

ئبز ، ئۆلۈمنى مال - دۇنيا ، ئىلىم - ھېكمەت بىلەن توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ ، ھايات - كارۋاننىڭ يول ئۈستىدىكى قونالغۇسىدەك ۋاقىتلىق نەرسە ، ئۆلۈم ھەرقانداق ھاياتلىق ئۈستىدىن ئاخىرقى ھېسابتا غالىب كەلگۈچى مۇتلەق نەرسە دېگەن يەكۈنگە كېلىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھاياتلىق ۋە ئۆلۈم ھەققىدىكى قاراشلىرىنى شەيئىلەر مۇناسىۋىتىدىكى نىسبىيلىك ۋە مۇتلەقلىق چۈشەنچىسى بىلەن باغلايدۇ . ئۇ يەنە 4710~ 4719 ، 4833~ 4839 - بېيىتلىردا ئۆلۈمنىڭ ئۆز بايلىق ، قۇدرىتى بىلەن ماقتىنىپ جاھانغا پاتماي قالغان شەددات ، نەمرۇت ، پىرئەۋنغا ئوخشاش پادىشاھلار ، دۇنيانىڭ زور بىر قىسمىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغان تويماس ئىستېلاچى ئالېكساندىر ماكېدونىسكىي ، كۆپ خىل مۆجىزە كۆرسەتكەن مۇسا پەيغەمبەر ، يەر يۈزىدىكى پۈتۈن پەرى ، جىن - شاياتۇنلار ، ھاياتلىقنىڭ پادىشاھى سۇلايمان پەيغەمبەر ، خۇدانىڭ بەندىلەر ئارىسىغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى مۇھەممەد پەيغەمبەر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتۈش ئارقىلىق ، تىرىك ياشاۋاتقان ھەربىر ئىنسانىنى ھاياتنىڭ قەدىر - قىممىتىگە يېتىپ ، ئۇنى بىھۇدە - بوش ئۆتكۈزۈۋەتمەي ، چەكلىك ھاياتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ ئىنسانلىق بۇرچىنى ئادا قىلىشقا ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ ، ئۆز ھاياتىدىن ياخشى ئىز قالدۇرۇشقا چاقىرىدۇ :

1323 . «ئۆلۈمۈگ ئۇنىتما ئانىق تۇر ساقىن
ئۆزۈڭنى ئۇنىتما تۇپۇنكە باقىن

1333 . تىرىگلىك ياۋاقىلما ئەدگۇ قىلىن
كەچەر كۈن ئىچىندە كەرەكىڭ ئالىن

5161 . كۆسۈش تۈن تىرىگلىك كەرەك ئىشكە ئىد
ئۆلە نەڭ كىشكە مۇيان ئۆزكە تىد»

[ئۆلۈمنىڭنى ئۇنتۇما ، دائىم تەييار تۇر ، ئويلان ،
ئۆزۈڭنى ئۇنتۇما ، ئەسلىڭگە نەزەر سال .
هاياتىڭنى بوشقا ئۆتكۈزمە ، ياخشى ئىشلارنى قىل ،
ئۆتۈۋاتقان كۈنلەردە ئۆزۈڭگە كېرەكلىكنى قىلمۋال .
تىرىكلىكنى قەدىرلە ، زۆرۈر ئىشلارغا سەرپ قىل ،
كىشىلەرگە ساخاۋەت قىل (مال بەر ) ، ساۋابلىق تاپ .]
چۈش — ھەرقانداق كىشىدە بولىدىغان ۋە كىشىلەر ئىرادىسىغا بېقىنمىغان هالدا يۈز بېرىدىغان بىر خىل مۇرەككەپ پسىخولوگىيە-لىك ھەم فىزىئولوگىيىلىك پائالىيەت شەكلى . تارىختىن بويان ئۇي-غۇرلاردا بۇ سىرلىق پائالىيەت توغرىسىدا كۆپلىگەن ئوخشاشمىغان چۈشەنچىلەر بارلىققا كەلگەن بولۇپ ، بۇ چۈشەنچىلەر ئۇلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى دىنىي ئېتىقادى ۋە تەقدىرچىلىك قارىشى بىلەن زىچ باغلانغا-نىدى .
يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا چۈش توغرىسىدا مەخسۇس 4 باب ئاجرىتىپ ، ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ . ئۇ باشتىلا چۈشنى تەقدىرگە باغلاپ چۈشىنىشتەك دىنىي خۇراپات قارىشىغا رەددىيە بېرىپ ، چۈش كۆرۈشنىڭ ئىنساندىكى بىر نورمال ھادىسە ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ :
5986 . «يانۇت بەردى ئودغۇرمىش ئايدى سەبەب
ئۆلۈمۈگ تۈشۈمدە يارۇق قىلدى رەب

5987 . تۈشەدىم تۈشۈمدىن ئاچىلدى ماڭا
ئۆلۈرۈم ئۇقۇلدى ماڭا ، ئەي توڭا

5988 . بايات ئەدگۈ ئەسىز يورىتسا قەزا
يورىتار ئانى ياتسا تۈنلە ئۇدا

5989 . يانۇت بەردى ئۆگدۈلمىش ئايدى بۇ سۆز
يەمە ئەدگۇ ئەرمەز ئايا كۆڭلى تۈز

5990 . ئۆلۈر ئەرسە ئىگىلەپ كىشى تەگمە ئىگ
كىشى قالماغاي ئەردى يەردە تىرىگ

5992 . تۇشەر ئۆك كىشى تۇش ئۇدسا ياتىپ
ئانى يۆرگۈچلەر يۆرەر ئۇز ئەتىپ»

[ئودغۇرمىش جاۋاب بېرىپ دېدى : (بۇنىڭ )سەۋەبى شۇكى ،
ئۆلۈمنى رەببىم چۈشۈمدە بايان قىلدى .
كۆرگەن چۈشۈمدىن ماڭا روشەن بولدى ،
ئۆلۈمىم مەن ئۈچۈن چۈشىنىشلىك بولدى ، ئەي پالۋان .
خۇدا ياخشى - يامانلىقنى ، قازانى بىلدۈرمەكچى بولسا ،
ئۇيقۇدا ياتقاندا چۈشىدە ئايان قىلىدۇ .
ئۆگدۈلمىش جاۋاب بېرىپ دېدى : بۇ سۆز
ئانچە ياخشى ئەمەس ئەي كۆڭلى تۈز ،
كىشى كېسەل بولۇش بىلەنلا ئۆلىدىغان بولسا ،
يەر (يۈزى )دە تىرىك ئادەم قالمىغان بولاتتى .
ئادەم يېتىپ ئۇخلىسىلا چۈش كۆرىدۇ ،
ئۇنى ئۆرىگۈچىلەر ياخشىلىققا (قارىتىپ )تەبىر بېرىدۇ .]

ئۇ ئارقىدىنلا چۈشكە تەبىر بېرىشنىڭ ئۆزى بىر ئىلىم ئىكەنلىـ
كىنى (5993 ، 5997 ۋە 6000 - بېيىتلار ) ئېيتىپ ، چۈشنىڭ
سەۋەبىنى كىشىنىڭ مىجەز - خاراكتېرى ، ھاياتىنىڭ دەۋرلىرى ، تەن
سالامەتلىكى ، تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى ، ئوي - خىيالى ، خاھىشى ،
كەسىپ - ئورنى قاتارلىق ئىندىۋىدۇئال تەرەپلەرگە باغلاپ چۈشەندۈ-

رىدۇ ھەمدە چۈشكە تەبىر بېرىشتە كىشىنىڭ ئەنە شۇ تەرەپلىرىنى تولۇق ھېسابقا ئېلىپ، ئىلمىي، توغرا ۋە ياخشى تەبىر بېرىش كې‐رەكلىكىنى (6003 ‐ بېيىتتىن 6018 ‐ بېيىتكىچە ۋە 6023، 6024، 6028 ‐ بېيىتلار) بايان قىلىدۇ.

لېنىن: «تارىختا ئۆتكەن ئەربابلارنىڭ كۆرسەتكەن تارىخىي تۆھ‐پىلىرى توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارغاندا، ئۇلارنىڭ ھازىرقى زامان تەلەپلىرىگە توغرا كېلىدىغان نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرەلىگەنلىكىگە قاراپ ھۆكۈم چىقىرىلمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئۆتكەن كىشىلەرگە قارىغاندا قانداق يېڭىلىقلارنى يەتكۈزۈپ بېرەلە‐گەنلىكىگە قاراپ ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ»[1] دېگەنىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرگەن، ئۆز دەۋرى ئۈچۈن ئېيتقاندا زور ئىجابىي ۋە ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىرقاتار قاراش، نەزەرىيە ۋە تەشەببۇسلىرى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ زور قىممىتىنى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ يېتىلگەن مۇتەپەككۇر شائىرى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

## «قۇتادغۇبىلىك» تىلى

تىلشۇناسلىق ئىلمىدا «قاراخانىيلار تىلى» دەپ ئاتالغان تىلنىڭ ئۇيغۇر، تۈركېش، ياغما ۋە قارلۇق قەبىلىلىرى ئىچىدە شەكىللەنگەن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەدەبىي تىلى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ يېزىق سەۋىيىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئورتاق بولغان ئالامەتلەرنى ساقلاپ قالغانلىقى مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، «قۇتادغۇبىلىك» تىلىنىڭ ئەنە شۇ ئەدەبىي تىلنىڭ تىپىك نەمۇنىسى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلىدۇ.

مەلۇمكى، بەلگىلىك ئەدەبىي تىل شۇ ئەدەبىي تىل بىلەن مۇنا‐سىۋەتلىك بولغان خەلقلەرنىڭ ئېتنىك ۋە تېررىتورىيە جەھەتتىكى

---

① «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 2 ـ توم، 150 ـ بەت.

يېقىنلىقىدىن كېلىپ چىققان ئورتاقلىقىدىن باشقا ، مۇھىمى ، ئەنە شۇ خەلقلەر مەدەنىيىتىدە ئاساسىي ۋە يېتەكچى ئورۇن تۇتقان مىللەتنىڭ تىلىنى ئۆزىگە ئالدىنقى بەلگە قىلغان ھالدا شەكىللىنىدۇ . قاراخانىي- لار سۇلالىسى دەۋرىدە خاقانىيە ئۆلكىسىدە ياشاۋاتقان خەلقنىڭ جانلىق تىلى ئاساسىدا ، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋاسى- تىسى بىلەن قېلىپلاشتۇرۇلۇپ ، «خاقانىيە تىلى» دەپ ئاتالغان مەز- كۇر ئەدەبىي تىلنىڭ يادىكارلىقى بولغان «قۇتادغۇبىلىك» تىلىنى تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىش ، بۇ ئەدەبىي تىلنىڭ ئەينى دەۋردە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسى ـ خاقانىيىدە ياشىغۇچى مىللەت ، خەلقلەردىن قايسىسىنىڭ جانلىق تىلىدىن قېلىپلاشتۇرۇلغان ئەدەبىي تىل ئىكەنلىكىنى ئىسپات- لاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

تىل جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ ، ئۆز- گىرىدۇ . مۇنداق ئۆزگىرىش ئۇنىڭ ئۆز ئىچكى تەرەققىيات قانۇنى بويىچە بولىدۇ . شۇنداقلا ، تىلنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىدىن فونېتىكا ۋە گراماتىكىدا بولىدىغان ئۆزگىرىش لېكسىكا قىسمىغا قارىغاندا ئاستىراق بولىدۇ .

تارىخىي سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇلىنىڭ پېشۋاسى مەھمۇد قەشقەرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۆلچەملەر بويىچە «قۇتادغۇ- بىلىك» تىلىنى دىئاخرونىك نۇقتىسىدىن ئورخۇن يادىكارلىقلىرى تىلى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىق يادىكارلىقلىرى تىلى بىلەن بولغان باغلىنىشى ، سىنخرونىك نۇقتىسىدىن ئۇنىڭ ئۈچ تەركىبىي قىسمى ، بولۇپمۇ ، فونېتىكا ، ۋە گراماتىكا قىسمىغا ئالاھىدە دىققەت قىلغان ھالدا تەكشۈرگەندە ، بۇ تىللار ئارىسىدىكى بىردەكلىك ناھايىتى رو- شەن ھالدا گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ، «قۇتادغۇبىلىك» تىلى لېكسىكىسىدىكى بىر قىسىم ئىسلام دىنى ۋاسىتىسى بىلەن قوللىنىلغان سۆزلەرگە قاراپلا ئۇنى ئورخۇن دەۋرى ئۇيغۇر تىلىدىن

ئايرىپ قاراش توغرا ئەمەس . ئەگەر ئورخۇن دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەزگىللەردە مەيدانغا چىققان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان يادىكارلىقلاردا ئىپادىلەنگەن ئەدەبىي تىل بولمىغان بولسا ، «قۇتادغۇبىلىك» تە ئىپادە قىلىنغان ، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان مۇنداق بىر ئەدەبىي تىلنىڭ شەكىللىنىشىنى چۈشەندۈرۈش ھەقىقەتەن قىيىن بولغان بولاتتى .

ئورخۇن يادىكارلىقلىرى تىلى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى تىلىنىڭ بىر ئەدەبىي تىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز . بۇنى تىلشۇناسلىق ئىلمى ئومۇمىيۈزلۈك مۇئەييەنلەشتۈرگەن . بىر ئەدەبىي تىل — «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى» غا مەنسۇپ بولغان بۇ تىلدا «y~z~d» جەرياندىنىڭ بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەس . «Z» پەقەت «d» نىڭ مۇئەييەن تىل شارائىتىدىكى ۋارىيانتى بولغانلىقى ، مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە بولمىغانلىقى ئۈچۈن ، مەيلى قەدىمكى تۈرك يېزىقى ياكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلاردا بولسۇن ، ئۇ يېزىقتا ئومۇمەن مەخسۇس بەلگىلەر بىلەن ئىپادىلەنمىگەن . شۇڭلاشقىمۇ ، بىز «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى» نىڭ «d» تىل ، قاراخانىيلار خانىدانلىقى دەۋرى ئۇيغۇر تىلىنىڭ «Z» تىل ئەمەسلىكىنى ، بەلكى ھەر ئىككى دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ «Z~d» نۆۋەتلىشىش جەرياندىدا تۇرغانلىقىنى ، شۇنداقلا ، «y~Z» نۆۋەتلىشىشىنىڭمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىغانلىقىنى تونۇپ يېتىمىز . دېمەك ، بۇ ئىككى تىل «y~Z~d» نۆۋەتلىشىشى جەھەتتىلا ئورتاقلىققا ئىگە بولۇپ قالماي ، يەنە بىرمۇنچە فونېتىكىلىق ، گراماتىكىلىق ۋە لېكسىكىلىق خۇسۇسىيەتلەر جەھەتتىمۇ ئورتاقلىققا ئىگە ئىدى .

«قۇتادغۇبىلىك» تىلى بىلەن ئورخۇن يادىكارلىقلىرى تىلى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان يادىكارلىقلار تىلىنى باغلاشتا «mix» فورمىسى ئارقىلىق ئىپادە قىلىنغان ئالاھىدە ئۆتكەن زامان

پېئىلنى مىسال كەلتۈرۈش كۇپايە . بۇ فورما «قۇتادغۇبىلىك» تە ھەقىقەتەنمۇ كۆپ قوللىنىلغان . مەسىلەن ، پەقەت 251 ـ بېيىتتىن 258 ـ بېيىتكىچە بولغان ئارىلىقتا بۇ فورما 14 يەردە قوللىنىلغان . بۇ فورما كېيىنكى چاغاتاي تىلى دەۋرىدە بارغانسېرى ئازىيىپ باردى ۋە گۇمان مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بولدى .

بۇ يەردە يەنە تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن كېلىش قوشۇمچىسى ئارىلىقىدا «n» تاۋۇشى پەيدا بولۇپ قالىدىغان فونېتىكىلىق ھادىسىنى ، ئىسىم ۋە پېئىلنىڭ تۈرلۈك گراماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرىنىڭ قوشۇمچىلىرىنىڭ ئومۇمەن ئوخشاشلىقى ، ھەر ئىككى تىلدا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئوخشاشلىقى ، لۇغەت فوندىنىڭ ئوخشاشلىقى قاتارلىقلارنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەك .

مەھمۇد قەشقەرى قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرى ئەدەبىي تىلى ـ «خاقانىيە تىلى» (ئۇنىڭچە «خاقانىيە تۈركچىسى» دەپ ئاتالغان تىل ) نىڭ ئوغۇز ـ قىپچاق تىللىرىدىن پەرقىنى ئۆز ئەسرىدە ناھايىتى روشەن تىل پاكىتلىرى ئارقىلىق تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ ئۆتىدۇ .①

مەھمۇد قەشقەرى ئۆلچەملىرى بويىچە «قۇتادغۇبىلىك» تىلى «y» لىق تىل ، ئوغۇز ـ قىپچاقلارنىڭكىدەك «j» لىق ، ياكى «i» لىق تىل ئەمەس . ئۇنىڭدا ھەرىكەتنامى ئۈچۈن ئوغۇز ـ قىپچاق تىللىرىنىڭ ئەكسىچە «gü, kü, кu , юu» «güqi ,küqi, kuqi, юuqi» ئۈچۈن ، سۈپەتداش ئۈچۈن «üx, ux, ix, x» فورمىلىرى كەڭ قوللىنىلغان بولۇپ ، مۇشۇنداق بىرقاتار ئالاھىدىلىكلەر «قۇتادغۇبىلىك» تىلىنىڭ ئۇيغۇر تۈركۈمىدىكى تىللارغا خاس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .②

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 46 ـ ، 41 ـ بەتلەر.

② بۇ ھەقتىكى بايانلاردا تىلشۇناس، تەتقىقاتچى مىرسۇلتان ئوسمانوۋنىڭ 1989 ـ يىلى 10 ـ ئايدا قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىلى ھەققىدە سۆزلىگەن سۆزىنىڭ تېكىستىدىن مۇۋاپىق پايدىلاندىم ـ ئى. ئە.

ئەمدى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىلى بولغان، «خاقانىيە تىلى» (خاقانىيە تۈركچىسى) دەپ ئاتالغان بۇ تىلنىڭ ئۇيغۇر - قارلۇق تۈركۈمىدىكى ئىككى تىلدىن قايسىسىغا تەۋە بولىدىغانلىقى مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇنىڭدا تۆۋەندىكى ئىككى تىل خۇسۇسىيىتىنى ئۆلچەم قىلىش كۇپايە.

بۇنىڭ بىرىنچىسى، سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى «$\partial$,a» تاۋۇشلىرىنىڭ «e» غا ئاجىزلىششى بولۇپ، «قۇتادغۇبىلىك» تىلىدا بۇ خىل ئاجىزلىشىش ھادىسىسىنىڭ باشلانغانلىقى «$\partial$» دە كۆرۈلىدۇ (ترانسكرىپسىيىدە بۇ ھادىسە «$\partial$» تاۋۇشى بىلەن ئىپادىلەنگەن)، بۇ ھادىسە كېيىن سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى «$\alpha$» تاۋۇشىنىڭ ئاجىزلىشىشىغىچە كېڭىيىپ، ئۇيغۇر - قارلۇق تۈركۈمىدىكى ئىككى تىل ئىچىدە پەقەت ئۇيغۇر تىلىغىلا خاس خۇسۇسىيەت بولۇپ قالدى.

ئىككىنچىسى، ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىسىدىكى «p,k,$\kappa$» تاۋۇشلىرىنىڭ مۇقىملىقى بولۇپ، بۇ ھادىسە «قۇتادغۇبىلىك» تىلىدا باشتىن - ئاخىر ئىزچىل كۆرۈلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بۇ خىل فونېتىكىلىق ھادىسە پۈتۈن تۈركىي تىللار ئىچىدە پەقەت ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر شېۋىسى ۋە پۈتۈن خوتەن دىئالېكتىدىلا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

«قۇتادغۇبىلىك» تىلىدا ئىسلام دىنى ۋاستىسى بىلەن كىرگەن بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ قوللىنىلىشى بۇ ئەدەبىي تىل لېكسىكىسىدا سان ئۆزگىرىشلىرىنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. لېكىن، پۈتۈن «قۇتادغۇبىلىك» تىلىدا بۇنداق ئەرەبچىدىن كىرگەن ئىلمىي ئاتالغۇلار، ئەرەبچە - پارسچە سۆزلەرنىڭ پەقەت 500 گە يېقىن بولۇشى مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەۋرىدە بۇ خىل سان ئۆزگىرىشىنىڭ بىرقەدەر ئاجىز ئورۇندا ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىللە، يۈكسەك بىر مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىمۇ

نامايان قىلىپ بەردى .
«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ «دىباچە» قىسمىدىنلا بىز شۇنداق تەسە-
ـراتقا ئىگە بولۇمىزكى ، ئىسلام دىنى قاراخانىيلار سۇلالىسى زېمىنىدا
تارقىلىپ ۋە دۆلەت دىنى قىلىنىپ بىر ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن
يېزىلغان مەزكۇر ئەسەردە مۇئەللىپ ئىلاھىنىڭ نامىنى «ئاللا» دەپ
ئاتىماي ، بەلكى مەركىزىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركىي
تىللىق خەلقلەر ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى ئادىتى
بويىچە «تەڭرى» ، «idi» («ئىگە») دەپ ، ياكى تېخىمۇ مۇھىمى ،
ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى بوۋىلىرىنىڭ نامى[1] ، ئىپتىدائىي قەبىلد-
لىرىنىڭ بىرىنىڭ نامى[2] بولغان ، كېيىن قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارد-
ـىدا «تەڭرى» دېگەن ئىسىم بىلەن تەڭ مەنىدە ئىشلىتىلگەن «با-
يات» سۆزىنى ئىسلام دىنى بىلەن بىللە كىرگەن ئەرەبچە «ئاللا» ،
پارسچە «خۇدا» سۆزىنىڭ ئورنىدا قوللىنىش ئارقىلىق ، ئۇيغۇرلار-
نىڭ چەتتىن كىرگەن ھەرقانداق بىر ئېتىقاد ، مەسلەك ۋە مەدەنىيەتنى
ئۆزگە خاس يول ، مىللىي ئەنئەنە بويىچە ئىجادىي قوبۇل قىلىشتىن
ئىبارەت ئالاھىدىلىكىنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ . پۈتۈن ئە-
سەردە ئىسلام دىنى ئىلاھىنىڭ نامى 235 قېتىم تىلغا ئېلىنغان
بولۇپ ، بۇنىڭ 173 قېتىمىدا «بايات» دەپ ، 26 قېتىمىدا «تەڭرى»
دەپ ، 21 قېتىمىدا «idi» دەپ ئاتىلىدۇ . پەقەت 6 قېتىمىدا
«ئىلاھ» ، 9 قېتىمىدا «رەب» دەپ ئاتىلىدۇ .[3]
مەسىلەن :
1 . «بايات ئاتى بىرلە سۆزۈگ باشلادىم

[1] مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، بىرىنچى توم، 80 ـ بەت.
[2] يۇقىرىقى ئەسەر، 78 ـ بەت.
[3] قۇربان ۋەلى كىروانى: «‹قۇتادغۇبىلىك› تىكى ئىلاھ ناملىرى توغرىسىدا»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە) 1989، 6 ـ سان، 15 ـ بەت. ماقالىنىڭ ئىزاھاتىدا بېيىت نومۇرلىرى تولۇق كۆرسىتىلگەن.

تۆرۈتكەن ئىگىدگەن كەچۈرگەن ئىدىم»

(بايات ئاتى بىرلە سۆزۈم باشلىدىم،
ياراتقان، ئۆستۈرگەن، كەچۈرگەن ئىگەم.)

يۇقىرىقى بېيىتتا ئېيتىلغانلار بەشىنچى بابنىڭ باشلىنىشى بولغان 124 ـ بېيىتتىمۇ ئوخشاش تەكرارلىنىدۇ. بۇنىڭدىن، بۇ بېيىتنىڭ خۇددى ئەرەبچە «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» گە ئوخشاشلا، باشلاش (ئېپتىدا) نى بىلدۈرىدىغان ئۇيغۇرچە ئەنئەنىۋى بېيىت شەكلى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن. «قۇتادغۇبىلىك» تە يەنە ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئادىتى بويىچە «يالاۋاچ»، «ساۋچى» ياكى «ئوقىچى» دەپ ئاتالغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە مەيلى «يەتتە يۇلتۇز» بولسۇن ۋە مەيلى ئون ئىككى بۇرج بولسۇن ھەممىسىنىڭ نامىنى ئۆز تىلى بويىچە ئاتايدۇ. بۇ ئۇنىڭ داستانىدا ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىكى ئىجادچانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە چىڭ تۇرغانلىقىدۇر.①

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئانا تىلىنى ياخشى كۆرگەن ۋە ياخشى ئۆگەنگەن، شۇنداقلا، ئۇنىڭدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ ئۆز ئەسىرىنىڭ تىلىنى رەڭدار ۋە جازىبىدارلىققا ئىگە قىلغان. شائىر ئەسىرىنىڭ نۇرغۇن سەھىپىلىرىدە تىل ھەققىدە ئالاھىدە توختىلىدۇ، ئىنساننىڭ ئەڭ ئالىي پەزىلىتىنىڭ بىرى تىل (تىل ئۆگىنىش ۋە تىلدىن پايدىلىنىش) ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

274. «ئۇقۇش كۆركى تىل ئول بۇ تىل كۆركى سۆز
كىشى كۆركى يۈز ئول بۇ يۈز كۆركى كۆز»

---

① چېن جۇڭلى: «قۇتادغۇبىلىك، تىكى ئاسترونومىيە بىلىملىرىنىڭ ئەھمىيىتى»، «قەشقەر پىداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ئۇيغۇرچە) 1989 ـ يىل 5 ـ سان، 95 ـ بەت.

[ئەقىل كۆركى تىلدۇر ، تىلنىڭ كۆركى - - سۆز ،
كىشىنىڭ كۆركى يۈزدۇر ، يۈزنىڭ كۆركى - - كۆز .]
ئۇ ئۆز ئانا تىلىغا بولغان تولۇق مۇھەببەت ھېسسىياتى بىلەن ، جانلىق تىلنى ئۆز ئەسىرىنىڭ ئەدەبىي تىلى سۈپىتىدە خىزمەت قىلدۇرۇش يولىدىكى ئىزدىنىشلىرى ، ئۆز ئانا تىلىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى تۆۋەندىكى قۇرلاردا ئاجايىپ ئوبرازلىق قىلىپ ئىپادىلەيدۇ :

6616 . «ئەلىگ سۇندۇم ئۇش مەن بىلىكنى تىلەپ
سۆزۈگ سۆزكە تىزدىم شاشۇردۇم ئۇرا

6617 . كەيىك تاغى كۆردۇم بۇ تۈركچە سۆزۈگ
ئانى ئارقۇ تۇتتۇم ياقۇردۇم ئارا

6618 . سىقادىم سەۋتتىم كۆڭۈل بېردى تەرك
تاقى ما بەلىڭلەر بىرەردە يېرە

6619 . سۇنۇپ تۇتمىشىمچە ئەدەردىم سۆزۈگ
كەلۈ بېردى ئۆترۈ يىپارى بۇرا»

[ مانا ، مەن بىلىم ئىزدەپ قول سوزدۇم ،
سۆزنى سۆزگە تىزىپ ، رەتلىك قۇر تۈزدۇم .
بۇ تۈركچە سۆزنى تاغ كېيىكىدەك ھېسابلىدىم ،
ئۇنى ئاۋايلاپ تۇتۇپ ، ئاستا كۆندۈردۇم .
سىلىدىم ، ئەركىلەتتىم ، تېز كۆڭۈل بەردى ،
شۇنداقتىمۇ بەزىدە ئۈركۈپ كېتىدۇ .
تۇتالىغىنىمچە سۆزنى ئەگەشتۈردۈم ،
ئاخىرى ئىپار ھىدى كېلىشكە باشلىدى .]

## «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى

«قۇتادغۇبىلىك» ئالدى بىلەن بىر تىپىك شېئىرىي داستان، ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ نادىر ئۈلگىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ۋەقە، پېرسوناژ، مۇھىت ۋە ھېس ـ تۇيغۇلار شائىرنىڭ كۈچلۈك بەدىئىي تەسەۋۋۇرى ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇرى ئارقىلىق كونكرېت، جانلىق ۋە يارقىن ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىدىكى شېئىر ۋە شائىر ھەققىدىكى بايانلىرىدا شائىرنىڭ تەپەككۇرى قىلدىنمۇ نازۇكراق بولۇشى، شائىر تىلىنىڭ قىلىچتەك ئۆتكۈر بولۇشى، شېئىر ئىنجۇ ـ ياقۇتتەك سۆز دۇردانىلىرىدىن تەشكىل تاپقان ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر سەنئىتى بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ ئۆتكەن ۋە ئالدى بىلەن بۇ تەلەپنى ئۆزىگە قويۇپ، ئەسىرىنى ئەينى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تىپىك، نادىر ئۈلگىسى بولۇش دەرىجىسىدە يېزىپ چىققاندى.

«قۇتادغۇبىلىك» مەسنىۋى (ئىككىلىك) شەكلىدە، ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتاقارىپ بەھرىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە پەقەت بىر تۆتلۈك (3800، 3801 ـ بېيىتلار) ۋە ئاخىرىدىكى لىرىك ئىلاۋىنىڭ ئىككىسى (I، II) مۇتاقارىپنىڭ مۇسەممەنى سالىم (يەنى فەئۇلۇن، فەئۇلۇن، فەئۇلۇن، فەئۇلۇن) روكنىدە، قالغان بېيىتلارنىڭ ھەممىسى مۇتاقارىپنىڭ مۇسەممەنى مەھزۇپ ياكى مۇسەممەنى مەقسۇر (يەنى فەئۇلۇن، فەئۇلۇن، فەئۇلۇن، فەئۇل) روكنىدە يېزىلغان. داستاننىڭ ھەممە مىسرالىرى ئارۇزنىڭ بەھر (مۇتاقارىپ بەھرى) قانۇنىيەتلىرىگە تولۇق بويسۇندۇرۇلغان ھالدا ئاھاڭدار ۋە جەلپ قىلارلىق تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا قاپىيەلەنگۈچى سۆزلەرنىڭ تولۇق ئاھاڭدارلىقى بىلەن تىلنىڭ جانلىق ۋە مەنتىقىلىقلىقى زىچ جىپسىلاشتۇرۇلغان، قاپىيە سەنئىتىنىڭ كۆركەم، نەپىس ۋە رەڭدار قىياپىتى ۋە قانۇنىيەتلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا ئىلگىرى سۈرمەكچى بولغان

غايە ، ئىدىيە ۋە تەشەببۇسلىرىنى ، پېرسوناژلار خاراكتېرى ، زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارنى جانلىق ۋە يارقىن ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللانغان . ئەسەردىكى خېلى كۆپ تەركىبلەر دىداكتىكىلىق خاراكتېردە بولسىمۇ ، لېكىن بۇ دىداكتىكا قۇرۇق ، يالىڭاچ ئوتتۇرىغا قويۇلغان پەند ـ نەسىھەت ، مۇلاھىزىلەر بولماستىن ، بەلكى شائىرنىڭ ئېستېتىكىلىق ئىدېئالى ئىنسانىيەت هاياتىدىكى خىلمۇ خىل تەجرىبە ـ ساۋاقلار ، رېئاللىق ۋە دەۋر تەلىپى بىلەن جىپسىلاشتۇرۇلۇپ ، يۇقىرى بەدىئىي دىت ئارقىلىق تىپىكلاشتۇرۇلغان ۋە ئوبرازلاشتۇرۇلغان مۇكەممەل شېئىرىي پىكىر جەۋھەرلىرىدۇر .

مەلۇمكى ، پىكىر (مەنە ) ـ ـ شېئىرنىڭ جېنى . پىكىر بەدىئىي تۇسكە كىرگەندىلا شېئىر بولالايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەر ، بولۇپمۇ شېئىر ئىخچاملىقنى ، سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ ئوبرازلىق ، تاللانغان ۋە تاۋلانغان بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ . بۇ خىل ئوبرازلىقلىق ئاساسەن مۇئەللىپنىڭ ئىپادىلەش (بولۇپمۇ تەسۋىر ) سەنئىتىدىكى ئوبرازلىق تىل ماهارىتى ۋە ئۇنىڭدا قوللىنىلغان بەدىئىي تەسۋىرىي ۋاستىلەر ياردىمى بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ . يۈسۈپ خاس هاجىپ «قۇتادغۇبىلىك »تە قوللانغان بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى پۈتۈنلەي دېگۈدەك قەدىمكى ئۇيغۇر فولكلورى (ئەل ئەدەبىياتى ) ۋە يازما ئەدەبىيات ئەنئەنىسىدىن كەلگەن . «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا سىمۋول قىلىش ، سۈپەتلەش ، جانلاندۇرۇش ، مۇبالىغە ، ئوخشىتىش ، سېلىشتۇرۇش ، تەقلىد قىلىش ، تەكرارلاش قاتارلىق بەدىئىي تەسۋىرىي ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ يارىتىلغان بىر قاتار ئوبرازلار ئەسەرنىڭ بەدىئىي قىممىتىنىڭ يۈكسەكلىكىنىلا ئەمەس ، يەنە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ 11 ـ ئەسىردىكى يۇقىرى سەۋىيىسىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

ئالدى بىلەن ، ئەسەرنىڭ تۆت ئاساسىي پېرسوناژى جانلاندۇرۇش-

نىڭ مەھسۇلى بولۇپ ، مۇئەللىپ ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئۈچۈن مۇھىم ھېسابلانغان تۆت جۈپ ئۇقۇمنى (ئادالەت ۋە قانۇن ، بەخت ۋە سائادەت ، بىلىم ۋە ئەقىل ، ئاقىۋەت ۋە قانائەت ) سىمۋوللۇق خاراكتېرگە ئىگە قىلىپ ، ئۇنى قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى ئەنئەنىسى بىلەن زىچ باغلاپ جانلاندۇرۇش ئاساسىدا تۆت پېرسوناژنىڭ نامى ۋە ئوبرازىنى بارلىققا كەلتۈرگەن .

شائىر بەدىئىي ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ تەبىئەت ۋە ئىنسانلىق ۋەقە ـ ھادىسىلىرى ، جانلىق ۋە جانسىزلارغا خاس بەلگە ، سۈپەت ، خۇسۇسىيەتلەرنى ئىنسانغا كۆچۈرۈش ئارقىلىق ئىنسان خاراكتېرىنى يارقىن ۋە ئوبرازلىق ئېچىپ بەرگەن بولسا ، يەنە ئاشۇ ۋاستىلەر ياردىمىدە ئىنسانغا خاس بەلگۇ ، سۈپەت ، خۇسۇسىيەتلەرنى تەبىئەتكە ، ئۇنىڭ ۋەقە ـ ھادىسىلىرىگە كۆچۈرۈپ ، تەبىئەتنىڭ ۋە ئۇنىڭ تۈرلۈك مەنزىرىلىرىنى ئاجايىپ ماھىرلىق بىلەن جانلىق تەسۋىرلىدى ، تەبىئەت تەسۋىرىنى ئەينى دەۋر رېئاللىقى ، پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكەت ، روھىي ـ ھالەت ۋە ئىچكى كېچىرمىلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈردى .

شائىر باھار مەنزىرىسىنى :

63 . «توغاردىن ئەسە كەلدى ئۆڭدۈن يەلى
ئازۇن ئەتگۈكە ئاچتى ئۇشتماخ يولى

64 . ياغىزيەر يىپار تولدى كافۇر كېتىپ
بەزەنمەك تىلەر دۇنيا كۆركىن ئېتىپ

65 . ئېرىنچىگ قىشىغ سۈردى يازقى ئەسىن
يارۇق ياز يانا قۇردى دەۋلەت ياسىن

66 . ياشىق ياندى بولغاي يانا ئورنىڭا

بالىق قۇدرۇقىندىن قوزى بۇرنىڭا

67 . قۇرىمىش يىغاچلار توناندى ياشىل
بەزەندى يىپۇن ئال سارىغ كۆك قىزىل

68 . ياغىز يەر ياشىل تورقۇ يۇزكە بادى
خىتاي ئارقىشى يايتى تاۋغاچ ئەدى

70 . تۇمەن تۇ چەچەكلەر يازىلدى كۇلە
يىپار تولدى كافۇر ئاژۇن يىد بىلە

72 . قاز ئۆردەك قوغۇ قىل قالىقىغ تۇدى
قاقىلايۇ قاينار توقارۇ قودى

75 . ئۇلار قۇش ئۇنىن تۇزدى ئۇندەر ئىشىن
سىلىگ قىز ئوقىر تەگ كۆڭۈل بەرمىشىن

76 . ئۇنىن ئۆتتى كەكلىك كۇلەر قاتغۇرا
قىزىل ئاغزى قان تەگ قاشى قاپ قارا

80 . قالىق قاشى تۇگدى كۆزى ياش ساچار
چەچەك يازدى يۇزكۆر كۇلەر قاتغۇرار »

[شەرقتىن ئىللىق (باھار)شامىلى كەلدى ،
دۇنيانى بېزەش ئۇچۇن جەننەت يولىنى ئاچتى .

بوز يەردىن كافور * دەك (قارلار)كېتىپ ، ئېپار بىلەن تول-
دى ،

دۇنيا ھۆسنىگە تولۇپ بېزەنمەكنى ئىستىدى .
باھار شاملى يېقىمسىز قىشنى ھەيدىدى ،
نۇرلۇق باھار سائادەت ئوقياسىنى يەنە بەتلىدى .
قۇياش يەنە ئۆز ئورنىغا يېتىپ كەلدى -
«بېلىق قۇيرۇقى» دىن «قوزى بۇرنى» غا ئۆتتى .**
قۇرىغان دەرەخلەر يېشىل تون كىيدى ،
سۆسۈن ، ھال ، سېرىق ، كۆك ، قىزىل بولۇپ بېزەندى .
بوز يەر يۇزىگە يېشىل يىپەك يايدى ،
"گويا" قىتان كارۋىنى تاۋغاچ تاۋار - دۇردۇنىنى يېيىۋەتكەندەك
بولدى .
تۈمەن - تۈرلۈك چېچەكلەر كۈلۈپ ئېچىلدى ،
دۇنيا ئېپار ۋە كافور ھىدى بىلەن تولدى .
غاز ، ئۆردەك ، ئاق قۇ ، قىلقۇيرۇق كۆكنى قاپلىدى ،
غاقىلدىشىپ يۇقىرى - تۆۋەن (ئۇچۇپ)ئويناشتى .
ئۇلار قۇشى خۇددى ئىپپەتلىك قىز ئۆز سۆيگىنىنى چاقىرغىند-
دەك ،
ساز ئاۋاز بىلەن ھەمراھىنى ئۈندىمەكتە .
كەكلىك قاقاقلاپ كۈلگەندەك ئۈنلۈك سايرىدى ،
(ئۇنىڭ)ئاغزى قاندەك قىزىل ، قېشى قاپقارا .
ئاسمان قاپىقىنى تۈرۈپ ، كۆزىدىن ياش تۆكتى ،
ئەنە ، چېچەكلەر يۈز ئېچىپ ، قاقاقلاپ كۈلدى .]

* كافور - ئاق، خۇشپۇراق، تەبىئىي سوغۇق بىر خىل دورا.

** قەدىكى ئۇيغۇر مۇنەججىملىك ئىلمىدا بېلىق قىشنىڭ ئاخىرقى ئېيى، قوزا باھارنىڭ باشلانغۇچ ئېيى ئىدى. شائىر بۇ يەردە «قىش كېتىپ باھار كەلدى» دېمەكچى.

ئاپتور بۇ تەسۋىرلىرىنى بۇغراخانىنىڭ تەختكە چىقىشى بىلەن جاھانىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان تەنتەنىسى تەرزىدە داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆز لىرىكىسىنى قەسىدە تۈسىدە بېرىدۇ.

شائىر كەچكى شەپەق، تۈننىڭ كىرىشى ۋە تاڭنىڭ ئېتىشىنى پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكەت، روھىي ھالەت ۋە ئىچكى كەچۈرمىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

3283. «ياشىق ياندى يەركە ياقۇردى باشىن
يارۇق دۇنيا مەڭزى قىزاردى ئىشىن

4959. قىزىل يۈز ئۆڭى ئۆڭدى بولدى سارىغ
ئاۋۇن بولدى ئالتۇن ئۆڭى تەگ ئارىغ

4960. ياشىق تۇرتتى يۈزكە سارىغ زەئفەران
ئۆزىن قىلدى مىنا ئۆڭى تەگ جەھان

3284. قودى ئىدتى كەسمە يارۇق يۈز تۈدى
سەۋۈگ زۇلفى تولدى يوقارۇ قودى

3836. ياشىق يەركە ياندى يۈزىن كىزلەدى
قالىق مەڭزى كىش تەگ بولۇپ ئۆرلەدى

3837. ئاۋۇن تۇرتتى يۈزكە كۆمۈر تەگ بودۇغ
كۆرۈر كۆز يۇمۇلدى ئۇدىدى ئودۇغ

4961. قالىق پۇترۇ تۈتتى سەۋۈگلەر قاشى
ئاۋۇن بولدى زەنگى ھەبەش قىرتىشى

3288 . تۇما تۇرقۇ قالقان كۆتۈردى ئۆشۈن
يارۇق يۈز كۆلەر تەگ يارۇدى ئاژۇن

3839 . توغاردىن پۈتىقلاندى ئوت تەگ يالىن
يارۇدى ياڭى يۈز ئاچار تەگ كەلىن

3840 . قوپا كەلدى ئۆرلەپ سىتا قالقانى
ئاژۇن مەڭزى بولدى ئۆرۈلۈڭ ئەردىنى

4966 . قالىق يىرتتى كەدمىش قارا كۆڭلەكىن
ئاچىلدى يارۇق يۈز كۆتۈردى ئەگىن

4967 . كۆلە باقتى ئۆرلەپ تالۇ قىز يۈزى
يارۇدى بۇ دۇنيا ئىرى هەم قۇزى»

[قۇياش قايرىلىپ يەرگە بېشىنى ئەگدى ،
يورۇق دۇنيانىڭ مەڭزى گىرىمسەن بولۇپ قىزاردى .
(قۇياشنىڭ )قىزىل مەڭزى ئۆزگىرىپ ، سېرىق (تۇسكە )كىر-
دى ،
دۇنيا ئالتۇن رەڭگىدەك ساپ (قىياپەتكە )كىردى .
قۇياش يۈزىگە سېرىق زەپىران سۈرتتى ،
دۇنيا ئۆز رەڭگىنى زەڭگەردەك ئۆزگەرتتى .
(ئاسمان )كاكىلىنى تۆۋەن سېلىپ ، يورۇق يۈزىنى ياپتى ،
چىرايلىق زۇلپى يۇقىرى - تۆۋەنگە يېيىلدى .
قۇياش (ئۆز )يېرىگە قايتتى ، يۈزىنى يوشۇردى ،
ئاسمان يۈزىنى قامىدەك (قاراڭغۇلۇق )باستى .
دۇنيا يۈزىگە كۆمۈردەك قارا رەڭ سۈرتتى ،

كۆرەر كۆزلەر يۇمۇلدى ـ ـ ئويغاقلار ئۇخلىدى .
ئاسمان مەشۇقلار قېشىدەك (قارا )بولدى ،
دۇنيا زەڭگى ـ ھەبەشلەر تۇسىگە كىردى .
(ئاق ) يىپەكتەك دۇگىلەك (قۇياش ) ، يەلكىسىنى كۆتۈردى
جاھان كۈلۈمسىرىگەن ئوچۇق يۈزدەك يورىدى .
شەرقتىن ئوتتەك يالقۇن چاقنىدى ،
(يەر )يۈزىنى ئاچقان يېڭى كېلىندەك يورىدى .
(نۇر )نەيزىسى بىلەن (قۇياش )گەردىشى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى ،
دۇنيا يۈزى ئاق مەرۋايىتتەك "يورۇپ" كەتتى .
ئاسمان كىيگەن قارا كۆڭلىكىنى يىرتتى ،
چۈمپەردىسىنى ئاچتى ، يورۇق يۈزى كۆرۈندى .
(قۇياش )ئۆرلەپ ، گۈزەل قىزدەك كۈلۈپ قارىدى ،
دۇنيانىڭ كۆنگەي ھەم تەسكەي تەرىپى يورىدى .]
شائىر ئادەملەر ئۈچۈن ياشلىقنىڭ نەقەدەر گۈزەل بىر چاغ ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ نەقەدەر ئېغىر ھەسرەت ئىكەنلىكىنى ئوخشىتىش ، مەجازلار ياردىمىدە مۇنداق ئىپادىلىسە :

6529 . «تامام ئەرغۇۋان تەگ قىزىل مەڭزىم ئەردى
بۇ كۈن زەئفەرەن ئۆرغىن ئەڭدە تارتتىم

6530 . يىپارسىغ قارا باشقا كافور ئاشۇدۇم
تۈلۈن تەگ تولۇ يۈز قايۇقا ئەلەتتىم

6531 . يارۇق ياز تەگ ئەردىم تۇمەن تۈ چەچەكلىگ
خەزانمۇ تۇشۇتتۇم قامۇغنى قۇرىتتىم

6532 . قايىڭ تەگ بودۇم ئەردى ئوق تەگ كۆنى تۈز

يا تەگ ئەگرى بولدى ئەدىلدىم تۆڭتتىم»
[ (ئىككى )مەڭزىم ئارغۇۋاندەك قىپقىزىل ئىدى ،
بۈگۈن يۈزۈمگە زەپىران ئۇرۇقىنى سۈرتتۇم .
ئىپاردەك قارا بېشىمغا كافور پۈركۈدۈم ،
تولۇن (ئاي )دەك تولغان يۈزۈمنى قاياققا كەتكۈزدۈم ؟
تۈمەن خىل گۈل - چېچەكلىك پارلاق باھاردەك ئىدىم ،
غازاڭلىقتا ئايلاندىم ، ھەممىنى قۇرۇتۇۋەتتىم .
قېيىندەك بويۇم ئوقتەك تۈپتۈز ئىدى ،
(ئەمدى )يادەك ئەگرى بولدى ، ئېگىلدىم ، مۈكچەيدىم .]
ئەسكەر باشلىغۇچىدا بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەرنى ئوخشىتىش-
لار ياردىمىدە مۇنداق ئىپادىلەيدۇ :

2310 . «ياغىدا كۆر ئارسلان يۈرەكى كەرەك
قارشتۇقتا ئەسرى بىلەكى كەرەك

2311 . توڭۇز تەگ تېتىملىگ بۆرى تەگ كۈچى
ئايىغلايۇ ئازغىر قۇتۇز تەگ ئۆچى

2312 . يانا ئالچى بولسا قىزىل تىلكۈ تەگ
تىتىر بۇغراسى تەگ كۆر ئۆچ سۈرسە كەك

2313 . ساغىزغاندا ساقراق كەرەك تۇتسا ئۆز
قايا قۇزغۇنى تەگ يىراق تۇتسا كۆز

2314 . ئۇلۇغ تۇتسا ھەميەت كۆر ئارسلانلايۇ
ئۈكى تەگ ئۇسۇز بولسا تۈنلە سايۇ»

[جەڭ قىلغاندا ئارسلان (يۈرىكىدەك )يۈرەك كېرەك ،

ئېلىشقاندا قاپلان (بىلىكىدەك) بىلەك كېرەك .
(قوماندان) توڭگۈزدەك تەرسا ، بۆرىدەك كۈچلۈك ،
ئېيىقتەك قايتماس ، قوتازدەك ئاداۋەتخور ،
يەنە ، قىزىل تۈلكىدەك ھىيلىگەر ،
بۇغرا تۆگىدەك قىساسچى بولۇشى لازىم ،
ئۆزىنى سېغىزخاندىنمۇ ھوشيارراق تۇتۇشى ،
قىيا قۇزغۇنىدەك يىراقنى كۆرۈشى كېرەك .
ئارسلاندەك يۈكسەك چىدام كۆرسىتىشى ،
تۈنلەرنى ھۇۋقۇشتەك ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈشى كېرەك .]

«قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئوخشىتىشلار ئۆزىنىڭ ئاجايىپ موللۇقى ، رەڭدار ۋە خىلمۇ خىللىقى ھەمدە پېرسوناژلار ئىندىۋىدۇئاللىقى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەنلىكى ئارقىلىق دىققەتكە سازاۋەردۇر .

سېلىشتۇرۇشمۇ «قۇتادغۇبىلىك» تە كۆپ قوللىنىلغان بەدىئىي تەسۋىرىي ۋاستىلەردىن بىرى . شائىر ياخشى - يامان قانۇن ، ياخشى - يامان بەگلەر ، جەمئىيەتتىكى ئوخشاشمىغان كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ، بىلىملىك - بىلىمسىزلىك ، تىلنىڭ پايدا - زىيىنى ، كىشىلىك ئەخلاقىغا دائىر نۇرغۇن مەسىلىلەردە سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئۆز پىكرىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرغان .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە قوللانغان بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە ۋاستىلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە فولكلور ئەنئەنىسىدىن كەلگەن . شائىر ئۆز پىكرىنى يارقىن بايان قىلىش ۋە ئىسپاتلاش ئۈچۈن ، ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن دانىشمەنلەر ۋە ئۆز زاماندىشلىرىنىڭ خەلق ئىچىدە ئىبرەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ھېكمەتلىرىدىن ، خەلق ماقال - تەمسىللىرىدىن پايدىلىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن . ئۇ قايسى ماۋزۇدا سۆز باشلىسا ، شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھېك-

مەتلەر ، ماقال ـ تەمسىللەرنى كەلتۇرىدۇ ھەمدە بۇنىڭدا ئۆزىنىڭ «ئىرسالۇل مەسەل» (ماقال ـ تەمسىللەر ، قىممەتلىك پىكىر جەۋ-ھەرلىرى ، ھېكمەتلەردىن پايدىلىنىش ) سەنئىتىنىڭ ئۇستىسى ئىكەن-لىكىنى نامايان قىلىدۇ . قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەر-نىڭ يۇقىرى قاتلىمى ، بىلىمدانلىرى ، دانىشمەنلىرى ، شۇنداقلا ، ئە-قىللىق ، كۆپنى كۆرگەن كىشىلەر ، ئەدىبلەر ، خەلق ئېغىز ئەدەبىيا-تى ئۇستىلىرى تىلى ۋاستىسى بىلەن ، ياكى بىۋاستە بېرىلگەن بۇ ھېكمەت ، ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ بىر قىسمى ئەينەن بېرىلگەن بول-سا ، بىر قىسمى شىئېر قاپىيىسى ، ۋەزىن تەلىپى بويىچە ئىجادىي ئىشلىنىپ ، ئەسەرنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرۇلغان .

«قۇتادغۇبىلىك» تە سۆزى نەقىل ۋە ئىبرەت تەرىقىسىدە ئېلىنى-غان نوپۇزلۇق ئەمەلدارلار خاقان (3126 ـ بېيىت ) ، تۈرك خاقانى (3817 ـ بېيىت ) ، تۈركىي ۋەزىر (1163 ـ بېيىت ) ، خاس كېڭەشچى (2941 ـ بېيىت ) ، ئۆتۈكەن بېگى (1962 ، 2682 ـ بېيىتلار ) ، ياغما بېگى (1758 ، 4947 ـ بېيىتلار ) ، ئۇچ ئوردۇ بېگى (1594 ـ بېيىت ) ، ئۇچ ئوردا خانى (2966 ، 3815 ، 5569 ـ بېيىتلار ) ، ئىلى بېگى (1779 ـ بېيىت ) ، ئىلى ئاتلىقى (841 ، 1629 ، 2319 ـ بېيىتلار ) ، ئىلى ئەركىنى (4752 ـ بېيىت ) ، ئىلى كاتىبى (2698 ـ بېيىت ) ، بۆكە يابغۇسى (5043 ، 5523 ـ بېيىتلار ) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دانالار ھېكمەتلىرى ، خەلق ئېغىز ئىجا-دىيىتىدىن (ماقال ـ تەمسىللەردىن ) ئۈنۈملۈك پايدىلانغانلىقىدىن بەلگە بەرگۈچى مىسرالار ئەسەرنىڭ ھەر سەھىپىسىدە دېگۈدەك ئۇچ-راپ تۇرىدۇ . بولۇپمۇ بۇلار ئەسەردە ئالدىنقى پىكىرلەرنىڭ خۇلاسى-سى تەرزىدە ، «ئىرسالۇل مەسەل»دىن ئىبارەت بەدىئىي تەسۋىرىي ۋاستە ئارقىلىق بېرىلگەن 170 تىن كۆپرەك ئىبرەت دەرىجىسىدىكى تۆتلۈكلەردە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ .

مەسىلەن :

1104 . «مۇڭار مەڭزەتۇ ئايدى شائىر بۇ سۆز
ئەشىتگىل مۇنى سەن ئايا ئەدگۇ ئۆز

1105 . قارا ساچ ئۆرۈڭى ئۆلۇمدىن يۇمۇش
قىلۇر ئول تىرىگكە تىرىگلىك كۆسۇش

1106 . تۇ نئىمەت يەدىڭ مە تىرىگلىك يەدىڭ
ئۆلۇم يەر سەنى سەن ئۇسانما ئۆكۇش»

[بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ ، شائىر بۇ سۆزنى ئېيتتى ،
ئەي ياخشى ئىنسان ، بۇنى سەن ئاڭلىغىن .
قارا ساچىنىڭ ئاقارغىنى ئۆلۇمنىڭ ئەلچىسىدۇر ،
ئۇ تىرىك كىشىگە هاياتنى ئەزىزلەشتۇرىدۇ .
كۆپ نېمەتلەرنى يېدىڭ ، هايات لەززىتىنى تېتىدىڭ ،
كۆپ بىخەستەلىك قىلما ، ئەمدى سېنىمۇ ئۆلۇم يەيدۇ !]

3420 . «نەگۇ تەر ئەشىتگىل كۆر ئەردەملىگ ئەر
بۇ ئەردەم بىلە ئەر تىلەك ئارزۇ يەر

3421 . نەگۇ ئەر بولۇر كۆر مىڭ ئەر دۇشمانى
مىڭەر سۆزلەمەسە كۇنىڭە ئانى

3422 . بۆرىمۇ بولۇر كۆرگىل ئىتتا قايار
ئۇدۇلا ئەشىتسە مىڭ ئىتلار ئۇنى»

[پەزىلەتلىك كىشى نېمە دېگەن ، ئاڭلا ،

بۇ پەزىلەتلەر بىلەن ئەر تىلەك ـ ئارزۇسىغا يېتىدۇ .
ئەرنىڭ مىڭلارچە دۈشمىنى بولمىسا ، كۆڭگە مىڭ قېتىم
ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلمىسا ، ئۇ قانداق ئەر بولىدۇ .
قارا ، مىڭ ئىتنىڭ ئۇننى ئاڭلاپ
قېچىپ كەتكەن بۆرە بۆرە بولامدۇ ؟]

5431 . «تۈكەل مىڭ ياشاسا تىلەكىن تەمام
تۈكەل ئۆك بۇلۇماز كەرەكىن تەمام

5432 . تىلەكىن تىلەگىل تۈكەلىن تىلەر
تىلەكىن تۈكەتسە تۈكەرچىن تەمام»

[ (كىشى )پۈتۈن ئارزۇسىغا يېتىپ ، تولۇق مىڭ (يىل )ياشىسىمۇ ،
ئېھتىياجلىق (نەرسىلەرگە )تامامەن ئېرىشەلمەيدۇ .
ئارزۇ قىلغۇچى (ھەممىنىڭ )تەل بولۇشىنى تىلەيدۇ ،
تىلىكى تەل بولغاندا ، (ئۆزىمۇ )ھەقىقەتەن تۈگەيدۇ .]
يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەل ئەدەبىياتىدىكى «قۇت بەلگىسى بىلىك» ( «بەخت بەلگىسى بىلىم » )[①] دېگەن ماقالنى ئۆزلەشتۈرۈپ ، ئۇنى ئۆز ئەسىرىنىڭ ھەمدە «ئەردەم باشى تىل» ( «پەزىلەت بېشى تىل» )[②] دېگەن ماقالنى ئەسىرىدىكى بىر بابنىڭ ماۋزۇسى قىلىپ ئالىدۇ . بۇنىڭدىن مەلۇمكى ، ئەسەر نامىنىڭ ئۆزىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر ئەل ئەدەبىياتى ئەنئەنىلىرىدىن كەلگەن .
تۆۋەندىكى بىرقانچە بېيىتلار يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ خەلق

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 557 ـ بەت.
② يۇقىرىقى ئەسەر، 1 ـ توم، 438 ـ بەت.

ماقال ـ تەمسىللەردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىشنىڭ ياخشى مىسالـ
ـدۇر :

880 . «مۇڭار مەڭزەتۇ ئايدى تۈركچە مەسەل
ئەشتگىل مۇنى سەن ئۇقۇپ ئۆزكە ئال

881 . ئۆرۈك سۈت بىلە كىرسە ئەزگۈقىلىق ،
ئۆلۈم تۇتماغىنچا ئەۋۇرمەز يورىق

2692 . قىزىل تىل قارا باشقا ياۋلاق ياغى
بۇ ياۋلاق ياغىغ بەكلە ئىنچىن سالىن

5503 . بۇ كۆنكى ئىشىڭ قويما قىلما يارىن
يارىن بولسا ئىشىڭ قالۇر قىلمادىن»

[بۇنىڭغا تەقلىدەن ئېيتىلغان بىر تۈركچە مەسەل باركى ،
بۇنى ئاڭلا ۋە چۈشىنىپ ، ئۆزلەشتۈرگىن :
ياخشى ئادەت ئاق سۈت بىلەن كىرگەن بولسا ،
(بۇنداق كىشى )ئۆلگەنگە قەدەر ئۆز ئادىتىنى ئۆزگەرتمەيدۇ .
قىزىل تىل قارا باشنىڭ يامان دۈشمىنى ،
بۇ يامان دۈشمەننى باغلا ، ھۇزۇر ئىچىدە ياشا .
بۈگۈنكى ئىشىڭنى قويۇپ ، ئەتە قىلىمەن (دېمە ) ،
ئەتە ئىشىڭ (چىقىپ )قالسا ، بۇ قىلىنماي قالىدۇ .]

بۇ بېيىتلاردىن بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ : «سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ » ، «پۇت يۇگۇرۇكى ئاشقا ، ئېغىز يۇگۇرۇكى باشقا (چىقىدۇ ) » ، «بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما » ، «قالغان ئىشقا قار ياغار » دېگەن ماقال ـ تەمسىللىرىنىڭ ئەينەن ياكى قىسمەن ئۆزگەرگەن ۋارىيانتىنى كۆرىمىز .

«قۇتادغۇبىلىك» تە شېئىرىيەتتىكى لىرىك تۈرگە مەنسۇپ بول-
غان قەسىدە (1 - ، 2 - ، 3 - ، ۋە 4 - بابلار)، مەرسىيە
(83 - ، 84 - ۋە 85 - بابلار) ۋە تەبىئەت لىرىكىسى (4 -
باب ھەمدە 39 - ، 44 - ، 45 - ، 67 - ، 68 - ، 71 - ،
73 - ، 75 - ، 76 - ۋە 81 - بابلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئېپىزوتلى-
رى) نىڭ نادىر ئۈلگىلىرى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭدا غەزەل،
تەجنىس ۋە تۇيۇقلارنىڭ نادىر ئۈلگىلىرىمۇ ئۇچرايدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ئاخىرىدىكى خاتىمە ئورنىدا بېرىل-
گەن ئۈچ پارچە لىرىك ئىلاۋىنىڭ ھەممىسى غەزەل شەكلىدە يېزىل-
غان. تۆۋەندە «قۇتادغۇبىلىك» تە ئۇچرايدىغان تەجنىس ۋە تۇيۇقلار-
دىن بىرقانچىنى مىسال كەلتۈرىمىز:

564 . «بۇ مۇنداغ كىشىلەر بولۇر ئەزى قىز
بۇ قىز قىزلىقى قىلدى قىز ئاتى قىز»

[بۇنداق كىشىلەر ناھايىتى قىس بولىدۇ،
قىس نەرسىلەر قىممەتلىكى ئۈچۈن قىزنىڭ ئىسمىمۇ «قىز»
بولغان.①]

4246 . «بۇ بەگلەر ئەۋى ئاتى قارشى تۇرۇر
بۇ قارشى ئىچىندەكى قارشى تۇرۇر»

[بۇ بەگلەر ئۆيىنىڭ نامى «قارشى» دەپ ئاتىلىدۇ،
(چۈنكى) قارشىنىڭ ئىچىدىكىلەر بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى-
دۇر.]

① «قىز» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «قىس» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىپ، «قىس»، «كەم»، «نادىر» دېگەن مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرەتتى.

1388 . «ئاناسىندا تۇغسا ئاتانسا ئاتى
مۇسافىر بولۇپ مىندى ئۆزلەك ئاتى»

[ئانىدىن تۇغۇلۇپ، ئات قويۇلسا،
مۇساپىر بولۇپ زامان ئېتىنى مىنىدۇ.]

1993 . «قايۇ ئەردە بولسا ئۇقۇش بىرلە ئۆگ
ئانى ئەر ئاتاغىل نەچە ئۆگسە ئۆگ

1994 . ئۇقۇش ئۆگ بىلىك كىمدە بولسا تۇكەل
ياۋۇز ئەرسە كەد تې كىچىك ئەرسە ئۆگ»

[كىمدە ئەقىل ۋە ئىدراك بولسا،
ئۇنى ئەر دەپ ھېسابلا، قانچە ماختىساڭ، ماختا.
كىمدە ئەقىل ـ ئىدراك، بىلىم جەم بولىدىكەن،
ئۇنى يامان بولسا ياخشى، كىچىك بولسا ئۇلۇغ، دەپ بىل.]
بۇ تۇيۇقتىكى «ئۆگ» سۆزى بىرىنچى مىسرادا «ئىدراك»، ئىككىنچى مىسرادا «ماختاش، مەدھىيىلەش»، تۆتىنچى مىسرادا «چوڭ، ئۇلۇغ» مەنىلىرىدە ئىشلىتىلگەن.

قىسقىسى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئۆز ئىجادىي پائالىيىتىنى پۈتۈنلەي ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەنئەنىسى زېمىنىغا قويۇپ، خەلق فولكلورىدىن، خەلق ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھەرلىرىدىن، ئەل ئەدەبىياتىدىكى ماقال ـ تەمسىللەردىن كەڭ ۋە ئىجادىي پايدىلىنىشىنىڭ، شۇ ئارقىلىق ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇر ۋە كەڭلىكىگە، بەدىئىي شەكلىنىڭ مۇكەممەللىكىگە يېتىشىنىڭ ئۈلگىسىنى يارىتىپ بەردى.

## «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تارىخىي ، ئىلمىي قىممىتى ۋە زا-مانىمىزدىكى «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى مەسىلىلىرى

«قۇتادغۇبىلىك» داستانى قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرى ۋە ئۇ-نىڭدىن ئاۋۋالقى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ قەدىمكى يادىكارلىقلىرى ئىچىدە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىرقەدەر يىرىك ، ئۇسلۇب ۋە بەدىئىي جەھەتتىن ئورىگىنال ئەسەر بولۇپ ، ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىلا ئەمەس ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئەدەبىيات خەزىنىسىگە قوشقان مۇھىم تۆھپىسى قاتارىدا ، ئېلىمىز ئەدەبىياتى تارىخىدىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ .

«قۇتادغۇبىلىك» داستانى مەزمۇن ، ئۇسلۇب ، بەدىئىي جەھەت-تىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئىدېئولوگىيە تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ نامايەن-دە ۋە ئۇلگە بولۇش سۈپىتى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىنىڭ تارىختا تۇتقان ئورنى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى ؛ قەدىمكى ئۇي-غۇرلارنىڭ سىياسىي ، ئىجتىمائىي ، پەلسەپىۋى قاراشلىرى ، ئەخلا-قىي چۈشەنچىلىرىنى ، مىللىي مەدەنىيەت ۋە تىل - ئەدەبىيات ئەنئەنى-لىرىنى تەتقىق قىلىش ، ئۆگىنىشتە ئېلىمىزدىلا ئەمەس ، بەلكى خەلق-ئارادىمۇ ئالاھىدە تونۇلغان قىممەتلىك تارىخىي ۋە بەدىئىي يادىكارلىق-لارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى .

«قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئۆزىنىڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى ۋە قىم-مىتى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى مەدەنىيەت جە-ھەتتە تۇتقان يۇقىرى ئورنىنى مۇقىملاپلا قالماستىن ، يەنە ئۆز نۆۋىتى-دە ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ دەۋردىن دەۋرگە ئىزچىل داۋام-لىشىپ كېلىشى يولىدىمۇ مۇھىم بىر نامايەندە بولغانىدى . نەسرىي ۋە نەزمىي مۇقەددىمىلەردىكى ئەسەرگە بېرىلگەن باھالاردىن ، ئەسەر-نىڭ كېيىن تېپىلغان ۋە كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى مىلادىيە 13 - ، 14 - ، 15 - ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بولغان ئۈچ پارچە قولىيازما نۇسخىسىدىن ، شۇنداقلا ئەسەر تىلى ، بەدىئىي ئۇسلۇب ۋە ئەنئەنىلى-

رىنىڭ ئەھمەت يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ، نەسرىددىن رەبغۇزىنىڭ «قىسسەئى رەبغۇزى» ۋە بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ئەسەرلىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرىدىن بۇ نۇقتىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ تەخمىنەن مىلادىيە 13 ـ ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن پەرغانە نۇسخىسى ، مىلادىيە 14 ـ ۋە 15 ـ ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن قاھىرە ۋە ھىرات نۇسخىلىرىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن تېپىلىشى (ر . ئارات ، بۇ 3 ـ قېتىم رەتلىنىپ كۆچۈرۈلگەن دېگەن پىكىرنى ئېيتىدۇ ) ۋە ئىلىم ساھەسىگە ئاشكارىلىنىشى خەلقئارا تۈركشۇناسلىق ئىلمىدە زور ئەھمىيەتلىك ۋەقە بولدى ۋە ئۇ قۇتادغۇبىلىكشۇناسلىقتىن ئىبارەت يېڭى ساھەنىڭ بارلىققا كېلىشىنى تەمىن ئەتتى .

«قۇتادغۇبىلىك» كە مۇناسىۋەتلىك ئەڭ دەسلەپكى تارىخىي ئەھمىيەتلىك قەدەم مىلادىيە 1823 ـ يىلى فىرانسۇز شەرقشۇناسى ژائۇبېرت ئامېدېي تەرىپىدىن بېسىلغان بولسا ، ۋېنگر ئالىمى ھېرمان ۋامبېرى مىلادىيە 1870 ـ يىلى بۇ ئەسەرنىڭ ھىرات نۇسخىسىدىن مىڭغا يېقىن بېيىتىنى ترانسكرىپسىيىسى ، نېمىسچە تەرجىمىسى ۋە ئۇنىڭغا ئۇيغۇر ئېلىپبەسى بىلەن تەييارلانغان بىر لۇغەتنى قوشۇمچە قىلىپ نەشرگە تەييارلاپ ، ئەسەرنىڭ بېشىدا بېرىلگەن ئۇيغۇرلار مەملىكىتى ، ئىجتىمائىي ھاياتى ، تىلى ۋە ئۇنىڭغا باغلىنىشلىق يادىكارلىقلار ھەمدە تارىخقا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەتقىقاتى بىلەن قوشۇپ ئىننىسبۇرگدا باستۇرۇپ چىقارغۇزدى . شۇنىڭ بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىنىڭ پەردىسى كەڭرى ئېچىلدى .

ئەنە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ھېسابلىغاندىمۇ ، «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى باشلانغىنىغا بىر يېرىم ئەسىردىن ئاشتى . «قۇتادغۇبىلىك» ئۈستىدىكى ئىلمىي ئەمگەك ، تەتقىقاتلار مۇساپىسىدە چەت ئەل ئالىملىرىدىن ژ . ئامېدېي ، ھ . ۋامبېرى ، ئو . ئولبېرتىس ، ھ . پورگىشتالل ، ۋ . تومسىن ، جوزىف تۆرە ، رەغىپ خولوسى ، بارتولد ، ئە .

ز . ۋەلىدى ، ر . ئارات ، كوپرولو ، سامويلوۋىچ ، فىترەت ، س . مالوۋ ، بروكېلمان ، نامىق ئورقۇن ، ئا . كاپسوغلو ، ئا . ۋالىتوۋا ، ئە . بېرتېلس ، س . ئىۋانوۋ ، ن . گىرېنېۋ ، ئا . كونونوۋ ، ئا . دىلاچار ، س . مۇتەللىپوۋ ، ق . كەرىموۋ ۋە ر . دانكوۋلارنىڭ نامى كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ . بولۇپمۇ بۇنىڭدا ، مالوۋ ، رادلوۋ ، ئارات قاتارلىق ئۈچ ئالىمنىڭ ئەمگىكى قۇتادغۇبىلىكشۇناسلىقتا قوشۇلغان بۈيۈك ھەسسە قاتارىدا قارالدى .

«قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى باشلانغان بىر يېرىم ئەسىردىن كۆپ-رەك ۋاقىتتىن بۇيان بۇ ئەسەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتلاردا ئوخشاشمىغان كۆز قاراشلار ، تالاش - تارتىشلىق مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى . بۇلار ئەسەرنىڭ ماۋزۇ ۋە تېمىسى ، خاراكتېرى ، بەدىئىي ئۇسلۇبى ، تىلى ۋە يېزىقى ھەمدە شۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈلۈپ مۇئەللىپنىڭ ۋە ئەسەرنىڭ مىللىي مەنسۇپلۇقى قاتارلىق بىرمۇنچە جەھەتلەردە كۆرۈل-دى .

ئوخشاشمىغان كۆز قاراش ، تالاش - تارتىشلىق مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا مەيدانغا چىققان تەتقىقات نەتىجىلىرى ، ئەمەلىيەتتە ، «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىنىڭ ئېنىقلىق ، توغرىلىق دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ ، ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يەنىمۇ روشەن نامايان قىلدى .

ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، ئېلىمىز تەتقىقاتچىلىرى «قۇ-تادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت بۇ قىممەتلىك ئەدەبىي مىراس ئۈستىدىكى ھەقلىق تەتقىقاتقا كېچىكىپرەك ، پەقەت ئېلىمىزدە سوتسىيالىزم تۈ-زۈمى ئورنىتىلىپ ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ، ئورتاق گۈللىنىشى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە بولغان مىلادىيە 1949 - يىلىدىن كېيىن ، بولۇپمۇ ، ئېلىمىز تارىخىدا تارىخىي ئەھمىيەتلىك بۇرۇلۇش دەۋرىنى ئېچىپ بەرگەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى (1978 - يىلى) دىن كېيىن رەسمىي كىرىشتى . پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت «قۇتادغۇبىلىك»

نىڭ قىممىتى ۋە ئىلمىي تەتقىقاتتىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى نەزەردە تۇتۇپ ، ئۇنى نەشر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى . مىلادىيە 1980 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مەخسۇس تەھرىر ھەيئىتى قۇرۇپ ، مەزكۇر ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي ھەم نەسرىي يەشمىسى بىلەن خەنزۇچە تەرجىمىسىنى ، ئاخىرىدا ئىندېكس (سۆزلۈك) قىسمىنى نەشرگە تەييارلاشنى قارار قىلدى ھەمدە بۇ ۋەزىپە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىغا تاپشۇرۇلدى .

مىلادىيە 1984 ـ يىلى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسىنىڭ (لاتىن يېزىقىدىكى ترانسكرىپسىيىلىك مەتنى بىلەن بىرلىكتە) ، مىلادىيە 1986 ـ يىلى خەنزۇچە تەرجىمىسىنىڭ ، 1991 ـ يىلى نەسرىي يەشمىسىنىڭ بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن ئارقىمۇئارقا نەشر قىلىنغانلىقى ؛ مىلادىيە 1986 ـ ۋە 1989 ـ يىلى قەشقەردە ئېچىلغان ئىككى قېتىملىق مەملىكەتلىك «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ، مىلادىيە 1993 ـ يىلى بېيجىڭدا ئېچىلغان «قۇتادغۇبىلىك» خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ؛ ئون نەچچە يىللىق تەتقىقات داۋامىدا بارلىققا كەلگەن ئىلمىي ماقالىلەر ، مەخسۇس ئەسەرلەر ، توپلاملار «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىنىڭ ئېلىمىزدە مۇھىم بىر تەتقىقات ساھەسى بولۇپ قالغانلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭ گۈللەنگەن يېڭى تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىنى نامايان قىلدى .

«ھەربىر ھازىرقى زامان مىللىتىدە ئىككى خىل مىللەت بولىدۇ . ھەربىر مىللىي مەدەنىيەتتە ئىككى خىل مىللىي مەدەنىيەت بولىدۇ» .[①] «مۇئەييەن مەدەنىيەت ـ مۇئەييەن جەمئىيەت سىياسىي

① «لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى. ، 20 ـ توم، 15 ـ بەت.

ۋە ئىقتىسادنىڭ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ئىنكاسى» ، «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئۆز سەھىپىلىرىدە ئاپتورنىڭ تارىخىي ۋە مەھەللىۋى چەكلىمىسى ، سىنىپىي چەكلىمىسى ، بىلىش چەكلىمىسى ، ئىدىيىۋى چەكلىمىسى تۇپەيلى بىرقاتار نۇقسان ۋە ئادىششلاردىن خالىي ئەمەس . بىز داستاننى تەتقىق قىلغاندا ، مەسىلىنى دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىسىنەزەرى بىلەن كۆزدىتىپ ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر مىللىتى ۋە ئېلىمىز مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى ۋە رولىغا مۇئەييەن ، ئىلمىي ۋە توغرا باھا بېرىپ ، ئۇنى تولۇق قېزىپ چىقىشىمىز ، «مېغىزىنى ئېلىپ ، شاكىلىنى تاشلىۋېتىش ، قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ، كونىدىن يېڭىنى يارىتىش» پرىنسىپى بويىچە ئۇنىڭ ئىجابىي ، توغرا ۋە ئىلغار تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ ، سوتسىيالىستىك ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز كېرەك .

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسى ـ «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ، شۇنداقلا ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىپتىخارى ھېسابلىنىدۇ .

# ئەھمەد يۈكنەكى ۋە «ئەتەبەتۇلھەقايىق»

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئەينى دەۋر ئەدەبىي تىلى — «خاقانىيە تىلى» (ئەسەردە بۇ تىل «قەشقەر تىلى» دەپ ئاتالغان) دا يارىتىلغان دىداكتىك داستان — «ئەتەبەتۇل-ھەقايىق» («ھەقىقەت بوسۇغىسى») قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر قىممەتلىك ئەدەبىيات يادىكارلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» نىڭ ئاپتورى داستاننىڭ ئاخىرقى بابى (14 - باب) — «كىتاب ئىگىسىنىڭ ئۆزۈرى ھەققىدە» دىكى بىر بېيىتتا ئۆزى ھەققىدە:

138. «ئەدىب ئەھمەد ئاتىم ئەدەپ - پەند سۆزۈم
سۆزۈم بۇندا قالۇر بارۇر بۇ ئۆزۈم.»①
[ئەدىب ئەھمەد ئىسمىم، ئەدەپ - پەند سۆزۈم،
قالۇر بۇ سۆزۈم، كەتسەممۇ ئۆزۈم.]

دېگەنلەرنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ «ئەدىب ئەھمەد» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى، داستاننىڭ پەند - نەسىھەت (دىداكتىكا) تېمىسىدا ئىكەنلىكىنىلا ئېيتىپ ئۆتكەن.

ئەسەر ۋە ئۇنىڭ مۇئەللىپى ھەققىدىكى بىرقەدەر ئېنىق مەلۇماتلار (تولۇق بولمىسىمۇ)، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» نىڭ كېيىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرى ئارقىلىق مەلۇمدۇر. بۇنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ مىلادى-

① نەقىل كەلتۈرۈلگەن شېئىرىي پارچىلار «ئەتەبەتۇلھەقايىق» نىڭ 1980 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان نۇسخىسىدىن ئېلىندى.

يه 15 ـ ئەسىردە ئۆتكەن تۆمۈرىيلەر خانىدانلىقىنىڭ ئەمىرلىرىدىن بىرى بولغان بۈيۈك ئەمىر ئارسلان خوجا تارقان تەرىپىدىن داستانىنىڭ ئاخىرىغا ئىلاۋە تەرىقىسىدە قوشۇپ قويۇلغان بىر شېئىر ناھايىتى مۇھىم بولۇپ ، ئۇ شېئىردا تۆۋەندىكىلەر بايان قىلىنىدۇ :

«ئەدىبنىڭ يەرى ئاتى يۈكنەك ئەرۇر
سافالىغ ئەجەب يەر كۆڭۈللەرى يارۇر

ئاتاسى ئاتى مەھمۇدى يۈكنەكى
ئەدىب مەھمۇد ئوغلى يوق ئول ھېچ شەكى

كىتابىنىڭ ئاتى ئەرۇر ئەتبەتۇل —
ھەقايىق ئىبارەت ئەرەبدىن ئۇسۇل

تامامى ئەرۇر قەشقەرى تىل بىلە
ئايىتمىش ئەدىب رىققاتى دىل بىلە»

[ئەدىبنىڭ يۇرتىنىڭ ئىسمى يۈكنەكتۇر ،
ئۇ كۆڭۈل يايرايدىغان ساپ ھاۋالىق ياخشى يەردۇر .
ئاتىسىنىڭ ئىسمى مەھمۇد يۈكنەكىدۇر ،
ئۇ ئەدىب مەھمۇد ئوغلىدۇر ، بۇنىڭدا ھېچ شەك يوقتۇر .
بۇ كىتابىنىڭ نامى ئەتەبەتۇلھەقايىق ،
بۇ ئىبارە ئەرەبچە تۈزۈلگەندۇر .
(ئەسەرنىڭ )ھەممىسى قەشقەر تىلى بىلەن يېزىلغان ،
ئەدىب (بۇنى )چىن دىلىدىن (چىقىرىپ )ئېيتقان .]

يۇقىرىدىكى بايانلاردىن ئەدىب ئەھمەدنىڭ يۈكنەك دەپ ئاتىلىدىغان ياخشى يەردىن ئىكەنلىكىنى ، دادىسىنىڭ ئىسمى مەھمۇد يۈكنەكى ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» دېگەن ئە-

رەبچە نام بىلەن ئاتالغانلىقى ھەمدە ئەسەر تىلىنىڭ «قەشقەر تىلى» بىلەن يېزىلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

تارىخىي مەنبەلەر ۋە تەتقىقاتلاردىن يۇقىرىقى شەھەرنىڭ سەمەرقەند ئەتراپىغا جايلاشقانلىقى مەلۇم. قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە سەمەرقەند شەھىرى ئاۋات ۋە گۈللەنگەن مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇشى بىلەن غەربىي ئىلىكخانلىقىنىڭ، كېيىن غەربىي قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مەركىزى بولغان. «ئەتەبەتۇلھەقايىق» نىڭ ئەدەبىي ئەنئەنىسى ۋە تىلى، شۇنداقلا، ئۇنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسى خانلىرىدىن بۈيۈك ئەمىر مۇھەممەد داد ئىسپەھسالار بەگكە تەقدىم قىلىنغانلىقىدىن مەزكۇر داستانىنىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرى (مىلادىيە 13 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرى) گە توغرا كېلىدۇ[①]، دېيىش مۇمكىن.

پروفېسسور ئې.ئە.بېرتېلىس ئۆزىنىڭ «ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ ‹ھىببەتۇلھەقايىق› ئەسىرى» ناملىق ماقالىسىدە[②] نەجىپ ئاسىمنىڭ ئەمىر ئىسپەھسالار بەگ ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ ھەمدە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىلىكخانلىرىنىڭ تارىخى ھازىرغىچە كەم ئۆگىنىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئەسەرنىڭ يېزىلغان يىلى ھەققىدە بىرنىمە دېيىش قىيىن بولسىمۇ، لېكىن تىلى ۋە ئۇسلۇبىغا قاراپ، داستاننى ھەر ھالدا مىلادىيە 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدىن كېيىنرەك ۋە مىلادىيە 13 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىكىدىن ئىلگىرىرەك يېزىلغان بولسا كېرەك، دېگەن نەتىجىگە كېلىش مۇمكىن، دېگەن قاراشقا كېلىدۇ.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» نىڭ نامەلۇم بىر كاتىپ تەرىپىدىن يېزىلغان

---

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989، 206 بەت.

② بۇ ماقالىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1981 ـ يىل 3 ـ سانىدا بېرىلگەن.

1 ـ ئىلاۋىدىكى :

«تۇغا كۆرمەز ئەردى ئەدىبنىڭ كۆزى
تۇكەدى بۇ ئون تۆرت باب ئىچىدە سۆزى»

(ئەدىبنىڭ كۆزى تۇغما كۆرمەس ئىدى ،
سۆزى بۇ ئون تۆت باب ئىچىدە تاماملاندى . )

دېگەن مىسرالاردىن بىز يەنە ئەدىب ئەھمەدنىڭ تۇغما ئەمالىقتىن ئىبارەت جىسمانىي ئاجىزلىقىنى بىلىمىز .

بۇ يەردە بۇ ئىلاۋىنى يازغان كىشى ئەدىب ئەھمەدنىڭ ئېيتىپ بېرىشى بىلەن داستاننى يېزىپ چىققان كاتىپ بولۇشى ، ئۇ ئاخىرىدا ئەدىبنىڭ جىسمانىي ئاجىزلىقىنى ئېيتىپ ئۆتۈش بىلەن ، ئەسەرنىڭ تاماملانغانلىقى ھەمدە ئەسەر قىممىتىنى ئالاھىدە ئىزاھلاپ يېزىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرۈشكىمۇ بولىدۇ .

ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ نامى ۋە ئەسىرى ئۆز زامانىسىدا ھەم مىلادىيە 14 ـ ، 15 ـ ئەسىرلەردە خېلى مەشھۇر بولغان . بۇنى ئەسەرنىڭ شۇ دەۋرلەردە كۆچۈرۈلگەن قولىيازما نۇسخىلىرىدىن ، بۇ نۇسخىلارغا يېزىلغان ئىلاۋىلەردىن ، شۇنداقلا ، بۈيۈك ئۇستاز ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «نەسائىمۇل مۇھەببەت» («مۇھەببەت شامالىلىرى» ) ناملىق ئەسىرىدە ئەدىب ئەھمەدنى ئوتتۇرا ئاسىيادا تونۇلغان شەيخلەر قاتارىدا ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ يۇقىرى باھا بەرگەنلىكى ھەمدە ئەدىبنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىدىكى :

«تىلىڭ بەكتە تۇتغىل تىشىڭ سىنماسۇن
قالى چىقسا بەكتىن تىشىڭنى سىيۇر»

[تىلىڭنى قاماقتا تۇتقىن ، چىشىڭ سۇنمىسۇن ،
ئەگەر (ئۇ) قاماقتىن چىقىپ كەتسە ، چىشىڭنى چاقىدۇ .]

دېگەن مىسرالارنى ئۆز ئەسرىدە كەلتۈرگەنلىكىدىن ئېنىق كۆرۈۋې-لىشقا بولىدۇ.

ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ ھاياتى ھەققىدە پەقەت شۇنچىلىكلا ئېيتىپ ئۆتۈش مۇمكىن. ئۇنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىردىنبىر قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسى — «ئەتەبەتۇلھەقايىق» نىڭ مەيدانغا كەلگەن ۋاقتىغا قاراپ، ئەھمەد يۈكنەكىنى مىلادىيە 12 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان مەزگىلدە ياشاپ، ئىجاد ئەتكەن شائىرلاردىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىلىرى ئىلىم دۇنياسىغا مۇشۇ ئەسىرىمىزنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ مەلۇم بولدى. تۈرك ئالىمى نەجىپ ئاسىم بىرىنچى جاھان ئۇرۇشى يىللىرى ئىستان-بۇلدىكى مەشھۇر ئاياسوفىيە مەسچىتىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ئىشلەپ تۇرغىنىدا، باشقا ئەسەرلەر ئارىسىدا، «موڭغۇل تىلىدىكى رىسالىلەر توپلانمىسى» نامى بىلەن تىزىملانغان بىر قوليازمىنى كۆرۈپ قالىدۇ. نەجىپ ئاسىم تەكشۈرۈش ۋە ئۆگىنىش ئارقىلىق، قوليازمىغا ناتوغرا ماۋزۇ بېرىلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ موڭغۇل تىلىدىكى رىسالە بولماستىن، بەلكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا يېزىلغان ۋە شۇكەمگىچە ئىلىم دۇنيا-سىغا مەلۇم بولمىغان بىر داستان ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىدۇ. ئەسەرنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىكى يازمىلاردىن يەنە بۇ ئەسەرنىڭ توڭگۇز يىلى، يەنى ھىجرىيە 884 - يىل زۇلقەئدە ئېيىنىڭ 17 - كۈنىدە (مىلادىيە 1480 - يىلى 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى) كۆچۈرۈلۈپ تامام بولغانلىقى، ئەسەرنى ئىستانبۇلدا قەغەزگە كۆچۈرۈش ئىشىنى بېجىر-گەن خەتتاتنىڭ ئىسمىنىڭ شەيخزادە ئابدۇلراززاق باخشى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. خەتتات قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ھەربىر سۆزنىڭ ئاستىغا شۇ سۆزنىڭ ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلىشىنىمۇ بەرگەن ھەمدە چۈشىنىش تەس دەپ قارىغان سۆزلەرنى پارس تىلىدىمۇ ئىپادىلىگەنىدى. نەجىپ ئاسىم بۇ يادىكارلىقنى ئۇيغۇر تىلى ۋە تۈرك

تىلىدا مىلادىيە 1915~1916 ـ ۋە 1934 ـ يىللىرى نەشر قىلدۇر-
دى .
نەجىپ ئاسىم تەرىپىدىن ئېنىقلانغان بۇ نۇسخا تولۇقسىز بولۇپ ،
ئەسەر ئەسلىي 14 بابتىن تۈزۈلگەن دېيىلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ
11 باب ئىدى . «ئەتەبەتۇلھەقايىق» نىڭ باشقا نۇسخىلىرىدىنىڭ
ئارقا ـ ئارقىدىن تېپىلىشى بىلەن ، كېيىن بۇ نۇسخا «B» نۇسخا
دەپ ئاتالدى .
هازىر بۇ ئەسەرنىڭ بەش خىل قولىيازما نۇسخىسى مەلۇم بولدى .
بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ قەدىمكىسى مىلادىيە 1444 ـ يىلى زەينۇل ئابى-
دىن ، سۇلتان بەخت ، هۈسەيىن قاتارلىقلار تەرىپىدىن سەمەرقەندتە
قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن «A» نۇسخا بولۇپ ، هازىر
ئىستانبۇلدىكى ئايا سوفىيا كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىدۇ . ئىستانبۇلدا ،
ئەرەب يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن «C» نۇسخىسىنىڭ كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى
ۋە كۆچۈرگۈچىسى ئېنىق ئەمەس . بۇ نۇسخا هازىر ئىستانبۇلدىكى
توپكاپى ـ سارىيى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىدۇ . ئەسەرنىڭ بىرقەدەر
مۇكەممەل بولغان يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل نۇسخىسىدىن باشقا ، يەنە
ئىككى پارچە تولۇقسىز نۇسخىسى بار بولۇپ ، ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم
هالدا ئەنقەرە كۇتۇپخانىسى بىلەن بېرلىندىكى پرۇسىيە پەنلەر ئاكادې-
مىيىسى قارمىقىدىكى تۈرك ـ ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرى بۆلۈمىدە ساقلا-
نماقتا .
داستان ئۆزىنىڭ «B» ، «C» نۇسخىلىرىدا ئېيتىلغان نامىغا
ئاساسەن «ئىتەبەتۇلھەقايىق» («هەقىقەت سوۋغىسى») دەپ ئاتىلىپ
كەلگەنىدى . هەممىدىن قەدىمكى ۋە بىرقەدەر تولۇق بولغان «A»
نۇسخىنىڭ تېپىلىشى هەمدە بۇ نۇسخىدا داستان نامىنىڭ «ئەتەبەتۇلھە-
قايىق» دەپ ئاتالغانلىقى ، شۇنداقلا بۇ نام داستاننىڭ مەزمۇنىغا تېخى-
مۇ ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن ، هازىر ئۇ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» نامى
بىلەن ئاتالماقتا .

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» نى ئۆگىنىش ، تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ دەسلەپكى نەشرىنى مەيدانغا چىقىرىش ئىشى دەسلەپ تۈرك ئالىمى نەجىپ ئاسىم تەرىپىدىن ئىشقا ئاشۇرۇلغان بولسا ، ئارقىدىنلا بۇ تەتقىقاتقا ۋ .ۋ .رادلوۋ ، ت .كوۋالېۋسكىي ، ژ .دېنى ، ئې .ئە .بېرتېلىس قاتارلىق شەرقشۇناس ئالىملار كىرىشىپ ، زور ئەمگەك سىڭدۈردى . «ئەتەبەتۇلھەقايىق» نى بىرقەدەر كەڭ دائىرىدە چوڭقۇر ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق قىلغان تۈركىيە ئالىمى ر .ئارات بولۇپ ، ئۇ 1951 ـ يىلى مەزكۇر ئەسەرنىڭ ھازىر بار بولغان نۇسخىلىرى ئاساسىدا دەسلەپكى مۇكەممەل تېكىستىنى تۈرغۇزۇپ چىقتى .

## داستاننىڭ تۈزۈلۈشى ۋە مەزمۇنى

دىداكتىكا (پەند ـ نەسىھەت ) تېمىسىدىكى «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانى 14 بابتىن تۈزۈلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭدا تېپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئون بىر چوڭ مەسىلە چۈشەندۈرۈلگەن .

ئالدى بىلەن شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى مەزكۇر داستاننى مەيدانغا چىقارغان مەزگىلدە قاراخانىيلار سۇلالىسى ئاللىقاچان شەرقىي ۋە غەربىي قىسىمدىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە بۆلۈنۈپ كەتكەن ، ئەسلىدىكى ھاكىمىيەت مەركىزى بولغان خاقانىيەدىكى شەرقىي قىسىم قاراخانىيلار خانلىقى ئاجىزلىشىپ مۇندەرز بولۇشقا يۈزلەنگەن ، بولۇپمۇ مۇھەممەد ئىبنى يۈسۈپ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە (مىلادىيە 1204~ 1211 ) خانلىق تەۋەسىدىكى فېئودال ئاقسۆڭەكلەر تەپرىقىچىلىك قىلىپ ئىسيان كۆتۈرگەنلىكتىن ، خانلىق نامدا بار ، ئەمەلدە يوق بولۇپ قالغانىدى .[①]

غەربىي قىسىم قاراخانىيلار خانلىقىمۇ ئەخمەت ئىبنى خىزىردىن كېيىن زور دەرىجىدە زەئىپلىشىپ ، زاۋاللىققا يۈزلەنگەن ھەمدە مىلا-

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، ئۇيغۇرچە ، 178 ـ بەت .

دىيە 12 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن باشلاپ بەزىدە قىتانلارنىڭ ، بەزىدە خارەزىم خانلىقىنىڭ بېقىندىسى بولۇپ قالغاندى . فېئودال تەپرىقىچىلىك ، بۆلۈنمىچىلىك ، ئۇرۇش ئاپەتلىرى ، قاشقالىق ، جاھالەت ۋە قاتمۇقات زۇلۇم بۇ ئەما ئەدىبنى ئادالەت ، ھەققانىيەت ۋە خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ، كىشىلەرنى ئادالەتكە ، ھەققانىيەتكە ، ئىنساپقا ، ئىنسانىي ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرنى ئۇرغۇزۇشقا چاقىرىش نىيىتىگە ئېلىپ كەلگەندى .

ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى ئۆز ئەسىرىدە ئەينى دەۋردە ئەنئەنىگە ئايلانغان ئۇسۇل بويىچە ، ئالدى بىلەن ئاللاغا ھەمدۇسانا (1 ـ باب ، 1~10 ـ بېيىتلار ) ، ئارقىدىن پەيغەمبەر — مۇھەممەد رەسۇلۇللاغا (2 ـ باب ، 11~15 ـ بېيىتلار ) ۋە 4 ساھابىگە ( 3 ـ باب ، 16~20 ـ بېيىتلار ) نەئت ئېيتىدۇ . 4 ـ بابتا (21~34 ـ بېيىتلار ) ئۇ ئۆز ئەسىرىنى تەقدىم قىلماقچى بولغان بۈيۈك ئەمىر مۇھەممەد داد ئىسپەھسالار بەگكە مەدھىيە ئوقۇيدۇ .

مۇئەللىپ 5 ـ باب ـ «كىتابنىڭ يېزىلىشى ھەققىدە» (35~40 ـ بېيىتلار ) دە ئۆز كىتابىنى داد ئىسپەھسالار بەگ ئۈچۈن ، ئۇنىڭ نامىنىڭ دۇنيادا قېلىشى ئۈچۈن ، كىتابنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان كىشى شاھنى دۇئا بىلەن ياد ئېتىشى ، ئۇنىڭ خاتىرىسىنىڭ مەڭگۈ يۈكسەك بولۇشى ئۈچۈن يازدىم دەپ ، كىتابىنى يېزىشتىكى مەقسىتىنى شاھ نامى ، شان ـ شۆھرىتى بىلەن باغلاپ ، ئۆز ساداقىتى ، ھۆرمىتىنى يەنە بىر قېتىم ئىپادىلىگەندىن كېيىن :

39 . «بەزەدىم كىتابنى نەۋادىر سۆزۈن
باقىغلى ئوقىغلى ئاسىغ ئالسۇ دەپ»
[بۇ كىتابنى ئەڭ ئېسىل سۆزلەر بىلەن بېزىدىم ،
(ئۇنى )كۆرگەن ، ئوقۇغانلار بەھرە ئالسۇن دەپ .]

دېگەن مىسرالىرى ئارقىلىق بۇ ئەسەرنى كىشىلەرنى بەھرىلەندۈرۈش ،

تەربىيىلەش مەقسىتىدە يازغانلىقىنىمۇ ئېيتىپ ئۆتىدۇ . ئاپتورنىڭ كىتابنى يېزىشتىكى ئاساسىي مەقسىتىمۇ مۇشۇ قۇرلاردا نامايان بولىدۇ .

غەزەل شەكلىدە يېزىلغان يۇقىرىقى 5 بابتىن كېيىن ، ئاپتور 6 ـ بابتىن باشلاپ تۆتلۈك شېئىرىي شەكىل بىلەن داستاندا چۈشەندۈرمەكچى بولغان ئون بىر چوڭ مەسىلىگە ئۆتىدۇ . بۇ مەسىلىلەر : بىلىمنىڭ پايدىسى ۋە بىلىمسىزلىكنىڭ زىيىنى (6 ـ باب ، 41 ـ كۇپلېتتىن 52 ـ كۇپلېتقىچە ) ؛ تىلنى تىزگىنلەش (7 ـ باب ، 53 ـ كۇپلېتتىن 64 ـ كۇپلېتقىچە ) ؛ دۇنيانى توغرا تونۇش (8 ـ باب ، 65 ـ كۇپلېتتىن 76 ـ كۇپلېتقىچە ) ؛ مەردلىك ۋە بېخىللىق (9 ـ باب ، 77 ـ كۇپلېتتىن 86 ـ كۇپلېتقىچە ) ؛ كەمتەرلىك ۋە تەكەببۇرلۇق (10 ـ باب ، 87 ـ كۇپلېتتىن 93 ـ كۇپلېتقىچە ) ؛ ئاچ كۆزلۈك (11 ـ باب ، 94 ـ كۇپلېتتىن 99 ـ كۇپلېتقىچە ) ؛ كەڭ قورساقلىق ، سەۋرچانلىق (12 ـ باب ، 100 ـ كۇپلېتتىن 115 ـ كۇپلېتقىچە ) تىن ئىبارەتتۇر .

13 ـ بابتا (116 ـ كۇپلېتتىن 136 ـ كۇپلېتقىچە ) ئاپتور زاماننىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن زارلاپ ، ئۆز ئىچ پۇشۇقىنى بايان قىلىدۇ ؛ 14 ـ بابتا (137 ـ كۇپلېتتىن 141 ـ كۇپلېتقىچە ) كىتابىنىڭ قىممىتى ، ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىش ھەققىدە سۆز قىلىپ ، ئۆز ئۆزرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ئەسىرىنى تاماملايدۇ .

كىتاب ئاخىرىغا كۆچۈرگۈچى ياكى كۆچۈرگۈزگەن ئەمىرلەر تەرىپىدىن ئىلاۋە تەرىقىسىدە قوشۇپ قويۇلغان ئىككى پارچە تۆتلۈك ، بىر پارچە مەسنەۋىنى (10 كۇپلېت ) قوشۇپ ھېسابلىغاندا ، پۈتۈن داستان جەمئىي 153 كۇپلېت شېئىردىن تەشكىل تاپقان .

ئاپتور ئۆزى تەشەببۇس قىلماقچى بولغان ئاساسىي مەقسەتكە كۆچكىنىدە ، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئەخلاقىي مەسىلىلەر ، كىشىلىك تۇرمۇش توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى قاراش ، نۇقتىئىنەزەرلىرىنى يۇقىـ

ـرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن بىر - بىرلەپ بايان قىلىدۇ .

ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى ئىنساننىڭ سىياسىي - ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئىلىم - مەرىپەتنىڭ نەقەدەر زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ يەتكەن ۋە ئۇنى ئۆز ئەسىرىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى ۋە ئەڭ مۇھىم تېمىسى ئورنىغا قويغان . ئۇ ئاساسىي مەقسەتكە كۆچكەن 6 - بابنىڭ بېشىدىلا :

41 . «بىلىكدىن ئۇرۇرمەن سۆزۈمگە! ئۇلا
بىلىكلىككە يا دوست ئۆزۈڭنى ئۇلا
بىلىك بىرلە بۇلنۇر سەئادەت يولى
بىلىك بىل سەئادەت يولىنى بۇلا »

[سۆزۈمگە بىلىمدىن ئاساس سالىمەن ،
ئەي دوستۇم ، بىلىملىككە ئۆزۈڭنى باغلا .
سائادەت يولى بىلىم بىلەن ئېچىلىدۇ ،
بىلىم ئال ، سائادەت يولىنى ئاچ .]

دەپ ، ئىنساننىڭ بەخت - سائادەت يولى پەقەت بىلىم ئارقىلىقلا ئېچىلىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ . ئۇ ئارقىدىنلا ، بىلىم ئادەمنىڭ زىنـ-ـنىتى ۋە قەدىر - قىممىتىدۇر ، ئادەم پەقەت بىلىم بىلەنلا ئادەم بولۇپ تونۇلىدۇ ۋە نامى مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ ، بىلىمسىزلىك ۋە نادانلىق كىشىـ-ـنى يەرگە چۆكتۈرىدۇ ، بىلىم ۋە بىلىملىكنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلىملىك بىلىدۇ ، نادانلىق ئىنسان ئۇچۇن يۈيۈپ تازىلىغىلى بولمايـ-ـدىغان كىردۇر ، بىلىملىكلەر كېرەكلىك سۆزنى قىلىدۇ ، بىلىمسىز-لەر بىلمەستىن سۆزلەپ ئۆز تىلى بىلەن ئۆز بېشىنى يەيدۇ ، بىلىمـ-ـلىكنى ھەممە كىشى ياقتۇرىدۇ ، ئۇنى پۈتۈن جاھان ماختايدۇ ، بىلىم مۇلۇكسىزگە تۈگىمەس مۇلۇك ، نەسەبسىزگە ئۈزۈلمەس نەسەبتۇر دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار پىكىر دۇردانىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ .

مەسىلەن :

42 . «بەھالىغ دىنار ئول بىلىكلىك كىشى
بۇ جاھال بىلىكسىز باھاسىز بىشى»

[بىلىملىك كىشى قىممەتلىك دىناردۇر ،
بىلىمسىز نادانلار قىممەتسىز يارماقتۇر .]

43 . «سۆڭەككە يىلىك تەگ ئەرەنكە بىلىك
ئەرەن كۆركى ئەقىل ئول سۆڭەكىنىڭ يىلىك»

[ئادەمدە بىلىم بولۇشى سۆڭەكتە يىلىك بولغانغا ئوخشايدۇ ،
ئادەمنىڭ زىننىتى ئەقىل بولسا ، سۆڭەكىنىڭ يىلىكتۇر .]

44 . » . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
بىلىكلىك ئەر ئۆلدى ئاتى ئۆلمەدى
بىلىكسىز تىرىگ ئەركەن ئاتى ئۆلۈك»

[بىلىملىكلەر ئۆلسىمۇ ، نامى تىرىك بولىدۇ ،
بىلىمسىزلەر تىرىك بولسىمۇ ، نامى ئۆلۈك بولىدۇ .]

48 . » . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
نە تۇرلۇگ ئارىغسىز ئەرىر يۇماقىن
جاھىل يۇپ ئارىماز ئارىغسىز ئەرۇر»

[ھەرقانداق كىرنى يۇيۇپ تازىلىغىلى بولىدۇ ،
نادانلىق يۇيۇپ تازىلىغىلى بولمايدىغان كىردۇر .]

52 . » . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

تاۋارسىزقا بىلگى تۇكەنمەز تاۋار
نەسەبسىزقا بىلگى يىرىلمەز نوسەب»

[مۇلۇكسىزگە بىلىم تۈگىمەس مۇلۇك ،
نەسەبسىزگە بىلىم ئۈزۈلمەس نەسەب .]

بىلىم ، بىلىملىك بولۇش بىلەن بىلىمسىزلىك ، مەرىپەت بىلەن جاھالەت (نادانلىق ) بۇ بابتىكى بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان ئىككى تەرەپ بولۇپ ، ئاپتور مۇھەببەت - نەپرەتى روشەن ھالدا بىلىم ، بىلىملىك بولۇشنى ، مەرىپەتنى ئۇلۇغلاپ ، بىلىمسىزلىك ۋە جاھالەت (نادانلىق ) نى سۆكىدۇ .

ئاپتور تىل ئۈستىدە توختالغىنىدا ، پىكىرنىڭ مەركىزىنى تىلنى تىزگىنلەش مەسىلىسىگە قارىتىدۇ ، ئۇ تىلنى تىزگىنلەشنى ئىنتايىن ئوبرازلىق قىلىپ «تىلنى قاماقتا تۇتۇش» دەيدۇ ھەمدە ئەگەر تىل قاماقتىن چىقىپ كەتسە ، چىشىڭنى چاقىدۇ ، دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ . ئۇ ئويلاپ سۆزلەش ، ئاز سۆزلەش ، قالايمىقان سۆزلىمەسلىك ، ئاغزى بوشلۇق ، تەنتەكلىك قىلماسلىق ، كىشلەرنى تىل بىلەن ئازابلىماسلىق ھەققىدە بىرمۇنچە قىممەتلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن :

57 . «نەكىم كەلسە ئەركە تىلىندىن كەلۇر
تىلىندىن كىم ئەدگۇ كىم ئىسىز بولۇر
ئەشىت بۇت بۇ سۆزگە قامۇغ تاڭدا تەن
تۇرۇپ تىلگە يۇكنۇپ تەزەررۇ قىلۇر»

[كىشىگە ھەر ئىش كەلسە ، تىلدىن كېلىدۇ ،
كىمنىڭ ياخشى ، كىمنىڭ ئەسكىلىكى تىلدىن مەلۇم بولىدۇ .
بۇ سۆزنى ئاڭلىغىن ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنگىنكى ، تەن ھەر تاڭدا

تۇرۇپ تىلغا يۈكۈنۈپ يالۋۇرىدۇ .]
دېيىش ئارقىلىق ، تىلنى تىزگىنلەش ئادەم ھاياتىنىڭ كاپالىتى ئىكەنـ
لىكىنى ئۇقتۇرىدۇ .
ئۇ يەنە :

58 . «ئىكى نەڭ بىرىكسە بىر ئەردە قالى
بۇكەندى ئول ئەركە مۇرۇۋۋەت يولى
بىر ئول ياڭشار ئەرسە كېرەكسىز سۆزۈگ
ئىكىنچ يالغان ئەرسە ئول ئەرنىڭ تىلى

59 . تىلى يالغان ئەردىن يىراق تۇر تەزە
كەچۈرسە مە ئۆمرۈڭ كۆنىلىك ئۆزە
ئاغىز تىل بەزەكى كۆنى سۆز تۇرۇر
كۆنى سۆزلە سۆزنى تىلىڭنى بەزە»

[ئەگەر بىر كىشىدە (مۇنۇ) ئىككى نەرسە بىرىكسە ،
ئۇ كىشىگە ئادەمگەرچىلىك يولى ئېتىلىدۇ :
(ئۇنىڭ) بىرى قۇرۇق گەپنى كۆپ قىلىش بولسا ،
ئىككىنچىسى يالغان سۆزلەشتۇر .
يالغانچىدىن يىراق تۇرغىن ۋە تەزگىن ،
ئۆمرۈڭنى راستچىللىق بىلەن ئۆتكۈزگىن .
راست گەپ ئېغىز ۋە تىلنىڭ بېزىكىدۇر ،
راست گەپ قىلىپ تىلىڭنى بېزە .]
دەپ يېزىپ ، كىشىلەرنى راستچىل بولۇشقا چاقىرىدۇ ، مەمەدانلىق ،
يالغانچىلىق ، كاززاپلىقنىڭ ئىنسان بالىسى ئۇچۇن زەرەرلىك ۋە
خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ . شۇنداقلا ، ئۇ سىر ساقلاشنىڭمۇ
ئىنسان ئۇچۇن مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ .
«ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىنىڭ 7 ـ بابىدا ئەينى دەۋردە ئوتتۇرا

ئاسيا ۋە ئىراندا زور تەسىرگە ئىگە بولغان تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئىپادىسى روشەن گەۋدىلىنىدۇ . ئەدەب زامانىسىدا تو- نۇلغان تەسەۋۋۇپ ئۇستاز (شەيخ ) لىرىدىن بىرى بولغىنى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ ئۆز مەيدانى ۋە دۇنيا قارىشىنى داستاندا ئىپادىلىشى تەبىئىي ۋە مۇقەررەر ئىدى .

ئۇ بۇ بابنى ئەينى دەۋر تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىدا ئەڭ مۆتىۋەر تېما ھېسابلانغان دۇنيانىڭ پانىيلىقى ھەققىدىكى ماۋزۇغا بېغىشلايدۇ ھەم- دە سۆزىنى دۇنيانى كارۋان سارايغا ئوخشىتىش بىلەن باشلايدۇ . بۇ دۇنيا پەقەت بىر ئۆتكۈنچى دۇنيا ، ئۇنىڭ مال - دۇنياسىمۇ ئوخشاشلا بىر ئۆتكۈنچىدۇر ، ئىنسان بۇ دۇنيا مەئىشەتلىرىدىن ئۆزىنى تارتى- شى ، مال - دۇنياغا بېرىلمەسلىكى ، ئەگنى پۈتۈن ، قورسىقى توق بولسىلا ، شۇنىڭغا قانائەت قىلىشى كېرەك ، دەيدۇ ئۇ ۋە شۇنىڭغا ئۇلاپ :

69 . «بەقاسىز ئەرۇر بۇ ئاژۇن لەززەتى
كەچەر يېل كەچەر تەگ مەزە مۇددەتى
يىگىت قوجا بولۇر ياڭى ئەسكىرۇر
قاۋى ئەرسە قاملۇر قاچار قۇۋۋەتى

70 . بۇكۈن بار يارىن يوق بۇ دۇنيا نەڭى
مەنىڭ دەمىشىڭ نەڭ ئادىنلار ئوڭى
قامۇغ تولغان ئىرلۇر تۈكەل ئەكسىيۇر
قامۇغ ئابادانىنىڭ خەراب ئول سوڭى

71 . نەچە يەر بار ئەردى سىغىنشماز ئەرى
ئەرى باردى قالدى قۇرۇغ تەك يەرى
نەچە ئالىم ئەردى نەچە فەيلەسۇف
قانى بۇ كۈن ئۇلار مىڭىندە بىرى

72 . ئاژۇن كۆلچىرەر باز ئالىن قاش چاتار
بىر ئەلگىن تۇتۇپ شەھد بىرىن زەھر قاتار
ئەسەل تاترۇپ ئىلكىن تاماق تاتىتىپ
كىدىنرەك قەدەھقا سۇنۇپ زەھر قاتار »

[بۇ دۇنيانىڭ لەززىتى باقىي ئەمەس ،
مەززە مۇددىتى خۇددى ئۆتكۈنچى شامال .
يىگىت قېرىيدۇ ، يېڭى كونىرايدۇ ،
قاۋۇللار كۈچىدىن قېلىپ ئاجىزلىشىدۇ .
بۇ دۇنيانىڭ نەرسىلىرى بۈگۈن بار ، ئەتە يوق ،
مېنىڭ دېگەن نەرسەڭ باشقىلارنىڭ قىسمىتى .
ھەممە كۆپ (نەرسە )ئازىيىدۇ ، تەل (نەرسە )كېمىيىدۇ ،
بارلىق ئاۋاتلىقنىڭ ئاخىرى خارابلىق بولىدۇ .
(ئادەملىرى )سىغىشمايدىغان بىرمۇنچە يەرلەر بار ئىدى ،
(ھازىر )ئادەملىرى كېتىپ ، يېرى بوش دېگۈدەك قالدى .
قانچىلىغان ئالىم ۋە پەيلاسوپلار بار ئىدى ،
قېنى بۈگۈن ئۇلارنىڭ مىڭدىن بىرى ؟
دۇنيا كۈلۈمسىرەيدۇ ھەم قاپىقىنى تۈرىدۇ ،
بىر قولىدا ھەسەل تۇتۇپ ، بىر قولىدا زەھەر ساقلار .
ئاۋۋال ھەسەل بېرىپ ، ئاغزىڭنى تاتلىق قىلىپ قويۇپ ،
كېيىن زەھەر قېتىلغان قەدەھنى سۇنار .]

بۇ بابتىكى بايانلار بارلىق تەسەۋۋۇپ ۋەكىللىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگىنىگە ئوخشاش زىددىيەتلىك تەرەپلەر بىلەن تولغان . ئۇنىڭدا بەزى ئىلغار پەلسەپۋى ، ئەخلاقىي چۈشەنچىلەر (مەسىلەن ، خەسىسلىكتىن ئۆزىنى تارتىش ، مۇلۇكپەرەسلىك قىلماسلىق ، بۇ دۇنيادا ياشاش ۋە ئۇنىڭغا ياخشىلىق ئۇرۇقىنى تېرىش ، ئىگىلىگەن

بايلىق ـ باشقىلارنىڭ قىسمىتى ، بايلىق ۋە كەمبەغەللىك نىسبىي بولىدۇ ، دېگەنگە ئوخشاش ) قوشۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ- نىڭدا تۈپ ئاساسىدىن ئېلىگەرى سۈرۈلگىنى ئىسلام تېئولوگىيىسىنىڭ سۇبيېكتىپ پانتېئىزملىق نۇقتىئىنەزىرىدىن ئىبارەت . ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا ھەممىنى ئاللاغا باغلاپ ، تەقدىرگە تەن بېرىشنى ، بېشىغا كېلىدىغىنىنى كۈتۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ ، «بۇ دۇنيا قاچان ئۈمىد ئورنى بولغان» دەيدۇ .

ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى داستانىنىڭ 9 ـ ، 10 ـ ، 11 ـ ۋە 12 ـ بابلىرىدا گۈزەل كىشىلىك ئەخلاق ـ پەزىلەت بىلەن ، ئۇنىڭغا يات بولغان پەس خۇلق ـ مىجەزلەرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئارقى- لىق ، كەمتەر ، كىچىك پېئىل ، خۇي ـ پەيلى گۈزەل بولۇشنى ؛ كىشىلەرگە شەپقەتلىك ، مېھرىبان ۋە ۋاپادار بولۇشنى ؛ كۆيۈمچان- لىق ، كەڭ قورساقلىق ، مۇلايىملىق ، تەمكىنلىك ۋە سەۋرچان- لىقنى ؛ پايدىسىز سۆز ـ چۆچەك ۋە جېدەلدىن ساقلىنىشنى ؛ كىشى- لەرگە ياخشىلىق قىلىش ، سىلىق مۇئامىلىدە بولۇش ، دوستلۇققا ئىنتىلىش ۋە دوستلۇقنى قەدىرلەشنى ؛ ياخشى قىلىق ، خۇي ـ پەيل- لىك بولۇپ يامانغا يولىماسلىقنى تەشەببۇس قىلىپ ، مۇشۇنداق بو- لۇش ۋە مۇشۇنداق قىلىشنى ئىنساننىڭ گۈزەل ئەخلاقى ، ھەقىقىي ئىنسانىي پەزىلەت بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ . ئاپتور يۇقى- رىقىدەك ياخشى خىسلەت ، ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرنى مەدھىيىلەش بىلەن بىر قاتاردا بېخىللىق ، تەكەببۇرلۇق ، مەنمەنچىلىك ، يۇقىرى ـ تۆ- ۋەنلىك ، ئۇلۇغلۇق تالىشىش ، ئاچ كۆزلۈك ، تەمەگەرلىك ، يامان خۇي ـ پەيل ، كىشىلەرگە يامانلىق ، زۇلۇم ـ ستەم قىلىش قاتارلىق ئىنسانىي ئەخلاققا يات ئىللەتلەرنى قاتتىق سۆكىدۇ ، كىشىلەرنى بۇ خىل ئىللەت ، رەزىللىكلەردىن ئۆزىنى تارتىشقا چاقىرىدۇ .

ئاپتورنىڭ مەردلىك بىلەن بېخىللىقنى ، كەمتەرلىك بىلەن تە- كەببۇرلۇقنى ، كەڭ قورساقلىق بىلەن ئىچى تارلىقنى ، قانائەتچانلىق

بىلەن ئاچ كۆزلۈكنى، راستچىللىق بىلەن يالغانچىلىقنى ئۆزئارا سېلىشتۇرما قىلىپ، ئۇلارنىڭ پايدىلىق ۋە زىيانلىق، ياخشى ۋە يامان، خاتا ۋە توغرا تەرەپلىرىنى ئېچىپ بېرىش ئاساسىدا، كىشىلەرنى تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىپ يازغان بۇ بابلىرىدا داستاننىڭ دىداكتىكىلىق خاراكتېرى ھەمدە ئىجتىمائىي ـ سىياسىي، تەربىيىۋى مەقسەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پەلسەپىۋى ئەھمىيىتى روشەن نامايان بولىدۇ.

شائىر ئىلگىرى سۈرگەن پىكىرلەردىن ئۇ ياشىغان دەۋردە ھاكىم تەبىقىدىكىلەر (سىنىپلار) بىلەن مەھكۇم تەبىقىدىكىلەر (سىنىپلار) ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر، سىنىپىي زۇلۇم، زىددىيەتلەرنىڭ كەسكىنلەشكەنلىكىنى ھېس قىلىش مۇمكىن. شائىر ھاكىم (يۇقىرى) تەبىقىدىكىلەرنى ئادالەتكە، توغرىلىققا، كىشىلەرگە زۇلۇم قىلماسلىققا، ئەكسىچە، كىشىلەرگە ماددىي ياردەم بېرىش، خەير ـ ساخاۋەتلىك بولۇشقا چاقىرىدۇ.

بۇ بابلاردا ئىلگىرى سۈرۈلگەن پىكىرلەرنىڭ مەلۇم ئىلغار، تەرەققىيپەرۋەرلىك مەزمۇنغا ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە، يەنە ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ سۇبيېكتىپ فانتېزىم، تەقدىرچىلىك، مۇرەسسەچىلىككە ئوخشاش ئىدىيىۋى خاھىشلىرىنىڭمۇ ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئىپادىلىنىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەك.

مەسىلەن:

«بۇ بايلىق چىغايلىق ئىدى قىسمەتى»
[بايلىق ۋە گادايلىق ئاللانىڭ قىسمىتىدۇر]
(96 ـ كۇپلېت)
«تار ئەرسە كىڭ ئەرسە بىتىلدى رۇزۇڭ»
[تار بولسۇن، كەڭ بولسۇن، رىزقىڭ شۇنداق پۈتۈلگەن]
(99 ـ كۇپلېت)

«ئاتا بىر ، ئانا بىر ئۇيالار بۇ خەلق ،
تەفاۋۇتلەرى يوق ئۆتە ئىر تەسە»
[ئىنسانلار بىر ئاتا بىر ئانىدىن بولغان قېرىنداش ،
ئوبدان سۈرۈشتۈرۈلسە ، (ئۇلار ئارىسىدا )ھېچ پەرق يوق .]
(93 ـ كۇپلېت )
«جەفا قىلدى چىڭقا يانۇت قىل ۋەفا
ئارىماز نەچە يۇسا قان بىرلە قان»
[ساڭا جاپا قىلغۇچىغا جاۋابەن ۋاپا قىلغىن ،
(چۈنكى )قاننى قان بىلەن قانچە يۇسىمۇ تازىلانمايدۇ .]
(102 ـ كۇپلېت )
«ساڭا تەگسە ئەمگەك كىشىدىن كۆتۈر»
[ئەگەر ساڭا (باشقىلاردىن )جاپا كەلسە ، ئۇنى كۆتۈرگىن .]
(103 ـ كۇپلېت )
108 . «بەلا كەلسە سەبر ئەت ، فەرەھقا كۇدۇپ ،
كۇدۇپ تۇر فەرەھقا بەلا رەنج يودۇپ .
ئۆچەر مېھنەت ئوتى كەچەر نەۋبەتى
قالۇر سەبر ئىدىسى سەۋابىن يۆدۇپ»
[بالا كەلسە ، شادلىقنى كۈتۈپ سەۋر قىل ،
بالا ۋە زەخمەت يوقىلىپ شادلىقنىڭ كېلىشىنى كۈت .
جاپانىڭ نۆۋىتى كېتىپ ، ئوتى ئۆچىدۇ ،
سەۋر ئىگىسى ساۋابنى يۈدۈپ قالىدۇ .]
خۇددى يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىمۇ زامانىنىڭ بۇزۇقلۇقى ھەققىدە مەخسۇس بىر باب ئاجرىتىپ توختىلىدۇ . ئۇ ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرى ، ئۇنىڭدىكى ناھەقچىلىق ، يولسىزلىق ، ئەخلاقسىزلىق ۋە چىرىكلىكلەرنى قاتتىق غەزەپ ـ نەپرەت بىلەن پاش قىلىدۇ ۋە ئەيىبلەيدۇ .
شائىر :

117 . «بۇ كۈن بۇ ئاۋۇندا كىشلىك ئىسىز
قانى قانچە بەردى كىشلىك ئىسىز
ۋەفا كۆلى سۇغلۇپ قۇرۇپ يۇللارى
جەفا تولدى تاشتى تەڭىزدىن ئەدىز »
[بۈگۈن بۇ دۇنيادا ئىنسانلىق ناچاردۇر ،
ئىسىت ، ئىنسانلىق قېنى ، نەگە كەتتى .
ۋاپا كۆلى سوغۇلدى ، بۇلاقلىرى قۇرۇپ كەتتى ،
جاپا تولۇپ تاشتى ، دېڭىزدىن ئاشتى .]
ئۇ ئارقىدىنلا مۇنۇلارنى ئېيتىدۇ :

«ئەهد ـ ئامانەت ، ياخشىلىق قېنى ؟ ياخشىلىق كېتىپ ، ياماد-لىق كەلدى . زامان ئۆچمەنلىك ۋە جەبىر ـ جاپا بىلەن تولۇپ ، ساۋابلىق بىر ئىشمۇ قالمىدى . ئىبادەت ساختىلىققا ئايلاندى ، ئالىملار ئۆز ئىشىنى ، زاهىدلار تەقۋادارلىقنى تاشلىدى . ئىككى يۈزلىمچىلەر ئېتىبارلىق بولۇۋاتىدۇ ، يوللۇقلارغا يول يوق ، يولسىزلارغا يول كەڭرى بولۇۋاتىدۇ ، ئەخلاقسىزلارنىڭ دەۋرى كەلدى ، ئۇيات يۈتتى ، هالال يېگۈچىلەر تۈگىدى ، خەلق مال ـ دۇنيانىڭ قۇلى بولدى . دۇنيا هۈنەرۋەنلەر ئۈچۈن ۋاپاسىز بولدى ، پەسلەرنى كۆتۈرۈپ ، ئەزىزلەرنى يەرگە ئۇردى» (118 ـ كۇپلېتتىن 132 ـ كۇپلېتقىچە ) .

بۇ تەنقىد ، ئەيىبلەشلەرنىڭ مەركىزىدە هۆكۈمرانلار ۋە ئۇلار ۋەكىللىكىدىكى تەبىقە (سىنىپ ) لار تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىۋېلىش قىيىن ئەمەس . شائىرنىڭ ئۆتكۈر قىلىپ : «ئۆزۈڭ بۇزۇق ، شۇڭا جاهانمۇ بۇزۇلدى » (119 ـ كۇپلېت ) ، «ياخشى ئادەملەر تۇرىدىغان يەر قېنى ؟ خەلق بىلەن كارىڭ يوق ، زامانىڭنى ئەيىبلەيسەن ، زاما-نىڭنى ئەيىبلىمەي ، كىشىلىرىڭنى ئەيىبلە» (122 ـ كۇپلېت ) ، «كىم ئىككى يۈزلىمچى بولسا ، شۇ ئېتىبارلىق بولىدۇ ، كىم يول-سىز بولسا ، ئۇنىڭغا يول كەڭدۇر» (123 ـ كۇپلېت ) ، «ئەي ئەخلاقسىز ، بۇ سېنىڭ دەۋرىڭ ، سېنى قەيەردە ۋە قانداق تىل بىلەن

كىم توسىدۇ ؟ » (124 ـ كۇپلېت ) دېگەن بىرقاتار بايانلىرى بۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

شائىرنىڭ ھۈنەرۋەنلەر ھەققىدىكى ئىككى كۇپلېت شېئىرى (131 ـ ، 132 ـ كۇپلېتلار ) ئېتىبارىغا ئالاھىدە سازاۋەردۇر . ئۇ بۇ كۇپلېتلاردا ئەمگەكچىلەر تەرەپتە تۇرۇپ ، پادىشاھقا : «بۇ ھۈنەرۋەنلەر بۇ دۇنيا ئالدىدا نىمە گۇناھ ئۆتكۈزدى ؟ » دېگەن ئۆتكۈر سوئالنى قويىدۇ .

ئەھمەد يۈكنەكى ئۆزى ياشاپ تۇرغان جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ ، يىرگىنچلىك تەرەپلىرى ، ناچار ئىللەتلىرىنى غەزەپ بىلەن سۆككەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭغا قارشى بىرەر جەڭگىۋار پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويالمىغان ، بەلكى ئاخىرىدا ئۇ يەنىلا ھەممىنى «تەقدىر» دىن كۆرۈش ، «تەقدىرگە تەن بېرىش» كېرەك دەيدىغان ئىسلام تېئولوگىيىسىنىڭ پانتېئىزملىق نۇقتىئىنەزىرىدە توختاپ قالغان .

ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك بىرقاتار ئىدېئالىستىك نۇقتىئىنەزەر ۋە فېئوداللىق ئەدەپ ـ يوسۇنغا ئائىت پاسسىپ چۈشەنچىلەردىن خالىي بولمىسىمۇ ، لېكىن بۇ ھال داستاننىڭ ئىلغار ئەھمىيىتى ۋە بەدىئىي قىممىتىنى يوققا چىقارمايدۇ . شائىرنىڭ فېئودالىق تۈزۈم چىرىكلىشىپ ، جاھالەت ، زۇلۇم چېكىگە يەتكەن ، خەلقنىڭ ئەركىنلىك ۋە باشقا ئىنسانىي ھوقۇقلىرى دەپسەندە قىلىنىپ ، كىشىلىك ئەخلاق يوقالغان بىر مەزگىلدە روشەن ھالدا خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ بۇنداق بىر ئەسەرنى يېزىپ ھۆكۈمدارغا سۇنۇشى زور جاسارەت ۋە تېپىلغۇسىز قىممەتلىك پەزىلەت ئىدى . بىز ماركسىزمنىڭ كلاسسىكلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە مۇئامىلە قىلىش ھەققىدىكى تەلىماتلىرىنى يېتەكچى قىلىپ ، ئەسەرنىڭ مېغىزى بىلەن شاكىلىنى ئېنىق ئايرىپ ، ئۇنىڭغا توغرا مۇئامىلە قىلىشىمىز ۋە تەنقىدىي يوسۇندا ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەك .

## «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىدا «قۇتادغۇبىلىك» ئەنئەنىلىرى

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا بىز باشتىلا شۇنداق بىر تەسىراتقا ئىگە بولىمىزكى، مەيلى ئورخۇن يادنامىلىرىدىن تۇرپان تېكىستلىرىگىچە بولسۇن، مەيلى «قۇتادغۇبىلىك»تىن تارتىپ «ئەتەبەتۇلھەقايىق»قىچە بولغان يادىكارلىقلاردا بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە شۇنداق بىر ئەنئەنە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن، ئۇ بولسىمۇ: بىلىمنىڭ ئىنسان ئەقىل ـ پاراستى، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى، جەمئىيەتنى تۈزەش، ئۆزگەرتىشتىكى بۈيۈك رولى ۋە ھاياتي كۈچىنى ئۇلۇغلاش، بىلىم ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلەشتىن ئىبارەت مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدۇر.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىمنى ئۆزى يەتمەكچى بولغان غايىۋى دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى ئورنىغا قويۇپ، بىلىمنىڭ ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن نەقەدەر زۆرۈر ۋە قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى زور شجائەت بىلەن ئىسپاتلاپ چىققان بولسا، ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىدا جەمئىيەتنى ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە ئىنسانىي ئەخلاق ـ پەزىلەت يولى بىلەن تۈزەشنى تەشەببۇس قىلىپ، خارابىلىشىپ يولدىن چىققان رېئال جەمئىيەتنى قۇتقۇزۇپ، خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرۈشنىڭ ھەقىقەت دەرۋازىسىنى كۆرسىتىپ بەرمەكچى بولغان.

خۇددى يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش ئەھمەد يۈكنەكىمۇ بىلىمگە بېغىشلانغان مەخسۇس بابىدىن كېيىنلا تىل ھەققىدە مەخسۇس بىر باب ئاچىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا: «تىل ئەقىل ھەم بىلىمنىڭ تەرجىمانى، تىل كىشىنى قەدىرلىك قىلىپ بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ، ياكى خار قىلىپ ھاياتىدىن ئايرىيدۇ» (162 ـ ، 163 ـ بېيىتلار) دەپ كۆرسەتسە، ئەھمەد يۈكنەكى

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىدا مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ : «كىشىنىڭ يۈزىنى ئوتقا ئاتقۇچى ـ تىلدۇر» دېگەن سۆزىنى نەقىل ئېلىش ئارقىلىق ، تىلنى تىزگىنلەشنى ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ ئالدىنقى شەرتى ، ئىنسان ھاياتىنىڭ كاپالىتى ئورنىغا قويىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ :

167 . «سۆزۈڭنى كۈدەزگىل باشىڭ بارماسۇن
تىلىڭنى كۈدەزگىل تىشىڭ سىنماسۇن»
[سۆزۈڭنى كۆزەتكىن ، بېشىڭ كەتمىسۇن ،
تىلىڭنى كۆزەتكىن ، چىشىڭ سۇنمىسۇن .]

دەپ يازغان بولسا ، ئەھمەد يۈكنەكى ئۇنىڭغا يېقىندىن ياندىشىپ ۋە نەقىل ئېلىپ مۇنۇلارنى ئېيتىدۇ :

53 . «ئەشىتگىل ، بىلىكلىگ نەگۇ دەپ ئايۇر
ئەدەبلەر باشى تىل ، كۈدەزمەك دەيۇر .
تىلىڭ بەكتە تۇتغىل تىشىڭ سىنماسۇن
قالى چىقسا بەكتىن تىشىڭنى سىيۇر»
[بىلىملىكلەرنىڭ سۆزىگە قولاق سالغىن ،
(ئۇلار) ئەڭ بىرىنچى پەزىلەت تىلنى تىزگىنلەش دەيدۇ .
تىلىڭنى قاماقتا تۇتقىن ، چىشىڭ سۇنمىسۇن ،
ئەگەر (ئۇ) قاماقتىن چىقىپ كەتسە ، چىشىڭنى چاقىدۇ .]

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىنساننىڭ ماھىيىتى «كىشىگە كىشىلىك بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش» ، «كىشىگە كىشىلىك قىلىشتۇر» ، ئەنە شۇنداق كىشىلا «كىشى» دەپ ئاتىلىدۇ ، دەپ كىشىلىك (ئادىمىيلىك) مەسىلىسىنى ئۆز ئىدېئالىدىكى غايىۋى جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىنىڭ مۇھىم مەركىزىگە قويغان بولسا ، ئەھمەد يۈكنەكى مەردلىك ۋە بېخىللىق ، كەمتەرلىك ۋە تەكەببۇرلۇق ، ئاچ كۆزلۈك ، كەڭ قورساقلىق ، سەۋرچانلىق ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت كىشىلىك ئەخلاقىغا دائىر مەسىلىلەرنى ئۆز پەند ـ نەسىھەتلىرىنىڭ مۇھىم

مەزمۇنى قىلغان ھالدا ، ئۇنى ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋر ئىچىگە قويۇپ بايان قىلغان . بۇ يەردە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە تارتىدىغان يەنە بىر ئوخشاشلىق شۇكى ، ھەر ئىككى ئاپتور ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ئاخىرىدا مەخسۇس بىر باب ئاجرىتىپ ، زاماننىڭ بۇزۇلغانلىقى ، كىشىلىكنىڭ يوقالغانلىقىنى ئېيتىپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى ئىزھار قىلىشقان . (بۇ ھەقتە باشتا ئېيتىپ ئۆتۈلگەنلىكى ئۈچۈن تەپسىلىي توختالمىدۇق ) .

دەۋر قەھرىمانىنى ياراتقىنىدەك ، ئۆزىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەدىبلىرىنىمۇ يارىتىدۇ . مۇنەۋۋەر ئەدىبلەرنىڭ ئۆزىمۇ دەۋر قەھرىمانلىرىدۇر . قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ جەمئىيەت سىياسىي ـ ئىقتىسادىي تۇراقلىشىپ ، گۈللەنگەن ۋە شۇ ئاساستا مەدەنىيەتتىمۇ گۈللىنىش كۆرۈلگەن دەۋرلىرىمۇ ، شۇنداقلا ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان دەۋرلىرىمۇ بولدى . ھالبۇكى ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن ئەھمەد يۈكنەكى ئىجاد ئەتكەن دەۋر بۇ سۇلالىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرلىرى بولماستىن ، بەلكى بۆلۈنمىچىلىك ، ئىچكى ئۇرۇشلار دەستىدە ھالسىرىغان ، زەئىپلىشىش ، زاۋاللىققا يۈزلىنىش سەۋەبىدىن مۇنقەرز بولۇشقا ماڭغان دەۋرلەرگە توغرا كەلدى . بۇ ئىككى ئەدىب شۇنداق تارىخىي مۇھىتتا مەيدانغا چىقىپ ، جەمئىيەتكە ۋە ئىنسانىيەتكە چىقىش ۋە نىجاتلىق يولى ئىزدىگەن دەۋر مۇنەۋۋەرلىرى ئىدى . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ زامان ھەققىدە يازغان بايانلىرىدا بىر سەلبىي ئوبرازنىڭ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ ، ئۇ بولسىمۇ ، كىشىلىكى يوقالغان ، ۋاپاسىز ، جاھىل ، بۇزۇلغان جەمئىيەت ئىدى .

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئالدىدىكى پىكىرنىڭ خۇلاسىسى تەرزىدە ، ئەجدادلىرىنىڭ يۇقىرى قاتلىمى ، دانىشمەنلىرى ؛ ئەقىللىق ، كۆپنى كۆرگەن كىشىلەر ، ئەدىبلەر ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۇستىلىرى تىل ۋاستىسى ئارقىلىق ، «ئىرسالۇل مەسەل»دىن ئىبارەت بەدىئىي تەسۋىرىي ۋاستە بويىچە 170 تىن

كۆپرەك ئىبرەت دەرىجىسىدىكى تۆتلۆكلەرنى بەرگەنىدى . ئەھمەد
يۈكنەكى داستانىدا «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئەنە شۇ تۆتلۆكلەرنى ئۆلگە
قىلىپ ، ئوخشاش شېئىرىي شەكىل ، ۋەزىن بىلەن يازغان . قەدىمكى
تۈركىي تىللىق خەلقلەر ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق قوشاقلىرىدا
قوللىنىلغان ۋەزىن شەكىللىرى بىلەن بىر جىپسىلاشتۇرۇلۇپ ، ئا-
رۇزنىڭ مۇتەقارىپ بەھرىگە چۈشۈرۈلگەن ، شۇ دەۋر كىشىلىرى ۋە
ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەر تەرىپىدىن «تۈركىي ئارۇزى» دەپ ئاتالغان بۇ
تۆتلۆكلەر مۇتەقارىپ بەھرىنىڭ مۇتەقارىپ مۇسەممەنى مەقسۇر ياكى
مۇتەقارىپ مۇسەممەنى مەھزۇپ ۋەزنىدە بولۇپ ، «ئەتەبەتۇلھەقايىق»
داستانىنىڭ ئاساسىي قىسمى پۈتۈنلەي «قۇتادغۇبىلىك» تىكى تۆتلۆك-
لەر بىلەن ئوخشاش ۋەزىندە ، مۇتەقارىپ مۇسەممەنى مەھزۇپ ياكى
مۇتەقارىپ مۇسەممەنى مەقسۇر روكنىدە يېزىلغان . ئەھمەد يۈكنەكى
بۇ تۆتلۆكلىرىدە خۇددى يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئوخشاشلا «ئىرسالۇل
مەسەل»دىن ئىبارەت بەدىئىي تەسۋىرىي ۋاسىتىنى قوللانغان ، لېـ-
كىـن ، ئـۇ خـەلـق ھېـكمەتلىرى ، ماقال - تەمسىللىرىنى ئىش-
لەتكىنىدە ، يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك باشقىلار تىلى ئاساسىدا ئەمەس ،
بەلكى ئۆنى ئۆز پىكرى ، ئەسەر مەزمۇنى بىلەن بىر جىپسىلاشتۇرۇپ
بەرگەن .

## «ئەتەبەتۇلھەقايىق»نىڭ تىل ۋە بەدىئىي خۇسۇسىيەتلى-
رى

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانى ئالدى بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» تىلى
ئەنئەنىسىنىڭ داۋامى ھەمدە مىلادىيە 13 - ئەسىر ئەدەبىي تىلىنى
ئېنىقلاشتىكى مۇھىم تارىخىي ھۆججەت بولۇشى بىلەن ئىلىم ساھەسى-
دىكىلەرنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە تارتىپ كەلدى . بېرتېلسىنىڭ سۆزى
بويىچە ئېيتقاندا ، «بۇ داستانىنىڭ ‹قۇتادغۇبىلىك› تىلى بىلەن مىلا-
دىيە 14 - ئەسىر ۋە 15 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى چاغاتاي تىلىنى

بىر ـ بىرىگە باغلايدىغان خۇددى بىر كۆۋرۈكتەك خىزمەت قىلغىنىنى ئېيتىپ ئۆتۈش ناھايىتى مۇھىمدۇر». ①

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىنىڭ تىلىنى بۇيۇك ئەمىر ئارسلان خوجا تارقان «قەشقەر تىلى» دېگەن مەخسۇس نام بىلەن ئاتىغان. داستاننى ھەممىدىن كۆپ تەتقىق قىلغان تۈركىيە ئالىمى رەشىت رەھمەتى ئارات ئەسەرنىڭ مىلادىيە 1951 ـ يىلى مەيدانغا چىقىرىلغان مۇكەممەل نۇسخىسىدا «قەشقەر تىلى» غا ئىزاھ بەرگىنىدە، بۇ تىلىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تىلغا ئېلىنغان «خاقانىيە تىلى» بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى.

مەھمۇد قەشقەرى قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرى ئەدەبىي تىلى ـ «خاقانىيە تىلى» (ئۇنىڭچە «خاقانىيە تۈركچىسى» دەپ ئاتالغان تىل) نىڭ ئوغۇز ـ قىپچاق تۈركۈمىدىكى تىللاردىن پەرقىنى ئۆز ئەسرىدە ناھايىتى روشەن تىل پاكىتلىرى ئارقىلىق تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن.

مەھمۇد قەشقەرى تەرىپىدىن «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا يورۇتۇپ بېرىلگەن، بۈگۈنكى كۈندە دۇنيادىكى تۈركىي تىللارنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىملارنىڭ ھەممىسىنىڭ دىققىتىنى ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن فونېتىكىلىق ۋە مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلەر بويىچە «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تىلىنى تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق، «قەشقەر تىلى» دەپ ئاتالغان بۇ تىلدا ئۇيغۇر ـ قارلۇق تۈركۈمىدىكى تىللارنىڭ فونېتىكىلىق ۋە مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ تولۇق ئەكس ئېتتىدىغانلىقىنى ئېنىق بايقايمىز:

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» تىلىدا ئوغۇز ـ قىپچاق تىلىدا

ji yi

① «ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ ‹ھىبەتۇلھەقايىق› داستانى». قاراڭ: «بۇلاق» مەجمۇئەسى، 1981 ـ يىل 3 ـ سان، 281 ـ بەت.

| | |
|---|---|
| jol | yol |
| jakin | yakin |
| ilik | yilik |
| dil | til |
| bŭn | mŭn |
| mung | bung |
| bing | ming |

«قەشقەر تىلى» نىڭ فونېتىكىسى ۋە مورفولوگىيىسىدە روشەن ئەكس ئەتكەن بۇ ئالاھىدىلىكلەر «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تىلىنىڭ ئۇيغۇر ـ قارلۇق تۈركۈمىدىكى تىللارغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەمدى، ئەسەر تىلىنىڭ «قەشقەر تىلى» دەپ ئاتىلىشىنىڭ ئۆزدىلا، ھېچ مۇستەسناسىز ھالدا، ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، مەيلى «خاقانىيە تىلى» بولسۇن، ۋە ياكى «قەشقەر تىلى» بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئوخشاشمىغان ئاتىلىشى ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم.

بۇ يەردە «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تىلىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا خاس ئامىللار بىلەن بىللە يەنە ئۆز دەۋرىگە خاس يېڭى سۇپەت ئامىللىرىنىڭمۇ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەك. «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تىلىدىكى بۇ خىل يېڭى سۇپەت ئامىللىرى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىن چاغاتاي تىلى دەۋرىگە ئۆتۈۋاتقان مەزگىلدىكى خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېنىقلاشتا بىزنى قىممەتلىك تىل ماتېرىيالى بىلەن تەمىن ئەتكەن بولۇپ، تىل ـ ئەدەبىياتشۇناسلار بۇ ئەسەرنىڭ قىممىتىنى باھالىغاندا ئۇنىڭ مۇشۇ تەرىپىنى ئالاھىدە نەزەردە تۇتۇشقاندى.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «يېڭى سۇپەت ئامىلى» ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىن «چاغاتاي تىلى» دەۋرىگە

ئۆتتۇراتقان مەزگىلىنىڭ ئەدەبىي تىلى بولغان «خاقانىيە تىلى» دا
پەيدىنپەي كۆرۈلۈشكە باشلىغان ، «چاغاتاي تىلى» غا يېقىن ياكى
خاس بولغان سۆپەت ئۆزگىرىشى ئامىللىرىنى كۆرسىتىدۇ . «قۇتاد-
غۇبىلىك» تىلى بىلەن «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تىلىنى سېلىشتۇرۇپ كۆ-
رۈش ئارقىلىق بىز «خاقانىيە تىلى» دىكى مۇنداق بىر گەۋدىلىك
ئالاھىدىلىكنى كۆرىمىزكى : «خاقانىيە تىلى» دا قەدىمكى ئۇيغۇر
تىلىغا خاس ئامىللار ئاساسىي ئورۇندا تۇرسىمۇ ، لېكىن يەنە ئۇنىڭدا
كېيىنكى دەۋر ئەدەبىي تىلى (چاغاتاي تىلى) غا خاس ئامىللارمۇ
كۆرۈلۈشكە باشلىغان ، ئىككى ئەدەبىي تىلغا خاس ئامىللارنىڭ تەڭ
مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە تەڭ قوللىنىلىشىدەك بۇ خىل ھالەت
قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھەرقايىسى تارىخىي باسقۇچلىرىدا ئوخشاش-
مىغان دەرىجىدە ئىپادىلەنگەن ۋە پەيدىنپەي كۈچىيىپ بارغان ، ھالبۇ-
كى ، بۇ خىل يېڭى سۆپەت ئۆزگىرىش ئامىلى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا
«چاغاتاي تىلى» دەۋرىنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولغان .

مەسىلەن ، «قۇتادغۇبىلىك» تە كۆپ قوللىنىلغان قەدىمكى ئۇي-
غۇر تىلىدىكى ئالاھىدە ئۆتكەن زامان پېئىلى «mix » «ئەتەبەتۇلھەقا-
يىق» تا ئۆز رولىنى يوقىتىپ ، ئۆتكەن زامان سۆپەتداش قوشۇمچىسى
«anıɯ , кan , gən , kən » گە ئۆزگەرگەن ياكى شۇ فورمىدا
كەلگەن . («mix » چاغاتاي تىلىدا ئايرىم ھالدا گۇمان مەنىسىنى
بىلدۈرىدىغان بولدى ) «قۇتادغۇبىلىك» تە ئىشلىتىلگەن قەدىمكى ئۇي-
غۇر تىلىدىكى چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «i » «ئەتەبەتۇلھەقايىق»
تا «ni » غا ئۆزگەرگەن . ئەرەب ، پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەر-
نىڭ قوللىنىلىشىغا كەلسەك ، 13 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق بولغان
«قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئەرەبچە ـ پارسچە سۆزلەر ئاران 500 گە
يېقىن بولسا ، 484 مىسرادىن تەركىب تاپقان «ئەتەبەتۇلھەقايىق»
داستانىدا ئەرەبچە ـ پارسچە سۆزلەرنىڭ سانى 200 دىن
ئاشىدۇ .

بۇ خىل سۇپەت ئۆگىرىش ئامىللىرى يالغۇز قاراخانىيلار سۇلالىسى تەۋەسىدە مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەردىلا ئەمەس، قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىدە مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەردىمۇ ئوخشاشمىغان مەزگىلدە ئوخشاشمىغان دەرىجىدە كۆرۈلىدۇ. بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى تەرەققىياتىدىكى مەزكۇر ئۆتۈش جەريانىنىڭ بىرەر دائىرە، ياكى رايون خاراكتېرلىك جەريان بولماستىن، بەلكى مۇئەييەن تارىخىي دەۋردە شەكىللەنگەن بىر ئومۇمىيلىق ۋە تارىخىي مۇقەررەرلىك ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ دىداكتىك داستانى — «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تا ئىلگىرى سۈرۈلگەن تەشەببۇس ۋە قاراشلار باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈلۈش ئۇسۇلى ۋە ئوخشىتىش، سىمۋوللاشتۇرۇشتەك بەدىئىي تەسۋىرىي ۋاسىتىلەر ياردىمى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، بۇ يەردە كىشىنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدىغىنى شائىرنىڭ تىل سەنئىتىدىكى يۇقىرى ماھارىتىدۇر.

61. «كۆنى سۆز ئەسەل تەگ، بۇ يالغان بەسەل،
بەسەل يەپ ئاچىتما ئاغىز، يە ئەسەل.
بۇ يالغان سۆز ئىگ تەگ كۆنى سۆز شىفا
بۇ بىر سۆز ئوزاقى ئۆرۈلمىش مەسەل»
[راست گەپ ھەسەلدەك، يالغىنى پىياز،
ھەسەل يېگىن، پىياز يەپ ئاغزىڭنى ئاچچىق قىلمىغىن.
يالغان سۆز گويا كېسەل، راست سۆز شىپادۇر،
بۇ بۇرۇندىن تارتىپ دېيىلىپ كەلگەن مەسەلدۇر.]
70. « . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .
قامۇغ تولغان ئىرلۇر تۆكەل ئەكسىيۇر
قامۇغ ئابادانىنىڭ خەراب ئول سوڭى»
[ھەممە كۆپ (نەرسە) ئازىيىدۇ، تەل (نەرسە) كېمىيىدۇ،
بارلىق ئاۋاتلىقنىڭ ئاخىرى خارابلىق بولىدۇ.]

73 . «سۈچۈگ تاتتىڭ ئەرسە ئاچىغقا ئانۇن
بىرىن كەلسە راھەت كەلۈر رەنج ئونۇن

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

[تاتلىقنى تېتىغان بولساڭ ، ئاچچىقنى تېتىشقا تەييارلان ،
راھەت بىرلەپ كەلسە ، زەخمەت ئونلاپ كېلىدۇ .]

108 . «بەلا كەلسە سەبرئەت فەرەھقا كۈدۈپ

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

[بالا كەلسە ، شادلىقنى كۈتۈپ سەۋر قىل .]

109 . «ئۈلۈغلۇققا تەگسەڭ ياڭىلما ئۆزۈڭ
قالى كەدسەڭ ئەتلەس ئۇنۇتما بوزۇڭ

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

[يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشسەڭ ، ئۆزۈڭنى بىلمەي قالما ،
ئەتلەس كىيسەڭ ، بۆز كىيگىنىڭنى ئۇنتۇما .]

130 . «ئەسەل قايدا ئەرسە بىلە ئەرسى
ئەرى زەھرى تاتغۇ ئەسەلدىن ئوزا

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

[ھەسەل نەدە بولسا ، ھەرىسىمۇ بىللە بولىدۇ ،
ھەسەلدىن ئاۋۋال ھەرىنىڭ زەھىرىنى تېتىشقا توغرا كېلىدۇ .]
يۇقىرىقى مىسرالاردا ئاپتور راست بىلەن يالغان ، ئاز بىلەن كۆپ ، ئاۋاتلىق بىلەن خارابلىق ، تاتلىق بىلەن ئاچچىق ، راھەت بىلەن جاپا ، بالا ــ قازا بىلەن شادلىق ، يۇقىرى بىلەن تۆۋەنلىككە ئوخشاش بىر ــ بىرىگە زىددىيەتلىك بولغان ئابستراكت ئۇقۇملارنى كونكرېت شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ، ئۆز

ئارزۇ - غايىسىنى ، نېمىنى قوللاپ ، نېمىگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى روشەن ئىپادىلەپ بەرگەن .

ھېچقانداق ۋەقەلىك ۋە ھېكايىلەرسىز توغرىدىن - توغرا تەلىم - تەربىيە ، پەند - نەسىھەت ئۇسۇلى بىلەن يېزىلغان «ئەتەبەتۇل- ھەقايىق» داستانى ئۆزىنىڭ يۇقىرى بەدىئىيلىكى بىلەن ئاپتورنىڭ يېتىلگەن لىرىك شائىر ، بەدىئىي تىل ئۇستىسى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ . ئەسەردىكى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئوخشىتىش شەكلى بىلەن زىچ ماسلاشتۇرۇلغان ، ئوخشىتىشلار سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىپادى- لەنگەن مەزمۇننى ئوبرازلىق خۇسۇسىيەت بىلەن تەمىن ئەتكەن بو- لۇپ ، بۇ خىل ئىپادىلەش سەنئىتى ئەسەرنى ئالاھىدە جازىبىدارلىق ۋە رەڭدارلىققا ئىگە قىلغان . ئەلۋەتتە ، بۇ ئوخشىتىشلارنىڭ بەزىلىرى بۇرۇن ، ياكى شۇ دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي ئەسەرلەردە (جۈملىدىن دىداكتىك ياكى تەسەۋۋۇپ مەزمۇنىدىكى ئەدەبىي ئەسەر- لەردە ) چېلىقىدىغان ئوخشىتىشلار بولىسمۇ ، لېكىن ئۇلار ئاپتورنىڭ بەدىئىي تەسۋىر سەنئىتىدە يېڭىچە تۈس ئالغان . مەسىلەن : «بىلىم- لىك كىشى ھەقىقىي ئالتۇن دىنار ، بىلىمسىز نادان قىممەتسىز يارماق» (42 - كۇپلېت ) ، «بىلىم - سۆڭەكتىكى يىلىكتۇر» (43 - كۇپلېت ) ، «نادانلىق — يۇيۇپ تازىلىغىلى بولمايدىغان كىردۇر» (48 - كۇپلېت ) ، «بىلىم — تۈگىمەس مۈلۈك ، ئۈزۈل- مەس نەسەب» (52 - كۇپلېت ) ، «راست گەپ - ھەسەل ، يالغان - پىياز» (61 - كۇپلېت ) ، «دۇنيا - ئوق يىلاندۇر» (74 - كۇپلېت ) ، «بەخت گويا ياز بۇلۇتى ياكى بىر چۈشتۇر» (76 - كۇپلېت ) ، «تار قورساق كىشى گويا مېۋىسىز دەرەخ» (101 - كۇپ- لېت ) ، «كەڭ قورساقلىق بىر بىنا ، مۇلايىملىق ئۇنىڭ ئۇلى ، ياكى مۇلايىملىق بىر بوستان ، كەڭ قورساقلىق بوستاندىكى قىزىلگۈل» (106 - كۇپلېت ) ۋەھاكازالار . «كىبىرلىك» ئۇقۇمى ئەسەردە «يال- غان سۆز» (61 - كۇپلېت ) ، «بېخىللىق» (84 - كۇپلېت ) ۋە «ئاچ

كۆزلۈك» (98 ـ كۇپلېت ) تىن ئىبارەت ئۈچ ئۇقۇمنىڭ ئوخشىغۇچىسى ئورنىدا خىزمەت قىلغان . بولۇپمۇ ، 33 ـ كۇپلېتتىكى ئوخشىتىش ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى ۋە يېڭىلىقى بىلەن كىشىنى جەلپ قىلىدۇ . ئۇنىڭدا شائىر ئۆزىنى بۇلۇتقا ، ئەسىرىنى بۇلۇتتىكى ئۇششاق قەترىلەرگە (يامغۇر تامچىلىرىغا ) ، شاھنى دېڭىزغا ئوخشىتىدۇ .

ئاپتور داستاندا مەجاز (مېتافورا ) ئۇسۇلىنى قوللىنىشقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ . مەسىلەن : «شەك ـ شۈبھە يولىدا يۈرگەنلەر» (6 ـ بېيىت ) ، «بۇلۇت خىجىل بولىدۇ» (29 ـ بېيىت ) . «بىلىم تەمى» (47 ـ كۇپلېت ) ، «ياخشىلىق تېرىش» (68 ـ كۇپلېت ) ، «غەم ئۇمىدكە قوشۇلماي ئېقىشۇېرىدۇ» (73 ـ كۇپلېت ) ، «دۇنيا بەزىدە نىقابىنى قايرىپ يۈزىنى ئاچىدۇ» (76 ـ كۇپلېت ) ، «ئاچ كۆزلۈك قېرىمايدۇ» (97 ـ كۇپلېت ) ، «ۋاپا كۆلى سوغۇلدى ، بۇلاقلىرى قۇرۇپ كەتتى» (117 ـ كۇپلېت ) ، «ئۇيات ھىدى» (125 ـ كۇپلېت ) دېگەنگە ئوخشاش . يۇقىرىقىدەك بىرقاتار مەجاز (مېتافورا ) لار داستاننىڭ بەدىئىي قىممىتىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان .

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىنىڭ شېئىرىي شەكلى ، مەزمۇنىنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلغان ئۇسۇل ۋە ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاپتورنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن ناھايىتى چوڭقۇر تونۇشلۇقى ۋە ئۇنى ئۆز ئىجادىغا تەتبىقلاشتىكى يۇقىرى ئىقتىدارى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ .

ئالدى بىلەن ، ئاپتور ئەسەردە قوللانغان شېئىرىي شەكىل خەلق قوشاقلىرىدا كەڭ ئىشلىتىلىدىغان تۆتلۈك ۋە تۇيۇقلاردىن كەلگەن . قەدىمكى خەلق قوشاقلىرىدىكى تۆتلۈك ۋە تۇيۇقلار ئارۇز ۋەزنىنىڭ رەمەل ۋە مۇتەقارىپ بەھرىگە چۈشىدىغان بولۇپ ، ئەھمەد يۈكنەكى داستاننى مۇتەقارىپنىڭ مۇسەممەنى مەقسۇر ياكى مۇسەممەنى مەھ-

ـزۇپ روكنىدە يازغان .
داستانىدىكى تۆتلۇكلەر ئىچىدە تۇيۇقلارمۇ ئۇچرايدۇ . مەسىلەن :
41 . «بىلىكدىن ئۇرۇرمەن سۆزۈمگە ئۇلا
بىلىكلىككە يا دوست ئۆزۈڭنى ئۇلا»
[سۆزۈمگە بىلىمدىن ئاساس سالىمەن ،
ئەي دوستۇم ، بىلىملىككە ئۆزۈڭنى باغلا .]
بۇ كۇپلېتتا 1 ـ مىسرادىكى «ئۇلا» ـ ـ «ئاساس» مەنىسىدە ،
2 ـ مىسرادىكى «ئۇلا» ـ ـ «باغلاش» مەنىسىدە كەلگەن .
101 . «بۇتۇن قىلقى فئىلىن ئۆتە ئەرتەگىل
كەرەم كىمدە ئەرسە ئۇنى ئەرتەگىل»
[(ئادەمنىڭ)پۈتۈن قىلىق ـ ھەرىكىتىنى ياخشى كۆزەتكىن
كىم كەڭ قورساق بولسا ، شۇنى ئادەم دېگىن .]
بۇنىڭدا 1 ـ مىسرادىكى «ئەرتەگىل» ـ ـ «كۆزەتكىن» مەنىـ
ـسىدە ، 2 ـ مىسرادىكى «ئەرتەگىل» ـ ـ «ئادەم دېگىن» مەنىسىدە
كەلگەن .
ئەسەر تىلى گويا خەلق ماقال ـ تەمسىل ، ھېكمەتلىك سۆزلىردـ
ـنىڭ توپلىمىغا ئوخشايدۇ . بۇ ماقال ـ تەمسىل ، ھېكمەتلىك سۆزلەرـ
ـنىڭ كۆپ قىسمى ئەسەر مەزمۇنى ، قاپىيىسى بىلەن ئورگانىك بىرـ
ـلىككە ئىگە قىلىنغان بولۇپ ، ئۇ مىسرالاردىن خەلق ماقال ـ تەمـ
ـسىل ، ھېكمەتلىرىنىڭ ئەينى قىياپىتىنىمۇ ، ئاپتور تەرىپىدىن تېخىـ
ـمۇ چوڭقۇر ، كەڭ مەزمۇنغا ئىگە قىلىنىپ ئىجادىي ئىشلەنگەن يېڭى
قىياپىتىنىمۇ كۆرۈش مۇمكىن . ئاپتور يەنە ئەينى دەۋر خەلق ئېغىز
ئەدەبىياتىنىڭ تىل بايلىقىدىن كەڭ پايدىلىنىپ ، بەزى يېڭى
ماقال ـ تەمسىللەرنى ھەم ماقال ـ تەمسىل خاراكتېرىدىكى چوڭقۇر
مەنىلىك ئەقلىيە سۆزلەرنى ئىجاد قىلغان . مەسىلەن :
114 . «.........................
ئايا ئەدگۇ ئۇمغا ئىسىزلىك قىلىپ

تىكەن ئەدلەگەن ئەر ئۆزۈم بىچمەز ئول»
[ئەي يامانلىق قىلىپ ياخشىلىق كۈتكەن (كىشى) ،
تىكەن تېرىغان ئادەم ئۈزۈم ئالالمايدۇ .]

داستاننىڭ قىممىتىنى نامەلۇم بىرى تەرىپىدىن ئەسەر ئاخىرىغا قوشۇپ قويۇلغان بىرىنچى ئىلاۋىدىكى مۇنۇ سۆزلەر بىلەن خۇلاسىلەش مۇمكىن :

«ياغان بولسا يۈكلۈگ ئوزەنىنىدە زەر
ئانىڭ تۈشى بولغاي بۇ سۆزنۈڭ ئازى»
[ئۈستىگە ئالتۇن ئارتىلغان بىر پىل بولسا ،
بۇ سۆزلەرنىڭ ئاز بىر قىسمىلا شۇنىڭغا تەڭ كېلىدۇ .]

ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ دىداكتىك داستانى — «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئەسەرلەردىن بىرىدۇر .

## تەسەۋۋۇپ ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تەسەۋۋۇپ ئىزلىرى

تەسەۋۋۇپ — ئىسلام دىنىدىكى ئاللا بىلەن بەندىنىڭ روھىي بىرلىكى ۋە شەرىئەت ئاساسىدىكى ئالاھىدە ئېتىقاد يولى (تەرىقەت) ئارقىلىق بۇ روھىي بىرلىككە يېتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىدىيەۋى ئېقىم بولۇپ ، تەسەۋۋۇپچىلار تارىختا ئەڭ دەسلەپ «ئەھلى زاھىد» (روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ساپ كىشىلەر ئەھلى) ، «ئەھلى سوپى» (قوي يۇڭىدىن ئىشلەنگەن جەندە كىيگۈچىلەر) ، «ئەھلى ئىشان» (ئۇستازلار ئەھلى) ، «ئەھلى مۇرىت» (بويسۇنغۇچىلار ياكى ئىشانغا قول بەرگۈچىلەر) ، «ئەھلى تەرىقەت» (تەرىقەت

ئەهلى ) دېگەنناملار بىلەن ئاتالغان .[①]

ئىسلامىيەتتىكى تەسەۋۋۇپ ئىسلام دىنى بىلەن ئوخشاش تارىخقا ئىگە بولۇپ ، ئۇ مىلادىيە 632 ـ يىلى مۇھەممەد پەيغەمبەر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ساھابىلىرى ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئارىسىدا كېلىپ چىققان پەيغەمبەرنىڭ ئورنى (ئىز باسارلىقى ) ، يەنى خەلىپىد-لىكنى تالىشىش كۈرەشلىرى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن «شىئە» ۋە «سۈننىي»قاتارلىق ئىككى چوڭ دىنىي مەزھەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر ، مۇرەككەپ كۈرەشلەر داۋامىدا شەكىللەنگەن ، تارقالغان ۋە كېڭەيگەن .

تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تۆرەلمىسى بولغان زاھىدىلەر مىلادىيە 7 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئەرەب ئۇمەييە خەلىپىلى-كىنىڭ باغداد ، بەسىرە شەھەرلىرىدە مەيدانغا كەلگەن . ئۇلار ئۇمەييە خەلىپىلىكى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئالدىنقى تۆت خەلىپىسى دەۋرىدىكى تەڭشىلىك ، باراۋەرلىك ۋە ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش ئەنئەنىسىنى ئۆزگەرتىپ ، بايلىق توپلاش ، ھەشەمەتچىلىك ، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ ، ئەمگەكچىلەرنىڭ سىيا-سىي ، ئىقتىسادىي مەجبۇرىيەتلىرىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىۋەتكەنلىكىگە قارشى تۇرۇپ ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۇمەييە خەلىپىلىكى ھۆكۈمرانلىرى-غا قارشى كۈرەشلىرىنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بولۇپلا قالماستىن ، يەنە ئىسلام دىنىنىڭ مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋە تۆت خەلىپە دەۋرىدىكى ساپلى-قىنى قوغداش ، ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش ئەنئەنىسىنى ئەسلىگە كەلتۈ-رۈش ، گۇناھقا تولغان دۇنيانى ۋە ئىنسان روھىنى قوتقۇزۇش قاتار-لىق شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، كەڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئىگە بولغان .

---

① ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىل، 959 ـ بەت.

ئۇمەييە خەلىپىلىكى ئاغدۇرۇلۇپ ، ئەرەب ئاbباسىيلار خەلىپىلىكى تىكلەنگەندىن كېيىن ، زاھىدىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرى تېخىمۇ كۈچەيگەن ، شۇنداقلا ، ئۇلار ئۆزلىرىنى باشقىلاردىن پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن قوي يۇڭىدىن بىر خىل قىلىپ تىكىلگەن جەندىلەرنى كىيىدىغان بولغان . بۇ خىل جەندە ئەرەبچە «سۇففى» (قوي يۇڭى ) دەپ ئاتىلاتتى . شۇڭلاشقىمۇ زاھىدىلەر بۇ چاغدا ئومۇمىيۇزلۇك «سوپىلار» (قوي يۇڭىدىن ئىشلەنگەن جەندە كىيگۈچىلەر ) دېگەن نام بىلەن ئاتالغان . بەزى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا ، بۇ نامنى ئەرەب ئاbباسىيلار خەلىپىلىكى دەۋرىدىكى كۇفە شەھىرىنىڭ مەشھۇر ئىسلام ئۆلىماسى ئەبۇ ھاشىم (مىلادىيە 778 ـ يىلى ) تۇنجى قېتىم ئىشلەتكەن .[1]

دەسلەپكى چاغلاردا تەسەۋۋۇپ ئىسلامىيەتتە تەركىدۇنيالىق ـ زاھىدىلىق ئامىللىرىنىڭ ئاددىيلا تەرەققىياتىدىن ئىبارەت ئىدى . مىلادىيە 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 10 ـ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىل ئىچىدە ئەرەب ئاbباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىگە قەدەم قويۇشى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەرقايسى مەسلەك ، ئېقىملار ئوتتۇرىسىدىكى بەس ـ مۇنازىرىمۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ ، ئېتىقادتا مۇرەككەپ ۋە ئىنچىكە بىر ۋەزىيەت شەكىللەندى . بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ، تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە دىنىي ئېتىقادىدىمۇ بىرمۇنچە يېڭى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىدى . دىن ۋە دىنىي مەزھەپلەرنىڭ ئەركىن بەس ـ مۇنازىرىسى ، شۇنداقلا ئاbباسىيلار خەلىپىلىكى تاشقى مۇناسىۋەتلىرىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ ، يۇنان ئەپلاتۇن (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 427~347 ـ يىللار ) ، ئارىستوتېل (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 384~322 ـ يىللار ) قاتارلىقلارنىڭ ، بولۇپمۇ مىلادىيە 3 ~ 5 ـ ئەسىرلەردە مەيدانغا كەلگەن «يېڭى ئەپلاتونچىلىق» نەزەرىيىلىرى ، شۇنداقلا قەدىمكى يە-

[1] «دىن لۇغىتى»، 504 ـ بەت.

هۇدىي دىنى ، قەدىمكى ئىران زەردۇشت دىنى ، قەدىمكى ھىندى دىنى ، بولۇپمۇ بۇ دىنىنىڭ يوگاسلار مەزھىپىنىڭ نەزەرىيىلىرى ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ باغداد قاتارلىق ئاۋات شەھەرلىرىگە ئېقىپ كىرىشكە باشلىدى . تەسەۋۋۇپچىلار ئۇلارنىڭ بەزى نەزەرىيىلىرىنى ئىسلام ئەقىدىلىرىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ ، دىندا يېڭى بىر خىل ئېتىقاد يولى (تەرىقەت يولى ) نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى .①
نەتىجىدە ، مىلادىيە 8 ـ ، 9 ـ ئەسىرلەردە تەسەۋۋۇپ تېزلىك بىلەن راۋاجلىنىپ ۋە سىستېمىلىشىپ ، ئۆزىنىڭ بىرقانچە تارماقلىرىغا ئىگە بولغان پەلسەپىۋى ئېقىمغا ئايلاندى . رابىئەتۇل بەسرى ، ئىبىن ئەل ـ ئەرەبى ، ئىبراھىم ئىبىن ئەدھەم ، فەرىدىددىن ئەتتار ، ھەسەن ئەل ـ بەسرى ، ھەسەن ئەل ـ بەستامى ، ئەبۇ غەمىم كۇفى ، بايازىد تەيفۇر ئەل ـ بەستامى ، ئەبۇبەكرى ئەش ـ شىبلى ، ئەبۇ مەنسۇر ئەل ـ ھۇسەيىن ئەل ـ ھەللاج ۋە باشقىلار تەسەۋۋۇپنىڭ شۇ دەۋرلەردىكى مەشھۇر ۋەكىللىرى ۋە يېتەكچىلىرى ئىدى .②

تەسەۋۋۇپ گەرچە يۇقىرىقىدەك بىرقانچە دىني پەلسەپە ئېقىملىرىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئىددىيىۋى ئاساسىنى ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى ـ «قۇرئان كەرىم »دىن ئالغان . ئۇنىڭ ئاساسىي روھى ـ ئىسلامىي روھ ، ئاساسىي پەلسەپىسى ـ ئىسلام پەلسەپىسى ئىدى .

ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ تەرەققىياتى ئىسلام كالامىزمى ، تەسەۋۋۇپ ۋە مەدرىسە پەلسەپىسىدىن ئىبارەت بىرقانچە تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتتى . بۇنىڭ ئىچىدە تەسەۋۋۇپ ـ شەرق ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ يۇقىرى پەللىسى ھېسابلاندى .

---

① ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 964 ـ بەت .

② ۋ. زاھىدوۋ: «تەسەۋۋۇپ ھەققىدە»، «ئۆزبېك ئەدەبىيات تارىخى»، 1 ـ توم، ئۆز بېكىستان «فەن» نەشرىياتى، تاشكەنت، 1977، 141 ـ بەت.

تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدە باشتىن ـ ئاخىر ئىنسان بىلەن ئاللانىڭ مۇناسىۋىتى بىرلىكى تىلغا ئېلىنىپ، پەۋقۇلئاددە مۇھاكىمە ئوبيېكتىغا ئايلانغان. تەسەۋۋۇپنىڭ ئىنسان ھەققىدىكى تەلىماتلىرىدا ئىنسان باشتىن ـ ئاخىر يۇكسەك ئورۇنغا قويۇلغان. ئىسلام مىستىتىزمىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان «ئىنساني كامىللىق» ئۇقۇمى «تەۋرات»تىكى خۇدا ئۆزىنىڭ شەكلىگە ئاساسەن ئادەمنى ياراتقان دېگەن ئۇقۇمدىن كەلگەن، مەنسۇر ھەللاجىنىڭ ئاللا ئۆزىنىڭ ئوبرازىغا ئاساسەن ئادەم (تۇنجى ئادەم ئەلەيھىسسالام)نى ياراتقان دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى، ئەمەلىيەتتە، ئاللا ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزىنى گەۋدىلەندۇرگەن، يەنى ئادەمنىڭ يارىلىشىدا ئاللا ماھىيەتلىرىنىڭ پۈتكۈل تەرەپلىرى نامايان بولغان دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرەتتى. بۇ ئىبنى ئەرەبى (مىلادىيە 1165~1240)نىڭ «ئىنساني كامىللىق» چۈشەنچىسى ئىدى. ئىبنى ئەرەبى ئۆزىنىڭ بۇ قارىشىنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ 15 ـ سۈرە 29 ـ ئايىتى ئارقىلىق دەلىللەيدۇ. تەسەۋۋۇپنىڭ قارىشىچە، كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەر ئاللا سۈپەتلىرىنىڭ تارقاق ياكى قىسمەن ھالدىكى تەجەللىسى (پارلاپ كۆرۈنۈشى)بولۇپ، پەقەت ئىنسانلا ئاللا سۈپەتلىرىنىڭ تولۇق ۋە پۈتۈن ھالەتتىكى تەجەللىسى بولالايتتى. شۇڭا، ئىنسان ئۇلارنىڭ نەزىرىدە «نۇسخەئى ئەسرارى ئىلاھى» (ئاللا سىرلىرىنىڭ نۇسخىسى)بولۇپ، ئاللادىن ئىبارەت «ھۆسنى مۇتلەق»نىڭ چەكسىز گۈزەللىكى ئادەم ھۆسنىدە ئىپادە قىلىنغانىدى، شۇڭا ئاللانى بىلىش، تونۇش ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن ئىنسان ئۆزىنى تونۇشى ۋە بايقىشى زۆرۈر ئىدى.[①]

مىلادىيە 13 ـ ئەسىرگىچە (نەقشىبەندىگىچە)بولغان مەزگىلدە مەيدانغا چىققان تەسەۋۋۇپ ئېقىملىرىنى تۆۋەندىكى ئىككى چوڭ ئاسا-

---

① ئەسەت سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000)، 205 ~ 206 ـ بەتلەر.

سي ئېقىمغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن :

بىرىنچىسى ، مەنسۇر ھەللاجى ، فەرىدىددىن ئەتتار ، جالالىددىن رۇمى ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشاشلار مەنسۇپ بولغان ئېقىم بولۇپ ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە ، دۇنيانى ، بارلىقنى ئىككىگە ـ خۇدا ۋە تەبىئەتكە بۆلۈش توغرا ئەمەس ، دۇنيانى ۋە ھاياتنى ئىككىگە ـ بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنياغا ئاجرىتىۋېتىشمۇ ھەقىقەتكە زىت . پەقەت بىرلا باغلىق ، ۋاھىد (بىردىنبىر ) باشلانغۇچ ، يېگانە ھەقىقەت ، بىرلا ماھىيەت باركى ، ئۇ بولسىمۇ خۇدادۇر . ئۇ مۇتلەقتۇر ، ئۇ ماكانسىز ۋە زامانسىزدۇر . ئۇ ھەممىنى ، پۈتۈن بارلىقنى ، ئومۇم كائىناتنى قورشاپ تۇرىدۇ ، ئۇ ھەر يەردە ، ئۇنىڭدىن باشقا ماھىيەت ، ئۇنىڭدىن باشقا مەۋجۇدات يوقتۇر ۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس . پۈتۈن مەۋجۇدات ، كونكرېت نەرسىلەر ، تەبىئەت ئاشۇ ۋاھىد (بىرلا ) ماھىيەتنىڭ ئىپادىسى ، ئۇنىڭ كونكرېت نەرسىلەر ، تەبىئەت شەكلىدە گەۋدىلىنىشى ، ئۇ شۇلارنىڭ ماھىيىتىنى ، ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ .

مەزكۇر سوپىلارنىڭ قارىشىچە ، خۇدا ۋەسلىگە ۋاسىل بولۇش ئۇچۇن ، ئۇنىڭ بىلەن ۋەھدەت تەشكىل ئېتىش ئۇچۇن تۆت (بەزىلىرىدە بۇنىڭدىن كۆپ ، بەزىلىرىدە ئاز ) باسقۇچتىن ئۆتۈش كېرەك .

1 . شەرىئەت : — دىنىي مۇراسىملارنى ۋە شەرىئەت ئەقىدىلىرىنى ، تەقۋالارنى بېجىرىش ، خۇداغا ئىبادەت قىلىش .

2 . تەرىقەت : — شەيخ ياكى دەرۋىشكە شاگىرت بولۇپ يەر يۈزىدىكى لەززەتلەردىن ۋاز كېچىش ، نەپسىنى تېيىش ، خۇشنۇدلۇق (رازىمەنلىك ) بىلەن خۇدا توغرىسىدا ئويلاش ، خىلۋەتتە ياشاش ، مەنىۋى مۇھەببەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ، پەقەت خۇدا توغرىسىدىلا خىيال سۈرۈش ، ئويلاش ، ئەسلەش .

3 . مەرىپەت : — ھەممە نەرسىنىڭ ، پۈتۈن بارلىقنىڭ ئاساسى خۇدا ئىكەنلىكىنى ، نەرسىلەرنىڭ ئۇنىڭ قارشىسىدا ھېچقانداق قىممەتكە ئىگە ئەمەسلىكىنى ، ئۆزىنىڭ ماھىيىتى خۇدا ماھىيىتى بىلەن

بىر ئىكەنلىكىنى بىلىش ۋە ئېنىقلاش . بۇنىڭدا ئادەم ئۇچۇن بارچە
دىنلار ، دۇنيانىڭ بارچە ھادىسىلىرى بىر خىل ، پەرقسىز ، كېرەك-
سىز بولۇپ كۆرۈنىدىغان بولىدۇ . ئۇلارغا ئادەم بىپەرۋا قارايدىغان
بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئارىپ (تونۇغان ) بولىدۇ .

4 . فەنا : — بۇنىڭدا ئۇ ئۆزىنى خۇدانىڭ دەرگاھىغا ئېرىش-
كەن ، ۋەسلىگە ۋاسىل بولغان دەپ بىلىدۇ ، خۇدا بىلەن بىر ، ئۇنىڭ
بىلەن ۋەھدەت (بىرلىك ) تەشكىل قىلىدۇ . خۇدادا تەجەسسۇم ئېتىدۇ
(كونكرېتلىشىدۇ ) . شۇنىڭ بىلەن ئۇ پانىي نامىنى ئېلىشقا ھەقلىق
بولىدۇ ۋە ئەنەل - ھەق (ھەق مەندە كۆرۈلدى ) دېيەلەيدۇ .[1]

روشەنكى ، «فەنا» - - تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدىكى بىر خىل يۇقى-
رى باسقۇچ ئىدى . بۇ ئاتالغۇنى دەسلەپ ئوتتۇرىغا قويغان كىشى
بايازىد بەستامى (مىلادىيە 875 - يىلى ۋاپات بولغان )بولسىمۇ ، لې-
كىن ئۇ رابىئەتۇل بەسرى (رابىئەتۇل ئادەۋىيە ، مىلادىيە 717~
801 )ئوتتۇرىغا قويغان «ئىلاھىي ئىشق »تەلىماتىنىڭ راۋاجى ۋە تە-
رەققىياتى ئىدى . جۇنەيد باغدادى ، بايازىد بەستامى ۋە مەنسۇر ھەللا-
جىلارنىڭ قارىشىچە ، تەسەۋۋۇپنىڭ ئاتالمىش يۇقىرى پەللىسى -
ئىنساننىڭ ئۆزلۈكىنى ئۆلتۈرۈپ ، ئاللا ۋۇجۇدىدا يېڭى ھاياتقا ئېرىد-
شىشىدە مەزمۇن تاپاتتى . ئەنە شۇ يېڭى ھاياتلىق ئىچىدە ئادەم ئۆزىدى-
كى بارلىق ئىنسانىي خۇسۇسىيەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ ، «سۆيگۈ ۋەسلىگە
يەتكەن كىشى »سۈپىتىدە ئاللا بىلەن ئەبەدىيلىك بىرلىككە ئىگە بولات-
تى . مانا بۇ باسقۇچ - جۇنەيد باغدادى ۋە بەستامىلار تەكىتلەۋاتقان
«فەنا »باسقۇچى ئىدى .

مەنسۇر ھەللاجى (مىلادىيە 857~ 922 )نىڭ «ئەنەلھەق »تەلىما-
تى ئۆز مەنىسى بىلەن بايازىد بەستامىنىڭ «فەنا »قارىشىنىڭ داۋامى
ۋە راۋاجى ئىدى . چۈنكى ، «فەنا »ئارقىلىق ئۆزلۈكىدىن ۋاز كېچىپ ،

---

① ۋ.زاھىدوۋ: «تەسەۋۋۇپ ھەققىدە» (يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەسەر)، 143 ~ 145 - بەتلەر.

ھەق ۋۇجۇدى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ئىنسان ۋۇجۇدى ئاللانىڭ ۋۇجۇدى ئىدى. قىسقىسى، «سۇبھانى»، «ئەنەلھەق» دېيىش - «مېنىڭ قەلبىم ئاللا بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن، شۇنداق بولغاچقا مەن مەۋجۇت ئەمەس، ئاللا مەۋجۇت» دېگەن چۇشەنچىنى بېرەتتى. «فەنا»، يەنى ئۆزلۇك ئېڭىنى يوقىتىش تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى ئەمەس ئىدى. ئۆزلۇك يوقالغان ۋاقىتتا، روھ ئاللانىڭ ۋۇجۇدىدا چەكسىزلىككە ئېرىشىپ، «ماھىيەتلىك بىرلىشىش»كە ئىگە بولاتتى. شۇڭا تەسەۋۋۇپنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى «فەنا» (يوقلۇق) بولماستىن، بەلكى «بەقا» (مەڭگۇلۇك ھاياتلىق) ئىدى.①

مىلادىيە 10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئىران ۋە خوراسان رايونلىرى تەسەۋۋۇپنىڭ ئوچىقىغا ئايلاندى. تەسەۋۋۇپنىڭ ئاساسىي تەلىماتلىرى پارس مۇتەپەككۇرلىرى تەرىپىدىن راۋاجلاندۇرۇلدى. تەسەۋۋۇپنىڭ بۇ مەزگىلدىكى ئىككىنچى ئېقىمىغا مەنسۇپ بولغان تەسەۋۋۇپ ئۇستازلىرىنىڭ مەشھۇر نامايەندىسى ۋە ئۇنىڭغا ئاساس سالغۇچىلاردىن بىرى زەينىددىن بىننى مۇھەممەد ئىمام غەززالى (مىلادىيە 1058~1111) ئىدى.

ئىمام غەززالى «ھۆججەتۇل ئىسلام» دەپ نام ئالغانىدى. ئۇ ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدا بىرقانچە پارچە ئەسەر يېزىپ ئالاھىدە تونۇلغان ۋە زور نوپۇزغا ئېرىشكەن. غەززالى تەسەۋۋۇپ تەرەققىياتىنىڭ تەقەززاسى، دىنىي ھۆكۇمرانلار ۋە ئەھلى سۇننەت بىلەن تەسەۋۋۇپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ئۆتكۇرلىشىشى، مەنسۇر ھەللاجى پاجىئەسى قاتارلىق دەۋر رېئاللىقىغا ئاساسەن، تەسەۋۋۇپ بىلەن ئەھلى سۇننەتنى بىرلەشتۇرۇش يولىدا زور كۇچ سەرپ قىلدى. ئۇ ئەھلى سۇننەت قارشى تۇرغان ۋە چەكتىن ئېشىپ كەتتى دەپ قارىغان

① ئىسمەت سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۇملەنگەن روھ»، 209 ~ 211 - بەتلەر.

بەزى تەسەۋۋۇپ قاراشلىرىغا قارىتا زوّرۇر چۈشەندۈرۈش ، دەلىللەش ئېلىپ بېرىپ ، تەسەۋۋۇپتىكى ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىگە زىت بولغان بەزى خاھىشلارنى تۈزەتتى ۋە تەنقىد قىلدى . نەتىجىدە ، غەززالى تەرىپىدىن ئىسلاھ قىلىنىپ ، ئەھلى سۈننەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن تەسەۋۋۇپ ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مۇئەييەن چۈشىنىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى . ھەتتا ، تەسەۋۋۇپقا ئۆچمەنلىك نەزىرى بىلەن قاراپ كېلىدىغان سۈننىي مەزھىپىدىكى «ئىبن ئەل جەۋزى ، ئىبن قايىملارغا ئوخشاش ئالىملار غەززالىنىڭ بۈيۈك مەنىۋى سالاھىيىتى ئالدىدا باش ئەگدى » .[①] شۇنىڭ بىلەن غەززالى تەسەۋۋۇپنى ئىسلام دۇنياسىدا «قانۇنىي »ئورۇنغا ، ئىسلام پەلسەپىسىدە ھۆكۈمران ئورۇنغا ئىگە قىلدى .

غەززالى ئەسەرلىرىدە ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرىنى سىستېمىلىق ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىللە ، ئەينى ۋاقىتتا ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا قانات يايغان كىشىلەرگە ئارىلىشىش ياكى تەركىدۇنيالىق مەسىلىسىگىمۇ مۇناسىپ ئورۇن بەرگەن . ئۇ تەركىدۇنيالىقنى كۆچەپ تەشۋىق قىلغان بولسىمۇ ، يەنە كىشىلەرگە ئارىلىشىشنىڭ يەتتە تۈرلۈك ياخشى تەرىپىنىمۇ ئېيتىپ ئۆتكەن .

مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك » داستانىدا كىشىلەرگە ئارىلىشىش ياكى تەركىدۇنيالىقتىن ئىبارەت بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ۋە بۇ مەسىلىگە قارىتا قارىغان قاراشلىرىنى ئۆگدۈلمىش بىلەن ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن بىرقاتار مۇنازىرە ، سۆھبەتلەر ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرگەنىدى .

مەلۇمكى ، مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تەسەۋۋۇپچىلار باغداد ۋە ئىراندا بىر قېتىم چوڭ زەربىگە ئۇچرىدى . شۇنىڭ

---

① «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» (ئىستانبۇل) 12 ـ توم، 1 ـ كىتاب، 28 ـ بەت.

بىلەن بىر قىسىم تەسەۋۋۇپچىلار ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلار رايونلىرىغا قېچىپ بېرىشىپ، بارغان يەرلىرىدە ئاشكارا، يوشۇرۇن، ھەر خىل نام ۋە شەكىللەر بىلەن ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىغان چوڭ - كىچىك سوپى - زاھىدلار گۇرۇھلىرىنى تەشكىل قىلىشتى، مەلۇم چوڭ تەرىقەت پىرلىرى يېتىلەكچىلىكىدە بىر - بىرىگە قوشۇلۇشۇپ، مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە دىنىي - ئىجتىمائىي كۈچلەر سۈپىتىدە ئۆزلىرىنىڭ تەرىقىتىنى كېڭەيتىش كۈرەشلىرىنى قانات يايدۇردى ۋە شۇنداقلا مەلۇم تەرەققىياتلارغا ئىگە بولدى. مىلادىيە 12 - ئەسىردە تەسەۋۋۇپنىڭ يۇقىرى پەللىسى پارسلاردىن تۈركىي خەلقلەر ئارىسىغا يۆتكەلدى.

ئوتتۇرا ئاسىيادا تەسەۋۋۇپنىڭ رەسمىي بىر ئېقىم (تەسەۋۋۇپ تەرىقىتى) سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىشىنى مىلادىيە 12 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ھېسابلاش مۇمكىن.

ئەسلىي ئىراننىڭ غەربىدىكى ھەمەدان شەھىرىدىن بولۇپ، ماۋەرائۇننەھردە تەسەۋۋۇپنىڭ تارقىلىشى يولىدا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسىتىپ، تەسەۋۋۇپ پىرى ئورنىغا كۆتۈرۈلگەن يۈسۈپ ھەمەدانى (مىلادىيە 1048 - 1140) مىلادىيە 12 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ رايوندا تەسىرى زور بىر تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنى شەكىللەندۈردى. يۈسۈپ ھەمەدانى موزدۇز ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شاگىرتلىرىنى ئەمگەك قىلىشقا، ھۈنەر ئۆگىنىشكە، ھەربىي ئىشلارنى ئۆگىنىشكە چاقىرغان. ئۇنىڭ رېئاللىققا مەلۇم دەرىجىدە يۈزلەنگەن تەلىماتلىرى ئۆز دەۋرىدە ئىجتىمائىي تەپەككۇرنىڭ تەرەققىياتىدا مەلۇم ئىجابىي رول ئوينىغانىدى. ئۇنىڭ تەلىماتلىرىغا شاگىرتى خوجا ئابدۇخالىق غىژدۇۋانى ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۆز نامىغا باغلىق بىر ئېقىمنى تەشكىل قىلدى، بۇ ئېقىم كېيىن، مىلادىيە 14 ~ 15 - ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇھەممەد باھائىددىن نەقشىبەندىنىڭ نامى ۋە تەلىماتلىرى بىلەن باغلىق ھالدا، تەسەۋۋۇپنىڭ يەنە بىر ئاساسىي ئېقىمىغا ئايلان-

دى ۋە رەسمىيلەشتى .

يۇسۇپ ھەمەدانىنىڭ يەنە بىر شاگىرتى خوجا ئەھمەد يەسسەۋى ئۇستازىنىڭ تەلىماتلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپلا قالماي ، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە خۇددى غەززالىغا ئوخشاش تەسەۋۋۇپ بىلەن «ئەھلى سۈننەت» ئەقىدىلىرىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ، بىرلەشتۈرۈش يولىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى . ئۇنىڭ تەلىمات ، تەشەببۇس ۋە قاراشلىرى بۇ رايوندا «يەسسەۋى تەرىقىتى» دەپ ئاتالغان تەسەۋۋۇپنىڭ يەنە بىر ئېقىمىنى شەكىللەندۈردى . يەسسەۋى تەرىقىتى كېيىنچە «قادىرىيە» ـ دەرۋىشلىك يولى ئۈچۈنمۇ بىر مۇھىم ئاساس بولدى .

يەسسەۋى تەرىقىتى مىلادىيە 12 ـ ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ناھايىتى كەڭ تارقالدى ۋە ئۆز تەسىرىنى خوراسان ، ئىران رايونلىرىغىچە كېڭەيتتى . بۇ ئېقىم ئۆزىنىڭ مەلۇم ساندىكى سالماقلىق نەزەرىيىچىلىرى ، تەشۋىقاتچىلىرى ۋە داۋاملاشتۇرغۇچىلىرىنى يارىتالىغان بولۇپ ، سۇلايمان باقىرغانى ، سەلىق ئاتا ۋە خوتەنلىك باباماچىنلار ئەنە شۇلاردىن ئىدى .

ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ تۈركىي تىل (خاقانىيە ئۇيغۇر تىلى )دىن پايدىلىنىپ ، تەسەۋۋۇپنى «تۈركلەشتۈرۈش» ، «يەرلىكلەشتۈرۈش» ؛ ئىسلام شەرىئىتى بىلەن تەرىقەت (يەسسەۋىيە ـ جەھرىيە تەرىقىتى ) نى بىرلەشتۈرۈش ، شۇ ئارقىلىق ئۆز تەرىقىتىنى سۈننىي مەزھىپىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتىكى بىرقاتار تىرىشچانلىقلىرى ، ئۇنى ئەينى دەۋر ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا رايونىدىكى تەرىقەتلەرنىڭ يولباشچىسى ئورنىغا ئىگە قىلدى .

ئەھمەد يەسسەۋى ئۆز ئىدىيىلىرىنى بېيىشتا پۈتۈنلەي بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ شېئىرىيەت تۈرىدىن پايدىلاندى . ئۇنىڭ خەلق قوشاقلىرى ئۇسلۇبى ، خەلق جانلىق تىلىغا يېقىن بولغان تەسەۋۋۇپ مەزمۇنىدىكى شېئىرلىرى «ھۆكمەت» دەپ ئاتىلىپ ، ئۇنى ئۆز مۇرىتلىرى ۋە مۇخلىسلىرى ئارىسىدا ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مۇقەددەس

ئورۇنغا ئىگە ئىدى . ئۇنىڭ مۇرىت ۋە مۇخلىسلىرى بۇ «ھۆكمەت» لەرنى ھەممىلا يەردە زىكىر ـ سانا قىلىشىپ ، يەسسەۋى ئىدىيىلىرىنى خەلق ئىچىگە زور كۈچ بىلەن تارقىتىشتى ۋە ئومۇملاشتۇرۇشتى . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، يەسسەۋى «ھۆكمەت» لىرىگە تەقلىد قىلىنغان ۋە ئۇنىڭدىن ئۆلگە ئالغان بىر خىل سوپىزملىق مەزمۇندىكى ئەدەبى-ياتمۇ بۇ رايونلاردا تېز باش كۆتۈردى ۋە راۋاجلاندى .

تەسەۋۋۇپنىڭ ھەرقايسى ئېقىم ، مەزھەپ ، سۇلۇكلىرىنىڭ خېلى بىر قىسىم ئاساسچىلىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىزچىل ۋارىسلىرىنىڭ خېلى بىر قىسمى ئۆز نۆۋىتىدە تونۇلغان ئەدىبلەردىن ئىدى . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئۆز پىر ـ ئۇستازلىرىنىڭ ئىدىيە ـ تەلىمات ، قاراش-لىرىنى ئىپادىلەش ۋە تارقىتىش يولىدا ئەدەبىياتنى بىر مۇھىم ۋاسىتە قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندى . نەتىجىدە ، ئۇلارنىڭ ئە-سەرلىرى ئەدەبىياتتا تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت مۇھىم بىر مەزمۇننى تەشكىل قىلدى . دەسلەپكى دەۋرلەردە (مىلادىيە 9 ~ 13 ـ ئەسىرلەردە ) تەسەۋۋۇپ مەزمۇندىكى ئەدەبىياتتا نامە ژانىرى ، دىداكتىك داستانچىلىق ۋە تەسەۋۋۇپ مەزمۇندىكى پەلسەپىۋى ـ دى-داكتىك شېئىر ( «ھۆكمەت» ) لەر مۇھىم ئورۇن تۇتتى . كېيىن ئۇ لىرىك ، ئېپىك تۈرنىڭ ھەممە ژانىر ، شەكىللىرىدە ئۆز ئىپادىسى-نى تاپتى ۋە زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى .

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۇ دەۋردىكى تارىخىي مۇساپىسىگە نەزەر سالىدىغان بولساق ، تەسەۋۋۇپ تەسىرىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىپ بارغانلىقىنى ھېس قىلىمىز . سەگەك مۇتەپەككۇر شائىر يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا تەسەۋۋۇپنىڭ تەسىرىنى ياندىن تۇرۇپ بايان قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە دىققەت قىلغان ۋە كۆپ سەھىپە ئاجراتقانىدى . ئەمدى ، ئەدىب ئەھمەد يۈكنە-كىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىدىن بولسا ، تەسەۋۋۇپ تەسىرىنىڭ خېلى چوڭقۇر ئىزلىرىنى ، ئەدىبنىڭ ئۇنىڭغا مەلۇم دەرىجىدە مەنسۇپ-

لۇقىنى كۆرىمىز . ئەلىشىر نەۋائىمۇ ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنى تەسەۋۋۇپ ئۇستازى (پىر ) لىرى قاتارىدا ئاتاپ ئۆتكەنىدى . ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ داستانىدىكى بىلىمنى قەدىرلەش ، بۇ دۇنيادا ياشاش ۋە ئۇنىڭغا ياخشىلىق ئۇرۇقىنى تېرىش ، كىشىلىك (ئادىمىيلىك ) ۋە كىشىلىك ئەخلاقىغا دائىر قاراشلار ، شۇنداقلا ، ئەدىبنىڭ خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ ، ئەسىرىنى شاھقا تەقدىم قىلىپ جەمئىيەتنى تۈزەش يولىدىكى جاسارىتى ئۇنىڭ گۇمانىستىك روھتىكى شائىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ . نەۋائىنىڭ ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغانلىقى ئۇنىڭ خېلى كۆپ جەھەتلەردە نەقشبەند ئېقىمىدىكى سوپىلار بىلەن ئوخشاش قاراشتا بولغانلىقىدىن ئىدى .

قىسقىسى ، تەسەۋۋۇپ — قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىن باشلاپلا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئۇنىڭدا مۇئەييەن ئورۇن تۇتقان بولۇپ ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى تەتقىقاتىدا بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىش ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەزكۇر تارىخىي دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئەدىب ۋە ئەسەرلەرگە دىئالېكتىك ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم پرىنسىپلىرى ئاساسىدا ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ئوبيېكتىپ ، توغرا باھا بېرىش كېرەك .

## ئەھمەد يەسسەۋى ۋە «دىۋان ھۆكمەت»

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە - ئىدىيە تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ، تەسەۋۋۇپ پىرى سۈپىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا ئەسىرلەردىن بېرى ياشاپ كەلگەن مەشھۇر شەخس ، مۇتەسەۋۋۇپ شائىر خوجا ئەھمەد يەسسەۋى مىلادىيە 11 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ، قاراخانىيلار سۇلالىسى تەۋەلىكىدىكى سايرام - ئىسپىجاپ شەھىرى (ھازىرقى چىمكەنت شەھىرىنىڭ بىر ئاز شەرقىغە

توغرا كېلىدۇ ) نىڭ سايرام بازىرىدا دۇنياغا كەلگەن . ئۇ ئىبراھىم ئىسمىلىك چوڭ شەيخنىڭ ئوغلى ئىدى .

ئەھمەد يەسسەۋى ھەققىدە ئەينەن ، پاكىتلىق تارىخىي ماتېرىياللار ناھايىتى ئاز بولۇپ ، دەۋرلەردىن بۇيان ئۇنىڭ شەخسىيىتىگە دائىر ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان بايانلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە سىرلىق ، ئىلاھىي شەخس قىلىپ قويۇلغان ، ئەلۋەتتە ، بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس . چۈنكى ئەھمەد يەسسەۋى ئۆز «ھۆكمەت» لىرىدىمۇ ئۆزىنى ئەنە شۇنداق بىر ئىلاھىي شەخس ئورنىدا قويغانىدى . شۇنداقتىمۇ ، بۇ «ھۆكمەت» لەردىكى ۋە ئۇنىڭ شەخسىيىتىگە دائىر رىۋايەت ، بايانلاردىكى سىرلىق ، ئىلاھىي تۈس ئالغان مەزمۇنلارنى چىقىرىپ تاشلىغاندا ، ئۇنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتى ھەققىدە مەلۇم خۇلاسىلەرگە كېلىش مۇمكىن .

ئەھمەد يەسسەۋى يەتتە يېشىدا ئىنىسى بىلەن بىللە يەسسى شەھىرىگە (بۇ شەھەر كېيىن «تۈركىستان» نامى بىلەن ئاتالغان ) كېلىپ بوۋىسى يېنىدا يەرلەشكەن . ئەھمەد يەسسەۋى يەسسى شەھىرىدە ئارسلان بابا ناملىق بىر مەشھۇر شەيخنىڭ تەربىيىسىدە بولغان . ئارسلان بابانىڭ مەشھۇر تەسەۋۋۇپ پىرلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى ، ئۇنىڭ ئەھمەد يەسسەۋىدە قالدۇرغان زور تەسىرى «ھۆكمەت» لەردە روشەن ئىپادىلەنگەن . ئەھمەد يەسسەۋى ئۆزىنىڭ بىرقانچە پارچە شېئىرىنى ئارسلان باباغا بېغىشلاپ ، ئۇنىڭغا ئىلاھىي تۈس بېرىپ ئۇلۇغلىغان .

ئارسلان بابا قازا تاپقاندىن كېيىن ئەھمەد يەسسەۋى بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ماۋەرائۇننەھردىكى ئىلىم ـ پەن ، مەدەنىيەت مەركىزى بۇخاراغا كەلگەن . بۇ شەھەردە پەن ـ مەدەنىيەتنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرى گۈللەنگەن بولۇپلا قالماستىن ، ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ تۈرلۈك مەزھەپلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىمۇ كۆرۈنەرلىك جانلانغانىدى . ئەھمەد يەسسەۋى بۇخارادا مەشھۇر تەسەۋۋۇپچى يۈسۈپ ھەمەدانىنى ئۇستاز تۇتۇپ ، ئۇنىڭ تەربىيىسىدە بولغان ، يۈسۈپ ھەمەدانى ۋاپات بولغاندىن

كېيىن ، ئۇنىڭ ئۈچىنچى خەلىپىسى سۈپىتىدە ، مىلادىيە 1157 ـ يىلى
بۇخارادا شەيخ تونىنى كېيگەن .[①] ھالبۇكى ، ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ نوپۇ-
زى ئۇستازى ھايات ۋاقتىدىلا تېز يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ۋە ئۇستازى
نوپۇزى بىلەن باراۋەر ھەممە يەرگە تارىغانىدى . ئۇ ۋاپاتىغا قەدەر ئۆز
نامىغا باغلىق بولغان زور ۋە كەڭ تەسىر كۆچىگە ئىگە بىر تەسەۋۋۇپ
گۇرۇھىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ ، ھەممە يەردىن ئۇنىڭ يېنىغا
كەلگەن مۇخلىسلىرى بولغان .

ئەھمەد يەسسەۋى ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز يۇرتى يەسسىگە قايتىپ
كەلگەن . ئۇنىڭ ئۆزى ھەققىدە ، ئۆز ھاياتىغا سىرلىق ، ئىلاھىي تۈس
بېرىپ يازغان شېئىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە ، ئۇ مۇھەممەد پەيغەمبەر-
دىن ئارتۇق ياشاشنى ئۆزىگە راۋا كۆرمەي ، 63 يېشىدا يەر ئاستىغا ـ
چىللەخانىغا كىرىپ ، روزى تۇتۇپ ، ئىستىقامەت بىلەن شۇغۇللانغان .
ئەھمەد يەسسەۋى مىلادىيە 1166 ـ يىلى ۋاپات بولغان .[②]

ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ ئىبراھىم ئاتلىق بىر ئوغلى بولغان ، لېكىن
بۇ ئوغلى دادىسىدىن بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن . ئۇنىڭ يەنە جامال
خانىم ، گەۋھەر خۇشتارخان ناملىق قىزلىرىمۇ بولغان . ئەھمەد يەس-
سەۋىنىڭ قەبرىسى قېرىنداشلىرى لاتىپ ئاتا ، مۇستاپاقۇل ئاتا ، دادى-
سى ئىبراھىم شەيخ ، ئانىسى ئايشەخاتۇن (قاراچاچ ئانا ) ۋە قىزلىرى-
نىڭ قەبرىسى بىلەن بىللە يەسسى (تۈركىستان ) شەھىرى ئەتراپىغا
جايلاشقان . يەسسى شەھىرىدە يەسسەۋى نەسەبىگە مەنسۇپ بىر بۆلۈك
كىشىلەر بولغاندىن سىرت ، يەنە ماۋەرائۇننەھردىمۇ بىر بۆلۈك كىشى-
لەرنىڭ ، مەسىلەن ، سەمەرقەندلىك شەيخ زەكەرىيا ، ئەۋلىيا چەلەبى ،
شائىر ئاتائىلارنىڭ يەسسەۋى ئائىلىسىگە مەنسۇپلۇقى مەلۇمدۇر . ئە-

---

① ئىمىل ئېسىن: «ئىسلامىيەتتىن ئاۋۋالقى تۈرك مەدەنىيەت تارىخى»، ئىستانبول، 1987، 181 ـ بەت.

② ئېمىل ئېسىن: يۇقىرىقى ئەسەر، 181 ـ بەت.

لىشىر نەۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس» ۋە «نەسائىمۇل مۇھەببەت» ناملىق ئەسەرلىرىدە ئۇچۇر بېرىشىچە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كلاسسىكلى-رىدىن بىرى بولغان شەيخزادە ئاتائى ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ قېرىندىشى ئىسمايىل ئاتانىڭ ئوغلى ئىكەن.

يەسسەۋى ئائىلىسىگە مەنسۇپ مازار ۋە ئۇنىڭدىكى مال - مۈلۈك-لەر ئالتۇن ئوردا خانلىرىدىن توختامىشخان تەرىپىدىن بۇلاپ - تالان-غان. تۆمۈرلەڭ توختامىشخاننى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن بۇلانغان نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ كېلىپ، مىلادىيە 14 - ئەسىرنىڭ ئاخى-رىدا مازارنى مەسچىت ۋە خانىقا بىلەن قوشۇپ ھەشەمەتلىك قىلىپ قايتا تىكلىگەن. مەسچىت گۇمبىزىنىڭ تورۇسىغا «غايىبنىڭ ئاچقۇ-چى ئۇنىڭدا، ئۇنى ئۇنىڭدىن باشقا كىشى بىلمەس» دېگەن سۆزلەرنى نەقىش قىلىپ يازدۇرغان. يەسسەۋى مازىرى كېيىن بۇ رايوندا ھاكى-مىيەت يۈرگۈزگەن خانلار تەرىپىدىن يەنە بىرقانچە قېتىم رېمونت قىلىنغان. ئومۇمەن، يەسسەۋى مازىرى زامانىسىدىن تارتىپ ھازىر-غىچە مۇقەددەس زىيارەتگاھ بولۇپ كەلگەن.

باشتا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، ئەھمەد يەسسەۋى ئۇستازى يۈسۈپ ھەمەدانى تەلىماتلىرىغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپلا قالماي، بەلكى تەسەۋۋۇپ بىلەن «ئەھلى سۈننەت» ئەقىدىلىرىنى ماسلاشتۇرۇش، ئورتودوكسال ئىسلام دىنىي قاراشلىرى بىلەن تەسەۋۋۇپنى (ئاساسلى-قى، ئۆزىنىڭ يەسسەۋىيە - جەھرىيە تەرىقىتىنى) بىرلەشتۈرۈش يو-لىدىكى تىرىشچانلىقلىرى ھەمدە ئۇنىڭ «قۇل خوجا ئەھمەد» نامى بىلەن يېزىلغان، باشقا شېئىرلاردىن پەرقلىق ھالدا «ھۆكمەت» نامى بىلەن ئاتالغان شېئىرلىرىدىكى بىرقاتار تەسەۋۋۇپ قاراشلىرى ئۇنىڭ نامى بىلەن باغلىق بولغان تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ كېيىنكى دەۋرى-نىڭ پەلسەپە - ئىدىيە ساھەسىدە مۇھىم ئورۇن تۇتتى، شۇنداقلا، ئۆز تەسىرىنى ئىران، ئەزەربەيجان، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگىچە

تارقىتىپ ، ئوتتۇرا ـ مەركىزىي ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى تۈر-
كىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مەنىۋى ھاياتى ۋە ئەدەبىياتىدا نەقشىبەندىيە
تەرىقىتى مەيدانغا چىققان مىلادىيە 14 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ،
ئاساسىي تەرىقەت ، ئىدىيە ـ پىكىر ئېقىمى ئورنىدا تۇرۇپ كەلدى .

ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ «ھۆكمەت» لىرى ئۆز زامانىسىدىلا
قولدىن ـ قولغا كۆچۈرۈلۈپ ، دىۋان ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن ۋە
«دىۋان ھۆكمەت» نامى بىلەن تونۇلغان . ئۇزاق يىللار داۋامىدا ئۇ
بارغانسېرى تولۇقلىنىپ ، ھىجرىيە 1299 ـ (مىلادىيە 1879 ـ )
يىلى تۈركىيىنىڭ «ئوسمانىيە» مەتبەئەسىدە نەشر قىلىنغان . ئۇنىڭ
شېئىرلىرى يەنە ئايرىم «باياز» (بىرلەشمە شېئىرىي توپلام ) لارغىمۇ
كىرگۈزۈلۈپ كەڭ تارقالغان . ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ ۋە ئۇ ۋەكىللىك
قىلغان تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى ئۇنىڭ «دىۋان
ھۆكمەت» دەپ ئاتالغان تەسەۋۋۇپ دەستۇرىدا گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن
بولۇپ ، ئۇنىڭدىكى شېئىرلار ھەم پەلسەپە ھەم ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن
ئوخشاشلا مۇھىم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە .

ئەھمەد يەسسەۋى ياشىغان دەۋر — قاراخانىيلار سۇلالىسى پارچى-
لىنىپ ، مۇنقەرز بولۇشقا يۈزلەنگەن ؛ بۆلۈنمىچىلىك ، تەپرىقىچىلىك
ئەۋج ئېلىپ ، زۇلۇم ـ زۇلمەت ، قاششاقلىق ۋە نادانلىق چەكتىن
ئاشقان ، خەلق بېشىغا قات ـ قات قىيىنچىلىق ، كۈلپەت ياغقان بىر
دەۋر ئىدى . تەپرىقىچىلىك ۋە ئىستىبلاچىلىق ئۇرۇشلىرىنىڭ دەھشەت-
لىك ئاقىۋەتلىرىنى ۋە خەلق بېشىغا كەلگەن پاجىئەلەرنى ئۆز كۆزى
بىلەن كۆرگەن شائىر بۇ پاجىئەلەرنى : «قىيامەت كۈنى يېقىن بولدى» ،
«خەلق ، ئەلدىن مېھىر ـ شەپقەت كەتتى» ، «ئەجەب شۇملۇق زامانەلەر
بولدى» ، «تۈرلۈك بالا خەلق ئۈستىگە ياغدى» ( «بۇلاق» ، ئومۇمىي
14 ـ سان ، 169 ـ بەت )دېگەن مىسرالار ئارقىلىق ئىپادىلىگەن .[1]

① مىساللار شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ ئومۇمىي 14 ـ سانى (1984 ـ يىل) ۋە ئومۇمىي 16 ـ سانى (1985 ـ يىلى) دا ئېلان قىلىنغان «دىۋان ھۆكمەت» تىن ئېلىندى.

ئەھمەد يەسسەۋى ئۆز پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى بىردىنبىر ئاسا-
سىي مەنبە ـ «قۇرئان كەرىم»ۋە «ھەدىس»كە تايىنىپ ئوتتۇرىغا
قويغان . يەسسەۋى ھۆكمەتلىرىدىكى ھاكىم روھ ـ پەند ـ نەسىھەت
روھى بولۇپ ، ئۇنىڭ ھەممە پەند ـ نەسىھەتلىرى بىرلا مەقسەتكە
قارىتىلغان . ئۇ بولسىمۇ ، «مۇتلەق ھەقىقەتنى بىلىش ، ھەقنى سۆ-
يۈش»تىن ئىبارەت .

بارلىق تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ قارىشىچە ، پەقەت بىرلا باغلىق ، بىرلا
باشلانغۇچ ، بىـرلا ھەقىـقەت ، بىـرلا ماھىـيەت مەۋجۇت ، ئۇ بول-
ىسمۇ ـ ئاللادۇر . ھەقنى سۆيۈش ـ ئاللانى سۆيۈشتۇر .

ئەھمەد يەسسەۋى ئۆز «ھۆكمەت»لىرىدە بۇ دۇنيا ، تەبىئەت ئۆزد-
ىنىڭ ئاساسىي ماھىيىتىنى تەشكىل ئەتكەن ئاللا ئالدىدا ، ئۇ دۇنيا
ئالدىدا غەيرىي كامىلدۇر . ئۇنىڭ قىممىتى ھېچ (يوق )تۇر . دېمەك ،
ئۇنىڭدىن ، دۇنيا مەئىشەتلىرىدىن ۋاز كېچىش كېرەك . ئۇ مۇنداق
يازىدۇ :

«دۇنيا ئەسلىي ماتەمخانە كۆلمەك نېمە ،
ئاقىل ئېرسەڭ ھەقدىن ئۆزگە سۆيمەك نېمە ،
دەم غەنىيمەت بۇ دۇنيانى غېمىن يېمە ،
پىرى مۇغان خىزمەتىدە ئۇقتۇم مانا .»
( «بۇلاق» ، ئومۇمىي 14 ـ سان ، 158 ـ بەت )

يەسسەۋىچە ، ئىنساننىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئاللا ۋەسلىگە يې-
تىش ، ئۇنىڭدا پانىي بولۇش ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىك (ۋەھدەت )تەش-
كىل ئېتىشتۇر . بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزلۈكىدىن ، ئۆز يەككىلىكىدىن
(فەردلىكىدىن )ئىز قالدۇرماسلىق ۋە جەننەتتىن ئورۇن ئېلىشقا
ئىنتىلىشى لازىم . ئىنسان دۇنيادىن ، ئۆزلۈكىدىن ۋاز كېچىشى ،
جېنىنى قەپەستىن (تەندىن )خالاس ئېتىشى ، ئۆزىنى خىلۋەتكە تار-
تىپ ھەم پىكرىنى ھەم زىكرىنى ئاللاغا بېرىش ، سەزگۈ يولى بىلەن
ئۇنى (ئاللانى ) ئىدراك ئېتىشكە تىرىشىش ، بۇ يولدا ھەرقانداق ئازاب-

لارغا چىدىشى كېرەك .

بارلىق تەسەۋۋۇپ ۋەكىللىرىگە ئوخشاش ، يەسسەۋىمۇ بۇ دۇنيانى «بىر كونا رابات»قا ئوخشىتىدۇ . ئىنسان بۇ دۇنيادا پەقەت بىر يولۇچى ، ئۆتكۈنچى ، غەپلەت (ئوساللىق )ئىچىدە ئۇخلاپ ياتقۇچى . ئۇ پەقەت ئۇ دۇنيادىلا ئويغىنىپ ، ھەقىقىي ھاياتلىق تاپالايدۇ ، دەيدۇ . تەسەۋۋۇپ ۋەكىللىرىنىڭ بۇ قاراشلىرى «قۇرئان كەرىم»دىن كەلگەن بولۇپ ، 29 ـ سۈرە «ئەنكەبۇت »نىڭ 63 ـ ئايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ : «دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئويۇن ـ كۈلكە ۋە غەپلەتتىن ئىبارەتتۇر ، شۈبھىسىزكى ، ئاخىرەت يۇرتى ھەقىقىي ھايات (يۇرتىدۇر ) ، ئەگەر ئۇلار بىلسە ئىدى (بۇ دۇنيانى ئۇ دۇنيادىن ئارتۇق كۆرمەيتتى ) » .

يەسسەۋى بىر ئۆمۈر شەرىئەتنى ئۆگىنىش يولىدا جان كۆيدۈرگەن ، شەرىئەت ئارقىلىق تەسەۋۋۇپ ھەقىقىتىنى ئىگىلەپ ، جاندىن كېچىپ تەرىقەت يولىغا كىرىشنى ئۆز نىشانى قىلغان بۈيۈك ئېتىقاد ئىگىسى . ئۇ :

«شەرىئەتنى سالاھىنى كىيمەگۈنچە ،
تەرىقەتنى بۇراقىغە مىنمەگۈنچە ،
جۇزب جۇنۇن ئالەمىغە بارماغۇنچە ،
ھەقىقەتنى مەيدانىغە كىرسە بولماس .»
(«بۇلاق »ئومۇمىي 16 ـ سان ، 182 ـ بەت )
«شەرىئەتنى شەراپەتىن بىلگەن ئاشىق ،
تەرىقەتنى مەقامىنى بىلۇر دوستلار ،
تەرىقەتنى ئىشلارىنى ئادا قىلىپ ،
ھەقىقەتنى دەرياسىغە پاتار دوستلار .»
(«بۇلاق »ئومۇمىي 16 ـ سان ، 172 ـ بەت ) .
«ئۆتتى ئۆمرۈم شەرىئەتكە يېتەلمەدىم ،
شەرىئەتسىز تەرىقەتكە ئۆتەلمەدىم ،

ھەقىقەتسىز مەئرىفەتكە باقالمادىم ،
قاتىغ يولدۇر پىرسىز نىچۇك ئۆتەر دوستلار .»
(«بۇلاق» ، ئومۇمىي 16 ـ سان ، 166 ـ بەت) .
«تەرىقەتنى بىلمادىم ، ھەقىقەتغە كىرمادىم ،
بىر بۇيرۇغىن تۇتمادىم ئۆزرى كۆپتۇر خوجەئەھمەد .»
(«بۇلاق» ، ئومۇمىي 14 ـ سان ، 167 ـ بەت) .

دەپ ئۆزىنىڭ شەرىئەت ئارقىلىق تەرىقەت يولىنى تۇتقان چىن ـ ھەقىقىي ئاشىق ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ .

ئەھمەد يەسسەۋى ئاللا — ئىنسان بارلىقىنىڭ ئەڭ ئالىي نامايان بولۇشى ، ئاللا دىلدا ياشايدۇ ، بۇ دىل ئىلاھىي جازىبە پەللىسىگە يېتىشى ئۈچۈن ، ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن تۇپتىن يېڭىلىنىشى كېرەك ، ئاللانىڭ ئىنايىتى — ئاللانىڭ ئۆز بەندىلىرىگە سالغان ئىشق ئوتى بولۇپ ، ئادەم ھەق ۋە ھەقىقەت دەردىدە ئۆرتىنىپ يانمىقى كېرەك ، ھەقىقىي سوپىلار — ئاشىقلاردۇر ، دەيدۇ . ئىلاھىي ئىشقتىن بىھوش بولغان بارلىق سوپىلارغا ئوخشاش ئەھمەد يەسسەۋىمۇ ئۆزىنى سوپى ئەمەس ، بەلكى ئاشىق دەپ قارايدۇ . يەسسەۋى نەزىرىدىكى سوپىلار — دۇنيانى سۆيگۈچىلەر ، نەپسى ۋە دۇنيا ۋەسۋەسىسىدە ئىمانىنى سېتىپ كۇن كۆرگۈچىلەردۇر (قاراڭ : «بۇلاق» مەجمۇئەسى ، ئومۇمىي 16 ـ سان ، 202~204 ـ بەتلەر) .

«ئىشق ـ ئاشىقلىق» — «دىۋان ھۆكمەت» دە ئەڭ كۆپ سەھىپە ئىگىلىگەن تېما ، تۆۋەندە ئۇنىڭدىن بىرقانچە مىسال كەلتۈرىمىز :

«ئاشىق بولساڭ بايازىددەك ئۆزۈڭ ساتقىل ،
ۋەللا بىللاھ دۇنيا ھارام تاشلاپ ئاتقىل ،
قانلار تۆكۈپ كۆزلەرىڭدىن تۇنلەر قاتقىل ،
بىر تەزەدە شەيتان مۇلكى ھەيران بولۇر .»
(«بۇلاق» ، ئومۇمىي 16 ـ سان ، 164 ـ بەت)
«ئاشىق بولساڭ ئىشق يولىغە قويغىل قەدەم ،

دۇنيا ئۇقبىن تەلاق قويغىل مىسال ئەدھەم ،
ئاقىل ئېرسەڭ دۇنيا ئۇچۇن يېمەگىل غەم ،
قىيامەت كۈن جازالارىن بىرەر دوستلار .»
(«بۇلاق» ، ئومۇمىي 16 ـ سان ، 173 ـ بەت)
«ئىشىق ئىستەگىل ، ئىشىق ئىستەگىل ، ئاشىق بولغىل ،
بۇ يوللاردا ناپاك يۈرمە سادىق بولغىل ،
لەيلى ـ مەجنۇن ، فەرھاد ـ شېرىن ، ۋامۇق بولغىل ،
ئاشىقلارى دىدار كۆرۈپ تويار ئەرمىش .»
(«بۇلاق» ، ئومۇمىي 16 ـ سان ، 186 ـ بەت)
«ئاشىق ئەرمەس جانانىغا جان بەرمەسە ،
دېھقان ئەمەس كەتمەن چاپىپ نان بەرمەسە ،
مۇندا يىغلاپ ئاخىرەتتە جان بەرمەسە ،
يولدا قالغان بويى خۇدا ئالغانى يوق .»
(«بۇلاق» ، ئومۇمىي 16 ـ سان ، 194 ـ بەت) .
«ئىشىق يولىدا قەترە ـ قەترە قانلار يۇتاي ،
رەھمان ئاتلىغ رەھمەتىڭدىن ئۇمىد تۇتاي .»
(«بۇلاق» ، ئومۇمىي 16 ـ سان ، 214 ـ بەت) .
«ئىشىقسىز كىشى ھەيۋان يەڭلىغ ھەيۋان ئېرۇر .»
(«بۇلاق» ، ئومۇمىي 16 ـ سان ، 257 ـ بەت)

يەسسەۋى ھۆكمەتلىرىدە «سەرمەست بولۇپ ئەل خەلقتىن تانىپ قاچتىم» («بۇلاق» ، ئومۇمىي 14 ـ سان ، 112 ـ بەت) ، «خەلقتىن قېچىپ يالغۇز ھەقنى سۆيمەك كېرەك» («بۇلاق» ، ئومۇمىي 16 ـ سان ، 202 ـ بەت)دېگەندەك مىسرالار كۆزگە چېلىقىدۇ . «دىۋان ھۆكمەت»نى دىققەت بىلەن كۆزەتكەندە ، يەسسەۋى ئۆزىنى تارتقان خەلق (ئاۋام)شەرىئەت ۋە تەرىقەت يولىنى تۇتمىغان نادانلاردۇر .

«يەر ئاستىغە قاچىپ كىردىم نادانلاردىن ،
ئىلكىم ئاچىپ دۇئا تىلەپ مەردانلاردىن ،

غېرىب جانىم يۈز تەسەددۇق دانالاردىن ،
دانا تاپماي يەر ئاستىغە كىردىم مانا .»
(«بۇلاق» ، ئومۇمىي 14 ـ سان ، 112 ـ بەت )

يەسسەۋى نادانلىق ، جاهالەت ، نەپسانىيەتچىلىك ، دۇنياپەرەسلىك ئىللەتلىرىنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلەيدۇ . ئۇنىڭ هۆكمەتلىرىدىكى كەمبەغەل ، يېتىملەرگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىش كىشىنىڭ ھەققىنى يېمەسلىك ، نادانلار ۋە بىلىمسىزلەر بىلەن بىللە بولماسلىق ۋە ئۇلاردىن ياخشىلىق كۈتمەسلىككە ئوخشاش مەزمۇنلار ھەمدە زوراۋانلىق بىلەن مال ـ دۇنيا ئىگىلىگەن ھۆكۈمرانلارنى ، نەپسى يولىدا ئاقنى قارا قىلىدىغان موللا ، قازى ، مۇپتى ـ ئىماملارنى ؛ پارىخور ، هارام تاماق ئەمەلدارلارنى «ئېغىر يۈك ئاستىدا قالغان ئېشەكلەر»دەپ تەنقىد قىلغانلىقىدەك بىر قاتار ئىجابىي ئامىللار ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ كەڭ تارقىلىپ كېلىشىدىكى سەۋەبلەردىن بىرىدۇر .

مەسىلەن :

«دۇنيا مەنىڭ دىگەنلەر ، جاهان مالىن ئالغانلار ،
كەركەس قۇشدەك بولۇبان ئول ھەرامغا پاتمىشلار .
موللا مۇفتى بولغانلار ، ناھەق دەئۋا قىلغانلار ،
ئاقنى قارا قىلغانلار ئول تامۇغقا كىرمىشلار .
قازى ، ئىمام بولغانلار ناھەق دەئۋا قىلغانلار ،
ئول ھەممالدەك بولۇبان يۈك ئاستىدا قالمىشلار .
ھەرام يىگەن ھاكىملار ، رىشۋەت ئالىپ يىگەنلەر ،
ئۆز بارماقىن تىشلەبان قورقۇپ تۇرۇپ قالمىشلار .»
(«بۇلاق» ، ئومۇمىي 16 ـ سان ، 171 ـ بەت ) .

ئۇ بۇ مىسرالىرىدا جەمئىيەتتىكى چىرىكلىك ، ناچار ئىللەتلەرنى سۆكۈپ ، بۇ دۇنيادىكى يامانلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى دىن ۋاسىتىسى ۋە دوزاخقا تاشلىنىش بىلەن ئاگاھلاندۇرىدۇ . بۇ مەلۇم دەرىجىدە «دۇم كۆمتۈرۈلگەن»رېئالىزملىق تەنقىدنى ئەسلىتىدۇ .

ئەھمەد يەسسەۋى نادانلارنى ، دۇنيا ۋەسۋەسىسىدە ئۆزىنى ئۇنتۇپ باشقىلارغا زۇلۇم قىلغانلارنى - - زالىملار دەپ سۆكىدۇ . ئۇلاردىن شەپقەت كۇتمەسلىكنى ، پەقەت ئاللاغىلا سېغىنىش ، ئاللاغا بويۇن سۇنۇش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ مۇنۇلارنى يازىدۇ :

«زالىم ئەگەر جەفا قىلسە ئاللا دىگىل ،
ئىلىكىڭ ئاچىپ دۇئا ئەيلەپ بويۇن سۇنغىل ،
ھەق دادىڭغە يەتمەس بولسە گىلە قىلغىل ،
ھەقدىن ئېشتىپ بۇ سۆزلەرنى ئەيدىم مانا .»

بۇ مىسرالاردا تەرغىب قىلىنغىنى ، قانداقتۇر «زالىمغا بويۇن سۇنۇش»مەسىلىسى ئەمەس ، بەلكى ئاللاغا بويۇن ئېگىش ، ئاللاغا سېغىنىپ ، ئاللادىن نىجادلىق تىلەش مەسىلىسى . يەسسەۋى ۋە ئۇنىڭ زامانداشلىرىنىڭ قارىشىچە ، مەزلۇملارنىڭ چەككەن ئازابلىرى زايە كەتمەيدۇ ، زۇلۇم قانچە كۆپەيسە ، زۇلۇم سالغۇچىلارنىڭ خاتىرجەملىكى شۇنچە بۇزۇلىدۇ . خۇددى رىۋايەتتە ئېيتىلغىنىدەك : «زالىمغا ئۆزىنىڭ قىلغان زۇلۇمى قىيامەت كۇنى قاراڭغۇ - زۇلمەت بولىدۇ» .①

يەسسەۋى يەنە ھەق نامىدىن ( «ھەقتىن ئېشتىپ» )تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتىدۇ :

«زالىم ئەگەر زۇلۇم ئەيلەسە ماڭا يىغلا ،
ياشىڭ ساچىپ ماڭا سېغىنىپ بىلىڭ باغلا ،
ھارام شۇبھە تەرك ئەيتىبان يۇرەك داغلا ،
زالىملەرگە يۈز مىڭ بالا بەردىم مانا .»
( «بۇلاق» ، ئومۇمىي 14 - سان ، 116 - بەت )

مەلۇمكى ، ئەھمەد يەسسەۋى مىستىكا تەسەۋۋۇپ ئېقىمىغا مەنسۇپ شائىر ، ئۇنىڭ تەرىقەت تەلىماتلىرى مىستىكا مايىللىقىغا ئىگە ،

---

① «سەھىبۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى ۋە قەستەلانى شەرھى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1981 ، 118 - بەت.

هالبۇكى ، ئۇنىڭ تەرىقەت تەلىماتلىرىدىكى مىستىتسىزىم ئۇنىڭ ئۆ-
زى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغىنى يوق ، بەلكى ، ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆت-
كەن ، ياكى ئۆزى بىلەن زامانداش تەسەۋۋۇپ پىر - ئۇستازلىرى-
دىن كەلگەن . يەسسەۋى مۇھەممەد ئەل غەززالىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ ،
ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپ قاراشلىرىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ، شەرى-
ئەت بىلەن تەرىقەتنى جىپسىلاشتۇرۇش ئارقىلىق ، تەسەۋۋۇپنى غەر-
بىي ئاسىيا ، ئوتتۇرا - مەركىزىي ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر
ئارىسىدا ئامموۋى ئاساسقا ئىگە قىلىش يولىدا زور تىرىشچانلىق
كۆرسەتكەن تەسەۋۋۇپ ئۇستازى . ئۇنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەر
ئارىسىدا قازانغان مۇۋەپپەقىيىتى غەززالىدىنمۇ زور بولغانىدى . شۇن-
داقتىمۇ ، ئەھمەد يەسسەۋى ئۆزىنى باشتىن - ئاخىر كەمتەر تۇتۇپ ،
بايازىد بەستەمى ، مەنسۇر ھەللاجى ، نەسمى ، ئىبراھىم ئەدھەم ، جۇ-
نەيد باغدادى ، ھەسەن بەسرى ، زۇنۇن مىسرى ئوخشاش تەسەۋۋۇپ-
نىڭ تونۇلغان ۋەكىللىرىنى ئۇستازى ئورنىدا ئۇلۇغلاپ ، ئۇلارنى
قايتا - قايتا تىلغا ئالىدۇ . بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە «سۇلتانۇل -
ئارىفىن »دەپ نام ئالغان بايازىد بەستەمى بىلەن مەنسۇر ھەللاجىنىڭ
ئىسىم - شەرىپى خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ ھەمدە بىرقانچە ھۆكمەت
شۇلارغا بېغىشلىنىدۇ . ئەھمەد يەسسەۋى يەنە خېلى كۆپ ھۆكمەتلىرى-
دە «چىن ئاشىق ئىرانلار » ( «بۇلاق » ، ئومۇمىي 16 - سان ،
179 - بەت )نى ئۇلۇغلاپ ، «ئىرانلار ئىشى بەرھەق » ، «ئىرانلارنىڭ
روھى ماڭا مەدەت بولدى » ، «ئىرانلاردىن دۇر ۋە گۆھەر ئالغۇم
كېلۇر » ( «بۇلاق » ، 14 - سان ، 161 - ، 154 - ، 176 - بەتلەر )
دەيدۇ ؛ ئۆزىنى «ئىرانلارنىڭ قىلغانلارىن قىلالمادىم » ( «بۇلاق »
16 - سان ، 211 - بەت )دەپ ئەيىبلەيدۇ ؛ «ئىرانلارنىڭ سۆھبىتىگە
داخىل بولۇپ » ، «ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدە ئېرىپ ئېقىش »نى ، «ئىران-
لارنىڭ ئىزىنى ئىزلاپ » ، «ئىرانلارغا خىزمەت قىلىپ مۇراد
تېپىش » ( «بۇلاق »16 - سان 251 - ، 254 - ، 231 - ۋە

234 ـ بەتلەر ) مەقسىتىنى ئىزھار
قىلىدۇ .

باشتا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك ، مىلادىيە 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلى-
رىدىن تارتىپ ، ئىران ۋە خۇراسان رايونلىرى تەسەۋۋۇپنىڭ ئەڭ
جانلىنىپ ، تەرەققىي قىلغان رايونلىرىغا ئايلانغان ، تەسەۋۋۇپ تەلى-
ماتلىرى پارس مۇتەپەككۇرلىرى تەرىپىدىن راۋاجلاندۇرۇلۇپ ، يېڭى
تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنىدى . مۇشۇ دەۋردە مەيدانغا چىقىپ ، تەسەۋ-
ۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئەبۇل-
مەجىدسانائى ، بايازىد بەستامى ، مەنسۇر ھەللاجى ، جالالىددىن رۇ-
مى ، مۇھەممەد ئەل غەززالى ، ھاپىز شىرازى قاتارلىقلار پارسلاردىن
ئىدى . يەسسەۋى ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىپ ، تەكرار تىلغا ئالغان
«ئىرانلار» — پارسلاردىن چىققان ئەنە شۇ تەسەۋۋۇپ نامايەندىلىرى
ئىدى . ئەھمەد يەسسەۋى بۇ تەسەۋۋۇپ ئۇستازلىرىنى «ئارىف ئىرانى»
( «بۇلاق» 14 ـ سان ، 189 ـ بەت )دەيدۇ . ھەتتا ئۇلارنى «مۇستاپا-
دەك ئىرانلار» ( «بۇلاق» 14 ـ سان ، 125 ـ بەت )دەپ ، مۇھەممەد
پەيغەمبەرگە ئوخشىتىدۇ .

«دىۋان ھۆكمەت» كېيىن توپلىنىپ ، تولۇقلىنىپ دىۋان ھالى-
تىگە كەلتۈرۈلۈش داۋامىدا ، يەسسەۋىنىڭ مۇرىت ـ مۇخلىسلىرى
تەرىپىدىن قوشۇلغان بەزى تەركىبلەردىن خالىي بولالمىغان ، بولۇپ-
مۇ ، «دىۋان ھۆكمەت»نىڭ باش قىسمىدىكى يەسسەۋىنىڭ شەخسىي-
تىگە دائىر بىرقانچە پارچە ھۆكمەتنى شۇنداق دەپ تونۇش مۇمكىن .
چۈنكى بۇ ھۆكمەتلەردە يەسسەۋىگە ئاجايىپ سىرلىق ، ئىلاھىي تۈس
بېرىلگەن . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ نام ـ شەرىپىنى
ئاڭلاپ ، ئۇنىڭغا مۇرىت بولۇش ئۈچۈن كەلگەن خوتەنلىك باباماچىن
سۇلتان ھەققىدىكى ھېكايەتمۇ ئەنە شۇنداق شېئىرلار جۈملىسىگە
كىرىدۇ .

ئەھمەد يەسسەۋى ئەرەب ـ پارس تىلى ھۆكۈمران ئورۇننى
ئىگىلىگەن ، دىنىي ئوقۇشلۇقلار پۈتۈنلەي ئەرەب تىلىدا بولغان ،

دىنىي ـ پەلسەپىۋى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر ئەرەب ـ پارس تىلىدا يېزىلىۋاتقان شۇ دەۋردە تۈركىي تىلنى تەشەببۇس قىلدى ۋە ئۆز ھۆكمەتلىرىنى پۈتۈنلەي تۈركىي تىلدا يازدى. ئۇنىڭ ھۆكمەتلىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«خوشلىمايدۇر ئالىملار بىزنى ئويغان تۈركنى،
ئارىفلەردىن ئىشتىسەڭ ئاچار كۆڭۈل مۈلكىنى.
ئۇيات ھەدىس مەناسى تۈركىي بولسا مۇۋاپىق،
مەنىسىگە يەتكەنلەر، يەرگە قويار بۆركىنى.»[①]

مەلۇمكى، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقى ۋە مەدەنىيەت تەسىرىنىڭ خارەزمگىچە يېتىپ بېرىشى ئارقىسىدا، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، «تۈركىي تىل» دەپ ئاتالغان، كونكرېت ئېيتقاندا، قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرى ئەدەبىي تىلى — «خاقانىيە تىلى» ماۋەرائۇننەھىر ئاھالىسىنىڭ تىلىغا ئۈنۈملۈك تەسىر قىلغان ۋە بۇ رايونلاردىمۇ بىردىنبىر يېتەكچى ئەدەبىي تىل بولۇپ قالغانىدى. يەسسەۋى شېئىرىيىتىنىڭ تىلى گەرچە ئەنە شۇ چاغدىكى تۈركىي تىلنىڭ خارەزىم شېۋىسىگە مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يېتەكچى ئەدەبىي تىل تەسىرىدىن ئىبارەت مەدەنىيەت ھادىسىسىنىمۇ ئۆزىدە روشەن ئىپادىلىگەن. ھالبۇكى، ئەھمەد يەسسەۋى ماكان ۋە زامان جەھەتتىن باشتىنلا بۇ مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغانىدى. ز. ۋ. توغان بۇنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ «ھۆكمەت» لىرىدىكى «پىرى مۇغان» سۆزىنىڭ بەزىدە پەيغەمبەرنى، بەزىدە «خىزىر» نى ۋە بەزىدە بۇ رايونغا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان سۇتۇق بۇغراخاننى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.[②]

---

① مىسال كەلتۈرۈلگەن مەزكۇر پارچە مەھمۇد ئەلى گوكمەننىڭ «ئاتا تۈرك» نامىدىكى مەدەنىيەت، تىل ۋە تارىخ جەمئىيىتى ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «خوجائەھمەد يەسسەۋى» (ئەنقەرە، 1994) ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىندى.

② ئېمىل ئېسىن: «ئىسلامىيەتتىن ئاۋۋالقى تۈرك مەدەنىيەت تارىخى»، 178 ـ بەت.

ئەھمەد يەسسەۋى شېئىرىيىتىنىڭ خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىشى ۋە ئەسىرلەر بويى ساقلىنىپ كېلىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب ئۇنىڭ شېئىرىي تىلىنىڭ راۋان، ساپ ۋە پۇتۇنلەي خەلق جانلىق تىلىدىن ئىبارەت بولغانلىقىدا. يەسسەۋى شېئىرىيىتى ئۆزىنىڭ ساپ، ئاممىباب بىلىقى بىلەن ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپلا قالماي، يەنە مىلادىيە 12 ـ ئەسىردىكى «تۈركىي تىل» ۋە ئۇنىڭ تۈرلۈك شېۋىلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا مۇھىم بىر مەنبە بولۇشى بىلەنمۇ دىققەتكە سازاۋەر بولۇپ كەلدى.

ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ شېئىرلىرى ئاساسەن تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تۆتلۈك شەكلىدىكى خەلق قوشاقلىرى ئۇسلۇبىدا، ھىجا ۋەزنىدە يېزىلغان. ئاپتور ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇپ «ھۆكمەت» لىرى بىلەن تولغان بۇ شېئىرلىرىنىڭ يادلاپ تۇتۇۋېلىش ۋە زىكرى ـ سانا قىلىشقا ئەپلىك بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ شېئىرىي ئاھاڭدارلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلغان. تولىمۇ خىتابەتلىك، ۋەزىنلىك ۋە رىتىملىق بولغان بۇ شېئىرلار ئۆزىنىڭ مۇئەييەن بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن يەسسەۋى ئىدىيىلىرىنىڭ تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتتىكى تەسىرىنىڭ ئىزچىل داۋام قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغاندى.

ئومۇمەن ئالغاندا، خوجا ئەھمەد يەسسەۋىنىڭ «دىۋان ھۆكمەت» ئەسىرى مەيلى ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى، مەيلى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى نۇقتىسىدىن بولسۇن، ئوخشاشلا مۇھىم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە بۇ ئەسەر ئۆزىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى، شېئىرىي ۋەزنى، بېيىت شەكلى بىلەنمۇ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بايلىقى سۈپىتىدە ئۆز ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ كەلمەكتە.